
ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah. Sok. 41
No. 7/4 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - İstanbul
14. 2. 1991

ئابدۇللا قادىرى

# ئۆتكەن كۈنلەر

(تارىخى رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# مۇندەرىجە


ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە. ئىززەت سۇلتانوپ 1
يازغۇچىدىن ........................................ 28


## بىرىنچى بۆلۈم


1. ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلى ........................ 3
2. خان قىزىغا لايىق بىر يىگىت ........................ 12
3. بېك ئاشىق ........................................ 23
4. مەرغىلاننىڭ ھاۋاسى ياقمىدى ........................ 27
5. كۈيوغلۇك بولسا شۇنداق بولسا ........................ 32
6. تاشكەنت ئۈستىدە قانلىق بۇلۇتلار ........................ 40
7. مەجبۇرىيەت ........................................ 45
8. قۇتلۇق بولسۇن ........................................ 51
9. كۈتۈۋېلىش ........................................ 59
10. توي، قىزلار ئولتۇرۇشى ........................ 65
11. كۈتۈلمىگەن بەخت ........................ 74
12. چېقىمچىلىق ........................................ 81
13. سولاق ........................................ 87
14. نىجات تىلەپ تاشكەنتكە ........................ 99
15. تاشكەنت مۇھاسىرىدە ........................ 103
16. ئەزىز بەگ ........................................ 107
17. يۇسۇپبېك ھاجى ........................................ 114
18. جاكا ........................................ [illegible]
19. ھوكۈمنامە ........................................

20. ئىستىقبال دەردى ........................ 138
21. ئىسيان ........................ 143
22. "بىر غېرىپ بىچارە" ........................ 151
23. مۇسۇلمانقۇل ........................ 158


## ئىككىنچى بۆلۈم


1. ئاتا - ئانا ئارزۇسى ........................ 173
2. ئۇنتۇمامسىز ........................ 186
3. قاپاق دىۋانىنىڭ بەلۋېغى ........................ 207
4. جادۇگەر ھىندى ........................ 213
5. خىيانەت ........................ 228
6. ئىسسىتما ئارىسىدا ........................ 238
7. قوغلىنىش ........................ 250
8. بەخت ۋە بەختسىزلىك ........................ 262
9. ئۇنتالمىسا نىمە قىلسۇن ........................ 281
10. قارا كۈنلەر ........................ 287
11. نەۋا كۈيى ........................ 295
12. جانسىز بىر خەۋەر ۋە قورقۇنچلۇق بىر تۈن ........................ 301
13. كۆلۈپ قارىمىغان بەخت ........................ 306
14. دۈشمەن ئىزىدىن ........................ 324
15. دۈشەنبە كۈن كېچىسى ........................ 339
16. ئۆزىنى، تونۇتۇش ........................ 346
17. خەيرىخاھ قاتىل ........................ 353


## ئۈچىنچى بۆلۈم


1. مۇسۇلمانقۇل ئىستىبداتىغا خاتىمە ........................ 373
2. قاراڭغۇ كۈنلەر ........................ 389

3. قىرغىن ........ 398
4. ئاينى ئىتەك بىلەن يىپىپ بولمايدۇ ........ 408
5. مەكتۇپ ........ 413
6. ئۆزبېك ئايىم — ئاغىچى، زەينەپنىڭ دەردى ........ 417
7. قۇدىلارنى كۈتۈۋېلىش ........ 427
8. يوشۇرۇن ئاداۋەت ........ 433
9. ھاجى قول سىلكىدى ........ 410
10. ھەسەن ئەلىنىڭ ھىلىسى ........ 444
11. كۈمۈشنىڭ سوز ئويۇنى ........ 452
12. كۈندەش — كۈندەشتۇر ........ 461
13. ئامان بولساق كورۇشەرمىز ........ 479
14. خۇشرۇي بىبى ۋە زەينەپ ........ 492
15. ئېسىنى كىرگۈزدى ........ 498
16. ئاي كۈنى يېقىن ئىدى ........ 505
17. خاتىمە ........ 524

# ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە

ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي) ئۇزبېك خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى نەتىجىسىدە گۈللەپ - ياشنىغان يېڭى سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر. تالانتلىق رومانچى ۋە ساتىرىچى ئابدۇللا قادىرى ئۇزبېك خەلقىنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە سوۋېت دەۋرىدىكى ھاياتىنى نۇرغۇن جەھەتتىن ھەققىي تەسۋىرلەپ بەرگەن ئەسەرلەرنى ياراتتى. ھاياتنى ھەققىي تەسۋىرلەشكە ئىنتىلىشى ۋە بۇ مەقسەتتە رېئالىستىك ئەدەبىيات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دېموكراتىك، ئاممىباپ شەكىللەرنى كىرگۈزۈشى بىلەن ئابدۇللا قادىرى ئۇزبېك ئەدەبىياتىدا رېئالىزمنىڭ تولۇقلىنىشىغا چوڭ ھەسسە قوشالىدى.

يازغۇچى «ئۆتكەن كۈنلەر» ۋە «مېھرابتىن چايان» غا ئوخشاش تارىخىي ئەسەرلىرىدە زۇلۇم ھۆكۈم سۈرگەن قارا ئۆتمۈشنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئاممىسىدا سوتسىيالىستىك ئاڭنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە خىزمەت قىلىدى. ئۇنىڭ سوۋېت دەۋرى تېمىلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئەنە شۇ سوتسىيالىستىك ئاڭنى مۇستەھكەملەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىجادى كوپ قىرلىق ھەم مۇرەككەپ. بۇنى يازغۇچىنىڭ ئىجادىي يولىدا، ئۇنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىدە ئوچۇق كورۇش مۇمكىن. ئابدۇللا قادىرى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي كەيپىياتلىق قىسمى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتتە بولالىمىدى، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىدىن چەتتە تۇردى. سوۋېت دەۋرىدە ئابدۇللا قادىرى ئۆكتەبىر

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە ھەقىقى ئازاتلىق ئېلىپ كەلگىنىنى چۈشەنگەن، بۇنىڭغا خوشال بولغان ۋە يېڭى ھاياتنى قۇرۇشقا قاتناشقان بولسىمۇ، جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرى توغرىسىدا ماركسىزىم - لېنىنىزىم تەلىماتىنى چوڭقۇر ئىگەللىيەلمىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخىي ۋەقەلىكنى چۈشىنىشتە چەكلەنگەنلىك، بەزىدە ھاياتنى بىر تەرەپلىمە كۆرسىتىشتەك جىددى كەمچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى ۋە ئۇ ئۆز ئىجادىنىڭ ئاخىرىغىچىمۇ بۇ ئاجىزلىقلاردىن تەلتۆكۈس قۇتۇلالمىدى.

ئابدۇللا قادىرى 1894 - يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى بىر چاغلاردا سودىگەرلىك قىلىپ "سۇنغان"، ئابدۇللا تۇغۇلغان چاغدا دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھاللىق دېخانلاردىن بولغان ئاتىسى، ئاۋال ئابدۇللانى كونا مەكتەپتە ئوقۇتتى ۋە كېيىن "روسسكو — تۇزېمنايا شكولا"① غا بەردى. مەكتەپنى ئابدۇللا ئەلا باھا بىلەن تۈگەتتى، ئۇنىڭدا رۇس خەلقىنىڭ ۋەكىللىرىدىن دەرس ئېلىپ، بۈيۈك رۇس مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتىسى ئابدۇللاغا تۈرلۈك كەسىپلەرنىمۇ ئۆگەتتى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئابدۇللا مۇستەقىل ھايات يولىغا كىردۇ، تاشكەنتلىك بايلاردىن بىرسىنىڭكىدە خىزمەتچى (پىرىكازچىك) ۋە كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا قادىرىنىڭ ياشلىقى ھاللىق دېخانلار، كاسىپلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ مۇھىتىدا ئۆتىدۇ. بۇ ھال بولغۇسى يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەلۇم رول ئوينايدۇ، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ۋە مەزمۇنىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللا قادىرى تەربىيىلەنگەن ۋە ياشىغان مۇھىت 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېڭى ئىجتىمائى غايىلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ غايىلەر كېيىنرەك ئىجتىمائى تەپەككۇر

① يەرلىك رۇس مەكتىۋى

تارىخدا "جەدىتىزىم" دەپ نام ئالدى.

يەرلىك بۇرژۇئازىيە بازار ئۈچۈن كۈرەشەتتى ۋە بۇ كۈرەشنى "مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش" شوئارى ئاستىدا ئېلىپ باراتتى. مىللەتچىلىك يەرلىك بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىۋى بايرىقى ئىدى. باشقا مەملىكەتلەرنىڭ بۇرژۇئازىيىسىدىن ساۋاق ئېلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ بىلەن رىقابەت قىلىشقا ئىنتىلگەن يەرلىك ئۆزبېك بۇرژۇئازىيىسىگە بىرىنچى نۆۋەتتە ئوقۇغان، پەقەت دىنىي ئىلىملارنىلا ئەمەس، بەلكى "دۇنياۋى ئىلىم"لارنى، يەنى ئېنىق پەنلەرنى ئىگەللىگەن ئادەملەر كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇلار مەملىكەتتە كاپىتالىستىك تەرتىپلەرنى ئورنىتىشقا ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ كاپىتالىستلىرى بىلەن رىقابەت قىلىشقا ياردەم بېرەلەيتتى. مانا شۇ سەۋەبتىن بۇرژۇئازىيە مەملىكەتتە ئوقۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەشتى، ئېنىق پەنلەرنى ئۆگىنىشنى تەشۋىق قىلدى، مۇسۇلمان روھانىيلىرىنىڭ ۋە بايلارنىڭ قالاق قىسمىنىڭ "زاماننىڭ يېڭى تەلەپلىرى" نى چۈشەنمەيۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى (بۇنداق غايىلەرنى تەشۋىق قىلغۇچىلار جىدىت — يەنى "يېڭىچى" دەپ نام ئېلىشتى). بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن "جىدىت ئەدەبىياتى" ئاساسىي تېما ۋە غايىلەرنى ئەنە شۇ تۇغۇلۇپ كېلىۋاتقان يەرلىك بۇرژۇئازىيە مۇھىتىدىن ئالدى ۋە ئەنە شۇ يەرلىك بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىياللىرىنى ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈردى.

ئابدۇللا قادىرى ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى ئەدەبىياتقا دەسلەپ قەدەم تاشلىغىنىدا ئەنە شۇ جىدىت ئەدەبىياتىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ «ئەھۋالىمىز» ۋە «مىللىتىمگە» قاتارلىق شېئىرلىرىدا جىدىتىزىمنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەقسەتلىرى تەرغىپ قىلىنىدۇ. 1916 - يىلى يېزىلىپ چىققان «جۇۋانباز» ھىكايىسىدە ئابدۇللا قادىرى بايۋەچچە سەدۇللانىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ياش سودىگەرلەر مۇھىتىدا مەئىشەتپەرەسلىككە بېرىلگەن كىشىلەرنى پاش قىلىدۇ ۋە مەئىشەتپەرەسلىكنىڭ بۇرژۇئازىيە

مىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈچۈن ھالاكەت ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىدى.
«بەختسىز كۆيۈغۇل» دىرامىسىدا ئابدۇللا قادىرى بايلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، چوڭ توي قىلىپ ئۆيلەنگەن ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە بويىنغا چۈشكەن قەرزلەرنى تولىيەلمەستىن، ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان كەمبەغەل يىگىت (باينىڭ خىزمەتچىسى) نىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۆرسەتتى.

ھەممە جەدىت ئەدەبىياتىدەك، ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئالدىنقى ئەسەرلىرىمۇ تېمىسى، مەزمۇنى ۋە تەرغىب قىلىنغان ئىجتىمائىي ئىدىيالىي بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا جەمىيەت ھاياتىدا كۈن تەرتىۋىگە قويۇلغان ئاساسىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن ئۇزاقتا ئىدى. بىزگە مەلۇمكى بۇ دەۋردە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى — فېئودال ۋە كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزىم قۇرۇشقا كىرىشىش ئىدى. چوڭ غەيرەت بىلەن تارىخ مەيدانىغا چىققان ۋە 1905 - يىل ئىنقىلاۋىدا قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن ئىشچى سىنىپى ئۆز ئالدىغا خەلقنى فېئوداللار، پومېششىكلار ۋە كاپىتالىستلارنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىش ۋەزىپىسىنى قويغان ۋە بۇ ئازاتلىقنىڭ بىردىن - بىر يولى — پرولېتار سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى ئىكەنلىكىنى كۆنساناپ ئۆتتۈرۈپ تۇراتتى، لېنىن باشلىق بولشېۋىكلار پارتىيىسى رەھبەرلىكى ئاستىدا پارلاق سوتسىيالىستىك كەلگۈسى ئۈچۈن كۆرەش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ئىنقىلاپ غايىلىرى تۈركىستاننىڭ ئېزىلگەن، ئازاتلىققا تەشنا خەلقلىرى ئارىسىغىمۇ كۆنساناپ كەڭرەك كىرىپ بېرىپ، بۇ خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ئىنقىلاۋىي كۆرەشكە تارتىشتا ئۇلۇغ رول ئويناماقتا ئىدى.

ئابدۇللا قادىرى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدىكى بۇ ئاجايىپ ھادىسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھادىسىلەر ئۇنىڭ ئىجادىدا ئۆز ئەكسىنى تاپالمىدى. ئابدۇللا قادىرى يەرلىك بۇرژۇئازىيىنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرى ئۈچۈنلا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۇۋاق، جۇزئىي، ئۇششاق

غايىلەرنىڭ گىرداۋىدا چىرمىشىپ قالدى. بەدىي تەسۋىر ئورنىغا دىداكتىزىم (نەسىھەتچىلىك)، ھاياتنىڭ تەپسىلىي ۋە ئىشىنەرلىك مەنزىرىلىرىنى سىزىپ بېرىش ئورنىغا، "غايە"نى ئېيتىۋېلىشقا ئالدىراش، پسىخولوگىك ئانالىزنىڭ يوقلۇغى، تىلىنىڭ شىرىنسىزلىگى ۋە رەڭسىزلىگى ئابدۇللا قادىرىنىڭ يۇقۇرىدا[1] ئېيتىلغان ئەسەرلىرىنىڭ خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىنقىلاپتىن ئاۋالقى ئەسەرلىرى، ھاياتنىڭ تەلىۋى، رۇس مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېڭى، رېئالىستىك ئەدەبىيات ژانىرلىرى (پروزا، دراماتورگىيە) يارىتىشقا ئىنتىلىش تۇغۇلۇشقا باشلىغىنىنى كۆرسەتكۈچى ئالامەت تەرىقىسىدە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ ھەقىقىي بەدىي ئىجادى ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن باشلاندى ۋە يازغۇچى پەقەت سوۋېت دەۋرىدىلا، يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشقا چىن دىلىدىن كىرىشكەن خەلقنىڭ ھاياتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدىلا سەنئەتكار دەرىجىسىگە كۆتىرىلەلىدى.

شۇبھە يوقكى، ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىجادىدا ئىنقىلاپتىن كېيىن بولغان ئۆزگىرىش ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى ئاساسەن جەدىتىزىم غايىلىرى دائىرىسىدىن تاشقىرى چىقالمىغان ياش يازغۇچى ئابدۇللا قادىرى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە يېڭى ھايات قۇرۇش دەۋرىدە جەدىتىزىم يولباشچىلىرى كۈتكەن يولدىن بارماستىن، پرولېتار ئىنقىلاۋىي بايرىغىنى ئېگىز كۆتەرگەن ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىللە قەدەم تاشلىدى. مەلۇمكى جەدىتلەر ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى قاتتىق دۈشمەنلىك بىلەن قارشى ئېلىشتى،[2] سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن كۈرەشكە بەل باغلىغان يەرلىك ئەشەددىي رېئاكسىون كۈچلىرىگە سادىقلىق قىلىپ، ئىچكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتكە قارشى كۈرىشىگە ئىلھام بېرىشتى. چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرىغا چوقۇنۇشۇپ،

ئۇلاردىن مەدەت ئېلىپ، ھالاك قىلماقچى بولۇشتى. ئابدۇللا قادىرى بۇ يولدىن ماڭمىدى. ئۇ جىددىتىزىمدىن يۈز ئۆرۈپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى تەبرىكلىدى: "مەن شەرق ئازاتلىقى ۋە ئۇنىڭ مەزلۇم پورولېتارىياتىنىڭ سائادىتى پەقەت لېنىنىزىم ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىشىغا ئىشەنگەن بىر ئادەممەن"، دىگەن ئىدى ئۇ.

ئابدۇللا قادىرى ئىنقىلاپنىڭ بېشىدىلا يېڭى ھايات قۇرغۇچىلارنىڭ سېپىدە بولدى: گىراژدانلار ئۇرۇشى يىللىرىدا ئۇ خەلق ساقچى ئورۇنلىرىدا، سوۋېت ئوزۇق - تۈلۈك كومىتېتلىرىدا، ئىجتىمائىي تەمىنات ئىدارىلىرىدە ئىشلەپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى يەرلىك ئاھالە ئوتتۇرىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مەتبۇئاتتا سوۋېت تۈزۈمىنى ياقلىدى ...... 1922 - يىلى «ئىنقىلاپ» ژورنىلىدا بېسىلغان «ئاتام ۋە بولشېۋىك» سەرلەۋھىلىك كىچىك ھەجۋى ئەسىرى، ئۇنىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە مېھىر قويغانلىقىدىن گۇۋالىق بېرەتتى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئابدۇللا قادىرىنى سوۋېت مەتبۇئاتىغا تارتتى. 1923 - يىلى ئابدۇللا قادىرى بىرىنچى ئۆزبېك ساتىرىك ژورنىلى «مۇشتۇم» نىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن ۋە ئاكتىپ ئاپتورلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. شۇ ژورنالنىڭ 1924 - يىل يىگىرمە يەتتىنچى سانىدا بېسىلغان باشماقالىسىدا ئابدۇللا قادىرى بولشېۋىستىك «پراۋدا»نىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئازاتلىق كۈرىشىدە ئوينىغان رولىغا يۇقۇرى باھا بەردى، ئۆزبېك مەتبۇئاتىنى شۇ "ھەقىقەت ئارسلانى"نىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا چاقىردى.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ ۋاقىتلىق مەتبۇئات ساھەسىدىكى پائالىيىتى بەزى جىددى كەمچىلىكلەر ۋە خاتالاردىنمۇ خالى ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، ئابدۇللا قادىرى ئۆزىنىڭ «موسكۋا خەتلىرى» دە (1925 - يىل) مەملىكىتىمىزنىڭ پايتەختىگە ئۆزبېكىستاندىن بېرىپ قالغان بەزى تاسادىپى ئۇنسۇرلارنى تەنقىت قىلىش بىلەن

ئاۋارە بولۇپ كېتىپ، يېڭى سوۋېت ۋەقەلىكىدىكى ئىجابى تەرەپلەر ھەققىدە ئوقۇغۇچىغا تەسەۋۋۇر بېرىش زورۇرلۇگىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. «يىغىندى گەپلەر» ماقالىسىدا (1927 ـ يىل) سوۋېت ۋەقەلىكىنى بۇزۇپ خاراكتېرلەيدىغان تەبىرلەرگە يول قويىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەر يازغۇچىنىڭ "ئوسۇش قىيىنچىلىقلىرى" بولۇپ، ئۇلار يازغۇچىنىڭ ئۆز دۇنيا ـ قارىشىدىكى ئاجىز تەرەپلەرنى تولا تەسلىك بىلەن يېڭىپ ماڭغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللا قادىرى ئوچۇق ۋە يېپىق ئىمزالار ("جۇلقۇنباي"، "دۇمبۇل"، "كەلۋەك مەخسۇمنىڭ جىيەنى"، "جىيەن"، "ساۋرىنباي"، "ئاۋسەر"، "دۇمبۇلنىسا" ۋە باشقا تەخەللۇسلار) بىلەن نۇرغۇن ھېكايە، فېلىيەتون ۋە ماقالىلارنى يازغان. ھەم ئۇلاردا يېڭى ھايات قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئۇنسۇرلارنى — زومىگەرلەرنى، سودىگەرلەرنى، دىن ئەھلىلىرىنى، كونىلىقتىن ۋاز كەچمىگەن ھالدا يېڭى ھاياتتىن "ئىسسىق ۋە ياغلىق جاي" ئاختۇرغۇچى ئىككى يۈزلۈك "سوۋېت" ئەمەلدارلىرىنى، تۇردىلەرنى، گۇرۇھۋاز، مەئىشەتپەرەسلەرنى، خوتۇن ـ قىزلار ئازاتلىقىغا قارشى چىققۇچىلارنى، مەرىپەت دۈشمەنلىرىنى ۋە مەرىپەت دەپ ياۋروپا بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتىنىڭ چىرىك تەرەپلىرىگە تەقلىد قىلىدىغان "تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال"لارنى قاتتىق تەنقىد ئوتى ئاستىغا ئالىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئادالەتلىك ۋە دانا مىللىي سىياسىتىنى تەرغىب قىلىدۇ، خەلق ئىگىلىكىنى ۋە مەدەنىيىتىنى كۆتىرىشتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلارنى نامايىش قىلىدۇ، خەلقارا جاھانگىرلىكنىڭ يىرتقۇچلۇق رولىنى پاش قىلىدۇ.

بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا ئابدۇللا قادىرى تولاراق ساتىرا ژانىرىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە بۇ ساھەدە زور ئۇتۇقلارغا ئىگە بولۇپ، كۈچلۈك ساتىرىك تەرىقىسىدە شۆھرەت قازىنىدۇ.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ ساتىرىسى ئۆزبېك فولكلورىدىكى ئۇسۇللارغا،

بولۇپمۇ "دارىغا" ئوسۇلىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئاپتور تولاراق
سەلبىي پېرسوناژلار (شەخسلەر) تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ، ھايات
ھادىسىلىرىنى ئۇلارنىڭ كۆزى ۋە پسىخىكىسى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ،
شۇ يوسۇندا ۋەقەلىكتىكى ئەجايىپ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى
ئېچىپ بېرىدۇ، سەلبىي كىشىلەرنىڭ يالغۇنلۇق ئوبرازلىرىنى
يارىتىدۇ ۋە تەسىرلىك كۈلكە چىقىرىدۇ. مەسىلەن، «كەلۋەك
مەخسۇمنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن» سەرلەۋھىلىك سىكىل
ھېكايىلەردىن «تەرجىمىھالىم» قىسمىنى ئالايلى. بۇنىڭدا قالاق
ۋە رىياكار مۇسۇلمان روھانىيلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى، كەلۋەك
مەخسۇم پۈتۈنلەي جىددىي بىر ئاھاڭدا ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى
ھېكايە قىلىدۇ، ئەمما مەخسۇم ئۆزىنى قانچىلىك يۇقىرى
كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، بىز ئۇنىڭدا نادان، قالاق، ئالتە پەم،
ئادەمگەرچىلىك خاسىيەتلىرىدىن مەھرۇم، پەس ۋە شۇنىڭ
بىلەن بىللە تولىمۇ تەكەببۇر بىر ئادەم ئوبرازىنى شۇنچىلىك
روشەن كۆرىمىز. كەلۋەك مەخسۇمنىڭ سوۋېت دەۋرىدىكى سەرگۈ-
زەشتىلىرى بولۇپمۇ كۈلكىلىكتۇر. بۇ سەرگۈزەشتىلەردە يېڭى ھايات-
نىڭ مەخسۇمغا ئوخشاش شەخسلەردە گەۋدىلەنگەن كونا ھايات
ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى سىزىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ
كەلۋەك مەخسۇمنىڭ زېھنى يېڭى ھايات ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشتە
ئاجىزلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىچە جوراشقا باشلىغاندا، بىز
تولا كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ «تاشپولات تەجەڭ نېمە دەيدۇ؟» ۋە
«شەرۋان ئايال نېمە دەيدۇ؟» سەرلەۋھىلىك سىكىل ھېكايىلىرى
(كېيىنكى سىكىل تۈگىمەي قالغان)، شۇ «كەلۋەك مەخسۇم»
شەكلىدە بولۇپ، ئۇلاردىمۇ ئاپتور ھايات ھادىسىلىرىنى سەلبىي
ئوبرازلار زېھنى ئارقىلىق تەسۋىرلەش يولى بىلەن بارىدۇ.

ئابدۇللا قادىرى يىگىرمىنچى يىللار ساتىرىسىنىڭ ئۇستىلىرىدىن
بىرى، كەلۋەك مەخسۇم ۋە تەييارتاپ، قارا قوساق تاشپولات
تەجەڭ ئوبرازلىرىنى ياراتتى. بۇ ئوبرازلارنى يارىتىشتا يازغۇچى

پسىخولوگىك ئانالىز، خاراكتېرلىرى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىش، ئوبرازىنى ئۆز تىلى ئارقىلىق كەڭ تەسۋىرلەشكە ئوخشاش يېتىلگەن رېئالىستىك ئەدەبىيات ئۇسلۇبلىرىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئوبرازلار ئۇستىدە ئىشلەش جەريانىدا ئابدۇللا قادىرى رېئالىست يازغۇچى سۈپىتىدە تەجرىبە ئاشۇردى ۋە بۇ تەجرىبە يازغۇچىنىڭ رومان ژانىرىغا كۆچۈش ئالدىدىكى "مەشق" بولدى.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ بىرىنچى رومانى «ئۆتكەن كۈنلەر»دىن دەسلەپكى پارچىلار 1922 - يىلى «ئىنقىلاپ» توپلىمىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولغان رومان، 1925 - يىلى پۈتۈن كىتاپ بولۇپ بېسىلىپ چىقتى.

«ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا ئابدۇللا قادىرى ئۆتمۈش تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزبېك خەلقىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ھاياتىنى تەسۋىرلەيدۇ. «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانى فېودالىزم دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تەرتىپلەر ۋە ھايات قائىدىلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئادالەتسىزلىكىنى ۋە بىمەنىلىكىنى پاش قىلىش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، روماندا تەسۋىرلەنگەن دەۋرنى، ئاپتور "تارىخىمىزنىڭ ئەڭ كىر، قارا كۈنلىرى بولغان كېيىنكى خان زامانلىرى" دەپ تەسۋىرلەيدۇ. رومانىنىڭ بىرىنچى بابىدا ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى ئاتابېك مەرغىلانلىق سودىگەر بايۋەچچىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ياش بايۋەچچىلەرنىڭ سۆھبىتىدە تەبىي رەۋىشتە ئائىلە مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ ۋە بىز ئاتابېكنىڭ شۇ دەۋردە ھۆكۈم سۈرگەن تەسەۋۋۇرلارغا پۈتۈنلەي قارىمۇ - قارشى قاراشلارنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاتابېك كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىدا سىڭىپ كەتكەن "ئادەت"كە قارشى. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئائىلە ئەر ۋە خوتۇننىڭ مۇھەببىتىگە ۋە بىر بىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئاساسلىنىشى، بۇ ئىشتا "ئاتا - ئانا ئارزۇسى" دەپ ئاتىلىدىغان زىيانلىق ئادەتكە (يەنى يىگىت بىلەن قىزنىڭ بەقەت ئاتا - ئانىنىڭ خاھىشىغىلا مۇۋاپىق ئائىلە قۇرۇشى

مەجبۇرلۇغىغا) بەرھەم بېرەلىشى لازىم، ھەر بىر ئەر ئۆز خوتۇ-
نىنى دېدەك، دەپ بىلمەستىن، ئادەم، دوست ۋە مەھبۇپ، دەپ
بىلىشى كېرەك. ئەنە شۇنىڭدىلا ئادەم بەختىيار بولالايدۇ.

بۇ سوھبەتتە ئاپتور ئادەمنىڭ بەختىيار بولۇشىنىڭ شەرتلى-
رىدىن — ئائىلىۋى بەختىيارلىق مەسىلىسىنى قويىدۇ. ئەمما
ئادەم بەختىيار بولۇش ئۈچۈن، شۇ كىچىككىنە ئىجتىمائىي
ھۈجەيرە — ئائىلە دائىرىسىدە بەخت تېپىشى كۇپايە ئەمەس.
يەنىمۇ توغرىراقى: كىشىنىڭ بەختىيارلىقى مەملىكەتتىكى، پۈتۈن
جەمئىيەت ھاياتىدىكى شارائىتقا باغلىق. مەملىكەتتە ئادالەت
ئورنىتىلمىغان بولسا، ئائىلىۋى ھاياتتا ھوزۇر، زوق ۋە گۈزەللىك
بولۇشى مۈشكۈل. مەملىكەتتىكى ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنىڭ ناباپ-
لىقى تېمىسى رومانىنىڭ ئىككىنچى بابىدا تىلغا ئېلىنىدۇ.
مەرغىلان بايلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە بولغان زىياپەتتە ئاتابېك
ئۆزىنىڭ مەملىكەت دائىرىسىدىكى تەرتىپلەردىن، توغرىراقى —
تەرتىپسىزلىكتىن، زۇلۇم ھۆكۈمرانلىقىدىن زارلايدۇ. ئاتابېك
مەملىكەتتىكى ئىدارە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، باشقا تەرتىپلەرنى
ئورنىتىش ئۈستىدە ئويلىغان ۋە بۇ ساھەدە روسىيەدىن ئۆرنەك
ئېلىش كېرەك، دېگەن قارارغا كەلگەن. ئەمما ئاتابېكنىڭ ئائىلە
ھەققىدىكى قاراشلىرىغا قوشۇلغۇچىلار كەم بولغىنىدەك، مەملىكەت-
تىكى ئادالەتسىزلىكنى، ئۆزئارا ئۇرۇشلارنى تۈگىتىش ۋە
روسىيىدىكىدەك نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان تەرتىپلەرنى ئورنىتىش
توغرىسىدىكى ئارزۇلىرىمۇ مەملىكەتتە ھۆكۈم سۈرگەن فېودال
ئانارخىيە ۋە نادانلىق زۇلمىتىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچكېلىدۇ.
رومانىنىڭ ئىككىنچى بابىدا مۇنۇلار ئېيتىلىدۇ:

رۇس شەھەرلىرىدىگە بېرىپ، سودا قىلغۇچىلار تۈركىستاندا
ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلارنى كورگەن ئاتابېك ئۇلتۇرۇشتا
ھەممىنىڭ دىققىتىدە بولدى. رۇسلار توغرىسىدا ئاللىقانداق
خىيالىي رىۋايەتلەر ئاڭلاپ يۈرگەن قۇتىدار ۋە زىيا شايىچىلارنىڭ
ئاتابېكتىن ھەققىي ئەھۋالنى بىلگىلىرى كېلىپ، ئۇنىڭدىن

شەمەيدە كورگەن ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى سوراشتى. ئاتابېك شەمەي خاتىرىلىرىنى سوزلەپ بەردى. رۇسلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى تەرەققىياتلىرىنى، ئاڭلىغۇچىلارنى هاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، ئارتۇق تەپسىلاتى بىلەن ئېيتىپ چىققاندىن كېيىن:

— شەمەيگە بارماستىن ئىلگىرى ئۆز هوكۇمەتچىلىگىمىزنى كورۇپ، باشقىلارمۇ مۇشۇنداقتۇ، دەپ ئويلايتتىم! — دىدى ئاتابېك، — لېكىن شەمەي مېنىڭ بۇ پىكرىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئۆزەمنىمۇ پۈتۈنلەي باشقا ئادەم قىلىپ چىقاردى. مەن ئورۇسنىڭ ئىدارە ئىشلىرىنى كورۇپ، ئۆز ئىدارىمىزنىڭ خۇددى بىر ئويۇنچۇق بولغانلىغىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— بىزنىڭ ئىدارە ئىشىمىز بۇگۇنكى تەرتىپسىزلىگى بىلەن كېتىۋەرسە، هالىمىزنىڭ نىمە بولۇشىغا ئەقلىم يەتمەي قالدى. شەمەيدىكى ۋاقتىمدا، قانىتىم بولسا ۋەتىنىمگە ئۇچسام، توپ - توغرا خان ئوردىسىغا چۈشسەم، ئورۇسنىڭ هوكۇمەت قانۇنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ چىقسام، خانىمۇ ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلىسا ۋە پۈتۈن ئەلگە يارلىق يېزىپ ئورۇسنىڭ ئىدارە تەرتىۋىنى ئىش قوللانمىسى قىلىشقا بۇيرۇسا، مەنمۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۆز ئېلىمنى ئورۇسنىڭكى بىلەن بىر قاتاردا كورسەم... دىگەن ئىدىم. ئەمما ئۆز ئېلىمگە قايتىپ كېلىپ كوردۇمكى، شەمەيدە ئويلىغانلىرىم، ئالدىرىغانلىرىم شىرىن بىر خىيال بولۇپ قاپتۇ! بۇ يەردە سوزۇمنى ئاڭلايدىغان بىرسىمۇ چىقمىدى، چىقسىمۇ: "سېنىڭ ئېيتقىنىڭنى بۇ خانلار ئاڭلامدۇ، بۇ بەگلەر ئىجرا قىلامدۇ!" دەپ مېنى مەيۇسلەندۇردى. ئاۋال مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئېتىۋار بەرمەي يۇرسەممۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ توغرا گەپنى ئېيتقانلىرىنى بىلدىم.

بىر ياقتىن — ئاتابېك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئۆز زامانىسى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئىلغار، تەرەققىپەرۋەر بولغان ئارزۇلىرى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ۋە شەخسى هايات ئى-

دىيالى ۋە يەنە بىر ياقتىن — 19 -ئەسىرنىڭ كونكرېت تا-
رىخىي ۋەقەلىكىي ئارىسىدىكى ئەنە شۇ قارىمۇ - قارشىلىق ۋە
جەمىيەتنىڭ ئىلغار ھەم رىئاكسىون كۈچلىرى ئارىسىدىكى كۈرەش
«ئوتكەن كۈنلەر» رومانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.
بۇ قارىمۇ - قارشىلىق ۋە كۈرەشنىڭ ئوتكۈرلۈگىنى ھەم پاجىئە-
لىك ئاقىۋەتلەرىنى كورسىتىش بىلەن يازغۇچى 19 - ئەسىردە
ئوزبېك خەلقى ھاياتىدا ھوكۇمران بولغان ئىجتىمائىي تەرتىپلەر
ۋە ئەخلاقىي ئەقىدىلەرنىڭ ئادالەتسىزلىگىنى ھەمدە ئىنسانپەر-
ۋەرلىككە قارشى خاراكتېردا ئىكەنلىگىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. رو-
ماندا تەرەققىپەرۋەر غايىلەرنىڭ تەرەپدارلىرى بولغانلار خان
ۋە بەگلەر تەرىپىدىن قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ، نۇرغۇن ئېغىرچى-
لىقلارنى باشتىن ئوتكۈزۈشىدۇ ۋە ئاخىرى ئوز نىيەتلىرىگە يې-
تىشەلمەستىن، قارا كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈگىگە چىداشلىق بېرىش-
كە مەجبۇر بولۇشىدۇ. ئاتابېك ۋە ئۇنىڭ مەھبۇبىسى كۈمۈشنىڭ
تولۇق مۇھەببەتلىك گۈزەل ھاياتىنىڭ تېرى - پېرەك بولۇشىمۇ
ئەنە شۇ زامان ئىلغار كىشىلىرى پاجىئەسىنىڭ مۇھىم سەھىپىسىدۇر.
رېيالىستىك ئەسەرنىڭ قىممىتى تەسۋىر قىلىنىۋاتقان زامان-
نىڭ ھاياتىدىكى توپلۇك چوڭ ۋەقەلەرنى تەرەققىپەرۋەرلىك نۇق-
تىئىنەزەردىن تەسۋىرلەش بىلەن تەيىن قىلىنىدۇ. «ئوتكەن كۈنلەر»-
دە ئوزبېك خەلقى ھاياتىدىكى توپلۇك چوڭ ۋەقەلەر تەرەققىپەر-
ۋەرلىك نۇقتىئىنەزەردىن تەسۋىرلەنگەن. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ھەممە
باسقۇچلىرىدا مەنپەئەتپەرەس ۋە نادان بەگلەرنىڭ ئولتۇرغانلى-
غى — ئۇلارنىڭ بىمەنە ئوزئارا ئۇرۇشلىرى، بۇنىڭدا خەلق
ئارىسىدىكى قەبىلىۋى كۈرەش بىدئەتلىرىدىن پايدىلىنىشى ۋە
ئەمگەكچى خەلققە سالغان زۇلمى، خەلقنىڭ بۇ زۇلۇمدىن نارازىلىقى
ھەم بۇ نارازىلىقنى ئاكتىپ رەۋىشتە ئىپادىلەشكە تەييارلىقى —
19 - ئەسىردە ئوزبېك خەلقى ھاياتىنىڭ تىپىك ھادىسىلىرى
بولۇپ، بۇ ھادىسىلەر رومانىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىدا ۋە شۇنىڭدەك
بەزى مەخسۇس باپلىرىدا («ئەزىز بەگ» ، «يۇسۇپبېك ھاجى» ،

«ئىسيان»، «مۇسۇلمانقۇل» ۋە باشقىلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. روماندا بىز شۇ ۋاقىتتا فېئودال تەرتىپلەرگە قارشى تەرەققىپەرۋەر پىكىرلەرنى ئالغا سۈرگەن كۈچلەرنىمۇ كۆرىمىز. يازغۇچىنىڭ تەسۋىرىچە بۇ كۈچلەر شۇ ۋاقىتتا ھالىلىق - توق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مەرىپەتدار ھەمدە روسىيىگە ئوخشاش مەملىكەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان سودىگەرلەر مۇھىتىدىن چىقىدۇ. بۇنداق تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنىڭ بىر تەرەپتىن فېئودال تەرتىپسىزلىك، زۇلۇم ۋە ئىككىنچى تەرەپتىن روسىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تارىخىي مەيدانغا چىقىشىمۇ 19 - ئەسىر ئۈچۈن قانۇنىدۇر؛ روسىيىنىڭ 19 - ئەسىردە شەرق خەلقلىرىگە نىسبەتەن ئوينىغان رولىنى ف. ئېنگېلىس 1851 - يىلى مۇنداق تەرىپلىگەن ئىدى: "... روسىيە شەرققە نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ تەرەققىپەرۋەر رول ئوينىماقتا ... روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قارا دېڭىز ۋە كاسپىي دېڭىز مەملىكەتلىرى ئۈچۈن ھەم مەركىزىي ئاسىيا ئۈچۈن، باشقىرت ۋە تاتارلار ئۈچۈن مەدەنىيلەشتۈرگۈچى رول ئوينايدۇ"①. روسىيىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك تەسىرى سەل كېيىنرەك، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا مەرىپەتپەرۋەر دېموكراتىك ئېقىمنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا چوڭ تۈرتكە بولغان ئىدى (بىز بۇ يەردە ئەخمەت دانىش، فۇرقەت ۋە مۇقىمىي قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىنى كۆزدە تۇتىمىز).

شۇنداق قىلىپ بىز «ئۆتكەن كۈنلەر» روماندا 19 - ئەسىرنىڭ خاراكتېرلىق ھادىسىلىرى تەسۋىرىنى كۆرىمىز. ئەينى ۋاقىتتا «ئۆتكەن كۈنلەر» روماندا تارىخىي ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەشتە جىددىي كەمچىلىكلەرمۇ باركى، ئوقۇغۇچىنى ئۇلاردىن خەۋەردار قىلىشىمىز لازىم.

ئەسەردىكى كەمچىلىكلەر يازغۇچىنىڭ دۇنياقارىشىدىكى ئا-

① ك. «ماركس ۋە ف. ئېنگېلس، ئەسەرلىرى». 21 - توم، 211 - بەت، (رۇسچە نەشرى).

جىنلىقلاردىن كېلىپ چىققان. ئابدۇللا قادىرى رومانىنى ياراتقان
دەۋردە، جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى ئانتاگونىستىك (بىر
بىرىگە قەتئىي قارىمۇ - قارشى) سىنىپلار كۈرىشىنىڭ تارىخى،
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتورلار ئارىسىدى-
كى كۈرەش تارىخى ئىكەنلىكىنى، 19 - ئەسىردىمۇ جەمئىيەت
ئۇتكۇر سىنىپىي كۈرەش شارائىتىدا راۋاجلانغىنىنى ۋە دەۋرنىڭ
ئىككى ئاساسىي سىنىپى بولغان فېئوداللار ۋە ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا
مۇرەسسەسىز كۈرەش كېتىۋاتقىنىنى تېخى يېتەرلىك چۈشىنىۋالال-
مىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور ئۇز ئەسىردە خەلقنىڭ
فېئودال زۇلۇمغا قارشى كۈرىشىنى كورسەتكەن بولسىمۇ، بۇ كۈ-
رەشنىڭ پۈتۈن ئۇتكۇرلۇكى ۋە ئىزچىللىقى ھەققىدە ئوقۇغۇچىغا
مۇكەممەل تەسەۋۋۇر بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرىدە خەلقنىڭ
فېئودال زۇلۇمغا قارشى كۈرىشى ئەسلىدە ئوبيېكتىپ رەۋىشتە
فېئوداللىزىم ئاساسلىرىغا، ئادەمنىڭ ئادەم تەرىپىدىن ئېكسپىلاتات-
سىيە قىلىنىشىغا قارىتىلغان كۈرەشتىن كورە، تولاراق "يا-
مان"، يەنى زالىم بەگلەرگە قارشى كۈرەشكە ئوخشاپ قالىدۇ،
ئومۇمەن "ياخشىلىق" نىڭ ئومۇمەن يامانلىققا قارشى كۈرىشىنىڭ
تۈسىنى ئالىدۇ. توغرا، 19 - ئەسىردە فېئودال زۇلۇمغا قارشى
باش كوتەرگەن ھەربىر ئەمگەكچىمۇ پۈتۈن فېئوداللىزىم تۈزۈمى-
نى ئاغدۇرۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋەرگەن ئەمەس ۋە ھەقىقە-
تەنمۇ دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى تولاراق "يامان" بەگ ئورنى-
غا "ئادىل" بەگنى قويۇشنى تەلەپ قىلىش بىلەن چەكلەنگەن.
ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە فېئوداللىزىم دەۋرىدە ۋە بولۇپمۇ 19 -
ئەسىردە خەلقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، پۈتۈن فېئودال تۈزۈمگە،
ئادەمنىڭ ئادەم تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا قارشى
كۈرىشىپ كەلگەن كۈچلەرمۇ بار ئىدى ۋە خۇددى شۇ كۈچلەر-
نىڭ پائالىيىتىدە دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىر - خاھىشلىرى
گەۋدىلەنگەن ئىدى. «ئوتكەن كۈنلەر» رومانىدا خەلقنىڭ زۇ-
لۇمغا قارشى ئاممىۋى ھەركىتى كورسىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئام-

مۇۋى ھەركەت ئېچىدىكى ئەنە شۇ ئەڭ ئىلغار كۈچلەر كورسەتىلمەي قالغان.

سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ۋە پۈتۈن ئۆتكۈرلۈكىنى چۈشەنمەسلىك يازغۇچىنى يەنە بىر خاتاغا ئېلىپ كېلىدۇ: ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ مۇھىتىدىن چىقىپ، تەرەققىپەرۋەرلىك مەۋقەلەرگە ئۆتكەن بەزى كىشىلەر (رۇس مەدەنىيىتىدىن نەمۇنە ئېلىشنى تەرغىپ قىلغۇچى ئاتابېك، فېئوداللارنىڭ بىمەنە ئۆزئارا ئۇرۇشلىرىغا قارشى چىققۇچى يۇسۇپبېك ھاجى ۋە شۇلارغا ئوخشاشلار)نى تەسۋىرلىگەندە يازغۇچى بۇ كىشىلەرنىڭ سىنىپىي چەكلەنگەنلىك ئىللىتىگە مۇپتىلا ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەرمەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئاتابېكلەر ۋە يۇسۇپبېكلەر ئۆز دەۋرى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئىلغار غايىلەرنى توشۇغۇچى بولۇشلىرىغا قارىماي، پۈتۈن فېئودال تۈزۈمنىڭ ئاساسى بولغان ئادەمنىڭ ئادەم تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىنى يوقىتىش پىكرىگە يەتمىگەن كىشىلەر ئىدى.

روسىيىگە بولغان مۇناسىۋەت ۋە مەملىكەتنىڭ روسىيىگە قوشۇلۇشى مەسىلىسىگە دەۋرنىڭ تەمسىلەنگەن، "ھاللىق" سىنىپلىرى دائىرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كورسىتىشتە ئاپتور مەلۇم دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويىدۇ. تەمسىلەنگەن سىنىپلارنىڭ دائىرىسىدىن چىققان ئاتابېك، يۇسۇپبېك ھاجى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرداشلىرى ئوبرازلىرىدا شۇ مۇھىت ۋەكىللىرى دۇنياقارىشىنىڭ بىر تەرىپىنىلا كورىمىز: ئاتابېكلەر، يۇسۇپبېكلەر رۇس مەدەنىيىتىنىڭ يۇقۇرىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ ۋە روسىيىدىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيىگە قوشۇلۇشىغا قارشى چىقىشىدۇ. ئاتابېكلەر ۋە يۇسۇپبېكلەر مۇھىتىدا روسىيىگە قوشۇلۇشقا قارشى بولغان ئادەملەر بىلەن بىر قاتاردا فېئودال تەرتىپسىزلىكلەرنى پەقەت روسىيىگە قوشۇلۇش يولى بىلەن تۈگىتىش مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىۋاتقان، يەنى روسىيىگە قوشۇلۇشقا ئوچۇق تەرەپدار بولغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بۇ كې-

يېڭى ئادەملەرنى بىز «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا كۆرەلمەيمىز. بۇلا ئەمەس، ئابدۇللا قادىرى ئۆزبېكىستاننىڭ روسىيىگە قوشۇلۇشىنىڭ تەرەققىپەرۋەرلىك ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەن ئادەملەرنى تەسۋىرلىگەندە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ پىكىرلىرىنى قارىلىمايدۇ، بەلكى ئوبيېكتىپچىلىققا يول قويىدۇ. بۇ ھال ھاياتنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋەقەلىرىگە ماركسىزىم نۇقتىنەزىرى ئاساستا قاراشتىن يىراقتا بولۇپ، ئابدۇللا قادىرى ئىجادىدا سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ باش پىرىنسىپى تېخى مۇكەممەل شەكىللىنىپ كېتەلمىگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

بۇ — مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. باشقا تەرىپى شۇكى، روسىيىگە قوشۇلۇش خاھىشى بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئەۋج ئالماقتا ئىدى، چۈنكى شۇ دەۋر شارائىتىدا فېودال زۇلۇمىدىن ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشلارنىڭ ھالاكەتلىك ئاقىۋەتلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن - بىر يولى روسىيىگە قوشۇلۇش ئىدى. ئابدۇللا قادىرى ئەسىرىدە 19 - ئەسىر ھاياتىنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ كۆرمەيمىز. «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىنىڭ غايىۋى مەزمۇنىدىكى يەنە بىر ئاجىز تەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاپتور ئۆتمۈش ھاياتنىڭ بەزىبىر ناباپ تەرەپلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەۋەس بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

ئېيتىلغان شۇ كەمچىلىكلەر نەتىجىسىدە «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا 19 - ئەسىر جەمئىيىتىنىڭ ھاياتى ۋە تۈرلۈك سىنىپلار ھەم تەبىقىلەرنىڭ رولى تەسۋىرىدە بىر تەرەپلىمىلىك كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئۆتكەن كۈنلەر»دىكى بۇ جىددى كەمچىلىكلەر ئاپتورنىڭ دۇنياقارىشىدىكى خاملىق، بالاغەتكە يەتمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ نەرسە ئۇنى قەستەن تارىخنى بۇزۇپ كۆرسەتتى، قەستەن مىللەتچىلىكنى تەرغىپ قىلدى، دەپ ئەيىبلەشتە ھېچقانداق ئاساس بولالمايدۇ.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىككىنچى چوڭ ئەسىرى «مېھراپتىن چايان» دۇر. بۇ ئەسەرنى ئاپتور 1928 - يىلى يېزىپ تۈگەت-

كەن. «مېھراپتىن چاپان» 1929 - يىلى بېسىلىپ چىققان. ئاپ-
تورنىڭ ئۆز تەبىرىچە، «مېھراپتىن چاپان» 19 - ئەسىردە تۈر-
كىستاننىڭ چوڭ بىر قىسمىنى (ئاساسەن پەرغانە ۋادىسىنى) ئى-
دارە قىلغان خۇدايارخان ۋە ئۇنىڭ مۇنشىيلىرى (ئەمەلدارلى-
رى) ھاياتىدىن تارىخىي رومانىدۇر. "تۈركىستان فېوداللىرىنىڭ
كېيىنكى ۋەكىلى بولغان خۇدايارنىڭ، — دەپ يازغان ئىدى ئاپتور،—
ئۆز خاھىشى يولىدا دېخانلار ئاممىسى ۋە ئۇششاق ھۈنەرۋەن
كاسىپلار سىنىپىنى قۇربان قىلىشى، مەملىكەت خوتۇن - قىزلى-
رىنى خالىغانچە ئاياق - ئاستى قىلىشى، بۇنىڭغا قارشى چىققۇ-
چىلارغا، مەيلى ئۇ كىم بولمىسۇن، رەھىمسىز جازا بېرىشى —
رومانىنىڭ ماۋزۇسىدۇر. خۇدايارخاننىڭ بۇ يولىدىكى ھىمايىچىسى
بولغان ئۇلىمالار، ئۇلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ئەھۋالى، مەدرىسە
ۋە ئائىلە ھاياتى، ئۇلىمادا ئىنسانىي ھىس تۇيغۇسىزلىقى ۋە قال-
ىسمۇ ئىپلاسلىقىنىڭ پەردىسى ئاستىدا سېزىلمەس دەرىجىگە يەت-
كەنلىكى مەزمۇننىڭ سىغدۇرۇشىچە بايان قىلىنىدۇ. بۇلار روما-
نىڭ سەلبىي قەھرىمانلىرى. ئىككىنچى تەرەپتە، مەزكۇر قارا
كۈچلەرگە قارشى، "توۋەن" سىنىپ — كەمبەغەللەر، ئۇلارنىڭ
خانلىق تۈزۈمگە، قارا كۈچ، ئۇلىما ئەلەيھىگە قارشى چىقىشى،
ئەمگەكچى كەمبەغەللەرنىڭ ئەخلاقى، مىجەزى، تۇرمۇشى ۋە بىر
بىرىگە ئالاقىسى ... شۇ ئىككى سىنىپ كۈرىشىنى تەسۋىرلەش
ۋاسىتىسىدە خان ھەرىمى، خوتۇنلىرى، قىرىق قىزلار، تارىخىي
ۋە ئېتنوگرافىك لەۋھىلەر، ئۆزبېك ھاياتى، قىزىقچىلىقى، تەن-
قىتچىلىكى، ئۆزبېك خوتۇن - قىزلىرى ئارىسىدىكى قابىلىيەت،
شائىرلار، چاقچاقچىلىق ۋە باشقا نۇرغۇن نۇقتىلار ئوراپ
ئېلىنىدى.... .

ئابدۇللا قادىرى ئۆز ئالدىغا ئىككى سىنىپ كۈرىشىنى تەس-
ۋىرلەش ۋەزىپىسىنى قويۇش بىلەن تارىخقا ماركسچە - لې-
نىنچە قاراشقا ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرسەتتىدۇ. بۇ بولسا «ئۆتكەن
كۈنلەر» يېزىلغان دەۋرگە نىسبەتەن يازغۇچىنىڭ دۇنياقارىشىدا

ئەجايىپ راۋاجلىنىش بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. «مېھراپتىن چايان»نىڭ پۈتۈن مەزمۇنى يازغۇچىنىڭ ئۆز دۇنياقارىشىدا ۋە تارىخنى تەسۋىرلەشتە بىرنەچچە باسقۇچ يۇقۇرىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايىش قىلىدۇ.

«مېھراپتىن چايان»دا باش قەھرىمانلارنىڭ سەرگۈزەشتى مۇناسىۋىتى بىلەن تەسۋىر قىلىنغان ئۇمۇمى تارىخى ھادىسىلەر كىچىكرەك بولسىمۇ، بۇ تارىخى ھادىسىلەر ئەجايىبى قەھرىمانلارنىڭ سەرگۈزەشتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ۋە ئەسەرنىڭ غايىۋى مەزمۇنى روشەنرەك، "سۈزۈكرەك"، يېتىلگەنرەكتۇر.

فېئوداللىزىمنى پاش قىلىش «مېھراپتىن چايان»دا «ئۆتكەن كۈنلەر»گە نىسبەتەن ئىزچىلراق، ھەققانىراق خاراكتېرغا ئىگە. روماندا، مەملىكەتتىكى زۇلۇم ھۆكۈمرانلىقىغا ئايرىم "يامان" بەگلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن فېئودال تۈزۈمىنىڭ تېگىدىن ئادالەتسىز ۋە ياراقسىز بولغانلىقى سەۋەپ، دېگەن غايە ئوچۇق ئىپادە قىلىنغان. ئاپتور ئوقۇغۇچىنى "باش فېئودال" خۇدايارخاننىڭ مۇھىتىغا ئېلىپ كىرىدۇ، خان سارىيى زۇلۇم، نادانلىق، پەسقى - پاسات ۋە ئىغۋاگەرلەرنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ يۆلەنچۈكلۈكى رولىنى ئوينىغانلىقى ھەققىدىكى ناھايىتى ھەققانى پىكىرنىمۇ رومانچى ھاياتى ماتېرىيالدا چوڭ ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

رومانچىنىڭ غايىۋى جەھەتتىن يېتىلگەنلىكى ۋە تارىخنى چوڭقۇرراق چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنى بىز ئۇنىڭ ئەسەر باش قەھرىمانىنى تاللىشىدىمۇ كۆرىمىز. بۇ قېتىم رومانچى ئەسەرگە باش قەھرىمان قىلىپ خەلق ئىچىدىن چىققان كەمبەغەل بالا، يېتىم ئەنۋەرنى ئالىدۇ. ئەنۋەر روھانى ئائىلىسىدە بېقىۋالىغان بالا بولۇپ ئۆسكەن ۋە ئۆزىنىڭ تالانتى بىلەن خان سارىيىدا مىرزىلىق (كاتىپلىق) دەرىجىسىگە يېتىشكەن بولسىمۇ، ئالىجاناپ ئىنسانى پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم ئەمەس. ئەنۋەر ئاتابېكتىكى

سىنىپى چەكلىمە ئىللىتىدىن خالىي. ئەمگەكچى خەلق بىلەن قاندداشلىقى ۋە پىكىرداشلىقى سەۋىيىسىدىن ئەنۋەرنىڭ زۇلۇمغا، فېوداللارغا ۋە روھانىلارغا نەپرىتى چەكسىز. مەھبۇبىسى رەناغا يەرتقۇچ خۇدايارخان چاڭگال سالماستىن خېلى بالدۇرلا ئەنۋەر خان سارىيىنىڭ زۇلۇم ماكانى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردە باش مۇنشىي (ئىشخانا باشلىقى) بولۇش ھەققىدىكى تەكلىپ ئۈنىڭغا ياقمايدۇ، ئەنۋەرنىڭ بۇ كەيپىياتى ۋە ئومۇمەن فېودال تۈزۈمگە مۇناسىۋىتى كىتاپنىڭ دەسلەپكى باپلىرىدىلا ئېچىلىدۇ:

"— مېنى مىرزىلىقتا بەلگىلەشسە ياخشىمۇ، رەنا؟

— ياخشىمۇ، يامانمۇ، مەن نەدىن بىلەي.

— يامان، رەنا.

— نىمىشقا يامان؟

— ئىپلاس ئىش. ئەگەر باشقا كەسىپ تاپسام، ئوردىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ كېتەتتىم.

— ئىپلاس ئىش؟ سىزنىڭ بەگ پاچچىڭىزمۇ شۇ خىزمەتنى قىلاتتىمۇ؟

— مەن بەگ پاچچە بولالمايمەن، رەنا. ئوردىدىكى توكۇلۇپ تۇرغان گۇناسىز قانلار، دائىم ئەتىراپتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاھ - زارلار مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېزىدۇ، تىنچلىقىمنى يوقىتىدۇ. يەنە مەن مىرزا بېشى بولۇپ قالسام، بۇ ئاھ - زارلارنىڭ، توكۈلگەن گۇناسىز قانلارنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرەرمەن. بۇ چاغدا مېنىڭ ئازاۋىسىم بىۋاستە بولار. بەلكى بۇنىڭغا قاتنىشىپمۇ قالارمەن. چۈنكى خانغا ياخشى كورۈنۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ خالىغىنىچە قىلىش، زۇلۇم پىچىقىنى بىلەپ بېرىش، شۇ مەنسەپتە ئۇزاق ياششىمنىڭ ئاساسىي شەرتىدۇر. لېكىن مەن بۇنداق ۋىجدانسىزلىق ئۈچۈن تورەلمىگەن ئوخشايمەن. مەدھوسەنا، ئالقىش ۋە دۇئالارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان زۇلۇمدىن پەريات، ھەقسىزلىكتىن دات مەنىلىرىگە مەلھەم بولۇش،

ئەلۋەتتە مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەس، چۈنكى 'سايىۋىنى مەرھەمەتە ۋىجدان كېڭىشىگە قولاق سالغۇچى ئەخمەقلەردىن ئەمەس".

ماناشۇنداق ئېتىقاتلىق، قەلبى پاك ۋە ئىنسانپەرۋەر ئەنۋەر خۇدايارنىڭ "تەن بېرىشى" بىلەن باش مۇنشىي بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى قۇزغۇنلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان كەپتەردەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى (ئابدىراھمان داموللا، شەھادەت مۇپتى، مەدھىي ۋە باشقىلار ) ئەنۋەرنى چاپۇتلاشقا، يىقىتىشقا ئىنتىلىشىدۇ. خان بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئارىسىدا كېلىشمەسلىك چىقىشى ۋە بۇ كېلىشمەسلىكنىڭ ئۆتكۈر ھەم پاجىئەلىك بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى "خان سارىيى" دەپ ئاتالمىش بىر جايدا ئەسلىدە ئىككى قارىمۇ - قارشى قۇتۇپ، مۇرەسسەسىز ئىككى كۈچ، يەنى ئېكسپىلاتاتور فېئوداللار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان ئەمگەكچىلەر بىر بىرىگە دۈچ كېلىشىدۇ: بىر ياقتىن — خۇدايار ۋە ئۇنىڭ مالايلىرى، ئىككىنچى ياقتىن — ئەنۋەر ۋە ئۇنىڭ پىكىرداشلىرى ئەنە شۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ نامايەندىلىرىدۇر. خۇدايارنىڭ رەناغا خېرىدارلىق قىلىشى ۋە بۇ ئىشتىمۇ زوتالىق يۈرگۈزۈشى ئەنۋەر ۋە ئۇنىڭ پىكىرداشلىرىنىڭ سەۋرى قاچىلىرىنى تولدۇرغان ئاخىرقى تامچە بولىدۇ. ئىككى مۇرەسسەسىز كۈچ قاتتىق توقۇنۇشىدۇ. بۇ توقۇنۇشتا مەنىۋى ئۈستۈنلۈك، ھەقلىق ئەنۋەر تەرەپتە، خەلق تەرىپىدە؛ ھەقسىزلىگى پاش قىلىنغان خان ۋە ئۇنىڭ مالايلىرى ھەقىقەتكە پەقەت زورلۇق بىلەن قارشى تۇرۇشلىرى مۇمكىن:

"تەختىگە يۆلەنگەن خۇدايار ئىككى كۆزىنىڭ توغرىسىغا ئىككى جاللاتنى قويۇپ، يېنىدىكى داموللا شاغاۋۇل، تۇرسۇن ئاتالىق ۋە باشقا بىرنەچچە بەگزادىلەر بىلەن سوھبەتلىشىۋاتاتتى.

— پۇشتى پاناھ! — دېدى ھۆدەيچى ①، — خىيانەتچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ، دامى ئادالىتىڭىزگە تەسلىم بولماقچى!

① ھۆدەيچى — ئادىيوتانت ئورنىدا، مەخسۇس خىزمەتچى.

— خىيانەتچىلىك كىم؟
— مىرزا ئەنۋەر!

خان چوچۇپ كەتتى، ئولتۇرۇشقانلارمۇ ئالاق - جالاق بولۇپ قېلىشتى.

— ئېلىپ كەل!

ھودەيچى قوللۇق قىلىپ كەينىگە ياندى. دەھلىزدىكى ئەنۋەر بىرىنچى ئويدىكى ئەھۋالنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئىككىنچى تەنابىنىڭ بوسۇغىسىدا، جاللاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى ۋە خانغا تازىم قىلدى.

رەقىبىنى مۇنچىلىك جاسارەتتە كورگەن خۇدايارنىڭ كىرپىكلىرى لىپىلداپ، ساقال تۈكلىرى تىترەپ كەتتى ۋە سوز تاپالمىغاندەك بىردەم تامشىنىپ تۇردى.

— سەن بىزگە خىيانەت قىلدىڭ، ئىت ئوغلى!

ئەنۋەر بېشىنى سىلكىتتى:

— ئىقرارمەن.

— تۇزۇمنى ئۇنتۇدۇڭ.

— تانمايمەن!

— ئىقرارسەن، تانمايسەن — ئوبدان ئىش! — دىدى زەردە قىلىپ خان، — ئولۇشتىنمۇ قايتمايسەن؟!

— مەن سىزدىن مەرھەمەت سوراپ كەلگىنىم يوق! — دىدى كۈلۈپ ئەنۋەر، — ئوزەمنى ئولۇمگە بېرىپ، بىر گۇناسىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم!

ئولتۇرغانلار لەۋلىرىنى چىشلەشتى. خۇدايار زاڭلىق قىلىپ كۈلدى.

— مۇسۇلمانچىلىق قىلغانسەن - دە؟!

— ئەلۋەتتە! — دىدى ئەنۋەر، — باشقىلار كىشى گۇناسى ئۈچۈن گۇناسىزنى تۇتۇپ مۇسۇلمانچىلىقتىن چىققاندىن كېيىن مەن مۇسۇلمانچىلىق بىلەن ئولۇشنى ئەۋزەل كوردۇم!

بۇ جاۋاپ خۇدايارنى قىپ - قىزىل قىزارتىپ

ماگلىيدىن تەرلەر چىقاردى، غەزەپ ئوتى يالقۇنلىدى.

— سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ مۇسۇلمانچىلىقتا بارمۇ ئىت ئوۋلى؟؟

— مۇسۇلمانچىلىقتا يۇزلەپ خوتۇن ئۇستىگە، بىر كەمبەغەل
ئويلەنمەكچى بولغان قىزغىمۇ زورلۇق قىلىش بارمۇ، قىبلەئى
ئالەم؟

— ئەپچىق بۇنى، جاللات!!"

شۇنداق قىلىپ، تۇنۇگۇن ئەنۋەرگە "مەرھەمەت كورسەتكەن"
خان بۇگۇن ئۇنى سويۇشقا بۇيرۇيدۇ: ئىككى قۇتۇپنىڭ مۇرەس-
سەسىزلىگى تولىمۇ ياخشى مەلۇم بولىدۇ. خەلقتىن چىققان كى-
شىلەرنىڭ ئەنۋەرگە مەدەت بېرىشى، باش قەھرىمانىنى ۋە ئۇنىڭ
مەھبۇبىسىنى بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىنتىلىشىمۇ ئەن-
ۋەرنىڭ كۇرىشىنى خەلقنىڭ فېئودال زۇلۇمغا قارشى
كۇرىشى تەرىقىسىدە تەرىپلەيدۇ، بۇ كۇرەشتە
مەنىۋى ئۇستۇنلۇك ۋە ھەقلىق خەلق تەرىپىدە ئىكەنلىگىنى ئو-
قۇغۇچى ئەنۋەرنىڭ ئولۇم ئالدىدا ئابدىراھمان داموللا بىلەن
توقۇنۇشۇشتا يەنە بىر قېتىم ئوبدان سېزىدۇ:

"ئەنۋەر تەرەت ئېلىۋاتقاندا، جاللات ۋە ياساۋۇللار خەنجەر
يالىڭاچلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى... دۇئادىن كېيىن
ئەنۋەر ئورنىدىن تۇردى، قولىنى باغلاشقا بېرىپ، ئەتراپىغا بى-
سەرەمجانلىق بىلەن قارىدى، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇشقان خەلق-
نىڭ ئالدىدا نەپرەتلىك كوزىنى ياغلاشتۇرۇپ ئوزىگە توپ-
توغرا قاراپ تۇرغان موللا ئابدىراھماننى كوردى. ئەنۋەر تىت-
رىدى، ئابدىراھمان ھىجايدى...

— كۇلۇشكە ھەققىڭىز بار، داموللا، چۇنكى ئوچ ئالىسىز، —
دىدى ئەنۋەر. بىردىنلا ھەممىنىڭ كوزى ئابدىراھمانغا چۇش-
تى، — پەقەت سىز ئىپلاسلىق نەتىجىسىدە كۇلىسىز، مەن...
مەن توغرىلىقنىڭ نەتىجىسىنى كورىمەن؛ سىز ئىپلاس ۋىجدان بىلەن
غالىپسىز، مەن ساپ ۋىجدان بىلەن مەغلۇپمەن... مېنى دارنىڭ
ئاستىغا كىم ئېپكەلدى؟ ۋىجدان ئەمەسمۇ. تەقسىر؟ سىزنى بۇ يەر-

دە كىم تاماشىچى قىلدى، ئىپلاسلىق ئەمەسمۇ، تەقسىر؟”

فېودال ئىدارىسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى باسقۇچىدا خان خۇدايار تۇرىدۇ ۋە ئەڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا ئابدىراھمان دامولىلىدەك ئەڭ پەس ئەبلەخلەر، «مېھراپتىن چايان»لار جاي ئىگەللىشىدۇ. ئۇلار بىر-بىرلىرىنى قوللاپ-قولتۇقلىشىدۇ، بىرسى بىرسىسىز ياشىيالمايدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالا.

شۇنداق قىلىپ باش قەھرىماننى توغرا تاللاش بىلەن ئاپتور 19-ئەسىردىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى، شۇ زاماننىڭ ئىلغار غايىلىرىنى ۋە بۇ غايىنى توشۇغۇچى تەرەققىپەرۋەر ئادەملەرنى «ئۆتكەن كۈنلەر»دىكىگە نىسبەتەن توغرىراق، تولۇقراق ۋە يالقۇنلۇقراق تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئېرىشكەن.

ئەمما ئابدۇللا قادىرى بۇ رومانىدىمۇ سىنىپىي كۈرەشنى تەسۋىرلەشتە بىر كەمچىلىككە يول قويىدۇ: روماندا ئېكسپىلاتاتورلار مۇھىتى مۇكەممەل تەسۋىرلەنگىنى ھالدا، بۇ مۇھىتقا قارشى تۇرغان ئەمگەكچى خەلق مۇھىتى يېتەرلىك كەڭ تەسۋىرلەپ بېرىلمىگەن. ئەنۋەرگە خەيرىخاھ سەپەر بوزچى، سۇلتان ئەلى ۋە باش قەھرىماننى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان قابىل، رەھىم ھەمدە شەرىفنىڭ ئىشلىرى خەلقنىڭ فېودال زۇلۇمدىن نارازىلىقىنى ياخشى ئىپادە قىلسىمۇ، ئەمما فېوداللىزمغا قارشى خەلق كۈرىشىنىڭ تولۇق مەنزىرىسى ئورنىنى باسالمايدۇ.

«ئۆتكەن كۈنلەر» ۋە «مېھراپتىن چايان» رومان ژانىرىنىڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىكى دەسلەپكى نەمۇنىلىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرىنچى تارىخىي رومانلار ئىدى. ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىگىرمىنچى يىللاردا يېتىشكەن نۇرغۇن ئۇتۇقلىرىدەك، بۇ رومانلارمۇ ئەدەبىياتىمىزدا رېئالىزم پرىنسىپلىرىنىڭ تەستىقلىنىشىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بىز بۇ يەردە، گوركى تەرىپىي بىلەن ئېيتقاندا، ”ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات شارائىتىنى بويىماستىن، ھەققىي تەسۋىرلەش“ تىن ئىبارەت بولغان ئەدەبىي ئېقىمنى، يەنى يېتىلگەن رېئالىزمنى كۆزدە تۇتىمىز. ئابدۇللا قادىرىنىڭ تارى-

خىي رومانلىرى (يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن كەمچىلىكلەردىن قەتئىي نەزەر) رىيالىزىمنىڭ مانا شۇ تۈپ تەلەپلىرىگە ئاساسەن جاۋاپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا رىيالىزىمنىڭ شەكىللەنگىنىدىن خەۋەر بەرگۈچى ئالامەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئابدۇللا قادىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئوبرازلار توغرىسىدا سۆز قىلغاندا، يازغۇچىنىڭ ئەمگەكچى خەلق ۋەكىللىرىنى چوڭ مېھىر بىلەن تەسۋىرلىشىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. يازغۇچى ئادالەت، ۋىجدان، ئىنساپ ۋە نومۇس ئىدىياللىرىنى خەلقتىن، خەلق ۋەكىللىرىدىن ۋە ئۆز پىكرى بىلەن خەلققە مەلۇم دەرىجىدە يېقىن تۇرغان ئادەملەردىن ئاختۇرىدۇ ۋە تاپىدۇ. شۇنىسى خاراكتېرلىقكى، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار مۇھىتىدىن بەك نۇرغۇن يامان ئادەملەرنى تېپىپ تەسۋىرلىگەن ۋە بۇ تەسۋىردە تولاراق ئۆتكۈر ھەجۋى ئۇسۇللارنى ئىشلەتكەن. يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىز ئەمگەكچى خەلق مۇھىتىغا مەنسۇپ بىرمۇ سەلبى ئوبرازنى ئۇچراتمايمىز. فېودال جەمىيەتتە ناھايىتىمۇ ھوقۇقسىز ۋە مەزلۇم بولغان خوتۇن - قىزلارنىڭ تەسۋىرىدىمۇ بىز خۇددى شۇ ئەھۋالنى كۆرىمىز: فېوداللار ئادەم ھېساپلىمىغان خوتۇن - قىزلار ئارىسىدىن يازغۇچى، ئاجايىپ تالانتلىق، دانا، ۋاپادار ۋە ئىرادىلىك كىشىلەرنى، ھەقىقى ئىنسانلارنى تاپىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەۋەس بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇيەردە بىز ئابدۇللا قادىرى ئىجادىنىڭ چوڭقۇر دېموكراتىك، خەلقپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئەسلىنى ئېيتقاندا، ھەقىقى رىيالىزىمنىڭ خاراكتېرلىق ۋە ئالىجاناپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى — دېموكراتىزىم ۋە خەلقچىلىقتۇر.

ئابدۇللا قادىرى تارىخىي رومان ژانىرىدا يىققان تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت زامانىسى ھاياتىدىنمۇ چوڭ بەدىي ئەسەر يېزىشقا ھەركەت قىلدى. 1934 - يىلى يېزىلغان «ئابىد كەتمەن» پوۋېستى يازغۇچىنىڭ غايىۋى ۋە ئىجادىي ئۆسۈشتە

ئالغا تاشلىغان مۇھىم قەدىمى ئىدى. بۇ پوۋېستتا ئىنقىلاپتىن
ئاۋالقى ۋە كولخوز قۇرۇلۇشى دەۋرىدىكى يېزىسىنى بىر بىرىگە
سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش بىلەن يازغۇچى يېزىنىڭ سوتسىيالىزىم
يولىدىن مېڭىشىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىشكە بەل باغلىغان.
يازغۇچى كولخوزدا دېخانلارنىڭ توق ۋە مەدىنىي ھايات قۇرۇ-
ۋاتقانلىغىنى كۆرسىتىشكە ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن. پوۋېستتا
يازغۇچى "چېتەن" كولخوزىنىڭ تۈزىلىش تارىخىنى ۋە بۇ ئىش-
تا ئوتتۇرا دېخان ئابىدنىڭ قاتنىشىشىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئابىد
نۇرغۇن مۇشەققەتلەردىن كېيىن پەقەت كولخوزغا كىرىپلا قالماس-
تىن، ئابرويلۇق كولخوز رەھبەرلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. پوۋېست-
تا بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئوبرازلار بار (ئابىد
كەتمەن، ئىنقىلاپتىن ئاۋال يالالىما بولغان، كېيىن سوۋېت ھا-
كىمىيتى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە كولخوز قۇرۇ-
لۇشىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بولغان بېردى تاتار، ئوتكۈر ھەجۋى
قەلەم بىلەن سىزىلغان خاتىپ داموللا ۋە موھسىن داموللا
ئوبرازلىرى ھەم باشقىلار). ئەمما «ئابىد كەتمەن» پوۋېستى يې-
زىنىڭ سوتسىيالىزىم ئىزىغا كۆچۈشىنىڭ تولۇق ۋە يېتەرلىك بە-
دىي مەنزىرىسىنى بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭغا دەسلەپكى سەۋەپ — كول-
خوز قۇرۇلۇشى ۋاقىتلىرىدا بولغان ئوتكۈر سىنىپىي كۈرەشنىڭ
پوۋېستتا يېتەرلىك ئەكس ئەتمىگەنلىكىدۇر. پوۋېستنىڭ يەنە
بىر كەمچىلىگى — قېلىپلاشقان يول قويۇلغانلىغىدۇر. پوۋېستنىڭ
باش قەھرىمانى تەسۋىرىدىمۇ جىددى كەمچىلىكلەر بار: ئۇنى
يازغۇچى ھەددىدىن تاشقىرى پەزىلەتلەر ئىگىسى قىلىپ كۆرس-
تىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا دەۋرنىڭ ئوتتۇرا دېخىنىغا خاس تىپىك
خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ئېتىۋار قىلمايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ ئوبرازنىڭ ئومۇملاشتۇرغۇچى ئەھمىيىتى خېلى پەس-
يىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ۋە بۇندىن باشقا كەمچىلىكلىرىگە قارىماس-
تىن، «ئابىد كەتمەن» پوۋېستى 30 - يىللاردا ئۆزبېك ئەدەبىيا-
تىدا كولخوز تېمىسىنى ئىشلەشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۇتۇغى

ۋە يازغۇچىنىڭ سوۋېت زامانىسىنىڭ مۇھىم ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشكە ۋە بەدىي ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىنتىلگىنىنى كۆرسەتكۈچى دەلىل تەرىقىسىدە قىممەتكە ئىگىدۇر.

مەلۇمكى، ئۆزبېكىستان ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ كاپىتالىستىك باسقۇچىنى تولۇق ئۆتمەستىن تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ ئەھۋال رېسپۇبلىكىدا سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەشنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا بەزى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى قوشتى. شۇنداق قىلىپ پەقەت كاپىتالىزم قالدۇقلىرىغا قارشى كۈرەشلا ئەمەس، بەلكى فېودالىزم قالدۇقلىرىغا قارشى كۈرەشمۇ كونكرېت يەرلىك شارائىتتا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال ئۆزبېك خەلقى بەدىي ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېر ۋە مەزمۇنىغىمۇ تەسىر قىلدى. فېودال تۈزۈمىنىڭ ئەشەددىي زالىملىق خاراكتېرىنى پاش قىلىشمۇ ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۆزبېك خەلقىنى زالىم ۋە شەپقەتسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن قۇتقۇزغىنىنى كۆرسىتىش بىلەن ئىنقىلاپنىڭ چوڭقۇر خەلقچىل ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىيەتچىل روھانىلارنى پاش قىلىش، شەرق خوتۇن-قىزلىرىنىڭ قانچىلىك خار ۋە قۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش، خەلق ئېڭىنى زەھەرلىگەن تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلارمۇ شۇ فېودال ئۆتمۈشنى پاش قىلىشنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتىدا فېودال ئۆتمۈشنى پاش قىلىش ۋە ئۆتمۈشنىڭ ئادەملەر ئېڭىدىكى قالدۇقلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش تېمىسى چوڭ ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئابدۇللا قادىرىمۇ ئۆز ئىجادىدا شۇ يولدىن ماڭىدۇ ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

ئەمدى بۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىدىكى ئاجىزلىقلىرىغا كەلسەك، ئۇلار دەسلەپ ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مۇرەككەپ

تارىخىي شارائىتتا شەكىللىنىشى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ: فېودال تۈزۈمدىن سوتسىيالىزىمغا كۆچۈش دەۋرىدە ھەممە يازغۇچىلارنىڭمۇ غايىۋى ۋە ئىجادىي ئۆسۈش ۋە شەكىللىنىش يولى بىرتەكشى، خاتاسىز ۋە كەمچىلىكسىز بولۇشى تەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئۆتمۈشتە خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىدىن چەتتە تۇرغان كىشىنىڭ ئىجادىدا ئاجىزلىقلار بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئەدەبىياتشۇناسلىغى ئابدۇللا قادىرىدەك يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىغا باھا بەرگەندە بىرىنچى نۆۋەتتە شۇ ئاجىزلىقلارنى ئەمەس، بەلكى يازغۇچى ئەسەرلىرىنىڭ يېڭى ھاياتىمىزنى قۇرۇشقا كۆرسەتكەن ئۆبيېكتىپ ياردىمىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ چوڭ ئەسەرلىرى نەشىر قىلىنغاندىن بېرى، نۇرغۇن دەۋر ئۆتتى. بۇ دەۋردە ئۆزبېك ئەدەبىياتى ناھايىتى زور تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭدا سوتسىيالىستىك رېئالىزىم مېتودى ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازاندى. ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتى پۈتۈن ئىتتىپاق ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاھان مىقياسىغا چىقتى. بىرقانچە جەھەتتىن ئابدۇللا قادىرى ئىجادى ئەمدى ئۆزبېك ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئالىلىقاچان ئۆتۈپ كېتىلگەن ئېتاپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تالانتلىق يازغۇچى ۋە بەدىي سۆز ئۇستىسى ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈغى تەرىقىسىدە شۇ كەمگىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇلار بۈگۈنمۇ سوۋېت كىتاپخانلىرىنى ھاياتنى ياخشى كۆرۈشكە چاقىرماقتا، تەربىيۋى رول ئوينىماقتا.

ئىززەت سۇلتانوپ
(فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى)

# ياز غۇچىدىن

ھازىر بىز يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇق، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، بىز ھەربىر يوسۇنلاردىمۇ شۇ يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىلىقلىرى كەينىدىن ئەگىشىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش داستانچىلىق، رومانچىلىق ۋە ھېكايىچىلىقلاردىمۇ يېڭى ئەسەرلەر يارىتىشقا، خەلقىمىزنى مۇشۇ زاماننىڭ «تاھىر ۋە زوھرە» لىرى، «چار دەرۋىش» لىرى، «پەرھات ۋە شىرىن» ۋە «بەھرامگور» لىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا ئۆزىمىزدە مەجبۇرىيەت ھېس قىلىمىز.

مەن يېزىشقا نىيەتلەنگەن بۇ — «ئۆتكەن كۈنلەر»، يېڭى زامان رومانچىلىقى بىلەن تونۇشۇش يولىدا كىچىككىنە بىر تەجرىبە، يەنىمۇ توغرىسى بىر ھەۋەستۇر. ھەربىر ئىشنىڭمۇ يېڭى باشلانغۇچ دەۋرىدە نۇرغۇن كەمچىلىكلەر بىلەن مەيدانغا چىقىشى، ئەھلىلىرىنىڭ يېتىشىشلىرى بىلەن ئاستا - ئاستا تۈزىلىپ، تولۇقلىنىشقا يۈز تۇتۇشى تەبىئى بىر ھالدۇر. مانا شۇنىڭ سايىسىدە مەن بۇ ھەۋەسىم يولىدا جاسارەت قىلدىم، ھەۋەسكارلىق نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان كەمچىلىك ۋە خاتالاردىن چوچۇپ تۇرمىدىم.

ئۆتمۈشكە قايتىپ ئىش كۆرۈش خەيرلىك دېيىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماۋزۇنى ئۆتمۈشتىن، يېقىن ئۆتكەن كۈنلەردىن، تارىخىمىزنىڭ ئەڭ كىر، قارا كۈنلىرى بولغان كېيىنكى "خان زامانلىرى" دىن بەلگىلىدىم.

ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي)

1926 - يىل

# برنجی بولوم

1

## ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلى

**1264** ھىجرىيە، دەلۋ① ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچىسى، قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، كۈن پاتقان، ئەتراپتىن نامازشام ئەزىنى ئاڭلىنىدۇ...

دەرۋازىسى شەرقنى – جەنۇبقا قارىتىپ قۇرۇلغان بۇ داڭلىق سارايىنى تاشكەنت، سەمەرقەند ۋە بۇخارا سودىگەرلىرى ئىگەللىگەن، سارايدىكى بىر – ئىككى ھوجرىدىن تاشقىرى ھەممە ھوجرىلار مۇساپىرلار بىلەن تولغان. ساراي ئەھلى كۈندۈزكى ئىش-پىشلىرىدىن بوشاپ ھوجرىلىرىغا يېنىپ كېلىشكەن، نۇرغۇن ھوجرىلار كەچلىك ئاش ئېتىش بىلەن مەشغۇل، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزكىگە قارىغاندا ساراي جانلىق: ئادەملەر ۋاراڭلىشىپ سوزلىشىشلىرى، قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈشلىرى بىلەن سارايىنى باشلىرىغا كىيىشىدۇ.

سارايىنىڭ توردە باشقىلارغا قارىغاندا سولەتلىكرەك بىر ھوجرا، ئاۋۇ ھوجرىلارغا كىگىز سېلىنغىنى ھالدا، بۇ ھوجرىدا قىپقىزىل گىلەم، ئۇلاردا ماتا كورپىلەر قويۇلغان بولسا، بۇنىڭدا يىپەك ۋە ئەتلەس كورپىلەر، نېرىقىلاردا قارا چىراق سېسىغاندا بۇ ھوجرىدا شام ياندۇ، باشقا ھوجرىلاردا يېنىك تەبىئەتلىك چاخچاقچى ئادەملەر بولسا، بۇ ھوجرىنىڭ ئىگىسىمۇ باشقىچە يارىتىلىشتا: ئېغىر تەبىئەتلىك، يوغان گەۋدىلىك، چىرايلىق ۋە ئاق يۈزلۈك، كېلىشكەن قارا كوزلۈك، مۇتاناسىپ قارا قاشلىق ۋە ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان بىر يىگىت! بەس، بۇ ھوجرا

① دەلۋ — يىنۋار ئېيى

بىنا ۋە جاھاز يېقىدىن، ھەم ئۇنىڭ جەھەتىدىن دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىق ئىدى. قانداقتۇر بىر خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان بۇ يىگىت تاشكەنتنىڭ مەشھۇر موتىۋەرلىرىدىن بولغان يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى — ئاتابېك.

ساراي دەرۋازىسىدىن ئىككى كىشى كىرىپ كېلىپ، ئۇلاردىن بىرى دەرۋازا يېنىدىكى كىمدىندۇر سورىدى:

— ئاتابېك مۇشۇ سارايغا چۈشكەنمۇ؟

بىزگە تونۇش ھوجرا كۆرسىتىلىشى بىلەن ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى: گەۋدىسى كىچىك، ئۆزى تولۇق كەلگەن، ئازغىنا ساقال - بۇرۇتى بار، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت بولۇپ، مەرغىلاننىڭ بايلىرىدىن زىياشايىچى دېگەننىڭ رەھمەت ئاتىلىق ئوغلىدۇر؛ يەنە بىرسى: ئۇزۇن بويلۇق، قارا چوقۇر يۈزلۈك، چېقىر كۆزلۈك، چۈۋاق ساقال، ئوتتۇز بەش ياشلاردا بار كورۇمسىزگىنە بىر كىشى ئىدى. بۇ يىگىت تۈزۈككىلا دولەتمەن بولسىمۇ، لېكىن شوھرىتى نىمىشقىدۇر بايلىقى بىلەن بولماستىن، "ھامىد خوتۇنباز" دەپ شوھرەت قازانغان، كىشىلەر ھامىدنىڭ كەينىدىن سوز قىلىشقاندا ئۇنىڭ ئېتىغا قوشۇلغان لەقىمىنى بىللە ئېيتىمىسا، يالغۇز "ھامىد باي" دېيىش بىلەن ئۇنى تونۇتۇشالمايتتى.

ھامىدنىڭ ئاتابېك بىلەن تونۇشلۇقى بولمىسىمۇ، رەھمەتكە يېقىن تۇققان — زىياشايىچىنىڭ قېيىنىسى، رەھمەتنىڭ تاغىسى.

ئۇلار ھوجرىغا كىرىپ كېلىشتى. ئاتابېك كەلگەنلەرنى ھورمەتلەپ كۈتۈۋالدى.

— بىزنى كەچۈرىسىز، بېك ئاكا! — دەپ رەھمەت ئۆزرە ئېيتتى. — ۋاقتىسىز كېلىپ سىزنى بىارام قىلدۇق.

ئاتابېك ئۇلارغا توردىن جاي كۆرسىتىۋېتىپ، يېقىملىق بىر ۋەزىيەتتە:

— بىارام قىلمىدىڭلار، تەتۈرىسىچە خوشال قىلدىڭلار، — دېدى، — شەھىرىڭلارغا بىرىنچى قېتىم كېلىشىم بولغىنى ئۈچۈن

ئۇنۇتۇشسىزلىق، يالغۇزلۇق مېنى بەك زېرىكتۈرگەن ئىدى!

شۇ ئارىدا ھوجرىغا بىر بوۋاي كىرىپ، ئۇمۇ مېھمانلار بىلەن تېچلىق سورىشىپ چىقتى. بۇ بوۋاي، ھەسەن ئەلى ئاتىلىق بولۇپ، ئاتمىش ياشلار چامىسىدا، سوزۇق يۈزلۈك، ماڭلىيى دوقراق كەلگەن، سېرىققا مايىل يۇمۇلاق، قارا كۆزلۈك، ئاپپاق ئۇزۇن ساقاللىق ئىدى. ساقىلىنىڭ ئاقلىقىغا قارىماستىن ئۇنىڭ قەددىدە قېرىلىق ئالامەتلىرى سېزىلمەيتتى ۋە رەڭگىدىمۇ ئانچە ئۆزگىرىش يوق ئىدى.

ئاتابېك مېھمانلارنى سەندەلگە ئولتۇرغۇزۇپ، دۇئادىن كېيىن ھەسەن ئەلىدىن سورىدى:

— تۈزۈكمىسىز، ئاتا؟

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى ھەسەن ئەلى، — بايىقىدىن بىرئاز يېنىكلەشتىم. مەلۇم بولۇشىچە ئىس تەككەن ئىكەن.

— بەزى ئىشلارنى بۇيرۇسام...

— بۇيرۇڭ، ئوغلۇم.

— رەھمەت، ئاتا، بولمىسا بىزگە چاي قاينىتىپ بېرىڭ!

— خوپ، بېگىم!

ھەسەن ئەلى چىقتى. رەھمەت ئاتابېك بىلەن يەنە بىر قېتىم ساقلىق سوراشقاندىن كېيىن سورىدى:

— بۇ ئادەم كىمىڭىز بولىدۇ، بېك ئاكا؟

ئاتابېك رەھمەتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئىشىككە قاردى. ھەسەن ئەلىنى ھوجرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئاندىن جاۋاب بەردى:

— قۇلىمىز.

بۇ سۆزدىن نىمە ئۈچۈندۇر ھامىد ئەجەبلەنگەن ئىدى:

— قۇلىڭىز؟

— شۇنداق.

ھەسەن ئەلىنى بالا چېغىدا ئىراندىن ئادەم ئوغرىلاپ كېلىدىغان بىر كىشىنىڭ قولىدىن ئاتابېكنىڭ بوۋىسى ئون بەش

ۋەللاغا سېتىۋالغان ئىدى. ھەسەن ئەلىنىڭ ئاتابېكلەر ئائىلىسى-
گە كەلگىنىدىن بۇيان ئەللىك يىللارچە زامان ئۆتۈپ، ئەمدى
ئاتابېكلەر ئائىلىسىنىڭ ھەقىقىي بىر ئەزاسى بولۇپ كەتكەن.
خوجىسى يۇسۇپبېك ھاجىغا، بولۇپمۇ، خوجازادىسى ئاتابېككە
ئىتائەت ۋە ئىخلاسى تولۇق بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن-
مۇ ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت كۆرەتتى. ھەسەن ئەلى ئوتتۇز ياش
ۋاقتىدا سېتىۋېلىنغان بىر دېدەك خوتۇنغا ئۆيلەپ قويۇلغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئوغۇل، قىزلىرى بولمىغان، بولسىمۇ، كىچىكىدە ئۆ-
لۈپ كېتىشكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئاتابېككە
ئىخلاس قويۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز بالىسىدەك قارايتتى: "ئۆلگىنىمدىن
كېيىن روھىمغا بىر كەلىمە قۇرئان ئوقۇسا، بىر چاغلاردا ھەسەن
ئەلى ئاتىمۇ بار ئىدى، دەپ يادىغا ئالسا، ماڭا شۇ يېتىدۇ!"
دېگەن قارارغا كەلگەن ۋە ھازىردىن باشلاپ ئاتابېككە بۇ توغ-
رىدا تاپشۇرۇقلار بېرىپ، ئۇنىڭدىن سەممىي ۋەدىلەرنى ئېلىپ
يۈرگۈچى ئاق كۆڭۈل بىر قۇل ئىدى.

ھەسەن ئەلى ئۈستىدە بولغان ھىلىقى گەپتىن كېيىن رەھ-
مەت سورىدى:

— تاشكەنتتىن نىمىلەرنى ئەپكەلدىڭىز، بېك ئاكا؟

— ئانچىكى بىر نىمىلەر: گەزمال، ئاياق كىيىمى ۋە قازان.

— مەرغىلاندا گەزمال بىلەن ئاياق كىيىمنىڭ بازىرى چاق-
قان، — دېدى ھامىد.

ئاتابېك قايچا بىلەن شامنىڭ پىلىكىنى كېسىپ تۈزەتتى.
ئاردا ياتسىراشقا ئوخشاش بىر ھال بار ئىدى، نىمىشقىدۇر بىر
سوزلەپ ئىككى توختىشاتتى. بۇ ئەپسىز ھالەتتىن چىقىش ۋە
سوزنى سوزگە ئۇلىۋېتىش ئۈچۈن رەھمەت تىرىشقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەرغىلان كۆڭلىڭىزگە قانداق چۈشتى، بېك ئاكا، ياقتى-
مۇ؟ يا...

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئاتابېك ئىككىلەنگەندەك ۋە ئەپسىز-
لەنگەندەك بولدى:

— نېمە دېسەم بولار، مەرغىلان ھەرھالدا... ياقتى، مەرغىلان تۈركىستانىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرىدە بىرىنچى شەھەردۇر.

ئىككىلىنىپ بېرىلگەن بۇ جاۋاپتىن ھامىد بىلەن رەھمەت بىر-بىرىگە قارىشىپ ئېلىشتى. ئاتابېك بۇ ھالەتنى سەزدى ۋە ئۆزىنىڭ سۆزىنى كۈلكىگە سېلىپ ئىزاھ بەردى:

— كەلگەن كۈنلىرىمىزدىن بۇيان مەرغىلانلىكلار ماڭا ياقماي تۇرۇۋىدى، چۈنكى تونۇشلىرىم يوق، مۇساپىرچىلىق بىلىنىپ قېلىۋاتقان ئىدى. ئەمدى مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ، مەرغىلاندىن رازىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يوقلاپ كېلىدىغان سىلەرگە ئوخشاش قەدىردانلارمۇ بار ئىكەن!

— كەچۈرۈڭ، بېك ئاكا! — دېدى رەھمەت، — مەن سىزنىڭ مەرغىلانغا كەلگەنلىكىڭىزنى بۈگۈن ئاتامدىن ئاڭلىدىم، بولمىسا ئەللىۋەتتە سىزنى زېرىكتۈرمەيتتىم!

— راستمۇ؟

— توغرا گەپ! — دېدى رەھمەت، — ئاتام تاشكەنتكە بارغاندا توپ-توغرا سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ چۈشسۇنۇ، سىز سارايغا چۈشۈڭ! بۇ يېقىندا كەلگەندە سىزدىن بىز كۆڭۈل ئاغرىتساق بولىدۇ!

— ھەققىڭىز بار، — دېدى ئاتابېك، — ئەمما بىرىنچىدىن، سىلەرنىڭ ھويلىنى سوراشتۇرۇپ تېپىش ماڭا تەسرەك بىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن، مېلىمىزنى ئارتقان توگىچىلەرگە مۇشۇ ساراي تەيىن قىلىنغان ئىدى.

— ھەر ھالدا بۇ ئۆزرە ئەمەس!

ھەسەن ئەلى داستىخان سېلىپ چوگۈندە چاي ئېلىپ كىردى. ئادەتتىكى تەكەللۇپلار بىلەن داستىخان ۋە چايغا قارالدى. ھامىد نانىنى شىرنىگە تەككۈزۈۋېتىپ سورىدى:

— يېشىڭىز نەچچىدە بېك؟

ئاتابېكنىڭ لېۋى قىمىرلىماي تۇرۇپ، چاي قۇيۇپ ئولتۇرغان ھەسەن ئەلى جاۋاپ بەردى:

— بېككە خۇدا ئۇمۇر بەرسە، بۇ يىل ئاخىرلاشسا، تۇپچۇ-
تۇغرا يىگىرمە توت ياشقا قەدەم قويىدۇ!
— يىگىرمە توت ياشقا كىردىمۇ، ئاتا؟ — دېدى بېك، —
راستىنلا نەچچە ياشقا كىرگىنىمنى بىلمەيمەن.
— يىگىرمە توت ياشقا كىردىڭىز، بېك.
هامىد يەنە سورىدى:
— ئۆيلەنگەنمۇ سىز؟
— ياق.
ھەسەن ئەلىي ئاتابېكنىڭ يالغۇز "ياق" بىلەن توختىشىغا قانائەتلەنمىدى ۋە بۇ توغرىدا ئۆز تەرىپىدىن ئىزاھلار بېرىش-نى لازىم تاپتى:
— بېك ئۈچۈن بىرنەچچە جايلاردىن قىز سورىتىلماقچى بولۇنغان بولسىمۇ، ئاۋال تەقدىرى پۈتمىگەنلىك، ئۈنىڭدىن كې-يىن بېكنىڭ ئۆيلىنىشكە بولغان قارشىلىقىدىن بۇ چاققىچە توي قىلماي كەلدۇق. ئۇلۇغ خوجىمىزنىڭ قەتئىي نىيىتى بۇ سەپەر-دىن يانغاندىن كېيىن بېكنى ئۆيلەندۈرۈشتۇر!
— مېنىڭچە ئۆيلىنىشتەك نازۇك بىر ئىش دۇنيادا يوق، — دېدى رەھمەت ۋە ئاتابېككە قارىدى، — ئۆيلەنگەن خوتۇ-نۇڭ مىجەزىڭگە مۇۋاپىق كەلسە، بۇ تولا ئوبدان، بولمايدىغان بولسا بۇنىڭدىن ئېغىر ئىش دۇنيادا بولماس!
ئاتابېك رەھمەتنىڭ بۇ سوزىنى سەممىيەت بىلەن قارشى ئالدى:
— سوزىڭىزنىڭ توغرىلىقىدا گۇمان يوق، — دېدى، — ئەمما شۇنىمۇ قوشۇش كېرەككى، ئالىدىغان خوتۇنىڭىز سىزگە مۇۋاپىق بولۇشى بىلەن بىللە ئەرمۇ خوتۇنغا مۇۋاپىق مىجەزدە بولسۇن.
— خوتۇنغا مۇۋاپىق بولۇش ۋە بولماسلىقنىڭ ئانچە كېرە-گى يوق، — دېدى هامىد قارشى چىقىپ، — خوتۇنلارغا "ئەر" دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزى يېتىدۇ... ئەمما جىيەن ئېيتقاندەك خو-

تۇن دېگەن ئەرگە مۇۋاپىق بولسا بەس.
رەھمەت كۈلۈپ ئاتابېككە قارىدى. ئاتابېكمۇ زاڭلىق ئارى-
لاش كۈلكە ئىچىدە ھامىدقا كۆز قىرىنى تاشلىدى.
— ئۆيلىنىشتىكى ئىختىيارىمىز، — دېدى رەھمەت، — ئا-
تا - ئانىلىرىمىزدا بولغانلىقتىن ئالىدىغان كېلىنلىرى ئوغۇللىرىغا
ياقسا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۆزلىرىگە ياقسا
بەس. بۇ توغرىدا ئۆيلىنىدىغان يىگىت ئەرگە تېگىدىغان قىزنىڭ
لام - مىم دېيىشىگە ھەققى ۋە ئىختىيارلىرى يوق. بۇ ئادىتىمىز
ماقۇل ۋە قانۇنلۇق ئىشلاردىن ئەمەس. مەسلەن مەن: ئاتا - ئا-
نامنىڭ ياقتۇرۇشلىرى بىلەن ئۆيلەندىم... ئەمما خوتۇنۇم ئاتا -
ئانامغا مۇۋاپىق بولسىمۇ، ماڭا مۇۋاپىق ئەمەس، سىز ئېيتقاندەك،
ئېھتىمال، مەن خوتۇنۇمغا مۇۋاپىق ئەمەستۇرمەن... سۆزىڭىز نا-
ھايىتى توغرا، بېك ئاكا.
ئاتابېك رەھمەتنىڭ سۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى ۋە
"سەن نىمە دەيسەن" دېگەندەك قىلىپ ھامىدقا قارىدى.
— جىيەن، — دېدى ھامىد رەھمەتكە قاراپ، — باشتا
ئۆيلىنىشنىڭ ئەلۋەتتە ئاتا - ئاناڭ ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلاردىن
رەنجىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. خوتۇنۇڭ كۆڭلۈڭگە مۇۋاپىق
كەلمەيدىغان بولسا، مۇۋاپىقنى ئېلىپ، خوتۇننى ئىككى قىل!
بۇمۇ كېلىشمىسە ئۈچىنچىنى ئال! خوتۇنۇم مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ
زارلىنىپ، ھەسرەتلىنىپ يۈرۈش ئەر كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس!
رەھمەت ئاتابېككە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى - دە، تاغىسى-
غا جاۋاپ بېرىپ:
— خوتۇننى كۆپەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازاپلىنىش-
نىڭ نىمە ھېكمىتى بولسۇن؟ — دېدى، — بىر خوتۇن بىلەن
مۇھەببەتلىك ئۆمۈر كەچۈرۈش مېنىڭچە ئەڭ مۇۋاپىق ئىش. مە-
سىلەن، ئىككى خوتۇنلۇقنىڭ بىرسى سىزغۇ؟ ئۆيىڭىزدە ھەر كۈ-
نى جېدەل، بىر مىنۇتمۇ تېچلىقىڭىز يوق.
— سېنىڭدەك يىگىتلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر خوتۇنمۇ ئار-

تۆقچىلىق قىلدۇ! — دەپ كۆلدى ھامىد، — كۆپ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئازاپلىنىش ئۆزى نىمە دىگەن گەپ؟ قامچاڭدىن قان تامسا، يۈز خوتۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ راھەتلىنىپ تىرىكچىلىك قىلالايسەن! مەن بۈگۈنگىچە ئىككى خوتۇن ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ جىدەلدىن تويۇپ كەتكىنىم يوق، ئەمما خوتۇننى، ئۈچ قىلىش خىيالىمۇ يوق ئەمەس!

— سىرگە چەك يوق، تاغا!

ھامىد مەغرۇر بىر تۇستە ئاتابېككە قارىدى، ئاتابېك ئۇنىڭ سۆزىدىن كۈلۈمسىرىگەن ئىدى.

ھەسەن ئەلى پولوغا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقتى. ئاتابېك مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ ئۇزاتتى. ھامىدنىڭ ھىلىقى سۆزىدىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى مۇنازىرە كېسىلگەن ئىدى. ئۈچىلىسىمۇ بىر نەرسىنىڭ خىيالىنى سۈرگەندەك كورۇنەتتى. بىردەمگىچە شۇ ئەھۋالدا قېلىشىپ، رەھمەت تاغىسىدىن سورىدى:

— مىرزا كەرىم ئاكا قىزىنى ئەرگە بەردىمۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

بۇ سوئالدىن نىمشقىدۇ ھامىدنىڭ چىرايى بۇزۇلدى ۋە خالار - خالىماس جاۋاپ بەردى:

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بولمىدى. گۇمانىمچە، بەرمىگەن بولسا كېرەك.

رەھمەت سوزىدىن چەتتە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئاتابېكنىمۇ ئارىغا ئالدى:

— بىزنىڭ مەرغىلانىدا بىر قىز بار، — شۇنداق ئۈزكى، بۇ ئوپچۇرىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوقتۇر، دەپ ئويلايمەن!

ھامىد بىر تۈرلۈك ۋەزىيەتتە يەر تېگىدىن جىيەنىگە قارىدى. تاغىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز رەھمەت سوزىنى داۋام قىلدى:

— شەھىرىمىزدە مىرزا كەرىمباي ئاتلىق بىر سودىگەر ئادەم بار، بۇ شۇنىڭ قىزى. بەلكى سىز مىرزا كەرىم ئاكىنى تونۇيدىغاندۇرسىز. ئۇ بىرنەچچە زامان تاشكەنتتە قوتىدارلىق قىلىپ تۇرغان ئىكەن!

— ياق... تونۇمايمەن.

هامىدنىڭ چىرايىدىكى بايىقى ھالەت تېخىمۇ كۈچىيىپ، گويا تاقەتسىزلەنگەنىدەك كۆرۈنەتتى. رەھمەت داۋام قىلدى:

— ئۇنىڭ ھويلىسى ۋاپۇرۇش رەستىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئىمارەت. ئۆزى دولەتمەن بىر ئادەم، تاشكەنت موتىۋەرلىرىنىڭ تولىسى بىلەن ئالاقىدار بولغىنى ئۈچۈن، بەلكى ئاتىڭىز بىلەن تونۇش بولۇشى مۇمكىن!

— ئېھتىمال، — دىدى ئاتابېك ۋە نىمىشقىدۇر، ئىختىيارسىز بىر تەۋرىنىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىر ئۆزگىرىش ۋە ۋۇجۇدىدا بىر چايقىلىش بار ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن رەھمەت خەۋەرسىز بولسىمۇ، ئەمما ھامىد ئۇنى يەر تېگىدىن تەقىپ قىلىۋاتاتتى. بۇ تەقىپ ئاتابېكتىكى ھىلىقى ئۆزگىرىشنى بايقاپمۇ، ياكى تاسادىپى ئىدىمۇ، بۇ توغرىدا بىر مۇلاھىزىگە كېلىش، ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىرنەچچە ۋاقىتقىچە جىم قېلىشتى.

— ئەمدى بىزنىڭكىگە قاچان بېرىپ مېھمان بولىسىز، بېك ئاكا؟

رەھمەتنىڭ بۇ سوزى بىلەن ئاتابېك خىيالدىن باش كوتەردى:

— خۇدا بۇيرۇغان چاغدا بولارمىز...

— ياق، بېك ئاكا، — دىدى رەھمەت، — سىز ئېنىق بىر كۈننى تەيىن قىلىڭ، بىز بۇ يەرگە سىزنى تەكلىپ قىلغىلى كەلگەن!

— ئاۋارە بولۇشنىڭ نىمە زورۇرىيتى بار؟

— بۇ يەردە ئاۋارە بولۇش دىگەن نىمە يوق. ئىلاجى بولسا، سىزنى بۇ سارايدىن ھويلىمىزغا كوچۇرىمىز، ھازىرچە بىر كۈننى تەيىن قىلىپ بىزگە مېھمان بولۇڭچۇ... ئاتام سىز بىلەن ئولتۇرۇشۇپ، تاشكەنت ئەھۋاللىرى توغرىسىدا سوزلىشىشكە تولىمۇ تەشنادۇر!

— بۇ سارايدىن سىلەرنىڭكىگە كوچۇشۇم ئېغىر، — دىدى

تابېك، — ئەمما ئاتىڭىزنىڭ زىيارىتىگە بېرىشقا ھەر دائىم
يارمەن!
— سالامەت بولۇڭ، بېك ئاكا؛ بارىدىغان كۈنىڭىزنى تەيىن
لالامسىز؟
— مەيلىڭىز، كېچىلىرى بوش بولىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە
تىڭىز قايسى ۋاقىتنى خالىسا، قوبۇل قىلىشتىن باشقا چارەم
لمايدۇ.
— سالامەت بولۇڭ، — دېدى رەھمەت، — شۇنىمۇ سىز-
ىن سورىۋالاي: ئولتۇرۇشقا باشقا ئادەملەرمۇ ئېيتىلسا مۇمكىنمۇ،
زار چەكمەسسىزمۇ؟ قىچقىرىلغاندىمۇ ئۆزىمىزگە يېقىن ۋە ئەھلى
دەملەردىن بولىدۇ. مەسىلەن، مىرزا كەرىم قۇتىدارغا ئوخشاش!
بۇ چاغدا ئاتابېكنىڭ رەڭگىگە ھىلقىدەك ئۆزگىرىش چىققان
لىسىمۇ، لېكىن سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ جاۋاپ بەردى:
— مېنىڭ ئۈچۈن پەرقسىز!
ئاشتىن كېيىن مېھمانلار خوشلىشىپ چىقىشتى.

## 2

## خان قىزىغا لايىق بىر يىگىت

ئاتابېك ئۆزى بىلەن كورۇشكەن بۇ يەردىكى ئىككى يات ئا-
ەمنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن بىر-ئىككى قېتىم ئۇلارنى كوز
استىدىن كەچۈردى. بۇنى پەملىگەن زىياشايىچى ئۇلارنى ئاتا-
بېككە تونۇشتۇردى:
— بۇ ئاكىلىرىڭىزنى سىز تونۇمىغاندۇرسىز، ئەلۋەتتە، —
ىدى، — بۇ كىشى ئاتىڭىزنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن مىرزا كەرىم
ۇتىدار. بۇ زات ئەنجان سودىگەرلىرىدىن ئەكرەم ھاجى.
مىرزا كەرىم ئاتىلىقى قىرىق بەش-ئەللىك ياشلار چامىسىدا،
ارا قاش، قارا كوز، ئۆزى چىرايلىق ۋە پۈزۈر كېيىنگەن بىر

ئادەم بولۇپ، ئەكرەم ھاجى ئەللىك بەش ياشلاردىكى بىر چال ئىدى. ئاتابېك يېڭىۋاشتىن مىرزا كەرىم قۇتىدارنى كۆزدىن كەچۈردى.

— ئاتا قەدىردانلىرى بىلەن تونۇشتۇرغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، ئاكا، — دېدى ئاتابېك ۋە ئەكرەم ھاجى بىلەن مىرزا كەرىم ئاكىغا ھۆرمەت بىلدۈردى، — ئاتام سىلەردەك يېقىن دوستلىرىغا سالام ئېيتىشنى ماڭا ئامانەت تاپشۇرغان ئىدى.

— رەھمەت، سالامەت بولسۇن!

ئولتۇرۇش زىيا شايىچىنىڭ ئۆيىدە ئاتابېكنىڭ مېھماندارچىلىقى ئۈچۈن بولغان. يۇقۇرىدا نامىلىرى ئېيتىلغان زاتلاردىن باشقا ھامىد، رەھمەت ۋە ھەسەن ئەلىي بار ئىدى. تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن ئاتابېك بىلەن قۇتىدارنىڭ كۆزلىرى بىر بىرىگە تېز-تېز ئۇچرىشىشقا باشلىدى. قۇتىدار ئاتابېكتىن نىمىنىدۇر سوراشقا ئاغزىنى جۈپلەپ تۇرسىمۇ، ئەكرەم ھاجى بىلەن زىيا شايىچىنىڭ ئالدىنىمە توغرىسىدىكى گەپلىرى كەينى ئۈزۈلمەي داۋام قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى ئۈچىنچى توقۇنۇشۇشتا قۇتىدار كۈلۈمسىرەپ قويۇپ سورىدى:

— مېنى ئەسلىيەلەمسىز، بېك؟

ئاتابېك دىققەت ۋە ئېتىۋار بىلەن قۇتىدارغا قاراپ جاۋاپ بەردى:

— ياق، ئاكا!

— نەچچە ياشقا كەلدىڭىز؟

— يىگىرمە توت ياشقا..

قۇتىدار نىمە توغرىسىدىدۇر ھىساپ چىقاردى-دە:

— دەرۋەقە سىز مېنى ئەسلىيەلمەيدىكەنسىز، — دېدى، — مەن تاشكەنتتە قۇتىدارلىق قىلغان ۋاقتىمدا تەخمىنەن سىز بەش-ئالتە ياشلىق بالا ئىدىڭىز... گوياكى مەن تاشكەنتتە تۈنۈگۈنلا تۇرغاندەك ۋە تۈنۈگۈنلا سىلەرنىڭ ئۆيدە مېھمان بولغاندەكمەن... ئەمما ھەقىقەتتە ئارىدىن ئون بەش-يىگىرمە

ئېيتىلغان ئۇق — ئۇمۇر ،يىگىت بوپسىز، چوڭ سىزمۇ ئۇتۇپ، يىل
ئىمىش!
بارغانمۇ؟ ئۆيگە بىزنىڭ سىز —
ئۇ — قۇتىدار، دېدى — بولدۇم، مېهمان قېتىم نۇرغۇن —
ئىدى. هايات بوۋىڭىزمۇ چاغدا
تونۇتۇرغان چەتتە سېلىپ قۇلاق سوزلىرىگە ئىككىسىنىڭ بۇ
ئارىلاشتى: گەپكە ئەلىمۇ ھەسەن
ۋاقىتلاردا يۈرىدىغان كېلىپ ئۆيلەرگە بىزنىڭ ئاكىڭىز بۇ —
سىزنى ئاكىڭىز — دېدى، — بېك، ئىدىڭىز، بالا كىچىك سىز
باراتتى! ئېلىپمۇ سارايلارغا
قا- قۇتىدارغا كۈلۈمسىرەپ ئارىلاش تارتىش ئىزا ئاتابېك
رىدى.
يەنە قۇتىدار ئۇ دېدى — ئەسلىيەلمەيمەن! ئەپسۇسكى، —
يول ئۇنىڭغا ھاجى ئەكرەم ئىدى، بولغان ئىپتماقچى نىمدۇر
بەرمىدى:
مەشغۇل؟ بىلەن ئىش قانداق كۈنلەردە بۇ ئاكىمىز ھاجى —
ئاتابېك:
دېدى. — تۇرىدۇ. سۇپىتىدە مۇشاۋۇر يېنىدا بېگىمنىڭ تاشكەنت —
ھاكىمدۇر؟ تاشكەنتكە ھازىرمۇ بەگ ئەزىز —
شۇنداق. —
دېدى — دەك، بەچچە، ئەزىز كەتسۇن، سادىغى بەگنىڭ —
مۇسۇلمان يېقىندىلا — كۈلدى، قاراپ ھاجىغا ئەكرەم ۋە ھامىد
— ئىدى، قىزىغان بىلەن بەچچە ئەزىز شۇ بەزمىسى چولاقنىڭ
ئولتۇرغانلارغا ھالدا مەغرۇر قىلغاندەك كەشپ نىمە بىر چوڭ ئۇ
ئول- تەكشۈرۈشى ئەيىپ زورۇرىيەتسىز ھامىدنىڭ چىقتى. قاراپ
بىر- بىر ئولتۇرغانلار كېرەك، بولسا تۇيۇلغان ياتراق تۇرۇشتا
بىر- ئولتۇرۇشنى تەكشۈرۈش ئورۇنسىز بۇ قارىشىۋېلىشتى. لىرىگە
ھاجى ئەكرەم كېيىن دە، - قويدى سېلىپ جىملىققا ئاز
داۋاملاشتۇردى: سوئاللىرىنى

— ھاكىملار بەكمۇ زالىم دەيدۇ، توغرا گەپمۇ؟

— توغرا گەپ، — دىدى بىك، — ئەزىز بەگنىڭ زۇلمىدىن ئاھالە بەك تويدى.

ئاتابېكنىڭ بۇ جاۋابىدىن يالغۇز ئەكرەم ھاجىلا ئەمەس، بەلكى ئولتۇرۇشتىكى باشقىلارمۇ ئەجەپلەندى. ئاتىسىنىڭ خوجايىنى بولغان بىر بەگنىڭ زۇلمىنى ئىقرار قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قىلىشقا لايىق ئىدى. ئەزىز بەگ تۈركىستان خانلىقىنىڭ ئەڭ زالىم ۋە مۇستەبىت سانالغان بەگلىرىنىڭ بىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆز قارمىقىدا بولغان تاشكەنت ئاھالىسىگە قىلغان زۇلۇملىرى پەرغانىگە داستان. ئەمما ئەكرەم ھاجىنىڭ بۇ سوئالى ئەزىز بەگنىڭ ئەڭ يېقىنى بولغان بىر كىشىنىڭ ئوغلىنى سىناپ كۆرۈش ئىدى. بۇ سىناش نەتىجىسى ئەكرەم ھاجىنىڭ ھەيرانلىقىنى ئاشۇردى ۋە بۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىسىندى:

— ئاتىڭىز ئەزىز بەگنىڭ مۇشاۋىرى ئىكەن، — دىدى ئەكرەم ھاجى، — نىمە ئۈچۈن ئۇنى بىرئاز بولسىمۇ يولغا سالمايدۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ئاكا، — دەپ ئاتابېك كۈلۈمسىردى، — سىز ئاتامنىڭ مۇشاۋۇرلۇغىنى باشقىچەرەك چۈشىنىپ قالغانغا ئوخشايسىز ... بىزنىڭ بەگلەرگە ھوكۇم ۋاقتىدىمۇ مۇشاۋۇر بولۇش ئىمكانىسىز ئىشتۇر. ئاتام ئەزىز بەگنىڭ مۇشاۋۇرى ۋە يېقىن سوھبەتدىشى سانالسىمۇ ۋە لېكىن بۇ جۈزئىي ئىشلاردىلا شۇنداق. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە بىر مىسال كەلتۈرەي، بۇ ئىش مۇشۇ يېقىن ئارىدىلا بولدى: تاشكەنتتىكى جۈمەلىك مەشرەپلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى ئەزىز بەگنى ماختايدۇ ۋە بۇ ماختاشقا قارشى يەنە بىرسى: "نىمىشقا شۇنچە ماختايسىن، ئەزىز بەگنىڭ ئەسلى بىر بەچچە - دە!" دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مۇزاكىرىلىرىنى چەتتىن ئاڭلاپ تۇرغان جاسۇسلاردىن بىرى بۇ سوزنى ئەزىز بەگنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىدۇ. ئەتىسىگە ئەزىز بەگ مەزكۇر ئىككى كىشىنى ئۆز ئالدىغا ئەپكەلدۈرۈپ، ماختىغانغا يوق مەنسەپ

ئاتا قىلدۇ ۋە يەنە بىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ... بۇ ھۆكۈم مەجلىسىدە ھازىر تۇرغان ئاتام مەھكۇمنىڭ گۇناھىنى سورىغىنىدا ئەزىز بەگ جاللاتقا ۋاقىرايدۇ: "چاپسانراق ئېلىپ چىق!"، ئاتام يەنە تازىم بىلەن سورىغىنىدا، جاللاتقا بۇيرۇيدۇ: "قولۇڭدىكىنى بوشىتىپ، ئورنىغا ھاجىنى ئېلىپ چىق!" — مانا كۆردىڭىزمۇ، ئا-تامنىڭ قەدىر-قىممىتىنى!

— بولمىسا ئاھالە خانغا شىكايەتنامە يازمامدۇ؟

— نەچچىنچى شىكايەتنامىنى سورايسىز، — دېدى ئاتا-بېك، — ئەزىز بەگدىن زۇلۇم، جاپا چەككەنلەر بىلەن بىللە ھازىرغىچە ئونىنچى شىكايەتنامىمىزنى ئەۋەتكەندۇرمىز ... لېكىن خاننىڭ يولباشچىسى بولغان كىشىنىڭ ئۆزى زۇلۇمدار ئەزىز بەگدىن نەچچە بالداق يۇقۇرى ئورۇننى ئىشغال ئېتىدىغان ئا-دەم بولسا، بىز قانداق قىلايلۇق! ئەمما شۇ تەرىپىمۇ باركى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەزىز بەگ قوقاننىڭ يارلىق ۋە پەرمانلىرى-نى ئىلتىپاتسىز قالدۇرۇشقا باشلىدى ... ھەر ھالدا تاشكەنت ئاھالىسى ئەزىز بەگنىڭ ئىستىبداتىدىن بەك توېدى، كىمدىن ياردەم سوراشنىمۇ بىلمەيدۇ!

يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بولۇپمۇ ئەك-رەم ھاجىغا چۈشىنىشلىك بولۇپ، بۇ توغرىدا باشقا مۇنازىرە قىلىنمىدى ۋە سۆز باشقا خۇسۇسلارغا ئۆتتى.

زىياپەت سەممىيەت بىلەن چاقىرىلغانلىقى ئۈچۈن داستىخان قەدىرلىك مېھمانغا خاس تۈزۈلگەن ئىدى، زىيا شايىقى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى رەھمەتنىڭ دائىم مېھمانلارنى ئالسىلا - باقسىلا، دەپ زورلاشلىرى باشقىلارنىڭ ئىشتەيلىرىنى ئېچىشقا سەۋەپ بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئاتابېككە ھېچبىر تەسىر قىلمايتتى؛ خىيال-لىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نىمە توغرىدا خىيال سۈرۈپ، قايسى توغ-رىدا ئويلايتتى؟ — بۇنى بىلىش تەس بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھازىرقى بەزى ھەركەتلىرى دىققەتنى جەلپ قىلارلىق ئىدى: خىيال سۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىزدەك ئۇدۇلدىكى

قۇتىدارغا قارايدۇ، قۇتىدارنىڭ كۆزى ئۆزىگە چۈشكىچىلا، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، داستىخاندىكى كوڭلى تارتمىغان نىمىلەرگە ئۆرۈنۈشقا باشلايدۇ ... ئاتابېكنىڭ بۇ ھالىنى ئولتۇرۇشتىكىلەر سېزىشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھامىد ئۇنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرغاندەك ئىدى.

— سودا بىلەن قانداق شەھەرلەرگە باردىڭىز، بېك؟ — دەپ سورىدى قۇتىدار.

— ئۆزىمىزنىڭ شەھەرلىرىدىن كوپىنى كوردۇم، — دىدى بېك، — ئۇرۇس شەھىرىدىن شەمەيگىمۇ① باردىم.

— ھە، ھە، سىز شەمەيگىمۇ باردىڭىزمۇ؟ — دەپ زىيا شايىچى ھەيران بولدى.

— بۇلتۇر بېرىۋىدىم، — دىدى بېك، — بېرىشىم ئەپسىز بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ، كوپ مۇشەققەتلەرنى تارتتىم.

— ھەقىقى سودىگەر سىز ئىكەنسىز، — دىدى قۇتىدار، — بىز مۇشۇ ياشقا يېتىپ تېخى ئۆزىمىزنىڭ چوڭراق شەھەرلىرىمىزنىمۇ كورەلمىدۇق؛ سىز ئۇرۇسنىڭ شەمىيگىچە بېرىپسىز!

— ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا دەيدۇ، — دىدى ئەكرەم ھاجى.

رۇس شەھەرلىرىگە بېرىپ سودا قىلغۇچىلار تۈركىستاندا ناھايىتى ئاز ھىساپتا بولۇپ، ئۇلارنى كورگەن ئاتابېك ئولتۇرۇشقا تانىسىق بولۇپ قالدى. رۇسلار توغرىسىدا ئاللىقانداق خىيالىي رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ يۈرگەن قۇتىدار ۋە زىيا شايىچىنىڭ ئاتابېكتىن ھەقىقى ئەھۋالنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ، ئۇنىڭدىن شەمەيدە كورگەن ۋە بېشىدىن ئۆتكۆزگەنلىرىنى سوراشتى. ئاتابېك شەمەي خاتىرىلىرىنى سوزلەپ بەردى. رۇسلارنىڭ سىياسى،

① شەمەي — سېمىپالاتىنسكى شەھىرى، ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى تۈركىستان سودىگەرلىرىنىڭ رۇس سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلىدىغان شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتلىرىنى، ئاڭلىغۇچىلارنى
هەيران قالدۇرۇپ بەك تەپسىلى رەۋىشتە سوزلەپ چىقاندىن
كېيىن:
— شەمەيگە بارماستىن ئىلگىرى ئۆز هوكۇمەتچىلىكىمىزنى كو-
رۇپ، باشقىلارمۇ مۇشۇنداقتۇ، دەپ ئويلايتتىم! — دىدى ئاتا-
بېك، — لېكىن شەمەي مېنىڭ بۇ پىكرىمنى ئاستىن - ئۈستۈن
ىلىپ، ئۆزەمنىمۇ پۇتۇنلەي باشقا ئادەم قىلىپ چىقاردى. مەن
ورۇسنىڭ ئىدارە ئىشلىرىنى كورۇپ ئۆز ئىدارىمىزنىڭ خۇددى
ىر ئويۇنچۇق بولغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.
— بىزنىڭ ئىدارە ئىشىمىز بۇگۈنكى تەرتىپسىزلىكى بىلەن كېتى-
ەرسە، هالىمىزنىڭ نىمە بولۇشىغا ئەقلىم يەتمەي قالدى. شەمەي-
ىكى ۋاقتىمدا، قانتىم بولسا ۋەتىنىمگە ئۇچسام، توپ - توغرا
ان ئوردىسىغا چۈشسەم - دە، ئورۇسنىڭ هوكۇمەت قانۇنلىرىنى
ر - بىرلەپ ئېيتىپ چىقسام، خانىمۇ ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلىسا ۋە
تۈن ئەلگە يارلىق يېزىپ ئورۇسنىڭ ئىدارە تەرتىۋىنى ئىش
للانىمىسى قىلىشقا بۇيرۇسا، مەنمۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۆز ئېلىمنى
ۇسنىڭكى بىلەن بىر قاتاردا كورسەم ... دىگەن ئىدىم، ئەمما ئۆز
ىمگە قايتىپ كوردۇمكى، شەمەيدە ئويلىغانلىرىم، ئالدىرىغانلىرىم
ىن بىر خىيال بولۇپ قاپتۇ! بۇ يەردە سوزۇمنى ئاڭلايدىغان
سىمۇ چىقمىدى، چىقسىمۇ: "سېنىڭ ئېيتقىنىڭنى بۇ خانلار
للامدۇ، بۇ بەگلەر ئىجرا قىلامدۇ!" دەپ مېنى مەيۇسلەندۇر-
. ئاۋال مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئېتىۋار بەرمەي يۇرسەممۇ،
ىن ئۇلارنىڭ هەق گەپنى ئېيتقانلىرىنى بىلدىم، هەقىقەتەنمۇ
ييو ئەلەل فەلاه!"① خىتاۋىنى كىممۇ ئاڭلايتتى!
ئۇلتۇرۇش ئاتابېكنىڭ شەمەي تەسىراتىنى قاتتىق بىرىلىپ
لاپ، هازىرغىچە هېچكىمدىن ئاڭلىمىغان ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە
ران قېلىشقان ئىدى. ئىستىقبال قايغۇسى چۈشكىمۇ كىرمىگەن
ملەر ئاتابېكنىڭ دىلىدىن چىقىرىپ ئېيتقان دەرتكە داۋا

①ئەلەل فەلاه — قۇتقۇزۇش.

گەپلىرىدىن ھەسسىسىز قىلىشىمدى.

زىبا شايىچى:

— بىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز ئۆز پەيلى-خۇلقىمىزدىن!

ئەكرەم ھاجى:

— توغرا!

ھاممىمۇ باشقىلاردىن قېلىشماسلىق ئۈچۈن — "خۇدا كاپىرنىڭ بۇ دۇنيالىقىنى بەرگەن" دەپ قويىدى.

— مېنىڭچە ئورۇسنىڭ بىزدىن يۇقۇرىلىقى ئۇنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن بولسا كېرەك، — دېدى ئاتابېك، — ئەمما بىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە كەينىگە كېتىشىمىزگە ئۆزئارا كېلىشمەسلىكلىرىمىز سەۋەپ بولماقتا، دەپ ئويلايمەن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، زىيا ئاكامنىڭ پىكىرلىرى قىسمەن توغرا. ئارىمىزدا بۇ قورقۇنچلۇق ھالەتكە ھەققى رەۋىشتە چۈشىنىدىغان ياخشى ئادەملەر يوق، تەتۈرىسىچە بۇزغۇنچى ۋە نىزاچى ئۇنسۇرلار تومۇر يېيىپ ھەر دائىم ساددا خەلقنى ھالاكەت چوڭقۇرىغا قاراپ تارتىشىدۇ. ھازىرقى قارا چاپان① ۋە قىپچاقلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكلەرنى سىلەرگە بىر مىسال تەرىقىسىدە كورسىتەي: ئويلاپ باقايلى، بۇ دۈشمەنلىكلەردىن بىزگە قانچىلىك پايدا ۋە قىپچاق ئاغىنىلىرىمىزگە نېمە مەنپەئەت ھاسىل بولۇۋاتىدۇ؟! — پەقەت بۇنىڭدىن پايدىلانغۇچىلار ئىككى خەلق ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چېچىپ يۈرگۈچى بىرنەچچە ئىغۋاگەر باشلىقلاردىنلا ئىبارەت. مەسىلەن، مۇسۇلمانقۇلنى كىم خالىس ئادەم، دەپ ئويلايدۇ؟ ئۇنىڭ يۇرت ئۈچۈن قان توكۇشتىن باشقا نېمە پايدىسى تەگدى؟ مۇسۇلمانقۇل ئۆز غەرىزى يولىدا ئارىدا يوق دۈشمەنلىكلەرنى قوز-

① قىپچاقلارنىڭ باي ۋە ئەمەلدارلىرى ئۆزبېكلەرنى قارا چاپان، دەپ ئاتايدۇ.

كۇيوغلى شرئەلىخاننى① ئۆلتۈردى، گۇناسىز مۇرادخاننى
د قىلدى، قويۇپ ئەك يۇۋاش تاشكەنت ھاكىمى سەلىمساق بەگ
ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئەزىز بەگدەك زالىمنى بەلگىلىدى ۋە
ى مىڭبېشى ئىلان قىلىپ، ئەقىلسىز بىر گودەكنى (خۇدا-
،) خان كۆتىرىپ ئەلنىڭ گەدىنىگە مىندى. راست، ئەگەر
لمانلقۇل بۇ ئىشلارنى بىر ياخشى مەقسەتنى كۆزلەپ قىل
ا، زالىملارنى ئۆلتۈرىدىن كۆتىرىپ تاشلاپ، يۇرتقا خاتىر-
لىك بەرگەندە، ئۇنىڭغا كىممۇ نىمە دىيەلەيتتى؟ ھالبۇكى
ەنت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەزىز بەككە ئوخشاش ۋەھ
، پەقەت شۇ مۇسۇلمانقۇل قوللىدى! ئەگەردە مۇسۇلمانقۇل
ى ئىنسان بولسا، ئىنساندىن ۋەھشى تۇغۇلغىنىنى ھېچكىم
غان ئەمەستۇر! دىمەككى ئۇز غەرىزى يولىدا ئىستىبدات
لىق ئەل ئۈستىگە ھوكۈمران بولغۇچىلار يوقىتىلمايدىغان
بىزگە نىجات يوق. شۇنداق غەرەزلىكلەرنى، ئۇلار كىم
مۇ، ئىش بېشىدىن قوغلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ياخشى
ئالىس ئادەملەرنى ئولتۇرغۇزۇش نىجاتىمىزنىڭ يولىدۇر!
تابىك ئولتۇرۇشقانلارغا بۇتۇنلەي يېڭى ۋە ئاڭلاشمىغان
لەرنى سوزلەپ كەتتى، ئۇلار بېكىنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ
قان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇزئارا تۇگىمەس دۇشمەنلىكلەرنىڭ
ن مەنىسىنى ئۇ ياخشى چۈشىنىپ تەھلىل قىلاتتى ۋە توغرا
بېرەتتى. ئۇنىڭ شۇ يوسۇندىكى مۇلاھىزە ۋە پىكىرلىرى
رۇشقا چىگىش يىپنىڭ ئۇچىنى تېپىپ بەرگەندەك بولۇپ،
ا بولمىسىمۇ، كوڭۇلدە ئۇلارنىڭ ماختاش ۋە ئالقىشلىرىغا
بولدى.
نابىك خۇپتەن نامىزى ئۇچۇن تەرەت ئېلىشقا مېھمانخانى
چىققان ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا:

شرئەلىخان مۇسۇلمانقۇلنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەن ئىدى. شرئەلىخان
وغلى خۇدايارخان شۇ مۇسۇلمانقۇلنىڭ سىڭلىسىدىن تۇغۇلغان.
انقۇل بىسالال ئىش كورۇش ئۇچۇن جىيەنى خۇدايارغا قىزىنى
ئوزىگە كۇيوغۇل قىلغان ئىدى.

— ئاتا بالىسى - دە، دەپ — زىبا شايىچى مېھمانلارغا قاراپ قويدى.

— ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن، — دېدى ئەكرەم ھاجى، — يىگىتلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىقى ئىكەن ... ئەگەردە خان كۆتىرىش (بەلگىلەش) مېنىڭ قولۇمدا بولىدىغان بولسا، خان قىلىپ ئاتابېكنى كۆتىرەتتىم! ... ئۆزى ئوقۇغانمۇ؟

بۇ ماختاشلار بىلەن تېرىسىگە پاتماي كەتكەن ھەسەن ئەلى جاۋاپ بەردى:

— تاشكەنت "بەگلەر بېگى" مەدرىسىنىڭ پىشقەدەم تالىپلىرىدىن ئىدى، لېكىن ئۈچ يىلچە بولدى، خوجىمىز مەدرىسىدىن ئېلىپ، سودا ئىشىغا قويدى.

— خۇدا ھەممىلا تەرەپتىن بەرگەن يىگىت ئىكەن، — دېدى قۇتىدار.

ئولتۇرۇشتىكىلەر ئاتابېكنى ئاسمانغا كۆتىرىپ ماختىشاتتى، ھامىد بۇ ماختاشلارغا قاتناشمايتتى ۋە نېمىدىندۇر قورۇنغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ ئارىدا قۇتىدارنىڭ "ئۆيلەنگەنمۇ" دەپ ھەسەن ئەلىدىن سورىشى ھامىدقا يەنە باشقىچە ھالەت بەردى. ھەسەن ئەلىنىڭ سورىغۇچىغا، بېكنىڭ قىز يارىتالمىغىنىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىپ، مۇشۇ كۈنگىچە ئۆيلەنمەي كەلگەنلىگىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىشىدىن كېيىن ئۇ تاقەتسىزلەنگەندەك بولدى:

— بەلكى بېگىمىزنىڭ تاماللىرى خان قىزىدىندۇر، — دېدى زاكىلىق ئارىلاش ھامىد، — بۇنداق يىگىتلەر ئۆيلەنگىنىدىمۇ كىشى قىزىنى ئۆمۈر بويى ئازاپتا قويىدۇ! ...

سەۋىيىگە چۈشىنىش تەس بولغان بۇ ئىستىھزاغا قارشى ھەسەن ئەلى جىم تۇرالمىدى:

— مەن ئۇنىڭ خان قىزىنى ئېلىش مەقسىدى بارلىغىنى بىلمەيمەن، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن ئۇ خان قىزىنى ئالسا ئەرزىمەيدىغان يىگىت ئەمەس ... ھەتتا ماڭمۇ قاتتىق سۆز قىلىشتىن ساقلانغان بىر يىگىت ئۆز نىكاسىدا بولغان ئازات بىر

قىزغا، ئەلۋەتتە، ئازار بەرمەس دەپ ئويلايمەن. خوتۇن ئۆرىدىغان ۋە خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، خوتۇنلىرىغا زۇلۇم قىلىدىغان بەزى هايۋان سۈپەت كىشىلەردىن بولۇپ كېتىشى، مېنىڭچە ئېهتىمالدىن بەك يىراقتۇر، ئىنىم موللا هامىد ...

هەسەن ئەلى ئۆتكەن باپتا هامىدنىڭ ئۆز ئاغزىدىن خوتۇنلىرىغا قارشى قامچا ئىشلەتكىنىنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى جۈملىسى هامىدنى يەرگە قارىتىپ، لام دېيىشكە ماجال بەرمىدى. زىيا شايىچى قېينىنىسى هامىدقا "ئەدىۋىڭنى يېدىڭمۇ؟" دېگەندەك قىلىپ قارىدى ۋە هەسەن ئەلىدىن ئەپۇ سورىدى:

— كەچۈرىسىز، ئاتا، — دېدى، — بىزنىڭ هامىدۋاي شۇنداق تېتىقسىز گەپلەر ئۈچۈن يارىتىلغان ئادەم.

قۇتىدارمۇ هەسەن ئەلىنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىپ قويدى.

— گېپىڭىز توغرا، ئاتا، — دېدى ئۇ، — ئاتابېك خان قىزىغا لايىق بىر يىگىت ئىكەن.

تالىشىش ئۈچۈن هامىدقا يول قالمىغان ئىدى. ئۇ بىر تۈرلۈك ھەجىپ يەر تېگىدىن هەسەن ئەلىگە كۆز تاشلىدى.

ئاشتىن كېيىن ئاۋال هامىد، كېيىن باشقا مېهمانلار تارقىلىشتى. ئاتابېك بىلەن قۇتىدارنىڭ يولى بىر بولغىنى ئۈچۈن بىللە كېتىشتى. قۇتىدار هويلىسىغا بۇرۇلىدىغان جايدا بېك بىلەن خوشلاشتى:

— ئەلۋەتتە ئۆگۈنلۈككە بىزنىڭكىگە مەرھەمەت قىلىسىز، ماقۇلمۇ؟

— خوپ ئاكا!

— بىزنىڭكى مانا مۇشۇ دوقمۇشتىكى ئىشىك ... بۈگۈن بىزنىڭكىدە قالسىڭىز بولماسمۇ - هە؟

— رەھمەت ... خوش، سالامەت بولۇڭ!

ئۇلار توختاپ سۆزلەشكەن جايلىرىدىن خوشلىشىپ يىراقلاشقان-

دىن كېيىن، بىر بۆلۈگىدىن چاپىنىغا پۈركەنگەن ئادەم چىقىپ، ھىلىقىلار كەلگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

## 3

## بېك ئاشىق

ساراي جىم ئۇيقۇدا، تۈن يېرىم. ھەسەن ئەلى ھوجرىسىنىڭ ئۇزۇن بورۇما قۇلۇپىنى ئېچىپ ئىچكىرىدىگە شام ياقتى ۋە بېكنىڭ ئورنىنى سېلىپ، ئۇنىڭ كىرىپ يېتىشىنى ساقلاپ تۇردى. ئەمما ئاتابېك نىمە ئۈچۈندۇر چاپسان كىرمىدى. ھوجرا ئىشىگىنىڭ ئېچىلغىنىدىن، شام يېقىلىپ، ئورۇن سېلىنغىنىدىن گويا خەۋەرسىزدەك تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە قېتىپ تۇراتتى.

— ئورنىڭىزنى سالدىم بېك!

ئاتابېك بۇ سۆز بىلەن ھوجرىغا كىردى ۋە بېرىپ ئورنىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ھەسەن ئەلى بېكنىڭ يېشىنىپ يېتىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇنى ياتقۇزۇپ يېقىلغان شامنى ئۆزى بىلەن نېرىقى ھوجرىغا ئېلىپ چىقماقچى ئىدى. بىراق ئاتابېك ئورنىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى-دە، يەنە ئويلاپ قالدى...

ئاتابېك بىرنەچچە كۈنلەردىن بېرى ھەسەن ئەلىنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنەتتى.

ھەسەن ئەلى ئاتابېكتىكى مۇشۇ كۈنگىچە كۆرۈلمىگەن قىزىق بىر ھالەتكە بەش - ئالتە كۈندىن بۇيان ئەجەبلىنىپ يۈرەتتى. ھەسەن ئەلىنى ھەيران قالدۇرغان ھالەتمۇ بېكنىڭ مۇشۇنىداق خىيال ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ۋە باشقا ئىشلارغا ئېتىۋارسىزلىقى ھەم پەرۋاسىزلىقى ئىدى.

ھەسەن ئەلى بېكنىڭ ھازىرقى قىزىق بىر ئەھۋالىنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە قاراپ تەكشۈرۈپ تۇردى. لېكىن ئاتابېك

ميال سۇرۇشتىن زېرىكمىسىمۇ، ھەسەن ئەلىي قاراپ تۇرۇشتىن
ېرىكتى:

— ماگا بۇيرۇيدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ؟

ئاتابېك بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك، ھەسەن ئەلىنىڭ ۈزىگە كوتىرىلىپ قارىدى ـ دە، يەنە كوزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ لدى. بۇ ھالەتتىن ھەسەن ئەلىنىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىپ، بېك لڭ بۇنچىلىك تېڭىرقاپ قېلىشىغا قانداق مەنە بېرىشىنىمۇ بىل- ەيتتى. ئاتابېك شۇ ھالدا يەنە قاچانغىچىدۇر ئولتۇردى، ئا- سىرى ئۈيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك چوچۇپ قاراپ تۇرغۇچىغا كىلدى:

— چىقىپ ياتمامسىز؟

— ماگا بۇيرۇيدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ؟

— نىمە ئىشىم بولاتتى، شامنىمۇ ئېلىپ كېتىڭ.

ھەسەن ئەلى شامنى ئېلىپ ئوز ھوجرىسىغا چىقتى. ئۇنىڭ وجرىسى ئاتابېكنىڭكى بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ، گەزمال، ئا- اق كىيىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماللار بىلەن تولغان ۋە ئاتا- بېكتىن باشقا ئاتايتەن ھوجرىدا تۇرۇشىمۇ شۇ ماللارنى ساقلاپ پتىش ئۈچۈن ئىدى. ھەسەن ئەلى ئورنىنى سېلىۋېتىپ "تۇۋا" ەپ قويدى.

يۇقۇرىدا سوزلەنگەندەك ئاتابېكتىكى بۇ ھالەتنى بىرەر ھەپ- ملەردىن بېرى پەملەپ يۇرسىمۇ، ھازىرقىدەك ئەندىشىگە چۈشمە- ەن ۋە بۇنچىلىك دىققەت قىلمىغان ئىدى. خوجازادىسىدىكى ۇ ھالەت ئۇنى ھەر تۇرلۇك مۇلاھىزىلەرگە ئېلىپ كېتىۋەردى ... ورنىنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇپ، ئاق ساقىلىنى ئوڭ قولى بىلەن ۇتاملاپ ئويلايتتى: سودا ئۇستىدە بىرەر خاتا قىلدىمۇ، زىيا ايىچىنىڭكىدە غىزادىن تۇزۇكرەك تېتىمىدى، بىرەر ئاغرىقى بار- مكىن ... مۇساپىرچىلىقتا ئاغرىسا ... ئەمما بۇ مۇلاھىزىلىرىنىڭ ىرەرسىگىمۇ ئوزى قانائەتلەنمىدى. بولۇپمۇ سودا ئىشلىرى ئو-

ىگىدىن يوشۇرۇن ئەمەس، ئاغرىغاندىمۇ ئەلۋەتتە، شىكايەت ئاڭ-لايتتى.

ئويلاپ - ئويلاپ ھېچنىمىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ تاكچىدا يېنىپ تۇرغان شامنى ئۆچۈردى. ھوجرا ئۆڭ-تەتۈرنى ئايرىۋالالمىغۇدەك قاراڭغۇلاشتى. قاراڭغۇدا پۈتۈلۈشۈپ، ھوجرىنىڭ ئىشىگىگە كەلدى - دە، ئاۋايلاپ غىچىرلاتماستىن ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئاستاغىنا تاشقىرىغا باش چىقىرىپ سارايىنى تەكشۈردى. كىشى يوقلۇقىغا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مەسچان ئايىغىنى ئاستا دەسسەپ، ئاتابېكنىڭ ھوجرىسى يېنىدا توختىدى، سارايىنى يەنە قاراپ چىقتى. ساراي قاپ - قاراڭغۇ، جىم ئۇيقۇدا، ئەمما بۇ جىملىقنى ساراي ئېغىلىدىكى ئاتلارنىڭ قاسۇر - قۇسۇر ئوت چاينىشلىرى ۋە ئەتراپتىكى خورازلارنىڭ قىچقىرىشلىرىلا بۇزاتتى. ھەسەن ئەلى ئاستاغىنا دەرىزە تۈۋىگە يېتىپ ھوجرىنىڭ ئىچىگە قۇلاق سالدى. ھوجرىنىڭ ئىچى جىم ئىدى. ئارىدىن ئۈچ - تۆت مىنۇت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىچە ھوجرىدىن ئىرىدىق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىمىدى. يەنە بىرنەچچە مىنۇت قۇلاق ئۈزمەي تۇرۇپ ئاندىن ئورنىدىن قوزغالماقچى بولغان ئىدى، ئىچكىرىدىن "ئۇھ" دېگەن تىنىۋىشنى ئاڭلىدى. ھەسەن ئە-لىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. كوزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— بېك ئاغرىق — دېدى، كوڭلىدە ۋە بۇنىڭغا جەزىم قىلىپ ھوجرا ئىشىگىگە مېڭىپ كەلدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئاتابېك-نىڭ يېنىغا كىرمەكچى ئىدى. ئىشىكنى ئىتتىرىشكە ئاپارغان قو-لىنى ياندۇرۇپ "بەلكى ئاغرىق ئەمەستۇر" دەپ توختىدى. يەنە كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ ئوزىنىڭ ھوجرىسىغا كەلدى. ئەمما ئاتابېك توغرىسىدىكى تەش-ۋىش بايىقىدىكىدىن ئۇن ھەسسە ئاشقان ئىدى. يېشىنىپ ئۇخلاشقا ياتقان بولسىمۇ، بېكنىڭ ئەھۋالى ئۈنى كوز يۇمغىلى قويمىدى. بېك توغرىسىدا ھەر تۈرلۈك خىياللارغا كەتمەكتە ئىدى. يۇسۇپ-

بىيك ھاجىنىڭ: "ئوغلۇم ياش، سەن دۇنيانىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى
كۆرگەن ۋە مېنىڭ ئىشەنگەن ئادىمىم سەن. ئوغلۇمنىڭ ھەممە
ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش سېنىڭ ۋەزىپەڭ!" — دەپ تەكىت-
لىشى، ئاتابېكنىڭ ئانىسى ئوزبېك ئايىمنىڭ ياشلىق كوز بىلەن:
"سېنى خۇداغا، ئاتامنى ساڭا تاپشۇردۇم!" — دەپ يالۋۇرۇشلىرى،
زارلىنىشلىرى ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە تەكرارلانغاندەك بولات-
تى. ئۇخلاپ كېتەلمىدى. كوينەكچان ئۈستىگە چاپىنىنى يېپىنىپ
ئورنىدىن تۇردى، ھوجرىدىن چىقىپ ئاتابېكنىڭ دەرىزىسى تۈ-
ۋىگە يەنە كېلىپ ئولتۇردى.

كېچە سوغ، ئىزغىرىن شامال توت تەرەپكە يۈگۈرۈپ جانىغا
ئوتمەكچى بولاتتى. ھەسەن ئەلى يېرىم يالىڭاچ ھالدا شۈمشىيىپ
ئولتۇراتتى. ئۇ يىگەن
يېپ دەرىزە تۈۋىدە ئىزغىرىننىڭ قۇچىقىدا
سوغاققا پەرۋا قىلمايتتى، ۋۇجۇدىنى ئىزغىرىنغا تاپشۇرۇپ، پىكرى-
نى ھوجرا ئىچىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ھوجرىنىڭ ئىچىگە خىيالىنى
چە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇزاق تىنىپ، بېشىنى
يوچۇقتىن ئالدى، ئاتابېكنىڭ پۇشۇلداپ ئۇخلىغان ئاۋازىنى
ئاڭلاپ، بىرئاز خاتىرجەم بولدى. ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇپ قالاي،
دىگەن بولسىمۇ ئورنىدىن قوزغالمىدى، نىمىشقىدۇ يەنە سوغدا
شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئارىدىن يەنە بىرنەچچە مىنۇت ۋا-
قىت ئوتۇپ، ھەسەن ئەلى ئوبدان خاتىرجەم بولۇش بىلەن ئور-
نىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئىدى، شۇ زامان ئىچكىرىدىن
جويلۇش ئاڭلاندى.

"... قارا كوزلىرى، يادەك قاشلىرى ..."

— ھە! — دىدى ھەسەن ئەلى ۋە ئېڭىۋاشتىن قۇلىقىنى يو-
چۇققا تۇتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ھەممە بارلىقى قۇلاققا ئايلانغان،
ئوزىنى ئۇنتۇپ، ھەممە دىققىتى ھوجرىنىڭ ئىچىگە ئاققان ئى-
دى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئوتمەيلا، ھىلىقى ئۇيقۇسىراپ جويى-
لۇش يەنە تەكرارلاندى:

"ئايدەك يۈزلەر، كۇلۇپ بېقىشلار، چوچۇپ قېچىشلار ...
ئۇھ، ھا!"

ھەسەن ئەلى ئۈچۈن بىرىنچى قېتىمدا چۈشىنەلمەي قالغان مەنىلەر بۇ كېيىنكى گەپ بىلەن يېشىلدى، ھەسەن ئەلى ئەمدى يەنە ئولتۇرۇشنى ئارتۇقچە ھېساپلاپ ئورنىدىن تۇردى، ھوجرىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ بېشىنى چايقاپ ئۆزىچە سوزلىدى:

— بېك ئاشتى!

ئورنىنىڭ ئۈستىگە چاپىنىنى يېپتى-دە، يوتقىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردى ۋە "راستلا ئاشتىمۇ؟" دىگەن سوئالنى كوڭلىدىن ئۆتكۈزدى. تونۇش ئەمەس بىر شەھەردە كىمنىڭ بولسىمۇ قىزىغا ئۇچراشسۇن، بەش-ئالتە كۈن ئىچىدە بۇ قاتارلىق ئۈيقۈدىمۇ ... مەسىلىگە بۇ جەھەت بىلەن قاراپ بېكىنىڭ ئىشقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن قۇلىغىنىڭ تۈۋىدە بېكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان "... كۈلۈپ بېقىشلار، چوچۇپ قېچىشلار ..." جۈملىلىرى تەكرارلانغاندەك بولۇپ، ئاتابېكتىكى بىرنەچچە كۈنلۈك ئۆزگىرىشكە مۇھەببەتتىن باشقا ھادىسە، دەپ مەنە بېرەلمەيتتى. بۇ ئىككى تۈرلۈك مەسىلىنىڭ ئوڭ-تەتۈرىنى ئايلاندۇرۇپ مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئولچىدى. ھەسەن ئەلىنىڭ ئۆزى تارازىنىڭ ئىشەنمەسلىك پەللىسىدە بولسىمۇ — "... كۈلۈپ بېقىشلار، چوچۇپ قېچىشلار" تىنماي قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدە تەكرارلىناتتى. تاڭ ئېتىشقا يېقىنلاشقاندىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق مىڭىسى ھېچقانداق قىلىپ بۇ مۇئەممانى يېشەلمەيتتى. ئۇرغۇن ئويلىسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئەمما ئەتىلىككە بېكىنىڭ ئۆزىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، كوزى ئۇيقۇغا كەتتى.

## 4

## مەرغىلاننىڭ ھاۋاسى ياقمىدى

ئەتىگەنلىك چاي تەييارلانغان. ئاتابېك خامۇش ئولتۇراتتى، ھەسەن ئەلى بولسا ئۇنىڭ ھالىنى يەر ئاستىدىن تەكشۈرمەكتە

ئىدى. ئارىدىكى جىملىق بىر پىيالىدىن چاي ئىچكىچە بۇزۇلمىدى. ئاخىرىدا ھەسەن ئەلى ئاتابېكنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ قويدى:

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى خامۇشراق كۆرۈنەمسىز، نېمە؟

ئاتابېك بۇ سوئال بىلەن ھەسەن ئەلىگە بىر قارىۋالدى ۋە تەستىقلاش ئىشارىتىنى قىلىپ:

— بىلمەيمەن، — دېدى ۋە بىرئاز توختاپ ئىزاھ بەردى، — خامۇشلۇغۇم سىزگىمۇ بىلىندىمۇ بىلمەيمەن ... مەرغىلاننىڭ ھاۋاسى مىجەزىمگە توغرا كەلمىگەنگە ئوخشايدۇ ...

— ئېيتقىنىڭىزدەك، — دېدى ھەسەن ئەلى، — مەرغىلاننىڭ ھاۋاسى يامان ئىكەن، بىر-ئىككى كۈندىن بۇيان مېنىڭمۇ ئەھۋالىم ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مەرغىلاندىن چاپسان كەتمىسەك مەنمۇ ئىشتىن چىققىدىغان ئوخشايمەن ...

بۇ گەپتىن كېيىن ھەسەن ئەلىنىڭ كوزى بېپككە قادالغان ئىدى، ئەگەر ئاخشامقى جويلۇش ھەسەن ئەلىنىڭ ئويلىغان ئېھتىمالىغا توغرا كەلسە، ئۆزىنىڭ ھىلقى سوزى ئاتابېككە بىر ئۆزگىرىش بېرىشىگە گۇمانسىز ئىشىنەتتى.

ئاتابېك تۇيۇق كوچىدا قالغاندەك بولدى، جاۋاپ بېرىشكە قىينالدى.

— كېتىمىز، — دېدى بىرئاز ئويلىغاندىن كېيىن، — مال باھالىرى توغرىسىدا كېلىشەلمەي تۇرىمىز — ئالغۇچىلار ئەرزان سورىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرنەچچە كۈن قېلىشقا توغرا كېلەرمىكىن ... بىلمەيمەن ...

ھەسەن ئەلىنىڭ سىنىشى ئاخىرىغا يەتكەندەك بولدى، ھەتتا يۇقۇرىدىكى جاۋاپنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى بىر تۈرلۈك كۈلۈۋېتىشتىن ئاران توختىتىپ قالغان ئىدى. يەنە ئوتتۇرىدا جىملىق ھۆكۈم سۈردى، ھەسەن ئەلى ئىشنى تۈزۈكرەك ئېچىش ۋە ياكى شۇ پېتى قالدۇرۇپ كېتىۋېرىشنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولدى. ھەسەن ئەلى، ئاتابېكنىڭ ھەر بىر سىرىغا

ئۆزىنى مەھرەم (سىرداش) ئىساپلىغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقەتتىمۇ ئاتابېككە مەھرەم بولۇشقا لايىق بىر مېھرىۋانلىقتا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بېك بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىش پىكرىگە كەلدى. بىرنەچچە مىنۇتقىچە كىرىشىش سۆزى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تىلغا كىردى:

— ئوغلۇم ئاتابېك!

— سۆزلەڭ.

— ئېيتىڭا، مەن سىزنىڭ كىمىڭىز؟

ئاتابېك، ھەسەن ئەلىنىڭ مەقسىدىگە چۈشەنمەستىن ئۇنىڭغا تېڭىرقاپ نەزەر سالدى.

— سىزمۇ؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى ئۇ، — ئاتام بولمىسىڭىزمۇ، مېنى ئاتىلىق مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرگەن سادىق ۋە مېھرىۋان بىر ئادىمىم، يەنى مەنىۋى ئاتام.

— بارىكاللا، ئوغلۇم! — دېدى ھەسەن ئەلى، — جاۋابىڭىز كۆڭلۈمدىكىدەك. ئەمدى سىزدىن شۇنىمۇ سوراي: ئىگىسىگە سادىق بىر قۇل، سىزنىڭ تەبىرىڭىزچە مەنىۋى بىر ئاتا، ئۆز ئوغلىغا يامانلىق ئويلارمۇ، بۇ توغرىدا جاۋاپ بېرىڭا؟

ئاتابېك كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن ئەجەپلەندى:

— سۆزىڭىزگە چۈشىنەلمىدىم، ئاتا! — دېدى، — شۇنداق بولسىمۇ جاۋاپ بېرىمەن: بۇگۈنگىچە سىز يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، بىزنىڭ ئائىلىمىزگە ئاتىلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ياخشىلىقتىن باشقىنى ئويلىماي كېلىۋاتىسىز.

ھەسەن ئەلى چىرايىنى بۇزمىدى:

— ئىلگىرىرەك بەلكى شۇنداق بولغاندۇ، ئەمما ئەمدى، بولۇپمۇ سىز ...

— بولۇپمۇ مەن ... ئېچىپ سۆزلەڭ.

— بولۇپمۇ سىزنىڭ ماڭا ساقلىغان ئىشەنچىڭىز تۈگىگەنگە ئوخشاپ تۇرىدۇ، ئۆزەمدىن قانداق كەمچىلىك ئۆتكىنىنى بىلەلمەي ھەيرانمەن!

— قىزىق گەپلەرنى قىلىسىز، — دېدى ئاتابېك، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى ئاشقان ئىدى، — سىزگە ئىشەنچىم تۈگەيدىغانغا، ماڭا قانداق يامانلىق ئويلىدىڭىز؟ ۋەسۋەسىگە چۈشۈشنىڭ ئورنى يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىزنىڭ خەيرىخاھلىق مەسلىھەتلىرىڭىزگە ھەمدە ۋۇجۇدىڭىزغا مۇھتاجمەن. ئامانىتىم ۋە باشقىلىرىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىزدە ئانا قارنىدا ساقلانغاندەك ساقلىنىشقا ئىشىنىمەن ۋە بۇنىڭغا سىزنىڭمۇ خاتىرجەم بولۇشىڭىز كېرەك، ئاتا.

— لېكىن ... تىل بىلەن كوڭۇل باشقا ـ باشقا، ئوغلۇم ...

ئاتابېك بۇ تەتۈر ۋە چۈس قارشىلىشىشتىن تاقەتسىزلەندى:

— خاتالىشىسىز، ئاتا!

— خاتالاشمايمەن، ئەكسىچە بىلىپ، قانائەتلىنىپ سۆزلەيمەن

— تىلىم بىلەن كۆڭلۈمنىڭ باشقىلىقىنى ئىسپات قىلىڭ.

ھەسەن ئەلى قېيىدىغانلىق قىياپەتتە قاشلىرىنى يىمىردى ۋە:

— مەندىن يوشۇرۇپ يۈرگەن بىر سىرىڭىز بار، — دېدى.

— سىزدىن يوشۇرغان بىر سىرىم بار؟!

— بار، ئوغلۇم، بار، — دېدى ھەسەن ئەلى، — ئەگەر ئېيتقىنىڭىز توغرا بولسا، ماڭا راستىنلا ئۆز ئادىمىم، دەپ قارىسىڭىز شۇ سىرنى يوشۇرماڭ.

ئاتابېك تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ھېلىقى ئەسەبىلىك ھالىتىنى يوقاتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ كۈلگەن بولدى:

— تېخى شۇنداق سىزدىن يوشۇرۇن سىرىم بارمۇ؟

— بار!

— بولسا مەرھەمەت قىلىپ كەشپىياتىڭىزنى سۆزلەڭ!

ھەسەن ئەلى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چاينى سۈمەردى. كەشپىياتنى ئاچتى:

— مەرغىلانغا كەلگەن كۈنلەردىن باشلاپ، سىزدە قىزىق بىر ھالەت بار، — دېدى، — سىز بۇ ھالەتنى "مەرغىلان ھاۋاسى ياقمىدى" دەپ تەبىرلىسىڭىزمۇ، مەن بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى بايقايمەن ...

ئاتابېك ئۆزىگە قاتتىق تىكىلىپ تۇرغان ھەسەن ئەلىدىن يۈزىنى چەتكە بۇراشقا مەجبۇر بولدى، گويا بۇ نەزەرگەر بوزايى ھەممە سىرىنى ئادەمنىڭ رەڭگىدىن بىلىۋالاتتى. ھەسەن ئەلىنىڭ تېخىچە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ، پىشانىسىنى تاتىلىغان بولدى:

— خوش، داۋام قىلىڭ ...

— بۇ سىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرماقچى بولسىڭىز، — دېدى تولۇق قانائەت بىلەن ھەسەن ئەلى، چۈنكى ئەمدى ئۆز گۇمانىغا تازا ئىشەنگەن ئىدى، — بوپتۇ، يوشۇرۇشىڭىزمۇ بەلكى ھەققىڭىز باردۇر ... ئەمما شۇ پېتى سىر ساقلاش بىلەن بىرەر نىجاتقا يېتىش مۇمكىنمۇ؟

— ...

ئاتابېك قىپ - قىزىل قىزىرىپ گۇناكارلاردەك يەرگە قارىغان ئىدى. ھەسەن ئەلىنىڭ يۈزىگە ئاتىلارچە شەپقەت چىرايى كىرىپ، قېرىلارغا خاس بىر خىل ئاۋاز بىلەن بېكنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىشقا باشلىدى:

— ئەيىۋى يوق، ئوغلۇم، — دېدى، — مۇھەببەت ناھايىتى ئاز يىگىتلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغان يۈرەك جەۋھىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە تولا چاغلاردا ئادەمگە زەرەرلىكمۇ بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىپ بولسىمۇ ئۇنتۇش، كۆپ ئويلىماسلىق كېرەك.

بۇ كېيىنكى گەپ بىلەن ئاتابېك كۆتىرىلىپ ھەسەن ئەلىگە قارىدى ۋە ئۇزاق نەپەس ئېلىپ يەنە يەرگە قارىدى. گويا بۇنىڭ بىلەن ”ئۇنتۇش مۇمكىن ئەمەس“ دېگەن قەتئىي سۆزنى ئېيتقان ئىدى. ئارىغا جىمىلىق چۆكتى. ئىككىلىسى ئويغا كەتكەن ئىدى. ھەسەن ئەلىنىڭ بەك بېرىلىپ ئويلىغان چاغدا ساقىلىنى قايرىپ چىشلەيدىغان بىر ئادىتى بولۇپ، ھازىرمۇ ساقىلىنى يالماش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇزاق ئويلىغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ ئېچىلماي قالغان قىسمىنى يېشىشنى باشقا ۋاقىتقا قالدۇرماقچى

بولدى، چۈنكى ئاتابېك مۇشۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئۆيىدىلا قىزىرىپ، ئېسىلغان ئىدى.

5

## كۆيوغلۇك بولسا شۇنداق بولسا

ۋاپۇرۇش بازىرى ۋە ئۇنىڭ بۇرجىگىدىكى هويلا ... ئوقۇغۇچى ئەلۋەتتە بۇ هويلىنىڭ ئىگىسى بىلەن تونۇش بولسا كېرەك. كورۈمسىز، هەرخىل چىرىندىلەر قاپلاپ قارايغان، بەكمۇ نۇرغۇن خىزمەت قىلىپ قېرىغان، ئېچىپ - ياپقاندا "هەر ياغزا داد - پەريات ئاۋازىنى چىقىرىدىغان، بۇنىڭدا سانالغان سۈپەتلىرىنى بىر جايغا جەملەپ نەتىجە چىقارغاندا "جۇلغى چىقىپ كەتكەن" بىر دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۈچ - توت چامدام ئىچكىرىگە كىرسەك، بۇخارا زىندانلىرىدىن بىرىنى ئەسلىتىدۇ ۋە قاراڭغۇ يولەكنىڭ ئاخىرىسىدىكى يورۇقلۇققا قاراپ ئالدىرايدۇ كىشى. ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ يولەك زىندانىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بىر چوڭ ئېرىق ياقىسىغا، ئوردىدەك هويلىغا چىقىمىز ۋە بۇ يەردە راهەتلىنىپ نەپەس ئېلىش مۇمكىن. هويلىنىڭ كۈن چىقىشىدا كۈن پېتىشقا قارىتىپ سېلىنغان، ئانچە ماختىغۇدەك بولمىسىمۇ، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى بىنالىرىدىن هېساپلانغان بىر ئايۋان بىلەن بىر ئۆيگە كوز چۈشىدۇ. هويلا ۋە بىنالار ئادەم زاتىدىن بوش، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ هويلا ئائىلىنىڭ تاشقىرقى قىسمى — مېهمانخانا ئىكەنلىگى بىلىنىدۇ، هويلىنىڭ كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش تەرەپلىرى كىچىك هوجرىلار بىلەن ئورالغان ۋە بۇ هوجرىلارنىڭ هەممە ئىشىكلىرى يېپىق ۋە قۇلۇپ سېلىنغان هالدا بولۇپ، ماللار بىلەن بەنتلىگى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ دولەتمەن ئادەم ئىكەنلىگى چۈشىنىلىدۇ؛ هويلىنىڭ جەنۇپ تەرىپى دۇكانلارنىڭ

كەينى بولۇپ، ئەمما يوغان بىر توپ گىلاس ياغاچلىرى قاپلاپ تۇرىدۇ.

ئەمدى بىز تاشقىرقى ھويلىنى قويۇپ، مېھمانخانىنىڭ يېنىدىن ئىچكىرىگە كىرىمىز. ئىچكىرى ھويلىنىڭ يولىلىرىمۇ تاشقىرقىسىغا ئوخشاش، ئۈستى ۋە يېنى يېپىق — قاراڭغۇ، يولەكنىڭ ئۈچىغا بېرىپ، ئوڭغا ماڭساق ئاختىخانىغا، سولغا ماڭساق بىرىنچى قېتىم كىرگىنىمىزدەك چوڭ بىر ھويلىغا چىقىمىز. ھويلىنىڭ تۆت تەرە-پى تۇرلۇك ئېھتىياج بىنالىرى بىلەن ۋە توردىكى بىنانىڭ ئىككى يېقىنى چوڭ ئۆيلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، شۇ ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىغا جايلاشقان تۆت بۇرجەكلىك ئۆيما — نەقىشلەر بىلەن ياسالغان بۇ ئايۋان مۇشۇ ھويلىنىڭ بىرىنچى قېتىمدا كۆزگە چېلىقىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىدى. بۇ تۆت بۇرجەك ئايۋاننىڭ ئوتتۇرا بىر جايىدا، تۆپىسىگە ئەتلەس كۆرپىلەر سې-لىنغان سەندەلنىڭ توردە تامغا يۆلىنىپ، قارا مۇۋۇت تاشلىق سوسەر جۇۋا كىيگەن بىر كىشى ئولتۇرىدۇ. بۇ كىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم تونۇشۇپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى بۇ ئادەم ئوقۇغۇ-چى بىلەن تونۇشقان — مىرزا كەرىم قۇتىدار. سەندەلنىڭ ئىككى يېقىنىدا ئىككى خوتۇن — بولاردىن بىرى ئىچىدىن ئەتلەس كۆي-نەك، ئۈستىدىن ئادىمىيانىخان ئەتلەس چاپان كىيگەن، بېشىغا ئاق داكا تاشلىغان، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق، خۇش پىچىم بىر خوتۇن. چىرايىدىن مۇلايىملىق، ئېرىدگە ئىتائەت، توغرىلىق مەنىلىرى تېمىپ تۇرغان بۇ خوتۇن قۇتىدارنىڭ رەپى-قىسى — ئاپتاپ ئايىم. يەنە بىرسى يەتمىشلەردىن ئۆتكەن بىر موماي، ئاپتاپ ئايىمنىڭ ئانىسى — ئايشە بۇۋى. ئوچاق بېشىدا قوپالغىنا، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى يەنە بىر خوتۇن چاي قايىنىتىپ يۈرىدۇ. بۇ خوتۇن بولسا ئائىلىنىڭ دېدىگى — تويبىكە. بىز بولار بىلەن تونۇشۇشنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئايۋاننىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىك ئارقىلىق ئۆيگە كىرىمىز ۋە ئۆينىڭ تورىگە سېلىنغان ئەتلەس كۆرپە، ماموق ياستۇق قۇچىغى-

دا، سوندىن خۇشياقمايمۇ ۋە ياكى باشقا بىر سەۋەپ بىلەنمۇ، ئويغاق ياتقان بىر قىزنى كوردىمىز. ئۇنىڭ قارا چاچلىرى ماموق ياستۇقنىڭ ھەر تەرىپىگە مالىماتاڭ چېچىلىپ، قويۇق كىرپىك ئاستىدىكى تۇم قارا كوزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن — گويا ئۇ نىمىدۇر بىر نىمىنى كورگەندەك ... قاپقارا، بەكمۇ نەپىس قىيغاچ قاشلىرى ھىمىرلىگەن — گويا ئۇ نىمىدۇر بىرنىمىدىن چوچۇگەندەك ... تولۇن ئايدەك سۇزۇك، ئاق يۇزى بىر ئاز قىزارغان — ئۇ كىمدىندۇر ئىزا تارتقاندەك ... شۇ چاغ كورپىنى قايرىپ تۇتقان ئاق قوللىرى بىلەن ئۇز بۇرنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، تەبەتنىڭ بەكمۇ ئۇستا قولى بىلەن قوندۇرۇلغان قارا خالنى تاتىلدى ۋە بېشىنى ياستۇقتىن كوتىرىپ ئولتۇردى. سىرىق روپاھ ئەتلەس كوينەكتىن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ھال كوكسى بىرئاز كوتىرىلىپ تۇراتتى. تۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى بىر سىلكىدى-دە، شۇركۇنۇپ قويدى. سىلكىنىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ يۇزىنى توزىغان چاچ تالالىرى ئورىۋېلىپ جانسىز بىر سۇرەتكە كىرگۇزدى. بۇ قىز سۇرىتىدە كورۇنگەن مەلىكە قۇتىدارنىڭ قىزى — كۇمۇش بىبى ئىدى!

كۇمۇش بىبى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان سوغ تەگدۇرۇۋېلىپ، باش ئاغرىقى ۋە كوز قاراڭغۇلىشىشقا ئوخشاش ئاغرىقلاردىن شىكايەت قىلىپ يۇرەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئانىسى "جىم ئۇخلىسۇن، ئارتۇق ئۇرۇۋەرمىسۇن!" دەپ بۇگۇن نامازغىمۇ ئويغاتقۇزمىغان ئىدى.

كۇمۇش كىيىنىپ ئويدىن چىقتى، تويبېكە تەرىپىدىن تەييارلىنىپ بېرىلگەن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇزىنى يۇدى. ئويگە كىرىپ يۇز-كوزىنى سۇرتۇپ، ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن ئايۋانغا چىقتى. ئايۋاندىكىلەرگە سالام بېرىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

قۇتىدار قىزىغا سەپسالدى:

— تۇزەلدىڭمۇ قىزىم؟

— ياق، دادا، بېشىم تىنماي ئاغرىپ تۇرىدۇ.

قۇتىدار قىزىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى:

— ھەي ـ ھە ... كۆمۈش، تېخى ئىسسىقىڭ بار، — دېدى، — ئۆزەڭنى ئاۋايلا، قىزىم ئورنىڭنى قېلىن قىلىپ چۈمكىنىپ يات، تەرلىسەڭ ياخشى بولۇپ قالىسەن، قىزىم! ... تويبېكە، كۆمۈشنىڭ چېيىنى سۈتلەپ بەرگىنە.

ئاپتاپ ئايىم ئېرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ كەتتى:

— ئىسسىقى بار، ئۆزىمۇ قىزىرىپ، ئېسىلىپ تۇردۇ.

ئۆزىنىڭ روھسىز ئاۋازى بىلەن ئايشە بۈۋىمۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— نەھ كېچىسى بىلمىدىڭىز، نەھ مېنى قورقۇتۇپ ھۇشۇمنى يوقاتتى. ئىسسىتمىسى ئارىلاش ئاللىقانداق سۆزلەرنى قىلىپ چىقتى ...

كۆمۈش بىبى يالت قىلىپ، مومىسىغا قاراپ قويدى.

— مانا شۇ تەبىي ھارارەتنىڭ نەتىجىسى، — دېدى قۇتىدار، — مەن بۈگۈن بىرەر تىۋىپتىن سوراپ باقايچۇ ... ئال، قىزىم، مۇشۇ چىنەگدىكى چېيىڭنى ئىچكىنە، — دېدى ۋە يەنە بىر قېتىم قىزىغا سەپسالدى.

چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قۇتىدار دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، كۆمۈش، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ قۇتىدار ئاپتاپ ئايىمغا، — بۈگۈنگە بىر مېھمان ئېيتقان ئىدىم. دېدەكنى چىقىرىپ مېھمانخانىنى تازىلات. ھىلىقى يېڭى تاشلىغان كورپىلىرىڭنى بەر، سەندەلگە شۇنى ياپسۇن، چوڭ گىلەمنىمۇ چىقارغىن، ئۆيۈڭدە يەل ـ يېمىشىڭ بارمىدى؟

— بار.

— بار بولسا ياخشى، بىردەمدىن كېيىن گوش ئېلىپ كىرگۈزەرمەن، سامبۇسا پىشۇرۇپ قويۇڭلار!

ئاپتاپ ئايىم سامبۇسا پىشۇرۇشتىن بۈگۈنكى مېھمانىنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىنى چۈشەندى.

— قانداق مېھمان ئىدى؟

— سەن تونۇمايسەن. ئاشكەنتلىك بىر يىگىت، يەنە مەشەدتىكى
ئۈچ - تۆت ئاينىلەر ... ماقۇلمۇ، ئېيتقانلىرىمنى ئۇقتۇڭمۇ؟
— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم!
كۈمۈش بىبى ئانىسىنىڭ سۆزىگە ئىلتىپات قىلمىدى. قۇتىدار دۇكىنىغا كەتكەندىن كېيىن، ئاپتاپ ئايىم تويبىكىنى مېھمانخانىغا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى خېمىر يۇغۇرۇشقا ئولتۇردى، كۈمۈش بىبى خامۇش بىر نىمە توغرىسىدا ئويلايتتىمۇ، ياكى بېشىنىڭ ئاغرىقى كۈچەيدىمۇ، ھەر ھالدا نامازشامگۈلدەك تۇتۇق ئىدى. ئۇدۇلدا ئولتۇرغان مومىسىنىڭ ئۆتكەن - كەتكەنلەردىن قىلغان ھېكايىلىرىگە ئېرىنمىيقىنا قۇلاق سالاتتى ۋە كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئېيتقان قىزىق گەپلىرىگە كۈلۈمسىرەش بىلەنلا جاۋاپ بېرەتتى.

كۈمۈش بىبى ئۆزىنىڭ بىر سائەتچە ۋاقتىنى شۇ پېتى ئۆتكۆزدى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كىچىككىنە چىرايلىق پۇتلىرىغا ئانىسىنىڭ يىقىندىلا ئېلىپ بەرگەن چىتلىك كەشىنى كىيدى ۋە ئاشخانا ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئانىسىنىڭ يېنىغا باردى،

كۈمۈش بىبى ھازىر ئون يەتتىنى تۈگىتىپ، ئون سەككىزگە قەدەم تاشلىغانلىقى ئۈچۈن بويىمۇ ئانىسىغا يېتەي دەپلا قالغان، ئەمما ئانىسىغا قارىغاندا جۈسسى تولۇقراق ئىدى، ئانىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تاشقىرىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئايۋاننىڭ بىر چېتىدىن مېھمانخانىدا گىلەم سېلىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان تويبىكىگە قاراپ قويدى - دە، ئايۋاننىڭ ئوتتۇرا تۈۋرۈكىگە كېلىپ يۆلەندى. ئەمدى بايىقىغا قارىغاندا بىرئاز يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، جان ئالىدىغان قارا كۆزلىرى ھەركەتلىنىشكە باشلىغان ۋە ھودۇققان قىزىل يۈزلىرى ئېچىلىپراق قالغان ئىدى. ئايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەندىن كېيىن، قارا قىيغاچ قاشلىرىنى ھىمىرىپ كوچا يولەك تەرەپكە قارىدى، بىردەم قاراپ تۇردى - دە، ئايۋاندىن يەرگە چۈشۈپ، يولەك تەرەپكە، ئېرىق بويىغا كەتتى. سۇ بىر دۇكاننىڭ تېگىدىن چىقىپ، بۇ

ھويلىدا ئۈچ - تۆت غولاچ چامىسىدا ئوچۇق ھاۋادا ئاقاتتى - دە، ئۇ يەردىن كۆۋرۈك — تام ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى، كۈمۈش بىبى ئېرىق بويىدىكى بىر جاينى كۆزلىدى - دە، سەكرەپ ئېرىقنى چېتىگە ئۆتتى ۋە ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇلايىمغىنا سۇنىڭ ئۈستىگە ئاغدى، ئېرىقنىڭ ئاجايىپ سۈزۈك سۈيى يۇۋاش ئاقاتتى، كۈمۈش بىبىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە گويا كى ئۇنىڭغا تازىم قىلغاندەك ئاستاغىنا بىر ئورگەشلەپ قوياتتى، ئۆز بېشىدا ئولتۇرغان سېھىرچى قىزنىڭ سېھرىگە باغلانغاندەك يەنە بىر چوڭراق دائىرىدە ئايلانغاندىن كېيىن، ئاستىلا كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئېقىپ كىرىپ كېتەتتى، ئېرىق سۈيىنىڭ تۈگىمەس بۇ ھەركىتىنى ئۆزۈنىڭچە كۆزدىن كەچۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قولىنى ئۆزتىپ سۇ ئالدى ۋە يۈزىنى يۇدى. ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ چۈشكەن سۇ تامچىلىرى بىلەن ئېرىق ھەركەتكە كېلىپ چايقالدى. گويا كى سۇنىڭ ئىچىدە بىر قوزغىلاڭ پەيدا بولغان ئىدى ... ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ياندۇرۇپ يۈز يۇيۇشتا بۇ قوزغىلاڭ تېخىمۇ كۈچەيدى ...

نازۇك پۇتلار تالغان بولسا كېرەك، سەدەپتەك ئاق چىشلىرىنى بىر - ئىككى ياندۇرۇپ چايقىدى - دە، ئېرىق بويىنى ۋە ئۇنىڭ سۇلىرىنى تاشلاپ كەتتى.

بايىقىغا قارىغاندا خېلىلا يېنىكلىشىپ ئىچكىرىگە كىردى، ھەركەتلىرىمۇ بىرمۇنچە ئۆزگەرگەن ئىدى. ئايشە بۇۋى ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ خوشاللاندى:

— ئوڭلاندىڭمۇ قىزىم؟

— شۈكرى ...

— ئەمدى ئۇرۇنۇپ قالما، قىزىم، جىم ئولتۇر!

* * *

قىش كۈنلىرى بىر تۇتام، ”ھە، دېگۈچە“ كەچ كىرىدۇ. بۈگۈنمۇ ”ھە، دېگۈچىمۇ“ قالماستىن كەچ كىرگەن، مېھمانلارنىڭ

كېلىشكىنىگە بىر دەم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. قۇتىدار مېھمانلارنى ئىخلاس ۋە سەممىمىيەت بىلەن كۈتەتتى، زىياپەت قويۇق - سۇيۇقلىرى بىلەن تەل - تۆكۈس داۋام قىلاتتى. تويبېكە ئىچكىرى بىلەن تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ داستىخان يېڭىلايتتى، چاي توشۇيتتى. خىزمەت ئاياقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سوۋۇپ قالغان ئېشىنى يېيىش ئۈچۈن ئاپتاپ ئايىملارنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

گەپتىن - گەپ چىقىپ، ئاپتاپ ئايىم تويبېكتىن سورىدى:

— مېھمانلار قانداق ئادەملەر ئىكەن، تونۇدىڭمۇ؟

— نەھ سىز ياش مېھماننى كورمەپسىز، دۇنياغا كەلمەپسىز، — دىدى تويبېكە ئۇنىڭغا، — ئېشىنى تەتۈر چايىنغان ھالدا، — بىر چىرايلىق، بىر ئەقىللىق، يەنە ئۆزى ھەممىدىن يۇقۇرىدا ئولتۇرىدۇ؛ تېخى يىگىرمىگىمۇ بارمىغاندۇ، بۇرۇتىمۇ ئەمدىلا خەت تارتقان ... نەق بىزگە كۈيوغۇل بولىدىغان يىگىت ئىكەن، — دىدى ۋە كۈمۈشكە قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ سوزدىن ئاپتاپ ئايىممۇ كۈلۈمسىرەپ قىزىغا قارىدى:

— ئەنە كۈمۈش، — دىدى، — ئاڭلىدىڭمۇ، ئاچاڭنىڭ سوزىنى! تويبېكە ساڭا ئەر تېپىپتۇ، سەن بولساڭ بېشىم ئاغرىيدۇ، دەپ ياتىسەن.

كۈمۈش بۇۋىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىشىدىن ياقۇتتەك لەۋلىرى ئاستىدىكى سەدەپتەك ئاق چىشلىرى كورۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتى چاپىسانلا ئاچچىققا ئورۇلدى.

— قالغان خىزمەتلىرىڭىزنىڭ بىرسى ماڭا ئەر تېپىش ئىدى! تويبېكە كۈمۈشنىڭ ئاچچىقلىنىشىغا ئېتىۋار بەرمىدى:

— ۋاي، سىڭلىم، تېخى سەن بىلمەيسەن، — دىدى، — ئۇ يىگىتنى بىر كورگىنىدە، ھۇ، دەپ كېتىۋەرگىن ... سەن تۈگۈل مۇشۇ يېشىم بىلەن مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا تەككىم كەلدى، — دىدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

كۈمۈش بىبى شارتلا يۈزىنى تويبىكەدىن ئۆرۈدى.
— چاپسانراق ئېيتىۋېلىڭ!
— كاشكى ئېيتالىسام ئىدى، — دېدى تويبىكە، — مەن ئۇنىڭ بىر تال تۈكىگىمۇ تەڭ ئەمەس. ئەمما سەن بولساڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلەيتتىڭ. "تەڭ-تېڭى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن ..." ها-ها-ها!...

تويبىكىنىڭ شۇندەك پاراڭلىرى باشقا چاغلاردا كۈمۈشنى ئوبدانلا كۈلدۈرىسىمۇ، ھازىر ئۇنىڭغا يېقىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك، ئاچچىقلانغان پېتى يېتىش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئاپتاپ ئايىم "بەچچە-مەچچىدۇر" دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرىدا سۆز ئاچمىدى.
— تاشقىرىدىن خەۋەر ئېلىڭچۇ، ئاچا، — دېدى ئاپتاپ ئايىم، — چاي لازىم ئەمەسمىكىن.

تويبىكە ئىشىنى بىرى-بىرى يەپلا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەن ياكى ئۆتمىگەن ئىدى، ھودۇقۇپ ئايۋانغا كەلدى:
— تۇف-ھە، قۇرۇپ كەتسۇن، جىنىم چىقىپ كەتتىيا! — بىر سائەتتىن بېرى ئورنىدىن قوزغالماي جايىنامازدا تەسۋى تارتىپ ئولتۇرغان ئايشە بۇۋى تويبىكىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ چىقىپ، يەنە ئۆز مەشغۇلاتىغا كىرىشتى. ئاپتاپ ئايىم ئىلتىپاتسىزلا كۈلۈمسىرەپ سورىدى:
— نىمە بولدى، نېمىگە بۇنچە قورقۇش؟

تويبىكە دېمىنى راسلاپ تۆۋرۈكنىڭ تۈۋىگە ئولتۇردى:
— پاچچىمدىن① داستىخاننى ئېلىپ، قېقىش ئۈچۈن گىلاسنىڭ يېنىدىن ئۆتمەسمەنمۇ، قانداقتۇ بىر بالاغا پۇتلىشىپ كەتتىم. قورققىنىمدىن ۋايجانلاۋېتىشكە تاسلا قالدىم ... چامامچە مېھمانلارغا قاراپ تۇرغان ئىكەن!

---

① پاچچە-ئاچىسىنىڭ ئېرى، بۇ يەردە مىرزا كەرىم باينى ئېيتىۋاتىدۇ.

— كىم بالا ئىكەن؟

— قاراڭغۇدا ياخشى ئايرىيالمىدىم، رەڭگىنى ھىلىقى قارا ھامىدقا ئوخشاتتىم. يەنە ئۇمۇ، باشقىمۇ خۇدا بىلىدۇ، شاتۇر-شۇتۇر قىلىدى-دە، چىقىپ كەتتى.

* * *

قۇتىدار مېھمانلارنى ئۇزىتىپ، يېتىش ئۈچۈن يېشىنىۋاتقاندا ئاپتاپ ئايىم سورىدى:

— چىرايلىق يىگىت، ئەقىللىق يىگىت، دەپ تولا ماختاپ تويىبېكىنىڭ ئېغىزلىرى تېلىپ كەتتى، كىم ئىدى ئۇ؟

— مېھمىنىمىز شۇ ئىدى، — دىدى قۇتىدار — تاشكەنتلىك يۇسۇپبېك ھاجى ناملىق يېقىن ئاغىنەمنىڭ ئوغلى.

— تويىبېكىنىڭ ماختىغىنىچىلىك بارمۇ ئۆزى؟

— بار، — دەپ قۇتىدار ھەۋەسلەندى، — خۇدا كىشىگە ئوغۇل بەرسە شۇنىدىغىنى بەرسۇن-دە.

ئاپتاپ ئايىم كۈلە-كۈلە ئېرىگە تويىبېكىنىڭ ئاتابېك توغرىسىدا قىلغان گەپلىرىنى ۋە كۈمۈش بىلەن بولغان ماجراسىنى سوزلەپ بەردى. قۇتىدارمۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتالمىغان ھالدا:

— ساراڭنىڭ ئەقلى بالادەك، كۈيوغلۇڭ بولسا شۇنىداق بولسا، — دىدى.

## 6

# تاشكەنت ئۈستىدە قانلىق بۇلۇتلار

بۇ كۈنلەردە مەرغىلاندا شۇنداق خەۋەر چىقىپ قالدى: "تاشكەنت ھاكىمى بولغان ئەزىز بەگ قوقانغا قارشى باش كوتى-

ۋېتتۇ، خان تەرىپىدىن سېلىق ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن دىۋانبەگلەر-
نى ئۆلتۈرۈۋېتتۇ!» ئەتىسىگە بۇ خەۋەر تېخىمۇ باشقىچە تون كىي-
دى: «مۇسۇلمانقۇل نارمەھەممەت قۇشبېگىگە بەش مىڭ ئەسكەر-
نى قوشۇپ، تاشكەنتنىڭ ئۈستىگە ماڭغۇزۇۋېتتۇ!»

بۇ خەۋەرلەر كوپچىلىك تەرىپىدىن ناھايىتى ئاددى، تولىمۇ
سوغاق قانلىق بىلەن كۈتۈۋېلىندى. بۇ ۋەقەگە ھېچكىم ئەجەپلەن-
مىدى ۋە بۇنىڭدا ھەددىدىن تاشقىرى ھېچنىمە كورمىدى. خەلق-
نىڭ بۇنداق قىلىشىغا ھەققى بار ئىدى، چۈنكى بۇنداق تىنچ-
سىزلىقلارنى ئەمدى تولا كورۈۋېرىپ بەكمۇ ئۆگىنىپ قالغان،
بۈگۈن بولمىسا ئەتىلىككە ئۆزىنىڭ باتۇر بېشىنىڭ، ئاپتا بەچچى-
سىنىڭ، قىسقىسى كىم بولمىسۇن، بەگلەردىن بىرىنىڭ شۇنداق
تېنچسىزلىق تۇغدۇرۇشىغا «مۇمكىن ۋە بولىدىغان ئىش» دەپ
قارايتتى. ئەمما ئاتابېك بۇ خەۋەرگە سوغاق قانلىق بىلەن قار-
يالمايتتى ۋە قارىيالمىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن يەۋات-
قىنى ئاغزىدا، يۇتقىنى كانىيىدا قالدى.

ئۆزىنىڭ ئۇچۇق كوزى، ئوتكۇر زېھنى ئارقىلىق بۇنداق ئۆز
بېشىمچىلىق نەتىجىسىدە مۇدھىش - پالاكەتلىك مەنزىرىلەرنى
كورەتتى ۋە خەلقنى دەھشەتلىك يار، تۈۋى يوق جەھەننەمنىڭ
گىرۋىكىدە، يىقىلىش ئالدىدا تۇرغاندەك ھىساپلايتتى - دە، چوچۇپ
«خۇدا، ئۆزەڭ ساقلا!» دەيتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
گاڭگىراپ ھۇشىنى يوقاتتى، يارىسى يېڭىلاندى.

شۇنداق قايغۇلارنىڭ ئىچىگە چومۇپ ئولتۇرغاندا ھەسەن ئەلى
قولىدا بىر خەت كوتىرىپ ھوجرىغا كىردى، خەتنى ئاتا بېككە
ئۇزىتىپ «تاشكەنتتىن ئىكەن، ئاتىڭىزدىن بولسا كېرەك!» دىدى.
ئاتابېك خەتنى ئاچتى: چوڭ قەغەزدە، يوغان قەلەم بىلەن
يېزىلغان ئۇزۇن بىر خەت ئىدى. ئوقۇدى:

«ھۇۋەلبارى ... كوزىمىزنىڭ نۇرى، بېلىمىزنىڭ قۇۋ-
ۋىتى، ھاياتىمىزنىڭ مىۋىسى ئوغلىمىز موللا ئاتابېككە
يېتىپ مەلۇم ۋە روشەن بولغايكى، ئەلھەمدۇلىللا بىز

دۇئاگۇي پەدىرىڭىز، مۇشتىپەر ئانىڭىز ۋە يېقىن دوستلىرىـ
ڭىز بۇ يەردە ھەق تەئالانىڭ ساقلىشى ۋە ھىمايە
قىلىشى بىلەن ساق ـ سالامەت بولۇپ، كوز نۇرىمىزنىڭ
دوئايى جېنىنى ئەتىگەن، ئاخشاملىرى، بەلكى داۋاملىق
ھالدا رەببىلئالەمىندىن ئۈمىت ۋە ئىلتىماس قىلماقتىمىز.
جەناپ ھەق پات ـ پۇرسەتتە، يېقىن ۋە ياخشى سائەتـ
لەردە تەل ـ توكۇسلۇك بىلەن دىدار كورۇشۇشكە نېسىپ
ۋە تەقدىر قىلسۇن. ئامىن يا رەببىلئالەمىن. ئەمدى
سوزىمىز: ئوغلۇم، مەرغىلانىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ
بارغانلىق ھەققىدىكى خېتىڭنى ئېلىپ، ھەقتەئالاغا
شۇكۇرلەر قىلدۇق. بىزنىڭ تاشكەنتتىن ئەھۋال سورىـ
ساڭ، بەلكى مەرغىلانغىمۇ ئاڭلانغاندۇر، بۇ يەردە ئەزىز
بەگ قانداقتۇ بىر كۇچكە يولىنىپ قوقانغا قارشى
ئىسيان كوتەردى، غەزنە ھىساۋىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلـ
گەن دىۋانبەگلىرىنى ئولتۇرۇپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا
ئاستى، بۇنىڭغا قارشى قوقانمۇ جىم ياتمىغان بولسا
كېرەك، بۇگۈن كىراۋچىدىن ① بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن
نار مۇھەممەت قۇشبېگىنىڭ تاشكەنت ئۈستىگە ئەۋەتىلـ
گەنلىگىنى ئاڭلىدۇق. پۇقرانىڭ يەنە قانداق كورگۈـ
لۇكلىرى بارىكىن، ئوغلۇم!

تۈنۈگۈنلا قانلىق قىلىچىنى پۇقرانىڭ ئۈستىدە ئوينىـ
تىپ تۇرغان ئەزىز بەگكە، شۇ قانخورغا، ئۇنىڭ تىغى زۇلمى
بىلدن قارا قېنىغا مىلەنگەن ئوغلىنىڭ، ئاتىسىنىڭ، ئانىسىـ
نىڭ، ئاكىسىنىڭ بىچارە گەۋدىسى توپىنىڭ ئاسـ
تىدا تېخى چىرىپ بولمىغان خەلق بۇگۈن يەنە
ئوز قېنى بىلەن شەرت بەردى؛ ئەزىزبەگنى
تا ئوزىنىڭ بىرتاەچە قېنى قالغىچە ھىمايە قىلىشقا
قەسەم قىلىشتى، ئەزىزبەگنىڭ بۇيرۇغى بىلەن تۈنۈگۈن

①كىراۋچى — قۇراما ۋە تىلەۋ دىگەن جايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېزا.

ئۇردا تۇۋىگە ھەممە تاشكەنت خەلقى يىغىلىپتۇ، بۇ يىغىندا
ئۇلىمالارمۇ بار، موتىۋەرلەرمۇ بار، قىسقىسى شەھەرنىڭ
ھەممە سىنىپلىرىدىنمۇ بار ئىدى. ئەزىز بەگ ئۇردا قاراۋۇل
خانىسىدىن تۇرۇپ پۇقراغا سالام قىلدى. ئەزىز بەگنىڭ
سالىمىغا مۇشەررەپ بولغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار
ئاقماقتا ئىدى. ئوغلۇم، سەن بىرقەدەر ئاق بىلەن قارىنى
ئاجرىتالايسەن، يازغانلىرىمنى دىققەت بىلەن ئوقۇ.

ئەزىز بەگ ئۇردا دەرۋازىسىغا ئېسىلغان ئىككى گەۋ-
دىنى كۆرسىتىپ سورىدى:

"— پۇقرالار، كوردۇڭلارمۇ بۇ ئىككى گۇناكارنى، نىمە
ئۈچۈن بۇ جازاغا لايىق بولۇشتى؟"

خەلق:

"— بىلمەيمىز تەقسىر!"

ئەزىز بەگنىڭ ئۆزى جاۋاپ بەردى:

"بۇلار مۇسۇلمان چولاقنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرى-
دىن، قىپچاقلارنىڭ يول باشچىلىرىدىن ۋە قارا چاپان-
نىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان ئىككى توڭگۈزنىڭ گەۋدە-
لىرى! مەن بۇلارنى سىلەر قارا چاپان پۇقرايىمنىڭ
ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم. سىلەر قارا چاپان
ئانىمەلەرنىڭ قىپچاق قولىدا شېھىت بولغان قېرىنداش-
لىرىڭلارنىڭ روھلىرىنى خوشال قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈر-
دۈم! ياكى بۇ ھەركىتىم ئادالەتلىك بولماپتىمۇ؟"

خەلق جاۋاپ بەردى:

"— ئادالەت! خۇبدان قىلىپسىز، تەقسىر! قىپچاقلار-
نىڭ جازاسىنى شۇنداق بېرىش كېرەك!"

"— سىلەر قارا چاپانلىقلارغا خالىسانە قىلغان بۇ
خىزمىتىمگە قارشى، ئەلۋەتتە، قىپچاقلار قەستىمگە چۈشەر،
مېنى تاشكەنتنىڭ ھاكىملىقىدىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى ۋە
قوللىرىدىن كەلسە، ھەتتا ئۆلتۈرمەكچى بولۇشار! سىلەر

بۇ ئېھتىمالغا قانداق قارايسىلەر؟"

خەلق ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى جاۋاۋى بىلەن ئاسماننى كۆتۈردۈۋەتتى:

" — بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە يولىڭىزدا جان بېرىمىز! قىپچاقلارنىڭ ھەددى بارمىكىن، بىز تىرىك تۇرغان يەردە سىزنىڭ بىرتال تۈكىڭىزنىمۇ يۇلالايدىغان!"

ئەزىز بەگ خەلققە تەشەككۈر ئېيتىپ يارىسىنى ئاچتى:

" — رەھمەت، پۇقرالار! ئاڭلىشىمچە قىپچاقلار نارمۇھەممەت قۇشبېگىنىڭ قوماندانلىقىدا تاشكەنت ئۈستىگە ھەركەت باشلاپتىمىش. بۇنىڭغا قارشى بىزنىڭ تەييارلىنىشىمىز كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ، پۇقرالار؟!

خەلق:

" — كېرەك، ئەلۋەتتە كېرەك، تەقسىر! ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىز بۈگۈندىن باشلاپ قورغانلارنى تۈزەۋېرىمىز!"

ئەزىز بەگ:

" — رەھمەت، پۇقرالار! كەينىمدە سىلەردەك پۇقرالىرىم تۇرغاندا ماڭا ھېچبىر قايغۇ يوق."

خەلق:

"سىز ئامان بولۇپ خاتىرجەم ئولتۇرسىڭىز، قىپچاقتا يول بەرمەيمىز، تەقسىر! قورغاننى تۈزەشكە دۇئايىڭىزنى بېرىڭ، تەقسىر!"

ئەزىز بەگ دۇئاسىنى بەردى. خەلق ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئەنە، ئوغلۇم، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھالىغا يىغلاشنىمۇ بىلمەيسەن، كۈلۈشنىمۇ! ھەرھالدا تاشكەنتنىڭ ئۈستىگە يەنە قارا بۇلۇتلار چىقتى، ئىشنىڭ ئايىغى نىمە بىلەن تىنچلىنارىكىن، بۇ بىر خۇداغىلا مەلۇم. باشقا گەپلەردىنمۇ تولاراق يادىڭغا شۇنى سېلىپ ئۆتەيكى، سىياسەت توغرىلىرىدا ئويلىنىپراق سۆزلە! ئەزىزمەگەن

سەۋەپلەر بىلەن ھالاك بولغان جانلارنى دائىم كۆز ئالدىڭدا تۇت. سەن بىلەن مېنىڭ كۆڭۈللىرىمىزدىكى يارىتقۇچىغىلا مەلۇم بولۇپ، ئەمما پەرغانىدە مېنى ئەزىزبەگنىڭ دوستى، دەپ ئويلاشلىرى ۋە سېنى بىر پىتنەچىنىڭ ئوغلى، دەپ تونۇشلىرى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، شۇ جەھەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ئاياق باس! بۇ تىنچسىزلىق ۋاقتىدا سەن بىلەن مېنىڭ ھاياتىمىزنىڭ تەھلىكە ئاستىدا قالغانلىقىنى ئۇنتۇما! شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇ تىنچسىزلىق بېسىلمىغىچە تاشكەنتكە كەلمىگىنىڭ ياخشى. تاشكەنت تىنچىغاندىن كېيىن (ئەگەر سالامەت بولسام) ئۆزەم خەۋەر قىلىمەن. بۇ يەردىكى ھەممە يار-بۇرادەرلەر سالامەت، مەندىن ھەسەن ئەلىگە سالام ئېيتقىن! غەمكىن ئاتاڭ يۇسۇپبېك ھاجى.
تاشكەنت 27 نچى دەلۋ ئېيىدا. 1264 يىلدا يېزىلدى.“

ئاتابېك خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، چۈشەنمەي قالغان جۈملىلىرىنى يېڭىۋاشتىن كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئەزىزبەگ ۋەقاسىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئىختىيارسىز ”تۈلكە“ دەۋەتتى.

”... بېسىلمىغىچە تاشكەنتكە كەلمىگىنىڭ ياخشى“ بۇ جۈملىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىداق بولسا زادىلا ”تىنچىماقلار!“ دېدى-دە، مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى...

## 7

## مەجبۇرىيەت

قوقاندىن ھەر كۈنى دېگۈدەك خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. ”قوقان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تاشكەنت ئورىۋېلىندى!“ دېگەن خەۋەر بولغىنىدىن بۇيان ھازىر ئون بەش كۈنچە ۋاقىت ئۆتكەن

ئىدى. ئەمما تېخىچىلا — "تاشكەنت ئېلىندى!" دېگەن گەپ يوق ئىدى.

تۈنۈگۈندىن بېرى ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا: "نارمۇھەممەت قۇشبېگى يارىلىنىپتۇ، قوقان ئەسكەرلىرىدىن بىر يېرىم مىڭى قىرىلىپتۇ!" دېگەن خەۋەر تارقىلىپ كەتتى. چامىسى ئەزىزبەگ ئاسانلىقچە جان بېرىدىغاندەك ئەمەس.

ھىلىقى يارىسىنىڭ ئۈستىگە تاشكەنت پاجىئەسى كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاتابېك تېخىمۇ خىيالغا بېرىلىپ، خامۇشلۇقى يەنىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا بەزى كۈنلىرى ھوجرىسىدىن تاشقىرىغا چىقمايتتى ۋە ئادەملەر بىلەن گەپلەشمەيتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا كۈندىن-كۈنگە يالغۇز-خالىدا ياشايدىغان دەرۋىشكە ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ھەسەن ئەلى تۈنۈگۈنكى پىكرىنى راستىن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. چۈنكى ئاتابېكتىكى ئۆزگىرىش — كۈندىن-كۈنگە رەڭگىنىڭ سارغىيىپ كېتىۋېتىشى، ھوجرىدىن چىقماسلىقى، خامۇشلۇقى ۋە باشقىلار ھەسەن ئەلىنى ئوبدانلا قورقۇتۇپ قويغان ۋە ئۆزىنىڭ پەقەت تاماشىچىلا بولۇپ يۈرۈشىدىن ئۆزى رازى بولالمىغان ئىدى. توغرا، ئۇ ئاتابېكنىڭ مۇھەببىتىگە ۋاقىپ بولغىنىدىن بۇيان ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئۆزىنىڭ كوز ئوڭىدىن ئۇزاق تۇتمىغان ئىدى، يەنى: مەھبۇبىسى كىم، كىمنىڭ قىزى، بىرەر ئېپىنى قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، بىلىپ ۋە ئويلاپ كەلگەن ئىدى. ئەمما بۇ توغرىدا ئاتابېككە ياردەم بېرىشكە ھەققىي بەل باغلاشتىن ئۇنى بەزىبىر ئېھتىماللار توختىتىپ: "ئاتابېك ياش، ياشلارنىڭ مۇھەببىتى — ئۇچار قۇش، بەلكى بۈگۈن-ئەتە ئۇنتۇپمۇ كېتەر!" دېگەنگە ئوخشاش خىياللاردا يۈرگەن ئىدى. ئاخىرىدا ئاتابېكتىكى ئويچانلىق ۋە بولەكچە ئەھۋاللارنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋېرىشى ھەسەن ئەلىنى ھىلىقى خىياللاردىن ۋاز كەچكۈزۈپ، باشقا چارىلەرنى ئىزلەشكە مەجبۇر قىلدى.

گەرچە ئۇنىڭ قارارى بىر نۇقتا ئۈستىدە توختىغان بولسىمۇ، شۇ هالدا تىنجىپ تۇرماستىن، يەنە باشقىچە يوللارنى ئويلىدى، مىڭ خىل خىياللارغا بېرىپ كەلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ ئاتابېكنىڭ دەردىگە داۋا، دەپ هىساپلىمىدى ۋە ئاخىرى:
— قېيىنى كورەيچۇ، قەدىمىم مۇبارەك بولارمىكىن، — دەپ قويدى.

كەچقۇرۇنلۇق غىزادىن كېيىن، هەسەن ئەلى ئۆز هوجرىسىدىن كىيىنىپ چىقتى ـ دە، ئاتابېكنىڭ يېنىغا كىردى. ئاتابېك «بابىرنامە» ① مۇتالەسى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەزىبىر ئېهتىماللارغا قارشى ئۆزىنىڭ نىيىتىنى بىلدۈرمەستىن:
— ماڭا بۇيرۇيدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ، بېك، — دەپ سورىدى هەسەن ئەلى، — هاممامغا بارماقچى ئىدىم...

ئاتابېك كوزىنى كىتاپتىن ئۈزمەي جاۋاپ بەردى:
— ئىشىم يوق، بېرىۋېرىڭ.

هەسەن ئەلى چىقتى. قاش قارىيىپ، قاراڭغۇ چۈشەيلا دەپ قالغان ئىدى. هاۋا بۇلۇت، زەهەردەك شامال توت تەرەپكە ئىرغىيدۇ ۋە ئۆيەر ـ بۇيەردە قار ئۇچقۇنلىرىنى قوغلاپ يۈگۈرىدۇ. تولۇق تېشىلگەندە يېرىم بەلدىن لاي كېچىشكە توغرا كېلىدىغان كوچىلارنىڭ لايلىرى توڭلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتكۈنچىلەر قىينالمايتتى، ئەكسىچە ئىگىز ـ پەس قار ئويۇملىرىنى دەسسىگەندە پەيدا بولىدىغان ئاياق ئاستىدىكى "غاچ ـ غۇچ" ئاۋازلىرى ئادەمگە بىر تۈرلۈك هوزۇر، موزىكىۋى يېنىكلىك بېرەتتى. دۇكانلار ئېتىك بولسىمۇ، چايخانىلار ئوچۇق، ئادەملەر ئوتتۇرىغا گۇلخان يېقىپ چايخانىنىڭ بەچچىسىنى گاهى ئۆزلىرىگە خان كوتىرىپ ۋە گاهى ئۇنى "خان قىزى" دەپمۇ قويۇشاتتى. خان سايلىغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ياش يىگىتلەر بار بولغىنىدەك، يوغان سەللىلىك موللا كورۇنۇشتىكىلەر، يەتمىش ياشلىق قېرىلارمۇ كورۇنۇپ قالاتتى. قىش كېچىلىرى بەك ئۇزۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن

① زاهىرىددىن مۇهەممەت بابىرنىڭ ئەسىرى.

چايخانىلار ئاۋات...

ھەسەن ئەلى زىيا شايىچىنىڭ تاشقىرقى ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، مېھمانخانىنىڭ دەرىزىسىدىن قارىدى. دەرىزىنىڭ يوچۇغىدىن كورۇنگەن يورۇقلۇق مېھمانخانىدا ئادەم بارلىغىنى بىلدۈرەتتى. ھەسەن ئەلى ئۆزىنى تۈزىۋېلىپ، ئىچكىرىگە كىردى. زىيا شايىچى ناماز ئوقۇۋاتاتتى، مېھمانخانا چەت ئادەمدىن خالى ئىدى. بۇنداق توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن ھەسەن ئەلى خوشال بولدى ۋە زىيا ئاكىنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇشىنى ساقلاپ ئولتۇردى. زىيا شايىچى يان تەرەپكە سالام بېرىپ، جەينامازدا ئولتۇرغان يېرىدىن كەينىگە قاراپ قويدى. دۇئاغا قول كوتەردى. دۇئادىن كېيىن، كېلىپ ھەسەن ئەلى بىلەن سوراشتى:

— كېلىڭ ئاتا، تېچلىقمۇ؟

— شۈكرى، تېچلىق.

سەندەلنىڭ چورىسىگە ئولتۇرۇشتى. بىردەم سوزسىز قېلىشتى. زىيا شايىچى بۇ ۋاقىتسىز كېلىشكە چۈشىنەلمەستىن "نىمە قىلىپ يۈرىيسەن" دىگەندەك، بىرنەچچە قېتىم ھەسەن ئەلىگە قارىۋالدى.

— ئەجەپلەنمەڭ، باي ئاكا، كېلىشىمدە بىر مەجبۇرىيەت بار.

— سىزنى ئاتابېك ئەۋەتتىمۇ؟

— ياق، ئۆزەم كەلدىم، باي ئاكا.

زىيا شايىچى يەنە چۈشىنەلمىدى. توغرىسىمۇ ھەسەن ئەلىنىڭ بۇ كېلىشى زىيا ئاكا ئۈچۈن يات بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ھەسەن ئەلى ئاتابېكنىڭ قۇلى. قۇللار بىلەن جىددىي مۇئامىلىدە بولۇشمۇ زىيا شايىچىدەك ئادەملەرگە ھەددىدىن تاشقىرى بىر ئىش. ئۈنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئۆزىچە كېلىشى.

زىيا ئاكىنىڭ بېشى قېتىپ ئاخىرىدا سورىدى:

— مەجبۇرىيىتىڭىز؟

ھەسەن ئەلى كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— مەجبۇرىيىتىمنى ئاڭلىسىڭىز بەلكى ئىشەنمەسسىز.

— خوش،

— ئۆزىڭىزگە مەلۇمكى، — دېدى ئۆزىنى تۈزەپ ھەسەن ئەلى، — مەرغىلانغا كەلگىنىمىزگە يىگىرمە بەش كۈن، بىر ئايلار چامىسى ۋاقىت ئۆتتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئاتابېك دەرتمەن.

زىيا ئاكا ئەجەبلەنگەن ئىدى:

— قانداق دەرتمەنلىك، ئاتابېك ساقمۇ؟!

— راست ئېيتىسىز! — دېدى ھەسەن ئەلى، — مەنمۇ ئۇنىڭ دەردىگە بىرنەچچە كۈنگىچە چۈشەنمەي يۈرگەن ئىدىم.

— خوش، دەردى؟

— مۇھەببەت.

— مۇھەببەت؟!

— مۇھەببەت! — دەپ تەكرارلىدى ھەسەن ئەلى، — شۇ يىگىرمە بەش كۈنلۈك بىر مۇددەتنىڭ ئىچىدە ئۇ پۈتۈنلەي بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بۇ ئۆتتۈردا قانداق تەشۋىشلەرگە چۈشمىدىم، سورايدىغان بولسىڭىز.

— كىمگە مۇھەببەت قويۇپتۇ، خەۋىرىڭىز بولدىمۇ؟

— بولدى... قۇتىدارنىڭ قىزىغا!

— ھە-ئە! — دەۋەتتى زىيا ئاكا ۋە بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن سورىدى، بۇنى سىز ئېنىق بىلەمسىز؟

— ئېنىق بىلىمەن.

— ئۆزى ئېيتتىمۇ؟

— ئۆزى ئېيتمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېقىن ئېلىپ باردى.

— ئاتابېك قىزنى قەيەردە كۆرۈپتۇ؟

— ئەپسۇسكى بۇنى بىلمىدىم!

ھەسەن ئەلىنىڭ كېلىش مەجبۇرىيىتى ۋە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى زىيا ئاكىغا ئوبدان ئۇقۇشۇلغان بولسىمۇ، يەنە سورىدى:

— ئەمدى نىمە قىلماقچىسىز؟

— ھوزۇرىڭىزغا كېلىشىمنىڭ باش سەۋەبىمۇ شۇيەردە! — دېدى ھەسەن ئەلى، — بۇ توغرىدا سىز قانداق يوللارنى كۆرستىسىز

ه نمه مەسلىھەتلەرنى بېرىسىز، ئەلۋەتتە، شۇنىڭغا قاراپ بىر
ش قىلىمىز، دەپ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم.
زىيا ئاكا ئويلاپ قالدى. "قىزىق گەپ" دەپ بىر-ئىككى
ىتىم ناس چېكىۋالدى. بۇ ئارىدا ھەسەن ئەلى ھېكايىنى باش-
ىن ئاخىرىغىچە سوزلەپ چىقتى.
— نازۇك گەپ، — دىدى ئاخىرىدا زىيا ئاكا، — ئەگەر بىز
اتابېكنى بۇ يەردىن ئويلەپ قويساق، ھاجى بىزدىن خاپا بول-
اسمىكىن؟
— كوپ ياشاڭ، باي ئاكا! قۇلىڭىزمۇ بۇ توغرىدا كوپ ئوي-
ىدى. بىز بۇ ئىشقا مەجبۇر بولغانىدىن كېيىن خاپا بولسا
انداق قىلاتتۇق، شۇنىڭ بىلەن يەنە بۇنىڭغا خاپا بولىدىغانىغا
ۇسۇپبېك ھاجىمۇ ئۇنچە ئەقىلسىز ئادەملەردىن ئەمەس. ئەمما
ەن قۇتىدار ماقۇل دەمدۇ، دىمەمدۇ، دەپ بۇ تەرەپنى ئويلاۋاتىمەن.
زىيا ئاكا يەنە ئويلىنىپ بېشىنى تاتىلىدى.
— ئېيتقىنىڭىزدەك مەسلىنىڭ بۇ تەرىپىمۇ نازۇك، — دىدى، —
ەمما قۇتىدارنىڭ ئاتابېككە ياخشى قارىشىنى بىلسەممۇ، ئوتتۇرىدا
ىراقلىق مەسىلىسى بار... قىزىمنى مۇساپىرغا بەرمەيمەن، دەپ
ويارمىكىن، بىلمەيمەن...
— مېنىڭچە قۇتىدارنىڭ ئالدىدىن بىر قېتىم ئوتەيلى! — دى-
ى ھەسەن ئەلى. ئەگەردە ماقۇل بولۇپ خوپ دىسە ياخشى،
ۇنىمىغان تەقدىردە بۇ خەۋەرنى ئاتابېككە يەتكۈزسەك، بەلكى
ۇنىڭ بىلەن كوڭلى سوۋۇپ قالسا يەنە ياخشى.
ھەسەن ئەلىنىڭ بۇ سوزى زىيا ئاكىغىمۇ يېقىپ كەتتى:
— بولمىسا، قۇتىدارنىڭكىگە قاچان بېرىلسا، دەيسىز؟
— بۇ ھەقتىكى ئىختىيار سىزدىدۇر.
زىيا ئاكا ئۆيلاپ تۇردى-دە، چىرايىدا كۇلكە پەيدا بولدى:
— ھازىر بارىمىز! — دىدى، — بىزمۇ ئومرىمىزدە بىر ئەل-
چىلىك قىلايلى.
زىيا ئاكا كىيىنىش ئۈچۈن قوزغالغان ئىدى، ھەسەن ئەلى

ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مېنىڭمۇ بىللە بېرىشىم لايىقمۇ ياكى يالغۇز ئۆزىڭىزمۇ؟

زىيا ئاكا قول سىلكىپ:

— سىزنىڭ بارغىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق، — دېدى.

## 8

## قۇتلۇق بولسۇن

...زىيا شايىچىنىڭ كۈلۈپ ئېيتقان سوزلىرىگە قۇتىدار زادىلا چۈشەنمەيتتى ۋە كۈتۈلمىگەن مېھمانلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى سوراشتىن ئەيمىنەتتى.

— ئوتنى قويۇپ تۇرۇپ قۇدىلارغا داستىخان ئېلىپ چىقمىلىڭ!

زىيا شايىچىنىڭ كۈلۈپ ئېيتقان بۇ سوزىدىن كېيىن قۇتىدار سەندەلگە ئوت سېلىشنى قويۇپ، داستىخان بۇيرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىگە قوزغالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ھەسەن ئەلى "تەقدىر نېسىپ قىلغان بولسۇن - دە" دەپ قويغان ئىدى، زىيا شايىچى قىتىنى قىلىپ "ئىنشائاللا نېسىپ قىلار، شۇنداق يىگىتنى كۈيوغۇللۇققا قوبۇل قىلمىغان بىركىشىنى بىز ئادەم دېمەيمىز!" دېدى.

قۇتىدار يېنىپ چىقتى... زىيا ئاكا بىلەن ھەسەن ئەلى مەنىلىك قىلىپ بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇشماقتا ئىدى. قۇتىدار بولۇپمۇ زىيا ئاكىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ، كوڭلىدە قىچقىرىلمىغان مېھمانلاردىن چۈشەنمەك تەس بولغان بىر مەنىنى سەزمەكتە ئىدى. ئارىدىكى سوزسىزلىك ئۇزاققا سوزۇلۇۋەرگەندىن كېيىن قۇتىدار ھەسەن ئەلىدىن سورىدى:

— بېك سالامەتمۇ؟

زىيا ئاكا سوزىنىڭ ئېپى كەلگىنىنى پەملەپ، ھەسەن ئەلىنى جىم تۇرۇشقا شەرەت قىلدى ۋە ئوزى جاۋاپ بەردى:

— بىزنىڭ سىزگە قىچقىرىلمىغان مېھمان بولۇشىمىزمۇ ئاتابېكنىڭ ساقلىغى ئۈچۈندۇر.

قۇتىدار بۇ جاۋاپتىن بىرنىمە چۈشىنەلمىدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن يېنىشلاپ سورىدى:

— ئاتابېك ساقمۇ؟

— ھازىرغىچە ئاتابېك سالامەت، — دېدى زىيا ئاكا سالماق بىلەن، — ئەمما بېكنىڭ مۇندىن كېيىنكى ساقلىغى سىزنىڭ قولىڭىزدا قالغان ئوخشايدۇ.

قۇتىدار يەنە چۈشىنەلمەستىن ھەيرانلىق بىلەن مېھمانلارغا قاراپ قويدى.

— چۈشىنەلمىدىم...

— يەنى ئاتابېك ھازىرغىچە سالامەت! — دېدى زىيا ئاكا يەنە، — ئەمما بۇنىڭدىن كېيىنكى ساقلىغى سىزنىڭ قولىڭىزدا.

— مېنىڭ قولۇمدا؟!

— سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا!

— ئاتابېكتەك بىر يىگىتنىڭ ساقلىغى ھەر - بىر ئەقىللىق كىشى ئۈچۈن مەقسەت بولسىمۇ، — دېدى ھەيرانلىق بىلەن قۇتىدار، — لېكىن سۆزىڭىزنىڭ شۇ يېرى قىزىقكى، قانداقچە بىر يىگىتنىڭ ساقلىغى ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن!

زىيا ئاكا بايىقى ۋەزىيىتىنى بۇزمىدى:

— ئەجەپلەنمەڭ، يولداش! — دېدى، — بېكنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ساقلىغى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، بۇ ئويۇن ئەمەس، راست گەپ.

قۇتىدار بىردىنلا مۇددىئانىڭ كىم ۋە نىمە توغرىسىدا بولغانلىغىنى پەملەپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ بىر تۈرلۈك ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى سەزدى، زىيا ئاكا تويبېكنىڭ سالغان داستىخىنىنى تۈزىتىپ، توقاچلارنى ئۈشتىدى. ھەسەن ئەلى بىلەن قۇتىدارنى نانغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى مەقسىتىنى ئۇچۇقراق چۈشەندۈرمەكچى بولدى:

— مۇھەببەت دېگەن نېمە ناھايىتى ئاز ئادەملەرگە نېسىپ بولىدىغان بىر باھاسىز گۆھەردۇر، — دېدى زىيا ئاكا، — قەدىردانلىقىڭىز يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى ئاتابېك بىرنەچچە كۈن-لەردىن بۇيان داۋاملىق بىر دەرت بىلەن ئاغرىيدۇ ۋە كۆرۈنۈش-تە ئۇنىڭ قولى، ئەمما ھەقىقەتتە ئاتابېكنىڭ مەنىۋى ئاتىسى بولغان ھەسەن ئەلىي ئاتا ئۇنىڭ يوشۇرۇن دەردىنىڭ ئەسلى ئامىلىنى ئىزلەيدۇ، بېكنىڭ ئۆزى بولسا، ئۆز ھالى توغرىسىدا ھېچنېمىنى سەزدۈرمەستىن دەردىنى يوشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خوجىسىغا ئىخلاسلىق ھەسەن ئەلىنىڭ تەجرىبىلىك تەكشۈرۈشى-دىن بېكنىڭ يوشۇرۇن دەردى يىراقتا قاچالماستىن، نەتىجىدە سىر ئېچىلىدۇ... شەربەت ئىشىغا ئۇيات يوق، دېيىشىدۇ، يولداش، ئەگەر سىز بىلەن ماڭا بىرئاز ئېغىرراق بولسىمۇ، يەنە سۆزلەپ ئۆتۈشكە ھاجەت چۈشىدۇ: كۈنلەردىن بىر كۈنى تەقدىر شامىلى چىقىدۇ - دە، بىر ئادەمنىڭ ئىپپەت پەردىسى ئاستىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ يۈزىدىكى نىقاۋىنى كۆتىرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئاتابېكنى شۇ پاك قىزغا توغرا كەلتۈرىدۇ. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ بېكتە ئۇ پاك قىزغا قارىتا بىر ئىشق، ھەم ھەقىقى بىر ئىشق تۇغۇلىدۇ.

زىيا شايىچى ئۆز تەرىپىدىنمۇ يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى قوشۇپ چېتىپ سۆزىنى تۈگەتتى. قۇتىدار ئۇيدانىلا ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. قۇتىدارلا ئەمەس، ئەلچىلەرمۇ ئەپسىز ئەھۋالدا قېلىشقان ئىدى. مەسىلىنىڭ نازۇكلۇقىغا ئۇچىلىسىمۇ چۈشىنەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كېلىشىۋالغاندەك چوڭقۇر بىر جىم-لىقتا چوكۇشكەن ئىدى.

گەرچە مۇددىئا كۈندەك ئاشكارا بولغان بولسىمۇ، نىمىشقىدۇ قۇتىدار يەنە ئۆزىنى بىلمەسلىككە سېلىپ سورىدى:

— ئۇكىمنىڭ قىزى ئىكەن؟

زىيا شايىچى قۇتىدار تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلىدىغان بۇ سوئال-مى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

— سىزنىڭ كەرىمىڭىز، — دېدى.

قۇتىدار ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز سوئالىغا ئوكۇنۇپ يەرگە قارىدى. ئوتتۇرىدا يەنە سوزسىزلىك، ئەپسىزلىك باشلاندى. بىرنەچچە ۋاقىت شۇ يوسۇن جىم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن يەنە زىيا شايىچەنىڭ ئۆزىگە سوز قىلىشقا توغرا كەلدى:

— بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ كېلىشىمىزدە سىزنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا ئەرزىگۇدەك بىر ئوغۇل ھەدىيە قىلغىنىمىزدەك، ئىنشائاللا قايتىشىمىزدىمۇ ئاتابېك ئۈچۈن مۇجەسسەمىي ئىپپەت بولغان بىر رەپىقە توھپە قىلارمىز.

بۇ سوزدىن كېيىن ھەسەن ئەلىنىڭ يۈرىكى گۇپۇلدەشكە باشلىدى. چۈنكى، مۇشۇ مىنۇتتا قۇتىدارنىڭ ئاغزىدىن يا رەت، يا ماقۇل جاۋاۋىنى ئاڭلايتتى: ئىككىنچى تەرەپتىن، كۈتۈلمىگەن بۇ ئەلچىلىككە ئىشىنىشىنىمۇ، ئىشەنمەسلىكىنىمۇ بىلمەي، ئالدىراپ ئولتۇرغان قۇتىدارمۇ ئۆزىنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ تۇرغان ئىككى ئادەمگە قانداق جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن گاڭگىراپ قالغان ئىدى.

— ئاتابېككە ئوخشاش بىر يىگىتنى ئوغۇل قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولالىسام، ئۆزەمنى ئەڭ بەختلىك ئاتىلاردىن، دەپ ھىساپلايتتىم، — دېدى ئاخىرىدا قۇتىدار، — ئەمما بۇ توغرىدىكى ھەممە ئىختىيار ئۆز قولۇمدا بولماستىن، ئارىدا ئاق سۈتىنى بېرىپ چوڭ قىلغان خوتۇنىمۇ بار ... بۇ ئىش ئۈچۈن يالغۇز ئۆزەم قوبۇل جاۋاۋىنى بەرسەم، ئانىسى بىرچەتتە قېلىپ قالسا، ئېھتىمال پۈتتا ئىش قىلمىغان بولارمىز. ئەگەر توغرا تاپساڭلار، بۇ توغرىدا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كورەتتىم.

قۇتىدارنىڭ جاۋاۋىدىن سەممىيات ۋە ئىخلاس مەنىلىرى تېمىپ تۇراتتى. جاۋاپىنى ئاڭلىغان ئەلچىلەرنىڭ تومۇرىغا ئۈمىت قانلىرى يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بۇ ئات سودىسى ئەمەس، ئومۇر سودىسى بولىدۇ! — دېدى زىيا ئاكا، — يەڭگىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ، ئاتابېك ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى توغرىسىدا بىلگەنلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، شۇنىڭ-

دىن كېيىن ئوبدان ئويلىنىپ بىزگە جاۋاپ بېرىڭ.

شۇ گەپتىن كېيىن قۇتىدار مېھمانلارنى قويۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. كۈمۈش بىبى ئۇخلاشقا ياتقان ئىدى. تويىبكە بولسا ئۆزىنىڭ ئوچاق بېشى يېنىدىكى كىچىككىنە ئۆيىنى تىترىتىپ خورەك تارتماقتا ئىدى. قۇتىدار ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋېتىپ، ئايۋاندا ئۆزىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئاپتاپ ئايىمغا ئېيتتى:

— شامنى ئېلىپ يېنىمغا كىرگىنە.

ئۆي جاھازغا ناھايىتى باي، گويا ئاجايىپخانا كورۇنۇشىنى بېرەتتى. مېھراپتا تۇرلۇك رەڭدار ئەتلەس ۋە شايىلار بىلەن تاشلانغان كورپىلەر، ئويۇق تەكچىلىرىگە دوۋىلەنگەن ماموق ياستۇقلار، دەستە - دەستە جۇڭگو جانانلىرى، ئاپقۇرلار، كوزىلار، چىنە چاي ئەسۋاپلىرى، قالقان ۋە سىپارلار، ئېسىپ قويۇلغان تۇرلۇك - تۇرلۇك ئەر ۋە خوتۇنلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى: جۇۋا، چەكمەن ۋە باشقىلار، قىپ-قىزىل گىلەم ۋە شايى كورپىلەر كىشىنىڭ كوزىنى چاقنىتىۋەتكۇدەك دەرىجىدە ئىدى.

ئالدىراپ ئاغزىغا تەلمۇرگەن ئاپتاپ ئايىمغا بىر كۇلۇمسىرەپ قويدى - دە:

— خوتۇن، سەن تېخى ئاۋۇ ئەلچىلەردىن خەۋەرسىزدۇرسەن؟ — دېدى.

ئاپتاپ ئايىم ئېرىنىڭ "ئەلچى" خەۋىرىنى ئاددىلا كۇتۇۋالدى، چۈنكى ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆيلىرىگە كۇن ساناپ ئەلچىلەر توپى يىغىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن، بۇ ئەلچىلەرمۇ شۇلارنىڭ بىرسىدۇر، دەپ ئويلىغان ئىدى.

— خەيرلىك بولسۇن، كىم ئەلچىلەر ئىكەن؟

قۇتىدار يەنە بىر كۇلۇپ قويدى:

— زىبا شايىچى، يەنە سەن تونۇمايدىغان بىر ئادەم.

ئاپتاپ ئايىم بۇگۇنكى ئەلچىلەرنىڭ قۇتىدارغا باشقىچىرەك ئۆزگىرىش بەرگەنلىكىنى پەملىدى ۋە بۇنى ئېرىنىڭ سەممى ۋە ئالدىراپ قېلىشىدىن بىلدى:

— كىم ئۈچۈن كېلىشىپتۇ؟

— بۇنىڭدىن ئونبەش كۈنلەرچە ئىلگىرى بىز بىرتاشكەنتلىك سودىگەر يىگىتنى مېھمان قىلغۇدۇق، بەلكى يادىڭىزدا باردۇر؟

— يادىمدا بار: تويىپكە ماختاپ كىرگەن يىگىت.

— ئۇلمە، خوتۇن، — دېدى قۇتىدار، — ئەنە شۇ يىگىت ئۈچۈن، كېلىشىپتۇ! — بۇ سۆزدىن ئاپتاپ ئايىم ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئېرىگە قارشى نارازىلىق ۋەزىيىتىنى ئالدى:

— مۇساپىر - پۇ؟!

ئاپتاپ ئايىمنىڭ بۇ سۆزى بىلەن قۇتىدار بېشىنى تاتىلاپ قويدى ۋە ئۈمىتسىز بىر ئاۋازدا:

— مەنمۇ شۇ تەرىپىگە ھەيران بولۇپ قالدىم! — دېدى، — بولمىسا، ئۇزى ئەينى بىز ئىزلىگەن، ھەممىلا جەھەتتىن كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدى.

ئاپتاپ ئايىم باشقا خوتۇنلارغا ئوخشاشلا ئېرىنىڭ رايى ۋە خاھىشىنى، ئومۇمەن پۈتۈن شەخسىنى ئېھتىرام قىلغۇچى بىر خوتۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ ھازىرقى رايىنى گەرچە ئۆز تىلىگىگە پۈتۈنلەي قارشى ھېساپلىسىمۇ، يالغۇز "مۇساپىرلىق" مەسىلىسى بىلەنلا گەپكە خاتىمە بەرمەستىن، باشقا تەرەپلەردىنمۇ كەمچىلىكلەر تېپىپ ئاساسلىق رەۋىشتە قۇتىدارنىڭ ئاتابېك تەرەپكە قاراپ ھارارەتلىنىۋاتقان يۈرىگىگە سۇ سەپمەكچى بولدى:

— ئۇزى قانداق ئادەمنىڭ ئوغلى، ئاتىسى سىزگە تونۇشمۇ؟

ئاپتاپ ئايىمنىڭ بۇ سوئالى ئۇزى ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ چىقتى. چۈنكى قۇتىدار، يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ قانداق ئادەم بولغانلىقىنى، ھازىر قايسى ئىشتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇششاق - چۈششەكلىرىگىچە تەپسىلى سۆزلەپ چىقىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— يىگىتنىڭ نەسلىنى ئەيىپلىگىلى بولمايدۇ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ يىگىت نەسلى جەھەتتىن بىزدىن بىرمۇنچە يۇقۇرىدا!

تۇرىدۇ! — دەپ قويدى.
ئاپتاپ ئايىم ئەمدى ئىككىنچى يول بىلەن ماڭدى:
— ئۆيلەنگەنمىكەن؟
— ئۆيلەنمىگەن. بۇنى قايسىدۇر بىر ئولتۇرۇشتا ئۇنىڭ قۇلىدىن ئاڭلىغان ئىدىم.
— يېشى قانچىلەردە بار؟
— جىق بولسا يىگىرمە بەش ياشلاردا بار. بولمىسا يىگىرمە ئىككى، يىگىرمە ئۈچلەردىن ئاشمىغان.
— نىمە مەجبۇرىيەت بىلەن بىزگە كۇيوغۇل بولماقچى، تاشكەنتتىن قىز تېپىلماپتىمۇ؟
— تېپىلسىمۇ ياقتۇرمايدىكەن، — دىدى قۇتىدار ۋە ئەپسىز ھالەتتە ۋەقەنى شىپشىتىپ چىقتى. مەسىلىنىڭ بۇنداق باشلىنىشىغا ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىنىڭ مايىللىنىشىغا ئاپتاپ ئايىم نىمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. توغرا، ئېرىنىڭ بۇ مەيلى خېلىلا بىر دەلىل - سەۋەپلەرگە ئاساسلىنىپ بولغان مەيلى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، كۇيوغۇل بولىدىغان يىگىتنىڭ ئۆزلىرىگە ئوغۇللۇققا لايىق بىر ئادەم ئىكەنلىكىگە كوزى يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر بۇ گەپلەردىنمۇ ئالدىنراقتا "مۇساپىرلىق" مەسىلىسى تۇراتتى: بىرنەچچە يىللاردىن بېرى مۇۋاپىق كۇيوغۇل ئىزلەپ - ئىزلەپ ئاخىرىدا تاشكەنتلىك بىر مۇساپىرغا بېرىش خورلۇقى ئاپتاپ ئايىم ئۈچۈن ئېغىر ئىدى.
— ئەمدى قانداق مەسلىھەت بېرىسەن، خوتۇن؟
ئاپتاپ ئايىم ئۆز پىكرىنى ئوچۇق ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى، ئېرىنىڭ كوڭلى قېلىشىدىن قورقاتتى. ئەمما "مۇساپىر" مەسىلىسىگە جان - دىلىدىن قارشى ئىدى.
— سىز مۇۋاپىق كورگەن بىر ئىشقا قارشى چىقىپ، رايىڭىزنى قايتۇرمايمەن، — دىدى كوپ ئويلىغاندىن كېيىن ئاپتاپ ئايىم، — چۈنكى قانداق بولسىمۇ سىزنىڭ ئاتىلىق نامىڭىز بار ھەم تولاراق ئىختىيار سىزنىڭ قولىڭىزدا. مەن ئەلۋەتتە كوزىڭىزنىڭ

ئاق ۋە قارىسى بولغان يالغۇز قىزىڭىزنى يامان. بولمىغۇر ئادەمگە تۇتۇپ بېرىسىز، دەپ ئويلىمايمەن. بۇ جەھەتتىن بۇئىشقا رازىلىقىم بىلىنىسمۇ، لېكىن قارشىلىق جايىم شۇنىڭدىكى، كۆيوغۇل تاشكەنتلىك بولغاچقا قىزىڭىزنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەر ۋە سىز بىلەن مېنى يالغۇز بالىمىزدىن ئايرىۋېتەر... بۇ تەرىپىگە كەلگەندە سىزنى بىلمىسەممۇ، ئەمما مېنىڭ بۇنداق جۇدالىققا پەقەت تاقىتىم يوق. مانا مۇشۇ تەرىپىنى يېنىكرەك ئويلىغان بولسىڭىز كېرەك، جېنىم.

— سۆزلىرىڭىز توغرا، خوتۇن، — دېدى ئويلاپ قۇتىدار، — لېكىن تەقدىر نېسىپ قىلغانمۇ، شۇنىڭغىمۇ، نىمىگە بولسىمۇ بۇ يىگىتكە كوڭلۇم تېپىپ تۇرىدۇ. بۇ پىكرىم ساڭا ماقۇل چۈشەمدۇ، چۈشەنمەمدۇ، ھەر ھالدا ئەمدى ئۇزاق ئويلىشىپ ئولتۇرمايلى-دە، ئۆز خاھىشىمىزچە قىلىپ جاۋاپ بېرەيلۇق: مەسىلەن، ئەلچىلەرگە رازىلىقىمىزنى بىلدۇرۇپ، ئەمما كۈيۈشنى مەرغىلاندىن ئەپكەتمەسلىكنى شەرت قىلىپ قويايلى. ئەگەر شەرتىمىزنى قوبۇل قىلىشسا، يالغۇز بالىمىز ئىككى بولۇپ ئەينى بىزنىڭ مۇددايىمىز بولىدۇ، قوبۇل قىلىشمىسا، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىدىن يامانلىسۇن. مانا بۇ مەسلىھەتكە نىمە دەيسەن، خوتۇن.

— مۇساپىرلىغى.

— بىز تېپىنى كۆيوغۇل قىلمايمىز، — دېدى قۇتىدار، — بىزگە ھەقىقىي يىگىت كېرەك، خەلق "مۇساپىرغا بەردى" دەپ سۆزلىسە - سۆزلەۋەرسۇن!

ئاپتاپ ئايىم ئېرىنىڭ مەيلىنى باشتىلا پەملىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خالار - خالىماس "ئۆزىڭىز بىلىسىز" دېگەن جاۋاپنى بەردى. جاۋاپنى ئېلىپ قۇتىدار ئەلچىلەرنىڭ يېنىغا چىقتى ۋە مەلۇم شەرتنى ئۇلارغا ئېلان قىلدى. بۇ شەرتنى ئاتابېكنىڭ نامىدىن زىيا شايىچى قوبۇل قىلىپ، قۇتىدارنى ئاتابېكتەك بىر يىگىتنى كۆيوغۇل قىلىشى بىلەن تەبرىكلىدى ۋە مۇشۇ تەكەللۇپسىز ئەلچىلىك بىلەن ئۆمۈر سودىسى تۈگىگەن

ھېساپلاندى. ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەتلىك، نەۋرە - چەۋرىلىك بولۇشلىرىغا دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەلچىلەرگە زەر تۇتقان تونلار يېپىلدى. ھەسەن ئەلى قۇتىدارغا ئۆزىنىڭ مىننەتدارچىلىقىنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيتتى. سوز ئارىلىرىدا ئۇنى دۇئالار بىلەن كومۇپ تاشلىدى.

— تونلار مۇبارەك بولسۇن!

— سىزگە كۈيوغۇل مۇبارەك بولسۇن!

قۇتىدار ئىخلاس ۋە سەممىيەت بىلەن:

— قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى.

## 9

## كۈتۈۋېلىش

بۈگۈنكى كۈتۈلمىگەن كېچە ھەسەن ئەلى ئاتىنى گاڭگىرىتىپ قويغان، ئۇنىڭ قىرىغان كوزلىرى ئۇيقۇ بىلەن پۈتۈنلەي قېپىدىشۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئەتىلىككە ئەتىگەندە قايسى يوسۇندا بېكىكە بىلدۈرۈش يوللىرىنى ئويلايتتى، بۇ ھەددىدىن تاشقىرى خۇش خەۋەرنى بېكىنىڭ قايسى يوسۇندا كۈتۈۋېلىشىنى ئويلايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن ئاتابېكتە يۈز بېرىدىغان ئوزگىرىشلەرنى، ھاللارنى، ھەركەتلەرنى... ھەممىسىنى بىرمۇ - بىر كوز ئالدىدىن ئوتكۈزەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەپتىلەپ ھوجرىنىڭ ئىچىدىن چىقماي ياتقان ئاتابېكنى كوچىلاردا، بازارلاردا، قۇتىدارنىڭ ئويلىرىدە خوشال بولۇپ، روھلىنىپ يۈرگىنىنى كورەتتى. بۇ ئويلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كوزلىرى ئۇيقۇسىراپ يۇمۇلۇشقا باشلاش بىلەن، كوز ئالدىغا ئاتابېك كېلىپ توختايتتى. "ئاتا مەن سىزنىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭىزنى زادىلا ئۇنتۇماسمەن!" دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن

بولاتتى. ھەسەن ئەلى ئويغىنىپ كېتەتتى ۋە يېڭىۋاشتىن شۇ توغرىدا ئويلاشقا باشلايتتى. "بېچارە! ياخشى كورگىنىڭ توغرىسىدا ئويلاۋېرىپ بېشىڭ ئاغرىدىپ، ئاھلار چېكىپ ياتىدىغانسەندۇ... يارىدەمچىڭنىڭ يوقلۇغىدىن ئۈمىدىڭ ئۈزۈلۈپ، ھەسرىتىڭنى كىمگە ئېيتىشنى بىلمەيدىغاندۇرسەن! قايغۇرما، بېگىم! ھەسەن ئەلى ئاتاڭ بۇ توغرىدىمۇ سېنى يادىدىن چىقارمىدى... بۈگۈنكى كېچە سېنىڭ قايغۇلۇق كېچىلىرىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئايدىڭ ھەم شېرىنەتلىك كېچىلىرىڭنىڭ ھارپىسى، بېگىم!"

ھەسەن ئەلىنىڭ كوزلىرى يەنە ئۇيقۇغا كېتەتتى، ئالدىغا ئاتابېك بىلەن ئۇماق چىرايلىق بىر قىز چىقىپ كېلەتتى ۋە ئىككىسى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىشەتتى. "بىزنىڭ ھەققى ئاتىمىزسىز!" دېگەندەك بولۇشاتتى. ھەسەن ئەلىنىڭ يەنە ئۇيقۇسى قاچاتتى.

يېشىم ئاتمىشتىن ئوتكە يەتتى، ئوغلۇم - قىزىم بولمىدى... دۇنيادىن چىراقسىز كېتىۋاتىمەن... دەرۋەقە ئاتابېك ماڭا ئوغۇللۇق قىلماسمۇ، خوتۇنى ماڭا قىز بولماسمۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى مېنى "بوۋا" دەپ كەينىمدىن يۈگۈرۈشمەسمىكىن؟ توپا ئاستىدا ئۇنتۇلۇپ ياتقان چاغلىرىمدا "بىر چاغدا ھەسەن ئەلى ئاتىمىزمۇ بار ئىدى" دەپ يادىغا ئېلىشسا، ياخشىلىق بىلەن ئەسلەشسە ماڭا شۇنىڭ ئۆزى يېتىدۇ.

بۇ ئۇزۇن كېچىلىك تاڭنى ئاتقۇزۇپ، ئاتابېكنى خوشال قىلىشقىچە سەۋرى چىدىمايۋاتاتتى. كوز يۇمۇشقا بولسا ھىلىقىدەك خىياللار توسقۇنلۇق قىلاتتى. شۇ تەرىقىدە يېرىم ئۇيقۇ بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى، خوشال قىلىش سائەتلىرىمۇ يەتتى...

چايدىن كېيىن ھوجرىسىغا چىقىپ كەتكەن ھەسەن ئەلى قولتۇغىدا بىر نىمە بىلەن كىرىپ بېكنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئاتابېكتىكى جىملىق، خىيال، پىكىردەك ھالەتلەرنى يۇلۇپ - يۇلقۇپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا چېچەكلەرنى تېرىپ، ئۈمىت سۇلىرىنى سەپمەكچى بولغان ھەسەن ئەلى:

— ئەمدى مۇبارەك بولسۇن، سىزگە، — دېدى.

ئاتابېك چۈشىنەلمەي ھەسەن ئەلىگە قارىدى. ھەسەن ئەلى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قولتۇغىدىكى زەرلىك چاپاننى ئېلىپ سەندەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— بۇ نىمە چاپان؟ — دەپ سورىدى بېك.

— مۇبارەك بولسۇن، دېدىمغۇ؟!

— نىمە مۇبارەك بولسۇن؟!

— سىزگە ئېپپەتلىك ۋە سويۇملۇك رەپىقە بىلەن قۇتىدارنىڭ قېيناتا، ھەسەن ئەلىگە كېلىن.

ئاتابېك قىزىق بىر ھالەتتە قالدى: بىر قىسما بولۇپ تىترەپ كەتتى، كوزلىرى قىندىن چىقىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر ھالدا قوزغىلىپ ئولتۇرغانىدىن كېيىن سورىدى:

— بۇ نىمە دېگەن سوزىڭىز؟

— نىمە دېگىنىمنى سورىماڭ! — دېدى ھەسەن ئەلى كۈلۈپ، — مەن سىزنى قۇتىدارنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرۈشكە قارار قىلىپ، قارارىمنىمۇ بۈگۈن كېچىسى زىيا شايىچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردۇم... يەنى قۇتىدارنىڭ قىزىغا سىزنىڭ ئۈچۈن ماقۇللىشىپ كەلدۇق.

ئاتابېك گاڭگىراپ، ئالدىراپ سورىدى:

— قايسى قىزىغا ماقۇللىشىپ كەلدىڭىز؟

— قۇتىدارنىڭ يالغۇز قىزىغا! — دېدى ھەسەن ئەلى، — بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بېك! — زىيا شايىچى ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ بارارمەن دېگەن ئىدى، بىز ئۇنىڭ بىلەن تېخى توي مەسلىھەتلىرىنى قىلىمىز.

ئاتابېكنىڭ رەڭگىدە خۇشاللىق ياكى خاپىلىنى مەجھۇل بىر ھالەت بار ئىدى. ماقۇللىشىش مەسىلىسىگە قارشى چىقمىغىنىدەك، خۇشاللىغىنىمۇ ئاشكارا قىلمىدى...

* * *

كۈمۈش بىبى ئۇيقۇدىن تۇرۇپ، ھەددىدىن تاشقىرى بىر ئەھ-
ۋالنى كورىدۇ: بىر كېچىدە ھەممىنىڭ چۈشىگە "توي" كىرىپ
چىقىپتۇ.

توي ئۈچۈن يېڭى كورپىلەرنى تاشلىماقچى بولۇشىدۇ. مامۇق
تۈشەكلەرنى ئالماقچى بولۇشىدۇ، كۈيوغۇلغا قانداق كىيىم يار-
شىدىغانلىقى ھەققىدە تارتىشىدۇ، ئاپتاپ ئايىم ئېرىگە ئالتۇن كەمەر
ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ... تووا دېمەي چارە يوق: ئاپتاپ ئايىملارنىڭ
كۈيوغۇللىرى كەم، قايسى قىزنى ئەرگە بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈمۈش-
تىن باشقا قىزلىرىمۇ بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ قىزلىرى يالغۇز، دېمەك
كۈمۈش ئەرگە بېرىلىدۇ... چۈشىنىشلىك ئىش ئەمەس:

— ئەرگە كىم تېگىدۇ؟

— كۈمۈش!

— كۈمۈش بىبى كۈيوغۇلنى ياقتۇرامدۇ، ياقتۇرمامدۇ؟ بۇ توغ-
رىدا ئۇنىڭ پىكرىنى بىلىش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ؟

— سۆزلىشىشمۇ كېرەك ئەمەس، بىلدۈرۈشمۇ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ئادەت شۇ! كۈمۈش ئاتا - ئانا ياقتۇرغان ئادەمگ
رازى بولۇشقا مەجبۇر.

كۈمۈش بىبى كۈيوغۇلنىڭ كىم بولغانلىقىنى تويبېكىنىڭ مۇ
سۆزلىرىدىن كېيىن پەملىۋالدى:

— مانا، خېنىم، — دېدى كۈلۈپ تويبېكە، — تويبېكە ئاچ
نى سەن ھېچنىمىگە سانىمايسەن. لېكىن ئۇنىڭ بىر نىمە
ئالدىن سېزىدىغان كارامىتى بار! ئاچاڭ بىر نىمىنى تىلىغا
ياكى كۆڭلىگە ئالدىمۇ دەررۇ پەرىشتىلەر "ئامىن" دېيىشىدۇ.
كۈنكى ياش مېھماننى ساڭا ماختىسام ئاچچىقلاندىڭ، ئەمما كېلى
كېلىپ بۇگۈن سېنى شۇنىڭغا بېرىشتى... ئەمدى بۇنىڭدىن ك

تويبىكە ئاچاڭغا ئىخلاس قوي، خېنىم!
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۆمۈش بىبىنىڭ قارا كوزلىرى چىقـ
قىدە ياشقا تولۇپ، كىرپىكلىرى ياش بىلەن نەملەندى.
— يىغلىما خېنىم، — دېدى تويبىكە، — بىز بىلىمىز، سىلەر-
نىڭ كوز ياشلىرىڭلارنىڭ نىمىگە چىقىۋاتقىنىنى، ئەرلەر خوش
بولغاندا كۈلۈشسە، سىلەرگە ئوخشاش قىزلار يىغلىشىدۇ، سىلەر-
نىڭ يىغلىغىنىڭلار — خوشال بولغىنىڭلار. مېنى ئەرگە بېرىشكىنىدە
ساڭا ئوخشاش مەنمۇ يىغلىغان ئىدىم. ئەمما ئىچىمدە نىكا كۈنى-
نىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىنى تولا كۈتۈۋېرىپ ئولەي دىگەن
ئىدىم.
— تاقىتىم تۈگىدى، ئاچا، — دېدى كۆمۈش، — تولا گەپ
قىلماڭ!
— گەپ قىلمايمەن، — دېدى تويبىكە، — لېكىن هوزرىنى
سوزلەيمەن... ئاه، بىر كورسەڭ ئىدىڭ، كۈيوغۇلنى! قانداق
چىرايلىق، قانداق ئەقىللىق ئىكەنلىگىنى بىلەتتىڭ، خېنىم! يۇلـ
تۇزۇڭلار تازا بىر - بىرىڭلارغا توغرا كەلگەن ئىكەن، ئىككىڭلار-
نىڭمۇ بىر - بىرىڭلاردىن كەم جايلىرىڭلار يوق!
كۆمۈش بىبى ئوشۇق چىدىيالمىدىمۇ، دەهشەتلىك بىر ئاۋاز
بىلەن ۋاقىرىدى:
— ئاه، ئولىمەن، تولا سوزلىمە!
كۆمۈشنىڭ بۇ ئاۋازىغا ئاپتاپ ئايىم بىلەن ئايشە بۇۋى ئوي-
دىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى:
— نىمە بولدى، نىمە بولدى؟
كۆمۈش بىبى ئانىسى بىلەن مومىسىنىڭ ئويدىن چىقىشلىرى
بىلەنلا بېشىنى سەندەلگە پۈركەپ، يېتىۋالدى!
تويبىكە بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدى:
— كۈيوغۇل توغرىسىدا گەپ ئېچىۋىدىم، مەن بىلەن
ئۇرۇشتى.
ئاپتاپ ئايىم تويبىكىگە كايىپ كەتتي:

— سەن ئەقىلسىز بېشىڭنى يەيدىغان، كۈمۈشنى ئېزا تارتقۇز-
غانسەن! جىم يۈرسەڭ سېنى بىرسى بىرنىمە قىلاتتىمۇ؟ ماڭ،
ئىشىڭغا قارا!

ئانىلار كۈمۈشنىڭ بۇ چىقىردىشىنى ئېزا تارتقاندا جوراشتى-
دە، ئۆيىگە كىرىپ بىساتلارنى ئاختۇرۇشقا، توي تەييارلىقىنى
كورۇشكە كىرىشىپ كېتىشتى.

كۈمۈش بىبى خېلى ۋاقىتقىچە شۇ پېتى پۈركىنىپ ياتتى.
ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرقى ھويلىغا قاراپ چىقىپ
كەتتى. تولا يىغلىغانلىقتىن كوزلىرى قىزارغان، قاپاقلىرى ئىشىش-
غان، يۈزلىرى ئېسىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما بۇ ئۆزگىرىشلەر
ئۇنىڭ چىرايىنى، ئۇماقلىقىنى قىلچىلىكمۇ كېمەيتمىگەن، بەلكى
ئۇنى ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن
ئايۋاننىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئوڭ قولىنىڭ ئالقى-
نىغا يۈزىنى قويۇپ پىكىرگە چومدى. شۇ ھالدا ئۇزاق ئولتۇردى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قولىنى يۈزىدىن بوشاتتى-دە، ئەندىكىپ
دەم ئالدى ۋە كىمنىدۇر ئىزلىگەندەك ئەتراپىغا قاراپ
قويدى...

ئېرىق بويى، سىرلىق ئېرىق بويى!

ياشلىق كوزلەر ئېرىق بويىغا چۈشۈپ، نازۇك ئاياقلار ئېرىق
بويى تەرەپكە ھەركەتلەندى. ئۇ ئېرىق بويىغا يەتكەندىن كېيىن،
مەلۇم جايغا سەكرەپ ئوتتى-دە، چوكتى. بىر ئوچۇم سۇ ئېلىپ
يۈزىدىن توكۇپ چۈشۈردى ۋە ئاستاغىنا يولەك تەرەپكە قارىۋال-
غاندىن كېيىن، سۇنىڭ ئېقىشىغا كوزىنى تىكتى. مۇشۇ ئېرىق
بويى چۈشەنگەندەك ۋە بىلگەندەك، كۈمۈشنىڭ دەردىنى ھېچكىم
بىلمەيتتى، ئۇنىڭ خىيالىغا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى... سىرلىق ئېرىق
بويى ئۇنىڭغا نىمىلەرنىدۇر سوزلەيتتى. ئۇنىڭدىن نىمىلەرنىدۇ
تىڭلايتتى. بۇنىڭغا چەتتىن ھېچكىم ۋاقىپ بولالمايدۇ ۋە بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس.

كوزلىرىدىن ئاققان مەرۋايىت تامچىلارنى شۇ سىرلىق ئېرى

سۈيى بىلەن يۇدى، بىر قېتىملا يۇمىدى، يېنىشلاپ - يېنىشلاپ يۇدى. بايىقى ئاچچىقىدىن بىرئاز تىنىچلىنىپ، كوز قىزىللىقلىرى يوقالغان ھالدا بىر - بىر بېسىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

## 10

# توي، قىزلار ئولتۇرۇشى

قۇتىدارنىڭ تاشقىرقى ھويلىسىغا ئەر مېھمانلار، ئىچكىرىسىگە خوتۇن مېھمانلار تولۇشقان، ئۇلار قويۇق - مۇيۇق ئاشلار، ھالۋا، رىشاللەر بىلەن ئىززەتلىنىدۇ. تاشقىرىدا بىر توپ سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، راۋاپ، نەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سازلار بىلەن دۇنياغا جان سۈيى سېپىپ، شەھەرنىڭ مەشھۇر ناخشىچىلىرى ناخشا ئېيتىشىدۇ. توي تولىمۇ روھلۇق...

ئىچكىرىدە خوتۇنلار ئولتۇرۇشى: ئانىلارچە ئېيتقاندا ئۇلار قۇم - توپىدەك تولا، لېكىن ئولتۇرۇشنىڭ بېرىشىدا تەرتىپ يوق، ھويلىنىڭ يۈزى ۋە ئۆيلەر خوتۇنلار بىلەن تولغان، بەزىسى ھويلىدا بىر تاۋاق ئاشنى يەپ ئولتۇرىدۇ، بەزىسى يىغلىغان بالىسىنى ئاۋۇتۇش بىلەن ئاۋارە، بىرسى يار - يار ئوقۇپ، يەنە بىرسىنىڭ خوشاللىقى ئىچىگە پاتماي قاقاقلاپ جاھاننى بېشىغا كىيىدۇ، قىسقىسى، ۋاڭ - چۇڭى يەتتە ئاسماندىن ئاشىدۇ...

ئاپتاپ ئايىم غەمكىنرەك، رەڭگى بىرئاز ئۆچكەندەك... مېھمان كۈتۈپ ھارغىنىدىنمۇ، نىمىدىن بولسىمۇ بەك بوشاشقان؛ بەزىدە قىلىدىغان ئىشىدىنمۇ تېنەپ كەتكىنى، مەسىلەن، ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ پەتنۇس راسلايدىغان ئۆيگە كىرىپ قالغىنى كورۇنىدۇ. تويغا كەلگەن خوتۇنلارنىڭ — "تويلار مۇبارەك، كۈيوغۇل مۇبارەك!" دەپ ئېيتىشلىرىغىمۇ ئىشەنچسىز بىر ئاھاڭدا "قۇتلۇق بولسۇن" دەيدۇ.

ئاپتاپ ئايىم ساكىنىڭ ئىشىكىدىن تۇرۇپ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئۇز يېنىغا قىچقاردى. يېڭى ئەللىكتىن ئاشقان، كۆلكىسى ئىچىگە تولۇپ تاشقان بىر خوتۇننىڭ توپتىن چىقىپ، ئۇزىگە قاراپ يۈرگىنىنى كورگەندىن كېيىن دالانخانىغا كىردى. خوتۇنمۇ ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن ئاپتاپ ئايىم ئىشىكنى قىيا ياپتى-دە، غەمكىن بىر نەزەر بىلەن خوتۇنغا قارىدى.

— نېمىشقا غەمكىن كورۇنىسەن ئاپتاپ؟

ئاپتاپ ئايىم ئۇزاق ئۇھ تارتىپ ئىشىككە قارىدى ۋە يېرىم ئاۋاز بىلەن:

— مۇشۇ تۇرقىدا ئىچىمگە چىراق يېقىشسىمۇ يورۇمايدۇ-دە، ئىنگچە! — دېدى ۋە كوزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

— نېمىشقا؟

— قىزىم توغرىسىدىن...

— قىزىڭغا نېمە بولدى؟

— ماقۇللاشقىنىمىزغا بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى، — دېدى ئاپتاپ ئايىم، — شۇنىڭدىن بېرى كۈمۈشىڭىز كېچىسىمۇ يىغلايدۇ، كۈندۈزدىمۇ؛ سەۋەبىنى سورىسام، زادى جاۋاپ بەرمەيدۇ ۋە پەرى ئۈزۈلگەن مۇنچاقتەك كوز يېشىنى ئاققۇزۇۋېرىدۇ. بۈگۈن يەنە يىغىسى كۈچىيىپ كەتتى. ئىش قىلىپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئارانلا ھامىمىغا ئەۋەتتۇق.

خوتۇن ئاپتاپ ئايىمنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران بولدى ۋە ئويلىنىپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە ئىش، كۆيوغلۇڭ سەتمۇ؟

— ئۇزەم كورمىدىم، — دېدى ئاپتاپ ئايىم، — ئەمما كورگەنلەرنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، تېگى يوق چىرايلىق، ئوخشىشى يوق ئەقىللىق بىر يىگىت ئىمىش... ئاتىسىنىڭ ئۇزى يىگىتنى ياخشى كورۇپ كۆيوغۇل قىلغان ئىدى!

— كۈمۈشنىڭ ئۇزى يىگىت توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەمدۇ؟

— بىلەمدۇ، — دېدى ئايىم، — ئۇنىڭ ئالدىدا بىز ئەتەي كۆيۈغۇلنى ماختىشىمىز، لېكىن بۇ ماختاشلارنى ئاڭلىغۇسى كەلمەي، ئەكسىچە يىغىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ!

خوتۇننىڭمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقى ئاشتى ۋە بۇنىڭدا قانداق سىر بارلىقىغا ئەقلى يەتمىدى. ئاپتاپ ئايىمنى بەزلەش ئۈچۈن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ۋە باشتا يىغلاپ ئەرگە تەككەن قىزلارنىڭ كۆشۈكىدە يىگىت بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ كەتكەنلىرىنى ھېكايە قىلدى:

— قايغۇرمىغىن ئاپتاپ، — دېدى، — كۆيۈغلۇق ئۈنچىلىك چىرايلىق بولسا، گەپ - سۆزدە تېڭى بولمىسا، تېخى كۆشۈكىدە ھەشقىپىچەك گۈلىدەك بولۇپ ئېرىگە چىرمىشىپ كەتكىنىنى كۆرەرمىز!

— ۋاي جېنىم ئاچا، — دېدى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئايىم، — مېنىڭ بۇنداق بولۇشىغا كۆڭلۈم ئىشەنمەيدۇ.

— ئىشەنسۇن، ئاپتاپ! مەن بۇنداق يىغلىغۇ قىزلارنى تولا كۆردۈم، شۇنداق قىزلارنىڭ ئىزا تارتماي، تارتىنماي كۆشۈكىدە، ھەتتا يىگىتىنىمۇ ئاشۇرۇپ ھەركەت قىلغانلىرىنىمۇ كۆردۈم، سېنىڭ قىزىڭمۇ شۇلارنىڭ بىرى، قايغۇرمىغىن، ئاپتاپ!

— ئىلاھىم شۇنداق بولسىدى!

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى كۈلۈپ خوتۇن، — توختىغىنا ئاپتاپ! ئەگەر قىزىڭ مەن ئېيتقاندەك ئۆزگىرىپ كەتسە، ماڭا نېمە بېرىسەن؟

— سىزگە باش - ئاياق كىيىم!

— سۆزىڭدىن يانما ئاپتاپ! ھەشقىپىچەك گۈلىدەك بولۇپ ئېرىگە چىرماشقىنىنى كۆرەرمىز، تېخى خۇدا بۇيرۇسا. ماڭ ئوينىپ - كۈلۈپ مېھمانلىرىڭنى ئۇزات!

شۇندىن كېيىن ئىككىسى ساڭدىن چىقىپ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىغا كىرىشتى.

* * *

قىزلا ئۇلتۇرۇشى — گۈللەر، لەيلىلەر، تۇتىلار، بۇلبۇللار ئۇلتۇرۇشى! ئويدە، كۈمۈش بىبىنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە، قىزلار ئۇلتۇرۇشى، گۈللەر ئۇلتۇرۇشى!

بۇ ئۆيگە ئوتتۇز - قىرىق چامىسىدا قىزلار يىغىلىشقان، يىغىلىشتىن مەقسەت: قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئوماق، ئەڭ چىرايلىق بىر ئەزالىرىنى بۈگۈن خوتۇنلۇق دۇنياسىغا ئۇزىتىشماقچى، بۇ ئۇزىتىش ئۇلتۇرۇشىنى جانلىق، روھلۇق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەممە قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئىسىل، ئەڭ نەپىس كىيىملىرىنى كىيىپ، ھەددىدىن تاشقىرى ياسىنىپ، ھوسۇن ئالەمىنى يەنە بىر قېتىم، يەنە بىر يېڭىشلاپ زىننەتلەشمىشتۇ. ئەگەر بۇ ئۆيگە كىرىپ، بۇ ئۇلتۇرۇش ئەزالىرىنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرسىڭىز، ھازىردىنلا ئىپتىپ قويۇش مۇمكىنكى، ئەلۋەتتە ھۇشىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز:

بۇ گۈل يۈزمۇ، ياق نېرىقىسى؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا بۇ! ھەممىسىدىنمۇ ئاۋۇ!... مانا شۇنداق قىلىپ ھۇشىڭىزدىنمۇ ئايرىلىسىز، گۈل تالالاشتا بىر قارارغا كېلەلمەي ئەل ئارىسىدا كۈلكىگىمۇ قالىسىز، رەسۋامۇ بولىسىز!

ئۇلتۇرۇشتىكىلەر مانا شۇنداق بىر بىرسىدىن ئارتۇق مەلىكىلەر، پەرىلەر ئىدى، ئۇلتۇرۇشنىڭ شائىرلىرى، ئويۇنچىلىرى، داپ ۋە دۇتارچىلىرى ھەممىسىمۇ بار بولۇپ، پەقەت كۈمۈش بىبىلا ھامامدىن قايتمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلتۇرۇش باشلانمىغان، باشلانسىمۇ روھسىزراق بولۇپ، كۈمۈش كەلگەندىن كېيىن، ئۇلتۇرۇشقا روھ كىرىشكە ھەممە ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈشەتتى.

كىمدۇ ئارىدىن بىرى "كەلدى!" دەۋەتتى. ھەممە قىزلار ئۆينىڭ دەرىزىسى يېنىغا ئولىشىپ ھويلىغا قاراشتى. راستىنمۇ

ئۇ يېنىدا ئىككى يەڭگىسى بىلەن كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا بىزگە ئاتايىتەك كىرەك ئىدى! نىمىشقا دىسىڭىز، ئۇ كەلسە ياخشى كورگىنىنى بىر كورسە ئىدى: ھامىنى بىلەن ئۇ... پەقەت جانىلا سورايدۇ، جاراھەتلەنگەن كوكسىلەرگە ئوقلار ئاتتىدۇ... باشتىكى ئاق شايى رومال، ئىچىدىكى ئاق شايى كوينەك، ئۈستىدىكى ئاق كۇمۇش زەر بىلەن سىرىلغان جۇۋا، ئىگەك ئاستىلىرىنى يوگەپ سويۇپ تۇرغان ياقا قۇندۇزلىرىنىڭ كىلىشىپ تۇرغىنى، ئىسىلىپ چۇشكەن قارا جىڭگىلەك چاچلىرىنىڭ بويىنى ئەتراپىغا چىرمىشىپ تۇرۇشى ئاق - سۈزۈك يۈزلىرىنىڭ گۈزەللىگى...

يەڭگىلەر كۇمۇشنى ھويلىدا تۇرۇپ قىزلارغا تاپشۇرۇشتى:

— مانا كۇمۇش بىبى — سىلەرگە، قىزلار! كۇمۇشنىڭ كوڭلىنى ئوبدان ئىچىڭلار، قىزلار!

ئىككى - ئۈچ قىز يۈگۈرۈشۈپ ھويلىغا چىقىشتى - دە، كۇمۇش بىبىدىن پەرەنجىنى (پىچىنى) ئىلىپ، ئويگە باشلاشتى. يەڭگىلەر كۇمۇشنى قىزلارغا تاپشۇرۇپ كىتىشتى. ھويلا ئەر ۋە خوتۇنلاردىن بوش، يالغۇز قىزلارغىلا خاسلىنىپ قالدى.

كۇمۇش بىبى باشلىغۇچى قىزلار بىلەن ئويگە كىردى. ئۇنىڭدىن تارقىغان ئەتىر پۇراقلىرى بىلەن ئوي تولدى. قىزلار ئوزلىرىنىڭ بىرلا تۇرلۇك سورىشىشلىرى بىلەن كۇمۇش بىلەن كورۇشۇشكە باشلىدى:

— ئوبدانمۇسىز، سەرپالار مۇبارەك؟

كۇمۇش بىبىنىڭ قىزلارغا بەرگەن جاۋاۋى ئاڭلىنار - ئاڭلانماسلا ئىدى:

— قۇتلۇق...

كۇمۇش بىبى ئوينىڭ تورىگە ئولتۇرغۇزۇلدى. قىزلار ئۇنىڭ چورىسىگە ئولتۇرۇشۇۋالغاندىن كىيىن، ئارىغا نىمىشقىدۇر، بىر جىمجىتلىق چوكتى. قىزلار مەنىلىك قىلىپ يەر تىگىدىن كۇمۇشكە قارىشاتتى. ئولتۇرۇشتا بىر خىل مەيۈسچىلىك! قىزلار

سىمنى ئويلىشىدۇ ۋە نېمە توغرىسىدا مەيۈسلىنىشىدۇ، بۇ بولسا قىزلارنىڭ بىزگە نامەلۇم بولغان ئىچكى سىرلىرى.

قىزلار يېقىدا تىزىلغان گۈلدەك ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئېلىشقان، بۇنىڭ ئۈستىگە يۇۋاشلىق، ئويچانلىق ئۇلارنىڭ رەڭگىلىرىگە مەنىۋى بىر ھوسۇن ۋە جىددىلىك بېرىپ، بىرگە يۈز ھوسۇن قوشقان ئىدى. ئەگەر بىز مۇشۇ چاغدا زەرشۇناسلىق كۆچۈن يەڭ تۇرسەك، يەنى گۈلنى - گۈلدىن ئاجرىتىدىغان بولساق بايىقىدەك گاڭگىراپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىمىز، چۈنكى، كۈمۈش بىبى لەيلىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر گۈل ۋە ياكى يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىكى تولغان ئاي ئىدى.

ئاردا تېخىچە بايىقى جىمجىتلىق ھوكۇم سۈرەتتى.

ھەر بىر ئولتۇرۇشنىڭ جانلاندۇرغۇچى، باشقۇرغۇچى بىر - ئىككى قەھرىمانى بولغىنىدەك، بۇ قىزلار ئولتۇرۇشمۇ، شۇنداق قەھرىمانلاردىن خالى ئەمەس ئىدى. ئولتۇرۇشنىڭ بۇنچىلىك روھسىزلىنىپ، مەيۈسلىك ئىچىدە قېلىشىغا گۈلسۈنبۈۋى چىداپ تۇرالمىدى:

— بىز نېمە ئۈچۈن يىغىلدۇق ۋە نېمىشقا يەر سىجاپ ئولتۇرىمىز! — دىدى، — بىز بۇ يەرگە ھازا ئاچقىلى كەلدۇقمۇ؟

گۈلسۈنبۈۋىگە خانىم بۈۋى قوشۇلدى:

— تولا خىيال قىلماڭلار، يولداشلار! بەربىر بۇ ئىش ھەممىمىزنىڭ بېشىمىزدا بار! تۇر، سەۋرە! ھويلىغا ئوت يېقىپ دېپىگىنى قىزىت! ئانارگۈل، سەن دۇتارىڭنى ئال! كۈمۈش بىبى سىز ئانچە خىيال سۈرمەڭ، كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ، بەربىر ئەتىلىككە ئۆزىڭىزنىڭ ئورۇنسىز قايغۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلىسىز! — دىدى - دە، ئولتۇرۇشنى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. كۈمۈش بىبىمۇ ئىختىيارلىق، ئىختىيارسىز رەۋىشتە بۇ كۈلكىلەرگە تارتىلدى، ئۇنىڭ مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرىشىدىن ياقۇتتەك لەۋلىرى تېگىدىكى سەدەپكە ئوخشاش ئاق چىشلىرى بىرئاز كورۈنۈشۈپ قويۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرۇشقا كۈتۈلمىگەن بىر روھ كىردى. ئانارگۈلنىڭ قولىدىكى دۇتار "ئورتاقلار" كۈيىگە بەدەنلەرنى تىترىتىپ تارانە قىلىشقا باشلىدى.

خانىم بۇۋى قىزلارنىڭ زورلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. دۇتارنىڭ يېنىغا داپ كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، بەزمە تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. چاۋاكلارمۇ كۆتىرىلدى، ئويۇن قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆينىڭ دەرىزە - ئىشىكلىرى يېپىلىپ تەكچىلەرگە شاملار يېقىلغاندىن كېيىن، بەزمىنىڭ روھى يەنە ئاشتى. شامال بىلەن ئوينىشىپ يېنىۋاتقان شامنىڭ نۇرى قىزلارنى ئاللىقانداق ئاجايىپ ھالەتكە سالاتتى، ئولتۇرۇش بولسا «ئەلف لەيلە ۋە لەيلە» ھېكايىلىرىدىكى "پەرىلەر"نىڭ بەزمىسىنى خاتىرلىتەتتى. دۇتار "ئۇپار" كۈيىنى چېلىپ داپمۇ نازۇك يول بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ماڭدى. ئۇسۇلمۇ بىر تۈرلۈك نازاكەتنى ئۆزگە كەسىپ قىلىپ، گۈلسۈنبۈۋى يورغىلىماقتا ئىدى. دۇتار كۆڭۈلنىڭ ئاللىقانداق بىر ئىنچىكە يېرىنى غىدىقلايدۇ، داپ يۈرەكنى نىمىگىدۇر ئالدىرىتىپ، گۈلسۈن قىزنىڭ يورغىلىشى پۈتۈن بەدەننى زىرىلدىتىدۇ. بەزمە تولىمۇ قىزىق، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

كۈمۈش بىبىمۇ بۇ قىزىق بەزمىدىن باشقىلاردەك ھەسسە ئالدۇ، ئېچىلىپ خوشاللىنىدۇ، دەپ ئويلىنىمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قىزلارنىڭ بەزمىسى ئارىسىدا بولسىمۇ، خىيالى ئاللىقاياقلاردا ئۇچۇپ يۈرگەندەك، كۆزلىرى ئۇسۇل ئوينىغۇچى قىزلاردا بولسىمۇ، ھەقىقەتتە باشقا بىر نىمىنى كۆرۈۋاتقاندەك... كۆرۈنۈشىدىن نەتىجە چىقىرىپ ئېيتقاندا، بۇ قىزىق ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەزمە ئورنىنى ئەمەس، ھازا جايىنى تۇتقاندەك...

ئىككى سائەتلىك قىزىق بىر بەزمىدىن كېيىن قىزلار ھېرىشتى - دە، ئويۇننى توختىتىشتى. گۈلسۈن بىلەن خانىم بۇۋى

ئەمدى دۇتار بىلەن ناخشا ئېيتىشقا كىرىشتى. گۈلسۈن ئۆزىنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن "يىغلارمەن" كۈيىدىن باشلىدى:

يولداشلىرىم، قولغا ئالسام تارىمنى،
ئىختىيارسىز يادلايمەن مەن يارىمنى!

يەنە بىر ياندۇرۇپ ئېيتىشتا ئۇنىڭغا خانىم بۇۋى قوشۇلدى. بىر تەكشى، بىر ئاھاڭلىق نەپىس، مۇزىكىلىق ئاۋازلار كىشىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا، قان تومۇرلىرىغا ئاجايىپ بىر ئۆزگىرىش بېرىشكەن ئىدى. مۇشۇ چاققىچە مولدىرەپ خىيال ئىچىگە چۆمۈپ ئولتۇرغان كۈمۈش بىبى بىر چوچۇگەندەك قىلىپ، ناخشىچى قىزلارغا قارىدى.

قىزلار ئىككىنچى بېيىتكە ئۆتۈشتى:

بىر كۆرۈنۈپ ئەسىر قىلغان كۆڭلۈمنى،
يېنىپ يەنە كۆرەلمىدىم يارىمنى!

بۇ چاغدا كۆتۈلمىگەن يەردىن كۈمۈشنىڭ ئىككى كۆزى لىققىدە ياشقا تولغان ئىدى. قىزلار ئۈچىنچىگە ئۆتۈشتى:

ئەگەر كۆرسەم ئىدى يەنە يارىمنى!
بېغىشلايتتىم ھەممە يوق ۋە بارىمنى!

تۆتىنچى:

بىلمەدىكىن، بىلمەمدىكىن ئۇ زالىم:
كۈنلەر، تۈنلەر تارتقان ئاھۇ ـ زارىمنى!

كۈمۈش تاقەتسىزلەنگەندەك بولدى...
بەشىنچى:

راست ئېيتىڭلار، يولداشلىرىم - دوستلىرىم،
يېڭىۋاشتىن كورەرمەنمۇ يارىمنى؟

ئاخىرقى:

كەتتى تاقەت، پۈتتى سەۋرەم... كېتىشتى...
سۈندۈرىمەن ئۈزۈپ يەرگە تارىمنى!

بۇ ئاخىرقى بېيتكە قۇلاق سالغۇچى قالمىدى، چۈنكى يېنىندىكى قىزغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىغان كۈمۈش بىنىسگە ھەممە ھەيرانلىقتا قارىشىپ، ھەممىنىڭ كوزى، قۇلىغى شۇنىڭغا تىكىلگەن ئىدى.

— نىمە بولدى كۈمۈش؟
— نىمىشقا يىغلايسىز كۈمۈش ئاچا؟
— بىرەر يېرىڭ ئاغرىمدۇ، كۈمۈش؟

كۈمۈش بىبى ئوزىنىڭ بېشىغا غۇژژىدە ئولىشىۋالغان قىزلارغا كوزىنى ئېچىپ قارىدى - دە، ھۇشىغا كەلگەنلەرگە ئوخشاش بىر ھەركەت قىلىپ قويىدى ۋە ئالدىراپ يانچۇغىدىن ياغلىقنى ئېلىپ، كوز ياشلىرىنى ئېرتتى.

— نىمىشقا يىغلىدىڭىز - ھە؟

بۇ سوئالنى بەرگەن گۈلسۈنگە كۈمۈش كۈچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىدى - دە:

— ئانچىكى... — دىدى.

— ۋاي، شورۇڭغا شورپا توكۈلگۈر، كۈمۈش! — دىدى گۈلسۈن، — مەن شۇنداق ئەرنى تېپىپ تېگىدىغان بولسام، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى.

گۈلسۈننىڭ گېپىگە قىزلار كۈلۈشتى. كۈمۈش بەكمۇ خاپا كورۈنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ كوڭلىنى ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئويۇنلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئولتۇرۇشنىڭ

ئەڭ قىزىق تەرىپى بولۇپ ھېسابلانغان لەپار ئېيتىشقا كوچۇشتى. گۇلسۇن كۇيۇغۇل رولىنى ئوينايتتى، خانىم بۇۋى كۇمۇش رولىدا، ئىككىسىنىڭ بىر بىرسىگە قارىشىپ ئوقۇشقان لەپەرلىرى ھەممىنى كۇلدۇرۇپ ئۇچەيلىرىنى ئۈزۈۋەتكۇدەك قىلىدى. لېكىن كۇمۇشنىڭ چىشىنىڭ ئېقىنى كورۇش تولىمۇ تەس، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى پەقەت مۇگىلىنىپ خىيال قىلىشلا...

قىزلارغا تويخانىدىن ئاشلار، پەتنۇسلار كېلىپ تارتىلدى. ئاشتىن كېيىن يەڭگىلەر كېلىپ قىزلاردىن كۇمۇشنى سوراشتى. قىزلارنىڭ — "ياق، بىز كۇمۇش بىبىنى سىلەرگە بەرمەيمىز!" دەپ ئوينىشىپ ئېيتقان سوزلىرى كۇمۇش بىبىگە راستەك بولۇپ ئاڭلىناتتى، ئۇ يەڭگىلەر بىلەن ئويدىن چىقىۋېتىپ ياردەم سورىغاندەك قىزلارغا تەلمۇرۇپ قارايتتى. شۇ يوسۇندا قىزلار ئۇزلىرىنىڭ بىر يولدىشىنى خوتۇنلۇق دۇنياسىغا ئۇزىتىپ ئولتۇرۇشتىن تارقاشتى.

## 11

## كۇتۇلمىگەن بەخت

كۇمۇش بىبىدىن ۋاكالەت ئېلىشمۇ تولا تەس بولىدى. داموللىنىڭ — "سىز كىم كۇمۇش بىبى مىرزا كەرىم قىزى ئۆزىڭىزنى تاشكەنتلىك مۇسۇلمان ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلىغا بېغىشلاش ۋاكالىتىنى چوڭ دادىڭىز مۇھەممەت رەھىم يولداش ئوغلىغا تاپشۇردىڭىزمۇ؟" دېگەن سوئالى ئالتە - يەتتە قېتىم ياندۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇندىمۇ يەڭگىلەرنىڭ زورلىشى ئاستىدا، ئاران ئۇنىڭ رازىلىقى ئېلىندى.

كەچقۇرۇنقى سائەت بەشلەردە قۇتىدارنىڭ ھويلىسى كۇيۇغۇلنىڭ كېلىشىنى توت كوز بىلەن كۇتمەكتە ئىدى. كۇيۇغۇل

ئۈچۈن پولولار، قويۇق - سۇيۇق ئىزالار نەچچە تۈرلۈك نىمەتلەر تەييارلىنىپ، بۇلارمۇ كۆيوغۇلنىڭ ئىنىنىزاردا تۇرۇشىدۇ. ئاخىرى سائەت بەش يېرىملاردا كۆيوغۇل كەلدى. يىگىرمە - ئوتتۇزچە يىگىتلەر — رەھمەتنىڭ يولداشلىرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاتابېك — كۆيوغۇل كورۇنىدۇ: بېشىدا سىباپ رەڭ شايى سەللە، ئۈستىدە قارا مۇۋۇت بىلەن تاشلانغان سۇسەر جۇۋا، ئىچىدە ئۈزۈننىڭ شەمەيدە تىكتۈرگەن ئاسمان رەڭ مۇۋۇت كەمزۇلى، مۇۋۇت شىم، پۇتىدا كەش مەسە، بېلىدە كۈمۈش بىبىنىڭ ئۈستا قولى بىلەن تىكىلگەن شايى رومال... يۈزلەر قىزىل، ئېغىز كېرىلگەن، كوزلەر ئوينىپ ئالىلىكىنى ئىزلەيدۇ. ئاشلىرىنى يەپ بولۇشقان بولسىمۇ، ئەتەي كۆيوغۇل كورۇش ئۈچۈن ئولتۇرغان مەلىنىڭ ئادەملىرى بىر بىرلىرىنى نوقۇشۇپ — "تۇزۇك - تۇزۇك، كۆيوغۇللۇققا ئەرزىگۈدەك، يامان يەرگە چۈشمەپتۇ؛ ئالما بىلەن ئانار!" دېيىشتى. ئوگزىدە كۆيوغۇل كۈتۈپ ئولتۇرغان خوتۇنلار ئارىسىدىن ئاپئاپ ئايىمنىڭ ئىگەچىسى ئالدىراپ سىڭلىسىنىڭ يېنىغا چۈشتى - دە: "ئاپئاپ، دەررۇ ئىسرىق تەييارلىغىن، كۆيوغلۇڭنى يامان كوزدىن ئوزى ئاسرىسۇن!" دىدى. قۇتىدار ئىشىك تۈۋىدە قول قوشتۇرۇپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ. يەر تېگىدىن كۆيوغلىغا كوز قىرىنى تاشلاپ، كىشىگە سەزدۈرمەستىن ئوزىچە كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ. مېھمانخانىنىڭ ئايۋىنىدا ئاق ساقاللىق، چىرايلىق قىياپەت ۋە ئېغىر تەبەتلىك داموللا بىلەن زىيا شايىچى، ھەسەن ئەلى، قىزنىڭ ۋەكىلى ۋە يەنە بىرنەچچە ئادەملەر ئولتۇرۇشىدۇ. يىگىتلەر كۆيوغۇلنى داموللىنىڭ ئۇدۇلىغا ئەپكىلىپ توختاتقاندىن كېيىن، ئاتابېكنىڭ ۋەكىلى بولغان زىيا شايىچى بىلەن كۈمۈش قىزنىڭ ۋەكىلى، مۇھەممەت رەھىملەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەققى مەھرى مەسىلىسى ئىچىلىدۇ. جىق تارتىشقاندىن كېيىن، تۈۋەندىكى مەبلەغلەر ھەققى مەھرى قىلىپ بەلگىلەندى: ئۈچ يۈز ئالتۇن پۇل، بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىش ۋەدىسى بىلەن مەرغىلان-

ىدىن ئۇردىدەك بىر ھويلا، سېغىن ئىنەك، ئۆي جابدۇقلىرى... بۇنىڭغا ئاتابېكمۇ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈردى. داموللا ئوقۇشقا باشلايدۇ. پارسچە ئوقۇلغان "ھەمد، سەلەۋات" ۋە باشقىلاردىن كېيىن ئوقۇش ئەڭ نازۇك بىر جايغا كېلىپ توختايدۇ: "سىز كىم ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلى، كۈمۈش بىبى مىرزا كەرىم قىزىنى ئۆزىڭىزگە شەرئىي خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلامسىز؟" — پارىس تىلىدا سورالغان بۇ سوئالدىن ئاتابېكنىڭ كۈلكىسى قىستاپ، كوڭلىدە كەچۈردى:

— قوبۇل قىلامسىز - ھە!

ئۇ بىرىنچى سوراشتىلا — "بىجان دەپ قوبۇل قىلىمەن!" دەپ جاۋاپ بەرمەكچى بولىسىمۇ، لېكىن خەلقىنىڭ — "ئۆلۈپ تۇرغان ئىكەن!" دەپ قىلىدىغان تەنىسىدىن چوچۇپ جاۋاپ بەرمەيدۇ. يەنە بىر قېتىم يۇقۇرىدىكى "سىز كىم پالانچى..." جۈملىسى داموللا تەرىپىدىن تەكرارلىنىدۇ. كۈيوغۇللارغا ئۈچىنچى سوراشتا جاۋاپ بېرىش ئادەت ھوكمىدە بولىسىمۇ، ئاتابېك بۇ تەكەللۇپقا چىدىيالمايدۇ. گويا ئۈچىنچى سوراق ئورنىغا — "ئەمدى ئالمايدىكەنسىز كۈمۈش بىبىنى..." دەپ نىكا بۇزۇلىدىغاندەك سېزىلىدۇ - دە، پىرتۇن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، ھەممىگە ئاڭلىتىپ "قوبۇل قىلدۇق!" دەۋېتىدۇ.

داموللا ئەلھەمدۇلىللا... بىلەن نىكانى تۈگىتىپ، ئولتۇرغانلار تەرىپىدىن كېلىن بىلەن كۈيوغۇلنىڭ ھەقلىرىگە دۇئا باشلىنىدۇ، ھەممە دۇئاغا قول كوتىرىپ ھەتتا ئوگزىدىكى تاماشىچى خوتۇنلارغىچە، "ئامىن"غا ياردەملىشىدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن نىكا ئوقۇلۇپ تۈگەيدۇ. يىگىتلەر كۈيوغۇلنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىشىدۇ، زىياپەت باشلىنىدۇ.

ئاتابېكتە بىر مىنۇتقىمۇ چىداش بولمىغان بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىرنەچچە سائەتلەرگە قاراپ سوزۇلغان يەپ - ئىچىش ئولتۇرۇشى بىلەن ئەلۋەتتە ياخشى چىقىشالمايدۇ. خۇپتەنگە يېقىن بەك ئوبدان ئىشتەي بىلەن يېيىلىپ بوشىتىلغان لىگەن، تاۋاقلار

ئېلىنىپ، داستىخانلار يىغىلدى، بىزنىڭچە بىر يېرىم سائەت ئاتابېكچە ئاللىقانچە يىللاردەك ھىساپلانغان بىر ۋاقىت ئۆتۈپ، ئاخىرى يەڭگىلەر كۈيوغۇلنى سوراشتى، ئىككى ياشقا مۇھەببەتلىك ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، ئاتابېك ئىچكىرىگە ئۈزىتىلدى.

ھەسەن ئەلى مېھمانخانا ئايۋىنىدا بېكنى كۈتۈپ تۇراتتى:

— ئەمدى كۈيوغۇللۇق مۇبارەك بولسۇن، بېگىم؟

— قۇتلۇق بولسۇن!

ھەسەن ئەلى بېككە باشتىن - ئاياق قاراپ چىقتى، ئاتىلىق مۇھەببىتى بىلەن بېكنىڭ دۇمبىسىنى سىلىدى ۋە ياشلىق كوزلىرى بىلەن دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئاتابېك يەڭگىلەر كۈتۈپ تۇرغان تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ھازىر قىزىق بىر ھالەتتە ئىدى: بۇ نىمە ئىش، چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ، نىمە ئىشلار ئۆتۈپ، نىمىلەر بولىۋاتىدۇ، بولىۋاتقان ئىش ھەقىقەتمۇ؟

بىز ئىچكىرىگە كىرەيمىز: ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپى تا كۈمۈش بېبىنىڭ ئۆيىگىچە قاتار كۈيوغۇل كۈتكەن خوتۇنلار، بالا - چاقىلار بىلەن تولغان. بەزى كۈتكۈچى خوتۇنلارنىڭ قوللىرىدا يېنىۋاتقان شام. كۈيوغۇل كىرىدىغان ئۆي توي ماللىرى بىلەن بەكمۇ ياسالغان. يۇقۇرىدا يېزىلىپ ئۆتۈلگەن قۇتىدارنىڭ ئۆيىدىكى جاھازلارنىڭ تولىسى مۇشۇ ئۆيگە، كۈمۈش قىزنىڭ ئۆيىگە كوچۇرۇلگەن. بىرلا بۇ ئەمەس، خوتۇن - قىزلارنىڭ قولى بىلەن كەشتىلەپ ئىشلەنگەن تۈرلۈك زىننەت كەشتىلىرى بىلەنمۇ ياساندۇرۇلغان، تورۇستا چوڭ قەندىل، قەندىلدە ئوتتۇزلاپ شاملار يېنىپ ئۆينى سىرلىق بىر ھالەتكە قويىدۇ. بۇلۇڭدا قىزلار ئولتۇرۇشىدا كورۇنگەن ئاق كىيىملەر بىلەن كۈمۈش بىبى تۇرىدۇ... ئۇنىڭ ھوسنى ياسالغان ئۆينىڭ ئاقلىرى، كوكلىرى، سېرىقلىرى ۋە قىزىللىرى بىلەن تاۋلىنىپ خىيالىي بىر قىياپەتتە... كوز ياشلىرىنى ئاقتۇزۇپ يەڭگىسىنىڭ كېيىمگە قولاق

سالمايدۇ. تاشقىرىدىن ئاڭلانغان "كۆيوغۇل، كۆيوغۇل!" سوزى
بىلەن ئېخمۇ ئۇنىڭ كۆز يېشى كۆپىيىپ، رەڭگىمۇ ئۆزگەردى.
يەڭگىسى كۆمۈشنى مۇشۇ ھالدا قويۇپ، ئۆزى يۈگۈرگەن بويى
ئىشىككە چىقتى. كۆيوغۇل كېلىۋاتاتتى: ئىككى تەرەپنى قاپلىۋال-
غان خوتۇن — قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاتابېك كېلىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ كەينىدىن ئاپپاق ئايىمنىڭ ئىگىچىسى ئىسرىق سېلىپ
كەلمەكتە ئىدى. خوتۇنلار قوللىرىدىكى شام بىلەن بۇنىڭغا
قارايتتى ۋە ئۆزدىسىپ قىلىشاتتى. كۆيوغۇل ئۆينىڭ يېنىغا كەل-
دى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئىزا تارتقىنىدىن بەك قىزارغان، قاچىدىن-
غان جاي تاپالمايتتى. شۇ چاغدا ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى —
دە، يەڭگە تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىندى.

— كىرىڭ، بېك!

ئاتابېكنىڭ يۈرەك ئۇرۇشى ئېھتىمال يەڭگىسىگىمۇ ئاڭلىناتت-
تى... ئاتابېك ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن يەڭگىسى تاشقىرىغا
چىقىپ، ئىشىكنى ئۆزى كورگۈدەك قىيا قىلىپ ياپتى... ئۆينىڭ
تۆرىدە ئاتابېككە بىر يېپىنچى قىلىپ، رومىلىنىڭ ئۇچىنى تۈگۈپ-
مۇ، يىرتىپمۇ كۆمۈش بىبى تۇرىدۇ ۋە كەم كەلدى، دەپ يېنى-
غا قارىمايدۇ. رومال تۈگۈش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان يېقىملىق
قوللارنى چەت قول كېلىپ سىقتى:

— جېنىم!

كۆمۈش بىبى يات قولدىن چوچۇدى ۋە قوللىرىنى قۇتۇل-
دۇرۇشقا تىرىشىپ:

— تۇتماڭ! — دېدى ۋە سىقىۋاتقان قولدىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن ئارقىغا داجىدى.

تىترىگەن ۋە لاغىلدىغان بىر ئاۋاز بىلەن:

— نېمىشقا قاچىسىز؟! نېمىشقا قارىمايسىز؟! — دېدى بېك،
كۆمۈش بىبى شۇ چاققىچە قارىمىغان ۋە قاراشنىمۇ خالىمىغان
ئىدى. مەجبۇرىيەت ئاستىدا، يامان قاراش بىلەن ئاستاغىنا
دۈشمىنىگە قارىدى... شۇ قاراشتا بىردەمچە جايىدا قېتىپلا

قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە قەدەم تاشلاپ ئاتابېكنىڭ يۈزىگە يېقىن كېلىپ قارىدى ۋە ئېسەدىكىرىگەن، ھاياجانلانغان بىر ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— سىز شۇمۇ؟

— مەن شۇ! — دېدى بېك، ئىككىسى بىر بىرىگە ئىختىيارسىز تەلمۈرۈشۈپ قېلىشتى.

كۈمۈش بىبى ئېغىر نەپەس ئېلىپ:

— كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيمەن! — دېدى.

ئاتابېك كۆزلىرىنى تولدۇرۇپ قاراپ:

— مەنمۇ! — دېدى.

شۇ چاغ ئىككى لەۋ ئۆز - ئۆزىدىن بىر بىرىگە ھەملەشتى... كىچىك نازۇك قوللار مۈرىنىڭ ئۈستىگە، كۈچلۈك قوللار قولتۇق ئاستىغا چاپلاشتى...

كۈمۈش بىبى ئاتابېكنىڭ يۈزىگە ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، كېيىن:

— كۈتۈلمىگەن بىر بەخت! — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىدەك بىر نەمىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش قىلىپ كۈلۈۋەتتى. بۇ كۈلۈش ھويلىلارغىچە ئاڭلاندى. قىيا ئېچىلىپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىگىمۇ قاتتىق قىلىپ يېپىلدى. كۈمۈش بىبى ئاتابېكنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۆۋەندە سېلىپ قويۇلغان داستىخاننىڭ يېنىغا باشلىدى:

— سىز بولغىنىڭىزنى ئاۋالدىن بىلگىنىمدە باشقىچە كۈتۈۋالاتتىم، — دېدى.

— باشقا كىشى دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟

— ئويلاش نەدە، سىز بولارسىز، دەپ كۆڭلۈمگە كىرىپمۇ قويمىغان ئىدى، — دېدى - دە، يەنە كۈلۈۋەتتى.

داستىخان يېنىدا كۈمۈش بىبىنىڭ سۈزۈك بىلەكلىرىگە ئاتابېك ئالتۇن بىلەيزۈك سېلىۋاتقىنىدا ئۇ يەرگە قارىغان ھالدا ئىدى.

— مەن سىزگە ھېچنېمىمۇ تەييارلىمىغان ئىدىم...
— تەييارلىمىغىنىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلامسىز؟

— ...
— پۇشايمان قىلماق، — دېدى بېك، — سىزدىن بىر نە سورىسام، ئايىمامسىز؟
— ئايىمايمەن...

ئاتابېك كۈمۈش بىبىنىڭ لەۋلىرى ئۈستىدىكى قارا خالىنى شەرەت بىلەن كۆرسىتىپ:
— ئاشۇ يەرنى بىر سۆيدۈرسىڭىز سىزمۇ چوڭ ئەستىلىك تەييارلىغان بولاتتىڭىز، — دېدى. كۈمۈش بىبى قىزاردى...

* * *

ئاتابېك مەرغىلانغا كەلگىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ۋاپۇرۇش بازىرىغا بارغان ئىدى. نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنى ئۈچۈن شۇ يەردىكى دۇكاندارلارنىڭ بىرسىدىن تەرەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ سورىدى. كوچىدىكى سۇ ئېرىقىنىڭ چوڭقۇر تېگىدىن ئاقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەپلىك ئەمەس ئىدى. دۇكاندار ئۇنىڭغا سۇنىڭ ئەپلىك جايىنى كۆرسەتتى: "مانا مۇشۇ بۇلۇڭدىكى دەرۋازىدىن ئىچكىرى كىرسىڭىز ئېرىقنىڭ تېيىز يېرىنى تېپىپ تەرەت ئالىسىز!" — دېدى. ئاتابېك دۇكاندارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇتىدارنىڭ تاشقىرقى ھويلىسىغا كىردى. شۇ چاغدا تاسادىپەن نېمە ئىش بىلەندۇر مېھمانخانىدىن چىقىپ كەلگۈچى پەرىشتىگە كۆزى چۈشتى، كۈمۈشمۇ ئېرىق بويىغا كېلىپ توختىغان چاققان يىگىتكە ئىختىيارسىز قاراپلا قالدى. ئىختىيارى ئەمەس، ئىختىياردىن تاشقىرى ھەر ئىككىسىمۇ بىر - بىرسىدىن بىرمۇنچە ۋاقىتقىچە كۆزلىرىنى ئېلىشالمىدى. ئاخىرىدا كۈمۈش نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك بولدى، يېنىكلا بىر ھەركەت بىلەن ئۆزىنى ئىچكىرى يولەك تەرەپكە ئالدى. بۇ بۇرۇلۇشتىن ئۇنىڭ ئارقا ئۈگىنى قاپلىۋالغان قىرىق كوكۇلىرى

تولغۇنلىنىشتى. كۆمۈش ئىچكىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىن ئېرىق بويىدا قېتىپ تۇرغان يىگىتكە يەنە بىر قاراپ قويدى ۋە بۇ قاراشتا ئۇنىڭغا يېنىككىنە بىر تەبەسسۇممۇ سوغا قىلدى... كۆمۈش ئىچكىرىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى، لېكىن ئاتابېك يەنە بىرنەچچە مىنۇتقىچە يەرگە مىخلانغاندەك قېتىپ تۇردى... ئاخىردا كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئۆتكەن مىنۇتتا ئۇچراشقان خىيالىي گۈزەلنى ئارزۇ قىلىپ خىياللاندى. لېكىن ھەقىقەت باشقىچە ئىدى. تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئېرىقنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى، ئەمما كۆزى خىيال يوشۇرۇنغان يولەكتە ئىدى. تەرەت ئېلىپ بولدى، يەنە كۆزىنى شۇ تەرەپتىن ئۈزەلمىدى. يۈز - كۆزىنى ئېرتىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئورە تۇرۇپ توختاپ قالدى. يوشۇرۇنغان گۈزەل ئىككىنچى يېنىپ كۆرۈنمىدى، ئېھتىمالكى، ئاتابېكنى يېپىسىز باغلاپ، ئۆزى قايسى بۆلۈكتىن بولمىسۇن ئەسىرىنى تاماشا قىلاتتى.

كۆپ كۈتتى، نامازدىگەرنى قازا قىلىپ، كۈچ بىلەن قۇتىدارنىڭ ھويلىسىدىن چىقتى ۋە شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنىڭدا مۇھەببەت غوغىسى تۇغۇلغان ئىدىكى، بۇ يېقى ئوقۇغۇچىمىزغا مەلۇم، كۆمۈش بىبىنىڭ يۇقۇرىدا "سىز شۇمۇ؟" دەپ سورىشى شۇنىڭغا بىنائەن بولۇپ، ئەمما ئۇنىڭغا مەسىلىنىڭ ئوقۇشۇلماي قېلىشى ۋە ھەقىقى بەختىنىڭ ئەكسىچە كۆتۈۋېلىنىشى قىزىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى ياشنىڭ بىرىنچى ۋە ساپ مۇھەببەتلىرى قوشۇلۇش بىلەن نەتىجىلەندى.

## 12

## چىقىمچىلىق

— بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى... ئاتابېك قۇتىدارنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى!

ئۇ بۇ خەۋەرنى قوقاندىن يېنىشتا ئاڭلىغان ئىدى. ئوزىنىڭ قىياپىتىگە يارىشا قورقۇنچلۇق يوللارنى ئىزلەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە "... قىزىغا ئۆيلەندى!" جۈملىسى تەكرارلىنىپ تۇرغاندەك بولاتتى.

ئۇنىڭ قوقاندىن يېنىپ كېلىشى ھەر ئىككى خوتۇنى ئۈچۈنمۇ چوڭ بىر پالاكەت بولدى. چۈنكى يوقلا بىر بانا بىلەن ئىككىلىسىمۇ ئۇبدانلا تاياق يېيىشىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى كۈندەش ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشتىن قورقۇپ، يەنىمۇ توغرىسى ئۇنىڭ سوغاق ئەپتىنى كۆرۈشتىن يىرگىنىپ ھويلىنىڭ چەت - چەتلىرىدە يۈرۈشەتتى ۋە ئىككى كۈندەش تەڭلا ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلىشەتتى: "قوقاندا ئۆلسە، ئۆلۈكىنى ئىتلار يېسە، خويمۇ ئوبدان بولاتتى!" دېيىشەتتى.

ئۇ ئولتۇرغان يېتى نىمە توغرىدا بولمىسۇن، بەكمۇ باش قاتۇرۇپ ئويلايتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ رەڭگىدىن يىرتقۇچلۇق ۋە بىر گۇناسىزنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇمغا تەييارلىنىش ۋەھشىلىگىنىڭ بەلگىلىرى كۆرۈنەتتى. ھەر ھالدا ئۇ ياخشىلىققا ئەمەس، قانداق بولسىمۇ بىر ۋەھشىلىككە يوللار، پىلانلار ئىزلەيتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ يۈزىدە ئىستىھزالىق بىر ھىجيىش كۆرۈندى ۋە بىر نىمىگە قارار قىلغاندەك بىر ھەركەت قىلدى - دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قوزۇقتىكى كىرلەپ كەتكەن سەللىسىنى قولىغا ئالدى ۋە ھويلىغا چىقتى. تاشقىرقى ھويلىدا بەش دۇكان بىلەن ئىش توقۇۋاتقان ئۇستا ۋە شاگىرتلىرىغا بەزىبىر تەلىماتلارنى بەرگەندىن كېيىن، بىر يوغان دەرۋازا ئارقىلىق كوچىغا ماڭدى. ئورىلىپ بولمىغان سەللىسىنى تۈزەتكىنى ھالدا تار، كىردى - چىقتى كوچىلار ئارقىلىق شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە، بەگلەرنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ كەتتى. بەگلەر مەھەللىسىنىڭ باشلىنىشىدا، جەنۇپقا قارىتىپ سېلىنغان يوغان بىر دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئىككى نەپەر ملتىق ۋە قىلىچ ئاسقان ئەسكەر سوزلىشىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ يېنىغا بىزگە مەلۇم ئادەم كېلىپ توختىدى ۋە بۇلار-

دىن سورىدى:

— بەگ ئۆيدىمۇ؟

گەپنىڭ بېلىگە تەپكىنى ئۈچۈن ئەسكەرنىڭ بىرسى گولىيىپ سورىغۇچىغا قارىدى، يەنە بىر قوللىرى ئارىسىدىكى مىلتىقنى بىلەن ئىچكىرىگە شەرەت قىلىپ جاۋاپ بەردى:

— بار!

دەرۋازىدىن ئىچكىرى كىرگەندىن كېيىن، سارايغا ئوخشاش بىر ھويلا. ئايۋاندا ئونبەشكە يېقىن قوراللىق ئەسكەرلەر كوتەكلەردىن گۇلخان يېقىپ ئىسسىنىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ توردىكى ئايۋان ئارقىلىق بارىدىغان ئۆينىڭ ئىشىگىدە تۇرغان ئەسكەر بېشىنىڭ يېنىغا باردى ۋە قۇربېشى بىلەن ئۇچرىشىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ئەسكەر بېشىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ئىچكىرى كىردى:

بېشىغا كوك سەللە ئورىغان، ئۈستىگە ئوراتېپىنىڭ باسمىسىدىن چەكمەن، بېلىگە كۈمۈش كەمەر باغلاپ، كۈمۈش قىنلىق قىلىچىنى تىزىغا باسقان، قاراتەنىلىك بولسىمۇ، كوكنارىمۇ ۋە تەرىيەكىمۇ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن رەڭگى سارغايغان قىرىق - ئەللىك ياشلار چامىسىدا بىر ئادەم يارلىققا ئوخشاش بىر خەتنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. قۇربېشى كەلگۈچىنىڭ سالامىغا ئېتىۋارسىزلا جاۋاپ بەرگەن بولدى - دە، روھسىز بىر ئاۋاز بىلەن:

— نىمە ئىش قىلىپ يۈرسەن؟ — دەپ سورىدى.

— تەقسىر، سىزگە ئەرز بار!

ئەسكەر بېشى كەلگۈچىنى قويۇپ چىقىپ كەتتى. كەلگۈچى ئىشىك يېنىدا، قول باغلاپ تىك تۇراتتى.

— قانداق ئەرزىڭ بار؟

— تەقسىر، ئىجازەت بەرسىڭىز ئولتۇرسام...

— خوپ، ئولتۇر!

كەلگۈچى كوپ تۇتۇلۇپ ئوكوپ كەتكەن گىلەمنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ بېرىپ، قۇربېشىنىڭ ئۇدۇلىغا تەۋەززۇ بىلەن ئولتۇردى.

قۇر بېشى قولىدىكى خەتنى پۈكلەپ قوينىغا تىقتى-دە، كەلگۈچىگە يەر تېگىدىن قارىدى.

— نەلىكسەن؟

— تەقسىر ... موشۇ يەرلىك، مەرغىلانلىق.

— ئېتىڭ نىمە؟

— تەقسىر ... ھامىد.

— نىمە ئىش قىلىسەن؟

— ئۈستىكارلىق.

— ياخشى، ئەرزىڭنى سۆزلە!

ھامىد ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا ياسىما بىر ئاھاڭ بېرىپ ئەرزىنى باشلىدى.

— شاھەنشاھىمىزنىڭ جانابى قېيناتىلىرى مۇسۇلمانقۇل باتۇرنىڭ ئادالەتلىك زامانلىرىدىمۇ، — دېدى ھامىد، — قارا چاپانلىقلار تېخىچە تىنىچ ياتماي، يۇرتنى قىپچاق ئاغىلارغا قارشى قوزغىماقچى بولىدۇ. ئىشنى يەنە تەدبىرسىز قارا چاپانلار قولىغا ئېلىپ، مەملىكەتنى بۇزغۇنچىلىققا سالماقچى بولۇشىدۇ ... بىز بۇنداق بۇزغۇنچىلىقلار يالغۇز تاشكەنتتىكى ئەزىزبەگ بىلەن ئۇنىڭ يولباشچىسى بولغان يۇسۇپبېك ھاجى دەپ بىلەتتۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇغى بىزنىڭ مەرغىلانغىمۇ چېچىلغان ئىكەن.

قۇر بېشىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:

— نىمە دەيسەن؟ ئۇ كىم ئىكەن مەرغىلاندىكى؟

— بىرسى — مەشھۇر بۇزغۇنچى تاشكەنتلىك يۇسۇپبېكنىڭ ھازىر مەرغىلاندا تۇرغۇچى ئوغلى — ئاتابېك ناملىق بىر يىگىت، يەنە بىرسى — ئۇنىڭ مەسلەكدىشى ۋە قېيناتىسى بولغان مىرزا كەرىم قۇتىدار!

— تېخى شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، تەقسىر!

سەن بۇ ئىشنى نەدىن بىلدىڭ؟

— يېقىندا ئۇلارنىڭ بىر مەجلىسلىرىدە بولغان ئىدىم، تەقسىر...

— خوش، خوش، مەجلىستە؟

— مەجلىستە نۇرغۇن گەپلەر بولدى، تەقسىر، — دېدى هامىد، — مەجلىسنىڭ باشلىغى بولغان ئاتابېك قىپچاقلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېزىشىنى، قىپچاقلاردىن ئىشنى ئېلىش ئۈچۈن تاشكەنتتە ئەزىزبەگ ۋە ئۇز ئاتىسى باشلىق بىر نىيەتتە ئىش باشلىغانلىقلىرىنى سوزلەپ، مەرغىلانىنىڭمۇ بۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى... مەجلىس ئەھلى، بولۇپمۇ، مىرزا كەرىم ئۇنىڭ سوزىنى قۇۋۋەتلەپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، هوكۇمەت ۋە مەملىكەت ئۈچۈن ئاقىۋەتى قورقۇنچلۇق، تەقسىر!

— مەجلىس كىمنىڭكىدە ئىدى؟

هامىد تەرىپىدىن كۈتۈلمىگەن بىر سوئال! هامىد ئۇزىگە بېرىلگەن بۇ سوئال ئالدىدا تەمتىرەپ قالدى. چۈنكى مەجلىس ئورنىنى ئېيتسا، پاچچىسى بىلەن جىيەنى رەھمەتنىڭمۇ قولغا چۈشۈشى ئېنىق ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇز پۇتىغا ئۇزى پالتا چاپقان بولاتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ دۇدۇقلىدى.

— مەجلىس ئورنى يادىمدا يوق، تەقسىر.

مەنتىقىسىز بۇ جاۋاپقا قارشى قۇربېشى ئاچچىغى بىلەن ۋاقىرىدى:

— يادىمدا يوق؟

هامىد گاڭگىراپ قالدى ۋە بىر تۈرلۈك ئۇلۇك ئاۋازدا:

— يادىمدا بولسىمۇ نازۇك بىر جاي بار ئىدى، تەقسىر، — دېدى.

— نازۇك بىر جايمىدى! — دەپ قۇربېشى زەردە قىلدى، — ئەگەر ئېيتمىساڭ، شۇ مۇتىھەملەر تىقىلىدىغان چوڭقۇرغا سەنمۇ تىقىلىسەن!

— كەچۈرۈڭ، تەقسىر!

قۇربېشى يىرتقۇچلاردەك هوكۇرىدى:

— كەچۈرۈش يوق!

ھامىد ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارىدىن باشقا ئىلاجى قالمىدى — يانچۇقىنى كولاشقا كىرىشتى ۋە يۈز مۇشەققەت بىلەن پورتمىنىنى ئالدى. پورتماندىن ئونغا يېقىن ئالتۇن تەڭگىنى سانىمايلا ئېلىپ قۇربېشىغا ئۇزاتتى:

— تەقسىر، سىزگە ئاتىغان نەزرىمىز ئىدى...

ھامىد يانچۇقىنى كولاشقا باشلىغاندىلا قۇربېشىنىڭ ئۈستىدىن سوغ سۇ قۇيۇلغان ئىدى. ئۇ ئالتۇنلارنى يانچۇققا سېلىپ جايلىغاندىن كېيىن، ئاۋازىمۇ ئاۋالقى ھالىغا يېنىپ، سۆزلىرىمۇ مۇلايىملاشتى.

— دېمەك، نازۇك جاي ئىدى دېگىن، ھامىدۋاي!

— تەقسىر...

— بەدبەختلەر شۇنداق مەسلىھەت قىلىشتىمۇ، تېخى؟

— تەقسىر... ئۇ ئىشنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، نەتىجە يامان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

— ئەلۋەتتە، بىز شۇ بۇزغۇنچىلارنىڭ جاجىلىرىنى بېرىمىز... مەن ھازىر بېرىپ بەككە ئېيتاي، مۇتەھەملەرنى مۇشۇ كېچىدىن قالدۇرماي قولغا ئالىمىز، — دېدى قۇربېشى.

ھامىدنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. قۇربېشى ئۇزىنىڭ ئىما ۋە ئىشارەتلىرىگە ئۇتكەنلىكتىن ئۇنىڭ كوزىدە ئۇچ ئېلىش خوشاللىقلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھامىدنىڭ ئۇزىگە مەلۇم بولغان بىر بەخت ئۇمىتلىرى ئوينىشاتتى. قۇربېشى تەكچىدىن دۇۋەت-قەلەم ئېلىپ ئالدىغا قويدى-دە، يېزىشقا تەييارلىنىپ سورىدى:

— ئېيتقىنا ھامىدۋاي، مۇتەھەملەر كىملەر ئىدى؟

— بىرى — تاشكەنتلىك يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى ئاتابېك!

قۇربېشى يازدى:

— ھە، ھە! تېخى يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى دېگىن! بىزنىڭ مەرغىلانىمىزمۇ قانغا پاتۇرماقچى ئىكەن-دە، مۇتەھەملەر، ئىككىنچىسى؟

— ھازىر ئاتابېككە قىزىنى بەرگەن مەرغىلانلىق مىرزا كەرىم.

— قارغۇ قارغۇنى قاراڭغۇدا تاپقان ئىكەن، ئۈچىنچىسى؟
— ئاتابېكنىڭ قولى ھەسەن ئەلى.
— تۆتىنچىسى؟
ھامىد بىرئاز ئويلاپ جاۋاپ بەردى:
— بىلمەيمەن ... ھازىر مەرغىلاندىمۇ، ئەمەسمۇ، ئەنجانلىق ئەكرەم ھاجى!
قۇربېشى يازدى:
— ئىش چوڭ ئىكەن، يەنە؟
— ئەمدى يوق، تەقسىر، — دېدى ھامىد ۋە سۆزىگە مۇنۇنى قوشۇپ قويدى، — ئاتابېك بىلەن مىرزا كەرىم قولغا ئېلىنمىسا، يىلاننىڭ بېشى مىجىلغان ھېساپلىنىپ، باشقىلىرىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر ئەمەس، تەقسىر.
قۇربېشى يېزىشنى توختىتىپ، قەغەزنى قوينىغا تىقتى. "بولمىسا ئىش تۈگىدى، ئەتىلىككە ئەتىگەندە ماجرانى ئاڭلايسەن!" — دېدى. ھامىد ئورنىدىن تۇرۇپ قۇربېشىغا تازىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

## 13

## سولاق

"يار مازار" ماۋزۇسىدا شەھەر قورغىنىغا يۆلەپ سېلىنغان ئوردا، ئوردا دەرۋازىسىنىڭ مەيدانى پاتمانلاپ ھېساپلانغان مۇنار بولۇپ، بۇ يەردە ئالما، ئۆرۈك، ناك ۋە تۇت دەرەخلىرى خېلىلا بار ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىنىنى ئوراپ كەتكەن ئوردا قورغىنى سەككىز گەز ئېگىزلىكتە بولۇپ، سۇۋاقلىرىغا گۈللەر، نەقىشلەر چۈشۈرۈپ ياسالغان ئىدى. بۇ دەرۋازىنىڭ ئىككى بۆلۈكىدە ئالىچىدىنمۇ، بوزدىنمۇ ئۆزۈن چاپانلار ۋە باشلىرىغا قولاقچا كىيىپ، تاسما بەلۋاغ ئۈستىدىن قىلىچ ئېسىش بىلەن مىلتىقلىرىغا يۆلەنگەن

ئىككى ئەسكەر كىرىۋىندۇ — بۇلار نۆۋەتچى ئوردا قاراۋۇلى، ۋا-
راڭغۇ چۈشۈشكە يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن قىيا يېپىلىپ تۇرغان
دەرۋازىنى كىمدۇ بىرى ئىچكىرىدىن ھەم قۇلۇپ ياپتى — دە،
كۈچ سەرپ قىلىپ دەرۋازىنىڭ يوغان زەنجىرىنى شاراق - شۇ-
رۇق قىلىپ باغلىدى. ھازىر بىزنىڭ ئوردا ئىچىگە كىرىش مۇم-
كىن بولمىغىنى ئۈچۈن، قورغاننىڭ تاشقىرى ئەتراپىدا ئايلىنىپ
تۇرايلى: دەرۋازىنىڭ سول بىقىنىغا قاراپ ئىككى يۈز قەدەم
ماڭساق، قورغاننىڭ تېمى ئاياقلىشىپ دوقمۇشقا يېتىپ قالىمىز.
قورغاننىڭ دوقمۇشىغا قاراۋۇل تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس مۇنارغا
ئوخشاش جاي ياسالغان بولسىمۇ، ھازىر بۇ جاي نۆۋەتچىدىن
خالى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر بوشلۇق يەر بىلەن قورغاننىڭ
جەنۇبىغا قاراپ كېتىمىز. تۆت يۈز قەدەملەپ ماڭغاندىن كېيىن،
قورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي دوقمۇشىغا يېتىمىز، بۇ دوقمۇشتىمۇ ئاۋۇ-
نىڭغا ئوخشاش قاراۋۇلسىز مۇنار ئۇچرايدۇ. بۇ دوقمۇشتىن قارىغان
ئادەمگە قورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىي دوقمۇشىمۇ كۆرۈنىدۇ، شۇ يو-
سۇندا ئوردىنىڭ تۆت دوقمۇشى ئايلىنىپ چىقىلسا، بىر مىڭ ئال-
تە يۈز قەدەم بېسىلغان بولىدۇ، ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىدىن بىز
تونۇشقان ئوردا دەرۋازىسىغا كېلىمىز.

ھازىر قاراڭغۇمۇ ئوبدانلا چۈشكەنلىكى سەۋەبلىك كىشى -
كىشىنى تونۇماسلىق دەرىجىدە ئىدى. ھېلىقى دەرۋازا ئۈستىدە
كۆرۈنگەن قاراۋۇللار تېخىچە قارا ھەيكەلگە ئوخشاش قېتىپ
تۇرۇشاتتى. شەھەر ئىچىدە ئوردا دەرۋازىسىغا قاراپ كېلىۋاتقان
بىرنەچچە ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قاراۋۇللاردىن
بىرسى — "تۇياق ئاۋازىمۇ؟" دەپ يەنە بىرسىگە سوئال تاشلاپ
قويدى. بۇ ئىككى قاراۋۇل ماراپ - ماراپ يولغا قارىدى:

— كۈچ ئاتلىق كۆرۈنىۋاتىدۇ!

— بۇ ۋاقىتسىز كەلگۈچى كىم ئىكەنە؟

— بۇنداق ۋاقىتتا قۇربېشىدىن باشقا ئادەم كەلمەيتتى،
ئېھتىمال شۇدۇر!

دەرۋەقە قۇربېشى ئۆزىنىڭ ئىككى ئەسكىرى بىلەن يېتىپ
كەلدى ۋە ئېتىدىن چۈشۈش بىلەن چۇلۋۇرىنى ئەسكەرنىڭ قو-
لىغا بېرىۋېتىپ، قاراۋۇللارغا بۇيرۇدى:
— دەرۋازىنى ئېچىشسۇن!
قاراۋۇللار ئىچكىرىگە خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، دەرۋازا ئې-
چىلىپ قۇربېشى ئىچكىرىگە كىردى. ئوردىنىڭ ئەتراپ ئۆزۈن-
لۇقىنى بىز چامداپ كورگەن ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوردىنىڭ
قانچىلىك كەڭ بولۇشىمۇ بىزگە قىياسەن مەلۇم. ئەمما ئوردىنىڭ
تولاراق قىسمى دەرۋازا تەرىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، جەنۇبقا تارتىل-
غان تۈپ - تۈز بىر تام بىلەن بولۇنگەن ئىدى. نېرىقى تەرەپ
ئوردىنىڭ ئىچكىرى قىسمىنى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭدا بەگ -
ھاكىمنىڭ ئائىلىسى تۇراتتى. ئوردىنىڭ تاشقىرقى قىسمىنىڭ
ئۈچ تەرىپى (جەنۇپ، شەرق، غەرپ تەرىپى) بىناسىز، پەقەت
قورغان تاملىرىنىڭ پەلەمپەيلىرى ئىدى. ئەمما ئىمارەت قىسمى
دەرۋازا بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ، سول بىقىنىدا دىۋانخانا، ئۇ-
نىڭ قاتىرىدا بويىغا قىرىق، ئىنىگە يىگىرمە ئالچىن جاي ئالغان
ئونبەش دەرىزىلىك چوڭ ئوت چاسا ئوي بولۇپ، ئىچىدە ئەل-
لىك نەپەرچە بەگنىڭ ئەسكەرلىرى گۇلخان يېقىپ ئولتۇرۇشات-
تى. بۇ ئوينىڭ قاتارى ئاشخانا، ئاتخانا ۋە شۇنىڭدەك ھاجەت
ئويلىرىنى تەشكىل قىلاتتى.
قۇربېشى دارۋازىۋەننىڭ يېنىدا توختاپ ئۇنىڭدىن سورىدى:
— بەگ ئىچكىرىدىمۇ؟
دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى كۆچىنىپ يېپىۋېتىپ جاۋاپ بەردى:
— بىلمىدىم، تەقسىر.
ئوردىناڭ چىراقچىسى دەرۋازا يېنىدىكى مەشئەل ياغچىغا ئوت
يېقىۋىدى، پۈتۈن ئوردا ئىچى يورۇشۇپ كەتتى. قۇربېشى دەرۋازى-
نىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. بۇ تەرەپتە ناھايىتى زىننەت-
لىنىپ بىنا قىلىنغان ئالى ئىمارەتلەر بولۇپ، شەھەر ئۈستىلىرى-
نىڭ ھەممە سەنئەت ۋە ماھارەتلىرى مۇشۇ بىنالاردا ئۆزىنى

كۆرسەتتى. قۇر بېشى بىرىنچى ئىشىك يېنىدا تۇرغان قوراللىق قاراۋۇلدىن ئۆتۈپ كىچىكرەك نەقىشلىك بىر ئۆيگە كىردى. ئىككىنچى ئىشىكتىن ئۆتۈپ چوڭ بىر زالغا چىقتى.

زال تولىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن ئىدى: ئالتۇن قەندىلدىكى ئەللىكلىگەن شاملارنىڭ نۇرى بىلەن نەقىشلەرگە تولغان تاملارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، كۆك - قىزىل، ئاق - ھال، سېرىق - قارا گۈللىرى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ ئۆيگە بىر خىياللىق بېرەتتى. ئۆيگە سېلىنغان قىزىل لەيلى گۈللۈك گىلەم كىشىنى گويا چىمەنلىكتىكىدەك ھېس قىلدۇراتتى. زالنىڭ تۆرىدە كىچىك ھەللەنگەن بىر ئىشىكچاق يېنىدا، ئەتلەس كۆرپە ئۈستىدە قىزىل دۇخاۋىدىن كىيىم كىيگەن ئونبەش ياشلار چامىسىدا، چىرايلىق بىر ئوغۇل يولۇ يەۋاتاتتى.

قۇربېشى ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ ئوغۇلغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ھە، ئەھمەدخان، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز، — دېدى.

ئەھمەدخان جايىدىن قوزغالمىدى:

— مەن ھەمىشە مەشەدە، قېنى ئاشقا كېلىڭ!

— رەھمەت، قوشبېگى ئىچكىرىدىدۇر؟

— ئىچكىرىدە، — دېدى ئەھمەدخان، — مەن تويۇپ قالدىم، كەلسىڭىز چۇ!

— بولمىسا تەۋەرۇك قولىڭىز بىلەن بىر ئاش بېرىڭ!

ئەھمەدخان قولىغا پاتقىچە، ئاش ئېلىپ قۇربېشىغا تۇتتى، قۇربېشى ئىخلاس بىلەن ئەھمەدخاننىڭ قولىدىكى ئاشنى يېدى ... ئۇ ئاشنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەھمەدخاننىڭ قولىنىمۇ يەۋېتەتتى.

كىرىپ ۋاقىت ئۆتمىدى. تۆردىكى كىچىك ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچكىرىدىن تولۇق يۈزلۈك، ئۇسۇك قاشلىق، كۆزلىرى ئېغىر قارايدىغان، ساقىلى شالاڭ، ئوتتۇرا بويلۇق، ئۈستىدىن كىمخاپ تون كىيىپ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم كۆرۈندى. ئەھمەدخان بىلەن قۇربېشىنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تازىم قىلىشلىرىدىن بۇ زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكى

بىلىنەتتى. بۇ ئادەم كېلىپ ئەتلەس كورپىگە ئولتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ سالماقلىق ئاۋازى بىلەن:

— قانداق، خالىقبېك، — دېدى، — يۇرتلىرىڭىز تىنچلىقمۇ، ئولتۇرۇڭ!

— خۇداغا شۈكرى، دۆلەتلىرىڭىزنىڭ سايىسىدە، — دەپ قۇربېشى تەۋەززۇلاندى ۋە قول قوشتۇرۇپ قۇشبېگىنىڭ يېنىغىراق بېرىپ يۈكۈندى. ئەھمەدخان بوشىغان لىگەنىنى داستىخىنى بىلەن كۆتىرىپ قۇشبېگى كىرگەن ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

— تۈنۈگۈنكى ئوغرىلار نىمە بولدى، قولغا چۈشۈردىڭىزمۇ؟

— دۆلەتلىرىڭىزنىڭ سايىسىدە... ئوغرىلاردىن بىرى تۇتۇلدى، دۆلەتلىرى يار بەرسە قالغانلىرىمۇ تۇتۇلىدۇ، — دەپ ئويلايمەن!

— باشقا نىمە خەۋەرلەر بار؟

قۇربېشى ئۆزىگە جىددىلىك ھالىتى بەردى:

— دۆلەتلىرى يار بەرسە، ھوكۇمىتىمىز ئۈچۈن قورقۇنۇچلۇق بولغان بۇزغۇنچىلارنىڭ ئۇۋىسىنى تاپقاندەكمەن! — دېدى.

قۇشبېگى ئۆزىگە ئەپسىزلىك تۇغدۇرۇۋاتقان قىلچىنى تىزىغا ئېلىپ، تېخىچە سوغاق قانلىق بىلەن سورىدى:

— قانداق بۇزغۇنچىلارنىڭ ئۇۋىسى؟

— قانداق بۇزغۇنچىلارنىڭ ئۇۋىسى بولسۇن، تەقسىر، — دېدى قۇربېشى، — دۇنيادا قارا چاپانلىقلاردىنمۇ كۈچلۈكرەك بۇزغۇنچىلار بولامدۇ؟...

قۇشبېگى كۆتىرىلىپرەك قويدى ۋە كۆزلىرى بىر ئاز چوڭىراق ئېچىلدى:

— خوش؟

— سىزگە مەلۇمكى، ئۇلاردىن ئەزىزبەگ بىلەن يۇسۇپبېك تاشكەنتتە بىرلىشىپ ئىسيان چىقىرىشىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلار، شۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن مەرغىلاندىمۇ بۇزۇش پىكرىگە چۈشۈپتۇ ۋە شۇ مەقسەتتە بۇ يەرگە ئادەممۇ ئەۋەتىپتۇ.

— ئادىمى كىم ئىكەن، تونۇدىڭىزمۇ؟

— تونۇدۇم، تەقسىر، — دېدى قۇربېشى مەغرۇر بىر ئاھاڭدا، — يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى ۋە ئوزدىمىزنىڭ مەرغىلاندىدىمۇ يەنە بىرنەچچە بۇزغۇنچىلار.

— يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى؟

— تەقسىر ... ئىسمى ئاتابېك.

قۇشبېگىنىڭ كوزى ياندى ... پېشانە تېرىلىرى پۇرۇشۇپ، سول قولى بىلەن ساقىلىنى تۇتامالاپ ئويغا كەتتى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا باشقىچە تەسىر قىلغان ئىدى: تاشكەنتنىڭ قوقانغا قارشى ئىسيان كوتەرگەن بىر زامانىدا، ئىسيانچىلاردىن بىرى، ھەم بىرىنچىسى بولۇپ تونۇلغان يۇسۇپبېك ھاجىدەك بىر ئادەمنىڭ ئوز ئوغلىنى مەرغىلانغا ئەۋەتىپ، بۇ يەردىمۇ ئىسيان چىقىردىش قەستىدە بولۇشى ئۇنىڭچە بەك يېقىن ۋە گۇمانسىز بىر ئىش ئىدى.

— ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— مىرزا كەرىم قۇتىدار ئاتلىق بىر كىشىنىڭكىدە.

— مىرزا كەرىم بىلەن قانداق ئالاقىسى بار ئىكەن؟

— بارىكاللا. تەقسىر! — دېدى قۇربېشى، — ئاتابېكنىڭ مەرغىلاندىن تاپقان ئەڭ يېقىن ئادىمى شۇ قۇتىدار. بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۇن ئىلگىرى ئاتابېككە ئوز قىزىنى بېرىپ كۇيوغۇلمۇ قىلىۋاپتۇ. ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئاتابېكنىڭ ھەممە پىلانلىرى ئەشۇ قۇتىدار بىلەن با مەسلىھەت بولىدىكەن.

— ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا كىملەر يىغىلغان؟

قۇربېشى قوينىدىكى خەتنى ئېلىپ قۇشبېگىگە سۇندى: ھازىرچە ماڭا مەلۇم بولغان بۇزغۇنچىلار مۇشۇلار! قۇشبېگى خەتكە كوز يۇگۇرتۇپ تىزىمدىكى ئادەملەرنى دەرھال ئەپكېلىشكە بۇيرۇدى. قۇربېشى تازىم قىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ تىزىمنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ پىكىرگە چومدى.

*　　*　　*

ئوتەبباي قۇشبېگى هازىرلا ئىچكىرى ئوردىدىن يېنىپ چىققان ئىدى. شۇ ئاردا قۇربېشى كىرىپ ئۇنىڭغا تازىم قىلدى:

— ئەپكەلدىم، تەقسىر! لېكىن ئىككىسىنى تاپالمىدىم.

قۇشبېگى چىدامسىزلىق بىلەن:

— ئاتابېكنىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

قۇربېشى غالىپلارچە جاۋاپ بەردى:

— تۇتتۇم، تەقسىر؛ قۇتىدارنىمۇ!

— ئېلىپ كىرىڭ!

قۇشبېگى تىنچلاندى، قۇربېشى دالاندىن تاشقىرىغا شەرەت قىلدى - دە، يېنىپ كىرىپ قۇشبېگىگە رۇخسەت تازىمى ئادا قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن رۇخسەت ئېلىپ ئولتۇردى. ئىشىكتىن ئىككى قوراللىق ئەسكەرنىڭ ساقچىلىقىدا ئاتابېك ۋە مىرزا كەرىم قۇتىدار كورۇنۇپ بەككە تازىم قىلىشتى. قۇشبېگى قوراللىق ئەسكەرلەرنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، گۇناكارلارنى يۇۋاشلىق بىلەنلا ئۆز ئالدىغا قىچقاردى. ئاتابېكتە چۈشەنمەسلىكتىن باشقا ئۆزگىرىش سېزىلمىسىمۇ، قۇتىدار بەك قورققان، رەڭگى ئوچۇپ كەتكەن ئىدى. ئىككىسى تەڭلا قۇشبېگىنىڭ ئۇدۇلىغا يۈكۈنۈشتى. قۇشبېگى ئاتابېكنى تولىمۇ دىققەت نەزىرى بىلەن كوز ئۈگىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سورىدى:

— ئاتابېك دېگەن سىزمۇ؟

— مەن، تەقسىر!

— تاشكەنتلىك يۇسۇپبېك هاجىنىڭ ئوغلىسىز؟

— تەقسىر!

— هازىر مەرغىلاندا تۇرامسىز؟

— شۇنداق، تەقسىر!

— مەرغىلانغا كەلگىنىڭىزگە كوپ بولدىمۇ؟

— قىرىق كۈنلەرچە بولدى.

— مەرغىلانغا نىمە ئىش بىلەن كەلگەن ئىدىڭىز؟

— سودىگەرچىلىك بىلەن، تەقسىر.

— ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ؟

— بىر ئادىمىم بار ئىدى.

قۇشبېگى قولىدىكى تىزىمغا قاراپ قويدى ۋە داۋام قىلدى:

— ھەسەن ئەلى كىم بولىدۇ؟

ئاتابېكتىكى بايىقى چۈشەنمەسلىك بىر گۇمانغا يەڭگۈشلەندى، ئەمما پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋابنى بېرىۋەردى:

— قۇلىمىز بولىدۇ. تاشكەنتتىن بىللە كەلگەن ھەمىشىيىم مۇشۇ سىز ئېيتقان ھەسەن ئەلى ئىدى.

— ھەسەن ئەلى ھازىر نەدە؟

— مەرغىلاندا.

— سىز بىلەن بىللە تۇرامدۇ؟

— ياق. سارايدا بىرئاز ماللىرىمىز بار ئىدى، شۇ يەردە مال-لارغا قاراپ تۇرىدۇ.

— بۇ ئادەم نىمىڭىز؟

— قېيناتىمىز.

— ئۆزۈڭىدىن بۇيانمۇ؟

— بۇگۈن سەككىزىنچى كۈنى...

— ئىلگىرى ئۆزىڭىز ئۆيلەنگەنمىدىڭىز؟

— ياق.

— ئۆزىڭىز تاشكەنتلىك بولۇپ تۇرۇقلۇق نىمە مەجبۇرىيەت ئاستىدا مەرغىلاندىن ئۆيلەندىڭىز؟

بۇ سوئالدىن ئاتابېك بىرئاز ئەپسىزلىنىپ توختىدى، ئەمما بۇ تارتىنىشتىن قۇشبېگىنىڭ ئالدىدا باشقا بىر ھەقىقەت ئېچىلغاندەك بولدى:

— جاۋاپ بېرىڭ!

— تەقدىر، تەقسىر!

قۇشبېگى بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ يەنە سوئال بەردى:
— مەرغىلاندا كىملەرنى تونۇيسىز؟
— مەرغىلاندا ئۈچ - تۆت ئادەمدىن باشقا كىشىنى تونۇمايمەن.
— ئەكرەم ھاجىنى تونۇيدىغانسىز؟
— تونۇيمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئولتۇرۇشلاردا بولغان ئىدۇق.
— ھازىر ئەكرەم ھاجى ئاغىنىڭىز نەدە؟
— بىلمىدىم، تەقسىر! — دېدى ۋە قېيناتىسىغا قارىدى.
قۇتىدار جاۋاپ بەردى.
— ئەكرەم ھاجى ھازىر ئەنجاندا بولسا كېرەك، تەقسىر!
— خوپ، ئاتابېك، سىز جاۋاپ بېرىڭ. ئەكرەم ھاجى بىلەن بولغان ئولتۇرۇشىڭىز كىمنىڭكىدە ئىدى؟
ئاتابېك بۇنداق سوئاللارنىڭ بىكاردىن بېرىلمىۋاتقىنىنى پەملەپ، بۇنىڭ تېگىدە قانداق بولسىمۇ بىرگەپ بارلىغىنى ئىشەندى:
— بىرىنچى ئولتۇرۇشىمىز بۇنىڭدىن بىر ئاي چامىسى ئىلگىرى زىيا ئاكا دىگەننىڭ ئۆيىدە، ئىككىنچىسى (قۇتىدارنى ئىما بىلەن كورسىتىپ)، بۇ كىشىنىڭكىدە بولغان ئىدى. شۇ ئولتۇرۇشلاردا ئەكرەم ھاجىمۇ بار ئىدى.
— زىيا ئاكىنىڭكىدە بولغان ئولتۇرۇشلارغا كىملەر قاتناشتى؟
— مەن، زىيا شايىچى، بۇ كىشى (قۇتىدار)، — دېدى ۋە بىرئاز ئويلىنىۋالدى، — زىيا ئاكىنىڭ ئوغلى — رەھمەت، ئەكرەم ھاجى، ھەسەن ئەلى ۋە ھامىد ئاتلىق يەنە بىر ئادەم.
ھامىدنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان قۇر بېشى تەسدىق قىلغاندەك بىر ھەركەت ياساپ قويدى. قۇشبېگى قۇربېشىغا يەر تېگىدىن كوز يۇگۇرتۇۋالدى - دە، يەنە سورىغىنى داۋام قىلدۇردى:
— ئىككىنچى ئولتۇرۇشلاردا كىملەر بولدى؟
— ئىككىنچى ئولتۇرۇشىمىزدا ھېلىقى ئادەملەرلا بولدى. پەقەت ھامىد يوق ئىدى.
— بايا مەرغىلانغا كەلگىنىمگە نەچچە كۈن بولدى، دېدىڭىز؟

— قىرىق كۆڭلەرچە!

— ياخشى، — دېدى قۇشبېگى، — ئېيتىڭچۇ، قىرىق كۇنلەپ مەرغىلاندا قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— مەلۇمكى، ھازىر تاشكەنت قامال ھالىتىدە. شۇنداق چاغدا تاشكەنتكە قايتىش ئۆزى ئەقىلسىزلىق بولار ئىدى.

— قارا چاپانچى بولغىنىڭىز ئۈچۈن، — دېدى ئىستىھزا قىلىپ قۇشبېگى، — قىپچاق بۇرادەرلەردىن قورقتىڭىزمۇ؟

— سۆزىڭىزگە چۈشىنەلمەيمەن، — دېدى كۈلۈپ ئاتابېك.

بۇ گەپنى ئاددى ئادەمگە ئېيتقاندەك قىلىپ سۆزلىدى. قۇتىدار ئۆزىنىڭ بۇ ئېيتقان گېپىدىن ئەمەس، كۈلۈشىدىن بەكمۇ قاتتىق قورقۇشقا چۈشۈپ، ئۆزىدە ئىسسىقلىق - سوغاقلىق بىر ھالەت ھېس قىلغان ئىدى. ھاكىملارغا گەرچە توغرا بولغاندىمۇ قوپالراق سۆز قىلىش ئۆلۈمنى تىلەش بىلەن تەڭ ئىدى. ئوتەبباي قۇشبېگى زامانە ھاكىملىرىنىڭ تۈزۈكرەكى بولسىمۇ، جىق بولمىسا ئازراق ئۇلارنىڭ تەسىرى بۇنىڭدىمۇ بار ئىدى. ئاتابېكنىڭ بۇ گېپىگە ئاچچىقلاندى:

— قىپچاق دۈشمىنى بولغان ئاتىڭىز يۇسۇپبېك ھاجىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئاتىڭىزنىڭ سىزگە بەرگەن ۋاكالىتى قەيەردە قالدى؟

— قىپچاق دۈشمىنى كىم، ئاتام كىمگە قانداق ۋاكالەت بېرىپتۇ، خۇدا ھەققى ئۈچۈن ئېچىپ سۆزلەڭ، بولمىسا بىلەلمەيمەن. تەقسىر!

— ئۆزىڭىزنى بىلمەسلىككە سالماڭ، بېك يىگىت، — دېدى قۇشبېگى، — ئاتىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، سىزنى مەرغىلانغا نېمە ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى، قۇتىدار بىلەن بۇ يەردە قانداق ئىشلار قىلىۋاتقىنىڭىزنى، ھەممىسىنى ھۆججەتلىرى بىلەن بىلىمىز. سىز مەرغىلانلىق بۇرادەرلەرنى قىپچاقلارغا قارشى قوزغىماقچى بولسىز، بۇنىمۇ ئوبدان بىلىمىز...

ئاتابېك }
قۇتىدار } يائاللا!

ئاتابېك قاتتىق بوغۇلۇپ - غەزەپلىنىپ كەتكەنلىكىدىن كوكۇش تاۋلىنىپ كەتكەن، قۇتىدار بەزگەكلەردەك تىترەشكە باشلىغان ئىدى. ئاتابېك ئۆزىنى كۈچ بىلەن يىغدى:

— بۇنىڭدا چوڭ تۆھمەت بار، تەقسىر! — دىدى، — ئاتامنى قىپچاق دۈشمىنى ۋە مېنى مەرغىلانلىق بۇرادەرلەرنى ئىسيانغا تەييارلاش ئۈچۈن كەلگەن، دەپ ئويلامسىز؟

— ئويلىمايمىز، ياخشى بىلىمىز! قۇتىدارنىڭ سىزگە نىمە ئۈچۈن قىزىنى بېرىپ كۈيوغۇل قىلغىنىنىمۇ ياخشى چۈشىنىمىز!

قۇتىدار سۈرەتتەك قېتىپ قالدى، ئاتابېك بولسا ئۆزىدىكى ھاياجانىنى كۈچ بىلەن تارقىتىشقا تىرىشاتتى. قۇشبېگى بىلەن قۇربېشى بۇ ئىككى گۇناكارنى تەقسىپ قىلاتتى، ئۇلاردىكى ھەر بىر ھەركەتنى ئۆزلىرىچە بىر نىمىگە جورايتتى.

ئۈچ - تۆت مىنۇتلۇق جىملىقتىن كېيىن ئاتابېك تىلغا كەلدى:

— بىز بۇ مىنۇتتا، سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، گويا بىر ئىغۋاگەر، گويا بىر ئىسيانچى بولۇپ تونۇلۇپ تۇرۇۋېتىمىز! — دىدى بېك، — راستىنلا شۇنىداق ئادەملەردىنمىزمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنى ئەلۋەتتە سىزنىڭ تەكشۈرۈشلىرىڭىز، ھەقىقەتلىرىڭىز كورسىتەر. مەن سىزنىڭ قىلىچىڭىز ئاستىدا ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ياكى سىزگە خوشامەت ئۈچۈن سوزلىمەستىن، ھوكۈمەت ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدا چۈشىنىدىغان بىر ئادەم بولغانلىغىڭىز سەۋىۋىدىن ئاتامنىڭ، ھەم ئۆزەمنىڭ قانداق پىكىر ۋە مەسلەك ئادەملىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىپ ئۆتمەكچى بولىمەن: بىز يا قىپچاقلارغىمۇ تەرەپدار ئادەملەر ئەمەس ۋە يا شەھەرلىك بۇرادەرلەرگىمۇ! بۇ ئىككى تەرەپ بىزنىڭ قارىشىمىزدا بىر بىرىسىدىن ئەلا، باشقۇرۇش - ئىدارە ئىشىدا بىر بىرىسىدىن ئارتۇقراق خەلقلەر ئەمەس. شۇنىڭغا بىنائەن تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئىستىقباللىرىنى بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىگە تاپشۇرۇشى خۇددى قوينى بورىگە تاپشۇرغانغا

ئوخشاش گەپ. ئەمەلىيەتتە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىش بېشىغا ئۈمتۈلگەن ئادەملىرىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقسىڭىز، بىرسىنىڭ پەقەت ئەل تالاش، بايلىق ئاشۇرماقلا بولغان غەرىزىنى، ئىككىنچىسىنىڭ چىرايلىق خوتۇنلار، يۇقۇرى تۇرمۇشلا ئۈچۈن بولغان مەقسىدىنىلا كورۈپ، ئىككى ئارىدىن "ئەلنى ئىنتىپاق، ئەلنى راھەتتە تىرىكچىلىك قىلسۇن!" دېگەن ئۈچىنچى بىر ئالى مەقسەتنى چىراق يېقىپ ئاختۇرسىڭىزمۇ تاپالمايسىز. مانا بىز، تەقسىر، مۇشۇ كېيىنكى ئىشتا كورۈلمىسىمۇ، پەقەت تاتلىق خىياللاردىلا يۈرگەن ئالى مەقسەتلەرگە ئۆزىمىزدە تەرەپدارلىق ھېس قىلىمىز. ئاتامنىڭ ئەزىز بەككە يېقىن تۇرۇشى قىپچاق دۈشمىنى، قارا چاپان تەرەپدارى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقى مەسلەككە بىر خىزمەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەپسۇسكى، ئاتامنىڭ ئەزىزبەگدىن بولغان ئۈمىدى بىكار كەتتى. بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ چىرىك خىيالىي يولىدا خاندىن يۈز ئورىدى ۋە ئوتتۇرىدا قانچە گۇناسىزنىڭ قېنى توكۈلۈشىگە سەۋەپ بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ سوزلىرىمگە مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، ئىختىيار ئەلۋەتتە سىزدە، ئەمما بۇنداق ئەڭ رەزىل بوھتان بىلەن قارىلىنىشىمغا ۋىجدانىم ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى چەكتە ئازاپلىنىمەن، تەقسىر!

قۇشبېگى ئاتابېكنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئوبدانلا تەرەددۇتكە چۈشۈپ — ئىككىلىنىپ قالغان ئىدى. ئەمما "ئەزىزبەگنىڭ ئاتىلىغى ۋە مەسلەھەتچىسى!" بولغان يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى بولۇشى ئۇنىڭ مىڭىسىنى قاتۇرغان، بەلكى بۇ گەپلەر شۇنداق ئېھتىماللارغا قارشى دەستەك قىلىپ بېرىلگەن بولمىسۇن، دېگەن پىكىرگە كەلگەن ئىدى. ئاتابېكنىڭ يۇقۇرىدىكى گەپلىرىدىن كېيىن بولغان ئۇنىڭدىكى ئوزگىرىشمۇ پەقەت بۇ ئىشنى ئوبدان تەكشۇرۇش ۋە ھازىرچە بىر ھوكۇم بەرمەسلىكلا بولدى.

— ھەر ھالدا سىلەرنىڭ ياخشى نىيەتلىك ئادەملەردىن ئەمەسلىكىڭلار كوز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، — دېدى قۇشبېگى، —

شۇنىڭ ئۈچۈن تا ھەقىقەت ئاشكارا بولغىچە ئىككىلار زىنداندا قالىسىلەر!

ئاتابېك ھېچ سۆز قىلماستىن جىم تۇردى. قۇتىدار "چارە يوقمۇ؟" دېگەندەك قىلىپ كۈيوغلىغا قاردى. قۇشبېگىنىڭ شەرتى بىلەن ئەسكەرلەر كىرىپ، گۇناكارلار زىندانغا ئەپكېتىلدى. قۇشبېگىنىڭ — "ئەتىلىككە ئۆيدە ئولتۇرۇش قىلىنغانلارنى ۋە بۇ ئولتۇرۇشتا قاتناشقان باشقىلارنىمۇ قولغا ئېلىپ ھوزۇرۇمغا ئەپكېلىڭ!" دېگەن ئەمرىدىن كېيىن، قۇربېشىمۇ رۇخسەت ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## 14

## نىجات تىلەپ تاشكەنتكە

بۈگۈن سەككىز كۈندىن بۇيان — "كۈتۈلمىگەن بىر بەخت" ئىگىسى بولۇۋالغان كۈمۈش بىبى ئۈچۈن بۇ ئەھۋال كۈتۈلمىگەن بىر بەختسىزلىك، كۈتۈلمىگەن بىر پالاكەت ئىدى. ئەمدىلا — "بېكنى ئۆيلەندۇردۇم، ياخشى كۆرگىنىمگە قوشۇپ خوشال قىلدىم!" دەپ بۇ ئۆيلەندۇرۇشنىڭ ھوسنى ۋە خوشاللىقىنى تۈزۈكرەك ئويلىيالمىغان ھەسەن ئەلى ئۈچۈنمۇ بۇ ۋەقە كىچىك ئىش، ئاز قايغۇ ئەمەس ئىدى. كوزىنىڭ ئېقى ھەم قارىسى، يالغۇز قىزىنى ماختىغۇدەك ئەرگە بېرىپ، قىزى بىلەن كۈيوغلىنىڭ بىرمۇنۇتمۇ بىر بىرىدىن ئاجرىشالمىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ تېرىسىگە سىغماي يۈرگەن ئاپتاپ ئايىم ئۈچۈن كۈيوغلىلا ئەمەس، ھەتتا ئېرىنىڭمۇ بۇ پالاكەتكە چۈشكىنى چىدىيالىغۇدەك بىر ئەھۋال ئەمەس ئىدى. كۈمۈش بىبى ئۆزىنىڭ — "كۈتۈلمىگەن بىر بەختى" ئۈچۈن ئىشەنمىگەندەك بولۇپ يۈرەتتى. راستىنىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن يېڭىۋاشتىن قوشۇلۇشقا ئىشىنەلمىدى. ھەسەن

ئەلى "قۇتۇلدۇم!" دېگەن ئىدى، يەنە تاغدەك قايغۇغا تۇتۇل-
دى، ئاپتاپ ئايىمنىڭ خوشلۇقى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
كۈمۈش بىبى بىلەن ئاپتاپ ئايىمنىڭ بۇ پالاكەتكە قارشى
تاپقان - تۇتقىنى پەقەت كوز يېشى توكۇشلا بولدى. بۇ پالا-
كەتنىڭ ئېغىرى يەنە ئۇزىنىڭ تاغدەك چوڭلۇغى بىلەن ھەسەن
ئەلىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. كۈمۈش بىبى ئېرى بىلەن ئاتىسىنىڭ
قۇتقۇزۇلۇشىنى كىمدىن كۈتۈشىنى بىلمەيتتى - دە، قارا كوزلىرى-
نى لىققىدە ياشقا تولدۇرۇپ — "ئەمدى قانداق قىلىمىز؟" دې-
گەندەك قىلىپ ھەسەن ئەلىگە تەلمۈرەتتى. قۇتىدارنىڭ ئائى-
لىسىدە باشقا بىر ئەر كىشى بولمىغانلىغى ئۈچۈن — ئاپتاپ
ئايىمنىڭ قېرىنداشلىرىدىن "جانكويەر" دەپ تونۇلغان ئادەم
كۈمۈشنىڭ تاغىسى ئەھمەدبېك بولۇپ، ئۇمۇ ئۆمرىنىڭ تول-
سىنى قوقان ۋە خوجەنلەردە ئوتكۈزەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ-
نىڭدىن مەدەت كۈتۈشمۇ ئۇزاق ئىش ئىدى — مانا بۇ جەھەتتىن-
مۇ كۈمۈش ۋە ئانىسىنىڭ بىردىن - بىر ئىشەنگىنى يەنە ھەسەن
ئەلىنىڭ ئۆزى ئىدى.
ھەممە ئېغىرلىق ھەسەن ئەلىنىڭ ئۈستىدە. ئۆزەگىنىڭ تۇغۇ-
لۇپ چوڭ بولغان يېرىگەندە ئاكا - ئۇكىلىرىنىڭ، تونۇش - بىلىش-
لىرىنىڭ بولۇپ، قانداق بولمىسۇن ئۇلاردىن مۇشۇنىگدەك ئېغىر
كۈنلەردە سوز بىلەن، ئىش بىلەن بىر ياردەم ئالالايسەن. ئەم-
ما بىزنىڭ ھەسەن ئەلى تاشكەنتتە ئەمەس، مەرغىلاندا، ئادەم-
لىرىنى تونۇمايدىغان بىر شەھەردە! باشتا ھەسەن ئەلى، زىيا-
شايىچى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى رەھمەتتىن ئۈبدانلا ئۈمىت كۈت-
كەن، ھەر ھالدا ئۇلاردىن باشقا يولەنگۈدەك ئادىمىم يوق،
دەپ ئويلىغان ئىدى. بەختكە قارشى بۇ پىكىرىنىمۇ چاپسانلا
قول يۇدى: زىيا ئاكا بىلەن رەھمەتمۇ قولغا ئېلىنىدى ۋە ھە-
سەن ئەلىنىڭ ئۆزىمۇ ئىزلىنىشكە باشلىدى. ھەسەن ئەلى ۋە
كۈمۈش بىبىلەرنىڭ قايغۇلىرى يەنە بىر ھەسسە ئاشتى، قور-
قۇنچ ئۈستىگە قورقۇنچ قوشۇلدى. ھەسەن ئەلىمۇ ئاتابېكلە،

بىلەن بىللە بىرىنچى كۈن قوشۇلۇپ سولانغان بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ سارايىدا بولۇشى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشقا سەۋەپ بولغان ئىدى. قۇربېشىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ھەسەن ئەلىمۇ ئىزلىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇلاردىكى — «... بەلكى بۈگۈن، ئەتە چىقىرىۋېتىشەر» دېگەن ئۈمىتىمۇ بىكار بولدى. باشتا ھەسەن ئەلى ئۆز خاھىشى بىلەن ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇپ، سولاقتىكىلەرگە جازا كەلسە بىللە تارتىپ، قۇتۇلۇشقا بولىدىغان بولسا، بىللە قۇتۇلۇشنى ئويلاپ ياققان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە كۆمۈش بىلەن ئانىسى قارشى چىقىشتى — «سىزنىڭ ئازات يۈرۈشىڭىز سولانغانلار ئۈچۈن بەلكى پايدىلىق بولار!» دېيىشتى. ھەسەن ئەلىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ رايىنى لايىق تاپتى. لېكىن ئۇنىڭ تەشۋىشى ئىككى ھەسسىلەپ ئاشتى، ھەر مىنۇت خۇدۇكتە، قۇربېشى ئەسكەرلىرىدىن قېچىپ يوشۇرۇنۇشقا، ھەر سائەتتە بىر جاي يۆتكىشىلەشكە مەجبۇر ئىدى.

ھەسەن ئەلى كۈنلىرىنى غىزاسىز، تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى: ئاتابېكلەر نېمىشقا سولاندى، نېمە گۇنالىرى باردۇر؟ ئاتابېكنىڭ يېڭىدىن - يېڭىنىسىغىچە بولغان سىرى ئۇنىڭغا مەلۇم ئەمەسمىدى؟ بۇ جەھەتتىن ئويلىغاندا — «قۇتىدارلارنىڭ بىرەر ئىشلىرىنىڭ بالاسىغا قالدى - دە!» دەپ ئويلايتتى. بۇ پالاكەتنى ئومۇمىراق تەكشۈرۈشكە باشلىسا، خەلق ئاغزىدا ماقال ئورنىدا ئىشلىتىلگەن — «ئەجەلنىڭ يېتىشى قىلغان ئەيىۋىڭدىن ئەمەس — بەگ ئاكاڭنىڭ قانسىرىشىدىن!» دېگەن گەپ كۆڭلىگە چۈشتى - دە، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىۋەتتى.

ئارىدىن بەش كۈنلەرچە ۋاقىت ئۆتتى، سولانغانلار زىنداندىن بالاسىدىن قۇتۇلالمىغانىدەك، ئۇلارنىڭ سولىنىش سىرلىرىمۇ ھېچكىمگە بىلىنمەيدى. ھەسەن ئەلى مۇشۇ بەش كۈن ئىچىدە سولانغانلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا بىر ياماقلىق ئىش چىقىرالمىغىنىدەك، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ئىش قىلالىشىغا كۆزى يەتمەي قالدى. چۈنكى قۇربېشىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ساقلىنالىشىنىڭ

ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ ۋەزىپە دەرىجىسىدە ئىدى.

ئاخىرىدا مەرغىلاندا تۇرۇش پىكرىدىن يېنىپ، تاشكەنتكە كېتىش خىيالىغا چۈشتى. ھازىرمۇ تاشكەنت تىنچىسىزلىقى بىر تەرەپ بولمىغان، تېخىچە تاشكەنت قوقان سىپاھىلىرى (ئەسكەرلىرى) تەرىپىدىن مۇھاسىرە ھالىتىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. ھەسەن ئەلى بۇ گەپلەردىن خەۋەرسىز ئەمەس، تاشكەنتكە كىرىۋېلىشنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى. ئىش شۇنداق بولسىمۇ ئۇ تاشكەنتكە مېڭىش ئۈچۈن ئۆزىدە بىر مەجبۇرىيەت ھىس قىلاتتى، نىجات يوللىرىنى ئەمدى تاشكەنتتىن ئىزلىمىسە، باشقا چارە يوق ئىدى. شۇنى قارار قىلىپ، بۇ پىكرىنى كۈمۈش بىلەن ئاپتاپ ئايىمغا ئېيتتى. ئۇلاردا تۈزۈك بىر مىڭگە، ھەسەن ئەلىگە يول كۆرسەتكۈدەك ئىختىيار قالمىغان، تاپقىنى پەقەت يىغلا ئىدى. ھەسەن ئەلىنىڭ — "سىلەر بىلەن مېنىڭ قولۇمدىن بىر ئىش كېلىدىغاندەك ئەمەس. نىمە بولسىمۇ مەن تاشكەنتكە بېرىپ، نىجاتنى شۇ يەردىن ئىزلىمىسەم بولماس!" دېيىشىگە قارشى كۈمۈش بىبى بىر خىل سۇنۇق ئاۋازدا: "مەرغىلاندا تېپىلمىغان نىجات تاشكەنتتىن تېپىلسۇنمۇ؟" — دېدى.

— بىز ئەمدى شۇنىڭغا مەجبۇر، قىزىم، — دېدى ھەسەن ئەلى، — قېيناتىڭىز ئېھتىمال بۇنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپار!

— بىز ئەمدى شۇنداق قېلىۋېرىدىمىزمۇ، ئەگەر زالىملار... — دېدى-دە، كۈمۈش سۆزىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالماستىن ھۆڭگىرىۋەتتى. ھەسەن ئەلىمۇ ئۆزىنى يىغىدىن ئاران-ئارانلا تۇتۇۋېلىپ، كۈمۈشنى بەزلىدى:

— ئۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلماڭ، قىزىم، — دېدى، — قۇشبېگى باشقىلارغا قارىغاندا ئىنساپلىق ھاكىم. خۇدايىم بۇيرۇسا مەن تاشكەنتتىن قايتقىچە ئۇلارمۇ زىنداندىن قۇتۇلار.

بۈگۈن كېچىسى ئۇ يولغا تەييارلىق قىلدى. مىنىپ كېتىش

ئۈچۈن قۇتىدارنىڭ قولا يورغىسىنى بەلگىلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەرغىلاننىڭ قوقان دەرۋازىسىدىن بىرىنچى بولۇپ چىققان كىشى ھەسەن ئەلچى بولدى.

## 15

## تاشكەنت مۇھاسىرىدە

بۈگۈن تاشكەنت مۇھاسىرىسىنىڭ ئەللىك بىرىنچى كۈنى. سوغاق بىر ئاز بوشاشقان، كۈن ئوچۇق ھاۋادا ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. يەرلەر ئېرىپ ھەممە تەرەپ چىلىق-چىلىق پاتقاق. قورغاننىڭ كۆڭگۈرىلىرىدىكى قىرولار ھورغا ئايلىنىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

بۈگۈن تاڭدىن باشلاپ قوقانلىقلارنىڭ تاشكەنتنىڭ سەمەرقەنت دەرۋازىسى تەرىپىدىن بولغان ھۇجۇملىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاخىرقى دەرىجىدىكى ھالاكەت بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. قوقان ئەسكەرلىرى ئەمدىكى ھۇجۇمغىچە شىكەست، كىيىملىرىنى تۈزەش، يارىلىرىنى باغلاش ۋە دەملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قورغاننىڭ يېنىدىن نەگىدۇر بارگاھلىرىغا كېتىشكەن ئىدى. قاراشقىلا ئەمەس، سۆزلەشكىمۇ دەھشەت: كەلامان دەرۋازىسى بىلەن سەمەرقەنت دەرۋازىسىغىچە بولغان قورغان ئاستىلىرى (بۇ ئىككى دەرۋازا ئارىلىغى بەش يۈز چامدام كېلىدۇ) باشسىز ۋە ئىشتاندىن باشقىسى سالدۇرۇۋېلىنغان ئىنسان گەۋدىلىرى بىلەن تولۇپتۇ! بۇ ئوچۇق مازارىستاننى قورغاننىڭ كۆڭگۈرىلىرى ئۈستىدە مۇداپىئەدىن كېيىن ھېرىپ، كۈندە ئىسسىنىپ ئولتۇرغان سەللىلىك، قالپاقلىق ۋە پاپاقلىق تاشكەنت مۇداپىئەچىلىرى مىڭ خىل خۇشاللىقلار ئىچىدە تاماشا قىلىشماقتا. بۇ ئىككى دەرۋازا ئارىسىدا ئىككى خىل ھالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ — قورغاننىڭ ئاستىلىرىدا

دوزاق دەھشىتى بىلەن يالقۇنلاپ بېشى تېنىدىن ئايرىلىپ قارا
قېنىغا مىلەنگەن ئادەم گەۋدىلىرى يېتىپ، قورغاننىڭ ئۈستىدە
بولسا باشقا ئادەملەر دۇنيا خوشاللىقى ئىچىدە ئۈزۈشمەكتە.
قورغاننىڭ ئۈستىدىكى قەھرىمانلاردىن بىرى كۈلە-كۈل بىر
سەركەردىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سوزلەپ — "پەدەر
لەنىتىنى ئوزەم خويما ئاتتىم-دە، ئېتىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ گەز
كوتىرىلىپ بېرىپ يىقىلدى!" دەيدۇ. يەنە بىرى ئۇلۇكلەرنىڭ
ئىچىدىن قايسىندۇر كورسىتىپ — "...ئەنە، ئەنە، ئۇۋۇ ئەنە! قىپ-
چاققا ئوق تېگىپ يا ئۆلمەستىن، يا ماگالماستىن ئىڭراپ ياتقان
ئىكەن، قىلىچىم بىلەن بېشىنى شارتلا كېسىپ، بېلىدىكى ئالتۇن
كەمىرى ۋە ئۈستىدىكى كىمخاپ جۇۋىسىنى ئېلىپ چىقتىم!" دەي-
دۇ. ھەر كىشى بۈگۈنكى ئۇرۇشتىكى ئوزىنىڭ ئەرلىكلىرى
بىلەن، قولىغا چۈشۈرگەن ئالتۇن كەمىرى، ياقۇت كوزلۈك
ئۈزۈكى، سوسەر جۇۋىسى، كۈمۈش قىنلىق قىلىچى ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش ئولجىلىرى بىلەن ماختىنىدۇ.
شۇ چاغدا قورغاننىڭ ئۈستىدە ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ:

زامانىڭ زامان بولسۇن، يار،
ئەزىز بېگىڭ ئامان بولسۇن، يار،
دەردىڭگە داۋا تاپماي، دوست،
نارمىتىڭ① كويۇپ ئولسۇن، يار!

بىز ئەمدى مۇشۇ ئۇلۇكلەرنىڭ يېنى بىلەن قورغاننى بويلاپ
بىرئاز ئالغا يۈرسەك ئالتە گەز ئېگىزلىكتە، بەش گەز كەڭ-
لىكتە، ئىككى تەرىپى سەككىز گەزلىك قورغان تېمى بىلەن
ئورالغان، كۈنپېتىشقا قارىتىپ ياسالغان سەمەرقەندت دەرۋازىسى
يېنىدا توختايمىز. ئەتراپىمىزدىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىش
قورقۇنچى بولغىنى ئۈچۈن بىز بەكمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن

① نارمەت — نارمۇھەممەت قۇشبېگى.

دەرۋازىنى ئۇرۇشقا باشلايمىز:
— ئېچىڭ بەگ ئاكا، چاپسانراق ئېچىڭ!

دەرۋازا بەگلىرى بىزگە ئىلتىپات قىلماي ئولتۇرىۋېرىدۇ. بىز-
نىڭ ئون بەش مىنۇتلۇق جان ئاچچىقى بىلەن قاخشىغىنىمىزدىن
كېيىن دەرۋازىۋەنلەردىن بىرسى زېرىكىپ ئاستاغىنا قورغان
تېمىغا (سىپىلغا) چىقىدۇ-دە، ماراپ بىزگە قارايدۇ. ئۇ بىز-
نىڭ ئېنىق تاشكەنتلىك ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنسە دەرۋازىغا
سېلىنغان نارتوگىنىڭ بېشىدەك قۇلۇپنى مىڭ تەسلىك بىلەن
ئېچىپ، زەنجىرىنى چۇشۇرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئىچكىرىگە ئالغان-
دىن كېيىن، دەرۋازىۋەن ئۆزىنىڭ ھەزىمى كوتەرگىچە بىزگە غو-
دۇڭشىيدۇ-دە، دەرۋازىنى ئېتىش ھەركىتىگە چۈشىدۇ. ئەمدى
بىز دەرۋازىۋەنىنىڭ تەلەتىگە قارايمىز: ئەيلەنگەن قوي تېرى-
سىدىن جۇۋا كىيىپ، بېلىگە پۇتۇنلا بىر ماتادىن بەلۋاغ باغ-
لىغان ۋە بەلۋىغىغا يېرىم گەز ئۇزۇنلۇقتا ئاچقۇچ ئاسقان، بېشى-
دا تۇركمەن پاپىقى بار بىر ئادەم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز
دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاراپ ماڭىمىز. دەرۋازىدىن ئون بەش
چامدامچە نېرىدا شىپاڭغا ئوخشاش توت تەرىپى ئوچۇق بىر بىنادا دەر-
ۋازا بەگلىرى گۈلخان يېقىپ، چىلىم چېكىپ ئولتۇرۇشىدۇ. بىز
قورغاننىڭ ئاستى بىلەن ئالغا مېڭىشىمىزنى داۋام قىلدۇرىمىز.
ئەمدى بىز بايەتى مۇداپىئەچىلەرنى ئىچكىرىدىن كورىمىز؛ مۇدا-
پىئەچىلەر قورغاننىڭ ئەڭ يۇقۇرقى پەللىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەر
خىل رەڭ ۋە ھەر خىل پىچىمدىكى كىيىملىرى بىلەن بەزىلىرى
شەشۋەر تۇتۇپ، بەزىلىرى مىلتىق تۇتۇشۇپ قورغاننىڭ كۈنگ-
رىسىگە يولىنىپ، باشلىرىنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرۇشىدۇ. قور-
غاننىڭ كەمالان دەرۋازىسىغىچە بولغان مۇداپىئە جايلىرى شۇنىڭ-
دەك مۇداپىئەچىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ئۆزىگە بىر تۇر-
لۈك كورۇنۇش ھاسىل قىلىدۇ.

كەمالان ۋە سەمەرقەنت دەرۋازىلىرىنىڭ ئوتتۇرا بىر جايى
بولغان قورغان تۈۋىدە كىمخاپ تون كىيىپ، سىماپ رەڭ سەل-

له ئۇرىغان، بىلىگە كۆمۈش كەمەر باغلاپ، قىلىچ ئاسقان بىر بەگ ئالدىدىكى بىر دوۋە نەرسىنى كورسىتىپ، يېنىدىكى بىر ئەسكەرگە نىمىنىدۇر ئاختۇرتماقتا. بىز يەنە ئەللىك - ئاتمىش چامدامچە مېڭىپ ھىلىقى سوزلىشىۋاتقان بەگلەرنىڭ يېنىغا بارساق، قورغاننىڭ تاشقىرىسىدا كورگەن دەھشەتلىرىمىزنى ئۇزىنىڭ سايىسىدە قالدۇرۇپ قويىدىغان يەنە بىر "دەھشەتلەر دوڭگە" كوزىمىز چۈشىدۇ - دە، قورقىنىمىزدىن سائەتلەپ ھۇشىمىزنى يوقىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

ئۈچ - توت يۈز ئادەمنىڭ بېشىدىن ياسالغان بىر دوڭ! غېرىچ كېلىدىغان ئۇزۇن ساقاللار، باشتىكى قانغا مىلەنگەن شالاڭ چاچلار، بوزارغان يۈزلەر، قانغا پېتىپ، يېرىم ئوچۇق ھالدا قارىچۇق ئورنىنى دەھشەتلىك بىر ئاقلىق قاپلىغان كوزلەر دۈنياغا ۋە مۇشۇ ھاياتقا لەنەت ئوقۇغاندەك قارىشىدۇ، بولۇپمۇ بىر باش، ئېھتىمال تېخى يىگىرمە يىلىمۇ ئوتكۈزمىگەندۇر، بۇرۇتمۇ چىقمىغان! قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يېرىم ئوچۇق كوزلىرى كىمنىدۇر ئىزلىگەندەك قارايدۇ... يېرىم ئوچۇق كالپۇكلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاق چىشلىرى بىلەن تىلىنى غاچچىدا چىشلەپتۇ - دە، گويا مۇشۇ تۇرمۇشتا، مۇشۇ زاماندا تۇغۇلغىنى ئۈچۈن "ئىست" دەيدۇ...

مۇشۇ باشلار دوۋىسى ئۈستىدە تۇرغان قورغان بېگى، يېنىدىكى يىگىتكە (ئەسكەرگە) باشلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى كورسىتىپ، ئۇز تونۇشلىرىدىن بىر بەگنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى ئېيتماقتا. شۇ چاغدا كەلامان دەرۋازىسى تەرىپىدىن قوراللانغان ئۈچ ئاتلىقنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنى كورۈنۈپ، قورغاننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان مۇداپىئەچىلەر ئىچىدە غۇل - غۇلا پەيدا بولدى:

— ھودەيچى①، سۈلايمان ھودەيچى، — دېيىشتى ئۇلار.

① ھودەيچى — ئادىيۇتانت (خەۋەرچى) مەنىسىدە بولۇپ، ئادەتتە خان كېلىش ئالدىدىن خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئوتىدىغان بەگدۇر. ئەزىزبېكمۇ ئۇزىگە ھودەيچى بەلگىلىگەن ئىدى.

ھودەيچى قورغان بېگى يېنىغا يېتىپ بېرىپ بەگ ھەزرەتلىرىنىڭ ھازىر يېتىپ كېلىشلىرى ھەققىدە خەۋەر بەردى ۋە يەنە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئادەملىرى بىلەن ئارقىغا ياندى. ھودەيچى باشلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا بۈگۈنكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتنى قۇتلاش ئۈچۈن ئەزىزبەگنىڭ كېلىشى مەلۇم ئىدى.

ھودەيچى كەتكەندىن كېيىن، قورغان بېگىنىڭ پاچىقىغا قۇرۇت چۈشۈپ، تىترىلاپ قالدى ۋە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈرۈشكە باشلىدى:

— ھاي قورغان ئۈستىدىكى ئەزىمەتلەر! تەييار بولۇڭلار؛ ياساق تارتىڭلار، بەگ كېلىدۇ! ھاي ھوسەيىنبېك، دەرۋازىۋەنلەرگە يۈگۈر، تەييار تۇرۇشسۇن! غەنىبېك يۈز بېشى، سىز ئەسكەرلىرىڭىزنى تەرتىپكە سېلىڭ! ياساۋۇل بېشى، تەييار بولۇڭلار!

قورغاننىڭ قورۇق جايىدىكى مۇداپىئەچىلەر ھەركەتكە كېلىشتى، يۇقۇرقى قورۇقتىن بىر باسقۇچ تۆۋەنگە چۈشۈپ، سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. شاۋقۇن - سۈرەن ئارىسىدا قورغان بېگى ئات ئۈستىدە قورغاننىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا چېپىپ:

— ھازىر بول، ئەسكەرلەر! تەرتىۋىڭنى تۈزەت. سالامغا تەييارلان! — دەپ ۋاقىراپ يۈرەتتى. مۇداپىئەچىلەر قوللىرىدىكى مىلتىق، نەيزە، شەمشەر، ئايپالتا، قىلىچ ۋە نەيزىلىرى بىلەن تىزىلىۋېلىشتى. سەپنىڭ ئوتتۇرا جايىدىن يېشىل بايراق كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەزىز پەرۋانچىنىڭ ئىستىقبالىغا لازىم ۋە ۋاجىپ بولغان ھەممە تەرتىپ ۋە تەنتەنىگە تەييارلانغان بولۇندى.

## 16

## ئەزىزبەگ

ئارىدىن ئۈچ - تۆت مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، كەلامان تەرىپىدىن بىر يۈزچە ئەسكەر باشلىغى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن ئە-

زىنبەگ كۆرۈندى. ئۇ تىللا جابدۇقلۇق قىزىل ئارغىماققا مىنگەن،
كۈن نۇرى بىلەن ھەرخىل رەڭگە كىرىپ تاۋلىنىدىغان ۋە ياقا-
ئېتەكلىرىگە ئالتۇن ئۇقا تۇتۇلغان كىمخاپ تون كىيىپ، بېلى-
دىكى ئالتۇن كەمەرگە كۈمۈش قىنلىق جەزائىرىي قىلىچ ئاسقان،
بېشىغا ئاق شايىدىن سەللە ئوراپ، پۇتلىرىنى كۈمۈش ئۈزەڭگى-
گە تىرىگەن، شالاڭ قاشلىق، كەكە ساقال، بۇغداي ئۆڭلۈك،
قىرىق بەش - ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئىدى. ئۇ-
نىڭ كەينىدىن قارا ئاتقا مىنىپ، ھاۋارەڭ مووۇتتىن ئۇقا
تۇتقان تون كىيگەن، كۈمۈش كەمەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قىلىچ،
سولىغا تاپانچا قىستۇرغان، بېشىغا بەررە پاپاق كىيگەن، شەي-
تان يالىغان دېگەندەك، قاشسىز، قارامتۇل يۈزلۈك، چېكىسىدە
بىر ئاز، ئېڭىكىدە بىرئاز شالاڭ تۈكتىن ئىبارەت بولغان كو-
رۇمسىز قارا ساقاللىق، كوزلىرى ئىچىگە پاتقانىراق، ئەمما قان
قۇيۇلغاندەك بىر ئادەم كېلەتتى. بۇ ئادەم ئەزىزبەگنىڭ ئەمە-
رىي لەشكىرى ۋە ئوڭ قولى بولغان رەيىمبېك دادخاھ ئىدى.
ئۇنىڭ قاتىرىدىكى ئىككىنچى ئادەم كىچىكرەك قۇلا ئاتقا مىن-
گەن، ئۈستىگە بۇخارانىڭ ئالا - بۇلماچ رەختىدىن چاپان كى-
يىپ، كەمەرنىڭ ئورنىغا چاپىنىنى تۇرمەكلىگەن ۋە بېشىغا يوغان
سەللە يوگەپ، قامچا سېپى بىلەن ئىگىرىنىڭ قېشىغا تايانغان،
تولۇق چىرايلىق يۈزلۈك، يوغان سېرىق كوزلۈك، ئۈزۈن ماش -
گۈرۈچ ساقاللىق، مولىلا كورۈنۈشلۈك بىر ئادەم بولۇپ، بۇ ئا-
دەم قورالسىز ئىدى. ئەزىزبەگنىڭ كەينىدىن كەلگەن بۇ ئىككى
ئاتلىقتىن كېيىن ساقچى ئەسكەرلەر تۈركۈمى باشلىنىپ،
ھاۋارەڭ مووۇتتىن تىزىغىچە چۈشكەن كالتە كەمزۇل، قىزىل
شىم، پۇتىدا ساغرى ئوتۇك، بېشىدا رەيىمبېك دادخاھنىڭ بېشى-
دىكىدەك پاپاق (ئەمما يۇقۇرى تەرىپى قىزىل مووۇتتىن)، ئاق
تاسمىدىن كەمەر، سول تەرىپىگە قىلىچ ئېسىلىپ، ئوڭ تەرىپىگە
تاپانچا قىستۇرۇلغان، ھەر قاتاردا توت نەپەردىن ئاتلىق كېلى-
ۋاتاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قېرىلىقلىرى توغرىسىدىكى كەمچىلىكنى

ھىساپقا ئالمىغاندا دورۇنۇش تەرتىپلىك ئىدى.

قورغان ئۈستىگە سەپ تارتقان قەدىرىدانلار قول باغلاپ ئىككى پۈكۈلگەندەك تازىم بىلەن ئەزىزبەگنى ئالدىغا ئۇتكۈزۈشكە باشلاشتى. ئەزىزبەگ ئۇلارغا قارشى ئالتۇن ساپلىق قامچىسىنى كوكسىگە توغرا قويۇپ، بېشى بىلەن جاۋاپ شەرتىنى قىلىپ، ئىلگىرىلەيتتى. شۇ چاغدا باشلار دوۋسىنىڭ يېنىدا تۇرغان قورغان بېگى ئاتتىن يەرگە چۈشۈپ چۈلۋۈرىنى قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرى ئارىسىغا ئالدى. باشلار دوۋسى بىلەن ئەزىزبەگنىڭ ئارىلىغى قىرىق - ئەللىك ئات چامىدىمىچە قالغان ئىدى. ئەزىزبەگ مۇداپىئەچىلەرنىڭ سالاملىرىغا جاۋاپ قايتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، كوزىنى كېسىك باشلارغا تىكتى. ئەزىزبەگنىڭ كەينىدىكى ئەسكەر باشلىغى ۋە ئەسكەرلەرمۇ، بۇ دەھشەت دوۋىسىگە ئىگەرگە سىڭايان ئولتۇرۇشۇپ، قارىشىپ - تاماشا قىلىشىپ كېلىشىۋاتاتتى. ئەزىزبەگ ئادەملىرى بىلەن باشلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

ئەزىزبەگ بىردەم باشلارغا قاراپ تاماشا قىلىپ تۇردى - دە، ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان قورغان بېگىگە قاراپ ھىجايدى:

— بارىكاللا غەيرەتلىكلارغا! — دىدى ئەزىزبەگ، — بۇگۇن قېچىچاقلارغا رۇستەمانە جاۋاپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىمۇ ئىتتەك قىرىپسىلەر! بۇنچىلىك غەيرەت كورسەتكەن پۇقرالارغا رەھمەت، دۇنيا تۇرغىچە تۇرۇشسۇن!

ئەزىزبەگ تەشەككۇرنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھودەيچى قورغاننىڭ توپىسىدىكى مۇداپىئەچىلەرگە ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى:

— بەگ جانابلىرى بۇگۇنكى رۇستەمانە غەيرەتلىكلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ھەقلىقلارغا دۇئا قىلىدۇ.

مۇداپىئەچىلەر يەر - جاھاننى بېشىغا كوتىرىپ جاۋاپ بېرىشىدۇ:

— قۇللۇق، تەقسىر، قۇللۇق! تەقسىرىمىز دۇنيا تۇرغىچە تۇ-

رۇپ، دۆلىتىڭىز سايىلىرى بېشىمىزدىن كەم بولمىسۇن!

ئەزىزبەگ قامچىسىنى كۆكسىگە توغرا قويۇپ مۇداپىئەچىلەرگە تازىم قىلدى. ۋە ھودەيچىگە بۇيرۇدى:

— قورغان بېگىگە كىمخاپ تون، يۈز بېشىلارغا ئەتلەس چاپان، باشقا ئەسكەرلەرگە (يىگىتلەرگە) ئۈچ تەڭگىدىن پۇل ئىنئام بېرىلسۇن!

ھودەيچىنىڭ خەۋىرىدىن كېيىن مۇداپىئەچىلەر جاۋاپ قايتۇرۇشتى:

— دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن!

غەزنىچىلەر ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدىن ئىككى ئاتنى يېتىلىشىپ ھودەيچىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. بىر ئاتنىڭ ئۈستىگە چاپانلار ئارتىلغان، يەنە بىر ئاتتىكى چوڭ خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزى لىق تولغان تەڭگە ئىدى. باشلاپ ھودەيچى ئاتنىڭ ئۈستىدىن بىر كىمخاپ توننى ئېلىپ، قورغان بېگىگە كىيدۈردى. قورغان بېگى توننى كىيىپ ئەزىزبەگنىڭ ھەققىگە ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ھودەيچى بىر يىگىتكە تون قولتۇقلىتىپ، يەنە بىر يىگىتكە تەڭگىلەردىن ئالدۇرۇپ قورغان بېگى بىلەن بىللە مۇداپىئەچىلەر يېنىغا چىقتى. قورغان بېگىنىڭ كۆرسىتىشىگە قاراپ بەزىلەرگە ئەتلەس چاپان، بەزىلەرگە ئۈچ تەڭگىدىن پۇل تەقسىم قىلىنىشقا باشلىدى.

ئەزىزبەگ ئات ئۈستىدە باشلار دەۋرىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ رەيىمبېك دادخاھ ۋە ئالا - بۇلىماچ تونلۇق ئادەمگە ئوزىنىڭ تونۇش ئەسكەر باشلىقلىرىدىن بولغان كىملەرنىڭدۇ باشلىرىنى كۆرسەتمەكتە. تىرىك چاغلىرىدا نىمە ئىشلاردا بولۇپ ۋە قارا چاپانلىقلارغا قانداق زۇلۇملارنى قىلغانلىقلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى. ئەزىزبەگنىڭ بۇ گەپلىرىنى رەيىمبېك دادخاھ سەممى ئاڭلىسىمۇ، ئالا - بۇلىماچ تونلۇق ئادەم "تەقسىر، خوش تەقسىر!" بىلەن جاۋاپ بېرىپ، باشلار دەۋرىسىدىن يىرگىنگەندەك ئىگىرىنىڭ قېشىغا كۆزىنى تىكىپ تۇراتتى.

يېرىم سائەتلىك بىر ۋاقىتتىن كېيىن قورغاننىڭ بېشىدىن — ئايىغىچە سەپ تارتقان مۇداپىئەچىلەرگە ئىنئاملار تەقسىملىنىپ بولدى-دە، هودەيچى ئۆزىنىڭ قۇرۇق خۇرجۇنى بىلەن ئەزىزبەگنىڭ قېشىغا كېلىپ تازىم قىلدى. ئەزىزبەگ ئۇدۇلدا قول باغلاپ تۇرغان قورغان بېگىدىن سورىدى:

— يىگىتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىلا قۇرۇق قالمىدىمۇ؟

— دولىتىڭىزنىڭ سايىسىدە، تەقسىر!

— قىپچاقلارنىڭ بۈگۈنكى ھۇجۇمى قايسى چاغدا بولدى؟

— تاڭ يورا-يورۇماستىنلا ئاقتېپە تەرىپىدىن توپ ئېتىشقا باشلاشتى، — دېدى قورغان بېگى، — ئونبەش مىنۇت ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئاتلىق قىپچاق قوشۇنلىرى كۆرۈنۈپ، سەمەرقەنت دەرۋازىسىغا يۈگۈرۈشتى. شۇنىڭغىچە مەنمۇ، دولىتىڭىزنىڭ سايىسىدە، ئىككى دەرۋازا ئارىلىقىغا مەرگەنلەرنى تارقاتقان ئىدىم، باشلاپ سەمەرقەنت دەرۋازىسى كوۋرۇكىدىن ئېتىشقا بۇيرۇدۇم. مەرگەنلەر ئونبەش مىنۇتقىچە ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە مىلتىقتا ئوت بېرىشىپ تۇرۇشتى. قىپچاقلار بىزنىڭ تەرەپتىن ئېتىلغان مىلتىق ئوقلىرىغا چىدالماستىن سەمەرقەنت دەرۋازىسىنى تاشلاپ، كەماللان دەرۋازىسىغا يۈزلىنىشتى. كېيىن دولەتلىرىڭىزنىڭ سايىسىدە، كەماللان قورۇغىدىكى مەرگەنلەرنى ئىشقا سالدىم. بىر سائەتچە ئېتىشقاندىن كېيىن، دۈشمەن بىزنىڭ ئوقىمىزغا چىدالماستىن ئىككى دەرۋازىنىڭ ئارىسىدا ئۈچ-تۆت يۈز ئۆلۈك قالدۇرۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بىزدىن پەقەت بەش كىشى ئۆلۈپ، توققۇز كىشى يارىلاندى.

ئەزىزبەگ تولىمۇ زوقلانغان ئىدى، يەنە بىر قېتىم بارىكاللا ئېيتىۋېتىپ سورىدى:

— نارمەت قىپچاق كۆرۈندىمۇ؟

— ياق، تەقسىر، قورغانغا يېقىن يولىمىدى، يولىغاندا...

— شۇنىڭغا تەييار بولۇش كېرەك!

— دولەتلىرى يار بەرسە، ئەلۋەتتە، بىزنىڭ مۇدابىيەمىزمۇ

شۇ يەردە...
ئەزىزبەگ ئۆز ئاغزى بىلەن مۇداپىئەچىلەرگە — "مەن سى-
لەردىن رازى!" دەپ ۋاقىرىدى ۋە مۇداپىئەچىلەرنىڭ ۋاڭ-
چۇڭ دۇئالىرى ئاستىدا ساقچى ئەسكەرلىرى بىلەن سەمەرقەنت
دەرۋازىسىغا قاراپ ھەرىكەت قىلدى.

بۈگۈن ئەزىزبەگ غالىبىيەت مۇناسىۋىتىدە قورغاننى بىر ئاي-
لىنىپ چىقماقچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەمەرقەنت دەر-
ۋازىسىدىن ئۆتۈپ، قورغاننىڭ تۈۋى بىلەن چەقەرگە قاراپ مې-
ڭىشتى. قورغان چەقەرنىڭ چوڭقۇر يارلىق ئېرىقىغا تاقىلىپ تۈ-
گەيتتى. چەقەر سۈيىنىڭ ئۈستىگە قورغان سېلىش مۇمكىن
بولماستىن، يارنىڭ ئۈستى قورغاندىن تەبىي بوش ئىدى. ئەم-
ما يارنىڭ ئېرىقى تەرىپى بىر دوڭلۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، جە-
نۇپ بېقىنى مەلۇم چەقەر سۈيى بىلەن، غەربى — بوز سۇ ۋە
كوكچە ئېرىقى بىلەن ئورالغان بۇرۇنغا ئوخشاش بۇ دوڭلۈك
قورغانسىزمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئەپسىز ئىدى. دوڭلۈك
ئۈستىدە ئەسكەرلەر تۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە بىنالار سېلىنغان.
جەنۇبىي غەرپكە قارىتىپ بىر، غەرپكە قارىتىپ بىر ۋە شىمالىي
غەرپكە قارىتىپ يەنە بىر؛ ھەممىسى بولۇپ ئۈچ دانە توپ قو-
يۇلغان ئىدى. بۇ دوڭنىڭ توپىسىدە دائىم توپچى ۋە قاراۋۇل-
لار تۇراتتى.

ئەزىزبەگ ساقچى ئەسكەرلىرى بىلەن يارغا چۈشتى ۋە سۇ
كېچىپ ھېلىقى دوڭگە قاراپ ماڭدى. توپچى ۋە قاراۋۇللارنى
كوزدىن ئۆتكۈزدى، ئۇلارغا بىرنەچچە تەڭگىدىن ئىنئام بېرىلە
دى. شۇنىڭدىن كېيىن دوڭنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە قاراپ
يېنىشتى. چۈنكى دوڭنىڭ باشقا تەرەپلىرى، يۇقۇردا ئېيتىلغان-
دەك، بىرنەچچە ئېرەك بويى يارلىق بولغىنى ئۈچۈن كوكچە
دەرۋازىسىغا ئۆتۈش ئۈچۈن سۇزۇك ئاتا مازارىنىڭ يېنى بىلەن
كوكچە ئۈستىڭىگە چۈشەتتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كوكچە قورغان-
لىرىغا قايتىپ كېلەتتى.

كۆكچە قورغانلىرىنىڭ قورۇغىدا ھىلىقى قورغانلارنىڭكىدەك مۇداپىئەچىلەر تۇرغۇن بولمىسىمۇ، يوق ئەمەس ئىدى. ھودەيچى ئەزىزبەگدىن ئىلگىرىرەك بېرىپ مۇھاپىزەتچىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، مىلتىق، شەمشەر تۇتقان ياش ۋە قېرى مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى سالام بېرىپ كۈتۈۋېلىشاتتى ۋە ئەزىزبەگنىڭ — "رەھمەت، پۇقرالىرىم!" دېگىنىنى ئاڭلاپ ئوبدانلا كۆرەڭلىشىپ قېلىشاتتى. شۇ تەرىقىدە كوكچە، چىغاتاي، قارا ساراي، تاختىپۇل، لەبزەك دەرۋازىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەر دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىشتى. قەشقەر دەرۋازىسى ئوردىغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يەردە مۇھاپىزەتچى ۋە ساقچى ئەسكەرلەر خېلىلا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ سالاملىرىغا كۆمۈلۈپ، قەشقەر دەرۋازىسىنىڭ دوقمۇشىغا ئەمدىلا يېتىپ بېرىشقان ئىدى، تاشقىرىدىن كىمنىڭدۇر دەرۋازىنى ئالدىراش تاقىلداتقىنى ئاڭلىنىپ ئەزىزبەگنىڭ ئېتى ئۈركۈپمۇ، قورقۇپمۇ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ توختىدى. باشقىلارمۇ توختاشقا مەجبۇر بولۇشتى.

ئەزىزبەگ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان دەرۋازا بېگىگە ۋاقىرىدى:

— نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن، دەرۋازا ئۈستىگە چىق، كىم ئىكەن ئۇ ئىت؟!

دەرۋازا بېگى يۈگۈرۈپ قورغان تېمىغا چىقتى:

— تەقسىر، بىر بوۋاي!

— دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە ئال! — دېدى ئەزىزبەگ. دەرۋازا ئېچىلدى، تاشقىرىدىن قۇلا ئېتىنى يېتەكلەپ ھەسەن ئەلى كىردى - دە، كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ قالغىنى ئۈچۈن قورقۇپ ئەزىزبەككە سالام بەردى.

# 17

## يۈسۈپبېك ھاجى

رەيىمبېك دادخاھنىڭ يېنىدىكى بىزگە تونۇش ئالا - بۇلماچ تونلۇق ئادەم ھەسەن ئەلىنى كۆرۈشى بىلەنلا:

— ھا - ا - ا، بىزنىڭ ھەسەن ئەلىغۇ! — دېدى، — كەل، ھەسەن، كۆرۈشەيلى، ئاتابېك تېچلىقمۇ؟

ھەسەن ئەلى كېلىپ كۆرۈشتى. يۈسۈپبېك ھاجى كۆرۈشۈپ ئەزىزبەككە دېدى:

— بۇ بىزنىڭ ئادەم، تەقسىر! مەرغىلاندىن كېلىۋاتىدۇ.

ئەزىزبەگ لېۋىنى چىشلەپ قالدى. چۈنكى دەرۋازىنى تاقىلدىتىپ ئېتىنى ئۈركۈتكەن ھەسەن ئەلىنى جاللاتقا تاپشۇرۇش نىيىتى، ئەلۋەتتە يوق ئەمەس ئىدى. يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەي مېڭىشىنى داۋام قىلدۇردى. ھەسەن ئەلى ساقچى ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدىن، يۈسۈپبېك ھاجى ئەزىزبەگنىڭ كەينىدىن ئوردىغا قاراپ يۈرۈشتى. ئوردا دەرۋازىسىغا يەتكەندىن كېيىن، كۈتۈپ تۇرغان ئوردا بېگى ئەزىزبەگنىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ ئاتتىن چۈشۈردى. ئەزىزبەگ ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، يۈسۈپبېك ھاجى ئاتتىن چۈشۈپ سورىدى:

— ماڭا رۇخسەتمۇ، بەگ؟

ئەزىزبەگ كېتىۋېتىپ ھاجىغا قارىدى:

— رۇخسەت، ئەتىلىككە چاينى ئوردىغا كېلىپ ئىچىڭ!

— ئوبدان، تەقسىر.

يۈسۈپبېك ھاجى ئەسكەرلەردىن بىرىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ئېتىغا مىنىپ، نېرىدا ساقلاپ تۇرغان ھەسەن ئەلىگە قاراپ

ماڭدى. ساقچى ئەسكەرلەرمۇ ئۇردىنىڭ ئىچىگە ئاتلىرىنى يېتەكلىشىپ كىرىشكە باشلاشتى. يۈسۈپبېك ھاجى ھەسەن ئەلىنىڭ ۋاقىتسىز ھەم ئاتابېكسىز يېنىپ كېلىشىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن ۋە قانداق بولمىسۇن بىر پالاكەت يۈز بەرگىنىگە ئىشەنگەن ئىدى:

— نېمىشقا ۋاقىتسىز كەلدىڭ، ئاتابېك ساقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۈسۈپبېك ھاجى ھەسەن ئەلىگە يەتمەي تۇرۇپلا بۇ سوئالنى بەردى. ھەسەن ئەلى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ، ئىشقىلىپ جاۋاپ بەرمىدى.

— نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟

— ئاتابېك سالامەت ...

— بولمىسا نېمىشقا ۋاقىتسىز كەلدىڭ، ئاتابېك قېنى؟

ئاتابېكنىڭ سولىنىشىدىن خەۋەر بېرىش ھەسەن ئەلى ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلغان ئىدى. ئاخىرىدا كۆزىدىكى يېشىنى ئېرتتى - دە:

— ئاتابېك مەرغىلان ھاكىمى تەرىپىدىن سولاندى! — دېدى.

— نېمىشقا، نېمىشقا؟ — دېدى ھاجى ۋە ئېتىدىن چاچراپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلىپ كەتتى، — سەۋەبى نېمە؟

— سەۋەبى مەلۇم ئەمەس.

— ئەستەغپىرۇللا! — دەپ قويدى ھاجى، ئۇ ئۆزىنى بىرئاز توختاتقان ئىدى.

ھەسەن ئەلى ئاتابېكنىڭ مەرغىلانغا بارغىنىدىن تارتىپ سولىنىشىغىچە بولغان ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. يۈسۈپبېك ھاجى بېكنىڭ ئۆيلىنىشىنىمۇ ئاددى گەپلەر قاتارىدا ئاڭلاپ ئۆتكۈزدى.

— مەرغىلاندا تۇرۇپ بىر ئىشى چىقىرىشقا كۆزۈم يەتمىگەندىن كېيىن، تاشكەنتكە كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم، — دېدى ھە-

سەن ئەلى ۋە شۇ گەپ بىلەن ماجرانى سوزلەپ تۈگەتتى. هاجى ۋەقەنى ئاڭلاپ چوڭقۇر بىر مۇلاهىزە ئىچىدە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى تاشكەنتنىڭ يەتتە ياشاردىن يەتمىش ياشارغىچە بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن گۆزەر ۋە مەهەللىلەردە ئۇنىڭغا يولۇققان ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشەتتى، هاجى بولسا جاۋاپ قايتۇرۇشنى بىلمەيدۇ، گويا ئۇ ئادەملەرنىمۇ كورمەيتتى. ئاخىرى مۇشۇ هالدا بىرمۇنچە يۇرگەندىن كېيىن، كەينىدە كېلىۋاتقان هەسەن ئەلىگە قاراپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى ۋە:

— ئاتابېك بىلەن سولانغانلارنى نەچچە ئادەم دىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ ئادەم: بىرى مىرزاكەرىم قۇتىدار، ئىككىنچىسى زىياشايىچى، ئۈچىنچىسى رەهمەت.

— ياخشى، سەن بۇ تۇتىنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا بولغانمىدىڭ؟

— بولغان ئىدىم.

— نىمە ۋە قايسى توغرىلاردا سوزلىشەتتى؟ ئاتابېك قىپچاقلارغا قارشى سوزلىمىدىمۇ؟

— سوزلىمىدى. باشقىلارنىڭمۇ بۇ توغرىدا سوزلىرى بولمىدى.

— ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا بولمىغان چاغلىرىڭمۇ بولدىمۇ؟

— هەممىلا ئولتۇرۇشلىرىدا مەن بار ئىدىم.

— ياخشى، سەن ئۇلار بىلەن قايسى جايلاردا ئولتۇرۇشتۇڭ؟

— بىرىنچى قېتىم زىيا ئاكىنىڭكىدە بولدۇق، ئىككىنچى ...

— توختا، زىيا ئاكىنىڭكىدە مېهمانلار نەچچە كىشى ئىدى؟

— قۇتىدار، ئاتابېك، ئەنجانلىق ئەكرەم هاجى، مەن، زىيا ئاكىنىڭ قېيىنىسى — هامىد دىگەن بىر ئادەم، زىيا ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ... هەممىسى يەتتە ئادەم!

يۇسۇپبېك هاجى ئېتىنىڭ يايلىنى قامچىسى بىلەن تاراۋېتىپ، ئۈچ - تۆت مىنۇت ئويلىنىپ قالدى ۋە ئاندىن سورىدى:

— ئىككىنچى ئۇلتۇرۇش نەدە بولدى؟

— ئىككىنچى ئۇلتۇرۇش زىيا ئاكىنىڭكىدىن ئىككى كۈن كېيىن قۇتىدارنىڭكىدە بولدى. بۇ ئۇلتۇرۇشتىمۇ شۇ بىرىنچىدىكى ئادەملەر ئىدى. يالغۇز ھامىد يوق ئىدى.

— يەنە نەدە ئۇلتۇرۇشتۇڭلار؟

— باشقا يەردە ئۇلتۇرۇشمىدۇق... شۇنىڭدىن يىگىرمە كۈن كېيىن توي بولدى. تويدا ئەلۋەتتە بۇنداق سوزلەر قىلىنمايدۇ.

— ئىككىنچى ئۇلتۇرۇشلاردا كىم ھېلى، ھامىد دىدىڭمۇ، نىمىشقا يوق ئىدى؟

— بىلمىدىم، نىمىشقا يوقلۇقىنى ... قۇتىدار ئېيتمىغان. بولسا كېرەك.

— سولانغۇچىلار: ئاتابېك، قۇتىدار، زىيا ئاكا، رەھمەت، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ھاجى.

— سېنىمۇ قۇربېشىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىزلەشتىمۇ؟

— ئىزلەشتى.

— ئەكرەم ھاجى ئەنجانغا كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى تېپىشالمىدى؛ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ھامىدنىچۇ؟

— ئۇنى ئىزلەشمىگەنىدەك... ئاتابېك سولانغاندىن كېيىن نەدىدۇر، بىر يەردە كورگەنىدەك بولدۇم.

— بىزگە كېلىن بولمىشنى گۈزەل دىدىڭمۇ؟

— ئىلاھى ئاتابېك سالامەت قۇتۇلسۇن، مۇھەببەت قويغىنىچە بار ...

— كېلىننىڭ گۈزەللۈگى مەرغىلانغا مەلۇممىكەن؟

— مەلۇم ئىكەن، تىللاردا داستان ئىكەن.

— ھامىد ئۆيلەنگەن يىگىتمۇ، بىلدىڭمۇ؟

— ئۆيلەنگەن. بىزنىڭ ھوجرىغا كەلگەنىدە ئىككى خوتۇنى

بارلىغىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم.
— ھامىد سىلەرنىڭ ھوجرىڭىزغا نىمىشقا كەلگەن ئىدى؟ —
دەپ سورىدى ھاجى، — نىمىشقا بايا بۇنى ئېيتمىغان ئىدىڭ؟
— يادىمدىن چىقىپتۇ، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى ھەسەن ئە-
لى، — ھامىد رەھمەت بىلەن بىللە ئاتابېكنى زىيا ئاكىنىڭكى-
گە تەكلىپ قىلغىلى كەلگەن ئىدى ۋە بىز ئۇلارغا چاي - تا-
ماق قىلىپ يولغا سالغان ئىدۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇنداق - بۇن-
داق گەپلىرى بولمىغان، توغرا كېلىپ، توغرا كېتىشكەن ئىدى.
— ئوبدان، شۇ ھامىدنى سەن قانداق ئادەم، دەپ ئوي-
لايسەن؟
— كېيىپ سىپىق، ئىچى قاراراق بىر يىگىت ئىدى، — دې-
دى ھەسەن ئەلى ۋە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن سورىدى، — ئا-
تابېكنىڭ ئىشىنى ئېغىر دەپ ئويلامايدىغانسىز؟
ھاجى جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ جاۋاپ بېرىشكىمۇ قورقاتتى.
ئۇنىڭچە ئىش بەك نازۇك، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. چۈنكى
مەرغىلان زىندىنىدا ياتقان كىشى قىپچاقنىڭ دۈشمىنى بولغان
ئەزىزبەگ ئاتىلىغىنىڭ ئوغلى ئىدى! تاشكەنتنىڭ ئىسيان چى-
قارغان بىر چېغىدا ئاتابېكتەك بىر يىگىتنىڭ مەرغىلاندا، قانداق
گۇنا بىلەن بولسا - بولسۇن، تۇتۇلۇشى ھەر جەھەتتىنمۇ دەھ-
شەتلىك ئىدى.
ئۇ ئوغلىنىڭ قۇتۇلۇشى يولىدا ھەر بىر مۇلاھىزە كوچىسىغا
كىرىپ چىقماقتا ئىدى، ئەمما ھەممىسىدىنلا بوشىشىپ ئۈمىت-
سىز يېنىپ چىقىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئوغلىغا ھۇجۇم قىلغان
بۇ پالاكەتنىڭ يولىدا تەدبىر قىلىشتىن ئەقلى ئاجىز قالدى،
مىڭىسى ئىشلەشتىن توختىدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن — "پەر-
ۋەردىگارا! قېرىغان كۆڭلۈمدە داغىنى كورسەتمە!" دېدى ۋە كوز
ياشلىرى بىلەن ساقىلىنى يۇدى.
— ھەسەن ئەلى، ئۇنىڭ سولانغىنىنى ئانىسى زادىلا بىل-
مىسۇن!

— ئەلۋەتتە.
شۇنىڭدىن كېيىن ئاتلىرىنى يېتەكلىشىپ ئىچكىرىگە كىرىشتى.

## 18

## جاكا

... بۈگۈن سائەت ئون ئىككىدە ئاتابېك بىلەن مىرزا كەرىم قۇتىدارنىڭ ئىسيانچىلىق گۇنايى بىلەن دارغا ئېسىلىدىغانلىقلىرىنى جاكاچى شەھەرگە خەۋەر قىلىپ يۈرەتتى ۋە خەلق ئاغزىدا ئاتابېكلەر توغرىسىدا مىش - مىش گەپلەر ھىكايە قىلىناتتى.

* * *

ھامىد بىلەن بىللىلىشىپ كىرگەن مىرشەپنى قۇربېشى تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى - دە، ھامىدنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

قۇر بېشى نېمىدۇر سۆزلىمەكچى بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ تىلى ئاسانلىقچە ھەركەتكە كەلمەيتتى ۋە ئۆزىمۇ بىر تۈرلۈك ئەپسىزلىكتە ئىدى. ئاخىرى قۇر بېشى ئۆزىگە بىر جاسارەت بەردى:

— بوۋايلار "دۇنيانىڭ مىرىكەم ئىككى" دېيىشىدۇ، — دېدى، — راستىنمۇ شۇنداق: ئۆزەڭنى يۈز ياققا ئۇرساڭمۇ تىرىكچىلىكنىڭ يەنە بىر باشقا يامىنى چىقىپ تۇرىدۇ...

تۈيغۇن ھامىد قۇر بېشىنىڭ نېمە مەقسىدى بارلىقىنى پەملىدى:

— راست ئېيتىسىز، تەقسىر، دۇنيانىڭكى ھەمىشەم مىرىكەم

ئىككى، شۇ يېتىشمەسلىك بالاسىدىن تويۇپ بەزى چاغلاردا كىشىنىڭ دۇنيادىن چىقىپ كەتكۈسى كېلىپ قالىدۇ. ياخشىكى، دۇنيادا ئەل - ئاغىنە دېگەن ئادەملەر بار... ئەگەر ئۇلار بولمىسىچۇ، كىشى ئاللىقاچان دۇنيادىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاغىنىلەرنى كوز قارچۇغۇمدەك كورىمەن، ئۇلارنىڭ مۇھتاجلىق چاغلىرىدا ئۇچراشسام ئوزەمنى گورە قويۇپ بولسىمۇ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىرىشقا تىرىشىمەن.

قۇر بېشى تىزىدىنىڭ توپىسىگە توغرىسىغا قويۇلغان قىلىچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بېسىپ بىر قوزغىلىپ قويدى:

— بەللى، بەللى، موللا ھامىد، بۇنداق ئاغىنىلەرنىڭ سادى-غىسى كەتسەڭمۇ ئەرزىيدۇ، — دېدى ۋە گېلىنى قىرىپ قويدى، — مۇشۇ كۈنلەردە ئوغۇلچاقلارنىڭ يېشى يېتىپ سۈننەتنى نەبىيۇننا-نى ئورۇنلاش زورۇر بولۇپ قالدى... توي كېرەكلىكلىرىدىن تولىسىنىڭ تەداركىنى قىلغان بولسامىمۇ، يېتىشمىگەن جايلىرى نۇرغۇن. شۇنى سىزنىڭ كېلىشىڭىز ئالدىدا ئويلاپ ئولتۇرغان ئىدىم...

— بەگ ئاكا، — دېدى ھامىد ۋە رەڭگىگە ياسالما كۈلكە چىقاردى، — سىز خاپا بولسىڭىزمۇ ئېيتاي: بەگلەر زاتى ئا-دەمگە زادىلا ئاغىنە بولۇشمايدىكەن. بولۇپمۇ سىز دائىم ئوزى-ڭىزنىڭ بەگلىكىڭىزنى قىلىپ، تەكەببۇرلۇقىڭىزنى ئاۋالقىدەك دا-ۋام قىلىدۇرىسىز... بېشىڭىزدا شۇنچىلىك غېمىڭىز بولۇپ تۇرۇپ، ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلمايسىز؟

قۇر بېشى ھامىدنىڭ پاراسەتلىكلىكىگە قايىل قىلىپ ھىججايدى:

— ياق، ياق، موللا ھامىد، — دېدى، — بۇ ياقتا گەپ بار: ھوكۇمەت خىزمىتىدە تۇرغىنىڭىزدىن كېيىن، يۈز تەرەپنى ئويلاشقا توغرا كېلىدىكەن ...

— مەيلى، بەگ ئاكا، ئەمما مېنىڭ ئاغىنىچىلىكىم پۈتۈنلەي باشقىچە، — دېدى ھامىد ۋە پورتىپىنى ئېلىپ، بىر قولىدىن

يەنە بىر قولغا ئالتۇنلارنى ساناپ چۇشۇرۇۋەردى. قۇربېشىنىڭ كۆزلىرى ئالتۇنلارنىڭ ئۈستىدە ئويناپ، بۇلارنىڭ بەرىكىسىدە قىلىدىغان سۈننەت تويىنى، مەرغىلان بەگلىرى ئالدىدا ئاشۇرىدىغان ئابرويىنى ئويلىماقتا ئىدى. ئالتۇنلاردىن يىگىرمىسى ئايرىلغاندىن كېيىن، ساناقتا ئىشەنمەستىن كورۇۋاتقىنىم چۇشمۇ - نىمە، دەپ جويلۇدى. هامىد ئالتۇنلارنى ئۈزاتتى.

— مانا، بەگ ئاكا، بۇ ئەرزىمىگەن — ئازغىنا ئالتۇن خالىس ئاغىنىچىلىكىمىزنىڭ باشلىنىشى، يەنە يېتىشمىگىنى بولسا، قاراپ تۇرماسمىز.

قۇربېشى تىترەپ - تەمتىرەپ ئالتۇنلارنى جايلاشتۇردى. هامىد ناهايىتى خوشال ئىدى.

— خوش، موللا هامىد، ئەمدى بۇگۇنكى پاراڭلاردىن گەپلىشەيلى، — دېدى بەگ، — پاچچىڭىز بىلەن جىيەنىڭىزنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشىقىنى يامان بولدى - دە!

بۇ گەپتىن هامىدنىڭ چىرايىغا قايغۇرۇش ئالامىتى چىقتى ۋە ئۇ ئېتىۋار بىلەن قۇربېشىنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

قۇربېشى داۋام قىلدى:

— بۇ ئىككى گۇناسىزنىڭ سولىنىشلىرىغىمۇ ئاشۇ ئەسكى سەۋەپ بولدى. بولمىسا، ئۇلارنى سولاشقا قۇشبېگى بۇيرۇمايتتى. ئەمما تۇنۇگۇن قۇشبېگىگە سوزلىگەن سوزىڭىز ئاتابېك بىلەن قېيناتىسىنى ئولۇمگە هوكۇم قىلغاندەك، پاچچىڭىز بىلەن جىيەنىڭىزنى بىر قەدەر ئاقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بارغاندىن كېيىن بولىدىغان هوكۇم مەجلىسىدە ئېهتىمال قېرىنداشلىرىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولارمەن. هەر هالدا قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ قاتتىق جازا تارتىشى شۇبهىلىك، سىز بايقىمىدىڭىزمۇ - بايقىدىڭىزمۇ، تۇنۇگۇن مەن جاكاچىغا بۇگۇنكى ئېسىلىدىغانلارنىڭ ئاتابېك بىلەن مىرزا كەرىم بولىدىغانلىقىنى تەيىنلىگەن ئىدىم.

— مەرهەمەتىڭىزگە قۇللۇق! — دېدى هامىد، — ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، قېرىنداشلىرىم توغرىسىدا خەۋپتىمەن... بۇنىڭ

باشقىچىرەك بىر ئېپىنى تاپقىلى بولماسمىكىن؟

بايىقى مۇكاپاتلار قۇر بېشىنى ھەقىقەتتە باش ئاغرىتىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ توغرىدا ئۇ خېلى ئويلىنىۋالدى:

— تۈنۈگۈن قۇشبېگى ئالدىدا ئاتابېكلەرنى قايسى تەرىقىدە ئەيىپلەپ سوزلۇۋىدىڭىز، يەنە بىر ئاڭلاپ ئىشنىڭ پىلانىنى قىلايچۇ.

— قۇشبېگىگە ئېيتقانلىرىم مۇنداق ئىدى، — ئاتابېك ئېيتتى: — ئەمدى بىزنىڭ تاشكەنت خەلقى قىپچاقلارنىڭ جەۋرى - زۇلمى ۋە تەدبىرسىز ئىدارە قىلىشى ئاستىدا يېتىپ بەكمۇ تويدى، باشلاپ تاشكەنتتىن قىپچاق بالىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەزىزبەگ ۋە ئاتام باشلىق ئىسيانغا تەييارلىنىشتى. شۇ مەقسەتتە مەرغىلانلىق بۇرادەرلەرنىمۇ قىپچاقلارغا قارشى قوزغىماق ئۈچۈن مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشتى. بىز قاچانغىچە قىپچاقلارنىڭ قول ئاستىدا ئېزىلىمىز ۋە بىر ئۇچۇم تەييارتاپلارغا باش ئېگىمىز، دېدى. ئاتابېكنىڭ بۇ گېپىگە قۇتىدار ۋە ئەكرەم ھاجىلار قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا بۇ يولدا ياردەملەشمەكچى بولۇشتى. ئەمما مەن بولسام بۇ گەپكە قارشى چىقىپ، سىلەرنىڭ بۇ پىكرىڭلار خاتا، بىز ئۈچ يىل بويى جانابى ئۆتەبباي قۇشبېگىنىڭ قول ئاستىدا ياشاپ ھېچبىر زۇلۇم كورمىدۇق، شۇنداق بىر ھوكۇمەتنىڭ ئۈستىگە پۇت ئېتىش ناشۈكۈرلۈق بولىدۇ، دېدىم. ئاتابېك ماڭا قاتتىق سوزلەرنى قىلدى. پاچچەم بىلەن جىيەنىم بولسا مېنىڭ پىكرىمدە ئىدى، ئەمما ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمان، دەپ ئۇلارغا ئۇچۇق قارشىلىق قىلىشمىدى. بۇ ئولتۇرۇشتىن كېيىن، مەن بىرنەچچە ۋاقىتقىچە ئاتابېك ۋە ھەمراھلىرىنىڭ قانلىرى تولۇمسۇن، دەپ بۇ گەپنى ئىچىمگە سېلىپ يۈردۈم. لېكىن تاشكەنتتە ئەزىزبەگ ۋە يۇسۇپبېك ھاجىلارنىڭ ئىسيانى باشلانغاندىن كېيىن ئۆزەمنىڭ بۇ ئىشىمنى ھوكۇمىتىمىز ئۈچۈن خىيانەت بىلىپ، قۇربېشى جاناپلىرىغا خەۋەر بەردىم. ئۆزەمنىڭ سادىقانە بۇ خىزمىتىم بەدىلىگە جاناپلىرىدىن ئاجىزانە ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، بۇ سىرنى سىلەرگە بىلدۈرگۈچى مەن بولغانلىقىمنى ئۆزلىرىدىن

باشقا ئادەم بىلمىسۇن، ھەتتا مۇتىھەملەرمۇ سېزىشمىسۇن» — ما-
نا پېقىرنىڭ ئاتابېكلەرنى ئەيىبلىشىم ۋە قېرىنداشلارنى ئاقلا-
شىمنىڭ خۇلاسىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت.

— بارىكاللا، — دېدى قۇربېشى، — سىزنىڭ بۇ گەپ-
لىرىڭىز تولىمۇ ئورۇنلۇق چۈشۈپتۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، زىيا ئاكا
بىلەن رەھمەت قۇتۇلىدۇ.

— بۇنى نىمىگە ئاساسلىنىپ ئېيتىۋاتىسىز؟

— ئاساسىمىز مەلۇم، — دېدى قۇربېشى، — قۇشبېگىگە
ئاتابېك بىلەن قۇتىدارنى ئېسىش پىكرىنى بەرگەن بۇ سوز،
پاچچىڭىز بىلەن جيەنىڭىزنى نىمىشقا قۇتقۇزمىسۇن!

— ئۇلارنىڭ جاۋاپلىرى تۇنۇگۇنكى سىزنىڭ ئاقلىشىڭىزغا ھېچ-
بىر قارشى كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئولتۇرۇشتا بۇنداق سوز بولمىدى،
دەپ تېنىشتى. بۇ بولسا ئوز ئويلىرىگە كەلگەن مېھمانلارغا يۇز-
خاتىر قىلغانلىقى بولۇپ چىقىدۇ - دە، يەنە ئىش سىزنىڭ ئاق-
لىشىڭىزغا چاپلىشىپ چۈشىدۇ.

ھامىد يەنە بىر ئويغا كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈپ كورۇپ تۇرغان قۇربېشى:

— ئەمدى تولا ئويلىماڭ، موللاھامىد، — دېدى، — بۇ
ئوتتۇرىدا سىز قورققۇدەك ھېچبىر ئىش يوق!

ھامىد نىمىدۇر ئېيتماقچى بولاتتى - دە، ئەپسىزلىنىپ توخ-
تاپتى. بىر - ئىككى قېتىم ئاغزىنى ئومەللەپ باققان بولسى-
مۇ، يەنە سوزلىيەلمىدى، قۇربېشى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن
خەۋەر تاپتى:

— گەپ قىلىڭ، گەپ قىلىڭ، بۇ يەردە يات ئادەم يوق!

قۇربېشىنىڭ بۇ كېيىنكى مەدىتى بىلەن ھامىد جاسارەتلەندى:

— بۇگۇن ھوكۇم مەجلىسىدە پاچچەم بىلەن جيەنىم سوزلى-
رىدىن تېنىپ قېلىشسا قانداق بولىدۇ؟

— نىمىشقا تېنەشسۇن، ئۇلار بىلگەنلىرىدىن ئارتۇقىنى ئەل-
ۋەتتە سوزلەشمەس، ئولۇم دىگەن نىمە كوز ئالدىغا كېلىپ توخ-

ىشغاندىن كېيىن، ئاتابېكنىڭ مېھمانلارغا يۈز-خاتىر قىلىش كوڭلىدىن چىقىپ كېتەر، سوزنىڭ توغرىسىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇشار ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىشىمۇ سىزنىڭ ئەيىبلەش، ئاقلاشلىرىڭىزنىڭ روھىغا ماسلىشار.

هامىد تېخىمۇ ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشتى، ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرىغا شۇ چاققىچە چۈشىنەلمىگەن قۇربېشىغا لەنەتلەر ئوقۇدى-دە:

— ئەيىبلەش، ئاقلاش سوزلىرىمىنىڭ روھىنى سىز بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئىشىنىڭ ئىچكى تەرىپىنى مۇلاھىزە قىلىڭ، قۇربېشى ئاكا! — دېدى.

خائىن بىلەن سېتىلغان كوزلەر توقۇنۇشتى-دە، بىر-بىرسىدىن مەنە ئېلىشتى ۋە ئارىغا بىرنەچچە مىنۇتلۇق سوزسىزلىك، جىمجىتلىق چوكتى. قۇربېشى راستىنمۇ گەپ بۇ يەرگە كەلگىچە هامىدنىڭ ئىچكى سىرىدىن خەۋەردار بولمىغان، قولىغا كىرگەن ئالتۇنلارنىمۇ يالغۇز ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قۇتۇلۇشلىرى يولىدىكى "چاي پۇلى" دەپ بىلەتتى. ئەمما ئەمدى ئىلگىرى ۋە هازىر يانچۇقىغا چۈشكەن ئالتۇنلارنىڭ ئاتابېك بىلەن قۇتىدارنىڭ قان باھالىرى ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ۋىجدانى تولقۇنلىنىپ كەتتى ۋە قىينالدى. قۇربېشىنىڭ بۇ هالى هامىدنى مەلۇم ئىككى يول ئۈستىدە قالدۇرغان ئىدى. بۇ ئىككى يولنىڭ ئۈستىدە قالغان هامىد ئالاقىزادىلىكتە قالدى. ئۆزىنى دوزاقنا ئەۋەتىش ۋە نىجاتقا چىقىرىش ئىختىيارى ئالدىدىكى بەگنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭغا چاپسان-چاپسان قاراپ، گاھچا تىلى بىلەن ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن ئالتۇنلارنى ۋەدە قىلاتتى. بۇ ۋەدىلەرنى هامىدنىڭ يۈزىدىن ئوقىغان قۇربېشى — "ئىككى ئادەمنىڭ قان باھالىرى!" دەپ ۋاقىراۋاتقان ۋىجدان ساداسىنى تىڭشاپ ئولتۇرمىدى:

— ئەمدى بۇنىڭغا قارشى قانداق يوللارنى كوزلەيسىز؟

هامىد ئۆزىنىڭ نىجات تەرىپىگە ئوتكەنلىكىنى سېزىپ ئەندىكتى:

— قوشبېگىگە ئېيتىلغان ئەيىپلەش ۋە ئاقلاش يوللىرىمنى پاچچەم بىلەن جىيەنىمگە چۈشەندۈرۈش كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

— چۈشەندۈرسەڭ تېخى ياخشى!

— رەھمەت، بەگ ئاكا! ئۇنداق بولسا ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەستىن ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ھوكۇم ۋاقتىغىچە شۇنى ئۇقتۇرالامسىز؟

— مۇمكىن، ئۆزىڭىز چۈشسىڭىز يەنە ياخشى!

ھامىد بېشىنى يەنە چايقىدى:

— ئاتابېك بىلەن قۇتىدارلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا، پاچچەم بىلەن جىيەنىمنىڭمۇ مېنىڭ بۇ ئىشتا قاتنىشىم بارلىغىنى بىلمەسلىكلىرى كېرەك!

— ماقۇل. ئەمما بۇ يەردە سىزنىڭ مەقسىدىڭىزگە قارشى بىر ئىش باركى، ھوكۇم ۋاقتىدا قۇشبېگى سىزنى كېرەك قىلىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق بولغان تەقدىردە ئۇلار سىزنىڭ بۇ ئىشنىڭ ئامىلى بولغانلىغىڭىزنى بىلمەسمۇ؟

مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىمۇ ھامىد ئۈچۈن يامان ئىدى. پەرىشتىدەك ساق قالماقچى بولغان ھامىدنىڭ سىرىنى بۇ ئەھۋال ئاچاتتى، يۈزىدىكى نىقاۋىنى ئېلىشقا، رەقىبلەر بىلەن يۈزمۇ-يۈز كېلىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

— ھوكۇم مەجلىسىدە بولماسلىغىمنى ھۆددىڭىزگە ئالامسىز؟

— ھۆددىگە ئالماق تەس، — دەپ باش چايقىدى قۇربىشى، — ئەمما بۇ بىر ئېھتىمالدىنلا ئىبارەت، چۈنكى قۇشبېگىنىڭ بىر ئىشقا قارار قىلغاندىن كېيىن، ئوششۇقچە تەكشۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ئادىتى يوق!

ھامىد ئۇزاق ئويلاپ تۇرىدى، يۈزىدىكى سوغاق بىر ئۆزگىرىش ئىچىدە:

— مەيلى، ئەگەردە يۈز تۇرا بولۇشقا توغرا كەلگەندىمۇ، مەن تەييار، — دىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئايرىلىشتى.

19

# ھـوكـۈمنـامە

ئۆتكۈر، قانسىرىغان خەنجىرنى بىلىگە ئېسىپ، ئايپالتىسىنى كۆتەرگەن جاللات قۇشبېگىنىڭ ھوكمىگە قاراپ كۈتۈپ تۇراتتى. قۇشبېگىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قۇربېشىدىن تارتىپ شەھەر چوڭلىرى، ئۇدۇلدا ئاتابېك، قۇتىدار، زىياشايىچى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى رەھ-مات — گۇناكارلار ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدە ساقچى ئەسكەرلەر تۇراتتى.

ئاتابېك بىلەن مىرزاكەرىم قۇتىدارنىڭ گۇنالىرى چوڭ بولغانلىقتىن قوللىرىدا كىشەن، زىيا ئاكا بىلەن رەھمەتنىڭ قول-لىرىدا بۇ نىمە يوق ئىدى. قۇتىدارنىڭ يۈزىگە ئۆلۈك رەڭگى كىرگەن، ئاتابېك بولسا گاڭگىرىغان قىياپەتتە. ئاۋۇلار ئۆزلىرى-نى بىر ئاز تېتىك تۇتۇشماقتا ئىدى.

قۇشبېگى ئۆزىنىڭ يېزىلىپ قويۇلغان ھوكۈمنامىسىنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا تەييارلاندى. ھەممە جىمجىت، يەرگە قاراشقان ئىدى:

"مەنكى مەرغىلان ھاكىمى ئۆتەبباي قۇشبېگى ئۆز
ھوكمىمنى خاقان ئىبنى خاقان جانابى ئالىي خۇدايار-
خان ئىسمى شېرىپلىرىدىن ئاگلىتىمەن..."

خۇدايارنىڭ نامىنى ئاڭلىغۇچى چوڭلار ئۇنىڭغا تازىم قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇ-رۇشتى.

قۇشبېگى ھوكمنى ئوقۇدى:

"ئىشەنچلىك بىر كىشىنىڭ گۇۋالىق بېرىشىگە بىنا-
ئەن تاشكەنتلىك يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى — ئاتا-

بىلەن، ھازىرقى كۈندە خانىمىزغا قارشى باش كوتەرگەن ئەزىز پەرۋانىچى ۋە ئۆز ئاتىسىنىڭ ۋاكالەتلىرى بىلەن مەرغىلانغا كېلىپ، بۇ يەردىكى پۇقرالارنىمۇ خان جانابىغا قارشى قوزغىماقچى بولغان. ئاتابېكنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇلۇغ ئەمىر بولغان جاناپقا باغلىق بولۇپ، ئۇنى، يەنى ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلىنى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئاتابېككە بۇ يولدا ياردەمچى بولۇپ يۈرگەن مەرغىلان پۇقراسى مىرزاكەرىم قۇتىدارمۇ شۇ جازاغا لايىق تېپىلىدۇ. زىيا شايىچى بىلەن ئوغلى رەھمەت بۇ پىتنىچىلىكتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇپ، ۋاقتىدا ھوكۈمەتكە مەلۇم قىلمىغىنى ئۈچۈن بىر يىلدىن زىندان جازاسىغا مەھكۇم بولۇشىدۇ!"

— ناھەق جازا! — دەپ ئاتابېك كۈلۈمسىرەپ قويىدى... قۇتىدارنىڭ چىرايى بولسا ھەقىقى ئۆلۈك رەڭگىگە كىرگەن ئىدى.

زىيا ئاكا بىلەن ئوغلى زىندانغا ئەۋەتىلدى ۋە ئاتابېك بىلەن قۇتىدار جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى - دە، شۇنىڭ بىلەن ھوكۈم مەجلىسى تۈگىدى.

ئارىدىن كۆپ مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى، قۇشبېگىنىڭ چوڭلارغا سوزلەپ، ئولتۇرغان ھېكايىسىنىڭ چاپسانراق تۈگىشىنى كۈتۈۋاتقان قۇربېشى ئاخىرى چىدالماستىن ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— دارنىڭ ئاستىغا بېرىپ ھوكۈم ئىجراسى ۋاقتىدا ئۈستىدە تۇرۇشۇمغا ئىجازەتلىرى بولامدىكىن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بۇ سوزنى تۈگەتەر - تۈگەتمەيلا ئوردا قاراۋۇلى پىرمەت كورۇندى - دە، قۇشبېگىگە تازىم قىلدى:

— بىر خوتۇن كىشى ئەرزىم بار دەيدۇ، كىرسۇنمۇ؟

قۇشبېگى قۇربېشىغا رۇخسەت شەرتىنى بېرىپ، پىرمەتكە بۇيرۇدى:

— كىرسۇن.

قاملاشمىغانلا بىر ۋاقىتتا بىر خوتۇننىڭ ئەرزگە كېلىشى قۇربېشىنىڭ كوڭلىگە گۇمان سالدى. نامەلۇم خوتۇننىڭ قانداق ئەرزى بارلىقىنى بىلىپ كېتىشنى خالىغان بولسىمۇ، قۇشبېگىدىن رۇخسەت ئېلىپ قويغىنى ئۈچۈن مەھكىمىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر ئىدى. قۇربېشى مەھكىمىنىڭ ئىشىگىدىن دالانغا چىقىشىغا كونا بىر پەرەنجى يېپىنغان بىر خوتۇن قۇشبېگىنىڭ ئۇدۇلىغا توختاپ، پۈكۈلۈپ تازىم قىلدى. خوتۇندا ھاياجان ۋە ئەندىكىش ھالەتلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇربېشىنىڭ ھىلىقى گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى، قۇشبېگىنىڭ كوزىدىن يىراقلىپ تۇرۇش مەقسىدىدە ئوزىنى ئىشىكنىڭ كەينىگە ئېلىپ، كەتمەي تۇرۇپ تۇردى.

خوتۇن ئالدىراپ كەشىنى يەشتى ـ دە، ئىشىك ئالدىدا پەرەنجىسىنىڭ ئىچىدىن نىمىنىدۇر ئىزلىدى. خوتۇننىڭ بۇ ھەركىتىگە چۈشىنەلمەي ھەيران بولغان قۇشبېگى:

— ئىچكىرىگە كىرىپ ئەرزىڭىزنى ئېيتىڭ، ئاچا! — دېدى.

خوتۇن ئىچكىرىگە كىردى ۋە قۇشبېگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۈنىڭغا بىر نىمە سۇندى ـ دە، كەينىگە يېنىپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تۇردى. خوتۇننىڭ سۇنغان نەرسىسى ئۈچ ـ توت پۈكلەنگەن بىر قەغەز ئىدى. قۇشبېگى ئاستا ـ ئاستا قەغەزنى ئېچىشقا باشلىدى...

— خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن چاپسانراق! بولمىسا... ئىككى گۇناسىزنىڭ قانلىرىغا زامىن بولىسىز!

خوتۇننىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلاپ، ئولتۇرۇشقان چوڭلار (ئەئيانلار) بىر بىرلىرىگە قاراشتى. قۇشبېگى قەغەز پۈكلىمىسىنى چاپسان ئېچىپ بولدى ۋە يوغان قەلەم بىلەن يېزىلغان ئۇزۇندىن ـ ئۇزاق بىر خەتنى ئوقۇشقا كىرىشتى. خەتنى ئوقۇپ چىقىش ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقى ئۈچۈن خوتۇن بەكمۇ تاقەتسىزلەن-

گەن ئىدى. ئاخىرىدا قوشبېگى خەتنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ توختـ
تىدى - دە، قىچقاردى:
— پەرمەت، پەرمەت!
پەرمەت يۈگۈرۈپ كىردى:
— لەببەي تەقسىر!
قوشبېگىنىڭ ئاۋازىدا مۇشۇ چاققىچە ئاڭلانمىغان بىر ھالەت بار ئىدى:
— دەررۇ ھىلقى ئىپسىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن گۇناكارلار- نىڭ كەينىدىن ئات بىلەن يۈگۈر! دارىنىڭ تېگىدىن بولسىمۇ قايتۇرۇپ كەل! بۇيرۇغۇمنى قوربېشىغا ئېيتساڭ ئۇنايدۇ!
پەرمەت تازىم قىلىپ دالان تەرەپكە قارىدى:
— قوربېشىمۇ مەشەدە، — دېدى.
— قىچقار!
دالاندىن قوربېشى كىرىپ تازىم قىلدى:
— خىزمەت، تەقسىر!
— ياخشى، سىز كەتمەپتىكەنسىز! — دېدى قوشبېگى، — پەرمەت بىلەن بېرىپ دەررۇ ھىلقى گۇناكارلارنى قايتۇرۇپ كېلىڭ!
گۇمانىنىڭ بىكار چىققىنىنى پەملىگەن قوربېشى يېنىدا تۇرە تۇرغان خوتۇنغا قاراپ قويدى:
— سەۋەپ، تەقسىر؟
— سەۋىۋىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، چاپ دېدىم، چاپ!
قوربېشى تازىم قىلىپ پەرمەت بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوشبېگى قولىدىكى خەتنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى، ئولتۇرغان ساراي چوڭلىرى قوشبېگىنىڭ قولىدىكى بۇنچىلىك ئىشقا يارىغان خەتكە ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەن خوتۇنغا قاراشـ ماقتا ئىدى. قوشبېگى خەتنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، خوتۇنغا قارىدى:

— ئۇلتۇرۇڭ سىڭلىم، — دېدى.

خوتۇن ئولتۇرماقچى بولغان ئىدى، پەرەنجىسىنىڭ ئىچىدىن كۆزىنىڭ ئەتلەس كوينەكلىرى ۋە نازۇك ئاق قوللىرى كۆرۈنۈپ كەتتى. قۇشبېگى يەر تېگىدىن خوتۇنغا قارىدى ۋە قولىدىكى خەتنىڭ ئالدى - كەينىنى تەكشۈردى. خەت خېلىلا كۆرۈنگان، قەغىزى پۈكلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئاندىن كېيىن خوتۇندىن سورىدى:

— قۇتىدار بىلەن ئاتابېكنىڭ كىمى بولىسىز، سىڭلىم؟

— قۇتىدارنىڭ قىزى، ئاتابېكنىڭ خوتۇنى.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان چوڭلار بىر بىرلىرىگە قارىشىپ قويۇشتى.

— بۇنى نىمىشقا ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟

قۇشبېگىنىڭ بۇ سوئالىدىن كۆمۈش بىبى قورقۇنچلۇق بىر مەنە چۈشەندى: گويا "ئىش ئوتكەندە كەپسەن!" دېگەندەك چۈشەنگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— ئەمدى يارىمامدۇ؟

— ياق، ياق، قىزىم، — دېدى قۇشبېگى، — مەن نىمىشقا تۈنۈگۈن ياكى ئالدىنقى كۈنلەردە ئەپكەلمىدىڭىز دېمەكچىمەن.

كۆمۈش بىبى بىر ئەندىكىپ قويدى ۋە ئۆزىنى توختىتىپ

— ئۆزەممۇ بۇ خەتنى مۇشۇ بۈگۈن كوردۇم، — دېدى

— خەتنى ئاۋال كورمىگەنمىدىڭىز؟

— كورمىگەن ئىدىم.

— خەت قەيەردە ئىكەن؟

— ئۆينىڭ كونا كەمزۇلىنىڭ يانچۇغىدا ئىكەن.

شۇ گەپتىن كېيىن قۇشبېگى خەتنى ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغان ئەزىم پادىشابېگىغا ئۇزاتتى:

— سىزمۇ ئوقۇپ بېقىڭچۇ پادىشا! — دېدى ۋە كۆمۈشتىن

سورىدى، — سىز ئوقۇغانمۇ؟

— ئوقۇغانمەن.

— ئېرىڭىزنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەركىتىنى ئىلگىرىمۇ بىلەتتىڭىزمۇ؟

— قانداق ھەركىتىنى؟

— مەسىلەن، بىز ئاتىڭىز بىلەن ئېرىڭىزنى نېمە ئۈچۈن ئاسماقچى بولدۇق؟

— ناھەق، گۇناسىز!

— بۇ خەت بىلەن ئېرىڭىزنىڭ ئۆلۈمىدىن قۇتۇلالايدىغانلىقىنى سىزگە كىم ئېيتتى؟

— ئۆزەم بىلدىم.

— بولمىسا ئاۋالدىنلا ئېرىڭىزنىڭ شۇ ھەركىتىنىمۇ بىلىدىكەنسىز-دە؟

— ياق، تەقسىر، — دېدى كۆمۈش، ئۇ قۇشبېگىنىڭ مەقسىدىگە ئەمدى چۈشىنىۋالغان ئىدى، — مەن ئانام بىلەن تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلارنىڭ نېمە گۇنا بىلەن سولانغانلىقلىرىنى بىلەلمەي ھەسرەتتە يۈرەتتۇق. پەقەت بۈگۈنلا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ شۇنى بىلدۇقكى، سىلەر ئۇنى تاشكەنتتىن ئىسيان چىقارغىلى كەلگەن، دەپ گۇناكار قىلىدىكەنسىلەر. ئانام بىلەن مېنىڭ بەختىمگە، ئويلىمىغان يەردىن موجىزىدەك بۇ خەت تېپىلدى-دە، مەن خىزمىتىڭىزگە چاپتىم... — كۆمۈش سۆزىنى تۈگىتەلمىدى. چېپىپ ھاسىراپ كەلگەن پىرمەت دالاندىن كۆرۈنۈپ، بەككە تازىم قىلدى:

— دارىنىڭ يېنىدىن قايتىشتى!

كۆمۈش بىبى چاچراپ پىرمەتنىڭ يۈزىگە قارىدى ۋە ئۈلۈق-كىچىك تىنىپ قويدى. شۇ چاققىچە خەت ئوقۇپ ئولتۇرغان پادسادبېشى خەتتىن ياخشى تەسىرلەنگەن ئىدى. خەتنى يېنىدىكىگە بېرىپ، قۇشبېگىگە ئېيتتى:

— بۇ خەت تاشكەنتلىك يۇسۇپبېك توغرىسىدىكى پىكرىمىز-

نى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتمىدۇ، تەقسىر! ئۇنىڭ ئەزىزبەگ تەرەپ بىر ئادەم ئىكەنلىكى پەرغانىنىڭ ھەر بىر چوڭ - كىچىگىنىڭ ئاغزىدا نەقىل قىلىنسىمۇ، ئەمما ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققىنى يوق. ھەر بىر كىشىنىڭ كوڭلىدىكىنى يالغۇز بىر خۇدادىن باشقا كىم بىلسۇن!

"دۈشمەن قاچسا باتۇر كوپىيەر" دىگەندەك، مۇشۇ چاقىچەلام - مىم دىمەي ئولتۇرۇشقان شەھەر چوڭلىرىمۇ مەسىلىنى چۈشىنىپ سوزگە ئارىلىشىپ كېتىشتى:

— خۇدا ھەقنى ناھەق قىلمىدى، بىچارە ياش يىگىتنىڭ ھەقسىز قېنى توكۇلمىدى.

— قۇتىداردەك قوي مىجەز بىر ئادەمنىڭ بۇنداق بىر چوڭ ئىشقا ئارىلاشقانلىقىغا ئەقلىمۇ ئىشەنمەيتتى!

بۇ سوزلەر گويا كۇمۇش بىبىنىڭ ئوچكەن چىرىغىنى يېڭىۋاشتىن ياقاتتى، ئۇمىت ئاسمىنىنىڭ يوقلىپ، يوشۇرۇنۇپ كەتكەن يۇلتۇزلىرى يەنە يېڭىۋاشتىن ئوز جايلىرىغا كېلىپ قونغاندەك بولۇشاتتى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدا جاي ئالغان قاراڭغۇلۇقلار مۇشۇ يېقىلىشتا باشلىغان نىجات شاملىرىنىڭ نۇرى بىلەن ئوز - ئوزلىگىدىن يوقالغاندەك كورۇنەتتى.

دالاننىڭ ئىشىگى تۈۋىدە بىر توپ ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قۇربېشى كورۇندى.

— كېلىشتى، تەقسىر، كىرىشسۇنمۇ؟

قۇشبېگى جاۋاپ بېرىش ئورنىغا خەتنى ئېلىپ كورپىنىڭ تېگىگە تىقىپ قويدى ۋە كۇمۇش بىبىگە ئاگاھلاندۇردى:

— مەجلىستە مېنىڭ رۇخسىتىمدىن باشقا سوزلىشىڭىز ئاتىڭىز بىلەن ئېرىڭىزنىڭ ئولۇملىرىنى تىلىشىڭىز بولىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟ — كۇمۇش قوبۇل شەرتىنى بەرگەندىن كېيىن، قۇشبېگى دالاندا قاراپ تۇرغان قۇربېشىغا، — كىرىشسۇن، — دىدى.

كۇمۇش بىبى بايا ئۇلارنى يول ئۈستىدە ئەسكەرلەرنىڭ

ئۇتتۇرىسىدا كورگەن بولسىمۇ، لېكىن دەھشەت ئىچىدە پەقەت
ئۇردىغا قاراپ يۇگۇرگەن ئىدى. ئەمدى — "كىرىشسۇن!" جۇم-
لىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇرىگى بەكمۇ تولقۇنلىنىپ كەتتى،
ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا تۇرۇشنى ۋە بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاشنى خالى-
سىمۇ، ئۇدۇلمىدىكى "ئالابوجىلار" بۇنىڭغا توسالغۇ ئىدى. شۇ چاغ-
دا ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا، قوللىرى كىشەنلىك ھالىدا ئاتابېك
بىلەن قۇتىدار كىردىشتى.

— ئەسكەرلەر، سىلەر چىقىڭلار! قۇربېشى سىز كىشەنلەرنى
يېشىڭ! — دەپ بۇيرۇدى قۇشبېگى.

ئۇزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كورگۇلۇكلىرىنى پاجىئەلەرنىڭ ۋا-
دىسىدا كورگەن قۇربېشى كىشەننىڭ ئاچقۇچىنى باشلاپ قۇتى-
دارنىڭ قولىغا سالدى. ئاچقۇچنى بۇراۋېتىپ ئۇنىڭ قولى دىر-
دىر تىترەيتتى. ھامىدنىڭ نامەلۇم بىر غەرىزى يولىدا قۇربان
قىلىنىشقا تاسلا قالغان ۋە بۇ غەرەزدە ئۇزىنىڭمۇ قاتنىشىشىنىڭ
بارلىغىغا يول قويغان قۇربېشى ئىشنىڭ بۇنداق تەتۇر بۇرۇلۇ-
شىدىن سىرنىڭ ئېچىلغانلىغىنى مۇقەررەر، دەپ بىلىپ، ئۇزىنىڭ
مۇشۇ سائەتتە جاللات قولىغا تاپشۇرۇلۇشىنى ئېنىق كۇتۇۋاتاتتى.
مىڭ بالا بىلەن قۇتىدارنىڭ قولىنى بوشىتىپ بولغاندىن كېيىن،
نوۋەت ئاتابېككە كەلدى. ئاتابېك قوللىرىنى بوشاتقۇچى قۇر-
بېشىنىڭ بۇنچىلىك تىترەپ — لاغىلدىشىدىن ئۇز دۇشمەنلىرىدىن
بىرسى مۇشۇ ئادەم بولغانلىغىنى ئويلىدى. گەرچە ئۇزىنىڭ قۇتۇ-
لۇشى تېخى قاراڭغۇ بولسىمۇ، قۇربېشىنى بىر سىناپ كورۇش
ئۇچۇن، ھەممە كۇچىنى ئىككى كوزىگە يىغدى — دە، ئۇنىڭغا قار-
ىدى. ھەددىدىن تاشقىرى دەھشەتكە ئايلانغان ئۇنىڭ كوزلىرى
ئالدىدا قۇربېشىنىڭ گۇناكار كوزلىرى چىدىيالمىدى — دە، يەر-
گە قارىدى. ئاتابېكنىڭ بۇ سىنىشى ئۇز پىكرىنىڭ توغرا چىقى-
شى بىلەن نەتىجىلەندى.

قۇشبېگىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئىككى گۇناكار تىز چوكۇپ ئول-
تۇرۇشتى. قۇربېشىمۇ خالتىسىنى يوقاتقان دىۋانىدەك قۇشبېگىنىڭ

سول يېنىغا، كۈمۈش بىبىنىڭ يۇقۇرىسىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئاتابېك ۋە قۇتىدارنىڭ كوزلىرى كۈمۈش بىبىگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇز قايغۇلىرى بىلەن بولۇپ ئۇنىڭغا سەپسېلىشمىغان. ھاكىم مەھكىمىسىدە پەرەنجىلىك خوتۇننىڭ نىمە قىلىپ يۈرگەنلىگىنىدىكى پەۋقۇلئاددىلىقمۇ ئەسلىرىگە كەلمىگەن ئىدى. دار تىپىگىدىن يېنىش سىرى، قولدىن كىشەنلەرنىڭ ئېلىنىش سەۋىۋى ئۇلارنى بەك ئالدىرىتىپ قويغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قۇشبېگىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشقان ئىدى. قۇشبېگى بولسا نىمىشقىدۇر ئۇزاق ئويلاپ ئولتۇراتتى ۋە چاپسان گەپ باشلىمايۋاتاتتى. مۇشۇ ھالدا پۈتۈن مەجلىس ئەھلى جىملىقتا، قىرىق قۇلاق بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىشكەن ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋالغا قۇربېشى جان دىلىدىن تەرەپدار، ئۇ بۇ ھالدا بىرنەچچە كۈنلەپ ئەمەس، يىللاپ سۆزسىز بولۇشنى تىلەيتتى.

— ئاتابېك، — دېدى قۇشبېگى سۆز باشلاپ، — قولغا ئېلىنغان كۈنىڭىز ماڭا ئۇزىڭىز بىلەن ئاتىڭىزنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكلىرىڭلارنى، يەنى مەسىلەكلىرىڭلارنى سۆزلىگەن ئىدىڭىز. ئەمما بىز شۇ سۆزلىرىڭىزگە دەلىل ۋە ئىسپاتسىز ئىشىنەلمەيمىز. سىزنى دارنىڭ تۈۋىدىن قايتۇرۇپ كېلىشىمىزمۇ شۇ دەۋايىڭىزغا بىرەر ئىسپاتىڭىز بارمۇ ياكى قۇرۇق بىر گەپمۇ، دەپ ھوكۇمنىڭ ئىجراسىنى بىرئاز ۋاقىتقا توختىتىش ئۈچۈندۇر. ئەمدى سىز شۇ دەۋايىڭىزنى ئىسپات قىلالامسىز؟

— شۇ كۈنكى مېنىڭ سۆزلىرىم ئاتام بىلەن مېنىڭ ئىچكى سىرلىرىمىز ئىدى، — دېدى ئاتابېك، — ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا گۇۋا ۋە ئىسپات تېپىش تەس. ئەگەردە ئاتام كېلىپ مېنىڭ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلىگەندىمۇ بەربىر سىز ئوغلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۆزلەيدۇ، دەيتتىڭىز -دە، ئىغۋاگەرلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇز ھوكمىڭىزنى قىلىۋېرەر ئىدىڭىز!

چاقماقتەك سوققان ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قۇشبېگى ئۇزىنى ئاران توختاتتى:

— دىمەك شۇ سوزلىرىڭىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھوججىتىڭىز يوق؟

— يوق... ئىسپات ئۈچۈن ۋىجدانىمدىن باشقا گۇۋايىم يوق!

— يېقىندا ئاردا تاشكەنتتىن بىرەر نىمە ئالغانمىدىڭىز؟

— يەنى نىمە؟

— مەسىلەن، خەت.

— ئاتابېك ئۇزاق ئويلىيالمىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەركەت قىلىپ ۋاقىرىدى:

— ئالدىم، ئالدىم! ئىسپاتىممۇ بار!

شەھەر چوڭلىرى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىغا چىداپ تۇرالماستىن، كوزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

ئاتابېك يەنە ئېيتتى:

— ئادەم قوشىڭىز مەن گۇۋايىمنى ئەپكېلەي!

— تىنچلىنىڭ ئاتابېك! — دىدى قۇشبېگى، ئاتابېك بىرناز ئۆزىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن سورىدى، — نىمە ئالغان ئىدىڭىز؟

— خەت!

— كىمدىن؟

— ئاتامدىن.

— قاچان؟

— تاشكەنتتە ئىسيان باشلىنىش ئالدىدىن!

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئالمىدىم.

— ئاتىڭىز شۇ خېتىدە نىمىلەرنى يازغان ئىدى؟

— چۈشەنمىگەن تاشكەنت خەلقىنىڭ ئەزىزبەگنىڭ سىرلىرىغا ئۈچقىنىنى، ئەڭ ئاخىرىدا...— تەسىرلىنىپ توختۇۋالدى، — مېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈشۈمنى كارامەت قىلغاندەك يېزىپ، ماڭا بىرمۇنچە نەسىھەتلەرمۇ قىلغان ئىدى.

ئاتابېكنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن پادىشاھبېشى — «ئەمدى بولار» دېگەندەك قىلىپ قۇشبېگىگە قارىدى. قۇربېشى بولسا ئاتابېكنىڭ ئۈستىدە تېخى بۇنچىلىك سوراقلار بارلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بىرئاز تۇختىتىۋالدى. قۇشبېگى كورپىنىڭ تېگىدىن خەتنى ئېلىپ ئاتابېككە كۆرسەتتى:

— بۇ قانداق خەت، تونۇمسىز؟

ئاتابېك كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك:

— تونۇيمەن، — دېدى، — ھېلى مەن تەرىپىنى قىلغان ئاتامنىڭ خېتى! تەئەججۇپ، بۇنى سىزگە كىم ئەپكەلدى، تەقسىر؟!

قۇشبېگى يېنىكلا كۈلۈمسىرەپ كۈمۈش بىبىنى شەرەت بىلەن كۆرسەتتى:

— نىجات پەرىشتىسى، — دېدى. قۇتىدار بىلەن بىللە يالت قىلىپ كۈمۈشكە قاراشتى. ئەمدى كۈمۈش يەنە چىداپ تۇرالمىدى:

— جېنىم دادا، مەن قىزىڭىز!

ئاتابېكنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىنچىكە جايىغا بېرىپ تەككەن ئىدى. ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان قېيناتىسىغا قارىماي:

— سىزمۇ، كۈمۈش؟ — دەپ سورىدى.

— مەن، مەن!

بۇ سوئال - جاۋاپ بىلەن ئىككى ۋۇجۇتنىڭ ھەممە ھەسرەتلىرى، ئەلەملىرى بىر بىرلىرىگە قوشۇلغان ئىككى ئاۋازنىڭ بىر بىرىگە كېلىپ قوشۇلۇشىدىن ئىككىلىسىدە تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئەھۋال يۈز بەرگەن ئىدى.

— بۇ سەنمۇ، قىزىم؟

— مەن، جېنىم دادا!

بۇ چاققىچە باشقا بىر خىيالدا ئولتۇرغان قۇشبېگى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈپ، ئاتابېكتىن سورىدى:

— قۇلىڭىز ھەسەن ئەلىنى نىمە ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتقىچە تاپ‍قىلى بولمايدۇ؟

— سولانغان كۈنۈمدىن بېرى ئۈنىڭدىن خەۋىرىم يوق، تەق‍سىر! — دېدى - دە، ئاتابېك كۈمۈشكە قارىدى.

— بۈگۈن ئون ئىككى كۈن بولدى، ھەسەن ئەلى ئاتا تاشكەنت‍كە كەتكىنىگە، شۇنىڭدىن بۇيان ئۈنىڭدىن دېرەك بولمىدى، — دېدى كۈمۈش.

— تاشكەنتكە كېتىشكە ئۈنى نىمە مەجبۇر قىلدى؟ — دەپ قۇشبېگى ئورۇنسىز بىر سوئال بەرگەن ئىدى، كۈمۈش بىبى ئۈنىڭ نىمە ئۈچۈن كەتكەنلىگىنى ئېيتىپ قانائەتلەندۇردى. مەسىلە يەنە خەت ئۈستىگە ئۆتۈپ، ئاتابېك قۇشبېگىدىن سورىدى:

— قولىڭىزدىكى خەت بىلەن ئېھتىمال بىز ئاقلانغاندۇر‍مىز؟ — قۇشبېگىدىن تەستىق شەرتىنى ئالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — ھازىر سىزنىڭ ئادالەتلىك ھوكمىڭىزدىن بىر نەر‍سىنى سورايمىز: ئۇ بولسىمۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىزنىڭ توغ‍رىمىزدا يامان مەقسەت بىلەن سىزگە چېقىمچىلىق قىلغان ئىغ‍ۋاگەر ۋە غەرەزگويلار بۇ مەجلىسكە كېلىشسۇن - دە، ئۇلارنىڭ شۇملۇق كەشپىياتلىرىنى ۋە كورگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئىسپات قىلىپ، بىزنى يېڭىۋاشتىن دار ئاستىغا ئەۋەتىشسۇن! ئەكسىچە، قىلالمايدىغان بولۇشسا، ئۇ چاغدا بىزگە كولىغان ئورىلىرىغا ئۆزلىرى ئىتتىرىلسۇن! ئادالىتىڭىزدىن بىزنىڭ تەلىۋىمىز شۇ! — دېدى ۋە قۇربېشىغا قارىدى. ئۈنىڭ يۈزىدە قورقۇش ۋە ئىزتى‍راپ ئالامەتلىرىنى كوردى.

— تەلىۋىڭلار ئورۇنلۇق، — دېدى قۇشبېگى، — ئەمما خەس‍مىڭلارنى بۇ مەجلىسكە تەييار قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىمىز ئاز ۋە لېكىن بۈگۈن ئۈنى قولغا ئالىمىز ھەم ئۆگۈنلۈككە بەشىڭلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئۆز ھوكمىمىزنى بېرىمىز! — دېدى. كۈمۈش بىبىگە يۈزىنى ئورۇدى، — قىزىم سىزنىڭ بۇنچىلىك پاراسەت

ۋە جاسارىتىڭىزگە ئاتىڭىز بىلەن ئىبرىشىڭىز ھەر قانچىلىك رەھمەت ئېيتىشسا ۋە ئۇزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۇمۇرلىرىنى سىزنىڭ سوغىڭىز، دەپ بىلىشسە ئەرزىيدۇ. مەنمۇ سىزنىڭ بۇ خىزمىتىڭىز بەدىلىگە ئىبرىڭىز بىلەن ئاتىسىڭىزنى ھازىردىن باشلاپ ئازات قىلدىم. ئەمما ئاتابېك ئىش بىر تەرەپ بولغىچە ئۆزىنىڭ قاچماسلىقى ئۈچۈن كېپىل بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ!

قۇتىدار ھەممە مال ۋە مۈلكى بىلەن ئاتابېككە كېپىل بولدى ۋە قۇشبېگىنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ، ئۈچى مەھكىمىدىن بىللە چىقىپ كېتىشتى.

— زىيا ئاكا بىلەن ئوغلى رەھمەتنى بوشتىسىڭ، ئاندىن ئاۋۇ ھىلىقىنى قولغا ئېلىسىڭ! — دېگەن ئەمرنى ئېلىپ قۇربېشىمۇ سۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى ھوكۇم مەجلىسى تامام بولۇپ، شەھەر چوڭلىرى ھەيرانلىق ئىچىدە تارقىلىشقا باشلاشتى.

## 20

## ئىستىقبال دەردى

يەتمىش كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن نارمۇھەممەت قۇشبېگى ئۈچ مىڭ ئەسكەرنى (سىپاھىنى) بىر يېرىم مىڭغا چۈشۈرۈپ، قالغان بىر يېرىم مىڭ ئەسكەرنى تاشكەنت قورغانلىرىنىڭ تۇۋىدە قۇربان بېرىپ قۇرۇق قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ يەتمىش كۈنلۈك مۇھاسىرە ۋاقتىدا تاشكەنتلىكلەر جانبازلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا قىپچاقلارنى ئۈمىتسىزلىككە چۈشۈرۈپ، قوقانغا قايتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇنىڭغا ئېرىشتى، ئەمما ئۆزلىرىمۇ ئوبدانلا ھالسىراپ قېلىشتى! يەتمىش

كۆڭۈللۈك مۇھاسىرە، يەتتىمىش كۆڭۈللۈك چەتتىن ۋە ئەڭ ئېزى يېزىسلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تۇرۇش، ئەلۋەتتە، تاشكەنتنى ھالسىرىتىپ قويغان ئىدى. بۇ يەتتىمىش كۆڭۈللۈك مۇھاسىرە تاشكەنتنىڭ تېخى يىغىشتۇرۇۋالالمىغان ئاشلىق-لىرىنى، زىرائەتلىرىنى دۈشمەننىڭ قولىدا قالدۇرۇپ قويدى. سودا ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختاپ سودىگەرلەر چوڭ پالاكەتكە يولۇققۇشتى. كاسىپ ۋە كەمبەغەل ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ يامان ئىدى. نانسىز، دانسىز، سۇسىز، ئالاھەزەل قىياس "سىز، سىز" بولۇپ ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەندىلا مۇھاسىرە بالا-سىدىن "تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال" غەلىبە بىلەن قۇتۇلۇشتى. خەلق ئۇزىنىڭ بۇ يەتتىمىش كۈن ئىچىدە تارتقان مۇشەققەت ۋە ئازاپلىرىنى قىپچاقلارنىڭ ئۈستىدىن "چالغان غەلىبىسى" بىلەن بىر قاتار يۇدى-دە، ئۇز كەسپلىرىگە، تىرىلغۇلىرىغا ئۇرۇنۇپ كورۇشنى ئويلىدى. توغرىسى ئويلاپمۇ ئالالمىدى...

ئەزىز بەگ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تاشكەنتنىڭ مۇستەقىل ھوكۇمدارى ئەزىز بەگ! قىپچاقلارغا چالغان غەلىبىسى ئۈچۈن ئۇ تېرىسىگە سىغمايدۇ... ئۇ ئەمدى — "قىپچاقلار تاشكەنتنى ئېلىپ قېلىشسا..." دىگەن مۇدھىش خەۋپتىن قۇتۇلغان، ئۇ ئەمدى تاشكەنت ۋە ئەتراپىنىڭ خىنى، خاقانى! ئەمدى دۇخاۋا ۋە ئەتلەسلەرنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇرۇش بىلەن قانائەتلەنمەي، ئۇز شەنىگە، ئۇز قۇدرىتىگە مۇۋاپىق تاجلار، تەختلەر ياسات-ماقچى، ئۇزىنىڭ كونا مەھرىمىگە كوڭلى تولماي، باشقا بىر ئويۇنچى، ناخشىچى، چىرايلىق ھوسنىگە ئىگە بىر مەھرەم تاپ-ماقچى ۋە ئۇزىنىڭ بۇ مەشھۇر مەھرىمى بىلەن جاھانغا داڭ، شوھرەت چىقارماقچى.

ئەزىز بەگ ئەمدى ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. قىپچاقلارنىڭ يېڭىۋاشتىن تاشكەنتكە باستۇرۇپ كېلىشىنى ئېھتىمال دەپمۇ ئويلىمايتتى. چۈنكى ئۇزىنىڭ قىپچاقلارغا بەرگەن زەربىسىنى

ئۇلارغا يۈز يىلغىچە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەس، دەپ ئويلايتتى.

ھەممە ئىش جايىدا، لېكىن بىرلا نەرسە كۆڭۈلنىڭ نازۇك جايىنى يارىلايدۇ، ئەزىزبەگنىڭ كۆزىگە ھازىر يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ، بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھېلىقى تاتلىق خىياللار، ياسىتىلغان تاجۇ - تەختلەر ۋە باشقىلار كۆرۈنمەي قالىدۇ: يەتمىش كۈنلۈك ئۇرۇش مىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن يىغىلغان غەزىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويدى. غەزىنە قىپچاقلار ئۈستىدىن غەلىبە ۋە ئىستىقبال مەسلىكىلىرى يولىدا قۇرۇدى، پۇقرانىڭ جان ئېتىپ قىپچاقلارنى قىرىپ يوقاتقانلىرى ئۈچۈن ئىنئام، ئېھسانلارغا ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرگە قۇربان قىلىندى.

ئەزىزبەگنىڭ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇرغان يارا مانا مۇشۇ ئىدى!

ئۇ بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى كەلگەن قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزۇش ئۈچۈن يۈسۈپبېك ھاجىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ھازىر ئۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئاخىرى يېرىم سائەتلىك كۈتۈشتىن كېيىن ئىشىكتە يۈسۈپبېك ھاجى كۆرۈندى. ئەزىزبەگ ئادەتتىكى كۈتۈۋېلىشنىڭ يېنىغا يەنە بىر مېھرىۋانلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ھاجىغا تۆردىن جاي كۆرسەتتى. بۇ ھەددىدىن تاشقىرى ئىززەتنىڭ سەۋەبىنى ئويلاش ئۈچۈن ھاجىنىڭ ۋاقتى يوق، چۈنكى ئويلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قايغۇسى يېتەرلىك، كۆزىنىڭ ئاق ۋە قارىسى بولغان ئاتابېكنىڭ ھالى نېمە بولدىكىن، قاراڭغۇ زىندانلاردا، نەم، زەي يەر ئاستىلىرىدا ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ئەزىز كۆكسىنى يەرگە يېقىپ جان بەردىمىكىن؟ زالىم ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا، قەھرى ئاتىسىنى، مۇشتىپەر ئانىسىنى كۆرەلمەي دۇنيادىن ئۆتتىمىكىن؟ — مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىڭ خىل ۋەسۋەسىلەرنىڭ ئىچىدە ئالدىدىكى ئەزىزبەگنىمۇ ئۇنتۇماقتا ئىدى. ئەزىزبەگ بولسا "گوھەر

قادالغان تاجىلار، ئالتۇن تەختلەر، نازىنىن پەرى قىزلار، داغلىق مەدرەسەلەر" توغرىسىدىلا ئويلايتتى.

— ھاجى، — دېدى ئەزىزبەگ سۆز ئېچىپ، — مېنىڭ سىزنى ئوردىغا قىچقىرىشىمنىڭ سەۋەبىنى، ئەلۋەتتە، بىلمىگەندۇرسىز؟

يۈسۈپبېك ھاجى خىيالىدىن كۆز ئاچتى:

— تەقسىر... قىچقىرىشىڭىز، ئەلۋەتتە، پۇقرالارنىڭ تېچلىقى، قول ئاستىڭىزدىكى خەلقنىڭ راھىتى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈندۇر!

ھاجىنىڭ بۇ گېپى ئەزىزبەگنى چاقماقتەك سوقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھېلىقى تاتلىق خىياللار يەنە قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇندى. ئۇ بەكمۇ ئەپسىز ھالغا چۈشتى ۋە خالار - خالىماس:

— شۇنداق... — دېدى، كېيىن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يەتمىش كۈنلۈك مۇھاسىرە بىلەن غەزنىمىز بەكمۇ كەمبەغەللەشتى، ھەتتا مۇشۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇغى ئۈچۈنمۇ قىيىنلىشىپ قالدۇق. مانا شۇ توغرىلاردا سىزنى مەسلىھەتكە قىچقارغان ئىدىم.

— ئوبدان، تەقسىر.

— مەن بۇ توغرىدا بىر قارارغا كېلىپمۇ قويدۇم.

— قارارلىرى مۇبارەك بولسۇن.

— قارارىم شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەتىدىن باشلاپ يۇرتقا ئوتتۇز ئىككى تەڭگىدىن سېلىق چاچىسىز!

يۈسۈپبېك ھاجى يۇرتنىڭ بىسەرەمجانلىقى ۋە ئوغلىنىڭ قايغۇسى بىلەن ئەسەبىيلەشكەن ئىدى. ئەزىزبەگنىڭ بۇ ئەخمىقانە قارارىغا قارشى ئاچچىقى كەلدى. ئەزىزبەگنىڭ بۇ زالىملىق بۇيرۇقىغا قارشى قاتتىق سۆزلەرنى قىلىشقا ئويلىغان بولسىمۇ، ئاچچىقىنى قانداق ئادەمگە ئېيتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى بىر ئاز تۇتتى.

— تەقسىر، ئەمرىڭىزگە قارشى بولىدىغان ئورنۇم يوق، —
دىدى، — لېكىن شۇ تەرىپىنى بىرئاز ئويلاش كېرەككى،
يۇرت يەتىمىش كۈن مۇھاسىرىدە قالدى. ئاندىن تۇغۇلۇپ
كورمىگەن ئازاپلارنى، ئاچلىقلارنى بېشىدىن ئوتكۈزدى ۋە ئوت-
كۈزمەكتە. مېنىڭچە بولسا بۇ كۈنلەردە ئوتتۇز ئىككى تەڭگە
ئەمەس، ئوتتۇز ئىككى قارا يارماق سېلىشمۇ ئېغىر. يۇرت بەش-
ئون كۈن ئالدى - كەينىنى ئوڭشىسۇن، ئاندىن... — ھاجى
سوزىنى تۈگىتەلمىدى، ھاجىنىڭ تەتۈر سوزىگە چىدىيالمىغان
ئەزىزبەگ ۋەھشىلەرچە جاقىردى:
— نىمە دەيسەن؟
ھاجى ئىشنىڭ بۇنچىلىك يامانغا كېتىشىنى ئويلىمىغا
ئىدى. مۇشۇ مىنۇتتا ئىشنىڭ ئالدىنى ئالمىسا، ئەمدى
گەپ پەقەت ئەزىزبەگنىڭ جاللات چاقىرىشىغا كېلىپ قال-
غان ئىدى:
— تەقسىر، سىز يىغ، دەيدىغان بولسىڭىز ئەتە ئەمەس،
بۈگۈندىن باشلاپلا يىغىشقا كىرىشىمەن. يۇرت قېنى، بەرمەي
باقسۇنچۇ؟ ماڭا پەقەت سىزنىڭ بۇيرۇغىڭىز كۇپايە!
بۇ سوز ئەزىزبەككە سېھىردەك تەسىر قىلدى، دالاندا تۇرغان
ئەسكەر ئارقىلىق جاللات چاقىرىشقا ئوملىلەنگەن ئاغزى ئوز
زىيىنىغا ھەركەتلەندى:
— ئوردا بېگىگە ئېيت، ھاجىغا بىر كىمخاپ تون ئەپچىقىپ
كىيدۈرسۇن! — دىدى.

* * *

يۇسۇپبېك ھاجى ئۈستىگە كىمخاپ چاپان كىيگەن ھالدا
ئوردىدىن چىقتى. ئوردىدىكى "چاپان مۇبارەك بولسۇن!" دەپ
سورىغۇچىلارغا زاڭلىق بىلەن ھېچبىرسىش ئارقىلىق بىر تۇرلۇك
مۇجمەل جاۋاپ بېرەتتى. ئۇ ئوردىنىڭ كوۋرۈكىدىن ئوتۇۋېتىپ

ھىلىقىدەك قىلىپ ئۆزىچە يەنە بىر كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە تەلۋىلەرچە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى: ”ئوتتۇز ئىككى تەڭگىدىن سېلىق يىغ ئىمىش... بىر ھەپتىدىن كېيىنگە قالمىسۇن ئىمىش... سېلىق يىغىشتا قارشىلىق قىلغاننى دەررىگە ياتقۇزۇش، مۇۋاپىق تاپسام ئاستۇرۇش ھوقۇقىمۇ ماڭا بېرىلگەن ئىمىش... گويا يۈسۈپبېكمۇ ئۆزىدەك بىر قانخورغا، بىر زالىمغا ئايلانسۇن ئىمىش... مەن قانخورلۇق ئۈچۈن خۇدانىڭ پەرىز قىلغان ھەجىنى ئادا قىلمىدىم، ئالدىمدا ئوغلۇم بار، مېنىڭدە باشقىلارنىڭ ئوغلىنى دەررىگە ياتقۇزۇش چېغىدا ئالدىمنى توسايدىغان ۋىجدان بار، دىن بار، دىيانەت بار. بىزنىڭ خەلق ئەزىزبەگنىڭ تۈلكىلىكىگە ئۈچتىدە، ئۇنىڭ تۇنۇگۈنكى زۇلۇملىرىنى ئۇنتۇدى. يەتمىش كۈندەك ئۇزاق بىر چاغنىڭ ئىچىدە جان بېرىپ، جان ئېلىپ، ئاخىرىدا خىزمەت ھەققى ئۈچۈن ئوتتۇز ئىككى تەڭگە مۇكاپات، ئەڭ ئاخىرقى بۇردا نېنىڭنىمۇ بەر!“

## 21

## ئىسيان

يۈسۈپبېك ھاجى، ئۈستىدە ھىلىقى كىمخاپ تونى بىلەن شەيخەنتەھۇرنىڭ زەنجىرلىكىگە① يېتىپ كېلىپ، كۆزەردە يىغىلىپ ئولتۇرۇشقان ۋە ئۆزىگە سالام بېرىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان خەلققە خىتاپ قىلدى:

— مۇسۇلمانلار! ياخشى، دەپ يولىدا جان بەرگەن ئەزىز بېگىلار بۈگۈن سىلەرگە ياخشىلىغىلارنى ئوتتۇز ئىككى تەڭگە سېلىق بىلەن قايتۇرماقچى بولدى. ھازىر سىلەرگە ئىككى يول:

① تاشكەنت شەھىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئېتى.

ئوغۇل - قىزلىرىڭلارنى سېتىپ بولسىمۇ ئوتتۇز ئىككى تەڭگىنى
ئەزىزبەگنىڭ خەزىنىسىگە تۆلەش، ياكى ئەسىنىڭ بارىدا
ئىتەكنى يېيىپ، ئەزىزبەگنى ئاردىن كۆتۈرۈۋېتىش... ۋەيران
بولدۇڭلار مۇسۇلمانلار!

— ئوتتۇز ئىككى تەڭگە!

خەلق يۈسۈپبېك ھاجىدىن قىلچىلىك يامانلىق كۆرمىگەن، ياكى بولمىغۇر بىر مەسلىھەتمۇ ئاڭلىمىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قاياققا ماڭسا شۇ ياققا بىرىنچىدا تەييار تۇرۇشاتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇز ئىككى تەڭگىنىڭ خەۋىرى گۇزەر ئەھلىنىڭ يۈرەك-لىرىنى قىستى، ئۇلار بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىسيانغا ئاتلىنىشتى.

باشلاپ زەنجىرلىك خەلقنى كوچىلارغا توسۇق تاشلاش، ئەزىزبەككە ئۇرۇش تەييارلىقى كۆرۈش خىيالىغا چۈشتى. يۈسۈپبېك ھاجى تا ئەسكى جۇۋىغا① يەتكىچە ئۆزىنىڭ يۇقۇ-رىدىكى سۆزىنى كوچا - كوي، گۇزەرلەردىكى خەلققە تەكرارلاپ ئېيتىپ كەلدى. ئەسكى جۇۋىدا چوڭ بىر كۆپچىلىكنى يىغىپ، ئەزىزبەگ بىلەن بولغان ماجىراسىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۈچىنچىدىكى كىمخاپنى كۆرسىتىپ ئىستىھزا تەرىقىسىدە:

— سېلىقنى بەرمەڭلار دېمەيمەن، چۈنكى سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىپ بوي سۇنۇشۇڭلار ماڭا بۇندىن تونلارنى كىيگۈزىدۇ! — دېدى.

خەلق بەكمۇ قىزىشتى، گويا بىرسى قورغان توقايىغا ئوت تۇتاشتۇردى، ھولۇ - قۇرۇق دېگەندەك چوڭ - كىچىك تەڭ تۇتىشىپ يېنىشقا باشلىدى.

— ياخشىلىقىمىزنى ئۇنتۇدى، توڭگۇز! بىز ئۇنىڭغا ئوتتۇز ئىككى تەڭگىنى گېلىشتۇرۇپ بېرەيلى! ئەندىشە تۈگىگەنگە تېخى بىر ئايمۇ بولماستىن - ھە؟! — دېگەن سۆزلەر ئاڭلى-نىشقا باشلاندى. دەررۇ كۈچ ئادەمنى سېبزار، كوكچە ۋە

① تاشكەنت شەھىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئېتى.

يەشياغاچ مەھەللىلىرىگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىشتى؛ يا قىرنىلىپ تۈگەش ۋە يا ئەزىزبەگنى ئارىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاشقا دۇئا ئوقۇلدى.

ئارىدىن بىر سائەتمۇ ئۆتمەستىن، پۈتۈن دۇكانلار تاقىلىپ، تاشكەنتنىڭ كوچىلىرى توسۇق - باررىكادىلار بىلەن تولدى. ھەممە قوراللانغان، ئۇرۇشقا تەييار ئىدى. شەھەرنىڭ ئالىنىش خەۋىرى ئوردىغىمۇ ئاڭلاندى. ئىشنى كىچىك، دەپ ئويلىغان ئەزىزبەگ شەھەردىن ئەھۋال بىلىش ئۈچۈن رەيىمبەك دادخاھنى ئەللىكچە ئەسكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئەھۋال بىلگۈچىلەر زەنجىرلىككە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بايقاشتى: كوچىلار توسۇقلار بىلەن تولغان، توقماق، مىلتىق، خەنجەر ۋە نەيزىلەرنى تۇتقان ئادەملەر توپى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. رەيىمبەك دادخاھنىڭ — "توسۇقلارنى يىغىشتۇرۇڭلار، ئۆزەڭلار تارقىلىڭلار!" دەپ ئېيتقان ياخشى سۆزىگە قۇلاق سالىدىغان كىشى چىقمىدى. دادخاھ قوپاللىق قىلغان ئىدى، توپ ئىچىدىن بىرسى مىلتىق ئېتىپ ئىككى ئەسكەرنى يىقىتىپمۇ قويدى.

كەچقۇرۇن سائەت تۆتلەر، نامازدىگەردىن بىرئاز بالدۇرراق ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. يېرىم سائەتلىك ئېتىش، چېپىشتىن كېيىن ئەسكەرلەر زەنجىرلىكتىكى خەلق توپىنى قاچۇرۇپ، بەلەنت مەسچىت ئالدىدىكى توساققا يېتىشتى. ئاچچىقى ئۇچىغا چىققان ئەزىزبەگ ئوردىغا بىرئاز ئەسكەر قالدۇرۇپ، ھەممە كۈچىنى يىغىشتۇرغان ھالدا رەيىمبەك دادخاھقا ياردەمگە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر تېخىمۇ كۈچىيىپ خەلقلەر توپىنى خەدرىنگە① قاراپ سۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇشتى. خەدرىندىكى توسۇق - باررىكادىدا قانلىق ئۇرۇشلار باشلاندى. ئوتتۇز ئىككى

① تاشكەنت شەھىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئېتى.

تەڭگە سېلىقىنىڭ خەۋپىدە خەلق توپىمۇ بەشىياغاچ، سېبىزار ۋە
كوكچە مەھەللىلىرىدىن ئۆزلىرىگە ھەردائىم قورالىلىق يارىدەملەر
ئېلىپ تۇرۇشماقتا ئىدى.

بۈگۈن كېچە تاشكەنت قان ئىچىدە، مەھەللىلەردە بولغان
ھۆكۈمەت كىشىلىرى خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۆيلىرىگە
ئوت قويۇلۇپ ماللىرى تالىنىدۇ. شەھەرنىڭ يۈرەكلىك يىگىت-
لىرى خەدرىدىكى توسۇققا قاراپ چېپىشىدۇ، يۈرەكسىز ۋە قېب-
رىلار گۆزەر ۋە مەھەللىلەردە كوتەكلەرنى يىقىپ گۈلخان
سېلىپ، "ئوتتۇز ئىلكى تەڭگە" قايغۇسىدا قوزغىلاڭچىلارغا غالى-
بىيەت تىلىشىدۇ.

يېرىم كېچىلەر ۋاقتىدا خەلق توپى خەدرىدىن ئىسكى
مىسكەرلىككە قاراپ سۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولدى. كۆتۈلمىگەن بۇ
سۈرۈلۈشلەر يۈسۈپبېك ھاجىنى چوڭ تەشۋىشكە سېلىپ قويدى.
شۇنىڭدىن كېيىن خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ تۇرالماستىن،
تاشكەنتنى ئالالماي قايتقان نارمۇھەممەت قۇشبېگىگە يارىدەمگە
يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن چاپارمەن ئەۋەتتى.

ئىسكى مىسكەرلىكتە ھەر ئىككى تەرەپ تاڭ ئاتقۇزدى.
ئەتىگەندە يەنە قانلىق ئۇرۇشلار باشلاندى. ئەمما خەلق
ئەمدى ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغان ۋە ھەر مىنۇتسېرى توت
تەرەپتىن يېڭى كۈچلەرنى ئېلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئەسكەرلەر بىر چامدام ئالغا باسالماي قېلىشتى. ئەمما خەلق
ئەسكەرلەرنى باسسا باسقىدەك تاۋلانماقتا ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن
تولىمۇ غەزەپلەنگەن رەيىمبېك دادخاھ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ
ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈش بىلەن خەلق توپىغا قاراپ
يۈگۈردى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ غەيرىتى ئۆزى ئۈچۈن ھالاكەت
بىلەن نەتىجىلىنىپ. ئۇستا مومىنجان ئاتلىق بىر مىلتىق
ئۇستىسىنىڭ ئاتقان ئوقى بىلەن كوكسىدىن يارىلىنىپ
يىقىلدى.

رەيىمبېك دادخاھ ئەزىزبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ يولىكى ئىدى.

ئۈنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەسكەرلەردىن روھ چۈشتى. ھەتتا ئەزىزبەگنىڭ بۇيرۇغىنىمۇ تىڭشىماستىن تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا باشلاشتى. ئاخىرىدا ئەزىزبەگمۇ پىنىدىكى قىرىق-ئەللىك سادىق ئادەملىرى بىلەن قېچىپ ئوردىغا سولىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. يۈسۈپبېك ھاجى باشلىق يەر-كۆككە سىغمىغان غالىپ خەلق ئوردا ئەتراپىنى ئوراۋېلىشتى. ئەزىزبەگ چاپسان بېرىلمىگىنى ئۈچۈن مىڭلىغان خەلق ئوردا ئەتراپىدىن نېرى كەتمەي، ھەتتا غىزالىرىنىمۇ شۇ يەردە يېيىشىپ خاتىرجەم يېتىۋېلىشتى.

ئەزىزبەگ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن پالاكەتلەر يۈز بەرگەن ئىدى. قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولۇپ تۇرسىمۇ تۇزاققا چۈشكەندەك ئوردىغىمۇ سولىنىپ بەرگەن ئىدى. قانداق قىلسۇن، ئۈچۈپ قۇتۇلۇشقا قانىتى يوق... مۇھاسىرىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئوردىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى، ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ پەس كەتكەن چارىنى كۆرمەكچى ئىدى. بۇ خاقان دەسلەپ پۇقرالارغا سالام بەردى، كېيىن سۇنۇق ۋە ئاجىزانە بىر ئاۋاز بىلەن خەلققە ئۆزرە ئېيتتى:

— ئەمدى مەن ئۆزەمنىڭ قىلمىشلىرىمدىن پۇشايمان يېدىم... مەن سىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىغىڭلارنى ئۇنتۇغان ئىكەنمەن... سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ بۇ ئىشىڭلار بىلەن مېنىڭ چىقىپ كەتكەن ئەقلىمنى يەنە مېڭەمگە قوندۇردۇڭلار... رەھمەت، پۇقرالار!...

ئەمما خەلق بۇنداق يالۋۇرۇشلارغا، تۇۋا، تەزەررۇلارغا قۇلاق سالمىدى، چۈنكى ئىش پۈتكەن، خىش قېلىپىدىن كۆچكەن ئىدى.

— ئەمدى ھوشىڭغا كەلدىڭمۇ، ئوغرى؟ بۇرۇندىن ئويلاپ ئىش قىلغان بولساڭ بېشىڭغا بۇ بالالار چۈشمەيتتى! سەن بىزلەرگە نېمە ئىشلارنى كۆرسەتمىدىڭ؟ خەنجىرىڭنى ئاياپ مەھەللىلەرگە چايان سېلىشقا سالغان، ئاكىلىرىمىزنى چايانىنىڭ زەھرى

بىلەن ئۆلتۈرگەن كىم ئىدى؟ يوقال، توڭگۇز، يوقال، تۇۋا قىلىش ۋاقتى ئۆتتى. تەقدىرىڭگە سەنمۇ تەن بەر! — دەيتتى خەلق.

خەلق شۇنىڭدەك كەپىلەر بىلەن يۈز تەرەپتىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەتتا ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەنمۇ تىللايتتى. ئەزىز بەگ تىنىماي "تۇۋا قىلدىم، پۇقرالار!" دىگەن جۈملە بىلەن ئۆزرىسىنى تەكرارلاپ تۇراتتى:

— سىلەر ياخشىلىرىم، بۇ قىسقا ئۆيلىشىڭلار بىلەن ئۆز پۇتۇڭلارغا ئۆزەڭلار پالتا چېپىپ، يەنە قىپچاقلار قولىغا قارام بولىسىلەر! مېنىڭ تۇۋامنى ئەڭ بولمىغاندا ئۆزەڭلار ئۈچۈن قوبۇل قىلىڭلار!

ئەزىزبەگنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن خەلق توپى تېخىمۇ قىزىشىپ تۇۋەندىكى سۆزلەر بىلەن يەر - جاھاننى كۆتەردى:

— ئىككى قېتىم ئالدىنىش يوق! سەندەك ئىتتىن بىزگە قىپچاق ياخشى!

خەلقنىڭ بۇ جاۋاۋى ئىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە يەتكىنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. شۇ گەپتىن كېيىن، ئەزىزبەگ پۈتۈنلەي ئۈمىتسىزلىنىپ، دۇنيا بىلەن تەڭ مەيۇسلۇككە چۈشكەن ھالدا ئوكزىدىن چۈشۈپ كەتتى.

يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ نارمۇھەممەت قۇشبېگىگە ئەۋەتكەن چاپارمىنى كىرووۋچىگە يېقىن يەردە ئۇنىڭغا يېتىشكەن ۋە قۇشبېگىمنى ھەممە ئەسكەرلىرى بىلەن تاشكەنتكە قايتۇرغان ئىدى. ئەلەم تارتقان قۇشبېگى بۇ خوش خەۋەرگە بەك خوشال بولۇپ، ئەزىز بەگنىڭ ئوردىغا سولىنىشىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كاناي - سونايلار بىلەن يېتىپ كەلدى. خەلق توپىنىڭ يېنىغا قىپچاق ئەسكەرلىرى كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوردىغا بېسىپ كىرىشتى - دە، ئەزىزبەگنى تۇتۇپمۇ ئېلىشتى. يەتمىش كۈنلەپ ئاۋارە قىلىپ، مىڭلاپ ئادەمنىڭ قېنىنى توكۇشكە سەۋەپ بولغان ئەزىزبەگنى قوقانغا ئېلىپ بېرىپ تاپشۇرۇش نارمۇ-

ھەممەت قۇشبېگى ئۈچۈن قىممەتلىك ئىش ئىدى. ئۇ ئوردىدا ئولتۇرۇش بىلەن، بۇنداق زالىم دۈشمەننى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ باش ئامىلى بولغان يۈسۈپبېك ھاجىغا ئۆز مىننەتدارچىلىقىنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيتتى ۋە ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىنى خان بىلەن مۇسۇلمانقۇلغا ئېيتىپ ئۇنىڭغا چوڭ بىر مەرتىۋە ئېلىپ بېرىشكە ۋەدىلەر بېرەتتى. ئەلۋەتتە يۈسۈپبېك ھاجىغا بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق، پەقەت ئۇ ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىنى بىلسە ۋە مەرغىلان زىندانىدىن ئۇنىڭ قۇتۇلدۇرۇلۇشىغا ۋەدە ئالسا — ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى مەرتىۋە ۋە ھۆرمەت بولاتتى. ئۇ قوشبېگىنىڭ ۋەدىسىگە ئىلتىپاتسىز قۇلاق سېلىپ تۇردى-دە:

— ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن رەھمەت قۇشبېگى! — دېدى، — مەن ئەمدى دۇنيادىن ئۆتۈپ بولۇپ قالغان بىر ئادەم، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەنسەپلەرگە ئانچە قىزىقمايمەن. ئەگەر مېنىڭ قىلغان خىزمىتىم شۇنداق ئىلتىپاتلارغا لايىق كۆرۈلىدىغان بولسا، خان جانابلىرىدىن سورايدىغان بىرنەچچە تىلەكلىرىم بار.

— سوراڭ، ھاجى، خان بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئېلىپ بېرىشكە مەن كېپىل!

— مېنىڭ بىرىنچى خالىس تىلىكىم، ئەلۋەتتە، ئېزىلگەن خەلق تىلىدىن بولىدۇ: بۇنىڭدىن كېيىن تاشكەنت ھاكىملىقىغا ھەر تۈرلۈك بولمىغۇر ئادەم قويۇلمىسۇن!

— خان جانابىنىڭ مەقسىدىمۇ شۇنداق. چۈنكى بىز ئەزىزبەككە ئوخشاشلاردىن خەلقنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىمۇ قىيىنىتىۋاتىمىز!

تاشكەنت بەگلىكى توغرىسىدا ئۇزۇن مۇزاكىرىدىن كېيىن يۈسۈپبېك ھاجى ئۆز يارىسى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىچكى كېسىلىنى نارمۇھەممەت قۇشبېگىگە ئاچتى. سۆزلەۋېتىپ يۈرىكى مەشئۇم بىر ئېھتىمالنىڭ دەھشىتىدىن

تىترەيتتى، تىلىمۇ ئاسانلىق بىلەن ھەركەتلەنمەيتتى. چۈنكى، ئۇزىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قۇش ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن ئېتىلماقچى بولغان ئوققا ئوخشىتىپ، پايدىسىز بىر ئىلتىماس، دەپ چوچۇيتتى.

— ئەگەر مېنىڭ بۇ خىزمىتىم خان جاناپلىرىنىڭ مەرھەمىتىگە لايىق سانىلىدىكەن، — دىدى ھاجى، — ماڭا ئەڭ ياقىدىغان مۇكاپات ئوغلۇمنىڭ ئازات قىلىنىشىدۇر. دۇنيا ماجراسىدىن قول يۇماقچى بولغان بىر ئاتىغا قېرىغان چېغىدا پەرزەنت دېغىنى كوزمەسلىكنىڭ ئۇزىمۇ چوڭ مۇكاپات! — دىدى ۋە كوزىگە ياش ئالدى. بۇنىڭدىن قۇشبېگىمۇ نېسۋىسىز قالماي تەسىرلەنگەن ھالدا يۇسۇپبېك ھاجىغا تەسەللى بەردى:

— قورقماڭ، ھاجى! — دىدى، — مەرغىلان ھاكىمى ئۇرۇنىسىر قان توكىدىغان ئادەم ئەمەس. قوقانغا بارغاندىن كېيىن، بىرىنچى ئىشىم ئوغلىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇش بولسۇن، بىكاردىن قايغۇرماڭ، ھاجى!

— قۇللۇق، قۇشبېگى! ئەگەر بۇ خىزمەتنى ئۇز زىممىڭىزگە ئالىدىغان بولسىڭىز، ئۇستۇمگە چوڭ مىننەت يۈكلىگەن بولىسىز... لېكىن مەن، سىز قوقانغا بېرىپ يەتكىچە ئىش ۋاقتىدىن ئوتۇپ كېتەمدىكىن، دەپ قورقىمەن!

قۇشبېگىمۇ بۇ توغرىدا ئويلاپ قالدى ۋە ھاجى ئېيتقان ئېھتىمالدىن چوچۇپ ھازىرلا بىر خەت بىلەن قوقانغا چاپارمەن ئەۋەتمەكچى بولۇشتى، بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئادەم، ئەلۋەتتە، ھەسەن ئەلى بولغانلىقتىن، ئۇ چاپارمەن بولۇپ بەلگىلەندى.

ئونبەش كۈنلەردىن بۇيان مۇشۇنداق خىزمەتنى ساقلاپ ياتقان ھەسەن ئەلى ئاتىنىڭ بېشىنى قوقان تەرەپكە قاراپ قويۇۋەتتى - دە، بىرمىنوت ئىچىدىلا كوزلەردىن غايىپ بولدى.

بىر كۈن كېيىن نارمۇھەممەت قۇشبېگىمۇ بىرئاز ئەسكىرىنى تاشكەنتتە قالدۇرۇپ، قوقانغا مېڭىش ھەركىتىگە كىرىشتى. تاشكەنت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن ئەزىزبەگنىڭ ئىككى

پۈتىدىن ئاغامچا بىلەن باغلاپ، ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا سۆرىتىشتى.

ئەسكەرلەر قوقانغا قاراپ مېڭىشقىنىدا، تاشكەنتنىڭ قوقان دەرۋازىسىغا تولغان خەلق ئەزىزبەگنىڭ ئاتنىڭ ئاياقلىرىدا سۆرىلىپ كېتىشىگە ھوزۇرلىنىپ قارىشىپ قېلىشتى.

## 22

## "بىر غېرىپ بىچارە"

بۇ چاغدىكى خان ئوردىسى قوقاننىڭ ھازىرقى خادا بازىرى ئاتالغان جايىدا ئىدى. رومانىنىڭ ئون ئۈچىنچى بابىدا مەرغىلان ئوردىسىنىڭ تەرىپى يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ۋە بۇ ئوردىنىڭمۇ تاشقىرقى ئايلىنىشى شۇ ئوردىغا ئوخشاش بىر شەكىلدە، بىر ئۇسلۇبتا ۋە بىر كەڭلىكتە بولغانلىقتىن، بۇ يەردە يەنە قەغەزنى بوياش ئارتۇقچە. ئوردا دەرۋازىسى، نۆۋەتچى قاراۋۇل، دەرۋازا مەيدانىنىڭ كەڭلىكى، ھەممىسىلا شۇ ئوردىغا ئوخشاش، ئەمما بۇنىڭ تاشقىرقى كورۇنۇشىدىكى ئارتۇقلۇغى توت دوقمۇشىدىكى قېتىپ تۇرغان نۆۋەتچىلەر ئىدى. ئوردا دەرۋازىسىدىن ئىچكىرىگە كىرىلگەندە، بۇ يەردىكى تۈزۈلۈش مەرغىلاندىكىدىن پۈتۈنلەي دىگۈدەك باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭغا بىنائەن بۇ يەر بىلەن تونۇشۇش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ:

ئوردىسىنىڭ ئىچكىرىسىكى ئوڭ - سول بىقىنلىرى ئەسكەرلەر تۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغان بىنالار، ۋە ھويلىدا بىز تاشكەنتتە كورۇپ تونۇشقاندا ئوخشاش كىيىملەر كىيگەن ئەسكەرلەر تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ پانسادبېشىلارنىڭ قارىمىغىدا قىلىچ چېپىش مەشقىنى ئۆگىنىشمەكتە ئىدى. ئوردىنىڭ بېلىدىن، يەنى شىمالدىن شەرققە قاراپ بىر تۈز سىزىق بىلەن تام تارتىلىپ ۋە بۇ تامنىڭ ئىككى تەرىپىنى تەڭ تاشلاپ ئوردىنىڭ ئىچكىرى

قىسمىغا، خان سارىيىغا كىرىدىغان دەرۋازا قۇرۇلغان ئىدى.
بۇ دەرۋازا كونىرىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلى يارىتىلىشىدىكى
نەپىسلىك ۋە قۇرۇلۇشتىكى سەنئەتلىرى ئۆچۈپ كېتەي دەپ قال-
غان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئىمىر-چىمىر سىرلار ئۇيما نەقىش-
لەر ھېلىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىدى. بولۇپمۇ دەر-
ۋازىنىڭ ئىككى يېقىنىدىكى "يوگىمەش گۈل" قىلىپ ئىشلەنگەن
گۈلدەستىلەر، دەرۋازىنىڭ راۋىقىدىكى گەنجىدىن قاپارتىپ يا-
سالغان غۇنچە نەقىشلەر ۋە گۈللەر تېخى ئۇزۇلىرىنىڭ نەپىسلىك-
لىرىنى ئانچە يوقىتىشمىغان ئىدى. كۈن غەرپكە قاراپ ئېغ-
قان، گۈلدەستىلەرنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ئالتۇن يېڭى
ئاي بەلگىلىرى كۈننىڭ نۇرى بىلەن كۆزنى قاماشتۇراتتى.
دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى مەخسۇس ياسالغان قاراۋۇلخانا —
سۇپىلاردا ئىككى نەپەر نۆۋەتچى تۇراتتى. نۆۋەتچىدىن ئۆتۈپ
دەرۋازا ئىچىگە كىرسەك گۈمبەزگە ئوخشاش يولەك، ئوڭغا ئەگ-
سەك دىۋانخانىغا ۋە سولغا كەتسەك خان مەھكىمىسىگە چىقىمىز-
دە، مەھكىمىنىڭ بوسۇغىسىدا يەنە ھېلىقىدەك ئىككى نەپەر نۆۋەت-
چىگە دۇچ كېلىمىز. مەرغىلان ئوردىسىدا كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش
بىر دالان، ئەمما بۇ ئۇزۇنىڭ نەقىشلىرى، گۈللىرى، ھەررەڭدى-
كى سىرلىرى، ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەللىكى بىلەن مەرغىلاندىكىنى
سايىسىدە قالدۇرغۇدەك بولغان بولسىمۇ، كونىراپ كەتكەنلىكى
ئۇنىڭ ئارتۇقلۇقىغا دەخلى قىلاتتى. دالاندىن ئىچكىرىسىگە كىر-
سەك، بىر نەقىشلەنگەن ۋە زىننەتلەنگەن زال بولۇپ، بۇنىڭ
ئىككى تەرىپىدە خاننىڭ شاغاۋۇل بېشىلىرى، ياساۋۇل بېشىلىرى،
داستىخانچى ۋە ئاپتابەچىلىرى، تونقاتار ۋە پەرۋانچىلىرى،
ئاتلىق ۋە مېھتەر بېشىلىرى ۋە يەنە قانچىلىغان ۋەزىر - ۋۇزۇ-
رالىرى قاتار تىزىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. زالنىڭ ئۈچىنچى دەر-
زىسىدىن نېرىقى تەرىپى بىر نېپىز گۈللۈك تام بىلەن ئايرىتىلغان
بولۇپ، ئىشىكسىز كىرىلىدىغان بىر يول ۋە بۇ يول بىلەن ھېلىقى
تام ئىككىگە ئايرىلىدۇ، ھەر بىر بولۇم تامنىڭ ئوتتۇرى-

سىندا ئادەم بېشى سىققىدەك تۈگلۈك بولۇپ، بۇ تۈگلۈكلەرنىڭ يېنىدا قولىغا ئاييالتا تۇتقان ئىككى نەپەردىن جاللات قېتىپ تۇراتتى. شۇ جاللاتلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۆچىنچى بولۇمىگە كىرسەك، ئۆدۈلىدا يېرىم گەزچە ئېگىزلىكتە، توت پۇتلۇق ئاق مەرمەردىن ياسالغان تەختىنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن كەمەرگە ئېسىلغان ئالتۇن ساپلىق قىلىچىنى تىزىنىڭ توپىسىگە توغرا قويۇپ، قىزىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن جۇۋا كەمزۇل ئۈستىدىن ئەدرەس تون كىيگەن، بېشىغا سىماپ رەڭ شايى سەللە ئورىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئەركەكلىكنىڭ بارلىق چاقنىغان ئۈچ ياشلىق بالىسىغا ئوخشاش ئۇزۇن بۇغداي ئۆڭلۈك خانىن ئولتۇراتتى. بۇ خۇدايار ئىدى. خاننىڭ سول تەرىپىدىكى ئالتۇن مەللىك كۈرسىدا ئورەتىپ چەكمىنىڭ ئۈستىدىن تاسما كەمەر باغلاپ، ساددىغىنا قىلىچ ئېسىۋالغان، بېشىغا ئاق بەررە پاپاق كىيگەن ۋە بەشىرىسىدىكى بۇرنى يۈزى بىلەن بىر قاتاردا دىگۈدەك تەكشى يارىتىلغان، ئوتتۇرىچە ساقاللىق، قىسىق كوز، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى — مۇسۇلمانقۇل ئولتۇراتتى ۋە ھازىرلا ھودەيچى تەرىپىدىن ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئەرز ۋە خەتلەرنى ئېچىپ ئوقۇماقتا ئىدى. ئوقۇۋاتقان ئەرزىنى ئەھمىيەتسىز بولسا كېرەك، قەغەزنى ئىككىگە ئايرىپ يىرتتى - دە، ئايىغىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى ۋە يەنە بىر خەتنى ئاچتى. بۇ ئوش ھاكىمى تەرىپىدىن يېزىلغان خەت ئىدى:

"دولىتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، پەدەرى ئاروسى شاھنشاھى ① مۇسۇلمانقۇل باتۇر ھوزۇرلىرىغا. قۇتلۇقلاش خىتىمىز باراۋىرى ئوش مەدرىسىلىرىدە ئوقۇۋاتقان كەمبەغەل قىرغىز تالىپلىرىغا مەرھەمەت قىلغان سوغىلىرى تالىپلارنىڭ ئىلىم دەرىجىلىرىگە قاراپ تەقسىم قىلىندى. بەكمۇ كەمبەغەل ۋە ئېھتىياجدا بولغان قىرغىزموللىلىرى پەدەرى ئاروسى شاھنشاھنىڭ شاھانە ئىلتىپاتلىرىدىن كوڭۈللىرى يۇمشاپ كوز ياشلىرىنى توكۇشتى ۋە ھەق

① پەدەرى ئاروسى شاھنشاھى — شاھنشاھنىڭ قېيناتىسى، دىگەن مەنىدە.

قائىلانىڭ كەڭ دەرگاھىدىن يامان دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىپ بولۇشلىرىنى تىلەپ ۋە ئۇزاق ئۆمۈر سۈرۈپ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاندەك جاھانگىر بولۇشلىرىغا دۇئا ۋە تەلەپ قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن جاناپ ئالىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن مەخپىي قالمىغايكى، شەھەر ۋە ئەتراپ ئەللىرىمىز دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىنىڭ سايىسىدە ناباپ يامان ئادەملەرنىڭ تىنچسىزلىق ۋە خەۋپىدىن تىنچىدۇر. خەتنىڭ ئاخىرىدا ياش شاھىمىز جانابى خاقانلارنىڭ خاقانى، سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى ھەزرەتلىرىگە پەدەرى ئاروسى شاھىنشاھنىڭ پاناھى ھىمايىسىدە كۆپ يىللار دەۋر سۈرۈشنى، تىنچلىق ۋە سالامەتلىكنى تىلەپ نەۋكەرلىرى......

مۇسۇلمانقۇل خۇدايارغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۈچىنچى خەتنى ئاچتى. بۇ خەت خۇسۇسى بىر كىشىدىن بولسا كېرەك، مۆھۈر ۋە ئۆزگە تەكەللۇپلاردىن خالى ئىدى:

"مەزلۇملار دادىغا، قەھرى - غەزەپكە دۇچار بولغانلارنىڭ پەريادىغا ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك قىلىچى بىلەن يېتىشىدىغان مۇسۇلمانقۇلى قىپچاق خىزمەتلىرىگە... كۆزلىرىم زۇلۇم يېشى بىلەن لىق، كۆڭلۈم دۆلەت خائىنلىرىنىڭ دەھشىتىدىن تىترىگەن بىر ھالدا قەلەم تەۋرەتىمەن. دۆلەتنىڭ سادىق بىر پۇقراسى، ئىخلاسلىق بىر يىگىتى دۆلەت ئۈستىگە ئۆزىنىڭ مۇدھىش زەربىسىنى قاشلاپ تۇرغان بىر ۋاپاسىزنىڭ ئوغلىنى، يەنى، ئاتىسىنىڭ ۋاكالىتى بىلەن ئىككىنچى بىر تىنىچ، ئۇلۇغلارغا ئىتائەتكار، بويسۇندۇرغۇچى بىر شەھەر خەلقىنى قوزغىماقچى بولغان ئىدى. بۇنى ئىسپاتلىرى، گۇۋالىرى بىلەن دار ئاستىغا تارتقۇچى سادىق بىر قۇلىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈش ئورنىغا سولىماقچى ۋە پۇتىغا زۇلۇم زەنجىرىنى سالماقچى بولۇشىدۇ... مۇسۇلمانقۇل جانابىدەك بىر باتۇردىن تەپتارتماي، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى

خوشال قىلىپ، دوستلىرىنى غەمگە سالدۇ..."

مۇسۇلمانقۇل خەتنىڭ تۇمانلىق مەنىسىگە چۈشىنەلمەستىن، بۇ يېرىگە كېلىپ توختىدى ـ دە، ئۇنىڭ ئايىغىغا كوز تاشلىدى:

"بۇ يەرگىچە مېنىڭ هاياجان ۋە قايغۇ ئارىسىدا يازغان قۇرلىرىمغا بەلكى چۈشەنمىگەندۇرسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپلەنمەي، بۇ گۇنايىمنى سىزگە سادىق بىر قۇللۇغۇم يولىغا كەچۈرەرسىز. هازىرقى كۈندىكى تاشكەنت ئىسيانىنىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان يۇسۇپبېك هاجى ئەزىزبەگ ئاندكورنىڭ مەسلىهەتى بىلەن مەرغىلانلىقلارنىمۇ جانابىڭىزغا قارشى قوزغاش مەقسىدىدە ئۆز ئوغلىنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئىكەن، پېقىر سادىق قۇلىڭىز بۇ ئىغۋاگەر يىگىتىنىڭ ئەتراپىغا ئۆز تەرەپدارلىرىنى يىغىپ قۇرغان بىر مەجلىسىگە توغرا كېلىپ ۋە ئۇنىڭ مەرغىلانغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايقاپ چەكسىز خەۋپكە چۈشتۈم. ئۇنىڭ سوزلىرى قىپچاقلارنى يوقتىپ، هوكۇمەتنى شەهەرلىكلەرنىڭ قولىغا ئېلىش ئىدى. قىپچاقلارنىڭ خەيرىخاهى بولغان كەمىنە قۇلىڭىز بۇ سىرنى هېچكىمگە يۇتالماستىن بىرنەچچە ۋاستىلەر بىلەن مەرغىلان هاكىمى ئوتەببايغا بىلدۇردۇم. ئوتەبباي قۇشبېگى يۇسۇپبېك هاجىنىڭ ئوغلى بولغان مەزكۇر ئاتابېك بىلەن ئۇنىڭ تەرەپدارى ۋە قېيىناتىسى مىرزاكەرىم ناملىق كىشىنى قولغا ئېلىپ زىندانغا سالدى. قۇشبېگىنىڭ قىچقىرىشى بىلەن هوزۇرىغا كىرىپ، ئاتابېكنىڭ ئاغزىدىن ئىسلا ئاڭلىغان بولسام، بىرمۇ ـ بىر ئېيتىپ بەردىم. خالىس گۇۋالىغىمدىن كېيىن ئاتابېك بىلەن قېيىناتىسى مىرزاكەرىمنى قۇشبېگى ئېسىپ ئولتۇرۇشكە بۇيرۇدى. ئەمما ئوتەببايىنىڭ يانچۇق خىيانىتىگە مىرزاكەرىمنىڭ ئۆيىدىن كېلىپ چۈشكەن بىر خالتا ئالتۇن بەدىلىگە دارىنىڭ ئاستىغا بارغان ئىغۋاگەرلەرنى

ئۆلۈمدىن ئازات قىلدى، دۆلەتنىڭ سادىق قۇللىرىدىن بولغان كەمىنە خالىسىنى مۇتەھەملەر ئورنىغا زىندانىغا سالماق ۋە ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. چۈنكى كەمىنە قۇللىگىزنىڭ سىزگە شىكايەت قىلىشىمدىن بەك قورقاتتى. لېكىن دۆلەتلىرى يار بېرىپ، ساداقەتلىك خىزمەتكارلىرىڭىزدىن بولغان مەرغىلان قورىبېشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتەبباينىڭ چاڭگىلىدىن ئاران قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم...»

خەتنىڭ بۇ يېرىگە كەلگەندە مۇسۇلمانقۇل بېشىنى كۆتەردى. ھازىر ئۇنىڭ كىرپىكسىز قىسىق كۆزلىرىدە ئوتلار يانماقتا ئىدى. ۋاقىرىدى:

— چىلىم!

«شۇنداق قىلىپ سىزنىڭ ئۆز ئادىمىڭىز بولغان ئوتەبباي تۇز ھەققىڭىزنى ئۇنتۇدى. بىر خالتا ئالتۇننى دەپ دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ تەرىپىگە ئۆتتى. سىزنىڭ خەيرىخاھ قۇللىرىڭىزدىن بولغان بىرسى ئۆز شەھرىنى تاشلاپ قوقانغا قېچىشقا ۋە ئۇلۇغ دەرگاھىڭىزغا سىغىنىشقا مەجبۇر بولدى. مەن خالىس قۇلىڭىز ئۆزەمنىڭ ساداقىتىم بەدىلىگە بۇنداق مۇكاپات ئالغىنىم ئۈچۈن قايغۇرمايمەن ۋە لېكىن ئوتەبباي ھەم ئاتابېككە ئوخشاش خائىنلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ دۆلەتتى شەھرىيارغا دەھشەتلىك بىر پالاكەت تۇغدۇرامدىكىن، دەپ قايغۇرىمەن. بۇ خەت سادىق بىر قۇلنىڭ خالىس ساداقىتىدىن بىر نەمۇنىدۇر. مەن شۇنىڭ بىلەن، بەلكى ئۆز بويىنۇمدىكى ۋەزىپەمنى ئورۇنلىغان بولارمەن، دۆلەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆز ئايىغىدىن يىقىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولارمەن، دەپ ئويلايمەن.

ئۆزەمنىڭ بۇ خىزمىتىم بەدىلىگە بىر مۇكاپات ئېلىش مۇددىئايىدا بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ۋە جاناپلىرىنىڭ يولىدا

قانداقلىكى مۇشەققەت چەككەن بولسام، ئۆزەمنىڭ بىر ۋىجدانىي ۋەزىپەم، دەپ بىلىپ بۇ خەتتە ئۆز نامىمنى يېزىشنىمۇ خالىمىدىم. ياش خانىمىزغا تىنچ ۋە شەۋكەتلىك دەۋر، دۆلەت خائىنلىرىغا ئۆلۈم تىلەپ — بىر غېرىپ بىچارە.»

مۇسۇلمانقۇل بەكمۇ غەزەپلەنگەن ئىدى. ھازىرقى ھەممە ئەلەمىنى تاماكىدىن ئالىدىغاندەك ھۆدەيچى ئېلىپ كەلگەن چىلىمگە چاپلاشتى - دە، خورۇلدىتىپ سەيخاننى يېرىۋەتكۈدەك قىلىپ تارتتى. ئاغزىدىن پۇرۇلدىتىپ ئىسنى چىقارغان ھالدا خەتنىڭ مەزمۇنىنى خۇدايارغا سۆزلىدى. تاشكەنتنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى بىلەن نارمۇھەممەد قۇشبېگىنىڭ ئاخىرىدا تاشكەنتنى ئالالماي يېنىشى خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ مەيۈسلۈكتە ئولتۇرغان مۇسۇلمانقۇل ئۈچۈن بۇ خەت يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەندىنمۇ يامانراق بولغان ئىدى.

— ھۆدەيچى!

— لەببەي، تەقسىر!

— مىرزىنى چاقىر! — دېدى مۇسۇلمانقۇل، ئاندىن قولىدىكى خەتنى قويۇپ خۇدايارغا دېدى، — ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئوغلۇم! ئەزىزبەگ بىلەن يۈسۈپبېك بىزگە ئىسيان قىلماقچى بولۇشىدۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ سادىق كىشىمىز، دەپ ئويلىغان ئوتەبباييمۇ دۈشمەنلىرىمىز بىلەن بىرلىشىشكە باشلاپتۇ... خەير، قوللىرىدىن كەلگىنىنى قىلىشىپ باقسۇنچۇ، بىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن، شۇنداق تۈزكور قىلىدىغانلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەرمىز!

ئۆز سەلتەنىتىگە دەز كەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولغان بۇ خەۋەردىن، خۇدايارخاننىڭ تەسىرلەنگەنلىكى بەلگۈسىز، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىماستىن ئاۋال قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداقلا ئۆزگىرىشسىز ئىدى. مۇسۇلمانقۇلنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتتەك تۇتىشىپ - لاۋۇلداپ سۆزلىگەن سۆزىنى سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، قۇرۇق ۋە شىرسىز قىلىپ

— ھەممىدىنمۇ ئوتەببايىنى دەڭ، ئەخمەق بىر ئادەم ئىكەن، — دىدى، — مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىسىمۇ، سىزنىڭ رايىڭىزنى قىلىشى كېرەك ئىدى.

— ياخشىلىق قىلغان ئادەمگىدىن ھېچبىر ياخشىلىق يانمايدىكەن! — دىدى مۇسۇلمانقۇل، — جۇملىدىن بىرى كوز ئالدىمىزدىكى ئەزىزبەگ! مەن ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ ئوز قولۇمدا ئوستۇردۇم. تاشكەنت ھاكىملىقىدىن سەلىمساقبېكنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدۇق، لېكىن شۇنچە قىلغان ياخشىلىقلىرىمىزغا قارشى نەتىجىدە بىزگە يېغى بولدى. بولسۇن، ئەمما ئۇ تاشكەنتنىڭ ئوزىگىلا قانائەتلەنمەي مەرغىلان بىلەنمۇ ئىش قىلماقچى بولغان بولسا، بۇ ئىشنىمۇ بىز كورەيلى!

مىرزا بېشى كىرىپ خانغا تازىم قىلدى ۋە مۇسۇلمانقۇلغا قاراپ قول باغلاپ تۇردى. مۇسۇلمانقۇل يەنە خۇمارى بولغان ئىدى، "چىلىم" دەپ تاشقىرىغا ۋاقىردى، ئاندىن مىرزا بېشىغا ئېيتتى:

— ھازىر مەرغىلان ھاكىمى ئوتەبباي قوشبېگىگە بىر خەت يېزىپ، چاپارمەن بىلەن ئەۋەت. خەتنى ئالغان زامات يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى ئاتابېك دىگەننى ئېلىپ ھوزۇرۇمغا كەلسۇن!

مىرزا بېشى تازىم قىلىپ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

## 23

## مۇسۇلمانقۇل

دولەت ئەرباپلىرى يىغىلىپ خۇدايار تەختكە چىققان، مۇسۇلمانقۇل خان بولمىسىمۇ خانلىقتىنمۇ يۇقۇرى بىر كۇچكە ئىگە بولغان سىياسەت كۇرسىغا ئولتۇرغان ئىدى. ئاۋال ئاتلىق كىرىپ خانغا سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ ھەق-

قىسقە ئۇزۇن دۇئا قىلىپ چىقتى. ئاتىلىقتىن كېيىن باشقا چىرىگ-
لار — ئەئىيانلار بىر - بىردىن كىرىپ دۇئا قىلىپ چىقىشقا
باشلىدى. دۇئا خانلارنىڭ ئەڭ كەينىدە، ھودەيچىسى كورۇنىدى،
سالام ۋە دۇئادىن كېيىن يۇزىنى مۇسۇلماندۇلغا ئۇرۇپ:
— مەرغىلان ھاكىمى ئوتەبىباي قۇشبېگى ھوزۇرى ئالىلىرىغا
كىرىش ئۇچۇن رۇخسەت سورايدۇ، — دىدى.
ھەممە پىكرى - زىكرى ئوتەبىباي ئۇستىدىلا قالغان مۇسۇل-
مانقۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن كۇچلۇك بىر نەپەس ئېلىپ
ھودەيچىگە قارىدى:
— يالغۇز ئوزىمۇ ياكى يېنىدا ئادەملىرىمۇ بارمۇ؟ — دەپ
سورىدى.
ھودەيچى يەنە تازىم قىلدى:
— ئون نەپەرچە قوراللىق ئەسكەرلىرىمۇ بار.
— يەنىچۇ؟
— قوراللىق يەنە بىر يىگىتمۇ بار كورۇنىدۇ.
— ئوتەبىباينىڭ ئوزىنى ھوزۇرىمىزغا كىرگۇز! — دىدى مۇسۇل-
مانقۇل ۋە تازىم قىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ھودەيچىنى يەنە توختى-
تىپ سورىدى، — ئوتەبىباينىڭ يىگىتلىرى ئوردىنىڭ تاشقىرى-
سىدىمۇ - ئىچكىرىسىدىمۇ؟
— تەقسىر — ئىچكىرىسىدە!
— ياخشى، قۇشبېگى بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرگەندىن كېيىن،
ئوردا ئەسكەرلىرى ئۇلارغا تەييار بولۇشسۇن!
ھودەيچى تازىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مۇ-
سۇلمانقۇل ئاۋازىغا غەلىبە ئاھاڭىنى بېرىپ خانغا ئېيتتى:
— ئوغرىلارنىڭ ئىككىسى قاپقانغا چۇشتى خان!
— تەلىيىمىز.
قۇشبېگى كىردى. خانغا ئىككى پۇكۇلۇپ تازىم قىلغاندىن
كېيىن، كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى سۇيدى. ئوتەبىباينىڭ كورۇشۇشى
ئۇچۇن مۇسۇلمانقۇلمۇ گويا ھېچنىمە بىلمىگەندەك ئورنىدىن

تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئوتەبباي مۇسۇل-
مانقۇلنىڭ كۆرسەتمىشى بىلەن خانىڭ سول تەرىپىدىكى كۆرسى-
غا ئولتۇردى. ئۇ مۇسۇلمانقۇلنىڭ سەمىمىي كۆرۈشۈشىدىن قورق-
قان يۈرىكىنى بىر ئاز بېسىۋالدى. كۆرسىدىن يەنە تۇرۇپ، خان-
غا قۇللۇق قىلىپ يەنە ئولتۇردى. مۇسۇلمانقۇل قۇشبېگىنى يەر
تېگىدىن تەكشۈرگىنى ھالدا سورىدى:

— يۇرتلىرىڭىز تىنچلىقمۇ، ئۆزىڭىزمۇ ساقمۇسىز؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ياش شاھىمىزنىڭ دۆلەتلىرى ۋە ھوسنى
خەيرىخاھلىقلىرى سايىسىدە يۇرتىمىز تىنچلىق، پۇقرايىمىز جانابى
ئاللىنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل!

خۇدايار ئازغىنا تەۋرىنىش بىلەن ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈر-
دى. بۇنىڭغا جاۋابەن قۇشبېگى كۆرسىدىن قوزغىلىپ تازىم قىل-
دى. مۇسۇلمانقۇل بۇرۇتىنى سىلىغان ھالدا نىمىنىدۇر ئويلى-
ماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالى بىرەر مىنۇتقا سوزۇلغىنى ئۈچۈن
خۇدايار بىلەن قۇشبېگى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىشكەن ئىدى.

— سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بولدىمۇ ـ بولمىدىمۇ، بىز تاشكەنتنىڭ
ئۈستىگە ئەۋەتكەن نارمۇھەممەت قۇشبېگىدىن بەكمۇ يامان بىر
خەۋەر ئالدۇق، — دەپ مۇسۇلمانقۇل ئوتەببايغا قارىدى، ئۇنىڭدىن
خەۋەرسىزلىك جاۋاۋىنى ئالغاندىن كېيىن، سوزىنى داۋام قىلدۇر-
دى، — نارمۇھەممەد قۇشبېگى ئۈچ مىڭ ئەسكەر بىلەن يەت-
مىش كۈن تاشكەنتنى مۇھاسىرە قىلىپ يېتىپ، ئاخىرىدا بىر
ئىش چىقىرالماي ئادەملىرى بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولۇشتى.
ئەزىزبەگ بىلەن يۇسۇپبېك ھاجىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقلىرى
بىزنىڭ ئادەملەرنى قۇرۇق يېنىشقا مەجبۇر قىپتۇ. مانا شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ باشقا بىر يول بىلەن ئىش
كۆرۈشىمىز لازىم بولۇپ تۇرىدۇ... تونۇگۈن بىز كىمدىندۇر يۇ-
سۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى بولغان ئاتابېك دىگەننى سىلەرنىڭ
مەرغىلاندا، دەپ ئاڭلىدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنكى تاشكەنت توغرى-
سىدا كورىدىغان تەدبىرلىرىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ كېرىگى بولار

دەپ ئويلاپ، سىز بىلەن بىللە ئۇنى ھوزۇرىمىزغا قىچقارغان ئىـ
دۇق... — بۇيەردە قۇشبېگى مۇسۇلمانقۇلنى توختاتتى - دە،
كۈلدى، ئاندىن خۇدايارغا دېدى:

— ئاتابېك ئۈستىدە خېلى ماجرالار بولۇپ ئۆتتى! بۇنىڭ
ھېكايىسى ئۇزۇن، ئەلھال مېنىڭ رايىمنى ئاڭلايلى... داۋام
قىلىڭچۇ!

— ئاتابېك ئۆزىڭىز بىلەن بىللىمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇ-
سۇلمانقۇل ۋە بىللە ئىكەنلىگى ھەققىدىكى جاۋابنى ئاڭلاپ
تولۇق خاتىرجەم بولۇش بىلەن داۋام قىلدى، — يۇقۇرىدا
ئېيتقىنىمدەك، بۇنىڭدىن كېيىن تەدبىر يولى بىلەن
ئەزىزبەگنى يوقىتىشتىن باشقا چارىمىز يوق. بىزنىڭ بۇ كې-
يىنكى پىلانىمىز يولىدا ئىش بېرىدىغان كىشى بولسا، ئۇمۇ
مېنىڭچە بولسا، شۇ ئاتابېك بولىدۇ. چۈنكى باشقىلارغا قارىغاندا
ئۇنىڭ تاشكەنتكە بېرىشى ۋە ئەزىزبەگنىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ
ئوغلى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدە بولۇشى، زەھەر
بېرىش ۋە يا باشقىچە بىر يول بىلەن ئۇنى ئارىدىن كۆتىرە-
لىشى ئۇڭۇشلۇق ئەڭ ئەپلىك بىر ئىشتۇر. ئاغرىتىنىڭ تۈزەلگۈسى
كەلسە تېۋىپ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدۇ، دىگەندەك، ئاتابېكنىڭ
مەرغىلاندا ئىكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ خان بىلەن ئىككىمىز
تولا خوشال بولدۇق... مانا سىزنى قىچقىرىشتىكى مەقسىدىمىز
مۇشۇ. يەنە سىزنىڭ بۇ توغرىدىكى رايىڭىز نىمە بولسا
ئاڭلايمىز.

مۇسۇلمانقۇلنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئوتەبباي قۇشبېگى پۈتۈنلەي
ئىشەنگەن، ئەمما خۇدايار بولسا، ئۇنىڭ ئاۋالقى مەقسىدىنى
ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن بۇ كېيىنكى گەپلەردىن كېيىن بەكمۇ
ھەيران بولۇپ قالغان ئىدى. توغرىسىمۇ مۇسۇلمانقۇلنىڭ بۇ
كېيىنكى گېپى ئادەمنى ئىككىلەندۈرۈپ — قايسىسى راستلىغىنى
بىلەلمەي قالىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوياتتى.

— بۇ پىكرىڭىز مېنىڭچىمۇ ماقۇل، — دېدى قۇشبېگى، —

ئەمما بۇ يەردە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ: ئاتابېك بۇ ۋەزىپىنى ئۆز بويىنىغا ئېلىش ـ ئالماسلىق مەسىلىسىدۇر. چۈنكى ئاتابېكنىڭ ئەزىزبەگ تەرەپدارى بولغانلىقىغا ئىشىنىشنى مۇشۇ يېقىندا ئۆزەم تەكشۈرگەن بىر ئىش گۇمانغا چۈشۈردى. يەنى بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش كۈنلەر ئىلگىرى قۇربېشىنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن ئەزىزبېك تەرىپىدىن مەرغىلاندا توپىلاڭ چىقىرىشقا كەلگەن، دەپ ئويلاپ، يېنىدىكى بىرنەچچە ئادەملىرى بىلەن زىندانغا سالدۇردۇم. ئۇنىڭ يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى بولۇشىمۇ شۇ مۇلاھىزەمنىڭ توغرىلىقىغا مېنى ئىشەندۈرەتتى. يەنە قۇربېشىغا ئاتابېكنىڭ ئىزىستىدىن شىكايەت قىلغۇچىنىڭ گۇۋالىق بېرىشى بىلەن بۇ گۇمانىمغا ئىشىنىپ، بۇنىڭدىن بەش كۈن ئىلگىرى ئاتابېك بىلەن ئۇنىڭ قېيناتىسى مىرزاكەرىم دېگەن مەرغىلانلىقنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدىم. گۇناكارلارنى دارغا ئېلىپ كېتىشكىنىگە بىرئاز ۋاقىت بولغان ئىدى، مەھكىمىگە بىر خوتۇن كىرىپ كېلىپ، قولۇمغا بىر خەت بەردى. ئوقۇپ باقسام، ئەزىزبەگ تاشكەنتتە قوقانغا قارشى ئىسيان چىقارماقچى بولۇپ يۈرگەن بىر ۋاقىتتا يۈسۈپبېك ھاجى تەرىپىدىن ئوغلى ئاتابېككە يېزىلغان بىر خەت بولۇپ، مېنىڭ پۈت ـ قولۇمنى بوشاشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى بۇ خەت يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ ئەزىزبەككە پۈتۈنلەي قارشى بىر ئادەم بولغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. گۇناكارلارنى دار تېگىدىن ياندۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن يەنە بۇ خەتنىڭ دەلىللىك بولۇشى بىلەنلا گۇناكارلارنى قويۇۋەتمەستىن، قولۇمدىن كەلگىنىچە يەنە تەرگەپ ـ تەكشۈردۈم. ئاتابېكنىڭ سۆزلىرى كىشىنى تولۇق ئىشەندۈرەرلىك دەرىجىدە، خەتكە مۇۋاپىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ پەقەت مىرزا كەرىمنى ئازات قىلىپ، كېيىنكى تەكشۈرۈشلەر تامام بولغىچە ئاتابېكنى كېپىلگە بەردىم. ئۆزىنىڭ بىرەر ئاداۋىتى ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى چىقىرىپ يۈرگەن بولمىسۇن، دەپ ھېلىقى گۇۋالىق بەرگەننى تۇتۇپ ئاتابېك ۋە باشقىلار بىلەن يۈزلەشتۈرمەكچى بولغىنىمدا نىمە سەۋەپتىندۇر، ئۇ قېچىپ كەتتى.

مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنى تاپقىلى بولمىدى. بۇنىڭ قىچىشى گەرچە بۇ گۇۋالىقنىڭ بىرەر ئاداۋەت نەتىجىسىدە بولغان سىياسەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان بولسىمۇ، مەن يەنە تېخىچە ئاتا-بېگنى كاپالەتتە ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر ۋاقىتىمدا جانابى ئالىدىن بۇ خەۋەر يېتىپ باردى. دەرھال ئاتابېگنى ئەسكەر-لەرگە ئورىتىپ شاھىنشاھنىڭ سائادەتخانىسىغا ماڭدىم. ئاتابېگ-نىڭ مەرغىلاندىكى ۋەقەسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ، مېنىڭ-چە ئاتابېك ئۈستىدە تېخى شۇنداق تەكشۈرۈشلەر كېتىۋاتقان بىر چاغدا ئۇنىڭغا بۇنداق جاۋاپكارلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش قانداق بولاركىن، دەيمەن...

مۇسۇلمانقۇلدەك مەككار تۈلكىنىڭ ئويلىغانلىرىنى قۇشبېگىنىڭ توغرا گەپلىرى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، ئۇنىڭ ئوتەببايغا ئىزغىرىسىدىكى يامان ئويلىرى بىر ئاز كېمىيىپ قالدى. ئەمما مۇسۇل-مانقۇلنىڭ ئىككى ئادەم ئۈستىگە يوندىلگەن قەھرى-غەزىۋى ئۇزۇننىڭ ھەممە دەھشىتى بىلەن پەقەتلا ئاتابېكنىڭ ئۈستىگە تىكىلدى ۋە تاشكەنت قورغانلىرىنىڭ تۈۋىدە قۇربان بولغان ئەسكەرلىرىنىڭ قېنىنى ئەزىزبەگنىڭ ئوڭ قولى بولغان ئادەم-نىڭ ئوغلىدىن ئالماقچى بولدى.

— يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ خېتى يېنىڭىزدىدۇر؟

— يېنىمدا تەقسىر! — دېدى قۇشبېگى ۋە خەتنى ئېلىپ مۇسۇلمانقۇلغا ئۇزاتتى. مۇسۇلمانقۇل خەتنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىگە كوز يۇگۇرتۇپ چىقتى-دە، زەھەرخەندە بىلەن ئوتەببايغا قارىدى:

— يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ قۇرغان ھىيلىرىگە چۈشەنمەيدىغان ئادەم ئېھتىمال مەرغىلاندىن تېپىلغاندۇر! ئۇ تۈلكە ئوز ئوغلىنى مەرغىلاندا توپىلاڭ چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىشتىلا، ھەر بىر ئېھتىمالغا قارشى بۇ خەتنى يېزىپ بەرگەن، بۇنىڭغا مەرغىلاننىڭ كالۋالىرى چۈشىنىشىسىمۇ، بىز چۈشىنەلەيمىز! — دېدى ۋە مەغ-رۇر بىر كورۇنۇشتە خۇدايارغا قاراپ قويدى. قۇشبېگى ئۇنىڭ بۇ زاكىلىق زەھرىنى يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى تىلىدىن

ئازغىنا كەتسە، ئۇزىنىڭمۇ ئاتابېك قاتارىغا قوشۇلۇپ قېلىشىنى ياخشى چۈشىنەتتى. سۈكۈت قىلدى.

— خودەيچى!

— قۇلىڭىز!

— ھىلىقى قۇشبېگى بىلەن بىللە كەلگەن يىگىتنى خۇزۇرىمىزغا تەييارلا!

مۇسۇلمانقۇلنىڭ رەڭگى بەكمۇ دەھشەتلىك بىر ھالغا كىرگەن ئىدى، تەخت ئۈستىگە قوندۇرۇپ قويۇلغان جانلىق خۇدايار ھەيكەلمۇ سۈكۈتتە، ئۇزىنىڭ نىمە بولۇشىغا چۈشەنمىگەن ئۇتەببايمۇ بارلىق - يوقلۇق ھالىتىدە ئىدى...

ئاتابېك خودەيچىنىڭ كەينىدىن كىرىپ، خانغا تازىم قىلدى ۋە قول باغلاپ توختىدى. ئاتابېك مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئىسمىنى، ئۇنىڭ يىرتقۇچلۇغىنى ئوبدان بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شەخسەن ئۇزىنى كورمىگەن ئىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ خاننىڭ يېنىدىكى خاقانغا ئىلتىپات قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتسىزلىقى مۇسۇلمانقۇلغا تەسىر قىلماي قالمىدى ۋە ئاچچىغىنىڭ ئۈستىگە ئاچچىق، ئوچلۇك ئۈستىگە ئوچلۇك قوشۇلدى ۋە شۇلارنىڭ ئىچىدىن ياسىلىپ چىققان بىر زەھەرلىك ھەجىيىش ۋە غەلىتە بىر ئاۋاز بىلەن:

— ماڭا قاراڭ، بەگ يىگىت، — دىدى. ئاتابېك ئۇزىگە قارىغاندىن كېيىن، — سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ تېخى بايىقى زاڭلىق قارىشىدا.

— مەن ئاتابېك.

— دۇنيادا ئاتابېكتىن تولىسى بارمۇ، سىز قانداق ئاتابېك؟

— ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلى!

— ھە - ە - ە شۇنداق دەڭچۇ... تاشكەنتلىك يۇسۇپبېك ھاجى، يەنى ئەزىزبېگىمىزنىڭ قولتۇق تايىغى بولغان زاتى شېرىپىنىڭ ئوغلى؟

ئاتابېك بۇ سۇئالنىڭ سوپۇرگىنى، تونۇدى ۋە ئۇنىڭ زەھەرلىك

قاراشلىرىنى بايقىدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى گورگۇلۇگىنى تولۇق مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ، مەنىسىز بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئولتۇرۇشتىن جىم تۇرۇشنى ئوبدانراق ھىساپلىدى. گويا ئوزىنىڭ بۇ سۈكۈتى بىلەن مۇسۇلمانقۇلغا مەنىلىك بىر جاۋاپنى ئىپادە قىلاتتى. راستىنمۇ مۇسۇلمانقۇل بۇ سۈكۈتتىن خورلاندى. كويۈپ ئىسى ئاسمانغا كوتىرىلىپ ۋاقىرىۋەتتى:

— نىمىشقا جاۋاپ بەرمەيسەن؟

— سىز مېنى قانداق تونۇغان بولسىڭىز — تونۇڭ، مەن شۇنداق ئادەمنىڭ ئوغلى! — دېدى بېك، — مەن بىلەن ئاتام سىز بىلەن قۇشبېگىگە بىرنەچچە تۈرلۈك بولۇپ تونۇلساقمۇ، ئوز ۋىجدانىمىز ئالدىدا بىز بىرلا تۈرلۈك! شۇنىڭ ئۈچۈن سىز خالىغان تەرىپىڭىزگە ھوكۇم قىلىڭ-دە، بۇيرۇغىڭىزنى بېرىۋېرىڭ!

مۇسۇلمانقۇلنىڭ يۈزىدىكى بايىقى ئاچچىقلارنىڭ جايىنى بىر زوقلىنىش ۋەزىيىتى ئالدى. كۈلۈمسىرەش ئىچىدە ئاتابېكنى كوزدىن كەچۈرۈپ:

— يۈرىگىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەن، يىگىت... ئەپسۇسكى گۇنايىڭ بويىنۇڭدا، — دېدى ۋە قىچقاردى، — جاللات!

ئىشىك تۇۋىدە ساقلاپ تۇرغان ئايپالتىلىقلار ھەركەتكە كېلىشتى:

— خەنجىرىمىز قانسىرىغان!

جاللاتلارنىڭ ئالدىدا كىرگەن ھودەيچى خانغا تازىم قىلىپ ئېيتتى:

— تاشكەنتتىن بىر چاپارمەن كەلدى، ھوزۇرىڭىزغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ!

خۇدايار مۇسۇلمانقۇلغا قارىدى. مۇسۇلمانقۇل بولسا، ئاتابېكنى جاللاتقا تاپشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان تىلىنى قىسىشقا مەجبۇر بولدى:

— گىرىشۇن! — دېدى ۋە ئۆزىدىن ئەمىر كۆتۈپ تۇرغان جالـ
لاتقا، — پىردەمدىن كېيىن! — دېدى ۋە چىقىپ تۇرۇشقا ئىشارەت
قىلدى. سەۋەبى: چاپارمەننىڭ تاشكەنتتىن كېلىشى بۇ ھوكۈمدە
بىر ئاز ئالدىراسلىقنى تەلەپ قىلاتتى، چاپارمەننىڭ ۋاستىسى
بىلەنمۇ بۇ ھوكۈم ئىھتىمال ھەقلىق بىر ھوكۈم بولۇپ چىقار،
ۋە مۇسۇلمانقۇلمۇ ئەگەر بولمىغاندا ئۆزىنىڭ ئومرىدە بىر قېتىم
بولسىمۇ، ئورۇنلۇق قان توككەن بولار.

ئاتابېك گاڭگىرىغاندەك بولۇپ تامغا يۆلەندى، بۇ يەردىكى
ئاللىقانداق مەئىلەرنى بىلدۈرگەن تەخت، تاج، خان، بەگ
دېگەندەك لەش - لۇشلەر ئۇنىڭ كوز ئالدىدا قارا، يارماقچىلىق
قەدىر - قىممەتسىز ... توغرىسى ئۇ ئاجايىپ بىر تەبىەتكە — مىجەزگە
كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قۇرۇق ۋە ھىسسىز ... ياق، ئۇ
سەزسىمۇ، بىلسىمۇ، گويا پۇت - قولى باغلىنىپ بوغۇزلىنىشقا
تەييارلانغان بىر قويدەك، بىلەيگە بىلىنىۋاتقان پىچاققا پەقەتلا
پەرۋاسىز، قورقۇنچسىز قارايتتى. بۇ تۇرمۇش، بۇ ھاكىمىيەت،
چېكى كورۇنمىگەن بۇ قاراڭغۇلۇق ... ئۇنىڭ ئۇچۇن زادىلا قىـ
زىققىدەك ئەمەس: ئۇ يوق ئىدى — تىنچ ئىدى، ئۇ كەلدى —
تىنجىمىدى، ئۇ يەنە بولسا ئىھتىمال يەنە تىنچلىنار ئىدى!
مانا شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ بېزىرىپ تۇراتتى. پەقەت ... پەقەت
مۇشۇ تۇرمۇشتىكى بىر كىشىلا ئۇنىڭ كوڭلىدىن چاپسانراق
يۇيۇلمايتتى ۋە يۇيۇلۇشىمۇ تەسكە ئوخشايتتى ... ئاخىردا بۇنىڭـ
دىنمۇ قۇتۇلغاندەك بولدى! ئەمما، ئەمما ئاخىرقى دېمىدە ئۇنىڭ
بىلەن خوشلاشسا، كېكىرتىكىگە خەنجەر سىيلىنغاندا، ئۇنىڭ يۈزىگە
قاراپلا كوزى نۇرسىزلانسا ... ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇسى ھازىر مانا
شۇ ئىدى!

ھودەيچى چاپارمەننى باشلاپ كىردى. چاپارمەن تىزىنى پۈ-

كۆپ خەتنى خۇدايارغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، كەينىگە يېنىپ، كوزنى تامدىكى يېزىپ تۇرغانغا تاشلىماسمۇ ... ئۇ ئۇزىنىڭ خان ھوزۇرىدا ئېكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۆزىنى ئاتابېككە تاشلىدى، تاشكەنت چاپارمىنىنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن ھەركىتى خاننى، مۇسۇلمانقۇلنى، قۇشبېگى ۋە ھودەيچىنى ھەممە ئالدىنقى زالدا ئولتۇرغان ئەئيانلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان ئىدى. ئاتابېكنىڭ تەسەللى بېرىشى بىلەن ھەسەن ئەلى ئۆنگەدىن قول تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇندىن ھاياجان، يىغا تېخى ئېرى كەتمىگەن ئىدى.

— ئەدەپ! — دەپ ۋاقىرىدى مۇسۇلمانقۇل، كېيىن ئۇزىگە قاراپ قول باغلىغان ھەسەن ئەلىدىن سورىدى، — سەن كىمنىڭ چاپارمىنى!

— نارمۇھەممەت قۇشبېگىنىڭكى!

— قەيەردىن؟

— تاشكەنتتىن، تەقسىر!

مۇسۇلمانقۇل ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇزىگە خۇدايار تەرىپىدىن ئۇزىتىلغان خەتنى ئالدى ۋە ئۈنى ئېچىپ كىشى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئوقۇدى:

"ياش خانىمىزغا ۋە پەدەرى ئارۇسى شاھىنشاھ مۇسۇلمانقۇلى باتۇر ھوزۇرلىرىغا، ياش شاھىمىزنىڭ بەخت ۋە تەلىيى روھسىز تەنلىرىمىزگە يېڭىۋاشتىن روھ، مەيۇس كوڭۇللىرىمىزگە يېنىپ چىقمايدىغان ئۇمىت بېغىشلىدى. پېقىر قۇللىرى، بۇندىن تۇت كۈنلەر ئىلگىرى تاشكەنتتىن ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرمىتسىز يېنىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇ توغرىدا ھوزۇرلىرىغا خەۋەرمۇ ئەۋەتكەن ئىدىم. شۇ ھالدا بىز ئەسكەرلەر بىلەن كىروۋچىگە يېقىنلىشىپ كەلگەن ئىدۇق،

كەينىمىزدىن بىر چاپارمەن يېتىپ كېلىپ، تاشكەنتتە ئەزىزبەككە قارشى ئىسيان باشلانغانلىقىنى، بىزنى ياردەم بېرىش ئۈچۈن يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ تاشكەنتكە قىچقارغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ نامىدىن يېزىلغان بىر خەتنى بەردى. مەن دەرھال ئەسكەرلەرنى تاشكەنتكە يېنىشقا بۇيرۇدۇم-دە، خەۋەر ئالغانىنىڭ ئەتىسىگە تاشكەنتكە يەتتىم. بىز تاشكەنتكە كىرگەندە يۈسۈپبېك ھاجى باشلىق قوزغىلاڭچىلار ئەزىزبەگنى ئوردىنىڭ ئىچىگە سولاپ يېتىشقان ئىكەن. قوزغىلاڭچىلار، بولۇپمۇ يۈسۈپبېك ھاجى بىزنى بەك ئوبدان كۈتۈۋالدى. بىز بارغاندىن كېيىن ئوردىغا بېسىپ كىردۇق-تە، ئەزىزبەگنى تۇتۇۋالدۇق. باشتا مەن يۈسۈپبېك ھاجىنى بەلكى تاشكەنت بەگلىكىنى ناھا قىلار، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن ئوردا ۋە غەزنە كېرەك-ياراقلىرىنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرۇشى بۇ پىكرىمنى يوققا چىقاردى. يۈسۈپبېك ھاجى بەكمۇ تاماسىز، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلىگۈچى بىر ئادەم ئىكەن. قىسقىسى ئۇنىڭ توغرىسىدىكى بىزنىڭ يامان قاراشلىرىمىز خاتا بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەزىزبەككە قارشى خەلقنى قوزغىشىمۇ، بىزنىڭ تاشكەنتتىن كېتىشىمىزنىڭ ئەتىسىگە ئەزىزبەگنىڭ شۇنچىلىك سىقىلغان خەلق گۇۋتىگە ئوتتۇز ئىككى، تەڭگىدىن چاپچان سېلىقى بوپتۇ. تاشكەنت خەلقى ئەزىزبەگنىڭ ھىلىسىگە ئالدىنىپ، بىزگە قارشىلىق قىلغىنى ئۈچۈن پۇشايماندا ۋە ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغانلىقىدىن خوشاللىقتىدۇر.

مەن يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ، بۇنچىلىك چوڭ خىزمىتى

بەدەلىگە خان ھەزرەتلىرىدىن چوڭ بىر مەرتىۋە ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن ئىدىم. ئۇ بۇنىڭغا قارشى ئۆززە ئېيتىپ، تاشكەنتتە ئىنساپلىق بىر بەگ بەلگىلەنسە، مېنىڭ ئۈچۈن كۇپايە، دېدى، ئۇنىڭ خان جانابىدىن كۈتكەن بىر مەرھەمىتى بار ئىكەن: مۇشۇ يېقىندا سودا بىلەن مەرغىلاندا يۈرگەن يالغۇز ئوغلىنى نامەلۇم بىر سەۋەپ بىلەن ئوتەبباي قۇشبېگىنىڭ سولىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىنى بىرەر مۇكاپاتقا ئەررىگۈلۈك كورسىلە، شۇ سولاقتا بولغان ئوغلىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن خان ھەزرەتلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىنايەتلىرى ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ ئۇنىڭغا ئەزىزراق بىر مۇكاپات بولىدۇ. پېقىر قىزىلگىزچىمۇ، يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ دولىتىمىز ئۈستىگە قوشقان بۇ مىننىتى كىچىك ئىش ئەمەس. قىسقىسى ئۇنىڭ ئوغلى ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، مەرھەمەتلىك شاھانىنىڭ ئەپۇ ئېتىشى، بىز نوكەرلىرىچىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ.

تاشكەنتنىڭ بەگلىكىگە ۋاقىتلىق قۇشدادخانى بەلگىلەپ، يېنىغا بىر ئازئەسكەر بەردىم. ئۆزەم ئەزىزبەگنى ئېلىپ تېزدىن خىزمەتلىرىگە ماڭارمەن. نارمۇھەممەت قۇشبېگى، تامغا.»

مۇسۇلمانقۇل خەتنى ئوقۇپ تۈگىتىپلا، ئۇياتسىز رەۋىشتە ئاتابېككە قاراپ ھىجايدى ۋە ھودەيچىگە بۇيرۇدى:

— ئىككى دانە زەردىن تون ئەپكەل!

ئاتابېكنىڭ خۇددى موجىزىدەك يەنە، ئىككىنچى قېتىم ئاخىرقى مىنۇتلاردا قۇتۇلۇشىنى كورگەن ئوتەبباي قۇشبېگى ئىختىيارسىز ياقىسىنى تۇتتى. خۇدايارخانمۇ يىرتقۇچ قېيىناتىسىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلىگەندەك ئاتابېككە كۈلۈپ قارىدى.

مۇسۇلمانقۇل ئاقساقلىنىپ ئۆز قولى بىلەن ئاتابېككە زەردىن توننى كىيگۈزۈۋېتىپ:

— ئاتىڭىزنىڭ چوڭ خىزمىتى سايىسىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلغ-
ىنىڭىزدەك، زەردىن تونلۇقمۇ بولدىڭىز، — دەپ يەنە بىر قېتىم
ئۇياتسىزلاندى.

يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئاتابېك مەرغە-
لانغا، ھەسەن ئەلى ئاتا يۈسۈپبېك ھاجىنى تىنچلاندۇرۇش
ئۈچۈن تاشكەنتكە مېڭىپ كېتىشتى.



# سەككىزىنچى بۆلۈم

* * *

ئەزىزبەگ تاشكەنتتىن كەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قوقاندىن نارمۇھەممەد قۇشبېگى بەلگىلىنىپ كەلدى.

ئەزىزبەگنى قولغا چۈشۈرۈپ بېرىش بىلەن قىپچاقلارنىڭ ئالدىدىمۇ يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئاشقان ئىدى. ئەمما ئۇزىنىڭ مەنسەپنى ياخشى كورمەيدىغانلىقى، ۋەجىدىن يەنە ئاۋالقىدەك "يۇسۇپبېك ھاجى" بولۇپ قېلىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەزىزبەگنىڭ يېنىدا قانداق ئورۇن تۇتقان بولسا نارمۇھەممەد قۇشبېگى، ئالدىدا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقۇرىراق ۋە مەنىلىك ئېتىۋار قازاندى. ئۇنىڭ ھەر بىر رايىغا نارمۇھەممەد قۇشبېگى قانۇنەن مەجبۇر بولمىسىمۇ، مەنىۋى بىر مەجبۇرىيەت ھىس قىلاتتى: ئورۇنسىز ئادەم ئولتۇرۇشلەر، ۋاقىتسىز ھەم ئورۇنسىز سېلىق سېلىشلار، بىھۇدە ئوردا ئىسراپچىلىقلىرى، بولمىغۇر تەقىقلەشلەر ۋە ئۇشۇقچە دىنىي تەكەللۇپلار بىر ئاز قىسقارتىلدى.

ئۈچ يىللاپ ئەزىزبەگ ئىستىبداتىدا ئېزىلگەن تاشكەنت خەلقى، ئەركىن نەپەس ئالدى، سودا - سېتىق، دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك كوتىرىلىشكە باشلىدى...

## 1

## ئاتا - ئانا ئارزۇسى

ئۇزبېك ئايىم ئەللىك بەش ياشلارغا كەلگەن سويىما مىجەزلىك بىر خوتۇن بولسىمۇ، ئەمما ئېرىدىكە ئوتكۇرلۇگى بىلەن

مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇتكۇرلۇگى يالغۇز ئېرىدىگىلا ئەمەس، تاش-
كەنت خوتۇنلىرىغىمۇ داڭ ئىدى. باشقا خوتۇنلار ئۇنىڭ سايە-
سىگە تازىم قىلىپ، تويلىرىدا، ھازىلىرىدا قىسقىسى تىرىكلا قىلى-
غان يىغىلىشلىرىدا ئۇيلىرىنىڭ تورىنى ئۇزبېك ئايىمغا
ئاتاشقان ئىدى. بىر بولا ئەمەس، قىز چىقىرىدىغان، ئوغۇل
ئۇيلەندۇرىدىغان، سۇننەت تويى قىلىدىغان خوتۇنلار ئۇز توي-
لىرىنى ئۇزبېك ئايىمنىڭ مەسلىھەتسىز ئۇتكۇزۇۋېتەلمەيتتى. ئۇزبېك
ئايىم ئارىلاشقان توي ئىگىسى خوتۇنلارنىڭ كوڭۇللىرىدىكى
ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمۇ ئەرلىرى تەرىپىدىن كەم - كۇتىسىز ئورۇن-
لىناتتى. چۇنكى "ئۇزبېك ئايىم ئۇزلىرى شۇنداق قىلىڭلار دې-
دى" دىگەن سوز ئەرلەر ئۇچۇنمۇ پەرىزدەك ئاڭلىنىپ، ئۇزبېك
ئايىمنىڭ ئېيتقىنىدەك تەييارلىق كورۇلۇشكە باشلىناتتى. بۇتەرەپ-
تىن قارىغاندا ئۇزبېك ئايىمنىڭ ئۇتكۇرلۇگى ئەرلەر تەرىپىدىنمۇ
تەستىقلانغانلىغىنى تەن ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇزبېك ئايىم ئانچە - مۇنچە توي، ھازىلارغا "كەشىم كوچى-
دا قالمىغان" دەپ بارمايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن خوتۇنلار ئۇز-
تويلىرىنى ئۇزبېك ئايىمنىڭ قاتنىششى بىلەن ئۇتكۇزۇۋالسا، ئۇز-
لىرىنى شەھەرنىڭ ئەڭ بەختلىك خوتۇنلىرىدىن ھىساپلاپ،
"مېنىڭ تويۇمنى بېك ئايىم ئۇز قولى بىلەن ئۇتكۇزدى" دې-
گەن جۇملىنى مەرىكىلەردە ماختىنىش ئورنىدا سوزلەپ يۇرۇشەت-
تى. ئۇزبېك ئايىمنىڭ ئابرويى يالغۇز مۇشۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ
قالمايتتى، ئۇنى ئوردا خېنىملىرىمۇ ئېھتىرام قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ
"ئانىخانلىرى" دەپ بىلىشەتتى. شۇڭلاشقا بەزىبىر چاغلاردا ئوردا
ياساۋۇللىرى يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئىشىگىگە ھارۋىلىرىنى توغرىلاپ،
"ئورداپېگى ئايىم ئەۋەتتى" دەپ ئۇزبېك ئايىمنىڭ ياسىنىپ چى-
قىشىنى ساقلىشاتتى. بۇ توغرىدا بەزىبىر يىغىنلاردا ئۇزبېك ئايىم
خوتۇنلارنىڭ ھۇش - كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋېتەتتى: "تۇنۇگۇن
ئورداپېك ئايىمدىن ماڭا ھارۋا كەلگەن، مىجەزىم ئاينىپ تۇ-
راتتى، بارماستىن ھارۋىنى قۇرۇق ياندۇرۇۋەتتىم... ۋاي خۇدا-

يەمەي، ئوردا ئاشچىسى بولسا ئۆزىگە، دېدىم» دەيتتى. يەنە بىر چاغلاردا: «ئۆتكۈنى ئوردىغا بېرىۋىدىم، خېنىملار قونۇپ قالسىز، دەپ ئۇناشمىدى، ئىلاجسىز بىر كېچە قونۇپ كەلدىم» دەپ گەپ ئارىسىغا قىستۇرۇپ كېتەتتى. بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغان خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق بىر خوتۇننىڭ سوھبىتىگە نائىل بولغانلىقلىرىنى ئويلىشىپ، ئۆزبېك ئايىمنىڭ ھورمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىشەتتى.

ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندىمۇ، ئۈستىدىكى ئەتلەس كوينەك بىلەن ئەدرەس مورسەگ (قىسقا يەڭلىك ئۈزۈن چاپان) ئاق شايى داكا بىلەن كەھرىۋا تەسۋىسىنى تاشلىماي، قىش كۈنلىرى سەندەلدە مامۇق ياستۇققا يولىنىپ، ياز كۈنلىرى ئايۋاننىڭ تورىگە يانپاشلاپ ھەسەن ئەلىنىڭ خوتۇنى ئايباداقا، دېدەك قىز ھەنىفىگە خېمىرنى ئېچىتىۋەتمەسلىكنى، پولونى قىسىرماق ئالدۇرۇۋەتمەسلىكنى جېكىپلا ئولتۇراتتى. ئاتابېكنىڭ مەرغىلاندىن ئويلىنىپ قويۇشى ئانىسى ئۈچۈن ئانچە نارازىلىققا سەۋەپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئوغۇل تويىدىن باشلاپ، تاشكەنت قىزلىرىنى ئوكتەي - توكتەي كەلتۈرۈپ، «بۇنىڭ قىزى ياخشى بولمىسىمۇ، ئۆي - جايلىرى يارىمايدىكەن، بۇنىڭ ئۆي - جايلىرى تۈزۈك بولسىمۇ، قىزى سەت ئىكەن، بۇنىڭ قىزىمۇ، ئۆي - جايىمۇ تۈزۈك، لېكىن تەكتى - زادى پەس ئىكەن!» قىز، تۇدا، ئۆي - جاي، نەسىل ۋە نەسەپ تەكشۈرۈپ يۈرگەن ئۆزبېك ئايىمنىڭ ئاتابېكنى ئۆيلەندۈرۈش بىلەن كورىدىغان ئارزۇ - ھەۋەس، توي - تاماشىلىرىنى چورتلا كېسىپ قويغان بۇ ئۆيلىنىشىكە نىمە دېيىشى ۋە قانداق قارايدىغانلىقى ئەلۋەتتە بەلگىلىك ئىدى. يالغۇز بىر تال ئوغلى مەرغىلان دىگەن يەردە، ئاللىكىملەرنىڭ قولىدا، ئەسلى نامەلۇم كىشىلەرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسۇنۇ، بۈگۈن - ئەتە ئوغلۇمنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسىنى كورىمەن، دەپ ھەمدەپ ئولتۇرغان ۋە ئوغۇل تۇغۇپ، چوڭ قىلغان ئانا — ئۆزبېك ئايىم ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ قاراپ قېلىشۋەرسۇن...

بۇ خەۋەرنى ھەسەن ئەلىدىن ئاڭلىغان كۆنلىرى گۇۋ بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالمىدى: "ئەمدى ماڭا بۇنداق ئوغۇل كېرەك ئەمەس... ئاق سۈتۈمنى ئاققا، كوك سۈتۈمنى كوككە ساغدىم... ئەمدى تاشكەنتكە كەلمىسۇن، ئۇ ئۇز بېشىمچى بەڭگىۋاش!" دەپ ۋاقىراپ - جاقىراپ، يىغلاپ - ئىسەدەپ، دەرت - ھەسرەتنى بېشىغا كىيىۋالدى.

ئارىدىن ئونبەش كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا مەرغىلاندىن ئاتابېك كەلدى. ئۈچ ئايلاپ كورمىگەن ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كورۇشۇش ئورنىغا ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئورۇپ، سەن كىم، كەلدىڭمۇ، دەپ سورىمىدى ۋە سالامىنى ئىلىكمۇ ئالمىدى، گويا ئۆيىدۈ-سى كەلگەن توخۇدەك ھۇرپىيىۋالدى. ئاتابېك ئانىسىنىڭ كوڭۇل ئاغرىقىغا ئاللىقاچان چۈشەنگەن ھەم شۇ ئەھۋالنى مەرغىلاندىلا كۈتكەن ئىدى. بىر - ئىككى قېتىم ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ باققاندىن كېيىن، ئۆزبېك ئايىمنىڭ ئەيۋەشكە كېلىشىگە ئىشەنمەي قالدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ گويا ئۇقمىغان - بىلمىگەن كىشىدەك يۈرۋەردى.

تۇرغان گەپ: ئاتابېكنىڭ مەرغىلانغا ئۇزاققىچە بارماي تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەستىن ئاتىسىغا ئاللىقانداق بانا كورسىتىپ، يول تەييارلىقىنى كورۇشكە باشلايدۇ ۋە ئانىسىغا بىلدۈرمەيلا مەرغىلانغا كېتىدۇ. ئۆزبېك ئايىم ئوغلىنىڭ "ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك" دەپ قىلغان بۇ ھەركىتىدىن سەپرايى ئاسمانغا ئۆرلەپ، ھەممە قەھرى - غەزىۋىنى ئېرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇردى: "سىز قېرىپ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويۇپسىز، ئوغلىڭىزنى مەرغىلانلىققا تاپشۇرۇپ قويۇپ، يەنە ئەل ئارىسىدا بېشىڭىزنى كوتىرىپ يۈرمەكچىمۇسىز؟" دىدى.

يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ قىزىق بىر مىجەزى بار: خوتۇنى بىلەنلا ئەمەس، ئۇمۇمەن ئۆي ئىچى بىلەن ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە بولمىسۇن، ئۇزاق سوزلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ئاتابېكمۇ، ئانىسىمۇ، ھەسەن ئەلىمۇ، ئىش قىلىپ ئۆي ئىچىدە بىرەر - يېرىمىنىڭ سوزلىرى ۋە

سورايدىغان مەسلىھەتلىرى بولسا، كېلىپ ھاجىنىڭ چىرايىغا قارى-
ماي سوزلەۋېرىدۇ؛ مەقسەت ئېيتىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن ئاستاغىنا
بېشىنى كوتىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارايدۇ. ھاجى بىرقانچە ۋا-
قىت سوزلىگۈچىنى ئوز ئاغزىغا تىكىلدۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن،
ئەگەر ماقۇل چۈشسە "خوپ" دەيدۇ، گېپىگە چۈشەنمىگەن بولسا
"خوش" دەيدۇ، ماقۇل بولمىسا "توغرا ئەمەس" دەيدۇ ۋە ئوزىگە
تولىمۇ ماقۇل كەلمىگەن گەپ بولسا، بىر ھەجىيىپ قويۇش بى-
لەن كۇپايىلىنىپ، بۇنىڭدىن باشقا سوز قىلمايدۇ ۋە سوزلىسىمۇ
ئۈچ ـ توت ئېغىزدىن ئېرىغا ئوتمەيدۇ. ئوي ئىچى ئۇنىڭ بۇ
ھەجەز ـ پەيلىگە تولا ئوبدان چۈشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن تولاراق
بىر ئېغىز جاۋاپ ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىشىدۇ. ئەمما ئاتابېك
بىلەن بىرەر ئىش توغرىسىدا سوزلەشمەكچى بولسا، ئۇنى كوپ
چاغلاردا مېھمانخانىغا چاقىرىدۇ ياكى چاقىرتىۋالىدۇ. ئوزبېك
ئايىم ئوزىنىڭ يوقۇرىدىكى تەنە خىتاپلىرىغا ئېرىدىن بىر ھەجىيىپ
قويۇش جاۋاۋىنى ئېلىپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ئىلا-
جىسىز قېلىش بىلەن ئوتتۇز كۈنلىگەن بىر ۋاقىتنى ئوزىچە مەر-
غىلاندىلىقنى قاغاش بىلەن ئوتكۈزىدۇ. ئاتابېك تاشكەنتكە قايتىپ
كېلىپ، "ئەمدى قېيداش تۈگىگەندۇر" دىگەن ئوي بىلەن ئانى-
سىغا سالام بېرىدۇ. تۈگەش نەدە، ئوزبېك ئايىمنىڭ ئوغلىغا قا-
رىشى، قېيداشلىرى يەنە بىرنەچچە ھەسسە ئاشقان، ئەمما بۇ
قېتىم سالام بەرگۈچىگە بىر قارايدۇ ـ دە، "ئوغلۇم، ماڭا سالام
بېرىپ نىمە قىلىسەن، مەرغىلانلىق ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئال!"
دەپ يۈزىنى چەتكە ئورۇيدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ بۇ كىنايىسىنى كۈلكە
بىلەن ئوتكۈزۈپ، يەنە ئاۋالقىدەك گەپلەشمەي قېلىۋېرىشىدۇ. ئا-
تابېك يەنە ئوندىمەش كۈننى ئوتكۈزۈپ، يەنە بىر نازۇك سەۋەپنى
ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز مەرغىلانغا كېتىپ قا-
لىدۇ. يەنە ئوزبېك ئايىمنىڭ رەڭگى ئوچكەن، قېنى قاچقان، تا-
ۋاقنى چىنىگە، چومۇچنى قازانغا ئۇرۇش، دادۇ ـ پەريات... "سىز
ئاتىمۇسىز، نىمىسىز زادى، ئوغلىڭىزنى يولىدىن ياندۇرۇش خى-

يالىڭىزغا كىرىپ باقمامدۇ؟ ئوغلىڭىزنىڭ بۇ ئىشى بىكار ئەمەس:
مەرغىلانلىق سېھىر قىلدىمۇ، جادۇ قىلدىمۇ، ئىش قىلىپ سىزمۇ
شۇنداق يۇردۇەرسىڭىز ئەتە — ئوگۇن ئوغۇلدىن ئايرىلىسىز. بۇ
كالۋا ئوغلىڭىز مەرغىلانلىقنىڭ ئىشىكىدە قۇل بولۇپ يېتىۋال-
دۇ...» ئەمما يۇسۇپبېك ھاجى خوتۇننىڭ سوزىگە بۇ قېتىممۇ
قۇلاق سالمايدۇ، پەقەت: «قويۇۋەت خوتۇن، ئوزى ساق بولسا،
بىر كۇنى ھۇشىنى تاپار» دەپ قويىدۇ. ئاتابېك بىر يېرىم ئاي-
لارنى مەرغىلاندا ئوتكۇزۇپ تاشكەنتكە كېلىدۇ. يەنە ئانا — بالا
ئوتتۇرىسىدا ئاغرىق — ئاداۋەت... يەنە سوزلەشمەسلىك... ئون-
بەش كۇن ئوتمەستىن يەنە ئەنجان سەپىرى، يەنە ئوزبېك ئايىم-
نىڭ پىغانى پەلەككە. مەرغىلانلىقنىڭ سېھىرچىسىگە ئولۇم تى-
لەش، مېنى ئوغلۇمدىن ئايرىسا، ئوزىمۇ ياخشى كورگىنىدىن ئاي-
رىلسۇن، دەپ قاغاش...

ئاخىرى ئارىدىن بىر يىلچە ۋاقىت ئوتۇپ، مەرغىلانغا قاتناش
يەتتە — سەككىزگە يەتكەندىن كېيىن، ئوزبېك ئايىمنىڭ غىدىڭ-
پىدىڭى بىلەن بولسا كېرەك، يۇسۇپبېك ھاجىدىمۇ بىر ئوزگىرىش
كورۇنۇشكە باشلايدۇ. خوتۇننىڭ: «ئوغۇل چوڭ قىلىشنى، ئونى
يولدىن قايتۇرۇشنى بىلمەيسىز» دەپ شىلتىڭ ئېتىشىغا: «نىمە
قىل دەيسەن ئەمدى؟» دەپ سورايدۇ.

بىز ئاتابېكنى تاشكەنتتىن ئويلەندۇرۇپ بېشىنى باغلىماساق،
كۇن ساناپ ئونىڭ مەرغىلانغا يۇگۇرۇشىدىن قۇتۇلالمايمىز. تاش-
كەنتتىن ئويلەنسە، سۇ قۇيغانىدەك جىمىقار ۋە مەرغىلان بالاسىنى
خىيالىدىنمۇ چىقىرار... دەيدۇ ئوزبېك ئايىم، يەنى دائىم يۇر-
گىنى مۇجۇپ، مېڭىسىنى ئورىۋالغان مۇددىئاينى ئېيتىۋېلىش پۇر-
سىتىنى قاچۇرمايدۇ.

— ئوغلۇڭ قايتىپ كەلسۇنچۇ، بولمىسا...

ئېرىنىڭ بۇ سوزىگە ئوزبېك ئايىم بەك قىزىپ كېتىدۇ، كالپۇك-
لىرى بىر بىرىگە تېگىشمەي ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ:

— سىز مۇشۇ كۇنگىچە ھەممە ئىختىيارنى ئوغلىڭىزغا تاپشۇ-

رۇپ بالىنى بالا قىلمىدىڭىز، بىر بىخۇت قىلدىڭىز... ئوغۇل چوڭ قىلىش مۇنداق بولمايدۇ؛ ئۇ خالىسۇن - خالىمىسۇن، شارت - شۇرتلا ئۆز خالىغىنىڭىزدەك قىلىپلا قاراپ تۇرۇۋېرىدىڭ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ "ئوغلۇڭ بىلەر" دىگەن گېپىڭىز بىلەن قانچە ئوبدان يەرلەردىن قېلىپ، ئاخىرىدا مەرغىلانلىق بالاسىغا ئۇچرىدىڭىز... بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىختىيار مېنىڭدە، ئۇ كەلگىچە بىر ئوبدان جايغا چاي ئىچۈرۈپ قوياي - دە، كەلگەندىن كېيىن تويىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتەيلى!

— توختاپ تۇرغىنا...

هاجىنىڭ بۇنچىلىك بوش كېلىشى ئۆزبېك ئايىمغا قانات - قۇيرۇق بەرگەندەك بولدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن، جىمىپ - تىنجىپ تۇرالمىدى. شۇ گەپنىڭ ئەتىسىگە ھەسەن ئەلىنى ھېچ قويماستىن ھارۋا قوشتۇرۇپ، شەھەرنىڭ تۇت تەرىپىگە قىز كورۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. مەرغىلانلىق كېلىنىنىڭ تەرىپىنى ھەسەن ئەلىدىن تولا ئاڭلىغان ئىدى. ئاتابېكنىڭ كوڭلىنى شۇ چىرايلىق مەرغىلانلىقتىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆز قىز تېپىشنىڭ كويىغا چۈشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە قىز ياقماستىن، شەھەردىكى نۇرغۇن ئېشىكلەرنى ساناشقا توغرا كەلدى. يەتتىنچى قېتىم كوچىغا چىقىشىدا ئالىم پانساد دىگەننىڭ قىزى يېقىپ قېلىپ، ھاجىغا ئەرز قىلىنىدى. ھاجى باشتا خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىگە كۆلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن "توختاپ تۇر، ئوغلۇڭ كەلسۇن" دىدى. ئۆزبېك ئايىمنىڭ ۋىتىلدىشى كۈچىيىپ كەتكەندىن كېيىن "نىمە قىلساڭ، بىلگىنىڭنى قىل، ئەگەر ئوغلۇڭ ئۇنىمىسا، مەن زورلىمايمەن" دىدى. ئۆزبېك ئايىم ئېرىگە يېلىنىشقا باشلىدى:

— بىر سوزلىگىنىڭىزنى قويۇڭ، ئەر؛ ئۆزى ئىسىلزادە. ئەڭ بولمىغاندا ئوغلىڭىزغا بىر ئېغىز ئېيتىپ ئۇتۇشكە ۋەدە بېرىڭا، — دىدى.

— ياخشى. ۋەدىمۇ بېرەي، ئەمما سەن ماقۇللاشماي تۇرغىن!

— ماقۇللاشمايمەن، لېكىن ئوغلىڭىزغا ماقۇللاشتۇق، دەپ ئاڭ-
لىتىمىز ... بولامدۇ؟
— ماقۇل.
شۇ ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئۆزبېك ئايىم بەكمۇ جانلىنىپ كەت-
تى ۋە ئەتىسىگە ئالىم پانسادنىڭكىگە يەنە ھارۋا قوشتۇردى.
بۇ ئىككىنچى ئەلچىلىكتە گويا قۇدىلاردەك قارشى ئېلىندى.
ئالىم پانسادبېشىلار: يۇسۇپبېك ھاجىغا قۇدا بولىدىكەنمىز، دەپ
تولىمۇ تىپىرلاپ قېلىشقان ۋە ئىززەت - ئىكرامنى ھەددىدىن ئا-
شۇرغان ئىدى. يېگەن ئېغىز ئويۇلىدۇ، دېگەنىدەك، ئۆزبېك ئا-
يىمۇ مۇئامىلىنى قۇدىلارچە قىلدى، ھەتتا "بېك ئاتىڭىز بىلەن
مەن گەپتە بىر يەرگە كەلدۇق. ئىش پەقەت ئاتابېكنىڭ كېلىشىگە
قالدى" دەپ قويدى. كەچقۇرۇن ئۆيگە يېنىپ كېلىپ بۇ ئېيتى-
قان سوزىنى ھىكايە قىلغان ئىدى، ھاجى لېۋىنى چىشلەپ قالدى ۋە:
"ساڭا زادى ئەقىل پۈتمەي كېتىدىكەن - دە" دېدى.
بىر ئايلاپ كېچىككەندىن كېيىن، ئاتابېك قايتىپ كەلدى.
بۇ كېلىشنىڭ ۋىجدان ئازاۋى ۋە خالىمىغان بىر تەكلىپنى ئاڭ-
لاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بولغانلىقىنى
پەملىدى. ئۇ بۇ گەپنى ئانىسىنىڭ ئىلگىرى توك سوزلىرىنى ۋە
ئاداۋەتلىرىدىنى تۈگەتكەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا شىرىن سوز-
لەپ، سىلىق مۇئامىلە پەيدا بولۇپ، "تېچ - ئامان كەلدىڭمۇ،
بالام" دېگەنلىرىدىنلا سەزگەن ئىدى. بۇنداق بولىشۇر تەكلىپنى
ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، ئانىسى، بولۇپمۇ
ئانىسىغا يولۇقۇشتىن قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى ئا-
رىدىكى بۇ قېچىش - قوغلاش ئىشى ئۇزاققا سوزۇلماي، بىر
كېچىسى مېھمانخانىدا ئاتا - بالا سوزلىشىپ ئولتۇرغاننىڭ تويى-
سىگە ئۆزبېك ئايىم كىرىپ كەلدى ۋە ئولتۇرماستىنلا ھاجىغا
ئىملاپ قويدى. بۇ شەرتنى ئاتابېك بايقىمىغان بولسىمۇ، لېكىن
ھىلقىسى گەپنىڭ ئېنىق مۇشۇ ئولتۇرۇشتا ئېچىلىشىغا كوزى يې-
تىپ، چىقىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدى. ئۆزبېك ئايىم كى-

رىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇسۇپبېك هاجى خېلى ۋاقىتقىچە ئويلىنىپ قالدى. ئوزبېك ئايىم دەپسىنىپ - دەپسىنىپ ئېرىگە قارىۋالاتتى. بىرمۇنچە گەپ - سوزسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، هاجى مۇلايىمانە سوز ئاچتى.

— ئوغلۇم، تېخى سەن ئاڭلىدىڭمۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئىش قىلىپ بىز سېنىڭ ئۈستۈڭدىن بىر ئىش قىلىپ قويدۇق...

ئاتابېك مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ "قىلىپ قويغان ياكى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى" ئەلۋەتتە بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بىلمەسلىككە سالدى:

— ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئوغۇللىرى ئۈستىدىن قىلغان ئىشلىرى ئەلۋەتتە ناماقۇل بولماس، — دېدى.

هاجى ئوغلىنىڭ بۇ جاۋابىدىن يەرگە قارىدى ۋە نېمە دەپ داۋام قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئىستىهزا ئارىلاش خوتۇنىغا بىر قاراۋالدى. يەنە ئارىغا جىمجىتلىق چۆكتى. بۇ سوزسىز قىيلىشنىڭ مەنىسىگە ئوزبېك ئايىم چۈشىنەلمىگەن ئىدى. بىر ئاز قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يۈرىكى قايناپ كەتكەندەك بولدى:

— بىز سېنىڭ ئۈچۈن ئالىم پانسادبېشىنىڭ قىزىغا ماقۇللىشىپ قويدۇق... ئەمدى سەن بىلەن توي مەسلىھەتىنى قىلماقچى ئىدۇق...

ئاتابېك ئانىسىغا بىر ئېغىز سوز قىلماستىن، مەنىلىك قىلىپ، ئاتىسىغا قاراپ قويدى. هاجى ئۇيالغاندەك بولۇپ، "شۇنداق" دەپ قويدى.

— سىزلەرنى رەنجىتىپ بولسىمۇ، بىر قېتىم ئويلەنگەن ئىدىمغۇ، ئەمدى...

— سەن ئويلەنسەڭ بىز رەنجىيتتۇقمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ هاجى.

— رەنجىمىسەڭلار...

هاجى تۈزۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى:

— بۇ رەنجىشتىن ئەمەس، هاجەتتىن، ئوغلۇم.

— نېمە ھاجەت؟

— ھەسەن ئەلىنىڭ سوزىگە قارىغاندا، قىيناتاڭ قىزىنى تاش كېنتكە ئەۋەتمەيدىكەن. ئوغۇل بېقىپ چوڭ قىلغان ئاناڭنىڭ بولسا ئالدىغا كېلىن سالغۇسى كېلىدۇ...

ئاتابېك ئانىسىغا قارىدى:

— مۇشۇ چاقىنچە كېلىنسىزمۇ ياشاپ كەلدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزىڭىز تۇرغىلى بولار ئىدى! — دېدى.

ئۆزبېك ئايىم مەرغىلانلىق تەرىپىدىن سېھىرلەنگەن ئوغلىغا قارشى قىزىپ كەتتى. بىر يىلدىن بېرى ئىچىگە سېلىپ كەلگەن ئاغرىقىنى توكۇۋەتتى:

— مەن سېنى ئۇ ئۈمىت بىلەن بېقىپ چوڭ قىلمىغان ئىدىم... سەن بىزنىڭ نەسلىمىزنى كۆتىرىش ئورنىغا يەرگە ئۇرۇپ بولىدىڭ. بىز سېنىڭ مەرغىلان ئەندىسىگە بۇنىچىلىك دۇم چۈشۈشۈڭنى ئويلىمىغانتۇق، ئەدەپسىز... ئۆزەڭچە بولسا، شۇ مەرغىلانلىقنى خوتۇنغا ھىساپلاپ يۈرۈۋېرىدىكەنسەن - دە، ئۇياتسىز!...

ئاتابېكمۇ قىزىدى:

— خوتۇن بولماي نېمە ئۇ؟!

— قاشلىق، كوزلۇك بىر ئەمدى.

— ئەمدى، دېگىنىڭىز نېمە ئۆزى؟

يۈسۈپبېك ھاجى ئۆزىنى بېسىش ئورنىغا، جاۋاپ بەرە دېگەندەك قىلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خوتۇنىغا قارىدى. ئۆزبېك ئايىم "ئەمدى" مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئەمدىلەرنىڭ سېھىرىنى رەت قىلىش ئۈچۈن بىرئاز دۇدۇقلاپ قىينالدى:

— ئەمدى... ئەمدى... ئۆزى خىتايمۇ نېمە بالا... ئۆزى قالماقتىن تارقىغان بولىدۇ... چۈشەنمىگەن بولساڭ لوللارنىڭ بىر تايىپىسى...

بۇ جاۋاپقا يۈسۈپبېك ھاجى ئۆزىنى قاقاقلاپ كۈلۈشتىن توختىتالمىغاندەك، ئاتابېكمۇ كۈلۈۋەتتى. خوتۇنىنىڭ تىرناق

ئاستىدىن ئىر ئىزلەپ ۋە دەۋاسىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن ۋاتىلدى-
شىدىن بەكمۇ كۈلۈپ ھوزۇر قىلغان ھاجى، كوزنىگە چىققان
ياشلارنى ئېرتقىنى ھالدا، جىددىي ۋەزىيەتتە ئوغلىغا ئېيتتى:

— ئوغلۇم، سەن ئاناڭنىڭ گېپىگە خاپا بولما. ئۇ نىمىلا دىسە، پەقەت مەرغىلاندىن ئۆيلەنگىنىڭگە قارشىلىقىدىن دەيدۇ. ئەمما مېنىڭدىن سورىساڭ، مەرغىلاندىكى نە قۇدىمىز، نە كېلىنىمىزنى ھېچبىر ۋەج بىلەن كەمسىتەلمەيمەن، بەلكى بىزگە قۇدا بولۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئادەملەر ئىدى، بارىكاللا، ئوغلۇم، دەيمەن. سېنىڭ تىنىپ - تىنجىسلىقىڭ، ئوسۇپ - ئۆنۈشۈڭ ئۆچۈن خوش بولمىغان ئاتا - ئانا ساقىدا ھىساپلانمايدۇ، سەن بۇنىڭغا ياخشى ئىشەن. ئەمما بىزنىڭ ھازىرقى بەزىبىر رايىلىرىمىز ساڭا لايىق كەلمىسە، بۇنىڭغا ھەققىڭمۇ بار، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىمۇ ھەقسىز تاشلاپ قويما، ئوغلۇم. بىزنىڭ سېنىڭدىن باشقا ئۈمىت نىشانىمىز، ھايات خوشلىقىمىز يوق. دۇنيادا كوروپ ئوتىدىغان ھەممە ئارزۇيىمىز، ھەۋىسىمىز پەقەت ساڭىلا قاراپ قالغان. بىز خۇدايى تائالاغا مىڭلاپ شۈكرى قىلىمىزكى، سەن باشقىلارنىڭ پەرزەنتىدەك ئەسلىك - ھۇشلۇق بولدۇڭ؛ كىشىلەردەك سەن بىلەن ماختانمىساقمۇ، سېنىڭ ئارقاڭدا خىجالەت چەكمەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنىدۇق. بولۇپمۇ ئاناڭنىڭ سېنىڭ تۇپەيلىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىتلىرى بارغانسېرى ئېشىۋەردى. بۈگۈن ئاناڭ سېنىڭ ئالدىڭغا تىز چوكۈپ ۋە ئاناڭنىڭ كوڭلىنى دەپ مەنمۇ ئارىغا چۈشۈپ سەندىن سورايمىز: سەن ئۆز خاھىشىڭ يولىدا ئۆيلەنگەن ئىكەنسەن، رەھمىتىڭ ساڭا مۇبارەك بولسۇن. ئۆزلىرىڭنى ئەستىلىك ھىساپلاپ يۈرگەن ئاتا - ئانانىڭ تىلىكى، ئەلۋەتتە، شۇنىڭدىن باشقا بولماس. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ سەۋەبى بولغان بىر كىشى ئۆز ھاياتى ئىچىدە بالىسى ئارقىلىق بىر ئارزۇ - ھەۋەس كەچۈرمەكچى... ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ھەق، دەپ بىلەمسەن، بىلمەمسەن، يەنە ئىختىيار ئۆزەڭدە...

هاجىنىڭ بۇ سۆزى ئۆز بېك ئايىمغا قانچىلىك ياققان بولسا، ئاتابېكنى شۇنچىلىك يەرگە قاراتقان ئىدى. هاجى ئۆزىدىن ئاشۇرۇپ سۆزلىگەن بۇ سۆزلىرىنى مۇنۇ گەپ بىلەن تۈگەتتى:

— بىلگەن ئەپلەپ سۆزلەيدۇ، بىلمىگەن كەپلەپ، دىگەندەك، ئاناڭنىڭ ئېيتماقچى بولغان سۆزى پەقەت شۇ ئىدى. ھېلىقى گەپلىرى بولسا، ئۆز ھەققىنى ھىمايە قىلىش يولىدا، ئۇنىڭ پۇ-پوزىلىرىلا بولۇپ، مەندىنمۇ تولاراق ئاناڭنىڭ پەيلىنى ئۆزەڭ ئوبدان بىلىسەن...

ئاتابېك تېخىچە جىملىقتا، ئۆزبېك ئايىم بولسا كاللىسى بىلەن "شۇنداق" شەرتىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. يۇسۇپبېك هاجى يۇقۇرىدا ئوتكەن گەپلەرنى تۇرۇق ۋە ئاساسسىز قىلمىغان، بەلكى مۇشۇ تۇرمۇشنىڭ تۈۋرۈگى ۋە ئاساسىنى بىر قاتار ئېيتىپ ئوتكەن، ئاتابېك بولسا بۇنى شۇ مۇھىمنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ئاڭلىغان ئىدى. توغرىسىمۇ ئۇ دادىسى تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ھېلىقى قانۇنغا قارشى چىقىش ئۈچۈن لازىم بولغان كۈچكە ئىگە ئەمەس، بەس، كۈچسىزلىكنىڭ نەتىجىسى بولسا سۈكۈت ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن شۇنداق ئارزۇ - ھەۋەس ئۈچۈن بالا چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىنى مۇكاپاتلاندۇرماقچى ۋە ئاتىسى ئېيتقان خىجالەت چەكتۈرمەيدىغان ئوغۇللاردىن بولماقچى بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئەسىر قىلىۋالغان خۇما كوزلەر ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىپ قارىغاندەك بولۇشاتتى، گويا ۋاپاسىز، ۋەدىسىز، دەپ تۇۋلىشاتتى. توغرىسىمۇ ئۇنى ئاتا - ئانا مۇكاپاتىغا قارشى قويماقچى بولغان نەرسە، ھېلىقى كوزلەرلا. ئەمما بۇنىڭ بۇ قارشىلىق ھەركىتىدىن باشقا ئۇنسۇرلارنى ئىزلەش ۋە چىقىرىش، ئەلۋەتتە، ئورۇنسىز بولاتتى. ئاتا - ئانا ئارزۇسىنى ئىپادە قىلىشتىن بىر سېكۇنتمۇ ئۆزىنىڭ كوز ئالدىدىن خىيالى كەتمىگەن ئاۋۇ ئىلاھى مۇھەببەت ئۈچۈن ھېچبىر ئورلۇك كەمچىلىك قىلماسلىقىغا ئىشەنسىمۇ، هازىر ئۇنىڭ يۈرىگىنى باشقا بىر ھەقىقەت تاتىلاشقا باشلىغان ۋە ۋىجدانىنى پە-

قىت شۇ مەسىلىلا ئورنىۋالغان ئىدى. ئاتابېكچە ئەڭ نازۇك سا-
نالغان بۇ مەسىلە ئۇدۇلدىكى جاۋاپ كۈتۈپ ئولتۇرغۇچىلارنى
ناھايىتى زېرىكتۈردى.

— بىزنى كۈتتۈرمە ئوغلۇم!

ئاتابېك مەغلۇپ بىر بېقىش بىلەن بۇ سوزنى ئېيتقۇچى
ئاتسىغا قارىدى ۋە يالۋۇرغان بىر ئاھاڭدا جاۋاپ بەردى.

— مەن سىلەرنىڭ ئارزۇيىڭلارنى ئورۇنلاشقا، ئەگەر خۇر-
سەنلىكىڭلار شۇنىڭ بىلەن بولىدىغان بولسا، ھەر دائىم تەييار-
مەن. ئەمما بىر بىچارىگە كورۇپ - بىلىپ تۇرۇپ، جەۋىر ھەم
خىيانەت ......

ھاجى ئوغلىنىڭ مەقسىدىگە دەرھال چۈشىنەلمىدى ۋە سورىدى:

— كىمگە، خوتۇنىڭغىمۇ؟

— ياق، سىلەرنىڭ ئالىدىغان كېلىنىڭلارغا. ئوغلۇڭلارنىڭ
ۋۇجۇدى بىلەن ئارزۇيىڭلارنى قاندۇرۇش ئاسان بولسىمۇ، كېلى-
نىڭلار ئالدىدا مېنى بىر جانسىز ھەيكەل ئورنىدا تەسەۋۋۇر
قىلىڭلار!

يۇسۇپبېك ھاجى يالت قىلىپ خوتۇنىغا قارىدى. ئۆزبېك ئا-
يىمنىڭ بولسا ئالىدىغان كېلىنگە ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولغىنى
ئۈچۈن ئويلاپمۇ تۇرماستىن:

— مەيلى. بالام، بۇ تەرىپىنى سەن ھازىرلا ئويلاپ ئولتۇر-
مىغىن! — دېدى.

ئاتابېك بىر ئېغىز سوز قىلماي سۈكۈت قىلدى. يۇسۇپبېك
ھاجىنىڭ بولسا ئوغلىنىڭ سوزىنىڭ توغرىلىقىغا، كېيىندىن يۈز
بېرىدىغان كوڭۈلسىز ئىشلارغا ئەقلى يەتسىمۇ، ئەمما بىر مۇلا-
ھىزە يۈزىسىدىن ئىستىقبالنىڭ قاراڭغۇ ئىشلىرىنى ھازىر ئانچە
مۇلاھىزە قىلىپ كورمىدى:

— بېك توغرا دەيسەن، ئوغلۇم، لېكىن ئاناڭنىڭ بىر مۇلا-
ھىزىسىزلىكىگە باشتىلا مەن لېۋىنى چىشلەپ قالغان ئىدىم.
ھازىرمۇ شۇ ھالدا قېلىشقا مەجبۇرمەن، — دېدى، — بىز

هازىر ئەندىشىسىنىڭ بەندىسى، مەن ئەمەس، ئاناڭ بىرسىنى
ئىشەندۇرۇپ قويغان؛ بىزنىڭ ئائىلىدىن سوزىدە تۇرماسلىق،
چىقىشى ماڭا ماقۇل چۈشمەيدۇ.

ئاتابېك ئاتا ـ ئانا ئارزۇسىغا، ئۆز تەبىرىچە، جانسىز ھەيـ
كەل بولۇپ رازىلىق بەردى. ئەمما ئۆز رازىلىقىنىڭ شەرتىنى قىـ
لىپ تويدىن ئىلگىرى مەرغىلانغا بېرىپ كېلىشىنى ۋە بىر دەرىـ
جە ئۇلارغا ئېيتىپ ئۆتۈشىنى، شۇنىڭدىن كېيىن توي باشلاشنى
ئەھدى قىلدى. ئىشنىڭ يېنىكلىككە كوچۇشىگە خوشاللانغان ئا-
نا، ئاتابېكنىڭ بۇ شەرتىگە لام دېمەستىن ماقۇل بولدى ۋە،
ئارزۇلۇق توينى چاپسان باشلاش ئۈچۈن ئوغلىنى مەرغىلانغا
كېتىشكە قىستىغىلى تۇردى.

2

## ئۇنتۇمامسىز ...

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى مەرغىلان سەپىرىگە قوزغىلىشى بەكمۇ بىر
ئۇغرىلىق بىلەن، ئىككىلىنىش بىلەن ئورالغان ئىدى. كۆمۈش
بىبى ئۈچۈن دۇنياغا سىغمايدىغاندەك بىر خوشاللىقنى كورگۈچى
كوزلىرىگە ئىشىنەلمەيدىغان بىر بەختىنىڭ بۇ قېتىم كوتەرگىلى
بولمايدىغان بىر قايغۇ، چىدىغىلى بولمايدىغان بىر ھەسرەت
بولۇپ بېرىشىنى ئۇ ياخشى چۈشىنەتتى. ھەر بىر قېتىم مەر-
غىلانغا بارغىنىدا ئېلىپ بارىدىغان نەپىس سوغىلىرى بۇ قېتىم
ناھايىتى زەھەرلىك، بەكمۇ ئەلەملىك بىر سوغىغا ئايلانغان.
كۆمۈش بىبى بۇ سوغاق كۆڭدەش سوغىسىنى كورگەندە ئېھتىـ
مال... نىملەر بولار ۋە قانداق ھاللارغا چۈشەر ئىدى. بۇ
مۇدھىش سوغىنى، ئېھتىمالكى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ قوبۇل
قىلىشماس: بىردىن ـ بىر يالغۇز قىزلىرى ئۈچۈن بۇنداق گەپـ

نىڭ ياراشمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ: "سوغاقمۇ كېرەك ئەمەس،
ئۆزەڭمۇ!" دېگەن جاۋاپ بىلەن يۈزىگىمۇ ئۇرۇشار، مانا، ئۇنىڭ
بۇ نوۋەتتىكى ئېغىر ھەركىتى ۋە قوزغىلىشىغا نېمىلەر سەۋەپ
ئىدى.

بۇ ئېغىرلىقتا ئارزۇ ئىگىلىرىنىڭ قىستاقلىرى يول بەردى،
يەنى ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن بۇ تۇتۇرۇقسىز سوغىنى كۆتىرىپ
يولغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئاتىنىڭ بېشىنى ئۆز ئىختىيارىغا تاشلىغان، ئاۋالقىلاردەك يۇ-
رەك تەلپۈنۈشلىرى ئىچىدە، ئاتنى ئىتتىك مېڭىشقا قىستاشلار
يوق، سۇغا چۈشكەن ناندەك ئىۋىپ بوشىشىپ، يۈزخىل سوغاق،
يارىماس خىياللارنىڭ قولىدا ئېزىلىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيادا بار-
يوقلۇقىنىمۇ چۈشەنمەي كېتىۋېرىدۇ.

ھازىر ئەتىياز كۈنلىرى: ئېتىزلار، تاغلار، سايلار، كوك -
قىزىل، قارا - ئاق، سېرىق - ھاۋارەڭ، سوسۇن - ھال ۋە
يەنە ئاللىقانداق رەڭلىك چېچەكلەر بىلەن ياسىنىپ قىشچە
توڭۇپ ئاران يېتىشكەن ئاشىقلىرىغا يېڭى ھايات، يېڭى ئۈمىت
بېرىشىدۇ. قىشچە ئاللىقايسى گور تەگلىرىدە مۈگدەپ چىققان
قۇش زاتلىرى: قۇشقاچلار، سۇڭگۈچلەر، تورغايلار، سېرىق قۇش-
قاچ ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان قۇش تۈركۈملىرى ئۆز توپلىرى بى-
لەن ۋىچىر - ۋىچىر، چۇغۇر - چۇغۇر سايراپ - كۈلۈشىدۇ،
يەر يۈزىنى تولغان چېچەك گۈللەملىرىنىڭ ئۈستىنى سۈيۈپ يا-
لىشىدۇ، يىتىپ چوقۇشىدۇ، سەكرەپ ئۇچۇشىدۇ... يىراق - يې-
راقلاردىن كاككۇكلارمۇ ئۆز ئەرزىنى ئېيتىدۇ: "كاككۇك -
كاككۇك".

پايانسىز ئېتىزلارنىڭ چەكسىز ۋىچىر - ۋىچىرى، كۆرۈپ تويى-
مىغىدەك كوك گۈللەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىماقلارغا مەجبۇرى پۇ-
راتقان شىپالىق پۇراقلىرى، يېقىملىق ھىدلىرى ھەر قانچىلاق
ئىشتىن چىققان ھايات ئىگىسىنى بىرئاز بولسىمۇ ئەپكە كەلتۈ-
رەلەيدۇ. شۇنىڭدەك بۇ چېچەك ئېتىزلىرى ئۆز باغرىدا سۈزۈپ

كېتىۋاتقان بىزنىڭ ئاتابېكنىمۇ ئۆزىگە قاراتماي قويمايدۇ. ئۇنىڭ پىكرى ئاۋۇ قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە ئۈزسىمۇ، كوزى چەچەك ۋە كوكىلاتلارغا قاراشتا، دىمىغى خۇشپۇراقلاردا، قۇلىقى قۇشلارنىڭ نەغمىسىدە بولىدۇ. نىمە بولسىمۇ ئەتراپىدىكى باھار زىننەتلىرىنى كوزدىن كەچۈرۈپ ماڭىدۇ. بارا - بارا پىكرىمۇ شۇ كورۈنۈشلەردىن ھەسسە ئېلىشقا باشلايدۇ:

ھۇ، ئەنە بىر قالغاچ، ئۇزدۇلغا قاراپ ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇچقان يولدا ۋىچىر - ۋىچىر سايراپمۇ قويىدۇ. قالغاچنىڭ غېمى يوق، ياخشى كورگەن مەشۇقىنىڭ ئالدىغا چاپسانراق يېتىش ئۈچۈن ئالدىرايدىغاندۇر، سايرىشىمۇ مەشۇقىنى كورۈش خوشاللىقى ئۈچۈندۇر... بەختلىك قالغاچنىڭ ئالغان سوئىسىمۇ قورتۇنچىلۇق ئەمەستۇر، ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى يوقتۇر! ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قانۇنلىرى تولا يېنىك، ئەككىدىن - ئەككىدىن، ياخشى كورگىنىنى ئېلىشىدۇ - دە، تاغلاردا، يەرلەردە، ئاسمانلاردا ئۇچۇپ يۈرۈشۈۋېرىشىدۇ... مەنمۇ شۇ قالغاچتەك، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ، ۋىچىر - ۋىچىر سايراپ ئۇچاتتىم.

ئۇنىڭ قالغاچلىق قانىتى ئاتا - ئانا مۇكاپىتى بىلەن قايرىلغان. ئۇنىڭغا ئۇچۇشقا ئەرك بېرىلمەيدۇ. لېكىن ھايۋان، ئۇنىڭ قايرىلغان قانىتىغا قارىماستىن، ئۆزىنىڭ كونا قەدەم تاشلىشىدا ئېتىزلار، تاغلارنى ئېشىپ، سۇلارنى كېچىدۇ، يەتتە - سەككىز قېتىم بېرىپ كەلگەن تونۇش شەھىرىگە ئىنتىلگەنچە ئىنتىلىۋېرىدۇ. بۇ ئىشلار، بۇ كېچىشلەر باشقا چاغلاردا ئاتابېك ئۈچۈن ھوزۇر ۋە تەلپۈنۈش بېغىشلىغان بولسا، بۇ قېتىم ئۇنى نەپرەتلەندۈرىدۇ، بارماي يېنىش پىكرى ھىلىدىن - ھىلىغا كوڭلىگە كېلىپ تۇرىدۇ.

يىراقتا قوش ھەيدەۋاتقان يىگىتنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ: "ئەككى يارنى ئاجراتقۇچى بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى!" — روھلۇق، كۈچلۈك يۈرەكتىن چىققان بۇ ناخشا ئەتراپنى چاڭ كەل-

تۇرۇۋەتكەندەك، ئاتابېكنىڭمۇ باشقىچە بىر تەسىر بېرىدۇ. گويا بۇ دېخان ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ھىكايە قىلغاندەك بولىدۇ. بۇ بېيت دېخاننىڭ ئاغزىدىن يەنە تەكرارلىنىپ، يەنە ئەتراپنى ياڭرىتىدۇ. ئەمدى ئاتابېكنىڭ كۆڭلىدىن بىر گەپمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ: "ئىككى يارنى ئاجراتقۇچى بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى ئەمەس، ئاتا - ئانىنىڭ ئارزۇسى!" ئۆزىنىڭ سىرلىق مەنىسىگە ئاتابېكنىڭ ئىستىقبالىنى ئېلىپ كۆرۈنگەن بۇ بېيت ئاخىرىغا بېرىپ ئۇنى يىغلىتىدۇ. كۆز ياشلىرى مەڭزى ئارقىلىق ئېگەرنىڭ قېشىغا ۋە ئاتنىڭ يايلىسىغا تېمىشقا باشلايدۇ...

* * *

مەرغىلانغا تۆت قونۇپ كىرەتتى، بۇ قېتىم ئالتىنچى قونۇشتا يەتتى. ئەتراپتىن نامازدىگەرگە ئېيتىلغان ئەزەن ئاۋازلانغان چاغدا ئاتتىن چۈشتى. ئاتنى قۇتىدارنىڭ ھويلىسىغا يېتىلەپ كىرىۋېتىپ، نىمىشقىدۇر يۈرىگى ئويناپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئادەتتىدىن ئۇن كۈنلەرچە كېچىككىنى ئۈچۈن "بەلكى كۈتۈپ ئولتۇرغاندۇر" دەپ ئويلاپ، ھىلىقى يۈرەك ئوينىشى تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە يولەكتىن مېھمانخانا ھويلىسىغا چىققاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ئېتىنىڭ بويىنىغا يۆلىنىپ توختاشقا مەجبۇر بولدى.

راستىنلا ئۇ ئايۋاننىڭ ئالدىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىدى، خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ ئاتابېكنىڭ كىرىپ كەلگەنلىگىنى سەزمەيمۇ قالدى ۋە كۆرۈش بىلەن قارا ئاھۇ كۆزلىرىنى تولدۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىچكىرىكى ھويلىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىۋەردى. بۇ بۇرۇلۇشنىڭ مەنىسىگە ئاتابېك ئاللىقاچان چۈشىنىپ قالغان، بۇ ئۆزىنىڭ كېچىكىپ ئۇنى زارىقتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن... كېچىككىنى ئۈچۈن بۇنچىلىك قېيىندىغان بۇ گۈزەلنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈچۈن قانداق

ھالغا چۈشۈشى مەلۇم ئىدى. ئاتابېك پۈتۈنلەي بىر ھودۇقۇشتا
قالدى. ئېتىنى ئېغىلغا باغلاپ، سوغا - سالامغا تولدۇرۇپ كەل-
گەن يىپەك خۇرجۇننى كوتىرىپ ئىچكىرىگە كىردى. سويۇملۇك
كۈيوغلىنى يولەكتە كورگەن ئاپتاپ ئايىم، قىلىۋاتقان ئىشىنى
چورۇۋېتىپ ئاتابېكنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، جېنىنى مىڭ تەسەد-
دۇق قىلىپ كورۇشكەندىن كېيىن، كېچىككىنى ئۈچۈن نەقاتار-
لىق تەشۋىشلەر چېكىپ ۋە قانداق چۈشلەرنى كورگىنىنى ئاغزى -
ئاغزىغا تەگمەي سوزلەپ كەتتى. ئاللىقاياقلاردا يۈرگەن تويىبې-
كىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، تېچلىق سورىشىشقا ئىنزا تارتقان بول-
سىمۇ، "چىرايلىق يىگىت" نىڭ قولىدىكى خۇرجۇننى ئالدى.
ئاپتاپ ئايىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قات - قات كورپىلەرنى سې-
لىپ كۈيوغلىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋېلىشنى
ھەرقېتىمدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. لېكىن ئاتابېك بۇ قارشى ئې-
لىنىشلارغا ناھايىتى ئىشەنچسىز قارايتتى. بۈگۈن بولمىسا ئەتە
"ئاتا - ئانا ئارزۇسى" بىلەن، بۇ كۈتۈلۈشلەرنىڭ بىردىنلا
ئوزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنگىنى ھالدا، قايسى يوسۇندا ئولتۇ-
رۇپ قالغىنىنىمۇ بايقىمايتتى. ئاپتاپ ئايىمنىڭ بىرقانچە ياخشى
تىلەكلەر بىلەن قىلغان دۇئاسىغىمۇ ئىشەنچسىز قول كوتەردى
ۋە مەشئۇم "ئارزۇ" نىڭ بۇنداق ئوبدان دۇئالارنى ئاستىن -
ئۈستۈن كەلتۈرۈشىنى ئويلىدى. دۇئادىن كېيىن ئاپتاپ ئايىم تا-
ۋاقنى كوزىگە، كوزىنى تاۋاققا ئۈرۈشتۈرۈپ كۈيوغلىغا قېتىق
ئېلىپ چىقتى ۋە ئاتابېكنىڭ ئىچمىگىنىگە قويماي، "ئىچىڭ، يول
غۇبارىنى ئالىدۇ" دەپ زورلاشقا باشلىدى. شۇندىن كېيىن توي-
بېكىنى چاي قاينىتىشقا بۇيرۇپ، ئوزى كۈيوغۇل بىلەن سوراشتى:
— ئاتىڭىز، ئانىڭىز سالامەت تۇرۇشامدۇ؟
— شۈكرى، سىزگە سالام ئېيتىشتى.
— ھەسەن ئەلى ئاتام ساقمۇ، نىمىشقا سىز بىلەن بىللە
كەلمىدى؟
— شۈكرى، ساق! بەزى ئىشلار بىلەن بولۇپ كېلەلمە-

دى، — بۇ جاۋاپنى بىر دۆۋىتىلا كۆڭلىدىن كەچتى: "... نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن، ھەسەن ئەلى توي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئەمەسمۇ؟..."

ئاتابېكنىڭ كىرىپ ئولتۇرۇشىغا بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەن بولسىمۇ، كۈمۈش تېخىچە ئۆيدىن چىقمىدى، قېيىندىشى قاتتىق تۇتقان بويى ئولتۇرۇۋالدى. ئاپتاپ ئايىم كۈيوغۇلنىڭ يۈزىدە كۆرۈنگەن ئوڭچانلىقنى كۈمۈشنىڭ ئۆيدىن چىقمىغانلىقىغا جورۇپ قىزىنى قىچقاردى:

— كۈمۈش! يولدىشىڭ كېلىپ ئولتۇرسا، چىقىپ سورىشىشنىمۇ بىلمەيسەن.

ئاپتاپ ئايىمنىڭ بۇنداق قىچقىرىشى ئۈچ - تۆت ياندۇرۇلغان بولسىمۇ، كۈمۈش ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئەرزىمىگەن ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ چىقمىدى. ئاتابېكنىڭ چىرايىدىكى ئوڭچانلىقىقا زەڭ قويغانسېرى ئاپتاپ ئايىمنىڭ ھېلىقى گۇمانى كۈچىيىۋەردى. كۈيوغۇلغا سەزدۇرمەستىن قىزىنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە شىۋىرلاپ كايىشقا باشلىدى: "ھۇشۇڭنى يوقاتتىڭمۇ قىزىم، ئېرىڭ سېنى دەپ تاشكەنت دېگەن شەھەردىن كەلسۇنۇ، سەن، كىم كەلدى، دەپ ئالدىغا چىقما! تۇر چىقىپ تېچلىق سوراشقىن، قېيىداپ كېتىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟" — ئاپتاپ ئايىمنىڭ بۇ كېيىنكى سۆزى راستىنلا كۈمۈشنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: "... كېتىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟" جۈملىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ئانىسىدىن بالدۇرراق، گوياكى ئايۋان تاكچىسىدىن بىر نەرسىنى ئالىدىغاندەك بولۇپ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتابېككە يەر تېگىدىن ئاستاغىنا بىر كۈلۈپ بېقىش قىلدى ۋە تاكچىدىكى كېرەكسىز بولغان بىر پىيالىنى ئېلىپ، يەنە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۆزبېك ئايىمنىڭ سېھىرچى - جادۇگەر دەپ قاغىشىمۇ ھېكمەتسىز بىر گەپ ئەمەس، كۈمۈش بېشىنىڭ بىر كۈلۈپ قارىشى ئاتابېكتە ئاجايىپ ئۆزگىرىش ياسىغان ئىدى. ئۇ بۇ يەر تېگ-

دىن بىر كۈلۈپ بېقىش تەسىرى بىلەن ئۈستىدىكى تائىدەك بې-
سىۋالغان "ئارزۇ" نى ئاغدۇرۇۋەتكەن ۋە قۇشتەك يېنىكلىشىپ
قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بىردەملىك ئۆزگىرىشى بۇنىڭدىن ئى-
بارەت ئىدى:

"ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە زارلىقلىرى، بۇ رازىلىق شارائىتى بى-
لەن تېپىلىدىغان ساۋاپ، يۇرتىنىڭ ئىگىز - پەس گەپلىرى ھەم-
مىسىمۇ كۈمۈشنىڭ يالغۇز شۇ بىرلا كۈلۈپ قارىشىنىڭ سادىغىسى
كەتسۇن!"

بىردەملىك ئۆزگىرىشتىن كېيىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن بۇ قا-
رارنى كوڭلىدىن ئۆتكۈزدى: "ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى بۇلارغا
ئېيتمايمەن ھەم تاشكەنتلىرىگىمۇ بارمايمەن!"

ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىش بىردەملىك بولغىنىدەك ناھايىتى جىد-
دى ئىدى، كوڭلىگە نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئورۇنلىشىۋال-
غان چىگىش "بىر كۈلۈپ بېقىش" سېھرى يېشىلگەن ۋە مەر-
غىلاندا دائىمىي تۇرغۇنلۇقنى كېلىپ تۇگۇلگەن ئىدى... بۇ ئۆز-
گىرىشتىن كېيىن ئاندىن تۇغما بولۇپ يېنىكلىشىپ قالدى، گو-
ياكى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭكى بولغانىدەك قىلىپ ئىشەنچ
ۋە مۇلايىم كوزلىرى بىلەن ئۇيگە قارىدى. شۇ چاغدا ئۇي ئى-
چىدىكى زالىم پەرى ئۆزىنىڭ سېھرىلىك كوزلىرى بىلەن ئاتا-
بېككە يەنە كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى ۋە بۇ كۈلۈشى بىلەن گو-
ياكى ئۆز سېھرىنىڭ كۈچى قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىنى
سوزلەپ پەخىرلىنەتتى.

ئاردىن ئونبەش كۈنچە ۋاقىت ئوتتى. كۈمۈشنىڭ يېنىشلاپ
سورىشىغا:

— راستلا، راستلا بۇنىڭدىن كېيىن تاشكەنتكە بارمايمەن! —
دېگەن جاۋاپنى بېرەتتى. كۈمۈش بۇ گەپكە ئىچەپلىنەتتى،
توغرىسى خوشاللىناتتى.

* * *

مەرغىلانغا كەلگەنلىك يىگىرمىنچى كۈنى. ئاتابېك ھازىرلانغاندۇر چىقىپ كەتكەن ئىدى. قۇتىدار ئۆز ئادىتىدىن بولەكچە، بۈگۈن بازاردىن كۈندۈز سائەت ئۈچلەردە قايتىپ كەلدىدە، ئاتابېكنى سورىدى، يوقلۇغىنى بىلگەندىن كېيىن خوتۇنىنى مېھمانخانىغا باشلاپ چىقتى.

— نېمە گەپ، تېچلىقمۇ؟ — دەپ سورىغان ئاپپاق ئايىمغا سۆيۈنچە ۋە خوشاللىقلىغى مەلۇم بولمىغان بىر ۋەزىيەتتە جاۋاپ بەردى:

— تېچلىق.

مېھمانخانىدا ئەر ۋە خوتۇن يانمۇ - يان ئولتۇرۇشاتتى. ئاپپاق ئايىم بۇ باش - ئايىغى يوق ئىشتىن يىرىلىغۇدەك بولۇپ ئولتۇراتتى.

— ئاتابېكتىن ھېچبىر سۆز ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى قۇتىدار.

— قانداق سۆز ئاڭلاي، ھەر دائىم سۆزلەيدۇ. ئەلۋەتتە، مەن ئاڭلايمەن.

— تاشكەنت توغرىسىدا بىرەر گەپ ئېيتمىدىمۇ؟

— تاشكەنتكە بىر گەپ بوپتىمۇ؟

— تاشكەنتكە ھېچ گەپ بولماپتۇ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى قۇتىدار، — مېنىڭ سورىشىم باشقا توغرىلاردا، قىزىڭدىنمۇ ھېچ بىر گەپ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ھېچ گەپ... ھە، ئېيتقاندەك تۈنۈگۈن ئىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تاشكەنتكە بارماسلىغىنى سۆزلىگەنىدەك بولۇۋىدى.

قۇتىدار بىر ئىشقا چۈشەنگەندەك كۆزىنى يۇمۇپ قويدى ۋە سورىدى:

— ئەمدى تاشكەنتكە بارمامدىكەن؟

— بىلمىدىم، راستمۇ، ئەمەسمۇ، ئىش قىلىپ قىزىڭىزدىن ئاڭلىغاندەك بولۇۋىدىم. نىمە، ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەپتۇمۇ؟

— ياق، — دىدى قۇتىدار ۋە ياچۇغىدىن بىر نەرسىنى ئېلىۋېتىپ ئېيتتى، — مەن بۈگۈن تاشكەنتتىن قىزىق بىر خەت ئالدىم.

— كىمدىن؟

— قۇداڭىزدىن، — دىدى قۇتىدار خەتنى ئېچىشقا باشلاپ، — شۇنى ساڭا ئوقۇپ بەرمەكچىمەن، — دىدى.

— زادى ئۇزى نىمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئاپپاق ئايىم.

— ئاڭلىساڭ بىلىسەن.

"قۇدىمىز مىرزا كەرىم قۇتىدارغا ۋە قۇدا ئاغىچىمىز خانىمغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بىزلەر بۇ يەردە ساق - سالامەتتۇرمىز ۋە ئۇ جانىبدىكى سىز ھۆرمەتلىك ۋە ئەزىزەتلىكلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگار ئالەمدىن سەھەتلىكلىرىڭلارنى سەلاتى خەمسە ئالدىدا سوراپ تۇرماقتىمىز، شۇنىڭ بىلەن مەخپى قالمىغايكىم، كۈيۈغلۈكلار خىزمىتىڭلارغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئىنشائاللا، سالامەت يەتكەن بولسا كېرەك.

سىز ھۆرمەتلىكلەرگە مەلۇمدۇر، بىزنىڭ شۇ ئاتابېكتىن ئۆزگە پەرزەندىمىز بولماي، دۇنيادا ئۆزىمىزدىن كېيىن قالدۇرىدىغان تۇيغىمىز ۋە كۆز تىككەن ئارزۇ ھەۋىسىمىز، ئۈمىد - نىشانىمىز پەقەت شۇ ئاتابېكتۇر. موھتەرەم سىز بۇرادەرىمىزنىڭ شۇ يىگانە ئوغلىمىزنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلىپ، ئەمما بىزنىڭ كېلىن بالىمىزنى تاشكەنتكە ئەۋەتمىگەنلىكىڭىزلار، بىزنىڭ جانابىڭىزدىن بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى ۋە يەنە ئوغلىمىزغا بولغان مەرھەمەتلىرىڭىزنى بىر ئاز تولۇقلىيالمىدى.

ئەمما كەمىنىڭىز ئەپىنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە پۈ-
تۈنلەي يۈكلىيەلمەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ يېشىمىزدا
بولغان "يالغۇز بۇياقلىق" سەۋداسى سىلەرنىڭمۇ بېشىڭ-
لاردا بار.

قانداقتۇر، ئاتابېكنىڭ كۆپ ئۆمرى مەرغىلاندا
ئۆتۈپ، بىزلەرنىمۇ سىلەر ئويلىغان ئېغىرلىقتا سىلىۋا-
تىدۇ. بۇرادەر ئىنىم، سىز مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمگە زا-
دىلا خاپا بولماڭ، چۈنكى پېقىر ئىككىمىز بۇ سۆزلەرنى بىر
توغرا كېلىپ قالمىغانلىقىدىن يېزىپ ئۆتتى. دۇنيا — ئار-
زۇ – ھەۋەس ئۆيى، دېيىشىدۇ. يۇقۇردا بايان قىلىن-
غاندەك ۋە ئۆز بىلگەنلىرىڭىزدەك، بولۇپمۇ قۇدا ئاكىچە-
كىمىزنىڭ دۇنياغا كېلىپ كۆتكىنى شۇ يالغۇز ئوغۇلىنىڭ
ئارزۇ – ھەۋەسىدۇر، جانابىڭىز بۇ ئىشقا ھەق، دەپ
تەن بېرەمسىز – يوقمۇ، ئەمما ئېزىزلىرىڭىزنىڭ رۇخ-
سەتلىرىنى ئالماي تۇرۇپلا، ئاتابېكنى تاشكەنتتىنمۇ ئا-
يىلىك قىلماقچى بولۇپ، بۇ يولدا بەزىبىر ھەركەت-
لەرنى قىلىپ قويغان ئىدۇق. ئەمما بىزلەرنىڭ بۇ را-
يىمىزغا ئوغلىڭىز قارشى چىقىپ قانچىلىك رەت قىلىپ-
مۇ، ئاخىردا ئاپىسىنىڭ سۆزىنى يەردە قالدۇرماسلىق
ئۈچۈن قوبۇل قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ توغرىدا سىز
جانابلىرىنىڭ رۇخسەتلىرىنى ئالغاندىن كېيىن جاۋاب
بەرمەكچى بولۇپ، خىزمەتلىرىگە كەتكەن ئىدى.

سىز ھۆرمەتلىكلەر بۇ ئىشنى توغرا تاپامسىلەر،
يوقمۇ، بۇ تەرىپى يەنە مەرھەمەتلىكلىرىگە باغلىقتۇر. بۇ
مەكتۇپنى يېزىشىمىزدىن مۇددىئايىمىز شۇكى، ئاتابېكنىڭ بۇ
ئىككىنچى ئائىلىگە ئەسلا رايى بولماي ۋە يەنە سى-
لەرگە ئېيتماي، بۇ تەرەپتە بىزلەرنى خىجالەت تارتقۇ-
زۇپ قويارمۇ، دەپ ئويلىدۇق. بۇرادەر كىراملىرى، سىز
دۇنيا كۆرگەن بىر كىشى، ئانىسىنىڭ بۇ تەلىۋىنى ئوب-

دان مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ، بۇ توغرىدىكى رايىم،
ئۇغلىمىزغا قارىغاندىمۇ، پېقىرلىرىچە سىنئەردە بولغانلى-
قى ۋەجىدىن، ئەلۋەتتە كۆندۈرۈشكە سەئىي ۋە ھەر-
كەت قىلارسىز، دەپ ئىشىنىمىز. ئاتابېكنىڭ ئىككىنچى
ئائىلىسى توغرىسىدا كېلىن بالىمىزغا بىلدۈرۈلمىسە
ياخشى بولاتتى. بىزلەرنىڭ خوشاللىغىمىز ئۈچۈن ئاتا-
بېك بىلەن بىللە تاشكەنتكە چۈشۈپ، ئۆز قوللىرى بى-
لەن تويىمىزنى ئۆتكۈزۈشلىرىگە ئىشىنىپ — يۈسۈپبېك
ھاجى ۋە قۇدا ئاغىچىسى. 17 — سەۋر ئېيىدا.
1265 ھىجرىيىدە يېزىلدى."

قۇتىدار خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتى — دە، خوتۇنىغا قارىدى. ئاپتاپ ئايىمغا بۇ خەت مۇزلۇق سۇغا شۇڭغۇپ ئالغانىنىڭ تەسىرىنى بەرگەن ۋە ئولتۇرغان يېرىدە تاشتەك قېتىپ قالغان ئىدى. ئاتىلار ئۈچۈن بۇنداق گەپلەر ئانچىلىك يامان تەسىر بەرمىسىمۇ، خوتۇنلارغا قانداق ئەسەر قىلىشى بەلگىلىك. ئاپتاپ ئايىم ئۈچۈن گوياكى قىزىنىڭ بىرەر ئەيىۋى سەۋەبىدىن بۇ ئىشقا مەجبۇر بولغاندەك، كۈمۈش بولسا ئەمدى ئېرىدىن يېقىمسىز، ئىشتىن چىققان ۋە بۇلۇڭغا تاشلانغان ئەسكى - تۈسكىدەك بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. خەتنى ئاڭلىغان قۇلاقلىرى سەۋەن ئاڭلىغاندەك بولاتتى.

— يەنە ئوقۇپ بېقىڭچۇ ...

قۇتىدار خوتۇنىنىڭ سۆزىگە كۆندى:

— ياندۇرۇپ ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق، خەتنىڭ مەقسىدى شۇ سەن چۈشەنگەندەك، — دېدى.

ئاپتاپ ئايىم بېشىنى يەنچىلگەن يىلاندەك تولغاندى:

— قىزىمنىڭ تېپىسىگە كۆندەمش؟!

قۇتىدار، قەپەزگە سېلىنغان قۇشتەك ئۆرۈنۈشقا باشلىغان خوتۇنىنى باسماق بولدى:

— تولا ئۆزەڭنى ئۇرما، ئاۋال ھەقىقەتنى چۈشەنگىنە ...

— ھەقىقەتى نىمىسى؟

— بۇنىڭدا گەپ بار.

— نىمە گەپ بار؟

— ئەگەر بۇ ئىشتا كۆيوغلۇڭنىڭمۇ ئىزى سېزىلگەن بولسا ئىدى، سەن ئەمەس، مەنمۇ بۇ گەپكە چىدىماس ئىدىم ۋە قىزىمنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بۇ ئېغىر مەسىلىنى جىملىق بىلەن قارشى ئالمايتتىم، ئەمما بۇنىڭدا كۆيوغلۇڭنىڭ قاتنىشى كورۇنمەيدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ دىمىم كېسىلىپ قالدى. تېخى ئۇنىڭ قىزىڭغا ”... بۇنىڭدىن كېيىن تاشكەنتكە بارمايمەن“ دەپ ئېيتقىنىنى سوزلىۋىدىڭ - ھە؟

— يالغانمۇ، راستمۇ، — دىدى ئاپتاپ ئايىم خالار - خالىماس، — ئاڭلىغاندەك بولۇۋىدىم.

— ئاڭلىغاندەك بولساڭمۇ بۇ گەپ راست، — دىدى قۇتىدار، — نىمىشقا دىسەڭ، مەزمۇنىدىنمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇكى، بۇ ئىككىنچى ئۆيلىنىشكە ئاتابېك پۈتۈنلەي قارشى بولۇپ، بۇ گەپ پەقەت قۇدىلارنىڭلا ئىشلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆيوغلۇڭنىڭ ئۆيلىنىشىنى قىزىڭنىڭ ئۈستىگە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كۈندەش دىگىلى بولمايدۇ.

ئاپتاپ ئايىم كۈتمىگەن بىر ھالدا قۇتىدار پۈتۈنلەي ئاتابېكنى ئىككىنچى ئۆيلەندۈرۈش تەرىپىدە تۇرۇپ سوزلەيتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە چىقىپ تېپەتتى.

— ئەگەردە ئاتابېك بۇ ئىككىنچى ئۆيلىنىشكە رازى بولغان بولسا، بىرىنچىدىن، رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن مەرغىلانغا كېلىپ يۈرمەس ...

— توختا - گا، — دىدى ئاپتاپ ئايىم، — ئۆزىڭىزچە نىمىلەرنى سوزلەۋاتىسىز؟

— بۇ ئىككىنچى ئۆيلىنىشتە ئاتابېكنىڭ رازىلىقى يوقلۇغىنى.

— كۆيوغلىڭىزنىڭ رازىلىقى بولمىسا خۇدا خەيرىنى بەرسۇن، ۋەسسالام!

— گەپ ئۇنىڭدىن ئەمەستە! — دىدى كۈلۈپ قۇتىدار.

— نېمە؟ — دېدى قىزىشىپ ئاپتاپ ئايىم، — قىزىڭىزنىڭ ئىستىگە كۈندەش بالىسىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يۈكلىمەكچى بولىدىغانغا ئوخشىمامسىز!

قۇتىدار سوغاققىنا قىلىپ كۈلۈپ قويدى:

— چۈشەنمەيۋاتىسەن، خوتۇن.

— ھەممە گەپكە چۈشىنىۋاتىمەن.

— چۈشەنگەن بولساڭ بۇ خەتكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

— بىزگە ماقۇل كەلمەيدۇ دەڭ.

— ماقۇل كەلمەيدۇ، دېيىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. بىرەر دەلىل كۆرسىتىش كېرەك.

— تاپارسىز ئاخىر، دەلىلنى.

قۇتىدار تونىنى يۆتۈنلەي تەتۈر كىيىۋالغان خوتۇنىغا قاراپ بېشىنى تاتىلىۋالدى:

— خەتتە ئىككىنچى ئۆيلەندۈرۈش ئۈچۈن بولغان سەۋەپنى قىزىمىزنى تاشكەنتكە ئەۋەتمىسىلىگەنمىز، دەپ كۆرسىتىلىدۇ، — دېدى قۇتىدار، — سەن ئېيتقاندەك، كۈيوغلۇڭ تاشكەنتتىن ئىككىنچى ئۆيلەنمىسۇن - دە، كۆمۈشنى قۇدىلارنىڭ ئالدىغا تۇرغۇن قىلىپ ئەۋەتەيلۇك، بولامدۇ؟

— نېمىشقا مەن يالغۇز قىزىمنى تاشكەنتكە ئەۋەتىدىكەنمەن، — دېدى كۆزىنى ئالاق - جالاق قىلىپ، — بىز قىزىمىزنى بېرىشتە مەرغىلاندىن باشقا يەرگە ئېلىپ كەتمەسلىك ۋەدىسىنى ئېلىپ بەرگەن.

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا، — دېدى قۇتىدار، — مەنمۇ كۆمۈشنى تاشكەنتكە ئەۋەتىشكە قارشى. گەپ بۇ يەردە، بىز ئاتا - بېكتىن بۇ ۋەدىنى ئالغان چاغدا، "ئاتا - ئانىڭدىن كېچىسەن، ئىككىنچى ئۆيلەنمەيسەن" دېگەن ۋەدىنىمۇ ئالغانمىدۇق؟

— بۇنداق ۋەدىنى بەرگەن بولسۇن، بولمىسۇن، — دېدى ئەندىكىپ ئاپتاپ ئايىم، — ياخشى كۆرۈپ ئالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئۆيلىنىش سۆزىنىمۇ ئاغزىغا ئالمىسۇن!

— كىم ئېيتتى ساڭا، ئاغزىغا ئالدى، دەپ؟

— ھېچكىم ئېيتمىغان بولسىمۇ، سىز ئارىغا كىرمەڭ دەيمەن، ئۆز پۇتىڭىزغا ئۆزىڭىز پالتا چاپماڭ دەيمەن!

— پىچاقنى ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە، دېگەن بىر گەپ بار، — دېدى جىددى ۋەزىيەتتە قۇتىدار، — مەندىنمۇ سەن ئوبدانراق چۈشىنىپ تۇرۇپسەنكى، ئەگەردە بىزنىڭ رازىلىقىمىز بولمايدىغان بولسا، ئاتابېك زادىلا ئىككىنچى ئۆيلەنمەيدۇ. مەسىلەن، بىز ئىككىيلەن قۇدىلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ، يالغۇز ئوغلىمىز باشقا بىر شەھەردە بىز تونۇمىغان بىر قىزغا ئۆيلىنىپ قالغاندا، ئويلاپ باق، چىدالارمىدۇق؟ ئوغلىمىز ئۇنىمىغاندىمۇ ئۆز شەھىرىمىزدىن ئىككىنچى ئۆيلەندۈرۈشكە كىرىشمەسمىدۇق؟ بۇ خاھىشىمىزغا قارشى كېلىپ ئوغلىمىزنى ئۆز شەھىرى ۋە ئۆز ئۆيىدە تۇتۇپ ئولتۇرغۇچى قۇدىلىرىمىزغا لەنەت ئوقۇپ، ئۆلۈم تىلىمەسمىدۇق؟

بۇ سوز ئاپتاپ ئايىمنى بىرئاز ئويلىتىپ قويدى، لېكىن ھېلىمۇ تەن بەرمىگەن ئىدى.

— ئەمدى نېمە قىلماقچىسىز؟

— نېمە قىلاتتىم، — دېدى قۇتىدار، ئەمدى ھەممە ئىختىيارنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان ئىدى، — ئاتابېك ئۇنىمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىتىپ ئۆزەم بىللە تاشكەنتكە بارىمەن ...

— قىزىڭىز بىچارىگە ...

— قىزىمىغا ھېچ گەپ يوق، ھېلىمۇ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۆز قولىدا.

— قۇرۇپ كەتسۇن بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى!

— قىزىڭنى تاشكەنتكە يولغا سېلىشقا ماقۇل بول بولمىسا.

ئاپتاپ ئايىم جاۋاپ بېرىش ئورنىغا ھۆكىرەپ - ھۆكىرەپ يىغلىدى.

* * *

قېيناتا، قېينانا، كۈيئوغۇل ... بۇ ئۈچبۇلۇڭلۇق ئولتۇرۇشتىن ئاتابېكنىڭ كۆڭلىدە نەچچە تۈرلۈك گۇمان تۇغۇلماقتا ئىدى. بۇ ئادەتتىن تاشقىرى قىچقىرىش نېمىشقا مېھمانخانىغا بولدى، نېمىشقا كۈمۈش بۇ ئولتۇرۇشقا قىچقىرىلمىدى، قېينانىسى نېمىشقا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايدۇ؟ ... قۇتىدار تەرىپىدىن شۇ ئارىدا ئۇ كۈتمىگەن بىر سوئالمۇ تاشلىنىپ قويۇلدى.

— ئاتابېك، ئىنزا تارتماي، تارتىنماي جاۋاپ بېرىڭ، بۇ قېتىم تاشكەنتتىن چىقىشىڭىزدىكى ئەسلى مەقسىتىڭىز نېمە ئىدى؟

قۇتىدار تەرىپىدىن كۈتۈلمىگەن بۇ سوئال ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى ۋە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى بىلمەي قالدى:

— ئۆزەم ... سىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن.

— توغرىسىنى سۆزلەڭ، بېك! — قۇتىدار بۇ گەپنى يېرىم جىددى قىلىپ كۈلۈپ ئېيتتى. چۈنكى ئاتابېكنى شۇ يوسۇندا بەزى تەرەپلەردىن تەمىن قىلماقچى ۋە ئۇنىڭغا بۇ توغرىدا جاسارەت بەرمەكچى ئىدى.

— ئېيتتىمغۇ.

— توغرا ئېيتمىدىڭىز ...

ئاتابېك ھودۇققان ھالدا ئىدى:

— تاشكەنتتىن چىققىنىمدىكى مەقسەتنى سۆزلەش سىزلەرگە بىر بىھوزۇرلۇق بەرگىنىدەك، ئۆزەمگىمۇ ئېغىر ... ئۇ توغرىدا قەتئىي بىر قارارغا كەلگىنىم ئۈچۈن سىزلەرگە سۆزلەپ ئولتۇرۇشمۇ پايدىسىز، — دېدى.

ئاپتاپ ئايىم ئېرىگە قارىۋالدى، قۇتىدار مۇلايىمانە ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— سۆزلەش ئېغىرمۇ؟

— ماگىلا ئەمەس، ھەممىمىزگىمۇ ئېغىر ...

— ئەگەردە بىز رازىلىق بەرسەكچۇ؟!

ئېرىنىڭ بۇ جاسارىتىگە قارشى ئاپتاپ ئايىمنىڭ يۈزىگە نارازىلىق بەلگىسى چىقتى. ئاتابېك بولسا چوچۇپ كۆيىقۇدىن ئويغانغاندەك بولدى ۋە ئىككىلىنىپ سوزلىدى:

— سىز نىمىگە رازىلىق بېرىسىز؟

— بۇ قېتىم تاشكەنتتىن نىمە مەقسەتتە چىققان بولسىڭىز — شۇنىڭغا.

ئاتابېك خىجالەتچىلىكتىن تەرلەپ كەتتى:

— تاشكەنتتىن نىمە مەقسەتتە كەلگىنىمنى بىلەمسىز؟

— بىلىمىز، — دەپ كۈلدى قۇتىدار.

— سىزنى بۇنداق ئىشقا رازىلىق ئۈچۈن كىم ۋە نىمە مەجبۇر قىلىدۇ؟

— ھېچكىم مەجبۇر قىلمايدۇ، — دىدى كۈلۈپ قۇتىدار، — مەجبۇر قىلغان نەرسە: شۇنداق كۈنلەر ئۈچۈن ئوغۇل ئوستۇرگەن ئاتا - ئانىنىڭ رازىلىقلىرىلا، بەلكى سىزنىمۇ شۇ گەپ مەجبۇر قىلار!

— ئاتام بىلەن ئانامنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن شۇنىڭدىن باشقا سەۋەپ قۇرۇپ قالغىنىغا نىمە دىيىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. گەرچە تاشكەنتتىكى چېغىمدا، بۇ رازىلىق يولىغا بەل باغلىغان بولساممۇ، ئەمدى بۇ بەل باغلاشنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز بولغانلىقىغا چۈشەندىم ...

ئاپتاپ ئايىم "توغرا" دەپ ۋاقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئەمما قۇتىدار خوتۇنىغا ھومىيىپ قارىدى.

— قىسقاراق ئويلايسىز، ئاتابېك! — دىدى، — ئاتىڭىز بىزگە مۇراجەت قىلمىغان بولسىدى، بىز بۇ ئىشتا بىتەرەپ قالساق بولاتتى. ھازىر بىزمۇ سىزنىڭ سوزىڭىزگە قوشۇلساق، سىز ئەمەس، يامان ئاتلىق بىز بولىمىز.

— ئۈنىڭ مۇلاھىزىسىنى قىلماڭ.

— نېمىشقا قىلمايلىق؟

— ھەممە ئەيىپنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئارتىپ جاۋاپ بېرىڭ.

قۇتىدار كۈلدى ۋە سورىدى:

— تاشكەنتتىكى چىقىمىزدا ئاتىڭىزنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغانمىدىڭىز؟

— قوبۇل قىلغان ئىدىم.

— بىزنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالغىلى مەرغىلانغىمۇ كەلگەن ئىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ...

— بارىكاللا، مەرغىلانغا كېلىپ بۇ گەپتىن ئاينىدىڭىز - ھە؟

— ئاينىدىم ...

— ئەمدى تاشكەنتكە مەرغىلاندىن ئاينىپ بارسىز؟

— ...

— مانا، كوردىڭىزمۇ، پەقەت بۇ ئىشتا بىزلا يامان بولىمىز. ئۆزىڭىزنىڭ شۇ خاتايىڭىز ئۈچۈنمۇ بۇ گەپنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرسىز!

ئاتابېك نېمە دەپ ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدى ۋە ئۆزىنىڭ بالىلىق ھەركىتىدىن سەسكىنىپ، خىجالەتچىلىك ئارىسىدا سورىدى:

— ئاتام سىزگە قاچان خەت يازغان ئىدى؟

— تۈنۈگۈن ئالدىم. دىمەك ماقۇل بولدىڭىز؟

— مەن بۇ گەپكە ئويدانراق ئويلىماستىن جاۋاپ بېرەلمەيمەن.

— قانچە ئويلىسىڭىزمۇ جاۋاۋىڭىز بىرلا بولۇشى كېرەك، يەنى رازىلىق!

قۇتىدارنىڭ بۇ سوزى تولىمۇ قەتئىي ئىدى. بۇ قەتئىيەتنى چۈشەنگۈچى، كوڭلىدىن چىقىرىۋېتەيلا، دەپ قالغان بۇ مەسىلىنى راستىن ئويلاشقا مەجبۇر ئىدى. نېمە بولغاندىمۇ كوڭلىنىڭ بىر چېتىنى كىر قىلىپ ياتقان بۇ "ئاتا - ئانا ئارزۇسى" بىر

تەرەپتىن قارىغاندا، بەك يېنىكلىتىپ قالغان ئىدى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن مەسىلىنىڭ يېشىمىگەن ياقلىرىمۇ بار.

— ئوبدان، — دېدى، — مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە ماقۇل بولاي، ئەمما ماقۇل بولۇش ۋە رازىلىقنىڭ زورۇرى قىزىڭىزدا ئەمەسمۇ؟

شۇ چاقىچە مۈگدەپ ئولتۇرغان ئاپتاپ ئايىم يالت قىلىپ ئېرىگە قارىدى ۋە يەنە چەكسىز بىر مېھرىۋانلىق نەزىرى بىلەن ئاتابېككە كۆز تاشلىدى.

— سىز قىزىمىزنىڭ ئەندىشىسىنى قىلىپ ئولتۇرماڭ، بېگىم! — دېدى قۇتىدار، — بۇ ئىشنى، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىكتۇر، كېيىنرەك ئۆزى كۆنۈپ كېتەر، بۇ تەرەپلەردىن تەشۋىش لازىم ئەمەس!

— ياق، — دېدى بېگ، — مەن بۇ ئىشقا بەشەرتى ماقۇل بولغىنىمدىنمۇ قىزىڭىزدىن يوشۇرمايمەن.

— نېمىشقا؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن تۇرۇپ، بۇ ئىشقا ئاياق قويۇشۇم مۇمكىن ئەمەس.

— ئەگەر ئۇنىمىسىچۇ؟

— مەنمۇ ئۇنىماسلىققا مەجبۇرمەن!

بۇ ئۇزۇل-كېسىل سوزدىن قۇتىدار ئويلاپ قالدى. ئاپتاپ ئايىم بولسا، قىزىنىڭ قەدرىنى بۇنچىلىك ئەرشلەرگە كوتىرىۋاتقان يىگىتكە ئۆزىدە چەكسىز مۇھەببەت، پايانسىز ئېھتىرام سەزمەكتە ۋە نىمە ئۈچۈندۇر يىغلىغۇسى ھەم كۈيئوغلىنىڭ مەڭزىدىن سۆيگۈسى كەلمەكتە ئىدى.

— بولىدۇ، — دېدى قۇتىدار، — ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئۆزىڭىز ئالماقچىمۇ سىز؟

— ياق، چۈنكى، قىزىڭىز ئۈچۈن ھاقارەت بولغان بۇ سوزنى ئېيتىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس! — دېدى.

ئەر ۋە خوتۇن بىر-بىرلىرىگە قارىشىپ قويۇشتى، ئاخىرقى

سوزنى تۆگەتكەندىن كېيىن، ئاتابېكنىڭ كوزىگە ياش كەلگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ ھالىدىن ئىزا تارتتى. ئەتىمالىم، ئۇلارنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ چىققاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن يەنە يېرىم سائەتچە جىمەللىشىپ ئولتۇرۇشتى.

* * *

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن يېڭىلانغان تەشۋىشلەرنى بىر ئاز ئۇنتۇلدۇرار دىگەن ئۈمىت بىلەن پايىچىراقنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، فۇزۇلى دىۋانىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئەمما فۇزۇلىنىڭ رەڭمۇ - رەڭ شېئىرلىرى ئۈستىدە قانائەتلىنىپ توختىمايتتى، دائىم ۋاراق-لىغىنى - ۋاراقلىغان ئىدى. شائىرنىڭ نەپىس شېئىرلىرى ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇزسىز سوزلەرنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا ھېچ نە-مە ئەمەس ئىدى. ئۇ ھازىر ئۈشتۈمتۇت كىتاپنى يېپتى - دە، ئايۋانغا قۇلاق سالدى. چۈنكى ھازىرلا سوزلىشىپ ئولتۇرغان كۈمۈش بىلەن ئانىسىنىڭ ئاۋازلىرى جىمىققان ئىدى. ئۇ بۇ ھال-دىن شەكلەندى. ئايۋاندىن ئانا - بالىنىڭ نەگىدۇر يوقالغى-نىنى پەملىگەندىن كېيىن، رەڭگىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولغان ھالدا يېنىپ كېلىپ ئولتۇردى. نىمىشقىدۇر ھازىر ئۇنىڭدا بىرەر پاجىئەگە يولۇققان كىشىنىڭ ھالىتى بار ئىدى. كىشى ئىزتىراپ-قا چۈشكەن چاغلاردا خالاپ ئەمەس، ئىختىيارسىز رەۋىشتە بە-زىبىر يوسۇنسىز ئىشلارغا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇمۇ جىد-دى بىر ۋەزىيەتتە فۇزۇلىنىڭ مۇتالىئەسىگە بېرىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ شۇبھىسىدىكى گەپكە قېنىق، ئاردىن يېرىم سا-ئەتلەپ ئەمەس، بىر سائەتلەپ ئوتۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭغا زېرىكەرلىك ئەمەس، چاپسان كەلگىنىدىن كەلمىگىنى ياخشى؛ ياخشىلىقمۇ، ياماندىلىقمۇ، ئىش قىلىپ بولىدىغان كوڭۈل-سىز گەپنىڭ كېچىككىنى ياخشى ... فۇزۇلىنى ئوبىدان ئوقۇش كېرەك! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەنىلىك شېئىرلاردىن بېشىنى كوتەرمەي-

ىدۇ، گوياكى ئېيتقۇسىز ھالدا كىتابقا مىخلانغان ...
كۈمۈشنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىمۇ ئۇنىڭغا سېزىلمەي قالدى. ئۇ قۇشلارغا ئوخشاش مۇلايىم ئۇز ئاۋاز چىقارمايدىغان قىلىپ گىلەمنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ كەلدى-دە، ئاستاغىنا شام يېنىغا — ئاتابېكنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆينىكىنىڭ يەلپۈگەن يېڭىكىدە شامېلى بىلەن يېنىپ تۇرغان شام "لاپ" قىلدى-دە، كورۇشكەندەك، ئوينىشاقاندەك بولدى. بۇ ھالدىن كېيىن كىتاپ ئۈستىگە دۇم چۈشۈپ ئولتۇرغۇچى چوچۇپ كۆتىرىلىپ قارىدى. ئۇدۇلىدا پۈزۈلىنىڭ تەبىرىچە: سېپى زەنەخدانى① نىمىشقىدۇر قىزارغان، بەھرىلىك كىرپىكلىرى كۆز ياشلىرى بىلەن جۇپلەنگەن، ھىلىقى پەرى تۇراتتى ... بىر قاراش بىلەنلا كۈتكەن ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى ۋە گۇناكارلاردەك كۆزىنى يەرگە تىكتى. ئۇ كۈمۈشتىن غەزەپلىك سۆزلەرنى، ئاچچىق خىتاپلارنى كۈتەتتى ۋە بىرىنچى نۆۋەتتىلا ئاتا-ئانا گۇناھىغا تۆۋا قىلىشقا تەييارلىناتتى. ئەمما ئىش ئۇ كۈتكەندەك چىقمىدى. كۈتۈلمىگەن يەردىن، گوياكى ئۇنى بۇ ئېغىر ھالدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك:

— پۈزۈلى ئوبدان كىتاپ، — دىدى كۈمۈش، — مەنمۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا بۇ كىتاپتىن بېشىمنى ئالمايدىغان ئىدىم، سىزمۇ شۇنداقمۇ؟

— ...

ئاتابېك گاڭگىراپ قالغان، ئۆزىنى ئاۋۇتماقچى بولغان بۇ ئالىجاناپ گۈزەلگە نىمە دىيىشىنى بىلەلمەيتتى. گەپنى نەدىن باشلىشىنى بىلمەيتتى:

— كىم يىغلاتتى سىزنى؟
— يىغلاپتىمەنمۇ؟!
— كۆزىڭىز، كىرپىكىڭىز ...
— ئۆزى شۇنداق ...

① سېپى زەنەخدان — ئىڭەك ئاستى — تاماق.

— يىغلاتقان مەن ئەمەسمۇ؟

— كىتاپنى نىمىشقا ياپتىڭىز؟ ئېچىپ ئوقۇڭ، مەن ئاڭلاي!

— ئاتا - ئانا رازىلىقىنى بىر تامچە كۆز يېشىڭىزغا تېگىشتىڭىزمۇ؟

— مەن رازى. مەن ماقۇل بولدۇم! — دېدى دەررۇلا كۈمۈش، بۇ سۆزنى نىمىدىندۇر قورققاندەك ئالدىراپ ئېيتتى.

— ماقۇل بولدىڭىز ... نىمىشقا، ھە؟

ئاتابېك تەئەججۇپ ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئىدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، — دېدى كۈمۈش، — مەن سىزگە ئىشىنىمەن ...

— شۇنىڭ ئۈچۈن ...

— شۇنىڭ ئۈچۈن ماقۇل بولدۇم ..

— كۆڭلىڭىز پەرىشتىلەرنىڭ كۆڭلىدەك.

— سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز!

ئىككى جان، ئىككى يۈرەك شۇ چاغدا گوياكى بىر پۈتۈندەك بىر - بىرسىنى چۈشىنەتتى ۋە بىرسىدىن بىرسىگە ئۆتۈپ يۈرەتتى.

— بولمىسا نىمىشقا يىغلىدىڭىز؟

بۇ سوئالدىن كۈمۈش خېلى ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ، ئىنزا تارتىش ئارىلاش بىر تەبەسسۇم بىلەن:

— ئانچىكى ... — دېدى ۋە كەينىدىن ئۆزىنىڭ ھەممە تىلەك ۋە شەرتلىرى مەنىسىنىڭ يىغىندىسى بولغان، — مېنى ئۇنتۇمامسىز؟ — دىگەن سوئالىنى بەردى. ئاتابېك ئېيتىدىغان سۆز تاپالماي قالدى. چۈنكى، يۈرەك سىرىنى ئىپادە قىلغۇدەك جۈملە تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىچە سۆزلىدى:

— ئاتا - ئانا ئارزۇسى ...

— بىلىمەن، — دېدى بەزلىگۈچى ئاۋاز بىلەن كۈمۈش.

— مېنىڭ ئارزۇيۇمنى بىلەمسىز؟

— كۈمۈش ئاتابېكنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى ۋە جەينەكلىرى بىلەن ئۇنىڭ تىزىغا تايىنىپ ئەگىلدى ...

قۇتىدار تەرىپىدىن ئىنئاملىككە تاشكەنتكە مېڭىش ئېلان قىلىندى. ئىككىسىنىڭ ھەممە ۋاقتى شامنىڭ يېنىدا سۆزلىشىش بىلەن ئۆتتى ...

## 3

## قاپاق دىۋانىنىڭ بەلۋېغى

ئاچ قوساققا ئاچچىق پىياز يەپ، كوك چاي ئىچىشتىن زېرىككەن ئادەملەر چايخانىغا قاپاق دىۋانىنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا سۆز تاشلىشىپ كەتتى:

— كېلىڭ، كېلىڭ، دىۋانە!

— بىر چىنە چېيىڭلار بارمۇ خوۋارى؟

— بار، بار، ئەۋلىيا. بىر بەچچە بولسىڭىز قاچىسى بىلەن سىزنىڭكى.

قاپاق دىۋانە دېگىنىمىز ئوتتۇرا ياش، شالاڭ ساقال، قاتما، كۈننىڭ ئىسسىقىغا قارشى ئوچەكەشكەندەك بېشىغا كونا تۇماق، ئۈستىگە پاختىسىدىن باشقىسى قالمىغان ئۇزۇن چاپان كىيىپ، بېلىگە يېڭى ماتا بەلۋاغنى بەش - ئالتە ئايلاندۇرۇپ باغلىغان ۋە ئۇنىڭغا بەش - ئالتە دانە چىلىم قاپىقىدىن تارتىپ تا سۇ قاپىقى ۋە ئويۇنچۇق قاپاقلارغىچە ئاسقان، قاپاقلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئارانلا ھەركەت قىلىدىغان، ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر بىر دىۋانىسى ئىدى.

بۇ دىۋانە تاشكەنتنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم، بەگلەردىن، باي-

لاردىن، قىسقىسى شەھەرنىڭ چوڭ- كىچىكىدىن ئۆزىگە ئىخ-
لاسمەنلەرنى كوپەيتكەن ۋە كوپلەرنىڭ تەرىپىدىن قىلغان كا-
رامەتلىرى رىۋايەت قىلىنغان بىر مەجنۇن ئىدى. شەھەردىكى
ھەممە ئۇنىڭ تونۇشى، كارامىتىگە بىپەرۋا بولغانلارمۇ ئۇنىڭ
قىزىق ھەركەتلىرىگە ۋە ئەپسانە سوزلىرىگە قىزىقاتتى.
بۇ چايخانىدىكىلەرمۇ شۇ كىيىنكى سىنىپتىن ئىدى.

بىرەر ئىخلاسمەنىنىڭ قولىدىن باپلاپ تاماق يىسەن بولسا كېرەك، ھازىر شۇنىڭ ئۇسسىزلىغىنى بېسىش پىكرىدە ئىدى.

— بەچچەڭ كىم، بەچچەڭ؟ ئانام مېنى بەچچىلىك ئۈچۈن تۇغمىغان ... چىپىگىدىن بەرگىن، چىپىگىدىن!

— ئانىڭىز سىزنى نىمە ئۈچۈن تۇققان؟

— خانىنىڭ قويىنى بېقىش ئۈچۈن، قاپاقلارنى بەلگە ئېسىش ئۈچۈن، چىپىگىدىن بەرگىنە خوۋارى!

دىۋانىگە بىر پىيالە چاينى ئىچىشكىمۇ تېچلىق بېرىشمىدى. ئەرمەكچىلەردىن بىرى ئۇنىڭ كوزىنى ئالاقزادە قىلىپلا، بېلىدىكى قاپاقتىن بىرىنى يۇلۇپ قاچتى، ئىش يامانغا ئايلاندى. قوغلاپ تۇتالمىدى. كېيىن كېلىپ يەنە بىر چىنە چاينى ئىچتى ۋە ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا قاپىقى توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىپ باقتى. بولمىغاندىن كېيىن قاپىقىنى يوقلاپ ھوڭگۇرەك ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەرمەكچىلەرنىڭ كۈتكىنىمۇ پەقەت ئۇنىڭ يىشى ماڭقىسىغا، ماڭقىسى شالىغا قوشۇلۇپ يىغلىشىنى ئىدى.

قاپاقنى يۇلۇپ قاچقان ئوگزىدىن كېلىپ سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى باراڭغا قاپاقنى ئاستى ۋە ئۆزى چۈشۈپ دىۋانىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— قاپاق ئوغرىسىنى تۇتتىڭىزمۇ دىۋانە؟

— ياق، ئۇكام! قاپىقىمدەك ئىششىپ ئولسۇن، قاچقان بويى كەتتى!

بىرسى، ئەسكى جۇۋا مەھەللىسىدە كورگەنلىكىنى ۋە قاپاققا

ئىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. يەنە بىرسى "ئەجەپمۇ قاپاق ئىدى-دە" دېگەن ئىدى، ئۈچىنچى بىرسى "ئىسسىت-ھەي" دەپ قويدى. دىۋانىنىڭ ئۆپكىسى ئۆششۈپ كەتتى. ئەرمەكچىلەرنىڭ يۈرىكىگە نوۋەتلىشىپ ئوت يېقىشاتتى:

— قاپىقىڭىزنىڭ ئۆزى بۇ ئىقلىمدا يوق نىمە ئىدى-دە! — دېدى بىرسى. دىۋانە قاپىقىنىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەپ بەردى:

— دادام مۇسەللەس قاپاق، ئاپام ئاش قاپاق ... — دېدى. كۈلۈشتى. ئەرمەكچىلەردىن بىرسى يۇقۇرىدا ئېسىلغان قاپاقنى كۆرسىتىپ ھەيران بولدى:

— ھوي-ھوي، ئاۋۇ كىمنىڭ قاپىقى بولدى؟

دىۋانە سويۇملۇك قاپىقىنى باراگىدا كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتتى:

— ۋاي خوۋارىڭنى ... ساراڭلار، ۋاي كاللىسى يوق خوۋارلار! قاپىقىمنى بەر، ساراڭلار!

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئەۋلىيا! قاپىقىڭىزنى چۈشۈرۈپ بەرسەم نىمە بېرىسىز؟

— سورىغىنىڭنى ئال، ساراڭ ... ئايرىم يېزىسىغا بەگ بول، تەلۋە؛ تىللا جابدۇقلۇق ئات مىن، ساراڭ ...

— مەن ئايىم يېزىسىنىڭ بەگلىكىنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمايمەن. قاپاقلىرىڭىزنىڭ كەسپىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز ماڭا شۇ يېتىدۇ.

دىۋانە بۇ شەرتكە كوندى، قاپاق چۈشۈرۈلۈپ، دىۋانىنىڭ قولىغا ئامان-ئېسەن تەگدى. بۇ مەھبۇبە، بەكمۇ بىر ئېھتىيات ۋە ئېتىۋار بىلەن بەلگە — باشقا ھەمراھلىرى يېنىغا ئېسىلدى.

— قېنى ئەمدى باشلاڭسۇن، دىۋانە!

قاپاق دىۋانە، بېلىدىكى قاپاقلاردىن بىر ئەگرى-مايمىقىنى كۆرسىتىپ، "ماۋۇ مۇسۇلمان چولاق!" دېدى، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئاجايىپ قاپاقنى نوقۇپ "بۇ، خۇدايىمچىچە" (خۇدايار

بەچچەن) دېدى، سۇ قاپىقىنى ئەكىلىتىپ، "ناركاللا" (نازمۇھەممەت قۇشبېگى) دېدى. قالغان ئىككى تال سېلىق قاپاقچاقلارنى "ناش قاپاق، يۇپقا تاماق" دەپ قويدى. ئەرمەكچىلەر كۈلۈشتى. بۇ قاپاق ئوغرىلارنىڭ ئارىسىدىن چاپسانراق قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېيىنىشكە تەرەددۇتلانغان ئىدى، بىرسى تۇتۇپ قالدى.

— توختاڭ، تېخى گەپ بار، — دىۋانە تىللاپ توختىدى، — ماۋۇ بېلىڭىزدىكى بەلۋاغنى نەدىن ئوغرىلىۋالدىڭىز؟

— قويۇۋەت جۇۋاينىمەك كەتكۈر!

— ئۆلۈشكۈن ئوغرىغا ئالدۇرغان بەلۋىغىڭ شۇ ئەمەسمۇ كەردىمۇل؟ — دەپ يېپىشىۋالدى ئەرمەكچى.

— ھە، ھە، خۇددى شۇ ئوغرىغا ئالدۇرغان بەلۋېغىم — تۇتتۇق ئوغرىنى.

قاپاق دىۋانە خۇددى بەلۋىغىدىن ئاجراپ قالىدىغاندەك ئىككى قولى بىلەن بېلىگە چاپلاشتى.

— سېنىڭكى بۇ ئەمەس، تەلۋە!

— ياق، مېنىڭكى خۇددى مۇشۇ، يەش، بولمىسا مىرشەپنى چاقىرىمەن.

— خۇۋارىڭنى ... نېمە دەيدۇ بۇ!

— راستىنى ئېيت، بۇنى نەدىن ئوغرىلىدىڭ؟!

دىۋانە بەلۋىغىنىڭ تۈگۈلگەن جايىغا چىڭ كۆكلىدىن چاپلاشقان ھالدا:

— ئوغرىلىمىدىم، تەلۋە، ھاجى پاچچاكنىڭ تويىدىن ئالدىم، ساراڭ! — دېدى.

— ھاجى پاچچاك كىم؟ يالغان سۆزلىمە، ئوغرى!

— ھاجى پاچچاكنى تونۇمامسەن، تەلۋە؟

— تاشكەنتتە ھاجى پاچچىدىن چىق نېمە بارمۇ، ئوغرى؟

— كاللاڭ ئاينىپتۇ، ساراڭ ... يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ھېلىقى: توي بولدى، بەزمە بولدى، ئوغۇل ئۆيلەندى ... قويۇۋەت، جۇ-

ۋاينىمەك كەتكۈر!

دىۋانە ئەرمەكچىلەرنىڭ قولىدىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كوزىنى باغلىۋالغان بىر ئادەم، نىمشقىدۇر، دىۋانىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. چايخانىدىن خېلىلا ئۇزاقلاشقان ئىدى.

— دىۋانە، — دەپ قىچقاردى ھىلىقى ئەگەشكۈچى.

دىۋانە ئۇزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بۇ كوز ئاغرىقنى تونۇدى، سويۇملۇك قاپاقلارغا كەلگەن بالا بولمىسۇن، دەپ كېتىۋېتىپ قاپاقلىرىنى ئېھتىيات بىلەن تۇتىۋالدى:

— نىمە دەيسەن، كوز ئاغرىقى؟

— قورقماڭ دىۋانە! — دىدى كوز ئاغرىقى ۋە قەدەملىرىنى ئىتتىكلەتتى.

— نىمە ئىشىڭ بار؟

— توختاڭ.

دىۋانە ئاران توختىدى. كوز ئاغرىقى ئۇنى چوچۇتۇۋەتمەسلىك ئۇچۇن نېرىدا تۇرۇپ يانچۇغىنى كولاۋەردى.

— سىزگە نەزرىم بار.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ دىۋانە يولغا چۈشتى. كوز ئاغرىقى ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى ۋە:

— مەڭ! — دەپ پۇل كورسەتتى. دىۋانە ئىلتىپات قىلماستىن كېتىۋەرگەن ئىدى: — توختاڭ دەيمەن! — دەپ دوق قىلدى. دىۋانە نېرىدا توختىدى:

— كەلمە، كەلمە، كوز ئاغرىقى!

كوز ئاغرىقى ئون قەدەمچە نېرىدا تۇردى:

— ھازىر كىم ئوغلىنى ئويلەندۇردى، دىدىڭ؟

— كىم ئويلەندۇردى، دىدىڭ؟

— ئېيتىسىڭغۇ چايخانىدا ...

— ئېيتىسىڭغۇ چايخانىدا ...

— بەلۋاغنى نەدىن ئالدىڭ؟

— موماي بەردى.
— راست ئېيت!
— تويغا كەلدىڭمۇ؟
— تويغا كەلدىم ...
— يۇسۇپبېگنىڭكىگىمۇ؟
— يۇسۇپبېگنىڭكىگە.
— بەلۋېغىڭ يوقمۇ؟
— يوق.
— توي تۆگىگەندە كەپسەن.
— يۇسۇپبېگ قايسى ئوغلىنى ئۆيلەندۈردى؟
— قانچە ئوغلى بار؟
— قانچە ئوغلى بار؟
— بىرتال ... قارا تېگىنىدىن كەلدىڭمۇ، ئاچاڭ ئامانمۇ؟
— ئامان ... قاچان ئۆيلەندۈردى؟
— ئۆزەڭ ئۆيلەنگەنمۇ سەن؟ ... قارا تېگىنىدىن نەچچە كۈندە كەلدىڭ؟
— بەش كۈندە. قاچان ئۆيلەندۈردى؟
— ئېشەككە مىنىپمۇ، پىيادىمۇ؟
— ئېشەككە مىنىپ.
— نەشەڭ بارمۇ؟
— بار.
— كىچىككىنە بەرگىنە.
— بېرىمەن، ئاۋال ئېيت، قاچان ئۆيلەندۈردى؟
— يۈزۈڭگە قاچان چىچەك چىققتى؟
كوز ئاغرىقى بۇ تايىنى يوق سوزلەردىن ئەسەبىلىشىپ كەتتى:
— قاچان ئۆيلەندۈردى دەيمەن؟
— توي تۆگىگەندە كەپسەن دىدىمغۇ... بىر ھەپتە بولدى.

ئۇن كۈن بولدى، بىر ئاي بولدى... ھە، ھە، چىلىنغى ئەمدى بولغۇدەك... چىلاقتا بار، قارا تېگىن!

— تاشكەنتتىن ئۆيلەندۈردىمۇ؟

— ھى، ھى، ھى — ئەخمەق، تاشكەنتتىن بولماي، قارا تېگىندىن بولسۇنمۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن كوز ئاغرىقى چايخانىغا يېنىپ كەتتى.

## 4

## جادۇگەر ھىندى

قېيناتىسىنىڭ ئاغرىغان كېسىلىدىن تۈزۈلەلمەي ۋە ياكى چاپسانراق ئۆلۈپ تىرىكلەرنى قۇتۇلدۇرماي، "چىلاق بالاسى" بىلەن ئۆزىنىڭ يېپىسىز باغلىنىپ قالغىنى ئۈچۈن ئاتابېك ئەڭ ئاخىرقى چەكتە سىقىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىسىغا ئېچىتىپ سۆزلەمەكتە ئىدى:

— ئۆيلەپ بېقىڭ، جېنىم ئانا! بىر بىچارە سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى دەپ قىزىنىڭ ئۈستىگە كۈندەش يۈكىنى ئارتتى ۋە بىلىللەشىپ تويىڭىزنى ئۆتكۈزدى. ئىشلىرىدىن قېلىپ، ئۇن كۈنلەپ تاشكەنتتە يۈردى. ھەرقانچە بولسىمۇ بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىش كېرەك ئىدى.

ئۆزبېك ئايىم ئۆزىنىڭ بىر ھەپتىلىك سۆزىنى تەكرارلايتتى:

— ئەمدى قانداق قىلاي بالام، ئۆتكۈزمەي كەتكىنىڭ بىلەن سەت بولىدۇ!

— سەت دەيسىزۇ، سەت ئىشنى ئۆزىڭىز چۈشەنمەيسىز!

ئۆزبېك ئايىم ئوغلىنىڭ چورت سۆزىدىن خاپا بولدى.

— تولا ھودۇقۇپ كەتمە ئوغلۇم! چىلاقمۇ ئۆتەر، ئەندىسىنىڭ

چىرايىڭىزمۇ كۆرەرسەن!...

— جېنىم ئانا، — دېدى ئاتابېك، — سىزنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىڭىزگە نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلمەيمەن... بىللاكى، مېنىڭ ھودۇقۇشۇم سىز ئويلىغاندەك بولسا... خوتۇنۇمدىنلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ ئالدىرايمەن. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە باشقا ئىش كەلمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن ھودۇقـمەن! مەن سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا پۈتۈنلەي قارشى ھالدا، تاشكەنتىڭىزنى تىلىغىمۇ ئالمايدىغان دەرىجىگە يەتكىنىمدە، شۇ بېچارىلەر سىلەرنىڭ رايىڭلارنى قىلىپ مېنى بۇيەرگە سورەشكەندەك ئېلىپ كېلىشتى. سىز بولۇشنى بىلىسىڭىز، ئەگەر بولمىغاندا شۇنى بولسىمۇ ئويلاش كېرەك ئەمەسمۇ؟

— بولمىسا چىللاقنى كۈتمىگىن - دە، يۈگۈرگىن! — دېدى ئۆزبېك ئايىم، — مەرغىلانلىقنىڭ ئوكچىگىدىن ئۇرغانلىقى ئېنىق ئىكەن!

ئاتابېك تولىمۇ بوغۇلدى ۋە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى بۇ ئارزۇ - ھەۋەس ئانىسى يارىنى بارغانسېرى يوغانراق ئېچىۋېرىشكە بەكمۇ ئۇستا ۋە بۇ ئۇستىلىق ئۆزبېك ئايىمنىڭ ھەممە كۈتكەنلىرىنىڭ كۈنساناپ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ھازىر سىر ناھايىتى ئوچۇق چۈشىنىلىپ، مەرغىلانلىقنىڭ "جادۇ" سىنىڭ بەكمۇ كۈچلۈكلۈكىگە تولۇق ئىشەندى. ئوغلىنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسىنى كوزدى — كورۇش بولسا — ئارزۇ قىلغاندىنمۇ ئارتۇق. لېكىن بۇ ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ كەينىدىن كۈتۈلمىگەن مەرغىلانلىق بالاسىدىن ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسى ئۇنىڭ خالىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى - دە، يەنە مەرغىلانلىقنىڭ سېھرى ئۈتكۈرلۈك قىلدى... نىكا كۈنى ئاتابېكنىڭ كىيىملىرىنى جوھۇت موللىغا ئوقۇتۇشلار، مەرغىلانلىقتىن سوۋۇتۇپ تاشكەنتلىككە ئىسسىتىشلار — ھەممىسىلا ھازىر ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىشاتتى. كېيىنكى "بەش - باش داموللا" نىڭ بەرگەن تۇتىرۇق، ئېزىپ ئىچۈرىدىغان دۇئا

تۇمالىرىمۇ ئىمىشقىدۇر تەسىر قىلغاندەكمۇ بولۇشمىدى...

ئۇزبېك ئايىم مەرغىلانلىقنىڭ موللىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمىسىمۇ، ئەمما بىر ئىشقا تولىمۇ ھەيران ئىدى: جوھۇتنىڭ قىلغان جادۇسىنى — جوھۇت مۇسۇلمان موللىسىنىڭكىنى — مۇسۇلمان قايتۇرالايتتى؛ ئىمىشقا بۇلار زادىلا تەسىر قىلمايدۇ؟ ئۇزبېك ئايىم ھازىر بۇنىڭ سىرىنى ئويلاپ تاپالمايتتى. بۇ بېشى ئىتنىڭ كوچىدا ئۇزاق سولىنىپ قالمىدى — بۇنىڭ سىرىنى چاپسانلا تاپتى، تاپقاندىمۇ بەك توغرا تاپتى: "مەرغىلانلىقنىڭ موللىسى جوھۇتمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس — ھىندى! — ھىندىلارنىڭمۇ خەنناسى①، بەس، خەنناسنىڭ سېھرىنى مۇسۇلمان موللىسىمۇ، جوھۇت موللىسىمۇ قايتۇرالمايدۇ. شۇ ھىندىنىڭ ئۆزى قايتۇرمىسا، باشقا ئىلاج يوق!"

قانداق قىلىش كېرەك! تاشكەنتتە ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ بېرىدىغان بىرەر ھىندى موللىسىمۇ يوق ... ئەمدى خوتۇن كىشى بېشى بىلەن مەرغىلانغا مۇراجەت قىلسۇنمۇ؟!

باشقا كەلگەننى تارتماي ئىلاج يوق، دېگەن سوز بار. ئۇزبېك ئايىممۇ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈلپەتنى تارتىشقا مەجبۇر ئىدى: مۇشۇ قېتىمدىن قالدۇرماي ئاتابېكنىڭ يېنىغا ھەسەن ئەلىنى قوشۇپ مەرغىلانغا ئەۋەتتەمەن؛ ھەسەن ئەلى ئۇ يەردىكى ھىندى موللىسىنى تېپىپ ئاتابېكنىڭ ئۈستىدىكى سېھىر - جادۇلارنى يەشتۈرسۇن... ھىندى قانچە ئالسا ئالسۇن، بىساتىمدىن ئۇنى - بۇنى سېتىپ پۇل قىلىپ بېرىمەن."

ئاتابېك ئانىسىنىڭ ئالدىدا سۈكۈتكە چومگىنىچە جىم ئولتۇراتتى. ئۇزبېك ئايىم ھىلىقى كەشپىياتتىن بوشاپ، بۇ توغرىدا ئاخىرقى قارارغىمۇ كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتابېككە دېدى:

— ئوغلۇم... يېڭى ئۆيلەنگەن ئىتىڭ بار! مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟ بىچارە يالغۇز ئولتۇرىدۇ!

① خەنناس — قەسەمدىن يانغان.

ئاتابېك ئانىسىغا بىر قاراپ قويدى - دە، جاۋاپ بەرمىدى:
— بارغىن، بالام، بارغىن! بۇ ئىشنىڭ ياخشى ئەمەس... — ئۇزبېك ئايىم سۆزىنى بولۇپ، دەرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغان ئايباداققا قارىدى.
— سۈتلۈك چاي تەييار بولدى، ئەپكىرەيمۇ؟
— ئىككى ئاپقۇرنى كېلىنىڭ ئۆيىگە بەرگىن، مەن بىلەن ھەسەن ئەلىنىڭكىنى مۇشۇ يەرگە ئەپكەل!
ئايباداق كېتىشكە باشلىغان ئىدى، ئاتابېك ئۇنى توختاتتى:
— مېنىڭكىنىمۇ مۇشۇ يەرگە ئەپكېلىڭ، — دېدى. ئايباداق ئۇزبېك ئايىمغا قارىدى، ئۇزبېك ئايىم ئوغلىغا ھومايدى... ئاتابېك بۇ ھومىيىشقا ئېتىۋار بەرمەي، ئايباداققا... شۇنداق قىل، دەپ شەرەت قىلدى.
— بولمىسا كېلىنىڭكىنىمۇ مۇشۇ يەرگە ئەپكېلىپ، ئۇزىنى قىچقار، ھەسەن ئەلى ئۆيدە ئىچسۇن، — دېدى ئۇزبېك ئايىم، ئايباداق كەتكەندىن كېيىن ئوغلىدىن سورىدى، — بۇ نىمە قىلىق بالام؟
— قىلىق ئەمەس.
— كېلىن بىلەن ئىچسەڭ نىممۇ بولاتتى؟ بىراۋنىڭ بالىسىنى بۇنچىلىك خورلاش ياخشى ئەمەس.
— بۇنىڭدىن خورلىغانلىق چىقمايدۇ. ئۇزىنى بۇ يەرگە قىچقاردىڭىز، ئىش تۈگىدى.
ئۇزبېك ئايىم يەنە نىمىدۇر دېمەكچى ئىدى، ئايباداق داستىخان كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى.
— كېلىنگە ئېيتتىڭمۇ؟
— ئېيتتىم.
داستىخان سېلىنىپ چۆشلۈك چاي كەلدى. ئۇزبېك ئايىم چىنىسىگە نان سېلىۋېتىپ كوزىنى ئىشىكتىن ئالمايتتى، يەنى كېلىننى كۈتەتتى. كېلىن ئىشىكتىن كورۈنگەندە، ئوغلىغا "قارشى ئال" دېگەندەك قىلىپ قاراپ قويدى. ئۇ يەتتە ياشلاردا بار،

توقچاق يۈزلۈك، ئاپپاققىنا، ئوتتۇرا ھوسنىلىك زەينەپ، قېينانى-
سىنىڭ تىلەك ۋە شەنىگە لايىق تەۋەززۇ - ئەدەپلەر بىلەن بىر -
بىر دەسسەپ داستىخاننىڭ يېنىغا كەلدى. قېينانا تەرىپىدىن
"ئولتۇرۇڭ" رۇخسىتى بېرىلگەندىن كېيىن، سىقىلىپ - قورۇنۇپ،
ئاۋاز چىقارماستىن ئاستا ئولتۇردى. ئوزبېك ئايىمىنىڭ كۆزى
ئوغلىدا، ئوغلى بولسا چايغا نان توگۇرۇپ يېمەكتە ئىدى. بىر -
ئىككى قېتىم ھومىيىپ - ھومىيىپ ئوغلىغا قارىدى - دە، ئۇ-
نىڭ كۆزىنى ئۇچراشتۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا
مەجبۇر بولدى:

— چىللىغىنىمۇ بولسا بولمىدى، بېرىپ قېيناتاڭنى كۆرۈپ
كېلىدىغان بولساڭ چىللاققا قارىماي كۆرۈپ كېلىۋېرەمسەن يە؟

زەينەپ كۆزىنى ئېرىدگە تىكىپ قالدى. ئاتابېك سوئالا ئانى-
سىغا جاۋاپ بەردى:

— كۆرۈپ كەلسەم بولىدۇ... — دېدى ۋە كۈلۈمسىرىگەنـ
دەك قىلىپ زەينەپكە قارىدى. زەينەپمۇ كۈلگەن بولدى. مۇشۇ
كىچىككىنە كۈلۈمسىرەش ئوزبېك ئايىمنى خېلى تىنچلاندۇردى.
ئەمما گەپ شۇنىڭ بىلەن توختىلىپ، ئارىغا يەنە ھېلىقى جىم -
جىتلىق چۆكتى. ئوغلىنىڭ پۈتۈن زېرى - زەۋىرىنى تەكشۈرۈپ
ئولتۇرغان ئانا يەنە ئالاقزادىلىك كېسىلىگە ئۇچرىدى. زەينەپ-
نىڭ كۆزى پات - پات ئاتابېككە چۈشىدۇ، ئۇ بولسا غۇرت -
غۇرت قىلىپ چېيىنى ئىچىدۇ... بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئوزبېك
ئايىم ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيتتى، يۇتقان نان - چېيىنىڭ لەززىتى-
نىمۇ بىلمەيتتى. قىسقىسى ئولتۇرۇش گەپ - سۆزسىز، گويا تۇز-
سىز ۋە مەنىسىز ئىدى. بۇ مەنىسىزلىككە چارە كۆرۈش يەنە
ئوزبېك ئايىمنىڭ ئۈستىدە:

— كېلىن ئاغىچىغا تىللا ئۈزۈك بۇيرۇدۇڭمۇ؟

— بۇيرۇدۇم. ئەتە - ئۆگۈن پۈتۈپ قالىدۇ، — ئاتابېك سۆز-
نى سوزۇشقا يول قويمىدى. ئەمما ئانىسى گەپتىن گەپ چىقى-
رىپ، سۆزگە سۆز ئۇلىماقچى ئىدى:

— تىلىلا چاچپوپۇگىڭىز بارمىدى؟

— زەينەپ ئېرىگە قارىدى ۋە ئەيمىنىپرەك جاۋاپ بەردى:

— يوق.

— يوق بولسا ئېلىپ بېرەمەن! — دىدى ئاتابېك. ئوزبېك ئايىم خېلىلا جانلىنىۋالىدى. يەنە ئۇ يەر - بۇ يەردىن سوز قىستۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقماي قالدى. سۈتلۈك چايدىن كېيىن چەينەكتە چاي كەلدى. زەينەپ بىرىنچى پىيالىگە قۇيۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە قېينانىسىغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى، ئىككىنچى پىيالىگە قۇيۇپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىدى، ئۇنى ئاتابېك توختاتتى:

— بۇنىڭدىن كېيىن چاي بېرىشتە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يۇرمەڭ، — دىدى، — ئولتۇرغان جايىڭىزدىن بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

لېكىن بۇ گەپ قېينانىغا ياقمىدى، قارشىلىق بىلدۈردى:

— نىمىشقا ئۇنداق دەيسىن، بالام! ئورنىدىن تۇرۇپ چاي سۇنۇش ئادەمزاتنىڭ زىننىتى، كېلىنلەرنىڭ بار - يوق كېلىنلىكىمۇ شۇ يەردە ئەمەسمۇ!

— سىزگىمۇ ئولتۇرۇپ چاي سۇنسۇن دىمەيمەن، ئەمما بۇ تەكەللۇپنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، — ۋە قولىدىكى چاينى تېز - تېز ئىچىپ تۈگەتتى، دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئەلۋەتتە سىزگە ئورنىدىن تۇرۇپ چاي سۇنۇشى لازىم... — دىدى ۋە چىقىپ كەتتى. بۇ گەپنى زەينەپ راستتىلا ھىساپلىغىنى ئۈچۈن باشقا نەرسىنى ئويلىمىدى. ئەمما ئوزبېك ئايىم بوزۇرۇپ قالدى، يادىغا دەررۇ ھىندىنىڭ جادۇسى كېلىپ چۈشكەن ئىدى.

مۇشۇ ئولتۇرۇشتىن بىر سائەتچە كېيىن ئوزبېك ئايىم ئويىنى خالى قىلىپ، ھەسەن ئەلىنى ئوز يېنىغا قىچقارتىپ كىردى. ھەسەن ئەلى بۇ قىچقارتىشتىن ھىچنىمە سەزمىدى. چۈنكى خوجا ئاغىچىسىنىڭ ئىچكى سىرىغا ئانچە سىرداش ئەمەس، چىللاقنىڭ مەسلىھەتىدۇر، دەپ ئويلىماقتا ئىدى. ئوزبېك ئايىم ئوينىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ كەلدى - دە، ھەسەن ئەلىگە يېقىنراق ئولتۇردى ۋە

يىرىم ئاۋاز بىلەن مۇددىئانى ئېچىشقا باشلىدى.

— ئەمدى ئىش تاشكەنتتىكى موللىلار بىلەن تۈگەيدىغانغا ئوخشىمايدۇ... ئويلاپ باقسام، مەرغىلانلىقنىڭ موللىسى ھىندى ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاجىنى قىلىپ سىزنى بۇ يەرگە قىچقارتتىم. سەنمۇ ئادەمگە ئوخشاش كىيىمگە چۈشىنىپ، بۇ توغرىدا ئەقلىڭنىڭ يەتكىنىچە زېھنىڭنى يۈگۈرتۈپ باققىن... ئۆزەڭگە مەلۇمكى، كۈندىن - كۈنگە مەرغىلانلىقنى كۆزىتىش ئورنىغا ھەر سائەتتە ئۇنىڭغا خىيالى كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى شۇ ھىندىنىڭ جادۇسىدىن بولۇپ، مۇئەككىلەر ئاتابېكنىڭ بويىندىن سىرتماق سېلىپ، مەرغىلانغا تارتىشىدۇ...

ھەسەن ئەلى خوجا ئاغچىسىنىڭ ئۆزۈندىن بىرى داموللا خوجا بىلەن سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشىنى بىلىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ "ھىندى، سىرتماق سېلىپ تارتىش" دېگەندەك ئوخشاش سۆزلىرىگە چۈشەنمىدى. خوجا ئاغچىسىنىڭ پەيلىنى ئوبدان بىلگىنى ئۈچۈن، يەنە ئۇنىڭ قاغىشىدىن قورقۇپ چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈرمىدى - دە، "قىنى گەپنىڭ تۈۋى نەگە بارىدىكىن" دەپ جىم قۇلاق سالغان بولۇپ ئولتۇرۇۋەردى. ئەمما ئۆزبېك ئايىم سۆزىنى ھىلىقى يەردە توختىتىپ، "سەن شۇنىڭغا نىمە مەسلىھەت بېرىسەن؟" دېگەن سوئالنى بەردى.

— مەن نىمە دەيتتىم... سىز نىمىنى توغرا تاپسىڭىز شۇ - دە! — دېدى. ھەسەن ئەلىنىڭ چۈشەنمەسلىك نەتىجىسىدە بەرگەن بۇ جاۋابى ئۆزبېك ئايىمغا تولىمۇ ماس چۈشتى:

— بارىكاللا، ھەسەن! ئەنە شۇنىڭ ئىلاجىنى ئۆزەڭ قىلىسەن!

— ئوبدان.

— ئەتە - ئۆگۈن چىللاق بولۇپ ئۆتسە، ئەلۋەتتە ئاتابېك مەرغىلانغا يۈگۈرىدۇ. شۇ چاغدا سەنمۇ بىر ئىشنى بانا قىلىپ بىللە مەرغىلانغا بارىسەن - دە، نەدىن بولسىمۇ شۇ ھىندىنى تاپسەن ۋە نەزىرىنى بېرىپ ياخشىلاپ ياندۇرۇق قىلدۇرىسەن.

— كىمنى؟

— كىمنى بولاتتى ئاتابېكنى - دە!

— نىمىشقا؟

— چۈشەنمىدىڭمۇ؟

— چۈشىنىشىنىغۇ - چۈشەندىم... شۇنداق بولسىمۇ ئېنىقلىۋالماقچىمەن - دە.

— مەرغىلانلىقچۇ ئاتابېكنى ھىندى موللىسىغا ئوقۇتۇپ ئۆزىگە باغلىتىۋاپتۇ، ئەنە شۇنى سەنمۇ بايقاپ يۈرگەنسەندۇ؟

— بايقىمىغان بولسامۇ، ئەمما مەقسىدىڭىزگە ئەمدى چۈشەندىم،— دېدى ھەسەن ئەلى كۈلۈپ، — نىيىتىڭىز ئاتابېكنى مەرغىلانلىق كېلىندىن سوۋۇتۇش!

— بارىكاللا، — دېدى ئۆزبېك ئايىم، — سوۋۇتۇشلا ئەمەس، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئاتابېكنى ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇش.

ھەسەن ئەلى ھەيران بولدى. چۈنكى خوجا ئاغىچىسىنىڭ مەرغىلانلىققا بۇنچىلىك ئاداۋىتى بار دەپ ئويلىمايتتى.

— نىمىشقا ئەمدى؟

— ئوغلۇمنى مەرغىلانلىقنىڭ قولىغا بېرىپ قويمايمەن - دە! بۇرۇن تاشكەنتتە خوتۇنى بولمىغان بولسا — ئەمدى بار، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى كېلىنگە بىزنىڭ مۇھتاجلىقىمىز يوق...

— خوش، ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟

— قانداق قىلىشىمنى كۆندىنىمۇ روشەن، — دېدى ئۆزبېك ئايىم ۋە پۈتۈنلەي قانائەت ھەم ئىشەنچ بىلەن ھىلىقى مەقسىدىنى تەكرارلىدى.

— ئۆزەڭگە ئېيتقىنىمدەك، مەرغىلاندىكى ھىندى موللىسىنىڭ ئۆزىدىن بىر قېتىم ياندۇرۇق قىلدۇرساق، مەرغىلانلىقنىڭ سېھىر - جادۇلىرى باتىل بولۇپ، ئاتابېك ئۆز - ئۆزىدىن ئەندىنى تالاق قىلىۋېتىدۇ...

— سىز مەرغىلانلىق ھىندى موللىسىنىڭ ئوغلىڭىزغا قىلغان جادۇسىنى نەدىن بىلدىڭىز؟

ئۆزبېك ئايىم بۇ سوئال بىلەن ئۆزىنىڭ كەشپىياتىدىن

بىرئاز گۇمانلاندى ـ دە، ئىشەنچسىزرەك قىلىپ:

— ئۆزەم بىلدىم، — دېدى.

— ئۆزىڭىز نەدىن بىلىسىز بۇنى، سىزگە بىرسى ئېيتقاندۇر؟

— ئۆز ئەقلىم بىلەن تاپتىم.

ھەسەن ئەلى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى:

— لېكىن مۇشۇنىڭغا كەلگەندە ئەقلىڭىز بىرئاز خاتالىشىپتۇ...

— نېمىشقا؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ ئوتتۇردا سېھىرچىمۇ، سېھىر قىلدۇرغۇچى مەرغىلانلىقمۇ يوق ۋە ئاتابېكمۇ سېھىرلەنگەن ئەمەس!

— نېمىشقا بولمىسا ئاتابېك ھەدەپ ئويلىنىسىمۇ، مەرغىلانغا ئالدىراۋېرىدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ بىلمەمسىز؟

— بىلىمەن، سېھىر جادۇنىڭ قۇۋۋىتى!

— جادۇنى كىم قىلدۇرىدۇ؟

— قېيناتىسى، قېينانىسى، ئاندىن قالسا خوتۇنى.

— خاتالىشىسىز، ئابى!

— نېمىشقا خاتالىشىمەن؟

— سېھىر ـ جادۇ قىلىشتىن ئۇلارنىڭ مەقسىدىنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟

— كالۋا ئوغلۇمنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ، پۇلىنى يېمەكچى.

— پۇلىنى يېمەكچى؟ — دەپ كۈلدى ھەسەن ئەلى، — مەرغىلانلىق قۇدىلىرىڭىزنىڭ دۆلىتى ئالدىدا بىزنىڭكىنى يوق دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوبدان بىلىمەنكى، ئۇلار ئاتابېككە تۇت پۇللۇقمۇ روزغار — خىراجەت قىلدۇرمايدۇ. بۇنى ئۆزەم ياخشى بىلگىنىمدەك، ئوغلىڭىزنىڭ ئۆزىدىنمۇ "ئۇلارنىڭ مېنى روزغار قىلدۇرمىغانلىقىدىن بەك سىقىلىمەن" دېگەن سۆزنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىدىم، شۇنىمۇ ياخشى بىلىش كېرەككى، ئاشۇ جادۇگەر قۇداڭلار يامان ئادەملەر بولغىنىدا ئاتابېكنى

تاشكەنتتىن ئۆيلەندۇرۇش سىز ئۆيلىگەندەك ئەپلىنىك ھەل بول-
مايتتى. ئوغلىڭىزنىڭ مەرغىلانغا بارغاندىن كېيىن ۋەدىسىدىن
يېنىپ قالغىنىنى، ئەلۋەتتە ھاجىدىن ئاڭلىغان بولسىڭىز
كېرەك...

ئۆزبېك ئايىم لەت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بولۇپمۇ ھەسەن
ئەلىدىن تىلىنى قىسىپ قالغۇسى كەلمەيتتى. گوياكى شۇنچە
ئۆتكەن سۆزلەرگە ئەھمىيەت بەرمىگەندەك:

— مەن بۇنىڭ سىرىنى ئەمدى خوپ بىلىۋالدىم! — دەپ قويدى.

ھەسەن ئەلى كۈلدى:

— بىلسىڭىزمۇ ناتوغرا چۈشىنىپسىز، چۈنكى بۇنىڭ سىرى
سىز ئۆيلىگەندەك ئەمەس.

— قانداق؟

— سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ دائىم مەرغىلانغا ئالدىرىشى... بولۇپمۇ
بۇ نۆۋەت قېيناتا - قېينانىلىرىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.
ئۇنىڭدىن كېيىن...

— ئۇنىڭدىن كېيىن؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ كېلىنىڭىز ئوغلىڭىزنىڭ كۆز ئې-
چىپ كۆرگىنى!

— كۆز ئېچىپ كۆرگىنى؟ — دېدى ئۆزبېك ئايىم ۋە
زاڭلىق قىلىپ كۈلدى، — زەينەپ شۇ مەرغىلانلىقچىلىك بول-
ماپتۇ دېگىن.

— مەن نەدىن بىلەي... ئېھتىمال ئوغلىڭىزچە شۇنداقتۇر...

— ئۆزەڭ ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى كۆرگەن، خالىسلىق بىلەن
سۆزلە: ئۇلاردىن قايسى بىرىنىڭ چىرايى ئارتۇق؟

ھەسەن ئەلى بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي
قالدى...

— مۇھەببەت دېگەن نېمە چىرايغا قارىمايدۇ.

— قارىمامدۇ، قارامدۇ، سىزدىن ئۇنى سوراۋاتمايمەن. قايسى
بىرى ئۆزراق دەپ سورايمەن.

ھەسەن ئەلى قىبنالدى ۋە گەپنى باشقىغا چالغىتىش ئۈچۈن:

— ئەمدى مەسلىھەت نىمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاۋال سوزۇمگە جاۋاپ بەرگىنە يەر يۇتقۇر!

— سوئالىڭىز قىزىق، نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي ۋاقىمەن ... راستىنى ئېيتايمۇ؟

— راستىنى ئېيت!

— راستىنى خالىس ئېيتسام، — دېدى ۋە قىينىلىپ توختىدى، — ھەر بىر گۈلنىڭ پۇرىقى ئوز ئالدىغا

— راستىنى ئېيت دەيمەن!

— ئاۋۇ كېلىنىڭىزنىڭ ئولسە ئولۇگى ئارتۇق...

— سوزلىمە - سوزلىمە، — دېدى ئوزبېك ئايىم، — باشتا شۇ مەرغىلانلىق بالاسىغا ئوزەڭ سەۋەپچى بولغانسەن، ھېلىمۇ شۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ سوزلەيسەن! سەندەك ساقىلى ئوزۇن، ئەقلى قىسقىدىن مەسلىھەت سوراپ ئولتۇرغان مەنمۇ ئەخمەق!

ھەسەن ئەلىنىڭ چالغىتىشى ۋە جاۋاپ بەرمەي تۇرۇشلىرى ئوزبېك ئايىمنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئوز خاھىشىغا قارشى كەلگەن ھەقىقەتنى كورمەيدىغان قىزىق بىر مىجەزگە ئىگە ئىدى.

— ئوزىڭىز راستىنى سوزلىتىپ، يەنە نىمىشقا مېنىڭدىن خاپا بولىسىز ئايى! — دەپ قارشى گەپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى، ئوزبېك ئايىم يەنە گۈرۈلدەپ كەتتى:

— بولدى، بولدى... تۇزۇڭنى ئىچىپ تۇزلۇغۇڭغا تۈكەرگەننى خۇدا كوتەرسۇن! — دېدى.

ھەسەن ئەلى خوجا ئاغىچىسىنىڭ قاغىش ۋە كايىشى ئاستىدا كۇلە - كۇلە ئويدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ سوھبەت كورۇنۇشتە ئوزبېك ئايىمغا ئانچە ئوزگىرىش بەرمىگەندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتىن ئۇنى خېلى

بوشاتۇرۇپ قويغان ئىدى.

* * *

شۇ ئىشتىن بىر ھەپتىلەرچە كېيىن ۋە چىللاقنى كۈتۈشنىڭ
ئون بەشىنچى كۈنلىرى ئىدى. ئاتابېك مېھمانخانىدا تەكچىدى-
كى كىتاپلارنىڭ ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر كىتاپنى ئاختۇرۇۋات-
قاندا، ھەسەن ئەلى ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇ پەيشەنبە كۈنى
چىللاق بولىدىكەن، دىگەن خەۋەرنى بېرىپ، چىقىپ كەتتى.
ئاتابېك كىتاپلاردىن بىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇنى ۋاراق-
لاۋېتىپ "چىللىغىمۇ قۇرۇسۇن" دەپ قويدى. ئۇ كوڭلىدىن ئۆت-
كۈزدى: "بۈگۈن دۈشەنبە بولسا، يەنە ئارىدا توت كۈن بار."
— مانا بۇ خەتمۇ سىزگە ئىكەن، — دىدى - دە، ھەسەن
ئەلى ئۇنىڭغا بىر خەت ئۇزاتتى، — بايا بىرسى بېرىپ كېت-
ۋىدى، — دىدى ۋە ئالدىراپ قازا بولۇپ كېتىۋاتقان نامازدىگەرنى
ئوقۇش ئۈچۈن جاينامازنى سالدى. ئاتابېك خەتنىڭ ئۇنۋانىغا
كوز تاشلىدى: "تاشكەنتتە... مەھەللىسىدە تۇرغۇچى ئاتابېك
يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلىغا تەگسۇن". كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلى-
غى ئۇنىڭغا مەلۇم بولۇپ، قولىدىكى كىتاپنى تەكچىگە قويدى
ۋە ئالدىراپ خەتنى ئاچتى.
چوڭ قەغەزگە ئاچراق سىيا بىلەن يېزىلغان ئۇزۇن بىر خەت.
ئۇنىڭ كوزى يېزىق ئۈستىدە ئۈزدى. ئۈزگەنسېرى ئىمىشقىدۇر
ئۇنىڭ رەڭگىدە چوڭ بىر ئوزگىرىش ۋە ۋۇجۇدىدا بىر تىترەك
پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ خەت ئۇنىڭغا خۇشاللىق بېرىۋاتامدۇ،
ياكى دەھشەتمۇ ئوزىدىن باشقا كىشىگە بۇ مەجھۇل ئىدى. شۇ
مەجھۇل ئوزگىرىشلەرنىڭ ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ يەتكەندىن كې-
يىن خەتتىن كوزىنى ئالدى ۋە ئوزىنى بىلىپمۇ ياكى ئىختىيارسىز-
مۇ، ئىش قىلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە "قورقۇتماقچى" دەپ توۋلىۋەت-

تى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھەسەن ئەلىمۇ نامىزىنى نېرى - بېرى
ئوقۇپ تۈگىتىپلا، جايىنىمىزىدىن بۇرۇلۇپ قارىدى:

— نىمە گەپ؟

— ھېچنىمە، — دىدى ئاتابېك ۋە گاڭگىرىغان بىر ئەھۋال-
دا ئۇنىڭغا قارىدى.

— قورقۇتماقچى دىدىڭىزغۇ، خەت كىمدىن ئىكەن؟

— خەتمۇ؟ — دىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ھۇشىنى بىرئاز
يىغىۋالغاندەك بولدى، — بۇ خەت كېلىنىڭىزدىن... قورقۇتماقچى
بولۇپ بەزىبىر كىنايىلەرنى يېزىپتۇ! — بۇ گەپنى ئېيتقاندىن
كېيىن، خەتنى پۈكلەشكە باشلىدى. ھەسەن ئەلى دۇئا قىلىپ
ئاتابېكنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كىنايىلەرنى يېزىشى كېچىككەنلىكىڭىز ئۈچۈندۇر، — دىدى.
ئاتابېك تەستىقلىغاندەك بېشىنى سىلكىتىپ قويدى.

— بولۇپمۇ مۇشۇ قېتىم كېچىكىشىڭىز بىچارە كېلىنىڭگە ئېغىر
كېلىپ، كىنايىلەرنى يېزىشقا مەجبۇر بولغان - دە، — دىدى ھە-
سەن ئەلى، — توغرىسىمۇ بىچارىگە تولا ئېغىر، "كۈندەش — خو-
تۇن زاتىنىڭ ئۆلۈمى" دىيىشىدۇ. ئەمدى نىمە بولغاندىمۇ ئازغى-
نا ۋاقىت قالدى، چىللاقنى ئۆتكۈزۈپ كېتىسىز - دە! — ئاتابېك
جاۋاپ بەرمىدى، چۈنكى ھەسەن ئەلىنىڭ كېيىنكى سۆزىدىن رازى
بولمىغان ئىدى. ھەسەن ئەلى ئۇنى تىنجىتىش ئۈچۈن: — ئە-
گەر كۆڭلىڭىز تىنجىمىسا، — دىدى كۈلۈپ، — سىزمۇ كىنايە-
لىك بىر خەت يېزىپ بېرىڭ! خەت ئەپكەلگەن ئادەم ئەتىلىككە
خەۋەر ئېلىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

ئاتابېك بۇ سۆزدىن بىرئاز جانلانغاندەك بولدى. چۈنكى
ئۇنىڭ كۆڭلىگە بۇ كىنايىلىك خەتنى ئەتەي يازغانلىقى ئايان
بولۇپ تۇراتتى.

— بۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راست، ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ، خەت بولسا ئېلىپ كەتمەك-
چى ئىدى.

— ياخشى، — دەپ كۈلۈمسىرىدى ئاتابېك، — ئەتىلىككە ئىدلىسە خەت بېرىمەن.

ئۇ ھەسەن ئەلى مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، خەتنى ئىككىنچى قېتىم كۆزدىن كەچۈردى:

"ۋاپاسىزغا. مەن ئۆزەمنىڭ بۇ خېتىمنى كۆز ياشلىرىم بىلەن يازىمەن. چۈنكى، ھازىرقى كۈندە مېنىڭ كۆز ياشلىرىملا ئەمەس، ھەممە بارلىغىم سىيادىن ئىبارەت. مەن ئەمدى ئېغىزلاردىكى ۋاپا سۆزىگە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى مەن ئۆزەم ۋاپاسىغا ئىشەنگەن بىر يىگىتتىن چوڭ ۋاپاسىزلىق كۆردۈم. نومۇسۇمدىن كۆزلىرىمنى ئا-چالمايمەن. سەۋەبى، يەر ۋە ئاسمانلار، تاغۇ - تاشلار ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر مېنىڭ ئالدانغىنىم ئۈچۈن كۈلۈپ زاڭلىق قىلغاندەك قارىشىدۇ... بۇ كۈنۈمدىن، بۇ ھىسرىتىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزەمگە ئەجەل تى-لەيمەن. لېكىن ئەجەلمۇ مەن بىچارىدىن نەپرەتلەن-گەندەك ئوخشاش، گويا ئۇمۇ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ.

بېگىم، گەرچە ئاچچىقلانسىڭىزمۇ ئېيتىشقا مەجبۇر... مەن: سىزدە ۋىجدان، ئىنساپ، رەھىم، ۋەدە، ۋاپا، ياخ-شىلىقنى بىلىش، قىسقىسى، ئادەمگەرچىلىكتىن ھېچبىر نەرسە يوق ئىكەن. ئەكسىچە سىز: ھىلىگەر بىر تۈلكە، ئاغزى قان بىر بۆرە، رەھىمسىز بىر جاللات ۋە نو-مۇسسىز بىر يىگىت!

سىزنى ھىلىگەر دىدىم: يادىڭىزدا بارمۇ، ساددا ئا-تامنى، گول ئانامنى قانداقلارنى قىلىپ ئالدىغانلىغىڭىز؟ ئېسىڭىزدە بارمۇ، چىراق يېنىدا مېنى ئالداپ قىلغان گەپلىرىڭىز، بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز، "مېنىڭ ئارزۇيۇم" دەپ قىلغان خىتاپلىرىڭىز، تۆككەن كۆز ياشلىرى-ڭىز؟ بەس، بۇ ھىلىلەر، بۇ مىكىرلەر سىزدىن باشقا كىمدىن تېپىلسۇن؟

سىزنى ئاغزى قان بۆرە دىدىم: چۈنكى سىزدە ۋەھىم يوق، سىز ئۆزىڭىزنىڭ زەھەرلىك چىشلىرىڭىز بىلەن مەزلۇملارنىڭ كۆكسىنى، يۇۋاشلارنىڭ باغرىنى يارىسىز؛ يېڭى ئېچىلغان گۈللەرنى، ئەمدى باش تارتقان لەيلىلەرنى ۋاقتسىز پولاشتۇرىسىز، ئېچىلىپ بولالماستىن ئۆلتۈرىسىز!

سىزنى نومۇسسىز دىدىم: ئىلگىرىكى ۋەھشىتىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ھەققىڭىز تۈگىگەنلىگىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە نومۇس قىلماي - قىزارماي ۋىجدانسىزلارنىڭ ئەمرىنى بېرىسىز ۋە نومۇسسىزلىغىڭىزنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرىسىز!...

مەن سىزنىڭ بەزىبىر ۋەدىلىرىڭىزگە ھەيران قالىمەن: ئاتام تاشكەنتتىكى چاغدا بۇ گەپنى ئېيتىشقا ئىزا تارتقان ئىمىشسىز... گويا بۇنىڭ بىلەن نومۇسلۇق ئادەم بولۇپ كۆرۈنمەكچى بولسىڭىز كېرەك؟! ئانام بەزى چاغلاردا: "يېڭى يار تاپقاندا، دوستلا، كۆڭلىدىن كېچىش كېرەك، كۆڭلىنى ئۆلگەن ساناپ، لاتا كىيەن پىچىش كېرەك!" بېيىتنى ئوقۇپ قوياتتى، مەن بولسام ئۇ چاغلاردا بۇنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەيتتىم. ئەمما، ئەمدى بۇ بېيىتنىڭ كىمگە ئېيتىلغانلىغىنى ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىگە خوپ چۈشەنمەكتىمەن. تاشلاندۇقلۇقنىڭ ئاخىرقى ئوتتۇنۇشى قىلىپ سىزدىن شۇنى سورايمەن: ئۈچىنچى يار تاپقاندا، ئىككىنچى بىچارىڭىزمۇ "شۇنداق نومۇسسىزلىق قىلدىمىسا ئىكەن!" بۇ تىلىكىم ئۈچۈن ئەجەپلەنمەڭ، چۈنكى، "پىچاقنى ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە!" دېيىشىدۇ.

سىزگە يېڭى يار، ماڭا نومۇسسىزلىقنىڭ قۇربانى بولغىنىم مۇبارەك بولسۇن! كۈمۈش ئەمەس، تۇپراق بىبى يازدىم. 17 ىنچى جەۋزا 1265 ىنچى يىل. مەرغىلان".

5

# خىيانەت

قۇتىدارنىڭ تاشكەنتتىن يالغۇز قايتىپ كېلىشى كۈمۈشنى خې-
لى چۆچۈتكەن ئىدى. ئەمما ئاتابېككە دۇچ كەلگەن ئۇزرە-سەۋەپ
ئۇنى بىرقەدەر تىنچىتتى. ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك گۇمان
ھەم ۋەسۋەسىلەردىن بىرئاز نېرى بولدى: "ئۇ مېنى ئۇنتۇغىنى
يوق، ۋەدىسى راست. سۆزلىرى توغرا... ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆر-
دىكەن..." دەپ، بۇرۇنقى ئادىتى بىلەن ئېرىنىڭ يولىغا چىقىپ
كۈتۈشكىمۇ باشلىدى.

ئاتىسى كەلگىنىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ئىدى. ئۇ بۈگۈن
كېچە كۆرگەن بەزىبىر چۈشلىرىنى ئاتابېكنىڭ بۈگۈن كېلىشىگە
جورىدى - دە، ئەتىگەن تۇرۇپ چاچلىرىنى چۇۋۇدى. چاچلىرى-
نىڭ ئارىسىدىكى چىگىشلىرىنى دىققەت بىلەن تاراپ داسىنىڭ
يېنىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ نەپىس قارا چاچلىرى پۈتۈن كەينىگە
تۆزغۇپ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. چېچىنى قې-
تىقلاپ ۋە سوۋۇنلاپ يۇغاندىن كېيىن ئانىسىغا ئىككى تال قىلىپ
ئۆرگۈزدى. ئاپتاپ ئايىمنىڭ: "نىمىشقا قىرىق كوكۇل قىلمايسەن؟"
دىگەن سوئالىغا: "قىزىڭىز ئەمدى قىزلىق دەۋرىدىن ئۆتۈپ، كې-
لىنلىك دەۋرىگە كىردى. قىزىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كۈيوغ-
لىڭىزدىن باشقا ئەلچىلىرىمۇ يوق" دەپ كۈلدى. ئەمما بۇ ئىك-
كى ئۆرۈمە چاچ، قىرىق كوكۇلغا قارىغاندا، ئۇزىگە تولىمۇ يا-
رىشىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغۋارلىق ۋە ئالىلىق بېغىش-
لىدى. چېچىنى ئۆرگۈزگەندىن كېيىن ئۆيگە كىردى - دە، كې-
يىملەر تىزىلغان تەكچىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. تەكچە قە-
ۋەتلىرىدە ئۇنىڭ ئون بەشكە يېقىن ئىسىل كۆينەكلىرى تۇپلى-

نىپ تۇراتتى. سېرىق روپاھ ئەتلەسنى كىيىشكە چاغلاپ باقـ
قان بولسىمۇ، لېكىن كوينەكنى قولىغا ئېلىپلا بۇ پىكرىدىن يانـ
دى. قىزىلىنى... كوكنى... ئالما گۇللۈكىنى... قىسقىسى، قايـ
سى بىرىنى كىيسەمكىن، دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. كوينەكلەرنى
ئىچىدە ئۇزىگە ياراشمايدىغىنى يوق: ئاق ئالما گۇللۈكنىڭ يوپۇرمىـ
قىمۇ، گۇلىمۇ بىر... ئۇنىڭ ئوز كوڭلىگە سېرىق ئەتلەس خوش
كەلسىمۇ، لېكىن ھازىر ئوز كوڭلىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ
تۇرۇپ، ئاتابېكنىڭ كوڭلىگە ياقىدىغانىنى كىيىشكە قارار قىلدى.
چۈنكى ئاتابېك تولاراق قارا كوينەك كىيىشكە قىستايتتى.
سوسۇن گۇللۈك قارا ئەتلەس كوينەكنى كىيىپ، بېشىغا ھاۋا
رەڭ شايى رومىلىنى سالدى ۋە مەرۋايىت كوزلۇك كىچىككىنە
ئالتۇن ھالقىنى قۇتىسىدىن ئېلىپ قۇلىقىغا ئاستى. مۇشۇ سادىقىـ
نا ياسىنىشتىن كېيىن ئىككىنچى تەكچىدە يولەكلىك تۇرغان
ئەينەك ئالدىغا باردى. ئەينەكنىڭ ئىچىدىن توزغۇپ چۇگۇلۇپ
كورۇنگەن چاچ تالالىرىنى تۇزەپ ئۇزىگە قارىدى. ئەينەكنىڭ
ئىچىدىن كورۇنگەن مەلىكە، ئوز ئىگىسىگە لەززەت - زوۋق بېـ
غىشلاپ مۇلايىمغىنا كۇلۇمسىرەپ قويغان ئىدى. نېرىقى تەرەپتىـ
كى دەۋرىگە ۋەسۋەسە - ھەۋەس ئوتىنى ياققۇچىمۇ سەدەپتەك
ئاپپاق چىشلىرىنى ياقۇتتەك لەۋلىرى ئارىسىدىن كورسىتىپ قويـ
غاندەك بولدى. بۇ ھوسۇن - چىرايغا ئانىلىق ۋەزىپىسىنى ئوتەـ
ۋاتقاندەك كورۇنگەن نەپىس ئۇز بۇرنىنىڭ يېنىغا جايلاشقان قارا
خالىنى ئۇ گويا تەبىلىگىگە ئىشەنمىگەندەك تاتىلاپباقتى ۋە ئەينەكـ
نىڭ يېنىدىن كەتتى. كېتىۋېتىپ:"... چىرايلىق بولسىمۇ مېنىڭدەك
خالى يوقتۇ" دەپ كوڭلىدىن ئوتكۈزدى.

كەچقۇرۇنلۇق غىزا ئۇچۇن قازانغا ئوت يېقىش ۋاقتىدا ئۇ تاشـ
قىرقى ھويلىدا. ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۇرەتتى.
بۇگۇنكى كورگەن چۇشى ئۇنى بەكمۇ ئىشەندۇرگەن ۋە شۇنىڭ
ئۇچۇن تويىبېكنىڭ تاشقىرقى ھويلىدا قىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ
ئۇزى قىلىۋاتاتتى؛ تويىبېكىگە سۇ سەپكۇزۇپ ئۇزى يەر سۇپۇرۇۋاتـ

سىمۇ، قۇلاقلىرى يولەك تەرەپتىن ئاڭلىنىدىغان ئاياق ئاۋازلىرىدا ئىدى.

ھويلىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئايۋاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوزىنى تۈزەتتى، شۇ تۈزۈنۈپ ئولتۇرۇشدا يولەكتىن مېڭىپ كېلىۋاتقان بىر ئاياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈرىگى نىمىشقىدۇر قوزغىلىپ دۈپۈلدەپ كەتتى، ئاياق ئاۋازى ئىچكىرىگە يېقىنلاشقانسېرى ئۇ ئوزىدە تىترەك ئارىلاش بىر ئەھۋالنى سېزەتتى. ئاخىرىدا يولەكتىكى ئاياق ئاۋازى تۈگەپ، كۈمۈش كۈتمىگەن بىر ئەھۋالدا پەرەنجىلىك بىر خوتۇن چىقىپ كەلدى. كۈمۈش ئۇزاق بىر ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى.

خوتۇن كۈمۈشكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەردىن پېچىۋالغاندەك پەتەك - پاكا، بۇرنى يۈزى بىلەن تەڭ، تەپ - تەكشى دىگۈدەك، كوزى سۇغۇرۇۋالغان قوزۇقنىڭ ئورنىدەك چوڭقۇر، ئاغزى قۇلىغى بىلەن تەڭ دىگۈدەك تولىمۇ يوغان، رەڭگى قىرىق يىل كېسەل ياتقاندەك ساپ - سېرىق، قىرىق بەش ياشلاردا بار بىر خوتۇن ئىدى. كۈمۈش بىسبى ئوزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بۇ دەھشەتلىك خوتۇننى ئومرىدە بىرىنچى قېتىم كورۈۋاتاتتى. "نىمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ، بۇ ئاچ ئەرۋاھ؟" دەپ ئويلىدى. خوتۇن ئۇن چاھدامچە نېرىدىن يۈزىگە سوغاق ۋە چۈشكە كىرسە قورققۇدەك بىر كۈلكە تۈسىنى چىقاردى. دىمىغى بىلەن "قىھ-" قىلىپ قويدى.

— ھى - ھى - ھى، ۋاي ئايلىناي، پاشا قىز! مىرزا كەرىم باينىڭ ھويلىسى مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى. كۈمۈش "موشۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن، ئوزى بىلەن كورۈشمەكچى بولۇۋاتقان بۇ خوتۇننىڭ ئالدىغا ئىككى چامدام مېڭىپ بېرىپ، خالار - خالىماس مۈرىسىنى تۇتتى. ئۇنىڭ كېلىشكەن ئوز قامىتىگە يەردىن پېچىۋېلىنغان مۇدھىش خوتۇننىڭ قوللىرى ئارانلا يەتتى - دە، "تېچىمۇسىز، پاشاقىز" دەپ سوراشتى. خوتۇن پەرەنجىسى بىلەن ئايۋاننىڭ ئالدىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، "ئۇھ" دەپ چايقالدى ۋە "خېلى يول ئىكەن، ماغدۇرلىرىم قال-

مىسالى!" دەپ شىكايەت قىلىپ قويدى.

— مىرزا كەرىم باينىڭ ھويلىسى ئېنىق مۇشۇمۇ؟

— مۇشۇ.

— سىز باينىڭ كىمى بولىسىز؟

— مەن قىزى.

— قىھ... سىزگە بەرسەمۇ بولىدىكەن، — دېدى خوتۇن ۋە يانچۇقىدىن بىر خەتنى ئېلىپ، — ئوغلۇم تاشكەنت بىلەن مەرغىلان ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ ئالىدى - ساتتى ئىشلىرىنى قىلىدۇ، بۇ قېتىم تاشكەنتتىن يېنىشىدا بىرسى ئۇنىڭغا مۇشۇ خەتنى بېرىپ مىرزا كەرىم باينىڭ ھويلىسىغا چاپسان يەتكۈزۈپ بەرسەڭىز، دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. قىھ، ھى - ھى ئايلىناي سىزدىن، پاشاقىز. قىھ... ماختانچاقلىق بولمىسۇن، ئوغلۇممۇ ئۆزەمگە ئوخشاش بىراۋنىڭ يولىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ: بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا تاشكەنتتىن كەلدى - دە، ئانىسى بىلەن سورىشىشنىمۇ قويۇپ، مۇشۇ خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. "جان ئانا، ئۆزەم بەك ئۈرۈنۈپ كەلدىم، ساڭا ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ ئېيتاي، دەررۇ مىرزا كەرىم باينىڭكىنى سوراپ تېپىپ مۇشۇنى ئاپىرىپ بەر، بەرگەن ئادەم چاپسان بەرسەڭىز، دەپ ئۆتۈنگەن ئىدى" دېدى. مەنمۇ كۆڭۈلچەكمەن، ئايلىناي پاشاقىز، كېسەلدىن يېقىندا تۇرغىنىم ئۈچۈن بىر چامدام مېڭىشقا تاقىتىم بولمىسىمۇ ساۋاپتىن قۇرۇق قالماي، دەپ سورىلىپ يۈرۈپ ھويلىلارنى سوراشتۇرۇپ تاپقىچە ئۆلەيلا دېدىم... قىھ... — دېدى. كۈمۈش خەتنى خوتۇننىڭ قولىدىن ئېلىپ رەھمەت ئېيتتى ۋە خەتنىڭ ئۈستىگە كۆز تاشلىدى "مەرغىلان شەھرىدە تۇرغۇچى مىرزا كەرىم قۇتىدارنىڭ ھويلىسىغا تەگسۇن."

— خاتالاشمايسىز، ئاپا!

— نېمىشقا خاتالاشماي، ئايلىناي سىزدىن، پاشاقىز! ئۇلۇغ دەرگاھلارنى كۆچىدىكى ھەممىلا ئادەم بىلىدىكەن! — دېدى خوتۇن ۋە خوشامەتكويانە بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى مەن كېتەي، بالام بىچارە يولدىن قوسقى ئېچىپ كېلىپ، بىر قوشۇق ئىسسىققا زارىقىپ ئولتۇرغاندۇ.

— ئىچكىرى كىرىڭ، چاي قويىلى.

— رەھمەت پاشاقىز! تېخى ئىچەرمىز چايىنى... قىسى... بىر كورگەن بىلىش، ئىككى كورگەن تونۇش، دېيىشىدۇ...

كۈمۈش بىبى خوتۇننى بەكمۇ زورلاپ تۇرمىدى - دە، يولەككىچە ئۇزىتىپ باردى. خوتۇن يولەككە بۇرىلىۋېتىپ قايرىلىپ توختىدى:

— بىز بۇ دۇنيادا شۇنداق ھاجەت چىقىرىشىلا ئۈچۈن يارالغان، ئەگەر تاشكەنتكىمۇ، قوقانغىمۇ ئاتىڭىزنىڭ خەت - چەكلىرى بولسا، ئوغلۇم جان دىلى بىلەن ئەپكېتىدۇ. مۇشۇ چورىلەرگە كېلىپ قالسام خەۋەر ئېلىپ ئوتەيمۇ؟ — دەپ سورىدى. كۈمۈشنىڭ يوق دېيىشكە ئاغزى بارماي "مەيلىڭىز، ئېغىر كەلمىسە" دەپ جاۋاپ بەردى. خوتۇن يولەككە بۇرۇلدى. كۈمۈش ئايۋان تەرەپكە كېلىۋېتىپ ئالدىرىغان ھالدا خەتنى ئاچتى. خەت كىچىكىنە قەغەزدە ئولچەملىكىلا سوزلەردىن ئىبارەت ئىدى.

"كۈمۈش بىبى مىرزا كەرىم باي قىزىغا — ئېرى تاشكەنتلىك ئاتابېك يۈسۈپبېك ھاجى ئوغلىدىن. ئاتىڭىز تاشكەنتتىكى چاغدا مەن بۇ ئىشنى ئېچىشقا ئېغىرسىنغان، توغرىسى ئىزا تارتقان ئىدىم. مەلۇمكىز تاشكەنتتىن ئويلەنگىنىمدىن كېيىن، يالغۇز بىر بېشىمغا ھەم تاشكەنتتىن، ھەم مەرغىلاندىن ئىككى خوتۇن تۇتۇپ تۇرۇش ئېغىرلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى خوتۇننىڭ بىرىدىن كېچىشكە توغرا كېلىپ، ئاخىرىدا تۇرمۇشۇم ئۈچۈن يېنىك ۋە ئارزۇيۇمغا مۇۋاپىق بولغان بىر ئىشقا قارار قىلدىم، مۇشۇ تاشكەنتلىك خوتۇنۇم بىلەنلا قېلىپ، سىزنى تالاق قىلىش ئىدى، خەتنى ئالغان كۈنىڭىزدىن باشلاپ ئوزىڭىزنى ماڭا يات ۋە نىكايىمدىن تاشقىري ھىساپلىسىڭىز بولىدۇ.

مېنىڭ بۇ تالاق خېتىمنى ئەلىۋەتتە شەرىئەت
پېشۋالىرى شەرئى ھساپلاپ، ئىددىتىڭىز تۇگەش بىلەن
سىزگە باشقا ئەرگە تېگىش ئىختىيارىنى بېرىشىمە كېرەك.
ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلى.
13 جەۋزا، 1265 ىنچى يىل. تاشكەنت"

... ئۇ بۇخەتنى ئوزىنىڭ ئاخىرقى تامچە كۇچى بىلەن ئوقۇپ تۇگەتتى-دە، جانسىز بىر ئاۋازدا "نومۇسسىز!" دەپ توۋلىدى ۋە يەرگە يىقىلىپ ھۇشىدىن كەتتى ... يىقىلغاندا قولىدىن چىقىپ كەتكەن قەغەز شامال بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ بېشىنىڭ يېنىغا چۇشتى. يولەكىنىڭ كەينىدىن ھىلىقى مۇدھىش بەشەرە چىقىپ، بىر-ئىككى قېتىم ئۇنىڭغا كۇلۇپ قارىغاندىن كېيىن، يوقالدى ...

بازاردىن يانغان قۇتىدار يەردە ھۇشسىز ياتقان قىزىنىڭ بېشىغا دەھشەتكە چۇشكەن ھالدا يۇگۇرۇپ كەلدى. چىكىسىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتقان چالمىدەك ھۇشسىز قىزىنى دەررۇلا قۇچىقىغا ئالدى: "قىزىم ... كۇمۇش ... كوزۇڭنى ئاچ!" ئەمما كۇمۇشتىن جاۋاپ يوق ئىدى. قورقۇنىچ دەھشىتى يۇز ھەسسە ئاشقان ھالدا كۇمۇشنى كوتىرىۋېلىپ ئىچكىرىگە ماڭدى. ئويدە ئاپتاپ ئايىم بىلەن تويبېكە قىيا-چىيا قىلىشىپ كەتتى. ئايۋانغا ياتقۇزغان بولۇشىمۇ، كۇمۇشنى ھۇشىغا كەلتۇرۇش چارىسىنى بىلمەي، توغرىسى نىمە قىلىشنى بىلىشەلمەي قېلىشتى. بەرىكە تاپسۇنكى، ھۇشى يېرىم بولسىمۇ تويبېكە ئومرىدە بىرىنچى ئىش قىلدى: سوغاق سۇ ئەپكېلىپ كۇمۇشنىڭ ماڭلاي ۋە كوكسىگە سەپكەن ئىدى، ئەندىكىپ ئوزىگە كەلدى. ھۇشنى يوقىتىشقا تاسلا قالغان بىچارىلەر بۇ ئەھۋالدىن كېيىن بىرئاز جانلانغاندەك بولۇشتى. كۇمۇشنى سوغاق تەر بېسىپ، بىردەمگىچە جىم ياتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاستاغىنا ئوڭلىنىپ يېتىۋېلىپ، كوزىنى ئاچتى.

— نىمە بولدى، قىزىم، كوزۇڭگە بىرنىمە كورۇندىمۇ؟

كۇمۇش كوزىنى يۇمدى-دە، ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قويدى. جاۋاپ

پەرمىدى. بۇ سوئال ئاتىسى تەرىپىدىن يەنە بىرىلگەندىن كېيىن:
— مېنى تاشقىرىدىن كىم ئىلىپ كىردى؟ — دەپ سورىدى.
— مەن، قىزىم!
— يېنىمدا ھېچنىمە كورمىدىڭىزمۇ؟
قۇتىدار بۇ سوئالدىن باشقا نىمنى چۈشەندى:
— ياق، قىزىم، سەن ئۇزەڭ يالغۇز ياتاتتىڭ.
— شۇنداق يې... — دېدى. كېيىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالمىدى.
— سوزلە، سوزلە، قىزىم!
— يېنىمدا بىر خەت بارئىدى... مېنى بۇ ئەھۋالغا سالغان شۇ خەت، — دېدى، بۇگەپنى بەكمۇ كۈچىنىپ ئېيتتى.
ۋاقت خۇپتەنگە يېقىنلاشقان ئىدى. قىزىنىڭ ھىلىقى جاۋاۋى بىلەن سەۋرىسىزلىككە چۈشكەن قۇتىدار قولىغا شام ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى ۋە يەردىن خەتنى ئالدى. قىزىنى بۇنچىلىك پالاكەتكە ئۇچراتقان خەتنى، ئالغان يېرىدىن قوزغالماي تۇرۇپلا ئوقۇپ چىقتى. خەت ھەقىقەتتە جانسىز ئىدى. قۇتىدارمۇ ھوشىنى يوقىتىشقا تاسلا قالدى... ئاخىرقى چەكتە خورلانغان ۋە ھەددىدىن تاشقىرى ھەركەتكە كەلگەن يۈرىكى بىلەن ئىختىيارسىز "مەككار، ئىنساپسىز!" دېدى. كوز ئالدىلىرى قاراڭغۇلىشىپ خېلىغىچە قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. يەنە "ياخشىلىقنى بىلمىگەن ھارامزادە!" دەپ قويدى. بايا بۇ خەتتىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەمدى قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر بولۇپ تۇيۇلغان، چۈنكى بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنىڭ باش ئامىلى، دەپ ئۇ ئۇزىنى تونۇغان ئىدى. بىرىپ ئايۋانىنىڭ ئالدىغا ئولتۇردى ۋە بېشىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى. بۇ خورلۇق، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى نومۇسسىزلىق بىچارە قۇتىدارنى بەكمۇ ئەزگەن: ئۇ نىمە قىلىشنى — خورلانغان، ھاقارەتلەنگەن قىزىنى قايسى يوسۇندا بەزلەشنى، بۇ قارا كۈنلەرنى قانداق قىلىپ ئوتكۈزۈشنى بىلمەيتتى. شۇ ئەھۋالدا قاچانغىچىدۇ ئولتۇرۇپ قالدى. ئېرىنىڭ كېچىكىشىدىن خەۋپىنىرەپ، ئاپتاپ ئايىم

ئۇنىڭ يېنىغا چىققانىدىمۇ، ئۇ تېخى شۇ ھالدا ئىدى.

ئەر ۋە خوتۇن قىزىنىڭ يېنىغا كىرىشىپ، ئۇنىڭ ئاياق تەرەپىگە ئوتتۇپ ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇشتى. خىيلىغىچە بىر بىرلىرىگە قارىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئاپتاپ ئايىم ئالغان تەسىراتىنى ئىچىگە يۇتۇۋېرىشكە چىدالمىدى - دە، يامغۇردەك كوز يېشىنى توكۇۋەتتى. قۇتىدارمۇ خوتۇنىنى كۇتۇپ تۇرغاندەك كوز ياشلىرى بىلەن ساقاللىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. كوزلىرى يۇمۇق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى سېزىپ ياتقان كۇمۇشنىڭمۇ قايناپ چىققان كوز ياشلىرى ئىككى چېكىسىدىن ياستۇققا ئېقىپ چۈشكىلى تۇردى. شۇ چاغدا نىمىشقىدۇ تەكچىدە يېنىپ تۇرغان شاممۇ لىپ - لىپ قىلدى - دە، ئۆچتى ... شۇنىڭ بىلەن بۇ ھويلىنى ھەقىقى مەنىسى بىلەن قاراڭغۇلۇق باستى ...

بۇ ۋەقەنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كۇمۇش بىبى يىللاپ ياتقان كېسەللەردەك سارغىيىپ جۈدىگەن، ئەمدىلا غۇنچىدەك چىقىۋاتقان بۇ يەسمىن گۈلنى خائىن قوللارنىڭ زەھىرى سولدۇرغان ۋە پاسات ئۈچىغىنىڭ نومۇسسىز مەقسەتلىرى ھوسۇن بېغىنىڭ بۇ يېڭى ئەركىسىنى ئىشەنگەن ۋە كوز تىككەن ئادىمىنىڭ نامىدىن ھاقارەت قىلىپ، نومۇسسىز بىر ۋۇجۇت ياكى جانسىز بىر ھەيكەل ھالىغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ كوزلىرىدە دائىمى بىر مەيۇسلۇك، تۇگىمەس بىر ھەسرەت بولۇپ، پات - پاتلا ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ چايقىلىپ يۇرەتتى. ئاپتاپ ئايىممۇ ئاخىرقى چەكتە خورلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بۇ خورلۇقتىن بۇرۇن ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن قىزىنى ئاۋۇندۇرۇش، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئېچىپ، بۇ سوغاق، سەت گەپنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ھەرھالدا كوزىنىڭ ئاق ھەم قارىسى بولغان كۇمۇشنىڭ بىرەر ئاغرىققا چېلىنىپ قالماسلىقى يولىدا تىرىشىش مۇھىمراق ئىدى. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدىلا "تولا ئويلىما، قىزىم ... يادىڭدىن چىقار، ئەمدى خاپا بولغىنىڭ بىلەن ھېچبىر پايدىسى بولمايدۇ!" دەيتتى. كۇمۇش بولسا ھۇشسىزلارچە ئانىسىنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قارايتتى ۋە

ھەر دائىم مەيۈسلا يۈرەتتى. كۈمۈشنىڭ بۇ ئەھۋالى بىچارە ئانىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى ۋە ئۇنى يۈز خىل ۋەسۋەسىلەرگە سالاتتى.

— كۈمۈش، — دېدى ئاپتاپ ئايىم چۈشلۈك چايدىن كېيىن، — ئۈنىگدىن كورە تاغاڭنىڭكىگە بېرىپ كەلمەيمىزمۇ؟

— نېمە ئىش قىلىمىز، تاغامنىڭكىدە؟

— نېمە ئىش قىلاتتۇق! ئوينىاپ - كۈلىمىز، قايغۇلىرىڭنى كوچىغا تاشلاپ كېلىمىز!

كۈمۈش ئانىسىنىڭ سوزىگە نېمىشقىدۇر كۈلدى ۋە "مەيلى" دېدى.

— تۈز، بولمىسا، يۈز - قولۇڭنى يۈيۈپ جابدۇنغىن، نومۇسسىز ئېرىڭگە خۇدا ئۆلۈم بەرسۈن!

كۈمۈش مىۇلايىمغىنا قىلىپ ئانىسىغا قاراپ قويدى. ئورنىدىن تۇرۇپ تويىبكە تەييارلاپ بەرگەن ئاپتۇۋا يېنىغا بېرىپ، يۈيۈنۈش ئۈچۈن ئولتۇردى.

ئۇلار يولغا چىقىشقا تەييار بولۇشقان ئىدى، يولەك تەرەپتىن ئوتكەن كۈنى خەت ئەپكەلگەن خوتۇن كورۈندى. كۈمۈشنىڭ كوزىگە بۇ خوتۇن ئاپەتتەك كورۈنسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ خوشال بولدى. ئانىسىغا كېلىۋاتقان خوتۇننى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ھى - ھى، خېنىملاردىن ئايلىناي ... بۇنداق قىزىمنىڭ ئويىگە بارغان ئىدىم، قىھ ... ۋەدەم يالغان بولمىسۇن، دەپ يول ئۈستىدىن قايرىلىپ كىردىم ... — دەپ پۈچۈق خوتۇن سوزلەپ كېلىۋاتاتتى. ئانا - بالا قوللىرىغا ئالغان پەرەنجىلىرىنى يەرگە قويۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

خوتۇن كۈمۈش بىلەن كورۈشكەندىن كېيىن، ئىچىنى ئاغرىتقاندەك سورىدى، — ۋاي ئايلىناي پاشاقىز، نېمە بولدىڭىز، ئوزىڭىزنى بەكمۇ ئالدۇرۇپ قويۇپسىز؟

پۈچۈققا جاي كورسىتىپ، ئاپتاپ ئايىم جاۋاپ بەردى:

— بىر ئۆككى كۈندىن بۇيان تاۋى يوق.

— خۇدا ساقلىسۇن، خۇدا ساقلىسۇن! — دېدى خوتۇن، — قېنى... ۋاقىتسىز كېلىپ سىلەرنى يولدىن توختاتتىممۇ... خەير خۇدا سىڭلىمنى يامان كۆزدىن ئاسرىسۇن! — دەپ دۇئا قىلدى.

— خۇش كېلىپسىز، — دېدى ئاپتاپ ئايىم.

— خۇش ۋاق بولۇڭلار، ئايلىناي پاشاقىز... — دېدى خوتۇن ۋە كۈمۈشكە قاراپ داۋام قىلدى، — ئۆكۈنكى سۆزىڭىز بىلەن يولدىن قايرىلىپ كىرگەن ئىدىم. ئەتىلىككە ئوغلۇم تاشكەنتكە ماڭماقچى، ئاتىڭىزنىڭ خەت - پەتلىرى بولسا... قېنى...

كۈمۈش جاۋاپ بېرىش ئورنىغا ئانىسىغا قارىدى. قىزنىڭ قارىشىدىكى مەنىگە چۈشەنگەن ئاپتاپ ئايىم "ئەۋەتىدىغان خېتىمىز يوق" دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ سۆز بىلەن پۈچۈق خوتۇن پاللىدا قىلىپ كۈمۈشكە قاراپ قويدى. كۈمۈش ئانىسىنى ئۆڭگىدىن خەۋەرسىز كۆرسىتىپ جاۋاپ بەردى:

— ئاتامنىڭ خېتى يوق، مېنىڭكى بار، بىردەم ساقلاشقا ۋاقتىڭىز بولسا، يېزىپ بېرەتتىم.

پۈچۈقنىڭ كېلىشتىن مەقسىدى پەقەت شۇ يېزىپ بېرىلىدىغان خەتنىڭ ئۆزى ئىدى. كۈمۈشنىڭ ئۇتۇنۇشى ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى:

— يېزىپ بېرىڭ، ئايلىناي پاشاقىز، بارىدىغان يېرىمگە كېچىكسەممۇ، ساۋاۋى بار ئەمەسمۇ، قېنى... — دېدى، كۈمۈش خوتۇندىن مىننەتدار بولۇپ، ئۆيگە خەت يېزىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى.

يۇقۇرىدىكى، ئاتابېك تەرىپىدىن ئېلىنغان خەتنىڭ ھەقىقىتى مانا بۇنداق بىر خىيانەتنىڭ نەتىجىسى ئىدىكى، بىز ئەمدى بۇ خىيانەت قەھرىمانلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىنى تونۇشتۇرىمىز.

6

# ئىسسىتما ئارىسىدا

سەرەتاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ... مەرغىلاننىڭ شىمالىدا بولغان بى ... مەھەللىسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە جەنۇبقا قاراپ ئېگىلىدىغان تار كوچىنىڭ يۇقۇرقى بۇلۇڭىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقىنى ھالدا بىر يىگىت كىيىملىرىگە قونغان چاڭ - توپىلارنى قاقماقتا ئىدى. يىگىتنىڭ خېلى يىراق يولدىن كەلگەنلىكى ئۈنىڭ كىرپىك ۋە قاشلىرىغا ۋە ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان ساقال - بۇرۇتلىرىغا ئولتۇرۇپ قالغان توپىلاردىن بەلگىلىك ئىدى. يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدا بولغان بۇ يىگىت سىبرىق بەدەن، ھۇقۇشنىڭ كوزىدەك چەكچىيىپ ئويناپ ۋە يېنىپ تۇرغان قىزىل كوزلۇك، يۇزىگە چاپلاپ قويغاندەك پاناق بۇرۇنلۇق، پېشانىسى قانچىلىك تېشىغا ئۇسۇپ چىققان بولسا، يۇزى شۇنچىلىك ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن، قىسقىسى ۋاقتسىزراق يارىتىلىپ قالغان بىر مەخلۇق ئىدى. بۇلۇڭدا يەردىن ئىككى يېرىم گەزچە يۇقۇرلىقتا كۈنپېتىشقا قارىتىپ قۇرۇلغان ئىككى كورۇمسىز ئىشىكلەر قاتار يېپىقلىق ھالدا تۇراتتى.

مەلۇم يىگىت بېشىدىكى قالپىغىنى قولىغا ئالدى - دە، ھىلىقى ئىشىكلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىنى ئېچىپ، ئېتى بىلەن ئىچكىرى كىردى. ئىشىك بەكمۇ تار بولغىنى ئۈچۈن ئات سىقىلىپ ئاران ئوتتى - دە، ئاندىن گۇزۇنغىنا ئۇستى ئۇچۇق يولەك باشلاندى. يولەكتىن ئوتۇپ ھويلىغا كىرەتتى. ھويلىنىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرى بۇزۇلۇپ - ئورۇلۇپ ياتقان كونا خارابى ئىمارەتلەر بولۇپ، ھويلىنىڭ ئۆزى تۈرلۈك ئەخلەتلەر بىلەن بۇلغىنىپ

كەتكەن، ئۇ خۇددى يىللاردىن بۇيان تازىلانمىغان ۋە سۇپۇرگە
كۆرمىگەندەك ئىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاكارغىنا ئۈژمە دەرىخى
ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋىگە كۆل ۋە باشقا ئەخلەتلەر دۆۋى-
لەنگەن ئىدى. ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە خارابىلىقتىن
كىچىككىنە بىرىدا بولغان ھىلىقى يولەككە تاقاپ سېلىنغان ئىككى
دەرىزىلىك بىر ئۆي ۋە بۇ ئۆينىڭ قاتارىدا بىر ئايۋان بولۇپ،
شۇنىڭ بىلەن بۇ ھويلىنىڭ غادايغان بىناسىنىڭ ھىساۋى تۈگەيت-
تى. بۇ ئائىلىنىڭ ئاشخانىسى يوقلۇغى ئۈچۈن بولسا كېرەك،
ھىلىقى ئايۋاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئوچاق سېلىنغان. ئىسلار بىلەن
ئايۋان دىگىنىمىز قاپقارا قۇرۇم، ئۇگويا ئايۋان بولغىنىغا قەسەم
ئىچمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئوچاق بېشىدىكى تاۋاق - قو-
شۇقلار، جاۋۇر ۋە قازانلار قالايمىقان ۋە مەينەت بولۇپ ياتاتتى،
قازاننىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋالغان ئۈچ - تۆت توخۇ بولسا بۇ
مەينەتچىلىكنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرۇشماقتا ئىدى. ئايۋاننىڭ
ئىېرىقى تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىك ئارقىلىق ئۆيگە كىرىلەتتى
ئۆينىڭ يېرىمى قۇرۇق يەر، قارا تورۇستىن ئىبارەت بولسىمۇ،
ئەمما تورىدە ياغلىشىپ پارقىراپ كەتكەن كىر، يۇلتۇزدەك ھوتمۇ -
توشۇك جاپاكەش ئاق كىگىز ۋە ئويۇقتىكى كونا ساندۇق ئۈس-
تىگە يىغىپ قويۇلغان بىر توپ پاختىلىرى چىقىپ كەتكەن جال-
دۇر - جۇلدۇرلار كورپە - ياستۇق نامىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىشات-
تى. بىر تەكچىدىكى چېيتى پۇچۇلغان، قېنى قاچقان ئۈچ - تۆت
چىنە ۋە بىر قارا چوگۈننى، يەنە بىر تەكچىدىكى ئۆمرىدە
يۇيۇلۇپ باقمىغان قارا مىس پەتنۇسنى، بوش قوزۇقلارنىڭ كوگلى
ئۈچۈن ئېسىلغان بىرتالالا كىر داستىخاننى تىلغا ئېلىش بىلەن
بۇ ھويلىنىڭ ھەممە جاھاز - مۇلۇكلىرى يېزىپ چىقىلغان بولىدۇ.
بۇلۇڭدىكى تەكچىدە قاتتىق ناننى غاجاپ ئولتۇرغان چاشقان
كورىستىلمىگەندە، بۇ ئۆيدە باشقا جانلىق زاتمۇ كورۇنمەيتتى.
ئۇدۇلدىكى ئوگزىسىنىڭ چەتلىرى چۇشۇپ ئوتتۇرىسى يىمىرىلگەن،
تاملىرىدىن ئىشەك مەدەكلىرى ئۆسۇپ چىققان خارابە بىنالارنىڭ

ئۆيەر - بۇيەرلىرىدە كورۇنۇپ تۇرغان كونا نەقىش - گۈللىرىدىن ۋە سىرلىرىدىن بۇ ئائىلىنىڭ ئىلگىرى دۆلەتلىك بىر ئائىلە بولغانلىقىنى ۋە هازىر بولسا بەكمۇ كەمبەغەلچىلىكتە ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىلەتتى.

يىگىت ئېتىنى ئۈژمە دەرىخىگە باغلاپ، ئۆي تەرەپكە ئەمدىلا مېڭىۋىدى، بۇلۇڭدىكى خارابە ئۆيدىن ئۆزىنى تۈزەپ، ئوقۇغۇچى قۇتىدارنىڭ هويلىسىدا كۆرگەن هېلىقى پاكار خوتۇن خۇددى خوتۇنلار دېيىشىدىغان "زىياندىاش ئالۋاستى" لاردەك سەت قىياپەتتە يىگىتكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. خوتۇن يىگىت بىلەن تېز - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئىككىسى ئۆيگە كىرىشتى، يىگىت جۇۋىسىنى يېشىپ ئۆينىڭ تۆرىگە تاشلىدى، بېشىدىن قالپىقىنى ئېلىپ قوزۇققا ئىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر ئىككەلىسى ئولتۇرۇشتى.

— قانداق، — دەپ سورىدى خوتۇن، — ئىشىڭ ئوڭدىن كەلدىمۇ؟

— يامان ئەمەس!

— ئۇزى هازىر مەشتە ئىدى. ئەپلەپ كەلسە ياخشى بولاتتى، دەپ تەشۋىشلىنىپ ئولتۇردى. سېنىڭ كېلىشىڭ ئالدىدىلا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

— ئۆيگە كەتتىمۇ؟

— بىلمەيمەن، كېلىپ قالار. ئۆزىمۇ تولا كېلىپ ئولەي دىدى. تۈنۈگۈن ئۈچ قېتىم كېلىپ كەتتى، قېنى...

— نېمىدىن تەشۋىشلىنىدۇ؟

— ئىشنى دىگىنىمدەك قىلالمىسا ھەممە ئەمگەك بىر تىيىن بولىدۇ، دەيدۇ.

يىگىت كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، سورىدى:

— ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلىرىڭىز قانداق؟

بۇ سوئالدىن خوتۇننىڭ يۈزىگە ئۈمىدسىزلىك تۈسى كىردى:

— بىلمەيمەن، دوستىنىمۇ، دۈشمىنىدىنمۇ، ئىش قىلىپ، ئالدىنىڭ

ئىچىلماي تۇرىدۇ؛ ئەلچىلىككە چىقمىغان كۈنۈم يوق، قىھ ... يامان خوشنىنى يەر يۇتسۇن. مەرەيىم پەدەزچى بوشاشقاندەك بولۇۋىدى، ئۈنىمۇ ئۇلگۈر خوشنىلار ئايىنىتىپتۇ ... ھامىد باي بولسا بۇگۈن ماقۇللاشساڭلار، ئەتىسىگە توينى باشلايمىز، دەيدۇ، قىھ ... — بۇ سۆزدىن يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ ئاللىقانداق بىر رەڭگە كىردى.

— قايسى خوشنا ئىكەن، ئۇ؟

— قۇرۇپ كەتسۇن، يامان خوشنىلار، قىھ ... مەن ساڭا قايسى بىر خوشنىنى تۇتۇپ بېرەي، ھەممىسىلا ئاينىتقىدەكمىش.

— سەن ماڭا شۇ ... نى كۆرسىتىپ بەر، كۆزىنى ئېچىپ قوياي شۇ ئاناڭنى ...

ئىككىسى شۇ ماجرادا ئولتۇراتتى، يولەكتىن كىرىش بىلەنلا ئۈژمىگە باغلانغان ئۇزىنىڭ ئېتىنى كۆرۈپ ئادىمىنىڭ كەلگىنىنى بىلگەن ھامىد، ئايۋاندىن ئايلىنىپ كىرىشكە سەۋرى قىلالماي دەرىزىدىن ئېشىپ ئۆيگە كىردى-دە، يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئولتۇرا-ئولتۇرماستىن ھامىد ئۇنىڭدىن سوراشقا باشلىدى:

— خوش، سادىق پالۋان، ئىشلار قانداق، تاشكەنتتە نېمە گەپلەر بار؟

— نېمە گەپلەر بولاتتى. تاشكەنت تىنچلىق. بانادا تاشكەنتنىمۇ كۆرۈۋالدۇق.

— ئۆينى تاپالىدىڭىزمۇ؟

— تاپتىم. ئېيتقىنىڭىزدەك، ئۇنىڭ ئۆيىنى تاشكەنتتە ھەممە بىلىدىكەن.

— ئۇنداق بولسا خەتنىمۇ تاپشۇرغاندۇرسىز؟

— تاپشۇردۇم.

— بارىكاللا، شىر، خەتنى قولىڭىزدىن كىم ئالدى؟

— بىر بوۋاي.

— يۈزى سوزۇقراق، چېكىسى سىقىغراق كەلگەن بوۋايدۇر؟

— خۇددى ئۆزى.

— خېتىنىمۇ ئالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋە سەۋرسىزلىنىپ سادىقنىڭ

ئاغزىغا تىكىلدى. سادىق چىرايىغا مەغرۇر بىر تۈس ۋە ئاۋازىغا غالىبانە ئاھاڭ بېرىپ، "خەتنىمۇ ئالدىم" دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ جاۋاپتىن كېيىن ھامىدنىڭ ئاغزىنىڭ تاناۋى بەكمۇ بوشىشىپ كالچىيىش بىلەن سادىقنىڭ دولىسىغا ئۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. سادىق قويىنىدىكى خەتنى ئېلىۋېتىپ ئىشلەتكەن ھىلىسىنى ھىكايە قىلىشقا كىرىشتى.

— خەتنى بوۋايغا بەردىم-دە، ئەتىلىككە مەرغىلانغا كېتىمەن، خەت بەرسەڭلار بىمالال ئەپكېتىمەن، دېدىم. بوۋاي بىرئاز ئويلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ھازىرچە خېتىمىز يوق، سىزگە ئېغىر كەلمىسە ئەتىگەندە بىر خەۋەر ئېلىپ كەتمەمسىز، ئۆزىڭىز ھازىر قەيەردە تۇرىسىز، دەپ سورىدى. مەن ئېغىرسىنغاندەك ئويلىنىپ قويدۇم ۋە ماقۇل، چۈشكەن يېرىم يىراق بولسىمۇ، بىر خەۋەر ئېلىپ ئۆتەرمەن، — دېدىم. ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىشىغا خوشاللىنىپ، بىركېچىنى ساماۋاردا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسىگە ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا يەنە باردىم. ئىمان تاپقۇر ئاتام خەتنى مۇزدەك قىلىپ تەييارلىتىپ قويغان ئىكەن. مەرغىلان قەيەردىسەن، دەپ بىر ئات، بىر قامچا بولۇپ مېڭىپ كەتتىم.

ھامىد خەتنى ئېلىپ، سادىقنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ "رەھمەت، رەھمەت!" دېدى ۋە "بىزمۇ سىزنىڭ ھەركىتىڭىزدە"، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى، خەتنى ئاچقاندا ھامىدنىڭ يۈزىدە خوشاللىق ئارىلاش بىر جىددىيەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

"ئۈمىدىمنىڭ يۇلتۇزى، ئارزۇيۇمنىڭ چىچىكى، ھا-
ياتىمنىڭ تىرىكى كۈمۈشكە!

كىنايە ۋە ئاچچىقلار بىلەن تولغان خېتىڭىزنى ئالدىم. خەتنى يازغان چېغىڭىزدا پۈتۈنلەي بىر ئوت ئىچىدە، غەزەپ دېڭىزىدا ئۈزگەنلىكىڭىز گەۋدىلىنىپ، كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشتى. ئۆتۈش بىلەنلا قالمىدى، ھەتتا ماڭا شۇنچىلىك تەسىر يەتكۈزدىكى، گويا مەلىكىسىنىڭ

غەزنۇگە يولۇققان قۇل قايسى دەرىجىدە ئەس - ھۇ-
شىدىن ئايرىلسا، قىلىدىغان ئىشىدىن، ئويلايدىغان ئو-
يىدىن تېنسە، مېنىڭمۇ ھازىرقى ھالىم بۇنىڭدىن يۈز
ھەسسە ئېشىپ كەتتى. توغرىسى زەھەرلىك خېتىڭىزگە
ئادەملەرچە چۈشىنەلمىدىم ۋە چۈشىنىشنىمۇ لازىم تاپ-
مىدىم، چۈنكى غەزەپ ئۈستىدە ئېيتىلغان سۆزلەر ئە-
قىللىق ئادەملەرنىڭ مۇھاكىمە ۋە مۇتالىسىگە لايىق
بولالمايدۇ، گۈلخان ئۆچكەندىن كېيىن يالقۇنىنىڭ ھە-
ساۋى ھېچقاچان ئېلىنمايدۇ، لېكىن خېتىڭىزنىڭ بىر
جايىغا نىمە مەنە بېرىشىنى بىلەلمەي پۈتۈنلەي ئاجىز
قالدىم: "... ئىلگىرىكى سۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ھەق-
قىڭىز تۈگىگەنلىگىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە نومۇس قىل-
ماي - قىزارماي ۋىجدانسىزلارنىڭ ئەمرىنى بېرىپ
قويىسىزدە، نومۇسسىزلىقىڭىزنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇ-
رىسىز!" ۋە "... ئاتام تاشكەنتتىكى چېغىدا بۇ گەپنى ئېي-
تىشقا نومۇس قىلغان ئىمىشسىز... گويا بۇنىڭ بىلەن
نومۇسلۇق، ئىزا تارتىدىغان بىر يىگىت بولۇپ كۆرۈن-
مەكچى بولسىڭىز كېرەك؟!... — بۇ سۆزلىرىڭىز بىلەن
نىمە دىمەكچى بولسىز، تېنىڭىز ساقمۇ؟ توغرا، مەن ئا-
تىڭىزغا بىللە كېتەلمەسلىگىمنى، چىللاقىنى كۈچ - توت
كۈن كۈتۈپ قېلىشىمنى بىرنەچچە ۋاقىتقىچە ئېيتالماي
يۈردۈم ۋە ئاخىرىدا ئاتىڭىز كېتىشكە رۇخسەت سوراشقا
باشلىغاندىن كېيىن، ئاتام ئارقىلىق ئۆزرەمنى ئېيت-
تۇردۇم، خالاس، بۇنىڭدا قانداق نومۇسسىزلىق بول-
سۇن، گۇمانىمچە، ئىسسىتمىڭىز قاتتىق تۇتقانغا ئوخ-
شايدۇ ۋە بۇ تەلۋىلەرچە خېتىڭىزنى ئىسسىتما ئارىسىدا
يازغانغا ئوخشايسىز..."

ھامىد خەتنىڭ بۇ يېرىگە كەلگەندە ئىختىيارسىز قاقاقلى-
ۋەتتى - دە "ۋاي ئەخمەق" دەپ قويدى. پۈچۈق خوتۇن بىلەن

ساددىق ئۇنىڭغا قاراشقان بولسىمۇ، ئۇ ئېلتىپاتسىز ئوقۇشىنى دا-
ۋام قىلدۇردى:

"خەتنى ئىسسىقتا ئارىسىدا يازغىنىڭىزغا پۈتۈنلەي
ئىشەندىم، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئەيىپلەشكە ھەققىم
يوق، ھەم سىز ئەيىپۇغا لايىقسىز. بۇ كىنايە ۋە زەھەرلىك
خەتنى يېزىشقا سىزنى مەجبۇر قىلغان، مېنىڭ ھە-
لىگەر تۈلكە، ئاغزى قان بورە، نومۇسسىز يىگىت...
ۋە يەنە ئالىلقانچە مەرتىۋىلەرگە مىندۇرۇلۇشلىرىمنىڭ
باش ئامىلى، ئەلۋەتتە دادىڭىزدىنمۇ ئاڭلىغان بولسىڭىز
كېرەك. مۇشۇ كۈنكىچە چىللاق بالاسىغا تۇتقۇن بولۇشۇم،
ئارزۇ - ھەۋەس قىيىناتىسىنىڭ ئاغرىپ يېتىش شۇ-
لۇغىدۇر. ئاخىرى سىزنىڭ ئاچچىق خېتىڭىزنىڭ بەر-
كىسىدە بۈگۈن چىللاقنىڭ خەۋىرىمۇ كېلىپ قالدى.
سىز مېنىڭ بۇ خېتىمنى ئوقۇپ، گۇنالىرىمنى كەچۈرۈپ
تۇرغان ۋاقىتلىرىڭىزدا، ئەلۋەتتە، مەن مەرغىلان يولىدا
بولسام كېرەك. ئاتىڭىزنىڭ ئوقۇيدىغان بىيىتى مېنىڭ
شەنىمگە پۈتۈنلەي تەتۈر، چۈنكى ئاتا - ئانا ئارزۇسى
ھېچ بىر ۋاقىتتا يېڭى يارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ
ۋە ھەمىشەم باشقىلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى بولۇپ قېلى-
ۋېرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى تۇپراق بىلەن تەڭلەشتۈر-
مەكچى بولۇپسىز، لېكىن مەن ھازىر كۈمۈشكىمۇ قانائەتلەن-
مەستىن ئالتۇن بىبى، دەپ ئاتاش پىكرىگە كەلدىم...
ۋۇجۇدۇم مۇھەببىتىڭىز يالقۇنى بىلەن تۇتاشقان يول-
دىشىڭىز ئاتابېك.
26نچى جەۋزا، 1265 نچى يىل، تاشكەنت"

خەتنىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇغاندا ھامىدنىڭ يۈزىدە كۆ-
رۈلگەن خوشاللىق ئۆزگىرىشلىرى خەتنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ نىمىش-
قىدۇر بۇلغانغاندەك ۋە خوشاللىق ئورنىنى چوڭقۇر بىر خىيال
باسقاندەك بولدى. بىر - ئىككى مىنۇتلۇق خىيالدىن كېيىن ئاتاب

بېكىنىڭ: ”سىز مېنىڭ بۇ خېتىمنى ئوقۇپ گۇنالىرىمنى كەچۈرۈپ تۇرغان ۋاقىتلىرىڭىزدا، ئەلۋەتتە مەن مەرغىلان يولىدا بولسام كېرەك...“ جۇملىسىنى كۆزىدىن ئۆتكۈزدى-دە، سادىقتىن سورىدى:

— تاشكەنتتىن چىققىنىڭىزغا نەچچە كۈن بولدى؟

— ئالتە كۈن.

سادىقنىڭ جاۋابى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەندەك سېزىلىپ، ئۇ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتتى ۋە چىكىش ساقلىنى تۇزەپ خىيالغا چۈشۈپ قالدى. ھامىدتىكى كېيىنكى ئۆزگىرىشتىن خەۋەرسىز، ئويۇقتىكى ئەسكى-تۇسكىلەرنى تۈزىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن پۇچۇق خوتۇن ھامىدنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، سەت بىر ھەججىيىش ئارىلاش سورىدى:

— قانداق، ھامىدباي، ئىشلار ئوڭشىدىمۇ، پاشانىساغا ئەمدى ئەلچىلىككە بارىۋېرەمدۇق؟

ھامىد ئۈمىتسىزلىك بىلەن بېشىنى چايقىدى ۋە ئاستاغىنا جاۋاپ بەردى:

— ئىشىمىز تېخى ئۇ دەرىجىگە يەتمىدى، بىز ھازىر پەقەت ئەلچىنىڭ يولىدىكى بىرىنچى توسۇقنىلا بۇزدۇق.

ھامىد پۇچۇق خوتۇن ئارقىلىق كۈمۈشنىڭ خېتىنى ئالدۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئەۋەتكەن خىيانەتنامىسىنىڭ ھەدىدىن تاشقىرى بىر مۇۋەپپەقىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەنلىكىنى سېزىپ، ئاتابېكنىڭ يۈرىكىمۇ قول سېلىپ بېقىش ۋە ئۇنىڭ كۈمۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىپ ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىش يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كۈمۈشنىڭ خېتىنى سادىق ئارقىلىق تاشكەنتكە ئەۋەتكەن؛ سادىق بولسا، ئوقۇغۇچىغا مەلۇم خەتنى ئاتابېككە تاپشۇرۇپ، ئاتابېكنىڭ كۈمۈشكە يازغان خېتىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مانا شۇ خەت يۇقۇرىدا ھامىد تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ ئۆتتى.

ئاتابېكنىڭ بۇ خېتى ئۆزىنىڭ كۈمۈشكە بولغان مۇناسىۋ-

تىنىڭ دائىم كونا هالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئارتۇقچى بىلەن ئىپلان قىلاتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئاسانلىق بىلەن دۈشمەنگە بېرىلمەسلىكىنى سوزلەيتتى. بۇ يولدا بىرىنچى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن باسقان هامىد بۇنىدىن كېيىنكىلەرنىڭ بىرىنچىدەك كېتىشى ئۈچۈن ئويلىنىپ، قايغۇلىناتتى. بۇگۈن-ئەتە ئاتابېك كېلەردە، كۆمۈش بىلەن تېپىشار، خىيانەتنامىنىڭ ئۆزىنىڭكى ئەمەسلىكىنى ئىسپات قىلىپ، هامىدنىڭ ئويلىغان ئىشىنى يەنە كەينىگە سورەر ياكى پۈتۈنلەيلا هامىدنىڭ ئۈمىدىنى ئۈزەر. مانا بۇ ئېهتىمال ئەمەس، ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرغان ھەقىقەت ئالدىدا ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي، بۇنىڭغا قارشى چارە-تەدبىر ئويلاش بىلەن بېشى قاتقان ئىدى. ئۇ بۇ توغرىدا ئۇزاق ئويلاپ ئولتۇرمىدى، بىر نەرسىگە قارار قىلغاندەك خىيالدىن كوزىنى ئاچتى ۋە پوچۇق خوتۇنغا دىدى:

— جەننەت ئاچا، بىر چىلىم بېرىڭچۇ، — جەننەت چىلىم سېلىش ئۈچۈن قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇ سادىققا ئېيتتى:

— ئىنىم سادىقباي، ئىشىمىز بەكمۇ خام تېخى!

سادىقنىڭ قىزىل ئۇكە كوزلىرى ئويناپ جاۋاپ بەردى:

— غەم يىمەڭ، ئاكا، خام بولسا ئوبدان پىشۇرىمىز، ئولمىسەك!

سادىقنىڭ بۇ جاۋاۋى هامىدنىڭ ئىشەنچىگە ياغ قۇيغاندەك بولدى، دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ كىگىزگە تاشلىغاندىن كېيىن، مىننەتدارلىق ئاهاڭى بىلەن:

— سىز بىلەن جەننەت ئاچام تىرىك بولساڭلار پىشۇرىمىز، ئەلۋەتتە! — دىدى ۋە جەننەت ئاچىنىڭ قولىدىكى چىلىمنى ئېلىپ، تاقۇر-تۇقۇر تۇتاشتۇردى ۋە خور-ر قىلدۇرۇپ سەبىخانىسىنى يېرىۋەتكۈدەك قىلىپ ئىچىگە تارتقاندىن كېيىن، ئاغزىدىن تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ چىققان ئىسلارنىڭ ئارىسىدا چىلىمنى سادىققا ئۇزىتىپ، جەننەتكە دىدى، — ئاچا، سىز يەنە بىرقېتىم قۇتىدارنىڭ ئويىگە ھەت ئېلىپ بارىدىغان بولدىڭىز...

— قىسە... جېنىم بىلەن، ئايلىناي، سادىق ئەپكەلگەن خەتنىمۇ؟

ھامىد كۈلدى.

— ياق، ئاچا، ئەگەر بۇ خەتنى ئېلىپ بارسىڭىز، شۇنچە قىلغان ئىشلىرىمىز بىر تىيىن بولۇپ كېتىدۇ. ئىلگىرىكى قېتىم يازدۇرۇپ بەرگىنىمدەك ئۆز پىلانىمىزغا مۇۋاپىقلاپ ئاتابېكنىڭ تىلىدىن يەنە بىرىنى جايلىتىپ بېرىمەن.

— ھې... ھې... ئايلىناي، قىسە... مەن بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلەي ھامىدجان!

— ئەلۋەتتە بىلمەيسىز، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدان بىلىشىڭىز كېرەك، بىرئاز خاتالىشىپ قالسىڭىزمۇ، ھەممە قىلغانلىرىمىز شامالغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن... — ئۇشتۇمتۇت بۇ يەردە ھامىدنىڭ يادىغا ئۆزىنىڭ بىر خاتاسى كېلىپ چۈشتى: بىرىنچى قېتىم ئاتابېكنىڭ تىلىدىن يازغان ساختا خېتىنى ئۇنىڭ قول يېزىقىنى مۇلاھىزە قىلماستىن ئەۋەتكەن ۋە ھازىرغىچە بۇ سىرنىڭ مىرزاكەرىم قۇتىدار، كۇمۇش بىبىلەر تەرىپىدىن بىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى بۇ ئىككىنچى ساختا خەتنى يازدۇرۇشتا، گەرچە ھازىر ئاتابېكنىڭ قولىيازمىسى ئۆز قولىدا بولسىمۇ، يەنە قورقۇنچى يوق ئەمەس ئىدى. ئەمدىكى خەتنى بەك ئېھتىيات بىلەن نۇسخىغا قاراپ يازدۇرۇشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - دە، يەنە قايسى توغرىسىدۇر ئۇزاق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، سادىققا دېدى:

— ئىنىم سادىقباي، سىزگىمۇ يەنە چوڭ بىر خىزمەت بار، ئەگەردە...

— كىشىنىڭ خىزمىتىدىن قاچقان يىگىت ئەمەسمەن!

ھامىد سادىق بىلەن جەننەتكە قارىۋالدى ۋە:

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ ئىشەنمىگەندەك تەكرار سورىدى، ئۇنىڭدىن شۇنداق دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، — جەننەت ئاچا، سادىق ھېرىپ، قوسىقى ئې-

چىپ كەلگەنگە ئوخشايدۇ، مەنمۇ ئەتىگەندىن بۇيان غىزا يېمىدىم. بىز سادىق بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرساق، سىز مانا مۇشۇ پۇلغا بازارغا چىقىپ بىر چارەك گوش ئەپكېلىپ، شورپا سېلىپ بەرسىڭىز! — جەننەت پەرەنجىسىنى يېپىنىپ گوشكە كەتتى، ئاندىن هامىد سادىقتىن ياندۇرۇپ سورىدى:

— كىشىنىڭ خىزمىتىدىن قاچقان يىگىت ئەمەسمەن دەگىچۇ؟ — نىمشقىدۇر هامىد سادىقنىڭ تەكرار: "قاچقان يىگىت ئەمەسمەن، سىنىماستىن خىزمەتنى ئېيتىۋېرىڭ" دېيىشىگە ئىشەنمەيتتى، ئاخىرى:

— ئەگەردە سىزگە بۇيرۇيدىغان خىزمىتىم بۇگۈنگىچە قىلغان ئىشلىرىڭىزدىن يۇقۇرىراق، باشقا ۋە ئېغىر بولسىچۇ؟ — دېدى. سادىق هامىدنىڭ مەقسىدىگە چۈشەنگەندەك بولدى ۋە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

— ئادەم ئولتۇرۇشمۇ؟ — دەپ سورىدى. هامىد سادىققا ئىشەنمەستىن بىر مىنۇتچە قاراپ تۇردى، كېيىن ئەتراپىغا ئالاق-جالاق قىلىپ قارىۋالدى-دە، چاخچاق تەرىقىسىدە:

— ئەگەردە ئادەم ئولتۇرۇش بولسىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— هازىرغىچە ئىككى نەپەرنى جايلىدىم، ئۈچىنچى بولسا نىمە بولاتتى؟ — دېدى سادىق ۋە مەغرۇر كۈلۈپ قويدى. بۇ گەپتىن كېيىن هامىد ئۈستىدىكى يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك ئۇه تارتىپ قويغان ئىدى.

— مەن ئادەمنىڭ خىزمىتىنى ئۆتىيدىغان يىگىت ئەمەسمەن، — دېدى هامىد ۋە داۋام قىلدى، — ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئوغۇل بالىلىقىم، يامان ئۈچۈن يامانلىقىم بار. ئەگەردە شۇ خىزمەتنى ئورۇنلاپ بېرىشنى بويىنىڭىزغا ئالسىڭىز، قەسەم ئىچىپ ئېيتىمەنكى، دۆلىتىمنىڭ يېرىمى سىزنىڭكى بولسۇن!

سادىق ئولتۇرغان جايىدىن قولىنى هامىدقا ئۇزىتىپ "يېنىۋالماسىز؟" دەپ سورىدى. هامىد قولىنى ئېلىپ "سوزمۇ بىر، خۇدامۇ بىر" دېگەن جاۋاپنى بەردى.

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ، مىرزا كەرىم قۇتىدارنىڭ ئىشىكى ئەترابىدا ئاتابېكنى كۈتمەكچى، ئۇ كېلىپ يولەككە كىرىشى بىلەنلا، ئارقىدىن بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىنى تۈگەتمەكچى بولدى. سادىقنىڭ پىكرىچە بۇ ئىشنى دەرۋازىدىن تاشقىرىدا ئورۇنلاش مۇۋاپىق بولسىمۇ، نىمىشقىدۇر ھامىد بۇنىڭغا ئۇنىماي قۇتىدارنىڭ ئۇزۇن قاراڭغۇ يولىكىنى ئەپلىك ھېساپلايتتى. سادىقنىڭ "قايسى ۋاقىتلاردا كېلەركىن؟" دىگەن سوئالىغا:

— ئەلۋەتتە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئەتىگەندە ئېچىلىپ، نامازشامدا يېپىلىدۇ، پەمىمچە، ئەتىگەنكى قوقاندىن چىقسا، نامازدىگەرلەردە مەرغىلانغا كىرىپ كېلىدۇ، — دىدى ۋە سۆز ئاخىرىدا ئارىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلگەن شەرتنى يەنە تەكرارلىدى:

— ياخشى ئويلاڭ، سادىق! ئالىمادىس قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز، سوراق ۋاقتىدا ئەيىپنى پەقەت ئۆز بوينىڭىزغا ئېلىپ، ئارىغا مېنى ئارىلاشتۇرمايسىز!

— خاتىرجەم بولۇڭ، سادىق دىگەن ئۇنداق خۇمسىلىقنى جاللاتنىڭ قولىدىمۇ قىلمايدۇ؛ ئەزىبرايى خۇدا!

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى شەرت: بۇ سىر پەقەت ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ سەزگەن بولۇشىڭىز كېرەك، جەننەت ئاچامنى گوشكە ئاۋارە قىلىشىم ئۇنىمۇ بۇ سىردىن تاشقىرىدا تۇتۇش ئۈچۈن ئىدى.

— كوڭلىڭىزنى مېنىڭدىن ناھايىتى توق تۇتۇۋېرىڭ، ئاكا! ئاۋغانچە خەنجىرىڭىزنى بېرىسەن دىگەن ئىدىڭىز-غۇ - ھە؟

— شورپا پىشقىچە ئەپكىلىمەن، — دىدى ھامىد ۋە كەتتى.

## 7

# قوغلىنىش

ئۈچ كۈندىن بۇيان سادىق قۇتىدارنىڭ ئىشىكى ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيتتى. ھازىر كەچكى سائەت يەتتىلەر چامىسى بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئۇ بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، لېكىن يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنى كورسە، بەلكى ئاشۇ بولمىسۇن، دەپ يەنە كۈتۈپ قالاتتى. ئەھۋال بىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھامىدمۇ ئىتىغا سىڭايان مىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. سوئال نەزىرى بىلەن قارىغان ئىدى، سادىق بېشىنى چايقاپ جاۋاپ بەردى. ئاخىرىدا قۇتىدارمۇ كۈندىكى ۋاقتىدا بازاردىن يېنىپ ئۆيىگە كىردى. ۋاقىت نامازشامغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قالغان بىر تال - يېرىم تال دۇكانلارمۇ تاقىلىپ، ئۆتكۈنچىلەرمۇ شالاڭلىشىپ قېلىشتى. شۇنچە كۈتكەندىن كېيىن يەنە بىرئاز چىداي، دىگەن بولسا كېرەك، ئۇ تېخىچىلا شۇ ئۆيچۈرىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ۋاپۇرۇش رەستىسىنىڭ شەرقىقە قاراپ تارتىلغان كوچىسىنىڭ بېشىدىن بىر توپ يىگىتلەر بۇنىڭغا قاراپ كېلىشىۋاتاتتى. باشتا ئۇ كېلىۋاتقانلارنى تونۇمىغان ئىدى، يىگىتلەر يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يولداشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۆزىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن قۇتىدارنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىكى يولەكنى ئەمدىلا مولچەرلەپ تۇرۇۋىدى، يىگىتلەردىن بىرى: "بۇ يەردە سادىق نىمە قىلىپ يۈرىدىكىنە؟" دەۋەتتى، يەنە بىرسى "سادىقباي، سادىقباي!" دەپ ۋاقىراپ قىچقىرىشقا كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن سادىق بۇرۇلغان جايىدا توختاپ

قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— نېمىشقا بۇ يەردە تۈگمەنچىنىڭ ئىشىنى قالغان ئىشىكدەك دۈگدىيىپ تۇرىسەن، سادىق؟ — دېدى بىر يىگىت. باشقىلار بۇنىڭ سۆزىگە كۈلۈشتى، سادىقمۇ كۈلكىگە قوشۇلۇپ، يىگىتلەرگە يېقىن كەلدى.

— بىرسىدە ئىشىم بار ئىدى، شۇنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن.

— سادىق، — دېدى ھېلىقى يىگىت ۋە سادىقتىن «ھە» جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، — بۇرنۇڭ بۇرۇنمۇ، ياكى رىسالەت ئايلامنىڭ رىپىدىسىمۇ؟ — دېدى. يىگىتلەر كوچىنى باشلىرىغا كوتىرىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— يۇر، بەزمىگە!

— قانداق بەزمىگە؟

— شەمشاد بېگىنىڭ بەزمىسىگە. تېخى شەمشاد بېگىنىڭ تويىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ يۇر، سادىق جېنىم، يۈزۈڭ يۈزمۇ، مولدۇردە قالغان تاپىلىما تىزەكمۇ؟

سادىق ئىككىلىنىپ جاۋاپ بەردى:

— مەن كېيىنرەك بارىمەن.

— ھەي خۇمسا، — دېدى يىگىت ۋە ئېرىنچتىن سەكرەپ سادىقنىڭ يېنىغا ئۆتتى، — ئەنجاندىكى قايماقخانىمۇ كەپتۇ. بەزمە جەمشت بولىدۇ، يۈر! — يىگىت سادىقنى سۆرەشكە باشلىدى. باشقىلارمۇ گۇنىڭ كەينىدىن ئىتتىرىپ ئېلىپ كېتىشتى. سادىق يولداشلىرىنىڭ زورى بىلەن ئىلاجسىز ماڭسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن كۈتكىنىنىڭ بۈگۈنمۇ كەلمەسلىكىگە ئۆزىچە ئىشىنىپمۇ قويغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئون - ئون بەش چامدامىلاردىن كېيىن، يولداشلىرىغا ئەتتەرگۈزۈپ تۇرماستىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن مېڭىشقا باشلىدى. كوچىنىڭ جەنۇبىغا قاراپ كېتىشىۋاتاتتى. ئارىلىقتىكى غەربكە قاراپ تارتىلغان كوچىنىمۇ بېسىپ ئۆدۈلگە ئۆتۈشكە باشلاشقان ئىدى، شۇچاغدا يىراقتىن ئات سالدۇرۇپ ئۆدۈل كېلىۋاتقان ئاتلىقنى كورگەن سادىق كوچىنىڭ ئوتتۇر-

سىدا توختىدى. ھېلىقى زومىگەر يىگىت ئۇنى بىر ئىتتىرىۋەتتى
ۋە: "ماڭ، ماڭ، ئىتنىڭ بالىسى، ساراڭ بوپ قالدىڭمۇ؟"
دەپ سورەشكە باشلىدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا توت تەرەپتىن
قارچۇغىلاردەك چاپلاشتى، شۇنداق قىلىپ "بىچارە" سادىقنى
ئۆز ئىختىيارىغا قويماي، كوچىدىن خېلىلا نېرىغا سورەپ كېتىش-
تى. ئۇلار كوچىدىن ئوتتۇز - قىرىق قەدەمچە ئۇزاپ كېتىشلە-
رىگە، ھېلىقى يىراقتىن كورۇنگەن ئاتلىق تورۇق يورغىسىنى
تارسىلدىتىپ چوڭ كوچىغا چىقتى ۋە يىگىتلەر كەلگەن تەرەپكە —
شىمالغا بۇرۇلدى. سادىق كېتىۋېتىپ ئاتلىققا بۇرۇلۇپ قارىدى.
ھەسەن ئەلىدىن خەت ئالغىلى بارغىنىدا ئاتخانىدا كورگەن قارا
تورۇق ئاتنى تونۇشى زاماتلا قولتۇغىغا كىرىۋالغان رودۇپايدىن
قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ باقتى، لېكىن ھوددىسىدىن چىقالمىغاندىن
كېيىن، كوزىنى يىرتقۇچلاردەك پارقىرىتىپ "ئىت ئەمگەن دەيۇز!"
دېدى قولتۇغىدىكى جانلىق كىشەنگە.

* * *

ئۇياق - بۇياقتىن نامازشامغا ئېيتىلغان ئەزانلار ئاڭلىنىشقا
باشلىغان ئىدى، مەلۇم ئاتلىق قۇتىدارنىڭ دەرۋازىسىدا ئېتىنى
توختاتتى - دە، ئوڭ پۇتىنى ئۈزەڭگىدىن ئالدى. شۇ چاغدا
نامازشام نامىزىدىن قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ قۇتىدارمۇ
يولەكتىن چىقىپ كەلدى. ئېتىنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
قالدۇرۇپ قېيناتىسى بىلەن كورۇشۇش ئۈچۈن يۈگۈرگەن
كۈيوغلى ئالدىدا نامىزىنىمۇ ئۇنتۇغان قۇتىدار لاغىل-
داپ تىترەپ توختىغان ئىدى. كورۇشۇش ئۈچۈن ئۇزىگە ئۇزى-
تىلغان قولىنى بوش ھاۋادا قالدۇرۇپ، دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا
باردى. بۇنداق مۇئامىلىنىڭ ئالدىدا ئاتابېگىنىڭ قانداق ئەھ-
ۋالدا قېلىشى ئىزاھقا ئانچە مۇھتاج بولمىسا كېرەك، ئۇ تۇرغان
جايىدا قوزۇقتەك قېقىلىپ قالغان ئىدى، قۇتىدارنىڭ ئالدىغا

مېڭىشىنىمۇ بىلمەيتتى ۋە سۆزلەشكىمۇ تىلى كەلمەيتتى.

— بۇ قانداق ھەرىكەت ئاتا؟

قۇتىدار تىترىگەن ۋە ھاياجانلىق بىر ئاۋاز بىلەن:

— نومۇسسىزغا مېنىڭ ئۆيۈمدىن جاي يوق، نومۇسسىز بىلەن سۆزلىشىشكىمۇ تاقىتىم يوق ... مېڭىڭ، ئىشىگىمنىڭ ئالدىدا تۇرماڭ! — دېدى-دە، ئۆزىنى ئىچكىرىگە ئالدى ۋە دەرۋازىنى يېپىپ شاراق-شۇرۇق قىلىپ زەنجىرىنى سېلىشقا باشلىدى...

ئاتابېك ئەس-ھوشىنى يىغىپ مىخلانغان جايىدىن قوزغالغاندا نامازشام ئوقۇلۇپ بولغان، ئادەملەر ئۆيلىرىگە يېنىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ھېچنىمىنى ئويلىمىغان، بىلمىگەن ھالدا كېلىپ ئېتىغا مىندى ۋە "چۇھ" دېدى، لېكىن ئات قوزغالمىدى. ئىككى-ئۈچ قامچىدىن كېيىن تالغا باغلانغان تىزگىن تارس قىلىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەندىلا ئۇ بايا يۈرۈپ كەتكەن ئېتىنى، كوچىدا كېتىۋاتقانلاردىن بىرىنىڭ باغلاپ تۇرغىنىنى ئەسلىدى، "چۇھ" دېدى، ئات كوچىنىڭ شەرقىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

بۇ كېتىشتە ئۇنىڭ ھوشى ئۆزىدە، دەپ ئېيتىش تەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتنىڭ بېشىنى قاياققا توغرىلىغىنىمۇ بەلگىلىك ئەمەس، ئېھتىمال ئۇنىڭغا ھازىر ئات ماڭسىلا بەس بولسا كېرەك. ئات كوچىنىڭ ئايرىلىشىغا يېتىپ بېرىپ، "ئەمدى قاياققا ماڭىمىز" دېگەندەك توختىغان ئىدى، ئىگىسى يەنە "چۇھ" دەپ جاۋاپ بەردى. ئات شىمالغا قاراپ بۇرۇلدى. بۇ كوچا بىلەن ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئالتىنچى باپتا ئوقۇغۇچى بىلەن تونۇشتۇرۇلغان ب مەھەللىسىگە چىقىپ، ئات يەنە قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى سوراپ توختىدى.

— چۇھ!

ئات كوچىنىڭ شەرقىگە مېڭىپ ئوقۇغۇچىغا مەلۇم بۇلۇڭدىكى ئىككى ئىشىكتىنمۇ يەنە شىمالغا بۇرۇلۇپ تار كوچا بويلاپ ئۇزاق ماڭدى. ۋاقىت خۇپتەنگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، ئۈچۈن قاراڭ-

نۇ ئوبدان چۈشكەن ئىدى. ئات ئۆزىنىڭ بۇ نوۋەتتىكى توخ-
تىشىدا ئىگىسىنىڭ "چۇھ - چۇھ" ئىمۇ پەرۋا قىلماي تۇرۇۋالدى
ۋە ئاتابېك كوزىنى ئېچىپ يولغا قاراشقا مەجبۇر بولدى.
ئاتنىڭ تار كوچىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بېرىپ يول قالمىغانلىقى-
تىن توختىغانلىقىنى چۈشىنگەندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشلاردىن
ئۆزىگە ھېساپ بېرىشكە باشلىدى. قېيناتىسىنىڭ ئىشىگىدە ئېتى-
نى يولغا سالغىنىنى بىرئاز ئەسلىسىمۇ، باشقىسىنى بىلمەيتتى.
ھەر ھالدا مەرغىلاننىڭ چەترەگىدىكى بىر خالتا كوچىدا ۋە
چوڭ بىر دەرۋازا يېنىدا تۇرغانلىقىنى پەملىدى. ئاتنىڭ بې-
شىنى بۇراشنىمۇ، بۇرىماسلىقنىمۇ بىلمەي بىردەم ئويلاپ توختاپ
قالدى. ئۇ ئويلاپ تۇرغاندا دەرۋازىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئىككى
ئادەمنىڭ خوشلىشىپ ئايرىلىشىنى ئاڭلاندى. ئىچكىرىكى ئاياق
ئاۋازى دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ چىقىۋاتقان ئادەمگە كاشىلا
قىلماسلىق ئۈچۈن ئېتىنىڭ بېشىنى چەتكە تارتتى. ئاتابېك
توختىغان جاي توت تەرەپتىكى ئىمارەتلەر بىلەن ئوبدان تو-
سالغان قاراڭغۇ بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن دەرۋازىدىن چىققان كى-
شىنىڭ پەقەت بېشىدىكى ئاق سەللىسىدىن باشقىسى كوزگە
ئىلىنمەيتتى. چىققان كىشى دەرۋازا يېنىدا تۇرغان ئاتلىقتىن
چوچۇپمۇ ۋە ياكى ئۆزىچىمۇ سورىدى:

— كىم بۇ ئاتتىكى؟

— مەن، — دېدى ئاتابېك ۋە ئۆزىنىڭ مەنتىقىسىز جا-
ۋابىدىن خىجالەت بولۇپ، تۈزۈك جاۋاپ بېرىشكە ئاغزىنى
ئەمدىلا راسلىغان ئىدى، چىققۇچى "سىز كىم" دېگەن سوئالى
بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويدى.

— مەن ... بىر مۇساپىر غېرىپ، — دەپ جاۋاپ بەردى - دە،
نىمشىقىدۇر تېمىشقا تەييار بولغان كوز يېشىنى كۈچ بىلەن
توختىتىپ قالدى، — مەرغىلانغا نامازشام ۋاقتىدا كىرگەن
ئىدىم، بارماقچى بولغان جايىمنى تاپالماي تېنەپ قالدىم ...

— قېنى بولمىسا، يۈرۈڭ بىزنىڭكىگە، مېھمان! — سوزلىگۈ-

چىنىڭ سوز ئاھاڭىدىن يولداشلىق پۇرىقى كېلىپ ئاتابېكنىڭ دىمىغا ئۇرغان بولسىمۇ:

— رەھمەت سىزگە، ئاكا! — دىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ سوزىمۇ ئورۇنسىز چىققان ئىدى.

— ئوزىڭىز تېنەپ قالدىم، دىدىڭىزغۇ، يەنە نەگە بارماقچى بولسىز؟

— سىزگە ئېغىز كەلمىسە ...

— ئېغىرلىقى يوق، يۇرۇڭ، — دىدى ۋە ئالدىغا چۈشۈپ ئاتابېككە يول باشلىدى:

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا بىر غېرىپ!

ئاتابېك بۇ كىشىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، بىر بىرىنىڭ كەينىدىن سوزلەشمەستىن، جىمغىنا كوچىنىڭ ئايىغىغا قاراپ كېتىشىۋاتاتتى. خېلىلا ماڭغاندىن كېيىن، باشلىغۇچى كىشى "ئېتكىنىزغىمۇ جاي بار" دەپ قويدى. ئاتابېك جاۋاپ بەرمىدى. شۇ پېتى گەپ - سوزسىز كوچىنىڭ بۇرۇلۇشىغا يېتىپ بېرىشتى - دە، كىشى ئاتابېكنى توختاشقا بۇيرۇدى، ئوزى ئالدىراپ ئوقۇغۇچىغا مەلۇم جەننەت ئاچىنىڭ ئىشىگىنىڭ سول بىقىنىدىكى يەنە بىر ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن قۇلۇپنى تىمىسقىلىدى. ئىشىكنى ئېچىش بىلەن:

— ئاتتىن چۈشۈڭ، مېھمان، — دىدى، ئاتنى ئاتابېكنىڭ قولىدىن ئالغاندىن كېيىن، — سىز خۇرجۇنىڭىزنى ئېلىپ يولەكتىن ئۆدۈلغا كىرىۋېرىڭ، — دىدى. ئاتابېك خۇرجۇننى كوتىرىپ ئىشىكتىن كىردى. ئۈستى يېپىق قاپ-قاراڭغۇ يولەكتىن ئوتۇپ يوغاندىنا بىر ھويلىغا چىقتى ۋە خۇرجۇننى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويدى. كىشى ئاتنى بۇلۇڭدىكى ئۈستى يېپىق ئوقۇرغىمۇ ياكى سۇپىغىمۇ - بىرسىگە باغلىغاندىن كېيىن، كېلىپ خۇرجۇننى ئالدى.

— قېنى ئايىۋانغا! — دەپ يول باشلىدى كىشى ئاتابېكنى ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، تەكچىدىن ساپال تەخسە بىلەن پىلەكنى

ئېلىپ چاقماق چاقتى. چىراق يېقىلدى، بۇكىشى قىرىق ياشلاردا
بار، چىرايى سېرىق، شالاڭ ساقال، قوي كوز، ئۇزۇن ۋاقىتلار
مەدرىسە قىينچىلىقلىرىنى تارتقانلىقىدەك قاتما كەلگەن، ئۇزۇن
بويلۇق بىر ئادەم ئىدى. ئايۋاننىڭ لاپاس ۋە باشقا جابدۇق-
لىرىدا ئانچە بايلىق كورۇنمىسىمۇ، پۇختا، پاكىز ۋە
ئازادە يىغىشتۇرۇلغانلىقى ئىگىسىنىڭ نازۇك مىجەزلىك ئادەم
ئىكەنلىكىدىن گۇۋالىق بېرىپ تۇراتتى. ئايۋاننىڭ سول تەرىپى-
دىكى بىر ئىشىكتىن ئۇياقتا ئويمۇ، ھوجرىمۇ بارلىقى بىلىنەتتى.
ئوي ئىگىسى ئاتابېكنى ياخشىلاپ كىرىز ئاستىدىن ئوتكۈز-
گەندىن كېيىن، سورىدى:
— قوسىغىڭىز ئەلۋەتتە ئاچتۇر، مېھمان؟ — ئاتابېكتىن
جاۋاپ كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئوزى ھوكۇمىنىمۇ بېرىپ قويدى، —
يول يۈرۈپ ئەلۋەتتە قوسىغىڭىز ئاچقاندۇ، سەۋزە - پىياز ۋە
گوشلىرىم ھەممىسى تەييار، پەقەت ئوچاققا ئوتلا ياقسام بولدى،
ئوزەممۇ تېخى غىزا يېگىنىم يوق. جىق ئەمەس ئازغىنا، بىر
كاپاملا قىلىمەن، — ئاتابېكنىڭ ئوزرە ئېيتىشلىرىغا قۇلاق
سالماي، ئاشقا تۇتۇش قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.
ئاتابېك ئەمدى ئوتكەن ئىشلارنى كوز ئالدىدىن ئوتكۈزۈشكە
باشلىغان ئىدى. بۈگۈنكى بەش مىنۇت ئىچىدە بولۇپ ئوتكەن
ۋەقەنى ھېچبىر يول بىلەن ئېسىگە سىغدۇرالمايتتى. راستىن
بولغان ئىش، دەپ ئويلاشقا ئەقلى ئىشەنمەيتتى. لېكىن قۇلاق-
لىرىنىڭ تۇۋىدە ھازىرلا ئېيتىلغان "نومۇسسىزغا مېنىڭ ئويۇمدىن
جاي يوق ... مېنىڭ، ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا تۇرماڭ!" دېگەن
سوزنىڭ ساداسى قانداق بولمىسۇن ئۇنىڭغا بىر ھەقىقەتنى
ئۇچۇق سوزلەپ بېرەتتى، كوڭلىدە سېزىلگەن خورلىنىش ۋە
ھاياجان بۇنى تەستىقلايتتى. بولا ئەمەس، يۈزىگە يېپىلغان
دەرۋازىنىڭ شاراق - شۇرۇق قىلىپ سېلىنغان زەنجىرىنىڭ
ئاۋازىمۇ بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەيتتى. بۇنىڭدىن كېيىن كۈمۈشنىڭ
زەھەرلىك خېتى بىر قۇر كوز ئالدىدىن ئوتۇپ كەتتى. خەتتىكى

چۈشىنىش تەس بولغان نۇقتا ۋە ئىشارىلەر يەنە بىر قېتىم زەھەر چېچىپ ئۆتكەندەك بولۇشتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئۇچۇق - روشەن بىر نەتىجە چىقىرىش كۈچىدىن ئاجىز، گويا ئىسسىتما ۋاقتىدا بولىدىغان تۇترۇقسىز، باغلىنىشسىز ئۇمبا - دومبا ھالەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يىپىنى بىر بىرىگە باغلىيالمايتتى. ئەمما ھازىرقى مىنۇتتا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاچچىق تەسىر قىلغان نەرسە: "مېنىڭ، ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا تۇرماڭ!" جۈملىسى بولۇپ، دولقۇنلانغان كۆڭۈل ئىززىتى ھەمىشە "قارا ئاھۇ كوزلەرنى" كورۇشكە ئۆگەنگەن يۈرەك كوزىنى خورلۇق پەردىسى بىلەن يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. راستىنمۇ، تۇغۇلۇپ ئەركىلىكتىلا ئۇسكەن، ھاياتنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىدىن يىراق يۈرگەن، پەقەت ئۇنىڭ تاتلىق گەپلىرىنىلا ئاڭلاپ كەلگەن ئاتابېككە بۇ خورلۇق تۇرمۇشتىن بىرىنچى زەربە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۇمۇشكە بېغىشلانغان يۈرەك تۇگۈنىنى يېشىلگەن ھالدا كورەتتى، گويا مەرۋايىت تۈگۈلگەن يىپەك رومال مەرۋايىتى ئوغرىلانغاندىن كېيىن، ئاياق ئاستىدا قۇپ - قۇرۇق ياتقاندەك ۋە ئىگىسى شۇ ئوغرىلانغان مەرۋايىتلارنىڭ ئەلىمىنى تارتىپ تۇرغاندەك ئىدى.

ئوي ئىگىسى ئاشقا سەۋزىنى سېلىپ، ئاتابېكنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ باشقا ھېسسىيات ۋە پىكىرلەرنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، ئۆزىنى تېتىكلىككە سالدى. ئوي ئىگىسى ئاتابېكنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدى:

— قەيەردىن سىز، مېھمان؟

— تاشكەنتتىن، موللىكا.

— ئىسمىڭىز؟

ئاتابېك پېشانىسىنى تاتىلاپ قويۇپ، جاۋاپ بەردى:

— شاكىربېك ...

— مەرغىلانغا بىرىنچى كېلىشىڭىزمۇ؟

— بىرىنچى كېلىشىم ...

— سودا ئىشى بىلەن كەلگەندۇرسىز؟ — ئوي ئىگىسى

ئاتابېگىنىڭ قىياپەت ۋە ئۈستى - بېشىدىن سودىگەرگە
ئوخشاتقان ئىدى.
— ياق ... مەن ئەسلى قوقانغا كەلگەن ئىدىم، ئەمما
مەرغىلاندا ئاتامنىڭ تونۇشلىرىدىن بىرسىدە ئازراق ئىشلىشىمىز
بولۇپ، شۇ كىشىگە يولۇقۇپ كېتەي، دەپ مەرغىلانغا ئۆتۈۋىدىم، —
ئاتابېك ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقىدىن ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ
بىرئاز تۇختىۋالدى، — ئۇ كىشىنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقى ماڭا
مەلۇم ئەمەس ۋە مەرغىلاندا باشقا تونۇشۇم بولمىغىنى ئۈچۈن،
كۈننىڭ ئۈستىگە ۋاقتىنىڭ كەچلىكىدىن تېنەپ قالدىم ...
ئوي ئىگىسى كۈلدى:
— نېسىپتىن قېچىش مۈمكىن ئەمەس، شاكىربېك؛ بۈگۈن
كېچىسى مېنىڭكىدە مېھمان بولۇشىڭىز نېسىپ بولغان ئىكەن.
يولۇقىدىغان كىشىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟
— كامىلباي ...
ئوي ئىگىسى ئويلاپ تۇردى - دە:
— بىزنىڭ بۇ يېقىن ئارىدا ئۇنداق كىشى يوق، ئېھتىمال
ئېرىقى مەھەللىدىدۇر، — دىدى ۋە تۇرۇپ ئىشىكقا قاراشقا
كەتتى. ئاتابېك ئۆزىنىڭ قىپ - قىزىل يالغان گەپ قىلىشىدىن
ۋىجدانى ئالدىدا قىزاردى. ئەمما ئۇ بىر تەرەپتىن مۇشۇنداق
قىلىشقا مەجبۇرمۇ ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قۇتىدار بىلەن سولەنىش
ۋە ئۇلۇمگە ھۆكۈم قىلىنىش تارىخى پۈتۈن مەرغىلانغا مەشھۇر
بولۇپ، ھەقىقى ئىسمىنى يوشۇرماي ئېيتقاندا، ئېھتىمال، باشقا
سىرلىرىنىمۇ ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. ئوي ئىگىسى قازان بېشىغا
كەتكەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى.
ئايۋاننىڭ ئېرىقى يېنى بىلەن شەرققە قاراپ تارتىلغان بىر
يولەك ئارقىلىق بىر باققىمۇ، قورۇققىمۇ چىقىلىدىغانلىقىنى بىلىپ
شۇ ياققا ماڭدى ۋە كىچىكرەك بىر مۇۋىلىك باققا چىقتى.
كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئۈستىگە مۇۋىلەرنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرى
قوشۇلۇپ، بۇ مەيدان بولۇپمۇ ئاتابېكنىڭ ھازىرقى كۆڭلىگە

يېقىنلىشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل مېۋىسى بۈگۈنكى قارا ۋەقە بىلەن قانداق ئۈزۈلۈپ، يوقىلىپ كەتكەن بولسا، بۇ يەردىكى دەرەخلەرمۇ ئۆز مېۋىلىرىنى كېچىنىڭ رەڭگى بىلەن بوياپ، يېشىل يوپۇرماقلىرى بىلەن كۆمۈشكەن ئىدى. يەنى بۇ يەردە ئۆسكەن دەرەخلەر قانداق مېۋە بېرىدۇ — بۇنى ئاجرىتىش تەس ئىدى. ئۇ شۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلۇشۇپ كەتكەندەك ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك مېۋىلىك باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىۋەردى. ئاخىرىدا پۇتاقلىرى باغرىغا ساڭگىلاپ چۈشكەن بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئولتۇردى ۋە بۇ ئولتۇرۇشتا ئۇزاققىچە قېتىپ قالغاندەك ھەركەتسىز قالدى. ئونبەش مىنۇتلارچە ئۇ تۈن ئىچىگە يەل سولانغان پومزەكتەك ئۇھ قىلدۇۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. باغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى بىلەن كونا ئىمارەتلەرنى يانداپ ماڭدى.

ئاتابېك ئايۋانغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆي ئىگىسى ئاشنى دەملەپ بولۇپ، ئايۋاندا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

— ئېتىڭىزغا ئازراق كۆممە قوناق بېرىپ قويدۇم.

— رەھمەت موللىكا، — دېدى ئاتابېك، ئۆي ئىگىسى نىمەدۇر ئېيتماقچى بولسىمۇ، ئەپسىز كۆرگەندەك بولۇپ، ئاتابېككە تىكىلىپ - تىكىلىپ قويماقتا ئىدى.

— كەسپىم توقۇمىچىلىق، شاكىربېك، — دېدى ئۆي ئىگىسى.
ئاتابېك سۆزنىڭ ئاياقلاشمىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى.

— دائىم زەيدە ئولتۇرۇپ ئىشلىگىنىم ئۈچۈنمۇ، ياكى ئۆزەم-نىڭ مىجەزىمدە ئاجىزلىق بارمۇ؟ — ئىش قىلىپ، نىمە بولسىمۇ ئۆزۈمدىن بىرى ماغدۇرسىزلىنىپ يۈرىمەن، — دېدى ۋە داۋام قىلدى، - گايىدا مەيدەممۇ ئاغرىپ قويىدۇ. يېقىندا تېۋىپلارغا كۆرسەتكەن ئىدىم، قېنىڭىز ئاز، قىمىز ئىچىڭ، تاماق ئالدىدىن ئۈزۈم ( ئۈزۈمدىن ياسالغان مەي) ئىستىمال قىلىڭ، دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە گۈچ - تۇت

كۆن قىمىز ۋە ئۈزۈم ئىستېمال قىلىپ باققان ئىدىم، راستىنلا بىرئاز پايدىسىمۇ مەلۇم بولىدى. سىزگە بۇنى سوزلەش بىلەن شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، ئاشىنىڭ ئالدىدىن بىر - ئىككى پىيالە ئۈزۈم ئىچىۋەتسەم، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا سىزنىڭ قارشىلىغىڭىز بولماس - ھە؟ — دېدى ۋە كۈلدى.

— ئىمىشقا قارشىلىقىم بولسۇن، سىزنىڭ ئۈزرىڭىز بار، — ئۇي ئىگىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھوجرىغا كىرىپ، ئۈزىنىڭ تەبىرىچە، مەي ئەمەس، بىر كومۇدا ئۈزۈمنى ئېلىپ چىقتى ۋە تەكچىدىن پىيالە ئالغاچ كېلىپ ئاتابېكنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ئۈزۈمنى پىيالىگە چولدۇكلىتىپ قۇيۇۋېتىپ، مېھمانغا يەر ئاستىدىن قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— سىزمۇ ئىچىپ باققانمىدىڭىز؟

— ياق.

راستىنمۇ ئاتابېك ئىچكىلىكتىن قاتتىق ھەزەر قىلاتتى ۋە بۇگۈنگىچە مەينى ئۈزىگە دۈشمەن كورۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇي ئىگىسى قۇيغان پىيالىسىنى سۈمۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، سەزدۈرمەستىن سەسكىنىپ قويدى ۋە، — راستىنلا ئىچمىگەنمىسىز؟ — دەپ سورىغان ئىدى، ئاتابېك بېشىنى چايقاش بىلەن كۇپايىلەندى.

— قاتتىق ئۈزرە بولمىغاندا ئىچمىگەنىمۇ ماقۇل، — دېدى ۋە ئىككىنچى پىيالىنى تولدۇرۇۋېتىپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن بۇ نەمە بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە پايدا قىلسا، ئىككىنچى تەرەپتىن تىرىكلىكنىڭ قايغۇ - ئەلەملىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ تۇرىدىكەن. بېشىمغا ئۇلگىچە ئۇنتۇلمىغۇدەك قايغۇ - ھەسرەتلەر چۈشتى. شاكىربېك! بولۇپمۇ، كېيىنكى يىللاردا ئۈزەمگە ھېچبىر يەردىن ئاۋۇنچاق تاپالماي، ئاخىرىدا مۇشۇ ئاچچىق سۇ بىلەن ئاۋۇندىغان ھالغا كېلىپ قالدىم، — دېدى ۋە ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ تولدۇرۇلغان پىيالىسىنى ئالدىغا قويدى. ھەر ئىككىلىسى خېلىغىچە جىم بولۇشتى. ئۇ ئىككىنچى پىيالىنى

ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتابېككە دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى.

— ئەگەر خاتالاشمىسام، سىزمۇ بىرئاز قايغۇرغاندا ئوخشايسىز، مېھمان، بىر پىيالىنى ئىچىۋەتمەمسىز؟

— رەھمەت، مولىكا! — دېدى ئاتابېك، ئەمما ئۆزىدە تەرىپى سوزۇلۇپ ئوتۇلگەن نەرسىگە بىر ئېھتىياج ھېس قىلىشقا باشلىغان ۋە ئۆزىنىمۇ ئوزرىلىكلەر قاتارىدا قويۇشقا تاسلا قالغان ئىدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى سەزدىمۇ، ياكى سىناپ كۆرمەكچى بولدىمۇ، ئىش قىلىپ ئۈچىنچى پىيالىنى تولدۇرۇپ ئاتابېككە سۇندى:

— قولۇمنى قايتۇرماڭ، مېھمان، ئىككىمىزمۇ ئوزرىلىككە ئوخشايمىز.

ئاتابېك ئۇزرىنى ئېيتىپ، پىيالىنى ئالماي تۇرغان ئىدى، ئۇمۇ پىيالىنى سۇنغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇۋەردى:

— مەن ئۈزۈمنى پۈتۈنلەي شەرئى قىلىپ تەييارلايمەن. ئۇ كۈنى مەلىمىزنىڭ ئاخۇنلىرىمۇ بۇنىڭ ھالاللىقىغا پەتىۋا بېرىپ كېتىشتى.

ئاتابېك پىيالىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۈزۈم تولىمۇ چىرايلىق، ياخشى چىققان كۆك چايدەك سۈپ - سۈزۈك ئىدى. پىيالىگە ئۇزاق قاراپ تۇرماستىن ئىچىۋەتتى. ئاچ قورساققا كىرگەن ئۆتكۈر مەي ۋاززىدە قىلىپ ئاشقازاننى قايناتتى - دە، تاماق ئاستىنى لاۋۇلدىتىشقا باشلىدى. ئاتابېككە بىرىنچى پىيالىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى ئاشنى ئۇسۇشقا كەتتى.

# 8

# بەخت ۋە بەختسىزلىك

ئاشنى يۇسۇپ كەلتۈرگەندىن كېيىن، مېھماننى ئاشقا تەكلىپ قىلىشتىن ئالدىن يەنە تەكچىدىكى كومۇنى ئېلىپ، بىر پىيالىنى تولدۇردى ۋە ئاتابېككە ئۇزاتتى.

— ئىچىڭ بۇنىمۇ، كېيىن ئاش يەيمىز! — دېدى، بۇ قېتىم ئانچىلىك قىستاشقا توغرا كەلمىدى، بىرىنچى پىيالە بىلەن ئۇنىڭ كوز ئالدى جىمىرلاشقا، ئوزىدە بىر يېنىكلىك ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى ۋە بۇ ئىككىنچى پىيالە گويا "مېنى ئىچسەڭ، يەنىمۇ يېنىكلىشىسەن" دەيتتى. ئاتابېكنىڭ ئىككىنچى پىيالىسىدىن كېيىن ئاشقا ئولتۇرۇشتى. بىر تال "دان" ھەزىمىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئاشقازىنى كەينى - كەينىدىن چۈشۈپ تۇرغان لوقمىلارنى ئېتىرازسىز قوبۇل قىلاتتى. بۇنداق ئىشتەينى، ئېھتىمال، ئۇ ئوز ئومرىدە بىرىنچى مەرتىۋە كورگەندۇ. ئىزا ئارىسىدا ئوي ئىگىسىنىڭ بەرگەن سوئاللىرىغا ياخشى جاۋاپ بەرگەندەك، ئوزىمۇ بەزى سوزلەرنى توقۇماقتا، بايىقى كەم سوزلۇگىنىڭ ئورنىنى ئەزمىلىك بولمىسىمۇ موقىدىل بىر ھال ئالغان ئىدى.

ئاشتىن كېيىن لىگەن ۋە داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئېلىۋاتقان ئوي ئىگىسىگە خۇشخۇي ۋە قىزارغان كوزلىرى بىلەن ئۇزاق قاراپ قويدى. بۇ قاراش ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ۋە تەشەككۇر قارىشى ئىدى. ئوي ئىگىسى ئاتابېكنىڭ يېنىغا ئىككى ياستۇق ئېلىپ قويدى ۋە بىرنى ئوزى جەينىكىگىمۇ ئالدى.

— يانپاشلاڭ بېك، — دەپ ئاۋال ئوزى يانپاشلىدى.

ئاتابېكمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شام شامال

بىلەن ئوينىشىپقىنا نۇرسىپەتتى. ئىككىلىسىمۇ بەسلەشكەندەك شامغا كوز تىكىپ، قانداقتۇر ئويغا بېرىلگەندەك كورۇنەتتى، بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئوي ئىگىسى كوزىنى شامدىن ئالدى ۋە يەر ئاستىدىن ئاتابېككە قارىغاندىن كېيىن، سورىدى:

— ئويلەنگەنمۇ سىز، بېك؟

ئاتابېك كەيپى ئاشقاندىنمۇ ياكى چۈشەنمەي قالدىمۇ، ھەر ھالدا شۇ ئاندىلا جاۋاپ بېرەلمىدى.

— ئويلەنگەنمەن.

سورىغۇچى بىرئاز توختىۋالغاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— خوتۇنىڭىزغا مۇھەببىتىڭىز بارمۇ؟

ئاتابېك بۇ سوئالنىڭ ئالدىدا گاڭگىراپ قالغاندەك بولدى، ھەقىقەتەنمۇ ئاردىنا ئېغىر سوئال چۈشكەن ئىدى: بىلىنمىگۇدەك قىلىپ ئۇھ تارتىۋالدى:

— مۇھەببىتىم ... يوق.

— ياخشى ئىكەن، — دېدى ئوي ئىگىسى. ئاتابېك ئۇنىڭ بۇ سوزىگە چۈشىنەلمەي، "نىمىشقا؟" دېگەندەك قىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— سوزۇمگە ئەجەپلەندىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ياق، — دېدى ئاتابېك، لېكىن ئۇنىڭ تەئەججۇپى ئوي ئىگىسىگە ئوچۇق كورۇنۇپ تۇراتتى.

— بەلكى مۇھەببەت بەختلىك كىشىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، لېكىن ئوزەمنىڭ تەجرىبەمچە، تەلەيسىز كىشى ئۈچۈن بەختسىزلىكتۇر، مەسىلەن، سىز ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ خوتۇنىڭىزغا مۇھەببەتسىز بولسىڭىز ئوزىڭىزمۇ ئىقرار بولسىز: ئويگە كىرسىڭىز خوتۇنىڭىز باردەك، كوچىغا چىقسىڭىز يوقتەك. شۇنداق قىلىپ، سىزگە خوتۇنىنىڭ ئېغىر ۋە يېنىكلىكى بىر خىل. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئاتابېك، ئەمما مۇھەببەت توغرىسىدا سوزلەنگەن بۇ سوزلەر ئۇنىڭ كەيپىلىك كوزىنى ئېچىۋەتتى.

ئۇي ئىگىسى داۋام قىلدى:

— مەن بۇ سوزلەرنى ئۆز ھالىمدىن قىياس قىلىپ ئېيتىۋاتىمەن. ئېھتىمال مەن يېڭىلىشىدىغاندىمەن، — دېدى ۋە چوڭقۇر تىنىۋالغاندىن كېيىن، سورىدى، — سىز ئويلەنگەن چېغىڭىزدا، ئۆزىڭىز ياقتۇرۇپ ئويلەندىڭىزمۇ ياكى ئاردىكىلەرنىڭ ياقتۇرۇشى بىلەنمۇ؟

ئاتابېك سورىغۇچىنىڭ قانداق مۇدداسى بارلىغىغا چۈشىنەلمەي قالدى.

— ئانامنىڭ ياقتۇرۇشى بىلەن.

— بارىكاللا، — دېدى ئۇي ئىگىسى، — مېنىڭچە، ھەممە بالا ئۆزەڭ كورۇپ، ياقتۇرۇپ ئويلىنىشتە، — دېدى ۋە ئاڭلىغۇچىسى كۈتمىگەن جايدا سۆكۈتكە كەتتى. ئاتابېك بىر كوينەكنى ئۆزىدىن بۇرۇن يىرتقان كىشى توغرىسىدا، گويا ئۆز سەرگۈزەشتىنىڭ كونا تارىخىنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىغان ۋە ئالدىدا ئولتۇرغۇچىنىمۇ، قېيناتىسى ئىشىگىدىن قوغلانغان كىشى دەپ بىلگەن ئىدى. قېيناتاڭ سېنىمۇ قوغلىدىمۇ، دەپ ئېيتىمسىمۇ، شۇنىڭغا يېقىنراق بولغان "سۆيگەن خوتۇنىڭىز سىزنى تاشلاپ كەتتىمۇ؟" دېگەن سوئالنى بەردى. ئۇي ئىگىسى بېشىنى چايقىدى.

— تاشلاپ كېتىشكىمۇ كەتتى، لېكىن ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، — دېدى.

ئاتابېك بۇ سوزدىن كېيىن بۇنىڭمۇ قېيناتىسى ياكى قېينانىسى تەرىپىدىن زۇلۇم كورگىنىگە ئىشەنگەن ئىدى.

— يامان ئادەمنىڭ يۈزى قۇرۇسۇن، — دەپ قويدى، بۇ سوز ئۇي ئىگىسىگە چۈشىنىشلىك بولمىغان بولسا كېرەك. ئاتابېككە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— ئەزىملىك بولسىمۇ بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سوزلەپ بېرەيمۇ، مېھمان؟ — دېدى.

ئۆز سەرگۈزەشتىسى بىلەن پەرق قىلمايدىغاندەك كورۈنگەن

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاشقا ئۇنىڭ ئىشتىياقى ئاشقان ئىدى.
— سىز سۆزلىمىسىڭىزمۇ، مەن سۆزلەتمەكچى بولۇپ تۇراتتىم.
— مېنىڭ سەرگۈزەشتىمدە سىز كۈتكەن قىزىقلىق يوق،
لېكىن شۇنداق بولسىمۇ سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ۋە ياستۇقنى
مەيدىسىگە قويۇۋالغاندىن كېيىن، ھېكايىسىنى باشلىدى:
— مەن ئۆزەم ئەسلىدە قوقانلىقمەن. ئاتا - ئانامدىن ياشلى-
قىمدا يېتىم قېلىپ، تاغامنىڭ قولىدا ئۆستۈم، يېشىم 18 - 17
لەرگە بارغاندىن كېيىن ئۆز كۆڭلۈم ئۆزەمگە قېلىپ، بىر يولدى-
شىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن مەرغى-
لانغا كېلىپ، بۇ كۈنكى ئۇستامنىڭ دادىسىغا توقۇغۇچىلىق ھۈ-
نىرىگە شاگىرت بولۇپ چۈشتۈم. تۆت يىلچە قىلغان خىزمىتىمدىن
كېيىن ھېلىقى ئۇستىغا خەلىپە بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم. باشقا
يىگىتلەردەك ئارتۇقچە ئورۇنسىز سەرپىلىرىم بولمىغىنى ئۈچۈن،
ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۆچ - تۆت تىللا پۇللۇقمۇ بولۇپ قالدىم.
ئىشىمغا ئىخلاس بىلەن قارىغىنىم ئۈچۈن، مېنىڭ توقۇغان ئىشلى-
رىم باشقىلارنىڭكىدىن قەدىرلىكتەك يۇرەتتى ۋە خەلق ئارىسى-
دىمۇ ئېتىم "ئۇستا ئالىم كىچىككىنە" بولۇپ شۆھرەتلەنگەن
ئىدى. مەلۇمكى، توقۇغۇچىلار ئالدىغا كۆپىنچە خوتۇن - قىزلار
كېلىپ، يېڭى نۇسخا ئىزلەپ يۈرۈشىدۇ. مېنىڭ توقۇغان ئىشلى-
رىم ۋە چىقارغان يېڭى نۇسخىلىرىم ھەممىسىگە ماقۇل، بولۇپمۇ
خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن مەشھۇر بولۇپ، ھەردائىم توقۇش دۇ-
كىنىمنىڭ يېنىدىن خوتۇن - قىزلار كەتمەيتتى...
كۈنلەردىن بىر كۈنى تېخى كىشىلەردىن قاچقۇدەك دەرىجى-
گە يەتمىگەن ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى ئوماققىنا
بىر قىز كېلىپ، مەن چىقارغان يېڭى نۇسخا شايىدىن سورىدى.
قىزنىڭ سورىغان نۇسخىسى توقۇلۇپ ۋە سېتىلىپ كەتكەن ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن يوق دەپ جاۋاپ بەردىم. قىز كۆزىنى پارقىرىتىپ
تۇرۇپ، "مېنىڭ ئۈچۈن توقۇپ بېرەلمەمسىز؟" دەپ سورىدى.
مەن قىزنىڭ يۈزىگە قاراپ، "مۇمكىن ئەمەس، سىڭلىم، بىز كى-

يىملىك شايىنى دەپ ئۇسخا بوياش ئېغىر" دېدىم. قىز سوزنى ئايلاندۇرۇپ مەندىن ۋەدە ئېلىشقا تىرىشاتتى. مەن سوز ئارىسىدا يەنە ئۇنىڭغا قارىۋالدىم. يېنىمدىكى خەلپىلەردىن بىرى قىزغا تەلمۈرۈپ، "توقۇپ بېرىڭلا . ئۇستا، قىزنى خاپا قىلماڭ!" دەپ قويدى. ئۈچىنچى قاراشتا ئۆزەمدە قىزغا قارشى بىر يېقىنلىق ھىس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدىم. گەرچە قىز ئېيتقان ئۇسخىنى تەييارلاش ئېغىر بولسىمۇ، قانداقتۇ بىر كۈچ تەسىرىدە ھېلىقى قىزغا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قانداق ۋەدە بەرگىنىمنى ئويلاپ كورۇپ، ۋەدە كۈنى كەلسە توقۇيالمىدىم دەرمەن، دېگەن سوزنى كوڭلۇمدىن ئوتكۇزدۇم، لېكىن قىزنىڭ گۇناسىز ئويناپ تۇرغان قارا كوزلىرى، قىزىل ئالمىدەك قىپ-قىزىل يۈزلىرى دائىم كوز ئالدىمدا كورۇنۇپ تۇراتتى ۋە "مېنىڭ ئۈچۈن توقۇپ بېرەلمەمسىز؟" سوزى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە تەكرارلانغاندەك بولاتتى.

بىرنەچچە كۈندىچە شۇ تەرىقىدە ئىككىلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى ئۆزەم چۈشىنەلمىگەن بىر تۈيغۇ ئاستىدا ۋەدەمنى ئورۇنلاشقىمۇ باشلاپتىمەن، بىر كىيىملىك شايىنى دەپ ئوتتۇز كىيىمگە بولىدىغان يىپەكنى بوياش، ئوروش، ئاقاق، يىپ مۇشەققەتلىرى كوزۈمگە ھېچ كورۈنمەپتۇ. ۋەدەدىن ئىككى كۈن ئىلگىرىدەك شايى توقۇلۇپ بولدى، ئۇنىڭ كېلىشىنى پايلايتتىم، ئۇ كەلمەيتتى. ئاخىرى ۋەدە قىلغان كۈنمۇ كېلىپ ئوتتى، يەنە كەلمىدى. سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، بىر كورگەن كىشىڭىزنىڭ تۇسىنى، ئەلۋەتتە، ئۇزاققىچە خاتىرىڭىزدە تۇتالمايسىز، لېكىن بۇ قىز توغرىسىدا مەن پۈتۈنلەي باشقىچە ھالەتتە بولدۇم: يەنى ئۇنىڭ قېشىنى، كوزىنى، تۇسىنى، قوچاقتەك قەددىنى كوز ئالدىمدا تۇتۇۋېرىپ، ھەتتا بىر يىللىق بىلىشلەردەك بولۇپ قاپتىمەن.

ئۇنىڭ تاۋۇش ئاھاڭلىرى قۇلىقىمنىڭ خاتىرىسىدە ئۇنچىلىك

ياخشى ساقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما "مېنىڭ ئۈچۈن ئوقۇپ بې-رەلمەمسىز؟" سوزىنى تېخى ھازىرلا ئاڭلىغاندەك بولاتتىم.

ۋەدە كۈنىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ تې-خىچىلا ئۇ كەلمەيتتى. مەن ئۇنىڭ كوچىسىنى سورىۋالمىغىنىمدىن خاپا بولاتتىم. چۈنكى شايىنى ئۆزەم ئاپىرىپ بېرىشكىمۇ ھازىر-لىنىپ قالغان ئىدىم. بۇ كۈتۈش كۈنلىرىدە نىمىشقىدۇ يېنىم-دىكى خىلىپە شاگىرتلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىلىرىممۇ ئۆزگە-رىشكە باشلىغان، يەنى سوزلىرىم قوپال ۋە توڭلۇققا ئايلانغان، گويا بۇنىڭ بىلەن ئەلىنىڭ ئۆچىنى ۋەلىدىن ئالاتتىم.

ئاخىرى، ۋەدىنىڭ بەشىنچى كۈنى قىز كەلدى. قىزنى كورۈش بىلەن مەن تەمتىرەپ قالدىم، بىرنەچچە زامان ماڭا سوز تېپىشىمۇ قىينىلاشقان ئىدى. قىز شايىنى سورىماستىن ماڭا تەلمۈرۈپ قا-راپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مىننەتدارچىلىقىنى پەقەت شايى بىلەن ئالماقچى بولغىنىم ئۈچۈن، بۇ ھال ماڭا ئېغىر كەلدى.

— نىمىشقا ۋەدە قىلغان كۈنى كەلمىدىڭىز؟ — دىدىم، قىز ئوڭايسىزلىنىپ، گۇناكارلارچە كوزىنى يەرگە تىككىنى ھالدا سورىدى:

— شايىنى سېتىۋەتتىڭىزمۇ؟

يېنىمغا قويۇپ ئولتۇرغان شايىنى قىزغا ئۇزاتتىم. ئۇ شايىنىڭ ئاقا - ئوڭىنى ئاغدۇرۇپ كوردى ۋە: "ياخشى توقۇپسىز" دەپ ماڭا ئۆمىتسىزلەرچە قاراپ قويدى. شايىنى ماڭا بېرىپ قولىدىكى ئۇششاق پۇللارنى ئالدىمغا توكتى.

— شايىڭىز نەچچە پۇللۇق؟

— مەن جاۋاپ ئورنىغا، پۇللىرىنى ساناپ چىقتىم، بىر تال ئاتمىش پۇللۇق تەڭگىسىدىن باشقىسى، بىر پۇللۇق، بەش پۇل-لۇق زەڭ باسقان چاقىلار بولۇپ، كوپتىن بېرى يىغىلىپ كەل-گەنلىگى كورۈنۈپ تۇراتتى. بەرگەن پۇلى شايىنىڭ يېرىم با-ھاسىنى قاپلار - قاپلىماس ئىكەنلىگىنى ئېيتتىم.

— يەنە نەچچە پۇل كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ تەڭگە — دېدىم. قىزنىڭ ئويچان يۈزىنى يەنە قايغۇ باستى، مەن ئۇنىڭ يۈزىدىن ناھايىتى چىرايلىق قىزلاردا كۆرۈلىدىغان بىر ئۇلۇغلۇقنى تاماشا قىلاتتىم ۋە ئۇنىڭ ئۆز ۋەدىسىدە كېلەلمىگەنلىكىنىڭ سىرىنى چۈشىنەتتىم. بۇ ياش پەرىشتىنى بۇنداق ھالدا قالدۇرۇشقا كۆڭلۈم قويمىدى ۋە دېدىم:

— قالغىنىنى قاچان ئەپ كېلىسىز؟ — بۇنىڭغىمۇ دەررۇ جاۋاپ بەرمىدى ۋە جاۋاپسىزلىق بىلەن يەنە ئۆز ھالىنى ماڭا ئەرز قىلغاندەك بولدى.

— پۇل تاپقاندا ئەپكېلەمسىز؟ — دېدىم-دە، ئۇنىڭ جاۋاۋىنى كۈتمەستىنلا شايىنى قولىغا تۇتقۇزدۇم، قىز ماڭا ئىشەنمىگەندەك بولدى.

— ماڭا ئىشىنەمسىز؟

مەن ئىشەنچ بىلدۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدىم:

— ئۆيىڭىز قەيەردە؟

— چ ... مەھەللىسىدە.

— كىمنىڭ قىزىسىز؟

— شەرىپ مىلتىقچىنىڭ قىزىمەن.

— ئاتىڭىز قېرىپ قالغانمۇ؟

— ئۆلگەن، ئانام بار.

— ئاكىڭىز يوقمۇ؟

— يوق، بىرلا كىچىك ئۇكام بار.

— ئىسمىڭىز نىمە؟

— سائادەت.

شۇنىڭدىن كېيىن سائادەتكە شايىنى بىرىپ كەتكۈزىۋەتتىم. سائادەت مېنىڭ ئىشىمغا ئىشەنمىگەندەك چىقىپ كەتتى. خەلىپە، شاگىرتلار، دۇرۇسقۇ ئۇستا، دەپ مېنى شاكخو قىلىشتى. ئەمما مەن سائادەت ئۈچۈن ھەرقانداق ئېغىرلىقنى كۆتىرىدىغاندەك كۆرۈنەتتىم ...

ئۆي ئىگىسى ئۇستا ئالىم ھېكايىسىنى توختىتىپ، ئاتايىكتىن سورىدى:

— ھىكايەم ئۇزۇراپ كەتتى، ئېھتىمالىم، زېرىكتىڭىزمۇ؟

ئاتابېك ئۇنى بەكمۇ بىر ئېتىۋار بىلەن تىڭشايتتى، ھىكايىگە بېرىلگەن ھالدا:

— سوزلەۋېرىڭ! — دېدى.

ئۇستا ئالىم داۋام قىلدى: «ماڭا ئۈچ تەڭگىنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئەمما سائادەت بىلەن باغلىنىپ تۇرۇۋشۇم ئۈچۈن بۇ ئۈچ تەڭگە مىڭ تەڭگىنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. ئارىدىن ئۇن كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ تەڭگە بانىسى بىلەن سائادەتنىڭ ئۆيىگە باردىم. سائادەت چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئىكەن، ئانىسىغا ئۆزەمنى تونۇتۇپ، تام ئارقىلىق خېلىلا سوزلەشتۇق: ئېرى ئۆلۈپ ئەركەكسىز قالغىنىدىن، يىپ ئىگىرىپ تىرىكچىلىك قىلغىنىدىن ۋە قىزىنىڭ مەسلىھەتلەشمەستىن شايى بۇيرۇغىنىنى ھەسرەت قىلىپ كەتتى؛ سوزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر ھەپتە كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئالاقەمنى ئۈزۈپ قويۇش مېنىڭ مادارىمنى قۇرۇتىدىغان بولغىنى ئۈچۈن ئىشنى باشقا تۈردە يۈرگۈزمەكچى بولۇپ ئېيتتىم، — ئۆزىڭىز يىپ ئىگىرىپ كۈن كورۇپ تۇرغان بولسىڭىز، سىزگە ئۈچ تەڭگە ئەمەس، ئۈچ پۇل بېرىشىمۇ ئېغىر ئىكەن، ئەگەردە سىزگە ماقۇل بولسا، كوڭلۈمگە بىر گەپ كەلدى، يەنى، سىز ئەركەكسىز بولغىنىڭىزدەك، مەن ئاتا-ئانىسىز يالغۇز يىگىتمەن ... كوپىنچە كىر يۇغۇزۇش ۋە يىرتىق-ياماق ۋەجىدىن قىينىلىمەن. شۇ سىزدىكى پۇل بەدىلىگە بىرنەچچە ۋاقىت كىرلىرىمگە قاراپ، يىرتىق-يامىقىمنى ياماپ بەرسىڭىز قانداق بولاركىن ... — مومايى بۇ سوزۇمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئەتىسى كىرلىرىمنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سائادەتنى ئەۋەتمەكچى بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ كۈنى باغلىنىشنى يېڭى ئاساسقا قۇرۇپ قايتتىم. ئەتىسى سائادەت كېلىپ كىرلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇيۇلغان كىرلىرىمنى ئەپكېلىپ تۇقۇش دۈكىنىمنىڭ يېنىدا خېلىغىچە قاراپ ئولتۇردى.

مەن ئۇنىڭ كېلىشى ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە پەيشەنبە كۈنىنى بەل-
گىلىدىم. كۈندىن - كۈنگە سائادەتكە قاتتىقراق باغلىنىۋاتقىنىمنى
چۈشىنەتتىم. پەيشەنبىنى ھېيتقا ئوخشاش قارشى ئالاتتىم. ئارى-
دىن ئۈچ - تۆت ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، قولىغا "ئاناڭغا ئاپى-
رىپ بەرگىن" دەپ يىگىرمە - ئوتتۇز چاقا پۇلمۇ بەردىم. سائا-
دەت بىلەن ئالاقە قىلغىنىمنىڭ تۆتىنچى ئېيىدا روزا ھېيتى
كەلدى، پىتىر روزا بانىسى بىلەن سائادەت ئۈچۈن سەككىز
تەڭگە خان ئەتلەس، ئانىسى بىلەن ئۇكىسىغا بوز كۆينەك قى-
لىپ، سائادەتلەرنىڭ ئۆيىگە باردىم. سائادەت مېنى يولەكتە قار-
شى ئالدى ۋە ئاق كوڭۈللۈك بىلەن قولۇمدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە
باشلىدى. مەن: — سائادەت، ئېسىڭنى يىدىڭمۇ، ئاناڭ مېنىڭ-
دىن قاچامدۇ؟ — دېدىم. سائادەت سورىغان پېتىچە:
— قاچمايدۇ، ئۇزى ماڭا ئۇستا ئاكاڭ كەلسە قاچمايمەن
دېگەن، — مەن سائادەتنىڭ يولباشلىشى بىلەن ئىچكىرىگە
كىردىم. ئايۋاننىڭ ئالدىدا سائادەتنىڭ ئانىسى يىپ ئېگىرىپ
ئولتۇرغان ئىكەن. قىزىنىڭ قولىدا يات يىگىتنى كۆرگەندىن
كېيىن، ھەيران بولۇپ قالغان ئىدى. سائادەت مېنى ھويلىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى ۋە:
— ئۇستا ئاكامغۇ! — دېدى. ئانىسى داكا رومىلىنى نېرى-
بېرى تۈزىتىپ ئورنىدىن تۇردى. سالاملاشقاندىن كېيىن ھال
سوراشتۇق. سائادەت تېگىمگە كورپە سالدى، مەن قوينۇمدىكىنى
ئېلىپ، ئوتتۇرىغا قويدۇم. پاتەھەدىن كېيىن بىرئاز ياتسىرىشىپ،
ئىزا تارتىشىپ ئېچىلىشماي قالدۇق، كېيىن موماي سائادەتنىڭ
مېنىڭ توغرامدا ئېيتىدىغان سوزلىرىدىن مۇقەددىمە قىلىپ دېدى:
— سائادەت سىزنى خۇددى ئۆز ئاكىسىدەك ياخشى كۆرىدۇ. تۈنۈ-
گۈن ئىراقى سوپۇن ئالغىن دەپ ئوتتۇز پۇل بەرگەن ئىكەنسىز،
سوپۇننى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، يېتىپ ئۇيقۇسى كەلمىدى،
ۋاي ئۇستا ئاكامدىن ئايلىناي، ۋاي ئۇستا ئاكامنىڭ ئۆمرىنى خۇدا بەخ-
تىمگە ئۇزۇن قىلسۇن، دەپ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە دۇئا قىلىپ چىقتى.

بۇ سۆزنى موماي سۆزلىگەندە، مەن خىجالەت بولۇپ يەر ئاستىدىن سائادەتكە قاراپ قويدۇم. سائادەت قىزىرىپ - بوزۇرۇپ چەتكە بۇرۇلۇۋالغان ئىدى، موماي داۋام قىلدى:

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا بۇنچىلىك قارىشىپ ياردەم قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن بەش ۋاق نامازنىڭ ئالدىدا مەنمۇ ھەققىڭىزگە دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمايمەن ۋە ھەر ھەپتىدە قىلىپ تۇرغان مەرھەمىتىڭىزنى كۆرۈپ خۇدا بەندىسىگە مېھرىۋان، ھالىمىزغا رەھىم قىلىپ ساخاۋەتلىك بۇ يىگىتنى بىزگە ئۇچراتتى، دەپ ئويلايمەن. كۆڭلىڭىزدىكى ھەر قانداق تىلىكىڭىز ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان. سىز يېتىملەرگە شەپقەت قىلسىڭىز، سىزگە خۇدايىمنىڭ ئۆزى شەپقەت قىلىدۇ، — موماي بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن، دېدى، — پېشانەم شورلۇق ئىكەن، بالام، سائادەتنىڭ قەييۇمجان ئاتلىق بىر ئاكىسى بار ئىدى، يېشى يەتتىگە چىقىپ، ئاتىسى رەھمەتلىك ئەمدىلا توي قىلىمەن دەپ تۇرغاندا، قىزىل دېگەن بىر پالاكەت كېسەل بىلەن ئاغرىپ دۇنيادىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئۈستىگە سائادەتنىڭ ئاتىسىمۇ مەرھۇم بولۇپ بىزلەرنى ئارا يولدا قالدۇرۇپ كەتتى. ھېچبولمىسا شۇ بالا بولسىمۇ، بىز بۇنچىلىك ئېغىر كۈنلەرگە قالماستۇق، دەپ ئويلايمەن، — ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ سۆزىنى توختاتتى، — بەندىسىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئاھ - ۋاھتىن نېرىغا ئۆتمەيدىكەن، بالام! ...

مەن كۆڭلىنى كۆتەرگەن بولدۇم:

— ئالدىڭىزدا ياش بولسىمۇ قىزىڭىز ۋە ئوغلىڭىز بار ئىكەن، بۈگۈن بولمىسا، ئەتىلىككە — ئاخىر، سىزمۇ يورۇق كۈنگە چىقىپ قالارسىز، ئانا، — دېدىم ۋە ئەپكەلگەن نەرسەمنى مومايىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ، — شۇ ئەرزىمىگەن نەرسىنى سائادەت بىلەن ئۇكىسىغا ھېيتلىققا ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، بۇ ئەيىبىم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە مېنى كايىماسسىز، — دېدىم.

— ئادەمگەرچىلىكىڭىزدىن ئۆرگىلەي! — دېدى موماي ۋە ئاغزىغا كەلگەن سۆزلەر بىلەن دۇئا - مىننەتدارچىلىق قىلىشقا باش-

لىدى. بايىقى سوزدىن كېيىن ئۇيالغىنىچە بىزدىن نېرىراقتا ئول-
تۇرغان سائادەت ئاستا بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى ۋە قەغەزگە
ئورالغان كىيىملىكنى ئېچىپ ئەتلەسنى ئالدى، "بۇ ماڭىمۇ؟"
دەپ مېنىڭدىن سورىدى ۋە جاۋابىمنى كۈتۈپمۇ تۇرماستىن يول-
لۇق بوزنى ئالدى: "بۇ سەيپىگە" دېدى. ئۇنىڭ ئارىسىدىكى
تۈزۈكرەك بوزنى كورۇپ "بۇ ئانامغا" دېدى. سائادەت بۇ نەر-
سىلەرنى ناھايىتى ئاددى قىلىپ، كوردى ۋە ساددىلا قىلىپ ھې-
لىقى سوزلەرنى ئېيتىپ قويدى، گويا بۇ نەرسىلەرنى ئىلگىرىدىن
كۈتكەن ئىدى. ئەتلەسنى ياخشىراق كورۇپ چىققاندىن كېيىن،
ياقتۇرغاندەك بولدى، بىر ماڭا بىر ئەتلەسكە قاراپ تۇرۇپ نىمىندۇ
ئېيتماقچى بولسىمۇ ئېيتالمىدى. مەن نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى
سەزگەن ئىدىم. بۇ ئارىدا بىز موماي بىلەن ھەسرەتلىشىپ تو-
راتتۇق، ئۇ كېلىپ سوزنى بولدى:

— ئۇستا ئاكا! — دېدى، مەن قارىدىم، — روزىمىسىز؟

— روزىمەن.

— روزا بولمىسىڭىز چاي قاينىتاتتىم! — دېدى، ئانىسى
كۈلدى.

— چاينى ھېيتتا كەلگىنىمدە قاينىتىپ بېرىسەن! — دېدىم.

— ھېيتتا كەلسىڭىز، ئاشمۇ قىلىپ بېرەتتىم، — دېدى ۋە
ئانىسىغا قارىدى.

— ئاكاڭغا ھەرنىمە قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ، قىزىم، — دېدى
موماي ۋە نىمىشقىدۇ كوزىگە ياش ئالدى، مەنمۇ ئارانلا كوز يې-
شىمنى توختىتىپ قالدىم.

— بولمىسا، بۇگۇن ئېيتار قىلىپ كېتىڭ! — سائادەتنىڭ
بۇ سوزىگە ئانىسىمۇ قوشۇلۇشتى. مەن ئوزرە سورىدىم. لېكىن
راستىنى ئېيتسام، سائادەت بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئېيتار قىلىش-
نى كوڭلۇم خالاشنى باشلىغان ئىدى. ئۇزاق سوزلىشىپ ئولتۇر-
دۇم، بۇ ئويدىن چىقىپ كەتكىم كەلمەيتتى، بىر سائەت ئارىسىدا
پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتكەن سائادەتنىڭ باللارچە قىلىقىنى كو-

رۇۋپ تويمايتتىم. سائادەت گاھ مەن بىلەن، گاھ ئەتلەس بىلەن مەشغۇل، بايىقى ئىنزا تارتىپ تۇرۇۋشىنى بىر ياققا يىغىشتۇرۇپ قويغان، ئانىسى بىلەن مېنى كۈلدۈرۈپ، خېلىلا كوتىرىلىپ قالغان نازۇك كوكرىكى ئۈستىگە "سېنىڭدىن ئايلىناي!" دەپ ئەتلەسنى بېسىپ قۇچاقلايتتى. مەن بولسام، گويا ئەتلەس ئەمەس، قۇچاقلانغۇچى ئۆزەمدەك ھوزۇرلىناتتىم.

مەن موماي بىلەن خەيرلىشىپ چىقىشقا باشلىغان ئىدىم، سائادەت "پەيشەنبە كۈنى بارايمۇ" دەپ سورىدى. مەن مومايىنىڭ ئالدىغا قايتىپ باردىم - دە، ئېيتتىم: — سائادىتىڭىزنىڭ بويى سوزۇلۇپ قالغاندەك كورۈنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدا سەيپىنى ئەۋەتسىڭىز قانداق بولاركىن ۋە قولۇم بوشىغان چاغلاردا ئۆزەممۇ كېلىپ تۇرارمەن، — دىدىم. گويا مومايمۇ مېنىڭدىن شۇ سوزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ۋىجدانىم ۋە ئەقلىمگە رەھمەتلەر ئوقۇدى ۋە قىزىغا قارىدى: "ئەنە ئاكىلىدىگىمۇ ئۇستا ئاكاڭنىڭ سوزىنى، ئەمدى كەلسە - كەلمەس كوچىغىمۇ چىقىۋەرمە!" دىدى، مەن چىقىۋېتىپ سائادەتكە قارىغان ئىدىم، مېنىڭدىن بىرئاز خاپا بولغاندەك كورۈندى. ئەمما مېنىڭ بۇ سوزۇم بىكار ئەمەس، بەلكى خەلىپە شاگىرتلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا يامان كوز بىلەن قارىغىنىنى بايقىغىنىم ئۈچۈن ئىدى.

شۇ يوسۇندا سائادەتنىڭ ئانىسىمۇ مېنىڭدىن قاچماي قويدى، ئالاقىمىز يەنىمۇ مەھكەملەشتى. كۈتمىگەن بۇ مۇۋەپپىقىيىتىم بىرنەچچە كۈنگىچە كوزۇمدىكى ئۇيقۇنىمۇ قاچۇرۇپ قويدى. ئۈچ - توت كۈن گويا بۇگۈن - ئەتە سائادەتكە ئويلىنىدىغاندەك ھودۇقۇپمۇ يۇردۇم.

ئانچە - مۇنچە نەرسىنى ئايىمىغىنىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، پات ئارىدا گويا سائادەتلەر ئائىلىسىنىڭ باشلىقى دىگۇدەك بولۇپ قالدىم. جۈمە كۈنلىرى پولونىڭ كېرەك - يارىغىنى كوتىرىپ سائادەتلەرنىڭكىگە باراتتىم ۋە سائادەتنىڭ قولى بىلەن

پولۇ قىلدۇرۇپ يەپ قايتاتتىم. سائادەت كۈندىن - كۈنگە ئۇست-
مەكتە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھوسنىگە - ھوسۇن قوشۇلاتتى
ۋە مەن ئۇنىڭغا يەنىمۇ كۆچلۈكرەك مەپتۇن بولاتتىم. شۇ ھالدا
ئارىدىن ئىككى يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، سائادەتمۇ ئون ئالتە
ياشلارغا يېتىپ قالدى. ئەمدى مېنىڭ تويماي تەلمۈرۈشلىرىمنىڭ
مەنىسىنى چۈشىنىشكە باشلىغان، ئىمىشقىدۇر "ئاكا" دەپ قىلىدىغان
خىتاپلارنىمۇ قالدۇرغان ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى موماينىڭ
ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزۈشنى ئويلاپ يۈرگەن بولساممۇ، ئەمما
نىمە ئۈچۈندۇر سائادەتتەك قىزغا ئۆيلىنىش بەختىگە ئېرىشىشنى
ئۆزەمگە تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم، بۇ توغرىدا بولغان ھەممە ئۈمى-
دىم سائادەتنىڭ ئانىسىدا ئىدى، بەلكى ئۇزى سوز ئاچار ۋە
ياكى ئارىغا كىشى قويار، دەپ كۈتەتتىم. ئارىغا ئالدىن ئۆزەم
ئەلچى قويۇشتىن ئوڭايسىزلىناتتىم، توغرىسى ئۆزەمگە چۈشىنەل-
گەن بىر خەۋپ ئاستىدا بۇ جاسارەتتىن مەھرۇم ئىدىم.

بىر كۈنى ئادىتىمچە سائادەتلەرنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم.
ئاش - چايدىن كېيىن موماي سائادەتنى ئوچاق بېشى ئىشىغا
بۇيرۇپ، ماڭا قاراپ كۈلدى:

— سائادەتكە بىر ياخشى جايدىن ئەلچى كەلگەن ئىدى.
تۇنۇگۈن ئۇنىشىپ قويغىدەك بولۇۋىدۇق، بىراق سىزنىڭ مەسلى-
ھەتىڭىزنى ئالاي، دەپ ئەلچىلەرنى قايتۇردۇم. — دېمىدىمۇ،
ئۇستۇمدىن، بىر چىلەك سوغاق سۇ قۇيغاندەك سەسكىنىپ كەتتىم،
قانداق جاۋاپ بېرىشكە تىلىم كەلمەي قالدى، ئۇزاق ۋاقىت
كېسەكتەك ھەركەتسىز قالغاندىن كېيىن، زور بېرىپ تىلىمنى
ئارانلا سوزگە ھەركەتلەندۇردۇم:

— جاي ياخشى بولسا ئويلاپ كورۇش كېرەك ...

كۆيوغۇل كىمنىڭ ئوغلى بولغانلىغىنى ۋە قانداق كەسىپ قىلىشى-
نى بىرمۇ - بىر سوزلەپ بېرىشكە باشلىغان ئىدى، سەۋرىم پۈتۈن-
لەي تۈگىدى:

— ئۇنداق بولسا كېچە ئەلچىلەرنى بىكار قايتۇرۇپسىز، —

دېدىم، موماي مېنىڭ بۇ كىنايەمگە چۈشەنمىگەن ئىدى.

— كۆيوغۇلنىڭ تېگى- تەكتى ماڭا ماقۇل بولۇشقۇ- غۇ، بولدى، پەقەت ئەمدى ئىش سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزگە قاراپ قالدى. سىز سائادەتكە ئاتا بولمىسىڭىزمۇ، لېكىن ئاتىلىقتىن يۇقۇرى ئىشلارنى قىلىپ كەلدىڭىز. ئەمدى بولسا سائادەتنى ئۆزىتىشتىمۇ ئاتىلىغىڭىزنى ئايىماڭ! — دېدى، بۇ سوز بىلەن يەنە ئۇلگەننىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەپكەندەك بولدى. چايانغا ئوخشاش مېنى زەھەرلىمەكچى بولغان موماينىڭ توغرا سوزىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا ئارتۇق چىدىيالمىدىم- دە، ئەتىگىچە ئويلاپ جاۋاپ بېرىشىمنى ئېيتىپ موماينىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتىم.

چىققىنىمدىن كېيىن، پۈتى كويگەن توخۇدەك توت تەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدىم، تۈزۈكرەك بىرەر سوز ئېسىمگە كەلمەيتتى. ئاخىرى ئەقلىمنى يىغىپ، سىرىمدىن خەۋەردار بىر دوستۇمغا مەسلىھەت سالدىم. ئۇ ئۇزاق ئويلاپ ئولتۇرماستىن، ئەتىسى مېنىڭ تەرىپىمدىن ئەلچى بولۇپ موماينىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى. لېكىن بۇ كۈنى كېچىسى بىلەن كوزۇمگە ئۇيقۇ كەلمەي، تىكەنگە دومىلىغاندەك ئازاپلىناتتىم ۋە بوشاڭلىغىم ئۈچۈن ئوزەمنى- ئوزەم تىللايتتىم ...

ئۇستا ئالىم ھېكايىسىنى بۇ يەرگە يەتكۈزگەندە، شامنىڭ كويگەن پىلىگىنى قايچىلىدى ۋە ئاغزىغا قاراپ تۇرغان ئاتابېكتىن "زېرىكمىدىڭىزمۇ؟" دەپ سورىۋېلىپ داۋام قىلدى:

ئەلچىنى ئەۋەتىپ تىنچلىنالمىدىم، ئىشقا قولۇم بارمايتتى ۋە بىر جايدا توختاپ تۇرالمايتتىم، ئۇ يەردىن تۇرۇپ، بۇ يەرگە ئولتۇراتتىم، مىڭ تۈرلۈك خىيال بىلەن ساراڭغا ئوخشاشلا بولۇپ قالغان ئىدىم. ئەۋەتكەن كىشىم دەررۇلا قايتىپ كەلمىگىنىدىن، بىر- ئىككى قېتىم سائادەتلەرنىڭ ئىشىگى يېنىغا بېرىپ كەلدىم. ئاخىرى بېشىم قېتىپ سائادەتنىڭ ئويى يېقىنىدىكى بىر ياغاچنىڭ سايىسىدە موكۇنۇپ تۇرغان ئىدىم، ئەلچىم چىقىپ قالماسمۇ: يۈرىگىم ئارقامغا تارتىپ كەتتى ۋە ئالدىغا چۈشۈپ يۈرۈشكە باش-

لمىدىم، چۈنكى ئەلچىمگە ئۇچرىشىپ ھەقىقەتنى ئاڭلاشمۇ ماڭا ئې-
غىر كەلگەن ئىدى.

— ئالدىرىما، ئالدىرىما، ھەي كۇيوغۇل! — دېدى ئەلچىم، چاخچاق بولغىنى ئۈچۈن ئىش چىقمىغىنىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بۇ «كۇيوغۇل» دېگەن سۆزىنى زاڭلىق قىلغان تەرىقىدە بىلىپ، كې-
تىۋەردىم. ئۇ كەينىمدىن تېز يۈرۈپ يېتىشىۋالدى.

— قېنى تونىنى يەش! — دېدى ۋە ئۈستۈمدىكى تونۇمنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى.

يۈرىكىم يېرىلاي دېدى، — چاخچاق قىلما! — دېدىم.

ھەقىقەتەنمۇ سۆزى توغرا ئىكەن، ئاغزىدىن سۆيدۈم. كۆزۈمگە لىق تولغان يېشىمدىنمۇ ئىززا تارتىپ تۇرمىسىدىم. ئەلچىم يول بو-
يى موماي بىلەن بولغان ھېكايىسىنى سۆزلەپ ماڭدى: سائادەتكە بىر يىلدىن بېرى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەلچىلەر قاتناپ، موماي ئۇلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ بېشى باغلاقلىق، دەپ جاۋاپ بېرىپ كېلى-
دىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنىڭ ئاغزىمنى پايلاپ، كىشى قويۇشۇمنى كۈتۈپ يۈرگەن ئىكەن، ئاخىرى بىر تەرىپى راست ۋە بىر تەرىپى سۆز ئېلىش مۇددىياسى بىلەن تۈنۈگۈنكى سۆزنى ماڭا ئېيتىپتۇ ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتماقچى بوپتۇ. ئۆزۈن سۆزىنىڭ قىسقىسى، مومايىنىڭ جاۋاپى: بىر قىزىم ئەمەس، يۈز قىزىم بولغىنىدىمۇ ئۇستا ئالىمغا نەزىر قىلدىم، — بوپتۇ.

تېرەمگە سىغمايتتىم، ئىككى يىللىق يۈرەك دەردىم ئاخىرى دا-
ۋاسىنى تاپقان ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئىززا تارتىپ مومايىنىڭ ئالدىغا بارماي يۈرگەن ئىدىم، ئوغلى ئارقىلىق يوقلاتتى، باردىم. لېكىن بىرىنچىمدىكى سەزگۈلىرىمنى سىزگە بۇ تىل بىلەن چۈشەن-
دۈرەلمەيمەن. مەن خۇددۇم يوق ھالدا ئىشىكتىن كىرگىنىمدە سائادەت كىر يۇيۇۋاتقان ئىدى. مېنى كۆرگىنىدىن كېيىن، قىزى-
رىپ كەتتى ۋە يېپىلغان كىرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىدى، چولپان كۆزلىرىدىكى سېزىلەر - سېزىلمەس تەبەسسۇمگە كۆزۈم چۈشتى.

موماي بىلەن توي توغرىسىدا ئىزا تارتىسپىقىنى سۆزلەشتۇق. موماي ئارتۇقچە تەكەللۇپلار قىلىشقا يول قويمىسىمۇ، ئەمما ئۆزەم سائادەتنىڭ كۆڭلى ئۆكسىمىسۇن ئۈچۈن تويىنى چوڭ قىلىشقا تەرەپدار ئىدىم. موماي بىلەن توي ۋە نىكا كۈنىنى بەلگىلىۋالغىنىمىزدىن كېيىن، كېتىشكە تۇردۇم. سائادەت كىرنىڭ يېنىدا ماڭا بىر كۆرۈنگىنىدىن كېيىن، باشقا كۆرۈنمىگەن ئىدى، ئەمما مەن بولسام يەنە ئۇنى بىر كۆرمەكچى ۋە ئۇنىڭغا بىر - ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتماقچى ئىدىم. ئۇ ئوچاق بېشىدا قازان يۇيۇۋاتقان ئىكەن، توغرا ئالدىغا باردىم. مېنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ سەزمىگەنگە سالدىمۇ، قىسقىسى ئارقىسىنى ئۆرۈپ ئىگىشكەن هالدا ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىر ئۆرۈم بولۇپ چۈشكەن ئۇزۇن قوڭۇر چېچى ئۇنىڭ هەركىتى بىلەن قولتۇقى ئاستىدا ئوينىقلايتتى. خېلىغىچە كەينىدىن قاراپ تۇرغىنىمدىن كېيىن:

— سائادەت! — دېدىم، قارىدى. ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئىسسىغىدىنمۇ ياكى ئىزا تارتقىنىدىنمۇ ئۇنىڭ يۈزى قىپ - قىزىل ئالما ئىدى. قولىدىكى يۇغۇچى بىلەن ئالدىمغا يېقىن كېلىپ توختىدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدىم. يەرگە قارىدى. ئۇنى ئارتۇقچە ئۇيالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشىككە قاراپ يۈرۈشكە باشلىدىم - دە، "مەيلىمۇ؟" دەپ سورىدىم. جاۋاپ ئورنىغا: "ئاش يىمەي كېتەمسىز!" — دېدى. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتىلغان "مەيلى" جاۋاۋى ئىدى. بىر بولا ئەمەس، قىرىق يىللىق قەدىرلىك خوتۇن تەرىپىدىن ئېرىگە قىلىنىدىغان مېھرىۋانلىقنىڭ ئەڭ لەززەتلىكى ئىدى. چىقىپ كېتىۋېتىپ "ئاش يىمەي كېتەمسىز!" سۆزىنىڭ كەيپىگە پۈتۈنلەي مەس بولغان ئىدىم.

ئۇستا ئالىم شۇ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىنىدە، ئاتا-بېكىنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلىپ، گويا ئۆزىنىڭمۇ خۇددى شۇنداق خاتىرىلىرىنىڭ ئەبىدى قايتىپ كەلمەسلىكىگە — يوقلۇققا چىققانلىقىغا يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەندەك بولاتتى، ئۇستا ئالىم داۋام قىلدى:

ئون كۈن ئارىسىدا ھازىرلىقنى تۈگىتىپ توي قىلـ
دۇق، ئاخىرى سائادەت مېنىڭكى بولۇپ، سائادەتلىك
كۈنلىرىم باشلاندى، سائادەتكە بولغان مۇھەببىتىم بىر تېرىقچە
سىزگە مەلۇم بولغانلىقىدىن ئۇ كۈنلەردىكى بەختىمنى شۇ ئولـ
چەمگە سېلىپ بىلىۋالىسىز.

رەپىقەم سائادەت چىن سەئىد① ئىدى. شۇ يىلى ئۇزەم كۈتمە-
گەن دەرىجىدە بىركۈچ ۋە ئىستىقامەت ئارتتۇرۇپ، توي بىلەن
تۈگىگەن بايلىقىمنى قايتۇرغان ئىدى. تۇرۇش ئۈچۈن سائادەتلەر-
نىڭ ئۆيى ئارتۇقچە تارلىق قىلىشقا باشلىغىنىدىن شۇ ھويلىنى
(جەننەت ئاچا ھويلىسىنى شەرەت قىلىپ) ھازىرقى خوشنىمىزدىن
سېتىۋېلىشقا مۇۋەپپەقمۇ بولدۇم. قېينانام ۋە قېينىنىم ۋە ئەر-
خوتۇن شۇ ھويلىغا كۆچۈپ كېلىپ تۇرۇشقا باشلىدۇق.
كۈندىن - كۈنگە سائادەتكە بولغان مۇھەببىتىم ئاشقاندەك، كەسـ
پىممۇ ئۈدۈملۈك بولۇشقا باشلىغان ئىدى، ئۆيلەنگىنىمنىڭ ئىككىنـ
چى يىلى ھېلىقى خوشنىمىزدىن ئۆزىڭىز كورگەن باغچىنىمۇ سېتـ
ىۋالغان ئىدىم. ئۆيلىنىشىمنىڭ ئۈچىنچى يىلى سائادەت ئېغىر
ئاياق بولدى. ئەر - خوتۇن بىرىمىز ئاتا ۋە بىرىمىز ئانا بو-
لۇشىمىزنى ئويلاپ خوشال بولاتتۇق. كېچىلىرى يېتىپ ئويقۇمىز
كەلمەيتتى. ئاخىرى سائادەتنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاشتى... —
ئۇستا چوڭقۇر تىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — ... يېقىنـ
لاشتى ... لېكىن ئەبىدى بەختسىزلىك كۈنلىرىم، مەنھۇس②
سائەتلىرىممۇ يېقىنلاشتى ...... — دېدى ۋە سوزىدىن توختىدى.

— داۋام قىلىڭ، — دېدى ئاتابېك. ئۇستا ئالىم بىر ئۇھ
تارتىۋالغاندىن كېيىن:

— سائادەت بالىدىن قىينىلىپ ئۈچ كۈنگىچە ئازاپلاندى -
دە، توتىنچى كۈنى ئۆلدى، — دېدى.

---

① سەئىد — بەختىيار ئايال.

② مەنھۇس — ئىشى يۇرۇشمەگەن، ئىشى ئالغا باسمىغان.

ئاتابېكنىڭ كەيپى ئارقىلىغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىنى چوڭ قىلىپ ئاچتى ۋە ئۆزىدىن ياستۇقنى ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سورىدى:

— ئۆلدى؟!

ئۇستا ئالىم كوز يېشىنى سۈرتۈپ:

— ئۆلدى! — دىدى ۋە داۋام قىلدى، — دۇنياغا كېلىپ كورگەن بىردىن - بىر قۇۋانچىمدىن ئايرىلغان ئىدىم. ھاياتىنىڭ ھەممە ئۆمرۈمگە يەتكۈدەك مۇدھىش زەربىسىنى خوشاللىق ئىچىدە قارشى ئالغان ئىدىم ... ئايلار بويىچە كوز يېشىمنى يامغۇردەك توكتۇم، چۈنكى ماڭا بۇنىڭدىن باشقا بىر ئاۋۇنچاق قالمىغان ئىدى. كوز ياشلىرىمنىڭ توختىمىغانلىقىنى كورگەن قېينانام سا- ئادەتنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئىككىنچى يىلى مېنى زورلاپ ئۆيلەندۈردى. لېكىن بۇ ئىككىنچى خوتۇن ماڭا سائادەت بولالمىدى. ھەقىقە- تەن سائادىتىم كومۈلگەن ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ماغدۇرىدىن كېتىشكە باشلىغان قېينانام قىزىدىن يىگىرمە ئاي كېيىن، ئون بىر ياشلىق ئوغلىنى ماڭا تاشلاپ دۇنيادىن ئوتتى: قېينانامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بايلىق ئوز قولىغا قالغان كېيىنكى خوتىنىم پاھىش سۈرەتتە روزغارىمنى تۇزۇتۇشقا باشلىدى. ئوغرىلىقچە ۋە توغرىلىقچە قىمارۋاز ئاكىسىغا ئىنئام قىلىشقا كىرىشتى. ئىشىم كۈندىن - كۈنگە كەينىگە كېتىپ، ئىشلىگىنىم روزغارغا قۇغۇنمۇ بولماي قالدى. يامان خوتۇننىڭ شۇم قەدىمى بىلەن ئۆيۈمدىن بەرىكە كوتىرىلگەنلىكى ۋە بارلىق بەرىكەتلىرىم رەپە- قەم سائادەت بىلەن بىللە كومۈلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، كېيىنكى خوتۇنۇمنى تالاق قىلدىم. خوتۇنىسىز ياشىغىنىمغا ئەمدى ئۈچ يىل بولاي دىدى ۋە ئۆيلىنىشنىمۇ ئۆيلىمايمەن، چۈنكى مەر- ھۇمە سائادەت بىلەن كەچۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ تاتلىق خاتىرى- لىرى ماڭا ئەبەدى لەززەت بېغىشلىغىنىدەك، ھەم ئاچچىق - ئاچ- چىق يىغلىتىدۇ. ئۆيلىنىشىمگە مەسلىھەت بەرگۈچى يولداشلارغا: مەن ئەمدى دۇنيادىن ئوتكەن كىشى، بۇگۈن بولمىسا ئەتىگە

يارنىڭ قاۋزى ئۈستىدە يانغان شامدا ئۆزىنى هالاك قىلغۇچى بىر پەرۋانە، — دەيمەن.

ئەمدى ئويلىغىنىم پەقەت قىيىنىمىنى ئويلەندۇرۇش، كېيىن ... كېيىن، يۈزۈمنى يورۇق قىلىپ سائادەت قۇچىقىغا كىرىش ... — دىدى ۋە دەرمانسىزلانغانلىغا ئوخشاش ياستۇققا يانپاشلىدى. ئۈستىنىڭ بۇ كېيىنكى سوزى ئاتابېكنى ئارتۇقچە تەسىرلەندۇرگەن، كوز كاسىسى بىر - ئىككى قېتىم ياش سۈيى بىلەن تولۇپ چىققان ئىدى.

ئىككىلىسىمۇ ئۇزاق جىم بولۇپ قىلىشتى. ئاتابېك ئۆز قايغۇسىنى پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئۇنتۇپ قويغان، ئالدىدىكى يەرگە سىڭىپقىنا ياتقان مۇجەسسەم ئىشقتىن كوز ئۈزەلمەي قالغان ئىدى. ئۈستىنىڭ ئوتمۇشىدە ئەمەس، هازىرقى هالىدا ئۇلۇغ بىر مەنە كورەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىستىقبالىدا بىر بوشاڭلىقتىن باشقا هېچنەرسە ئۇچرىتالمىسىمۇ، يەنە ئۇلۇغ بىر مەنە كورگەندەك بولاتتى. ئۆز ئىستىقبالىنىمۇ شۇ ئۈستىنىڭكىگە ئوخشاتماقچى بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەرسە كەمدەك، يېتىشمىگەندەك قىلاتتى، ئىككىنچى ئۇستا ئالىم بولۇش ئۈچۈن بىر "ئولدى" سوزىنىلا ئاردىن تاپالمايتتى. كېيىنرەك بۇ "ئولدى" سوزىنى قوشقان بىلەنمۇ ئۇستا ئالىم بولۇش قىيىنلىغىنى چۈشىنىشكە باشلىدى، چۈنكى ئاتابېك كۈمۈش تەرىپىدىن تىللانغان ۋە تاشلانغان ئىدى. هالبۇكى، سائادەت تىللىمىغان ۋە تاشلىمىغان. بەلكى ئېرىنىڭ بىر گۈنايى سەۋەبىدىن ياش ئومرىنى غازاڭ قىلغان ۋە ئۇستا ئالىم قىيىناتىسى تەرىپىدىن كۆيوغۇل يولىغا توزاق قويۇلۇپ، سائادەتنى چىقىرىۋېلىش پىكرىگە چۈشمىسگەن، يەنى ئارىغا شەيتان ئارىلىمىغان ... بۇ ئاخىرقى پىكرىنى گۇ ئويلىمىغان جايدىن، ئىلهام كۆچىدىن توقۇپ ئالغان ئىدى، يەنى ئۆزىنىڭ تاشكەنتتىن ئويلىنىشكە قۇتىدار تەرىپىدىن رازىلىق بېرىلىشىنى، هەتتا ئۇنىڭ تويىنى ئۆز قولى بىلەن ئوتكۈزۈپ كېلىشىنى ئىنكىرىدىن تەييارلىنىپ كېلىنگەن توزاق،

دەپ چۈشەنگەن ئىدى. مۇھاكىمىسى شۇ يەرگىچە كېلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇستا ئالىم دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىدە ھېچبىر ئوخشاشلىق كورمىدى ... ئۇستا ئالىم سېلىپ بەرگەن ئورۇنغا كىرىپ يېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە دەيتتى: ”قوغلىنىشقا، تەھقىرلىنىشكە لايىق كورۇلگەن ئاتابېك، ئۇستا ئالىم بولۇشقىمۇ سازاۋەر ئەمەس!“ ئۇ ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندا، يۈرىكى باللىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن قۇشنىڭ ئۇۋىسىدەك بوپ - بوش ئىدى... ئاتابېك ئەتىگەنلىك نامازغا تۇرغاندا كوزى شەمشادبېكنىڭ بەزمىسىدىن ئەزاندا قايتىپ كېلىپ، قېتىپ ئۇخلاپ ياتقان سەيپىگە چۈشتى. ئون بەش ياشلار چامىسىدا بولغان بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ ئوتكۇر ھوسنى بىلەن سائادەتتىن خەۋەر بېرەتتى.

ئاتابېك بىر - ئىككى پىيالە چاي ئىچكەن بولىدى - دە، ئۇستا ئالىم بىلەن خەيرلەشتى.

## 9

## ئۇنتالمىسا نېمە قىلسۇن...

بۇ قېتىم ئاتابېكنىڭ كۈتۈلمىگەن رەۋىشتە مەرغىلاندىن پاتلا قايتىپ كېلىشىنى ئوزبېك ئايىم ئۆزىنىڭ جوھۇت موللىدىن قىلدۇرغان جادۇسىنىڭ ھىند سېھرىنى يەڭگەنلىكى، دەپ خوشال بولغان ئىدى، بىراق ئاتابېكنىڭ كوپىنچە مېھمانخانىدا يېتىپ قېلىشى ئۇنى بۇ توغرىدا شۇبھىگە چۈشۈرۈپ قويدى ۋە بۇنىڭدا قانداق سىر بارلىغىنى بىۋاستە بىلىۋېلىش ئۈچۈن بىرەر رەمچى موللىغا بېرىش پىكرىگە چۈشكەن ئىدى. يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ بولىسا بۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى تەكشۈرۈپ يۈرۈش ئۈچۈن ۋاقتىمۇ يوق، ئۇنىڭ نارمۇھەممەت قۇشبېگى يېنىدىن بوشىغان ۋاقتى پانساد ۋە بەگلەرنىڭكىدە كېڭەش ۋە زىياپەتلەر بىلەن توگەيتتى.

ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان نەرسە بولسا، ئۇمۇ ئاتابېكنىڭ تەدبىرسىز سىياسەت ۋە ئەخمەق باشلىقلار ماۋزۇسىدىن ئېلىپ قىلىدىغان شىكايەت ۋە ھەسرەتتى كېيىنكى كۈنلەردە جىمجىت بولۇپ كەتكەنلىكى ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئاتابېككە ئەڭ يېقىن تۇرغان كىشى ھەسەن ئەلى ئاتا ئىدى. چۈنكى ئاتابېك بۇ كېيىنكى كۈنلىرىنى مېھمانخانىدا ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ھەسەن ئەلىگىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە ۋە بىرمۇنچە سۆزلىشىپ ئول-تۇرۇشقا توغرا كېلىشكە باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-بېكنىڭ قايغۇلۇق ھاللىرى، ئۇيقۇسىز، ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن تۈنلىرى ۋە ئومۇمەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەسەن ئەلىنى ئويلاتتىمۇ، سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالمايتتى ۋە سوراشنىمۇ پايدىسىز دەپ بىلەتتى. چۈنكى ئاتابېكتىكى بۇ ھاللارنىڭ سىرىنى بىلگەندەك، مۇھەببەتتى ئارىسىغا تىكەن بولۇپ چۈشكەن كېيىنكى ئويلىنىشنىڭ ئەلىمىدىن دەپ قارار قىلىپ قويغان ئىدى.

ئۆزبېك ئايىم ئارزۇلۇق كېلىنى ئالدىغا ئاتابېكنىڭ كىر-مەسلىكى ۋەجىدىن ئاچچىقلاندى، ئاخىرى ئاچچىغىغا چىدالمىغان بىر كۈنى مېھمانخانىدا ئاتابېك ئۆزى ياتىدىغان ئورۇننى سېلىپ تۇرغان چاغدا كىرىپ كەلدى ۋە سېلىنىغان ئورۇننى بۇزۇپ يىغىپ تاشلىدى:

— مېھمانخانىدا يېتىۋېرىپ نېمە قىلىسەن، ئىچكىرىگە كىرىپ يات! — دەپ كايىدى. لېكىن ئوغلى ئەمدى بۇرۇنقى ئاتابېك ئەمەس ئىدى، ئانىسىنىڭ كايىشىغا قۇلاق سالمىدى - دە، باشقى-دىن ئورنىنى سېلىشقا باشلىدى، ئۆزبېك ئايىمنىڭ غەزىۋى يەنىمۇ ئەۋج ئالدى:

— گېپىمنى ئاڭلامسەن، ياق؟

ئاتابېك سوغاقلا جاۋاپ بەردى:

— ياق ئەمەسمەن، لېكىن سىزنىڭ بۇ تەكلىۋىڭىز ئالدىدا

پاك ھەم كورمەن. بۇ توغرىلىق سىز ئەمدى ئارتۇقچە باش ئاغرىتماڭ!

— ئىنساپسىز، ئادالەتسىز!

ئاتابېك ئاچچىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— مەن باشتا سىزگە نېمە دېگەن ئىدىم؟

— نېمە دېگەن ئىدىڭ؟

— كېلىنىڭىز مېنىڭدىن ياخشىلىق كورمەس، دېمىۋىدىمۇ؟ سىز بىلەن ئاتام بۇنىڭغا كونمىگەن ئىدىڭلار، سىز بۇنى ئىنكار قىلامسىز؟

— ئاتا - ئانامدىن ۋەدە ئالغانمەن، دەپ خوتۇنغا شۇنداق جەۋرى قىلىپ يۈرۈۋېرەمسەن؟

— كېلىنىڭىزگە جەۋرىنى خالىمىسىڭىز ۋە ئۆزىڭىز ئېيتقان ئىنساپقا قايتسىڭىز ئەڭ ئاسان بىر يول بار، — دېدى ۋە ئانىسىدىن مەلۇم "نېمە؟" دەپ بېرىدىغان سوئالنى كۈتۈپ توختىدى، ئەمما ئۆزبېك ئايىم سوراق ئورنىغا لىۋىنى چىشلەپ، بېشىنى ئىككى مۈرىسىگە تەۋرەتتى، — سىز سوراشنى خالىمىسىڭىزمۇ، مەن ئېيتاي: كېلىنىڭىزگە جەۋرىنى خالىمىسىڭىز مېنىڭدىن تالاق قىلدۇرۇڭ ۋە بىچارىگە بۇنداق ئازاپ بېرىپ يۈرمەڭ! — دېدى ۋە بىرئاز توختاپ داۋام قىلدى، — سىز بىلگەن ئىنساپنى مەنمۇ بىلىمەن. بىر بىچارىنىڭ پەقەت سىزنىڭ كەيپىڭىز ئۈچۈن ئازاپ ئەمەس، چەككەن خورلۇغىنى ئويلاپ ھەر كۈنى بىرقەۋەت ئېتىمدىن چۈشىمەن ... ئەگەر ئۆز كەيپىڭىزدىن كەچسىڭىز شۇنى ياخشى بىلىڭكى، بىر ئەمەس، ئىككى جاننى ئازاپتىن قۇتقۇزغان بولىسىز، جېنىم ئانا! — دېدى. ئۆزبېك ئايىم ئوغلىنىڭ بۇنچىلىك قىدىتىشى كېتىشىنى كۈتمىگەن ئىدى ۋە بۇ تەرىقىدە قاتتىق مۇئامىلىنىمۇ ئاتابېكتىن بىرىنچى قېتىم كورگەن ئىدى. سوز قايتۇرۇشنى ئورۇنسىز بىلدىمۇ ۋە ياكى جاڭجالنىڭ ئۇلغىيىشىدىن قورقتىمۇ، قىسقىسى ئۇزاققىچە ئىستىھزالىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، "ئېسىڭنى

يەپسەن، بالام!" دېدى ـ دە، مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاتابېك يالغۇز مېھمانخانىدا يېتىپ كۈن كەچۈرۈش بىلەنلا قالمىدى. كېچىلىرى قاياقلارنىدۇ، كېتىپ يوقىلىدىغان ئادەتلىرىنىمۇ چىقاردى ۋە بىر ـ ئىككى قېتىم ئارتۇقچە مەس بولغان ھالدا قايتىپ، ھەسەن ئەلىنى پۈتۈنلەي ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئاتابېككە نەسىھەت قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى ۋە بۇ سىرنى بىراۋغا ئېيتىشقىمۇ ھەيران ئىدى.

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ يېڭى ئادىتى بويىچە قاياقىقىدۇر كەتكەن ئىدى. ھەسەن ئەلىنىڭ كۆڭلى بۈگۈنمۇ بىر ئىشقا گۇۋالىق بەرگەندەك بولۇپ، ئىچكىرىدە ياتقۇسى كەلمىدى. ئورنىنى مېھمانخانىغا سېلىپ، دەرۋازىنى زەنجىرلەپ كەلدى. ئەگەر بۈگۈنمۇ ئاشۇ ھالدا قايتسا، بىر نەرسە دېمەكچى، يەنى قولىدىن كەلگەن نەسىھەتنى قىلماقچى ئىدى. ئۇخلىماي ئولتۇردى. ئەمما ئۇ كېچىسى سائەت ئون بىر بولسىمۇ كەلمەيتتى، ئون ئىككىدىمۇ دېرەكسىز ئىدى. ئاخىرى كۈتۈۋېرىپ ئۇيقۇسى قىستىغاندىن كېيىن، ئورنىغا سوزۇلۇپ كىرپىكنى كىرپىككە ئۇلاپ ياتتى ۋە ئۇخلاپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئارىدىن نامەلۇم مۇددەت ئۆتۈپ دەرۋازىنىڭ قوپال تاقىلدىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ۋە يولەككە يۈگۈردى. قاراڭغۇدا زەنجىرنى پايپاسلاۋېتىپ "كىم؟" دەپ سورىدى ۋە جاۋابىغا "م ـ م ـ م ـ مەن" ـ دېگەن مەس تاۋۇشنى ئاڭلىدى. بۇ تاۋۇش ئۇنىڭ يۈرىكىنى مىجىۋەتكەن ۋە "بۈگۈنمۇ شۇنداق" دېگەن سۆزنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. زەنجىرنى چۈشۈرۈپ دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىشى بىلەنلا شۇ قانىتىغا يۆلىنىپ تۇرغان ئاتابېك ھەسەن ئەلىنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلىپ چۈشتى. ھەسەن ئەلى بۈگۈنكى كەيپىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. يولەكنى قاپلاپ كەتكەن ئىچىملىك پۇرىقىدىن كۆڭلى ئاينىغان ئىدى. ئاتابېكنى يولەپ مېھمانخانىغا ئەپكىرىۋېتىپ، ئىككى كۆزى ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئىشىكىدە ئىدى، چۈنكى يۈسۈپ

بېك ھاجىنىڭ كېچىلىرى ئاشقىرىغا چىقىدىغان ئادىتىنىڭ شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قېلىشىدىن يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى. ئاتا-بېكنى يېشىندۇرۇۋېتىپ ناۋازى بىر ئاھاڭدا دېدى:

— ئوغلۇم، سىزگە شۇ شەيتان ئىشنىڭ نىمە زورۇرىيىتى بار؟

ئاتابېك مەسلەرچە كۈلدى:

— ھ - ھ - ماڭا زورۇرىيىتى بولمىسا، ك-ك-ك-كىمگە بار؟!

— ھەر نىمە بولغاندىمۇ مەن بۇ ئىشىڭىزدىن رازى ئەمەس-مەن! — دېدى ھەسەن ئەلى ۋە قانداق جاۋاپ ئاڭلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئاتابېك ئورنىغا يېتىۋالغاندىن كېيىن، كۈچ-لۈك قىلىپ بىر ئۇھلاۋالدى. ھەسەن ئەلى ئۇنىڭدىن جاۋاپ كۈتۈپ، بىرئازدىن كېيىن، جاۋاپ ئورنىغا خورەك تاۋۇشىنى ئاڭلىدى ... ئاتابېكنىڭ كۈتۈلمىگەندە بۇنداق يارىماس كوچى-لارغا كىرىپ كېتىشىگە ھېچقانداق مەنە بېرەلمەي بېشى قاتتىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن يىگىنگە زورلاپ تىقىلغان يىپ ئىپىرىغا كەتمەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئايدىن بېرى مەر-غىلاننى تىلغا ئالمىغىنىمۇ ئۇنى بىر شۇبھىگە چۈشۈرۈپ، "ئارى-سىدىن بىرەر سوغچىلىق ئۆتتىمىكىن" دەپمۇ كوڭلىدىن كەچۈر-دى. ئاتابېك بىلەن بىللە چاي ئىچىش مەقسىدىدە، ئەتىگەندە ئايىاداقنىڭ دەملىگەن چېيىغا بارماستىن، ئاتابېكنىڭ ئويغى-نىشىنى كۈتۈپ يۈردى. ئاتابېك چۈشكە يېقىن ئويغانغاندىن كېيىن، ھەسەن ئەلى چاي تەييارلىدى. داستىخان سېلىپ كۈتۈپ ئول-تۇرغان ھەسەن ئەلى يېنىغا قىسىلىپ كۈيلىپ ئاتابېك كەلدى. كېچىسىدىكى ھالى ئېسىگە چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، بېشى-نى يەردىن كوتىرىپ ھەسەن ئەلىگە قارىمايتتى ۋە بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلمايتتى. ئاتابېكنىڭ بۇ ھالى ھەسەن ئەلىنىڭ نازۇك يۈرىكىگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى ۋە ئويلاپ قويغان دەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، بېكنى بۇ ئېغىر ھالدىن قۇتقۇزۇش پىكرى-گىلا چۈشكەن ئىدى.

— ياشلىق — بەگۋاشلىق، دىگەن ئىكەن ماشايىقلار، — دەپ

كۈلۈپ قويدى ھەسەن ئەلى ۋە، — ئۇي ئىچىدىن بىرەرسى
سىزىپ قالمىسۇن، دەپ تولىمۇ تەشۋىشلەندىم ... ئىش قىلىپ
ھېچكىم بايقىماپتۇ، — دېدى. ئاتابېك تەشەككۇر ئېيتقاندەك
ھەسەن ئەلىگە كۈلۈپ قارىدى ۋە ئۇزىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن
نارازىلىق بىلدۈرگەندەك ئەندىكىپ تىنىۋالدى. ھەسەن ئەلى
سۆزىنى كۆپەيتىپ ئاتابېكنى ئۇز ھالىغا قويمايتتى. ئۇنار -
ئۇنىماستىن بەسلىشىپ، ئاخىرى بۇ ئۇنار - ئۇنىماسنىڭ ئاخىرى-
غا شۇ سوئالنىمۇ قويدى:

— بۇ قېتىم مەرغىلانغا كېچىكتىڭىزمۇ؟

بىز يۇقۇرىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇقكى، ئاتابېك يۇسۇپبېك
ھاجىنىمۇ، ئوزبېك ئايىمنىمۇ ۋە ھەسەن ئەلىنىمۇ مەرغىلاندىن
پاتلا قايتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمىغان ئىدى. مەرغىلان
بىلەن ئۈزۈل - كېسىل ئالاقىسى ئۈزۈلگەنلىكىدىن ئىبىز - ئاچى-
مىغان، سورالمىغان سۆزگە جاۋاپ بېرىلمەس دېگەندەك، جىمجىت
ئەلىمنى ئىچكىلىكتىن ئىپلىپلا يۈرگەن ئىدى. ئىككى ئايدىن
بېرى بىرىنچى قېتىم مەرغىلان توغرىسىدا سورالغان سوئالمۇ
پەقەت شۇ ھەسەن ئەلىنىڭ كېيىنكى سۆزى بولۇپ، سىرنى ئېچىش
پەيتى كەلگەندەكمۇ ئىدى. بىراق، جاۋاپ پۈتۈنلەي ھەقسەت-
كە قارىمۇ - قارشى ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك بولدى:

— بۇگۈن كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇپتىمەن! — دېدى.

ھەسەن ئەلىنىڭ شۈبھىسى بىكارغا چىقتى. چايدىن كېيىن ئۇ
ئۇزىنىڭ سۆزىنى، ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئاتىسىدىنمۇ رۇخسەت
ئېلىپ قويدى ۋە پېشىندىن كېيىن يولغا چىقىش ئۈچۈن تەييار-
لىق كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سىرىنى بىلىدىغان ۋە "ئەمدى
مەرغىلاندا نىمە قىلىسەن؟" دەپ سورايدىغان كىشى ئاردا بول-
مىغىنىدەك، ئۇ بۇ سوئالنى ئۆزىگىمۇ بەرمەي، گويا بۇرۇنقىدەك
مەرغىلان يولىغا ئالدىراش تەييارلىناتتى ......

يىگىرمە كۈن ئۆتە ئۆتمەيلا مەرغىلاندىن قايتىپ كەلدى.
بۇ بىرىشىدىن بىرەر ئىش چىقارالدىمۇ، يوقمۇ، بۇ توغرىلىق

بىز كەلگۈسى باپلارنىڭ بىرىدە بىلىپ ئالارمىز...

ئاشكەنتكە كېلىپ بىر ھەپتە دىگۈدەك تۇردى، كېيىن ئۆزى بىلەن ھەسەن ئەلىنى ئېلىپ ئاقمېچىت شەھىرىگە كەتتى. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى توختاپ قالغان سودىگەرچىلىك ئىشىنى باشقىدىن باشلىماقچى ئىدى......

## 10

## قارا كۈنلەر

غەيرى قانۇنىي تالاق خېتى تەككىنىگە ئالتە ئايچە پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. كۈمۈشنىڭ گۈزەللىك تەرىپىنى غايىبانە ئاڭلاپ، ئاغزىنىڭ شۆلگىيى كېلىدىغان، خوتۇنلۇق ۋە خوتۇنسىز ئارزۇ قىلغۇچىلار "يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال!" سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، قۇتىدارنىڭكىگە ئەلچىلىرىنى تىنىماي ئەۋەتىشكە باشلىغان ئىدى.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا شۈبھە يوقكى، كۈمۈشنىڭ ئەردىن چىققان خەۋىرىنى كۈمۈشنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئىلگىرى چۈشەنگەن ۋە ئاتابېكتىنمۇ ئىلگىرى سەزگەن ھامىدنىڭ ئەلچىسى باشقا ئەلچىلەرنىڭ مۇقەددىمىسى، يازنىڭ بېشىدا كېلىدىغان قالغاچلارنىڭ يول باشچىسى ئىدى. ھامىدنىڭ ئەلچىسى بىر مەرتىۋە كېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمىدى؛ ئۈچ - تۆت قېتىم كېلىپ قۇتىدارغا ھامىدنىڭ كۈيوغۇل بولۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئارزۇ - نىياز قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ھامىد باينىڭ ئەلچىسىگە بېرىلگەن جاۋاپ شۇ بولدى: "بىز ھامىد باينى ئۆزىمىزگە كۈيوغۇل قىلىشتىن ھېچبىر باش تارتمايمىز. ئەمما قىزىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئەر قىلماسلىققا قاتتىق قارار قىلدى. شۇنىڭ

ئۈچۈن ھامىد باي بىزنى كەچۈرسۇن!» باشقا ئەلچىلەرگىمۇ جاۋاپ شۇ ئىدى. قۇتىدار بىلەن ئايتاپ ئايىمىنىڭ بۇ جاۋاپ-لىرى ئۆزلىرىچە ئەمەس، بەلكى كۈمۈشنىڭ كوڭلىگە قاراپ بې-رىلمەتتى.

بىراق كۈمۈش بىبىنىڭ «مەن ئەمدى ئەر قىلىپ بولدۇم، بۇ-نىڭدىن كېيىن ئەرگە ئېھتىياجىم يوق!» دېگەن قەتئىي جاۋابىغا ئۇلار ئۇزاق قۇلاق سېلىپ تۇرۇشمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قا-رارىنى «چىمدىماسىنىڭ» سوزى دەپ چۈشىنەتتى ۋە تۇزۇكرەك جاي چىققاندا، ئەرگە بېرىش مەسىلىسىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ياقمىغىنىغا گۆ-نانىڭ ھەممىسىنى كۈمۈشنىڭ بوينىغا قويۇپ جاۋاپ بېرىشەتتى، لېكىن ئىككىنچى تەرەپتىن تۇزۇكرەك جاينى كوزلەيتتى.

كۇتۇلمىگەندە شەھەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى موتىۋەر ۋە شەرۋەت-دارلىرىدىن بولغان سەلىم شەرۋەتدار دېگەننىڭ كامىلبېك ئى-سىملىك ئوغلىدىن ئەلچىلەر كېلىپ قالدى.

ئاتا - ئانىسىنىڭ كۈتكىنى شۇنداق تېگى ئىسىل كۈيوغۇل بولغىنى ئۈچۈن، بىرىنچى قېتىم ئەلچىلەرنى ياخشى سوزلەر ۋە قويۇق - سۇيۇق ئاشلار بىلەن ئۇزىتىپ، ئىككىنچى كېلىشىگە ئويلىشىپ جاۋاپ بېرىدىغان بولۇشتى. ئەر - خوتۇن ئۇزاق ئويلىشىپ تۇرماستىن (چۈنكى ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى!) ئەلچىنىڭ ئىككىنچى كېلىشىدە جاۋاپ بېرىشكە قارار قىلىدى. كۈمۈشنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈشى توغرىسىدا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ شۈبھىسى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتا - ئانىنىڭ سو-زىنى يەردە قالدۇرىدۇ، دەپمۇ ئويلىمايتتى.

* * *

كۈز كۈنلىرىنىڭ ئاخىرى ۋە قىش كۈنلىرىنىڭ بېشى ئىدى. دەرەخلەردىكى سېرىق يوپۇرماقلار توكۇلۇپ تۈگىگەن، يەر

يۈزى ئۇزىنىڭ قىشلىق سېرىق كىيىمنى كىيگەن ئىدى. توت
تەرىپىنىڭ ئورالغانلىقى دالدىسىدا يوپۇرماقلىرىنى توكۇلۇشتىن
ساقلاپ قالغان بۇ گىلاس ياغاچلىرىمۇ بۇگۈن كېچىدىكى قارا
سوغاقتا چىدالماي شامالنىڭ ئازلا ھەركىتى بىلەنلا يوپۇرماقلىرىنى
شىرت - شىرت ئۈزۈپ تاشلىماقتا ئىدى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ،
قۇياش خېلىلا كوتىرىلگەن، ئەمما ئۇنىڭمۇ بۇ كۈنى ئانچە
تەسىرى يوق، بۇ كۈنكى قارا سوغاق قۇياش كۈچىنىمۇ كەسكەن
ئىدى.

ئوتتۇرا ئىشىكتىن كۈمۈش بىبى كورۈندى. بۇرۇنقى تولۇق-
لۇغى كېتىپ ئورۇقلاشقان ۋە لېكىن بۇ ئورۇقلۇق ئۇنىڭ ھوس-
نىگە كەمچىلىك بولماستىن، ئەكسىچە ھوسنىنى ئاچقان،
يايدەك قاشلىرى ئارتۇقچە تولقۇنلىنىپ ئۇزىنى كورسەتكەن،
بىرئاز چوككەن چولپان كوزلىرى يەنىمۇ تۇم قارىلىق، يەنىمۇ
نۇرلۇقلۇغىغا ئىگە بولغان ئىدى. بۇگۈنكى سوغاقتا قارشى كىي-
ۋالغان سۇسەر جۇۋىسىنىڭ ياقىسى كىشىنىڭ زوقىنى ئارتتۇرۇپ
نەپسى تامغىدىن سۈيۈپ تۇراتتى. بىراق ئۇنىڭدا بىر كەمچى-
لىك باردەك كورۈنەتتى. چولپان كوزلىرى بۇرۇنقىدەك ئوينىماپ
تۇرمايتتى ۋە سول چېكىسىدىكى بىر ئېغىرلىق بىلەن ھەركەت-
لىنەتتى. بىرتەرەپتىن قارىغاندا ئېغىرلىقمۇ ئۇنىڭغا بىر ئالىيلىق-
نى، ئۇلۇغۋارلىقنى بېغىشلىغاندەك. كۈمۈش كېلىپ ئايۋان دوق-
مۇشىدا ئولتۇردى - دە، كوزلىرىنى ئېغىرغىنا ھەركەتلەندۇرۇپ
كەينى - كەينىدىن چىپ - چىپ قىلىپ توكۇلۇۋاتقان غازاڭ-
لارغا قارىدى ۋە ھەربىر يوپۇرماقنى يۇقۇرىدىن كۆزىتىپ يەرگە
قويۇۋەردى. ئۇ يەرگە چۈشكەن ھەربىر يوپۇرماقتا ئۇزىنىڭ
تەرجىمىھالىنى ئوقۇيتتى، ئۇزىنىمۇ مەۋقەدىن ئايرىلىپ، ھېچنىمگە
ياراقسىز شۇ غازاڭلاردىن پەرق قىلمايتتى. پەرق قىلىندى - دە،
نازۇك كوكرىگىنى توت ئەنلىك كوتىرىپ تىن ئالدى ۋە كوز-
لىرى لىق ياشقا تولدى. يەڭ ئىچىدىن بىر بىرىنگە ئوتكۇ-
زۇلگەن ئىككى قولىنى باراۋەر كوتىرىپ كوز يېشىنى ئېرتىۋات-

قاندا، ئىچكىركى ھويلىدىن ئاپتاپ ئايىم چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەر ئاستىدىن قىزىغا كۆز قىرىنى تاشلاپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا باشلىدى. ئاپتاپ ئايىمنىڭ كەينىدىن ئايشە بۇۋىمۇ كۆرۈندى، كېلىپ كۈمۈشنىڭ يېنىدا توختاپ سورىدى:

— تاشقىرىدا نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟

— ئانىچىكى، — دېدى كۈمۈش قاشلىرىنى ھىمىرىپ، يۈزىنى چەتكە ئۆرۈدى.

— مېھمانخانىغا كىرسەڭ، سەن بىلەن ئىككى ئېغىز مەسلىھەتىمىز بار ئىدى.

— نېمە مەسلىھەتىڭىز بار؟

— ئاۋال كىرگىن، بالام، — دېدى موماي ۋە كۈمۈشنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ تۇرغۇزدى. ئۇلار ئىچكىرىدىكى ئەلچى خوتۇنلارنى يالغۇز قالدۇرۇپ، كۈمۈشنىڭ سوزىنى ئېلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىشقان ئىدى. ئەمما كۈمۈش بولسا ئەلچىلەرنىڭ ئالدىدىن نارازىلىغىنى بىلدۈرگەندەك بىر نامايىش بىلەن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ تەتۈر بولۇۋېلىپ تەكچىلەردىن بىرەر نەرسىنى ئىزلەۋاتقاندەك يۇرۇشكە باشلىدى.

— سەن ئىزلىگەن نەرسە تەكچىدە يوق، كېلىپ يېنىمىزغا ئولتۇر! — دېدى ئاپتاپ ئايىم.

— ئولتۇرغىنىمدىن سىزگە بىرەر پۇللۇق پايدا يوق، ئەلچىڭىزگە ئۆزىڭىز بىلگەن جاۋاپنى بېرىۋېرىڭ!

ئايشە بۇۋى قىزىغا مەنىلىك قىلىپ بىر قاراپ قويدى:

— بالام، ئالدىن ئىككى ئېغىز سوز ئاڭلىساڭچۇ! — دېدى.

كۈمۈش ئولتۇرمىغىنىدىن كېيىن، ئاپتاپ ئايىم قىزىشتى:

— قىزىم، سېنىڭ بۇ قارشىلىغىڭدىن مۇددىيىڭ نېمە؟!

— سىز بىلەن ئاتامغا مۇددىيىمنى نەچچە قايتۇرۇپ ئېيتتىمغۇ: بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى خالىمايمەن.

— دۇنيادىن تاق ئۆتەمسەن؟

— تاق ئۆتەمدىمۇ، يوقمۇ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

— مەن سېنىڭ ھېلىمۇ شۇ ئۇياتسىز ئېرىڭدىن كۆڭۈل ئۈزەلمىگەنلىكىڭنى بىلىمەن. سېنىڭ خاتامالىغىڭنىڭ كانى بالىلىغىڭدىدۇر. سەن شۇنى ياخشى بىلگىنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئاتاڭ ئۇ ئۇياتسىزغا ئۆز ئۆيىدىن جاي بەرمىگىنىدەك، ئۇياتسىزنىڭ ئۆزىمۇ سېنى ئۈزۈل - كېسىل تاشلىغان. ئەگەر كېيىمگە ئىشەنمىسەڭ، مانا بۇنى ئوقۇپ قارىغىن، بىز بۇنى سەن ئۇنىڭغا خەت يازغىنىڭدىن كېيىن جاۋاپ ئورنىدا ئالغان ئىدۇق. بىراق شۇ ۋاقىتتا بۇ ئۇياتسىزنىڭ بىرىنچى تالاق خېتىمۇ يېتىپ ئاشقىنى ئۈچۈن بۇنىسىنى سېنىڭدىن يوشۇرغان ئىدۇق. تېخىچە سېنىڭ ئۈمىدىڭ ئۈزۈلمىگىنى ئۈچۈن بۇ خەتنىمۇ كۆرسەتمەكچى بولدۇم! — دېدى. كۈمۈش قەغەزنى ئانىسىدىن ئالدى.

"تالاق خېتى بېرىلگەن كۈمۈش بىبىگە. مېنىڭ بىرىنچى خېتىم بىلەن سىزنىڭ ماڭا قىلىدىغان ئەركىلىكلىرىڭىزگە بىر چەك قويۇلغاندەك ئىدى. لېكىن بۇنىڭغا چۈشەنمىدىڭىزمۇ ۋە ياكى چۈشىنىشنى خالىماپسىزمۇ، قىسقىسى تېخىچە كونا ئەركىلىكىڭىزنى تەرك قىلماپسىز. خېتىڭىزنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزەمنى كۈلكىدىن توختىتالمايتتىم. ئارزۇغا ئەيسەپ يوق دېيىشىدۇ. چېكىدىن ئېشىپ قىلىغان ھۇجۇملىرىڭىز كونا قەدىردانلىغىڭىز نامىغا كەچۈرۈلىدۇ. ئەمدى بولسا سىزگە مەندەك ۋاپاسىز ۋە ھىلىگەر بولمىغان يېڭى ئەر تېپىلسىدى، دەپ ئەددائىي ئاتابېك يۈسۈپبېك ھاجى ئوغلى.

26 - جەۋزا، 1265 - يىل، تاشكەنت."

مەكتۇپ ئۈنىڭ يۈرەك جاراھىتىنى باشقىدىن تاتىلاپ تاشلىغان ئىدى. كىرزىيېشىنى مۇنچاق - مۇنچاق تۆكۈپ، خەتنى پۈكلەپ قويدى ۋە ئۆزىدىن جاۋاپ كۈتۈپ تۇرغان مومىسى بىلەن ئانىسىغا دېدى:

— مەن بۇ ئۇياتسىز يىرتقۇچ بىلەن يارىشىش ئۈچۈن ئۈمىت

قىلمايمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرمۇ قىلمايمەن!

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

— نېمىشقا دەمسىز؟! — دېدى كۈمۈش ۋە يىغلىغان پېتىچە جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى، — نېمىشقا دېسىڭىز مەن ئۆزەمنىڭ سۆيگەن ۋە مۇھەببەت قويغان ئېرىمدىن بۇنچىلىك ئۇياتسىزلىق، بۇ تەرىقىدە ۋاپاسىزلىق كۆردۈم، ئەمدى ئەر دېگەن شۇ بوپتىمۇ؟ بۇنىڭدىن كۆرە دۇنيادا تاق ئۆتكەن ياخشىراق، يالغۇز يۈرگەن تىنچراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىڭىزغا ئەر ئېتىشدىن سۆزلىمەڭ — دە، يوپۇرماققا ئوخشاش تىترەيدىغان يۈرىكىگە دەھشەتمۇ سالماڭ!

بۇ گەپتىن كېيىن ئاپئاپ ئايىمنىڭ ئانىلىق كۆڭلى ئېرىپ كەتكەن ۋە ئىچكىرىدە جاۋاپ كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئەلچىلەرگە قانداق بانا تېپىپ كىرىشىنىمۇ ئويلاپ ئولتۇرمىغان ئىدى.

— يىغلىما! — دېدى. كۈمۈشنى مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئانىسى بىلەن چىقتى.

* * *

سەلىم شەربەتدارنىڭكى قۇتىدارغا تولىمۇ ماقۇل چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتۇنى ۋە قىزىدىن سوراپ ئولتۇرماستىن بىر كۈنى دۇكىنىدىن ئەركەك ئەلچىلەر بىلەن پۈتۈشۈپمۇ كەلدى ۋە خوتۇنىغا: "مەن بۈگۈن پاتىھە قىلىپ كەلدىم، نېمە بولسىمۇ ئەمدى قىزىڭنى كۆندۈرمىسەڭ بولمايدۇ"، دېدى. ئەمما ئاپئاپ ئايىمنىڭ — ئەر دېگەندە تىترەشكە باشلايدىغان قىزى بىلەن ئۈچرىشىشقا تاقىتى يوق، ئېرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندا پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇ قىزىنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن قۇتىدارغا ۋەدە بەرگەندە، ئۆز ھالىنى ئىككى تەرەپتىن دېۋەيلەنگەن خەنجەرنىڭ ئارىسىدا قالغان كىشىگە ئوخشىتاتتى، قايسى تەرەپكە قىمىرلىسىمۇ چوڭقۇر

يارىدار بولۇشىنى بىلەتتى. شۇ كۈندىن كېيىن بىچارە ئانىنىڭ ئېغىر كۈنلىرى باشلاندى. ئېرىدگە بەرگەن ۋەدىسىنى زادىلا ئورۇنلىيالمايتتى، بۇ ھەقتە قىزىغا ئېغىز ئېچىپ سوزلىيەلمەيتتى. ھەر كۈنى بازاردىن قايتىپ كېلىپ بىرىنچى سوزى "كوندۇردۇڭمۇ؟" بولۇپ قالغان ئېرىدىن كېچىچە تاپا - تەنە ئاڭلايتتى ۋە كۈندۈزلىرى كۈمۈشكە ئېغىز ئېچىشقا يۈرىكى پېتىنماي ئازابلىناتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قۇتىدارمۇ ئەمدى ئۇز خاتاسىنى چۈشەنگەن ئىدى، چۈنكى ھەر كۈنى دىگۇدەك سەلىم شەربەتدارنىڭكىدىن كېلىپ توي كۈنىنى سورىغۇچى كىشىگە تۈرلۈك - تۈمەن باھانىلەرنى ئېيتىۋېرىپ زېرىككەن ۋە ئۇيالغىنىدىن دۇكىنىغا بېرىشنىمۇ تەرك قىلىش پىكرىدىگە كېلىشكە ئاز قالغان ئىدى. بىر كۈنى دۇكاندىن ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ قايتتى ۋە ئاپتاپ ئايىمنى ئۇمرىدە ئاڭلىمىغان تىللاشلار بىلەن تىللىدى: "قىزىڭنى دەپ شەھەردە باش كوتىرىپ يۈرەلمەيدىغان بولدۇم. كوندۇرسەڭ - كوندۇر، بولمىسا مېنىڭدىن ئۇمىدىڭنى ئۈز، مەن ئەمدى سەنلەرنىڭ دەستىڭدىن شەھەردىن قېچىپ كەتمىسەم بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتىم!" دىدى. ئەتىسى بىچارە ئانا قىزىغا شۇ خەۋەردىن سوز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. قىزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، سوزلەش ئورنىغا يىغلاشقا باشلىدى. كۈمۈش بولسا ئانىسىنى بۇ ھالغا سالغان سىرنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن يىغا سەۋەبىنى سوراپ ئولتۇرماستىن، ئۇمۇ كوز يېشى بىلەن يۈزىنى يۇيۇشقا باشلىدى. ئانا - بالا ئۇزاق يىغلاشتى، كوز ياشلىرى تۈگىگىچە بوزلاشتى.

— بۇ كۈنلەردىن كورە، دۇنياغا كەلمىگەن بولسام ئىدى. بۇ تىرىكلىكىمدىن كورە، ئولۇپ كەتكەن بولسام ئىدى! — دىدى ئاخىردا ئاپتاپ ئايىم.

— يېڭىلىشىۋاتىسىز، ئانىجان، — دىدى كۈمۈش ۋە، — سىز دۇنيادا تۇرۇشقا لايىق ئىدىڭىز، لېكىن سىزنىڭ دۇنيادىن

تويۇشىڭىزغا ۋە قان - قان يىغلىشىڭىزغا سەۋەبچى مەن بولدۇم. مەن بەختى قارا دۇنياغا كەلمىگەن بولسام ئىدى، سىزگە بۇنچىلىك كۈلپەتلەر، بۇنچىلىك قايغۇلار يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز تەگرىدىن سوراڭ، پاتراق مەن بەختسىزنى يوق قىلىپ، سىزگە ئۈچ - تۆت كۈن تىنچلىق بەرسۇن ئانىجان! سىزنى بۇ ھالدا كۆرۈشكە ۋە ئۆز تىلىكىم يولىدا سىزنى قۇربان قىلىشقا ئارتۇق تاقىتىم قالمىدى... تاشلاندۇق بۇ قىزىڭىز، قولمۇ - قول يۈرگۈچى بۇ ئويۇنچۇق قىزىڭىز كىممۇ، سىزدەك بىر مېھرىۋان ئانىنى قان يىغلاتقان كىم؟ يىغلىماڭ ئانا، سىزنىڭ تۆكۈپ كەلگەن كۆز ياشلىرىڭىزنىڭ بىر تامچىسىغىمۇ بۇ تاشلاندۇق قىزىڭىز ئەرزىمەيدۇ، سىز ئاتامغا مېنىڭ رازىلىقىمنى تەشۋىشلەنمەي بىلدۈرۈۋېرىڭ! ئۇمۇ كىشىلەر ئالدىدا بۇ بەختسىز قىزىنىڭ تەنىسىگە قالمىسۇن. سىز مېنىڭ يۈزۈمگە ئېزىلىپ قارىماڭ، ئويلاپ تۇرمايلا رازىلىقىمنى بىلدۈرۈۋېرىڭ! — دېدى ۋە يۈزىگە تۆزۈپ چۈشكەن چېچىنى توغرىلىۋالغىنىدىن كېيىن، داۋام قىلدى، — ئەگەر سىز ماڭا ئارتۇق ئېچىنسىڭىز رازىلىقىمنىڭ بىر شەرتى قىلىپ توينىڭ كېلەر كۈزدە بولۇشىنى ئېيتىپ ئوتۇڭ؛ ئەگەردە ئاتام بەختسىز قىزىنىڭ بۇ تىلىكىنى قوبۇل قىلسا - قىلسۇن، قىلمىسا مېنىڭ بۇ تىلىكىممۇ سىزنىڭ بىر تامچە كۆز يېشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ، ئانىجان، سىزنىڭ خوشاللىقىڭىز يولىدا ھەرقانداق ئېغىرلىقلارغا بۇ بەختى قارا قىزىڭىز رازى، ئانىجان!

ئاپتاپ ئايىم كۆمۈشنىڭ بۇ سۆزلىرىگە چىداپ تۇرالماي، قىزىنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى، ئانا - بالا يەنە شىددەتلىك رەۋىشتە كۆز يېشىغا كۆمۈلۈشتى...

ئاپتاپ ئايىمنىڭ قەتئىي قارارىغا بىنائەن قۇتىدارمۇ قىزىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلدى. قۇدىلارمۇ كېلەر كۈزگىچە كۈتۈشكە رازى بولغان ئىدى، دېمەك، كېلەر كۈز مىرزاكەرىم قۇتىدار سەلىم شەربەتدارغا ئوخشاش بىر كىشىگە قۇدىلىشىپ ئالغىنى

دەڭ. كۆمۈش بىبەمۇ ئاتابېك ئورنىغا كاملىبېكنى ئالماشتۇرىدىغان بولدى.

## 11

## نەۋا كۈيى

خەلقىمىزنىڭ تەبىرىچە، بۇ زامانلار "مۇسۇلمان ئابات" بولسىمۇ، بىراق بۇ تەنتەنىلىك تەبىرنى بۇزۇپ قويىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. خان مۇسۇلمان، بەگ مۇسۇلمان، خەلق مۇسۇلمان، بۇنىڭ ئۈستىگە يۇرۇش - تۇرۇشىمۇ مۇسۇلمانچە ئىدى. ئوغرىلىق قىلغان ئۈچۈن قول كېسىلەتتى ۋە ياكى دارغا ئېسىلاتتى. پاھىش ۋە پاھىشىلەرمۇ پەشتاقتىن تاشلىنىدۇ، ئىچكىلىك ئىچكىنى ئۈچۈن قىرىق دەررە ئۇرۇلىدۇ. رەئىس ئەپەندى مۇلازىملىرىغا دەررە كوتەرگۈزۈپ، نامازسىزلارنى تەكشۈرەتتى، پەرزنى بىلمىگەنلەرنى ئۇرغۇزاتتى. ئىش شۇنچىلىك نازۇك بولۇپ تۇرۇپمۇ ئوغرىلار ئۆز تىرىكچىلىكلىرى ئارقىسىدىن قالمايدۇ. ئېش ئاكا بىلەن تاش ئاكىسىنىڭ ئۆيلىرى ئارقىسىدىن تېشىلىپ ماللىرى ئوغرىلىنىۋېرىدۇ، پەشتاقتىن قايتا بوغۇلۇپ تاشلىنىش ئۈچۈن پاھىشىلەرمۇ يېتىشىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىدە پېشانىسى سەجدە كۆرمىگەنلەرمۇ كۆپ، ئەمما پەرزنىڭ باش تەرىپىدىن توت - بەش جۈملىنى ھەر كىم قىينالماستىن سايراليتتى. كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە مۇسەللەس بىلەن بوزىلار خۇملاپ قايناپ ياتسا، ئىككىنچى تەرەپتە رەسمىي يوسۇندا ئىچكىلىك سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. تاشكەنتنىڭ چوقۇر قىشلاق دېگەن يېرىدە ئېچىلغان ۋە ھەممىشەم رۇستەمنامە كىشىلەر بىلەن قايناپ ياتقان بوزىخانىلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

بەش ئايلاپ ئاق مېچىت سەپىرىدە يۈرۈپ كەلگەن ئاتابېك توغرا شۇ چوقۇر قىشلاق بوزىخانىلىرىدىن بىرىگە كېلىپ چۈشكەندەك بولدى. ئۈنى كۈندۈز كۈنلىرى بوزىخانىدا ئۈچرىتىپ بولمىسىمۇ، ئەمما بوزىخانىغا كەلمىگەن كۈنلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. بوزىكەش ئاتابېكنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىگىنى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ تىلىگىگە قاراپ قىلاتتى، ئۇ كەلدى دېگىچە، ئاددى بوزىخورلارنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزماستىن، ئۆزىنىڭ مەخسۇس ھوجرىسىغا ئېلىپ كىرەتتى، باشقىلارغا بېرىلىدىغان لايقا بوزىدىن بەرمەستىن، بوزىنىڭ گۈلى بىلەن مېھمان قىلاتتى.

ھازىرمۇ ئاشۇ بوزىخانىدا ئىدى. ئەمدى ئۈچىنچى كومۇنى تۈگىتىپ، تۆتىنچىسىنى بۇيرۇماقچى، بوزىكەش كىردى:

— بەگ، بوزا بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بېرىڭ، — دېدى، — سازەندىگىزنىمۇ كىرگۈزۈڭ! — ۋاقت يېرىم كېچىدىنمۇ ئۆتكەن. ئەتىدىن كەچكىچە ھارغان ئىستىمالچىلار ۋاقىرىشىپ - جاقىرىشىپ تارقىلىشقان ئىدى. بوزىخانا تىنجىغان ئىدى. قولمۇ - قول يۈرۈپ ھارغان سازەندىمۇ بوشاپ ئاتابېكتىن چوڭ - چوڭ سوغىلار ئېلىپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ۋاقتىنىڭ كەچلىگىگىمۇ قارىماستىن كىرگەن ئىدى. سازەندە ئاتابېكنىڭ مەس قولىدىن بىر پىيالە بوزىنى ئىچكىنىدىن كېيىن، دۇتارىنى چېلىپ سورىدى:

— قانداق كۈينى چالاي، بەگ ئاكا؟

ئاتابېك مەس تاۋۇش بىلەن جىددىلا قىلىپ جاۋاپ بەردى:

— بىلىسىگىز، ھەيدىلىش كۈينى چېلىڭ، ئايرىلىش كۈينى چېلىڭ!

سازەندە ئەجەپلەنگەن ئىدى:

— دۇنيادا بۇنداق كۈيلەر بارلىغىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىم، بەگ ئاكا!

— دۇنيادا بۇنداق كۈي يوق، دەپ ئويلامسىز، سىز ئاڭ

ىلمىغان بولسىڭىز مەن ئاڭلىغانىمەن... بىلمىسىڭىز بىلگەن كۈيىڭىزنى چېلىڭ!

سازەندە دۇتارنى سازلاۋېتىپ، يەنە سورىدى:

— بۇ كۈيلەر يېڭى چىققانمۇ؟

— يېڭى چىققان.

— نەدە ئاڭلىدىڭىز؟

ئاتابېكنىڭ كەيپى تارقىغاندەك بولۇپ، مەششاققا قارىدى:

— بۇ كۈيلەرنى پەرغانىنىڭ مەرغىلانىدا ئاڭلىدىم... — دېدى.

دۇتار سازلاش ئۈچۈن ئۇششاق كۈيلەردىنلا چېلىپ تۇرغان سازەندە ئاتابېك كۈتمىگەن هالدا «نەۋا» دىن باشلىۋەتكەن ئىدى. كۈينىڭ باشلىنىشى بىلەن خۇددى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى زىڭڭىدە قىلىپ كەتكەندەك بولۇپ، كېيىنكى پىيالىسىنى بوشاتتى ۋە ئىختىيارسىز يوسۇندا دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا بېرىلدى. دۇتار ئاۋۇشى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ بىر ھەسرىتىنى سۆزلىگەندەك، ھېكايە قىلغاندەك بولۇپ ئاڭلىناتتى. ياق، بۇ ھەسرەتنى ئۇ ئۆز تىلىدىن سۆزلىمەيتتى — ئاتابېك تىلىدىن سۆزلەيتتى... ئاتابېكنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن كۈنلىرى بىرمۇ - بىر ئۆتۈشكە باشلىدى - دە، ئاخىردا "ھىلقى" خاتىرىلىرى، "ھىلقى" گەپلەرمۇ كۆرۈنۈش بېرىپ ئۆتتى... ياق، ئۆتمىدى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، شۇ بويىچە تۇرۇۋەردى... دۇتار بۇ كۆرۈنۈشنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ توختاتقاندىن كېيىن، بۇ پاجىئەگە ئۆزىمۇ چىداپ تۇرالمىغاندەك يىغلاشقا باشلىدى... دۇتار قۇرۇقلا يىغلىمايتتى، بەلكى پۈتۈن كائىناتنى "زىڭىلدىتىپ" ۋە دەرتلىك يۈرەكلەرنى "تىترىتىپ" يىغلايتتى... ئاتابېك ئارتۇق چىداپ تۇرالمىدى - دە، ياغلىقى بىلەن كۆزىنى يوشۇرۇپ، يىغلاشقا كىرىشتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى توختاتماقچى بولاتتى، بىراق ھازىرقى ئىختىيار ئۆزىدە ئەمەس ئىدى، — ھەممە ئىختىيار دۇتارنىڭ مۇڭلۇق "نەۋا" سىدا،

تاقەتسىز يىغىسىدا ئىدى... دۇتارنىڭ نازۇك تارلىرىدىن، تىلسىملىق يۇرەكلىرىدىن چىققان "نەۋا" كۈيى ۋە نالىسىگە چۈشىنىدىغان ئاتابېكتەك يىگىتلەرگە ناھايىتى مۇھتاج ئىدى. ئۆز دەردىگە چۈشەنگەن بۇ يىگىتكە بارغانسېرى دەردىنى ئېچىپ سۆزلەيتتى، يىغلاپ ۋە نالە قىلىپ سۆزلەيتتى. ئاڭلىغۇچى بولسا دۇنياسىنى ئۇنتۇپ يىغلايتتى، كۈچىنى يىغىشتۇرۇپ يىغلايتتى ۋە ھەسرەت ئەلەمنى كۆز يېشى بىلەن تۆكۈپ يىغلايتتى...

ئاخىرى، «نەۋا» كۈيى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېنىمدىكى سۆلىرىنى كۆزى ئارقىلىق تۆكتۈردى - دە، پەلەكنىڭ تەتۈر ھەركىتىدىن شىكايەت قىلىپ قويدى ۋە دۇنيادا يالغۇز ھەسرەتلا بولمىغانلىغىنى بىلدۈرگەندەك ئۆزىنىڭ "سەۋت" كۈيىنى يەر يۈزىگە خوشال - خوراملىق ياغدۇرۇپ ئەرز قىلىشقا باشلىدى. "نەۋا"-نىڭ سېھىرلىك "سەۋتى" ئاتابېكنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتتى - دە، بىر يېنىكلىك بېغىشلىدى. "نەۋا" بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەن ئۇنىڭ ئۈمىت گۈلزارىدا يېڭى چېچەكلەر ئۈنۈپ چىقتى...

بۇ ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئۇ بىر ئايلاپ بوزدىخانىغا كەلمەستىن قويدى. مەرغىلاندىن قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، يەنە كونا ئادىتىنى داۋام قىلىشقا باشلىدى...

ئاتابېكنىڭ شۇ ۋەقەدىن كېيىنكى مەرغىلانغا قاتناشلىرى پەقەت نەتىجىسىز قۇرۇقلا بىر قاتناش ئىدى. بۇ قاتناشنىڭ ھەر بىرسىدە ئۇستا ئالىمنىڭكىگە چۈشەتتى، ئەمما تېخىچە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇپ، ئەنجاندىن قايتىپ كېلىشنى ۋە ياكى بېرىشىنى ۋە يول ئۈستىدە كورۇپ كېتىش ئۈچۈن كىرگىنىنى ئېيتىپ، ئۇستا ئالىمنى مىننەتدار قىلاتتى. ئۇ مەرغىلاندا كوپ توختىمايتتى، بىر كۈن، ئۇزاقلا سوزۇلسا ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا يول ئۈستىدە "خوجامەئاز" مازىرىدىمۇ تۈنەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇن كۈنلەپ يول ئازاۋىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەرغىلاندا قىلىدىغان ئىشى ۋە مۇشەققەتلەر بەدىلىگە ئەرزىگىدەكمۇ، يوقمۇ؛

ئۇقۇغۇچى بۇنى تۇۋەندە بىلەر.

... مەرغىلاندىن نەتىجىسىز، پۈتۈنلەي بوشقا قايتىپ تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن، كۆمۈشنى ئۆنتۈغاندەك بولۇپ، ئۈچ - تۆت كۈن ئۇ - بۇ بىلەن ئاۋۇنۇپ يۈرەتتى، كېيىن، ھەپتە، ئون كۈندىن كېيىن يەنە مەرغىلان توغرىسىدا ئويلاشقا باشلاپ، ئۇيەنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ئۆزىنى قاياقتا ئۇرۇشنى بىلمەي قالاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئەلىمىنى چوقۇرقىشلاقتا توغرىلاپ، ئون - ئون بەش كۈن بېسىپ ئىچكىنىدىن كېيىن ئىچكىلىكتىنمۇ لەززەتلىنەلمەي قالاتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ كوڭلى بىر نەرسىنىڭ يۈرىقىنى سەزگەندەك تۇيۇلاتتى. گويا مەرغىلانغا بارسا بىر گەپ بولىدىغاندەك، بارمىغىدەك بولسا كېيىنرەك ئۆزى پۇشايمان قىلىدىغاندەك ... شۇنىڭدىن كېيىن ئۆشتۈمتۈت مەرغىلان يولىغا چۈشۈپ قالاتتى، يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى توت كوز بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك سېزىلگەن مەرغىلانغا قانداقلا بولمىسۇن بىرەر سائەت ئالدىنراق يېتىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. لېكىن... لېكىن مەرغىلان دەرۋازىسىدىن كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە باشلايتتى، يۈرىگى قېنىدىن چىققىدەك دەرىجىدە ئويناشقا باشلايتتى، بولۇپمۇ ۋاپۇرۇش رەستىسىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ بۇ ئىزتىرابى شىددەتلىنەتتى، ۋاپۇرۇش رەستىسىگە يېقىنلىشىشى بىلەن ئۇنچىلىك ئۆزگىرىشتە قالغان ئاتابېك رەستىسىنىڭ ئۆزىدە قانداق ھالغا چۈشۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى ۋە رەستە كۆرۈندى دىگۈچە ئېتىنىڭ بېشىنى سولغا بۇرىۋېتەتتى ۋە كەينىدىن كىمنىڭدۇر "... كېتىڭ، ئىشىگىمنىڭ يېنىدا توختىماڭ... ئۆياتسىز!" ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولاتتى... ئۇ ئۆز - ئۆزىگە "ھەقىقەتەنمۇ ئۆياتسىز!" دەپ قوياتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەممە كۈتۈلگەن - كۈزىتىلگەن گەپلەر، بەش كۈنلۈك يول مۇشەققەتلىرى بىكار كېتەتتى، ھەتتا، خىيالدا ئەمەس، ھەقىقەتتە ئويلاپ قويغان قېيناتىسى بىلەن خوتۇنىنى شەربەتكە چاقىرىش

پىكرىمۇ ئۆزگىرىۋالاتتى ۋە يوقىلاتتى، "ھىلىگەرنىڭ يۈزىنى قازىخانىدا كورەيمۇ! ئۆزىمۇ قۇرۇسۇن؛ يۈزىمۇ!" دەيتتى، ئېتىنى، توغرا ئۇستا ئالىمنىڭكىگە قاراپ ھەيدەيتتى.

ئاتابېك ئۇستا ئالىمنى ناھايىتى يۇقۇرى دەرىجىگە قويغاندەك، ئۇنىڭ سوھبىتى بىلەنمۇ خېلى يېنىكلىشەتتى، ئۇن يىللاردىن بېرى ئۇستا ئالىمنىڭ يۈرىكىدە ساقلانغان ۋە قەۋرىگە بىللە كېتىشى كۈتۈلگەن ئىشىق تارىخىنى يېنىپ - يېنىپ ئاڭلىغۇسى كېلىۋېرەتتى، ئۇستا ئالىممۇ ئۆزىنىڭ ئۆلگەن سائادىتى توغرىسىدىكى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە بولغان خاتىرىلىرىنى تەكرار - تەكرار ھىكايە قىلىپ، ھىكايىسىنىڭ ئاخىرىدا: "پېشانەمگە سىغمىدى - دە، ئۆلدى!" دەپ قوياتتى، بۇ سوز ئاتابېكنىڭمۇ يۈرىكىگە سوغاق سۇ سەپكەن تەسىرىنى بېرىپ، ئۇمۇ كوڭلىدىن "مېنىڭمۇ پېشانەمگە سىغمىدى - دە، تىرىكلا ئۆلدى!" دىگەن سوزنى ئۆتكۈزەتتى. شۇ ھالدا ئىككى - ئۈچ كۈن ئۇستا ئالىمنىڭكىدە تۇرغاندىن كېيىنكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەرغىلان بىلەن خەيرلەشكەنگە ئوخشاش شەھەرنىڭ ھەر بىر نەرسىگە ئەلۋىدا نەزىرى بىلەن باقاتتى ۋە بېشى قايغان تەرەپكە كەتكەندەك مەرغىلاننىڭ توغرا دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالاتتى. قوقاندا بىر - ئىككى كۈن، كىرەۋچىدە ئۈچ - توت كۈن، قوۋراما، تىلاۋ ۋە شۇنىڭدەك يېزىلاردىمۇ بىرنەچچە كۈنلەر قونۇپ، ئاخىرى تاشكەنتكە كېلىپ، يېتەتتى، يەنە... يەنە...

ئاتابېكنىڭ مەرغىلانغا بېرىپ كېلىشى شۇ يوسۇندا ئىدى. ئۇنىڭ سىرى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغانلىقتىن، ئاردا ئۇنىڭ ھالىغا كۈلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھىساپ ئالىدىغان بىرسىمۇ يوق، پەقەت ئۇ ھەممە ھىساپنى ئۆز يۈرىكىدىن ئېلىپ، ئۆز يۈرىكىگە بېرەتتى. شۇ تەرىقىدە ئارامسىزلىق ۋە بىسەرەمجانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ ئاي - كۈنلىرى ئۆتۈپ تۇراتتى.

12

# جانسىز بىر خەۋەر ۋە قورقۇنچلۇق بىر تۈن

ئەگەر ئالغان ھېساۋىمىز توغرا چىقسا، بۇ قېتىم ئۇنىڭ مەرغىلانغا قۇرۇق بېرىپ يۇرۇشىنىڭ يەتتىنچى قېتىمى ئىدى. 1267 - يىلنىڭ كۈزى — بۇ ۋەقەگە ئون سەككىز، ئون توققۇز ئايلار ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ئۇستا ئالىم ئۆزىنىڭ قېيىنىنسى بىلەن ئاشخانا يېنىغا يېڭىلا قۇرغان توقۇش دۇكانلىرى يېنىدا يېپەككە پەدەز بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەمما ئۇ بولسا، دۇكاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەنگىنىچە قانداقتۇر بىر ئوي بىلەن مەشغۇلدەك كۆرۈنەتتى، ئۇستىنىڭ تاشكەنت توغرىسىدا بەرگەن سوئاللىرىغا "شۇنداق، ھە، ياق، ئەلۋەتتە"گە ئوخشاش قىسقا جاۋاپلار بىلەن كۇپايىلىنەتتى. ئۇ شۇ بويىچە، يېرىم سائەت چامىسىدا جىمجىتلىقتىن كېيىن، جىمغىنا كوچا ئىشىگى تەرىپىگە چىقىپ كېتىشكە باشلىدى، ئۇستا ئالىم كۆزىنى ئىشىدىن ئۈزۈپ سورىدى:

— يول بولسۇن، شاكىربېك؟

ئاتابېك يولەك يېنىدىن جاۋاپ بەردى:

— شەھەرنى بىر ئايلىنىپ كەلمەكچىمەن.

— ناھايىتى ياخشى، — دىدى ئۇستا — ئەمما پېشىندىن كەچ قالماڭ، مەن ئاشنى دەملەپ سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — دىدى ئاتابېك ۋە يولەكتىن ئۆتۈپ ئىشىك ئالدىغا — كوچىغا چىقتى، چىقىشى بىلەن نېرىقى ئىشىكتىن سادىقمۇ كۆرۈندى - دە، ئاتابېك بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. سادىق ئىل-

تىپاتسىزغىنا ئۇنىڭغا قارىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىراش ئوڭ تەرەپتىكى تار كوچىغا مېڭىپ كەتتى، ئەمما ئاتابېك تۇغرىسىغا، چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى. ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى. ئاق بۇلۇتلار بولغانلىقىدىن قۇياشنىڭ نۇرى ئانچىلىك سۇسلاشمىغان، قۇياش تور رومال ئىچىدە ئولتۇرغان كېلىنلەرگە ئوخشاش يەر يۈزىگە سوزۇلۇپ قارايتتى. بۇلۇتلارنىڭ سالماق سەيلىدىن سېزىلەر - سېزىلمەس يۇمشاق بىر شامال ئىسسىپ، يېنىكلا بىر ئىزغىرىنمۇ يۈزگە كېلىپ ئۇرۇلاتتى. بۇ ئىزغىرىن كىشىگە ئانچە راھەتسىزلىك بەرمىسىمۇ، لېكىن قەيەردىدۇر داغ قىلىنىۋاتقان زىغىر يېغىنىڭ ئاچچىق پۇسىنى دىماققا ئۇرۇشىدىن كىشىدە بىر بىھوزۇرلۇق ھاسىل بولاتتى.

ئاتابېك ئاچا يولغا بېرىپ توختىغان ئىدى. ئۇزىدىن ئىككىلىنىش ھالىتى سېزىلەتتى. بۇ ھالەت ئىككى يول ئۈستىدە بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى چۈشىنىش يېنىك، چۈنكى بىر تەرەپتە ۋاپۇرۇش رەستىسىنىڭ يولى، ئىككىنچى تەرەپتە تۇغرا كوچا ئىدى. ئۇزاق توختاپ تۇرماستىن قەتئىي ۋە كۈچلۈك قەدەملەر بىلەن ۋاپۇرۇش رەستىسىگە يۈردى. گەرچە بۇ كوچا ئۇنىڭ يۈزىگە قىزىرىپ - تاتىرىش ۋە بوزۇرۇپ - ساغىرىش تۇسلىرىنى بەرسىمۇ، يەنە ھەرھالدا ئۇ قەتئىي قەدەم ئىدى، شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئانىلار تەبىرىچە، "يىلان چىققان" بۇ كوچىغا بىرىنچى كىرىشى، بىرىنچى جاسارىتى ئىدى. كوچىنىڭ بۇرۇلۇشىدا يەنە بىرئاز ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىلاشسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىلەشنى قويماي بېرىۋەردى. يىراقتىن قۇتىدارنىڭ تىلىسىملىق دەرۋازىسى كورۇنۇپ تۇراتتى... دەرۋازا يېنىدىكى مەشئۇم تال دەرىخىمۇ مەشئۇم بىر ئىشقا گۇۋالىق بەرگەندەك بولاتتى. بارلىق كۈچىنى ئەسەبىيەت مەركىزىگە يىغىپ يەنە بىر قېتىم دەرۋازىغا قاراپ قويدى. بۇ قارىشىدا پۈتۈن ئۆتكەن كۈنلىرىنى يەنە بىر باشقىدىن خاتىرىلىگەندەك بولدى ۋە تىترەك ئارىسىدا ئۇھ تارتىۋەتتى. كورۇنگەن گىلاس ياغاچلىرىنىڭ ئاستىدا

بىر ۋاقىتلار كىمدۇر بىرى ئۇنى كۈتۈپ ئالاتتى. ئەمدىچۇ ... ئەمدى كىمنى كۈتىدىكىن؟ — دېگەن سوئال مېڭىسىنى سۇپۇرۇپ كەتتى... ئۇ كۆمۈشنى پۈتۈنلەي ئۆز مۇھەببىتىدە باقتى، دەپ بىلەتتى ۋە ئاتىسىنىڭ زۇلمىغا مەھكۇم، دەپ چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كورۇنگەن گىلاس ياغىچىنىڭ كۆز بىلەن سارغايغان يوپۇرمىقىدىن كۆمۈشنىڭ زەپىرەك يۈزىنى كوردى، ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ئۇنىڭ ئۈچۈن قەلبى پارچىلانغاندەك بولدى. ھازىر ئۇ كۈتۈلمىگەن بىر جاسارەتكە ئىگە بولغاندەك ئىدى. كىرەيمۇ، دەپ ئويلىدى. بىۋاستە ئۆزى بىلەن سوزلىشەيمۇ، دەپ جاسارەتلەندى ... لېكىن ... لېكىن دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەشئۇم تال ياغىچى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگەندەك بولاتتى: "ئۇياتسىز، مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئورۇن يوق... كېتىڭ، ئىشىگىمنىڭ يېنىدا توختىماڭ..."

ئۇ دەرۋازىغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى، نىمىدىندۇر چوچۇپ چەتكە بۇرۇلدى، چۈنكى دەرۋازىدىن چىقىپ قالغان ئىككى كىشىنى كوروپ، بۇلارنىڭ بىرىنىڭ قېيىناتىسى بولۇپ قېلىشىدىن ھۈركىگەن ئىدى. ھەرھالدا چىقىۋاتقانلار يات ئادەملەر بولۇپ ئالدىغا قاراپ يۈرۈشكە باشلىدى. بايىقى "ئۇياتسىز..." جۈملىسى بىلەن ئۇنىڭ كىرىش پىكرى پۈتۈنلەي سۇنغان ئىدى. ئەمما "بىراۋلار" توغرىسىدا نىمە بولسىمۇ بىر گەپ ئاڭلاش ھەۋىسى تۇغۇلغان ئىدى. بۇ چىققۇچىلار گەرچە قۇتىدارنىڭ ئىشى ھەققىدە بولسىمۇ، بىرەر مەلۇمات بېرەر، دەپ ئويلىدى ۋە ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قەدەملىرىنى يوغانلاشتۇردى. ئۇلاردىن ئۈچ - تۆت قەدەم بېرىدە كېتىۋاتاتتى. بەختكە قارشى ئۇلار غىڭ دېيىشمەي كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن سوز ئاڭلاشقا توغرا كەلدى؛ بىرسى ئىككىنچىسىگە دېدى:

— تويى بىلەن ئىكانى بىر كۈنگە قىلغىنىمىز ياخشى بولدى.

— نېمە، جۇۋانغىمۇ تويى باشقا، نېكا باشقا بولامدۇ؟! باردى - كەلدى بىر جۇۋان قىزى بارغۇ، بۇنچىلىك تويىنى باشقا، نېكانى باشقا قىلىمىز دېگىنىڭگە ھەيرانمەن.

— ئاخىر قۇتىدارمۇ ئابرويلۇق ئادەم - دە، — دېدى بىرىنچى كىشى.

جانسىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتابېكنىڭ ھۇشى بېشىدىن ئۇچقانغا ئوخشاش بولدى - دە، قەدەم تاشلىغان جايىدا مىخلانغاندەك قېتىپ قالدى. گويا ئۈستىدىن بىر چېلەك قايىنىغان سۇنى تۆككەندەك، پۈتۈن تېرىسى ئايىغىغا سىيرىلىپ چۈشكەن ئىدى... بەش مىنۇتچە يول ئۈستىدە ھودۇققان، ھۇشسىزلانغان بويىچە قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى... "كىشىنىڭ خوتۇنىنى تالاقسىز چىقىرىۋالسۇن - دە، بۈگۈن ئەرگە بەرسۇن!" دېدى ۋە ساراڭلاردەك نېمە ئۈچۈندۇر كۈلۈپ قويدى. ئۆز - ئۆزىچە سۆزلەپ مەرغىلان كوچىلىرىدا تەنتەكلەرچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا قاراش يۈرەكلەرنى يارغىندەك، تەسۋىرگىمۇ قەلەم كۈچى ئاجىزلىق قىلاتتى...

* * *

ئاينىڭ ئون بەشلىرى بولسىمۇ ھاۋانىڭ بۇلۇتلۇغى بىلەن ئاي كۆرۈنمەيتتى، ھەقىقەتەنمۇ قاراڭغۇ كۈزنىڭ قاراڭغۇ بىر تۈنى ئىدى. بىر نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ياشاپ، پەۋقۇلئاددە زورىيىپ كەتكەن "خوجامەئاز" مازىرىنىڭ چاتقاللىرى بۇ قاراڭغۇلۇققا بىر مەنبەدەك ئىدى. كۈچلۈك بىر شامال چىققان: قانداقتۇر بىر ئىشقا تەييارلانغانغا ئوخشاش توت تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. مازار چاتقىلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇتەپ ياتقان كوتەك يېنىدا چاچلىرى ئۆسۈپ ساقىلىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بىر دىۋانە بۇ مۇدھىش قاراڭغۇلۇققا قارشى كۆرەشكەندەك گۈلخان-

نى ياندۇرۇشقا تىرىشاتتى، گۈلخان ئەتراپىدىن ئايلىنىپ، قول-
دىكى كوسەي بىلەن توت ئەرەپتىن كولايتتى. شامال بارغانسې-
رى كۈچەيدى، چاتقال تەرتىپسىز ھالغا كىرىپ كەتتى، بىرەر
يېرىم توكۈلمەي قالغان يوپۇرماقلار شىتىر - شىتىر توكۈلۈشكە
باشلىدى، قارغا ۋە زارغا خۇددى ئۈيقۇ زاماندا تىنچسىزلانغىنى
ئۈچۈن شامالغا قارشى نامايىش قىلغاندەك قاق - قاق بىلەن
چاتقال ئۈستىدىن ئايلىنىشقا باشلىدى. شامال كۈچەيگەنچە
كۈچىيىپ باراتتى ۋە شۇنىڭ بىللە بىلەن مازار ئىچىمۇ يەنە
بىر قېتىم قورقۇنچ ھالغا كىرەتتى، شامال كەينى - كەينىدىن
غۇيۇلدايتتى، بۇنىڭغا چىدالمىغان شاخ - پۇتاقلار قارس - قۇرس
قىلىپ سۇنىماقتا، قېرى ياغاچلار "غىيىق - غىيىق" قىلىپ
يالۋۇرۇش تاۋۇشىنى چىقارماقتا ئىدى، شامال ئارتۇقچە بىر غە-
زەپ ئۈستىدە تۇرغاندەك، يەر يۈزىدىكى غودايىغان نەرسىنى
پۇكۈپ - يىنچىپ تاشلىماقچى بولغاندەك پۇشقىراتتى. چىنارلار-
دىن بىرىنى يەرنى تىترىتىپ يىقىتتى، دىۋانىنىڭ گۈلخانىنىمۇ
كوتەك - بوتىكى بىلەن كوتىرىپ چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە ئېتىۋەت-
تى. پۈتۈن مازار ئىچىنى ئوت ئۈچقۇنى بىلەن تولدۇرۇپ، يەنە
كورۇنۇشكە باشقىچە بىر تۈس بەردى. مازارنى بۇ ھالغا سالغان-
دىن كېيىن، گويا شۇنىڭ ئۈچۈن غەيرەتلەنگەندەك بىرئاز پە-
سىيىشكە چۈشتى، ئاچ قالغان شىرغا ئوخشاش ھوكىرەپ گۈرۈل-
دەشلىرى بېسىلغاندەك بولدى. يېرىم سائەت دىگۈدەك جان
قايغۇسىدا ئۈچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان قاغىلار شامالنىڭ
غەزىۋى بېسىلغىنىنى بىر بىرلىرىگە خەۋەر قىلغاندەك قاق - قاق
بىلەن ئوز ئورۇنلىرىغا قونۇشقا باشلىدى. ئاسماننى ئورىۋالغان
قارا بۇلۇتلارمۇ پارچىلىنىپ، ئايمۇ قارا پەردە ئىچىدىن يېرىم
يۈزىنى ئېچىپ يەر يۈزىگە مارىلاپ قويدى. گۈمبەزنىڭ ئۈدۈل-
دىكى ئىككى تۈپ قېرى چىنارنىڭ قۇرۇق شاخلىرىغا شامال
بىلەن قاياقلارغىدۇر ئۈچۈپ كەتكەن ھۇقۇشلار تويىمۇ كېلىپ
قونۇشقا باشلىدى، ئاي پارچىلانغان قارا بۇلۇتلار بىلەن موكۇ-

موكۆلەك ئۇيىنىغاندىغا ئوخشاش بىر كورۇنۇپ، بىر يوشۇرۇناتتى. ئۇ يەر يۈزىگە كۆلۈپ قارىغاندا مازارنىڭ چاتقال قىسمىغا دىـ كۆدەك ئۆزگىرىش بېرەلمىسىمۇ، گورىستان قىسمىدىكى دومباق قەۋرىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى مەر مەر قەۋرە تاشلىرىنى چوڭقۇر بىر سۈكۈتكە چومگەن هالدا گەۋدىلەندۈرەتتى. بايقۇشـ لار ئۇۋىسى بولغان ئىككى تۈپ چىنارنىڭ ئۇدۇلىدا گۈمبەزگە قارىمۇ - قارشى قىلىپ سېلىنغان ئايۋان - زىيارەتخانا بار، ئەمما ئاي تىك كوتىرىلگىنىدىن زىيارەتخانا ئىچى، قاپ - قا- راڭغۇ ئىدى. چىنار شاخلىرى تەسۋىگە ئوخشاش تىزىلغان بايـ قۇشلار بىلەن تولغان. ئۇلار ئاي نۇرىدىن ئانچىلىك خوشال ئەمەس، چۈنكى ئاي يەرگە كۆلۈپ قاراشقا باشلىسا، ئۇلار باشلىرىنى، مۈرىلىرىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ ئىلىشىدۇ - دە، دوپ - دوملاق بولۇپ سىقىلىشىپ كېتىشىدۇ. ئاي بۇلۇتلار ئاستىغا كىرسە، ئۇلار راھەتلەنگەندەك چىغ - چىغ، كى - كى - كى قىلىپ سايراپمۇ قويۇشىدۇ. بۇ چاغدا شۇ هوقۇشلار سايرىغى ئىـ چىدىن ئىڭراشقا ئوخشاش تاۋۇشمۇ ئاڭلانغاندەك بولىدۇ.

مىچىت مۇنارىسىدىن روهانىيەت ياغدۇرۇپ مۇڭلۇق ئەزان تاۋۇشى ئاڭلاندى - دە، ئۇيقۇ قۇچىقىدا ياتقان تەبىئەت ئويغىـ نىپ جاۋاپ بەرگەندەك ياڭراپ كەتتى. "ئاللاهۇ ئەكبەر" نىڭ كېيىنكى تەكرارىدا ئاتابىك زىيارەتخانا ئايۋىنىدىن چۈشتى - دە، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنىڭ يېنىدا تاهارەت ئېلىشـ قا ئولتۇردى...

## 13

## كۆلۈپ قارىمىغان بەخت

ئەمدى ئۇنىڭ ئۇمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، يۈرىكىـ نىڭ يېنىشى بېسىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يىلان چاقىقان كىـ

شىدەك چەكچەيگەن، بىسەرەمجان كوزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئورۇنسىز نەزەر تاشلايتتى. ئۇ "ئاخىرى ئاتىسى ئۇز مۇددىتىغا يەتتى، قىزىنى ئەرگە تاپشۇرۇپ تىنچلاندى، كېچە - كېچىسى ئۇ..." دەيتتى - دە، بۇنىڭدىن كېيىنكى زەھەرلىك ھەقىقەتنى ھېچقانداق قىلىپمۇ ھەم ئۇزىگە سىڭدۈرەلمەي ۋە بۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ، ئۇزىنى يوپۇتۇش ئۇچۇن ھەدەپ ئەتراپىغا ئورۇنسىز نەزەر تاشلايتتى.

ئەمدى مەرغىلاندىغا قاتناپ - يۈرۈشلەرگە خاتىمە بېرىلگەندەك ۋە مەرغىلاندىمۇ ئۇنىڭغا "مېنىڭدە يەنە نېمە ئېلىشىڭ بار؟" دەپ سورىغاندەك بولاتتى. ئۇ "خوجەمەئاز"دىن چىقىپ توغرا ئۇستا ئالىمنىڭكىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى ۋە ئۇ يەردىن ئېتىنى ئېلىپ مەڭگۈگە مەرغىلان بىلەن ۋىدالاشماقچى بولغان بولسىمۇ، دوست بىر كىشى ئۇنىڭ كوز ئالدىدا كورۈنگەندەك ۋە يات رەھىمسىز بىر يىگىتنىڭ قۇچىقىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغاندەك بولاتتى.

ئۇستا ئالىمنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ قالدى. ئىنتايىن بىر مەيۈسلۈك ئىچىدە بېشىنى توۋەن سالغان ئىدى. ئوتۇپ تۇرغۇچىلار بايقىمايتتى، قىپ - قىزىل چوغدەك يېنىپ تۇرغان يۈرەك ئوتى بىلەن مەستەك ئىدى. ئۇدۇلدىكى سادىقنىڭ ئىشىكىدىن چىققان كىشىنىمۇ بايقىماي قالدى ۋە قاراپ قويغان بولسىمۇ تونۇمىغان ئىدى. ئاتابېك ئۇستا ئالىمنىڭكىگە كېلىپ كىرگەندىن كېيىن، سادىقنىڭكىدىن چىققان ھامىد ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ يول ئۈستىدە قېتىپ قالدى...

شاكىربېكنىڭ تۇنۇگۈن ئەتىگەندە چىقىپ كەتكىنىدىن بېرى دېرىكى بولمىغىنىدىن تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرغان ئۇستا ئالىم ئۇنى دالاندا كورۇشى بىلەنلا سورىدى:

— ئې ئې بارىكاللا سىزگە، شاكىربېك، نەلەردە يۈرىسىز! راسا تەشۋىشلەندىم - دە، ئوزەم ... نېمە بولدى، بىر كۈندە شۇنچىلىك ئوزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويۇپسىز؟

ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئۆزىنى تونۇمىغىدەك دەرىجىسىدە ئالدىرۇپ قويغان، خۇددى ۋابا تەككەن كىشىدەك كۆزلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن ئىدى. كىرتىيىپ كەتكەن كوزىگە كۈچ بىلەن كۈلكە تۇسى بەردى.

— "خوجەمەئاز" غا بارغان ئىدىم...

— نىمە ئۈچۈن؟

— تۇنەشكە.

ئۇستا ئالىم تەئەججۇپ ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ئۇنى كۆزى-تىپ چىقتى:

— تۈنىمىدىڭىزمۇ؟...

ئاتابېك ئايۋاننىڭ لىۋىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۇستىنى شۈبھىدە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن:

— خېلىدىن بېرى بىر تۈنىسەم، دېگەن خىيالىم بار ئىدى.

— بۈزرۈكتىن سورايدىغان تىلەكلىرىڭىز بار ئىكەنىدە — دېدى ئۇستا ئالىم ۋە كۈلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىككىسىمۇ يولەكتىن كېلىۋاتقان ئاياق تاۋۇشىغا قۇلاق سالدى. قوپال قىلىپ بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۇستىغا ئوخشاش رەڭسىزلا بىر يىگىت كىرىپ كېلە-ۋاتاتتى. ئۇستا ئالىم كەلگۈچىنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. "ئۇ، ئۇستا فەرفى، كېلىڭ، كېلىڭ، بارمۇسىز!" دېدى. ئۇستا فەرفى سالام بېرىپ ئۇستا ئالىم بىلەن كورۈشتى. ئاتا-بېك كورۇشۇشكىمۇ تەييارلانمىغان ئىدى. ئەمما كەلگۈچىنىڭ ئوزى قول ئۇزاتتى-دە، "سالامەتمۇ سىز، مېھمان" دەپ كورۇ-شۈۋالدى. ئايۋانغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، پاتىھە ئوقۇدى. ئۇستا ئالىم كەلگۈچىگە خۇشامەت قىلىشىۋېتىپ:

— سىزمۇ كېلىدىكەنسىز-ھە، ئۇستا فەرفى، — دەپ دارىتما قىلىپ قويدى. ئاق-سالامەتلىك سورىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستا فەرفى ئۇدۇلىدىكى يېڭى قۇرۇلغان توقۇش دۇكانلىرىغا شەرەت قىلىپ، دېدى:

— ئىشلار چوڭقۇ، ئۇستا! دۇكانلارنىمۇ قۇرۇۋېتىپسىز!

— دۈكاننى قۇرغىنىمىزغا ئەمدى ئون بەشكۈنچە بولۇپ قالدى. پاتىھە ئوقۇشقا كېلەمسىزكىن، دەپ كۈتتۈم، شۇ ۋاقىتقىچە دېرىكىڭىز بولمىدى.

— ئوزىڭىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئوتكەن، ئۇستا، — دىدى ئۇ، — بىراۋنىڭ كېپىللىكىنى ئالغاندىن كېيىن ئىشنى تاشلاپ چىقىش قىيىن، جۈمەنىڭ شاراپىتى بىلەن ئەل - ئاغىنىلەرنىڭكىگە بارمىساق، باشقا ئىلاج يوق؛ ئوزىڭىزنىڭ بېشىڭىزدىنمۇ ئوتكەندۇ!

— ياق - ياق، — دەپ كۈلدى ئۇستا ئالىم، — مەن سىزگە ئوخشاش دۈكاننىڭ ئۈستىدە تۇخۇم باسقىنىم يوق، سىمىكانى كوزۇم قىيمايدۇ، دىسىڭىز مەن ئىشىنىدىتىم.

— بۇ سوزىڭىز توغرا، — دىدى كۈلۈپ ئۇستا فەرفى، — چوجىلىرىمىز يىلدىن - يىلغا كوپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. قازاننى سۇغا قالدۇرغان كۈنىمىز جاڭجال.

ئۇستا ئالىم دەستىخان سېلىش ئۈچۈن ھوجرىسىغا كىرگەندە، ئۇستا فەرفى ئاتابېككە قارىدى.

— سىز قەيەرلىك، مېھمان؟

— تاشكەنتلىك.

— تولىمۇ ئوبدان، قېنى تورگە چىقىڭ، مېھمان، — دىدى.

ئاتابېك رەھمەت دەپ جايىدىن قوزغالمىدى. ئۇستا فەرفى ئۇنى يەنە بىر قېتىم كوزدىن كەچۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن، يۈكۈنۈشىنى بۇزۇپ باداشقان قۇرۇۋالدى. داستىخان سېلىنىپ، ئەتىگەنلىك چاي ئۈچۈن دەملەپ قويۇلغان چاي ئېلىپ كېلىندى. ئۇستا ئالىم شاكىربېكنى تورگە چىقىشقا قىستىسىمۇ، ئۇ كەشنى يەشمەي كونىچە ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سوزلىشىپ چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئۇستا ئالىم بىلەن ئۇستا فەرفىنىڭ سوزلىرىدىن بۇرۇن بىر ئۇستىكاردا ئىشلەشكىنى، بۇنىڭدىن يىگىرمە كۈن بۇرۇن ئۇستا ئالىمنىڭ ئۇستىكار بىلەن نىمە ئۈچۈندۇر ئۇرۇشقانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئوز ئويىگە دۇكان قۇرۇپ، ئوزىچە ئىشلەشكە باشلىغىنى چۈشىنىشلىك ئىدى.

ئۇستا فەرفى ئۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىشىش سەۋەبىنى سورىسىمۇ، قانائەتلەندۇرەرلىك جاۋاپ بەرمەيتتى، پەقەت "يامان ئادەم ئىكەن توڭگۇز" بىلەن كۇپايىلىنەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئاتابېك قولىدىكى پىيالىسىنى بوشاتتى - دە، ئۇستا ئالىمغا دېدى:

— ئەمدى ماڭا رۇخسەت بېرىسىز ئۇستا، مەن ماڭىمەن.

ئۇستا ئالىم ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

— نېمىشقا ئەمدى يەنە كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟ ئۈچ - تۆت كۈن تۇرماقچى ئىدىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەرغىلاندىكى ئىشلىرىم تۈگەپ قالدى. ئۆزەممۇ زېرىكىشكە باشلىدىم...

— بولمىسا چاي ئىچىلىپ بولسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن سىزگە رۇخسەت! — دېدى ئۇستا ئالىم ۋە بىر پىيالە چاي تولدۇرۇپ بەردى. ئاتابېكنىڭ رۇخسەت سورىشى بىلەن بولۇنۇپ قالغان سوئالىنى ئۇستا فەرفى داۋام قىلدۇردى:

— توغرىسىنى ئېيتىڭچۇ، ئۇستا، نېمىشقا ئۇستىكار بىلەن ئاچچىقلاشتىڭىز؟

— ئۇ سىزگە ئېنىق ئېيتمىدىمۇ؟

— ئېيتمىدى. سورىسام، گەپنى باشقا تەرەپكە چالغىتتى.

— ئىمانسىز، ئېيتىشقا ئۇيالغان، — دېدى ئۇستا ئالىم ۋە كىمگىدۇر نەپرەتلىنىپ قارىغاندەك تەرىنى تۈرۈپ قويدى.

— قىسقىسى سىز بىلەن ئاچچىقلاشقان سەۋەبىنى سورىسام، سۆزىنى چەتكە بۇرىدى.

ئۇستا ئالىم قولىدىكى پىيالىسىنى غۇرت قىلىپ بوشاتتى - دە، ئۇستىكارى بىلەن ئاچچىقلىشىش سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن ھامىدنىڭ قېيىنسىم سەيپىگە يامان كۆز بىلەن قاراپ يۈرگىنىنى سەل - پەل سېزىپ يۈرەتتىم... ئۇرۇشىدىغان كۈنىمىزنىڭ ئەتىگىنىدە سەيپىنى ئىلگىرىرەك ئىشقا ماڭغۇزدۇم - دە، ئۆزەم نېمىگىدۇر ئۇرۇنۇپ كەچ قېلىپ باردىم، دەرۋازىدىن كىرىشىم بىلەن ئىشخانا ئىچىدىن كىمنىڭدۇر يىغلاپ يالۋۇرغان تاۋۇش-

نى ئاڭلاپ ئەجەپلەندىم ۋە ئىشخانا ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسەم،
ئىمانىسىز ھامىد قېپىنىسىمغا زورلۇق قىلىپ تۇرغان ئىكەن. ئىشىنىڭ
ئېچىلىشى بىلەن چوچۇپ سەيپىنى بوشاتتى ـ دە، ماڭا
قارىدى. مەن ئاچچىقىمدىن نىمە قىلىشىمنى بىلمەي قالغان ئىدىم.
توڭگۇز ئىشخانىدىن چىقىشقا باشلىغان ئىدى: "سەن بىلەن ئاتاڭ-
غا يىگىرمە يىللاپ خىزمەت قىلىپ، ئاخىرى سەندىن كورگەن ياخ-
شىلىغىم شۇ بولدىمۇ؟" دىدىم. غىڭ دىمەي چىقىپ كەتتى. بى-
مىشقىدۇرسىز، كەرىم ۋە ئارتىقبايلارمۇ ئىشخانىغا كەلمىگەن ئىكەن-
سىلەر، توڭگۇز ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سەيپىگە يېپىشقان ئىكەن. ما-
نا، ئارىمىزدىن ئوتكىنى شۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن مەنمۇ سەيپىنى
ئېلىپ چىقىپ كەلدىم ـ دە، ئىككىنچى ئۇچراشماي ئويىگە دۇكان
فۇرۇش ھەركىتىگە چۈشتۇم،— دىدى. ئۇستا فەرفىمۇ ئۇستىكار-
نىڭ بۇ قىلىغىدىن نەپرەتلەنگەن ئىدى:
— ئاپلا، ئاتىسىغا لەنەت، تېخى شۇنداق ئىش قىلدى
دەڭ ـ چۇ؟! ئوزى ئادەم ئەمەس، تېخى بۇ ئۇنىڭ ھۇنەرلىرى-
نىڭ ئەڭ ئۇششىغى، — دىدى ۋە ئاۋازىنى ئاستىلىتىپ داۋام قىلدى،—
بەدبەخت ئەقىل ئىشەنمەيدىغان دەرىجىدە بولغان ھەر بىر ياما-
نلىقلارنى قىلىدىكەنكى، بىز بىلمەيدىكەنمىز!
ئاتابېك ئۇستا ئالىمنىڭ ھېكايىسىنى ئىلتىپات بىلەن ئاڭلىغان
ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭدىن سورىدى.
— بۇ قانداق ھامىد، قارا چوقۇر كىشى ئەمەسمۇ؟ مەن تې-
خى ئۇنى خوشنىڭىزنىڭ ئويىدىن چىققاندا كورگەن ئىدىم.
ئۇستا ئالىم ئەجەپلىنىپ ئاتابېككە قارىدى:
— شۇ ـ شۇ، سىز ئۇنى قەيەردىن تونۇيسىز؟
— ئۇنىڭ بىلەن قەيەردىدۇر سوزلەشكەن ئىدىم.
ئۇستا فەرفى ئاتابېككە كۇلكە ئارىلاش قاراۋېلىپ، دىدى:
— بولمىسا ئۇنىڭ سېسىق سوزلىرىگە راسا زوقلانغاندۇرسىز!
ئاتابېك مەنىلىك قىلىپ ھىجايدى. ئۇلارنىڭ سوزى شۇ يەر-
گە يەتكەندە ياغلىققا تۇگۇكلۇك بىر نەرسە كوتەرگەن ھالدا

سەيپى كىرىپ كەلدى. سالامدىن كېيىن، ئۇستا فەرقى بىلەن كورۇشتى ۋە ئاتابېككە قاراپ دېدى:

— تۈنۈگۈن سىزنى كۈتۈۋېرىپ ئاشلىرىمىز مۇزلاپ كەتتى، بەگ ئاكا!

— مەن بۈگۈنمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى كۈلۈپ ئاتابېك.

سەيپى ئالدىراپ بىر نىمە دېيىشكە تەييارلىناتتى:

— بۈگۈن كېچىسى ھاممامنىڭ ئېغىلىدا بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ كېتىشىپتۇ! — دېدى.

— كىمنى؟ — دەپ سورىدى ئۇستا ئالىم.

— كىملىگىنى بىلمىدىم.

ئۇستا فەرقى جاۋاپ بەردى:

— كېلىشۋاتقىنىمدا قۇر بېشلار باشلىق ئۆلۈكنى ھارۋىغا ئارتىۋاتقاندا قارىسام، ئۆلتۈرۈلگەن سەلىم شەربەتدارنىڭ ئوغلى بىچارە كاملبېك!

— توۋا! — دەپ قويدى ئۇستا ئالىم ۋە سورىدى، — ئولتۈرگۈچى تۇتۇلغانمۇ؟

— تۇتۇلۇش نەدە، ئۆلۈكنىڭ ئۆزىنى ئىزلەۋېرىپ ئارانلا يېرىم كېچىدە تېپىشقان، — دېدى ئۇستا فەرقى. ئاتابېك بۇ خەۋەرنى سوغلا ئاڭلاپ ئولتۇراتتى ۋە پاتىمە ئوقۇپ تۇرۇشقا تەييارلانماقتا ئىدى.

— گۇماندار بارمۇ؟ — دېدى، ئۇستا.

— گۇماندارغۇ — يوق، ئەمما بىچارىنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى قىزىق كۆنگە توغرا كېلىشى ئەجەپلىنەرلىك، — دېدى ئۇستا فەرقى ۋە داۋام قىلدى، — تۈنۈگۈن كاملبېكنىڭ مىرزاكەرىم ئاكىنىڭ قىزى بىلەن نىكاھى بولماقچى ئىكەن. بىچارە نىكادىن ئىككى سائەت ئىلگىرىرەك يېنىغا بىر يولدىشىنى ئېلىپ ھاممامغا بارغان، بىر پەستە ھامام ئىچىدىن يوقالغان، ھەتتا ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىمۇ نەگە كەتكىنىنى سەزمەي قالغان. قىزنىڭكىدە ھەم-

مه تەيیارلىقنى كوروپ، كاملبېكنىڭ ئاتىسىدىن تارتىپ، نىكا قىلىدىغان قازى - قۇززاتلارغىچە كۈيوغۇلنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش-قان ئىكەن. بىر ۋاقىتتا ھىلىقى بىللە ھامىامغا چۈشكەن يىگىت ھودۇقۇپ قىزنىڭكىگە كەلگەن، كۈيوغۇلنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلار كۈيوغۇلدىن دېرەك سورىسا، ئۇ ئۇلاردىن كۈيوغۇلنى سورىغان ۋە ۋەقەنى ئېيتىپ ھاممامدا كىيىملىرىنىمۇ قالدۇرۇپ بىر پەستە يوقالغانلىغىنى خەۋەر قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن نىكا - نىكا بويىچە، ئاش - ئاش بويىچە قىلىپ كۈيوغۇلنى ئىزلەپ كېتىشكەن. ئاخىرى يېرىم كېچىدە ھاممامنىڭ تەرەتخانىسى يېنىدىكى بىر ئېغىلنىڭ ئوقۇرىدىن قانغا مىلىنىپ ياتقان ھالدا تېپىشقان... بىچارە تەرەت ئۈچۈن ئېغىلغا كىرگەندە ئاۋاز چىقىرالمايدىغان يېرىدگە خەنجەر ئۇرۇپ، ئوقۇرغا تىقىپ كېتىشكەن ئىكەن. ناھايىتى قىزىق گەپ... كىم ئولتۇرگەن ۋە نىمە ئۈچۈن ئولگەن، ھىچكىم بىلمەيدۇ،— دىدى.

ئاتابېك پۈتۈنلەي چۈشىنىكسىز بىر ھالەتتە قالغان ئىدى. بۇ خەۋەردىن خوشال بولۇشنىمۇ بىلمەيتتى ۋە خاپا بولۇشقىمۇ يول تاپالمايتتى. رەقىبىنىڭ ئولتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئوچۈپ تۇ-گىگەن ئۈمىدىنى يەنە قايتۇرغاندەك بولسىمۇ، نىمە ئۈچۈندۇر ئۇ بۇ ئىشتىن ئۆزىگە تېچلىق ئارتتۇرالمىدى، ئەكسىچە، تىنچسىزلىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ پاجىدىن ئارتۇقچە تەسىرلەنگەن ئۇستا ئالىم "ۋاي بىچارە - بىچارە" دەيتتى.

— بىرەر دۈشمىنىنىڭ بارلىقى مەلۇمىدۇر - دە؟ دەپ سوراپ قويدى.

— ئەلۋەتتە باردۇ!... — دىدى ئۇستا ئالىم ۋە ئاتابېككە قاراپ قويدى. بۇ قاراشتىن ئاتابېك ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك ھالغا چۈشكەن ئىدى. ئۇستا ئالىم داۋام قىلدى، — دۇنيادا كىشىنىڭ رىسقىغا تۇكۇرگەنلەر، ئاخىرەتنى ئويلىمايدىغانلار يوق، دەپ ئويلامسىز، ئۇنداقلار ھەممە يەردە تولۇپ يېتىپتۇ، — دىدى يەنە ئاتابېككە قاراپ... ئاتابېك يېرىلىپ كەتكۇدەك دەرىجىگە يەتتى... ئۇستا ئالىمنىڭ بۇ كېيىنكى قارى-

شمنی ئۇستا ئالىم بايقىغان ئىدى ۋە ئۇستا فەرفى بۇ ھەققەتە بىر نەرسىنى بىلسىمۇ، سوزلەشكە ئاتابېكتىن تارتىنىپ ئېيتمىدىمە-كىن، دەپ ئويلىغان ئىدى:

— سوزلەۋېرىڭ، فەرفىباي، بۇ كەشى ئوزىمىزنىڭكى، — دىدى.

— نىمىنى سوزلەۋېرىمەن؟

— كاملىبېكنىڭ دۇشمىنى توغرىسىدا بىلگىنىڭىزنى!

— مەن سىزگە بىر نەرسە بىلىمەن دىدىممۇ؟ — دىدى ۋە كۇ-لۇپ ئاتابېككە قارىدى، — بۇ ئادەمنىڭ بىلىۋالماقچى بولغىنىنى قارا - گا!

بۇ سوز بىلەن ئاتابېك بىرئاز يېنىكلەشتى.

— ماڭا بىر - ئىككى قېتىم قارىۋالغىنىڭىز ئۈچۈن، بىلسە-ڭىزمۇ سوزلەشكە مېنىڭدىن ياتسىندىڭىزمىكىن، دەپ ئويلىغان بول-سا كېرەك، — دىدى ئاتابېك.

— راستىنى ئېيتسام، سىز بۇ ھەققە بىر نەرسە بىلسىڭىز، لې-كىن سوزلەشكە شاكىربېكتىن چوچۇپ تۇرسىڭىز! — دىدى ئۇستا.

— قۇرۇق توھمەتنى قويۇڭ! — دىدى ئۇستا فەرفى.

— قۇرۇق توھمەت ئەمەس، بىلىپ قىلغان توھمەت، — دىدى ئۇستا ۋە، — شاكىربېك سىز ئويلىغان كىشلەردىن ئەمەس، زادى تەپ-تارتماي سوزلەۋېرىڭ! — دىدى.

— ئەستاپۇرۇللا! — دەپ كۇلۇپ قويدى ئۇستا فەرفى ۋە بىر ئاز ئويلاپ ئالغاندىن كېيىن دىدى، — سىز بىلەن ماڭا شۇ نەر-سىنىڭ نىمە زورۇرى بار، ئۇستا؟

— ئاۋال سوزلىمەيدىغان بولغىنىڭىزدىن كېيىن، ئېغىز ئېچىش كېرەك ئەمەس ئىدى. تىڭلىغا ئىلىنغاندىن كېيىن بىزگە زورۇر-يىتى بولمىسىمۇ، بىلگەننى ئېيتىش كېرەك! — دىدى ئۇستا ئالىم.

بولۇپمۇ ئۇستىدىن كورە ئاتابېك سەۋرىسىزلىنىشكە باشلىغان ئىدى. ھازىرلا ئويلاپ تۇرغان مېڭىش مەسىلىسىمۇ ئۇنىڭ ئېسى-دىن چىققان، چۇنكى رەقىبىنىڭ قاتىلى كىم ئىكەنلىگىنى بىلىۋې-لىش ھەممىدىنمۇ ئۇنىڭغا قىزىق ۋە ئەھمىيەتلىك ئىدى.

ئۇستا فەرفى ئەمدى ئېيتمىسا بولماسلىقىنى چۈشەندى، شۇنىڭ ئۈچۈن سەپىگە ئىشەنمىگەندەك قارىدى:

— ئۇكا، سەن ياشسەن، تېخى سېنىڭ ئاغزىڭغا ئىشىنىپ بولمايدۇ، — دېدى، — ئاچچىقىڭ كەلسىمۇ، بىرئاز دۇكىنىڭغا بېرىپ تۇرغىن.

ئۇستا ئالىمۇ قېيىنىسىغا تۇرۇشقا شەرەت قىلدى ۋە ئورنىدىن سەۋزە ئېلىپ توغراشقا بۇيرۇدى. بالا كەتكەندىن كېيىن، ئۇستا فەرفى ئاستاغىنا دېدى:

— ئەگەر گۇمانىم توغرا بولسا كامىلبېكنىڭ قاتىلى ھامىد!

بۇ سۆز ئاتابېكنى ئەجەپلەندۈرگەندەك ئۇستا ئالىمغىمۇ غەلىتە ئاڭلانغان ئىدى.

— ھامىد دەمسىز؟! — دەپ سورىدى ئۇستا ئالىم.

— ھامىد، — دېدى يەنە ئاستاغىنا ئۇستا ئالىمدىن سورىدى، — سىز ئومەربېكنىڭ ھامىد بىلەن يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندۇرسىز، ئەلۋەتتە؟

— بىلىمەن، ھەر دائىم يۈرۈش - تۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئىدى.

— بارىكاللا، — دېدى ئۇستا فەرفى، — ئاشۇ ئومەربېك بىلەن ئارىلىرىغا يېقىندا بىر سوغاقچىلىق چۈشتى - دە، بۇنىڭدىن ئون كۈنچە ئىلگىرى ھامىدنىڭ بىر مۇدھىش ۋەھشىتى توغرىسىدا ئومەربېكتىن بىر سىر ئاڭلىدىم. ھامىد كامىلبېكنى ئولتۇرگەندە ئۇستىدە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھېلىقى ئاڭلىغان سىرىمىنىڭ دەلىلىگە قاراپ، ئەلۋەتتە كامىلبېكنىڭ قاتىلى ھامىد، دېگەن پىكىرگە چۈشتۈم... سىز بۇنىڭدىن ئۈچ يىلچە ئىلگىرى مەرغىلانغا كېلىپ مىرزاكەرىم ئاكىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئاتابېك ئىسىملىك تاشكەنتلىك بىر يىگىتنىڭ ھېلىقى قېيناتا بولغان مىرزاكەرىم ئاكا بىلەن قامىلىپ، ئېسىلىشقا ھۆكۈم قىلغىنىدا دار ئاستىدىن قۇتقۇزۇلۇش ۋەقەلىرىنى خاتىرلىمەمسىز؟... ئەلۋەتتە، يادىڭىزدا بولسا كېرەك، ھېلىقى، بىز ساربابىنىڭ دۇكىنىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق - قۇ، يادىڭىزغا چۈشتىمۇ؟

— يادىمدا بار، يادىمدا بار، — دېدى ئۇستا ئالىم ۋە ئاتا-بېكتىن سورىدى، — بەلكى سىز تونۇيدىغاندۇرسىز، تاشكەنتتە مەشھۇر بولغان يۇسۇپبېك ھاجى دېگەننىڭ ئوغلى.

— تونۇيمەن! — دېدى ئاتابېك ۋە ھېكايىنى بۇنچىلىك ئۇزاققا سوزغىنى ۋە ئۆزى ئۈستىدە گەپ قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ ھەي-رانلىق ئىچىدە ئۇستا فەرفىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپ قالغان ئىدى.

ئۇستا فەرفى يېرىم ئاۋازدا داۋام قىلدى:

— ئەنە شۇ يىگىتنىڭ ئالغان خوتۇنى ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر قىز بولۇپ، بۇ قىزغا بىزنىڭ ھامىدمۇ خېرىدار ئىكەن. ھې-لىقى ئاتابېك قىزغا ئۆيلىنىپ قويغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ھامىد تىكەنگە ئېغناپ، ئاردىن ئاتابېك بىلەن مىرزاكەرىم ئاكىنى يوقىتىش پىكرىگە چۈشكەن ۋە بولمىغۇر چېقىمچىلىقلار بىلەن ئۇلار-نى دار ئاستىغا تارتىشقا مۇۋەپپەق بولغان!...— (گېپ بۇ يەر-گە يەتكەندە، ئاتابېك بىلىنمىگىدەك قىلىپ بىر ئەندىكىپ قوي-دى) ئۇستا فەرفى داۋام قىلىپ دېدى، — ئەمما خۇدانىڭ ھەق-نى ناھەق قىلماسلىقى سايىسىدە، بىر مەكتۇپ سەۋەبى بىلەن، كۆتۈلمىگەن جايدا دار ئاستىدىن قۇتۇلۇشقان. بۇلار ئاقلانغاندىن كېيىن، ھامىدنىڭ ئۆزى قامىلىدىغان بولۇپ، لېكىن قۇربېشىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قوقانغا قېچىپ قۇتۇلغان ۋە ئۆيەردىمۇ تىنچ ياتماستىن، ئۆتەبباي قۇشبېگىنى پارىخورلۇقتا ئەيىپلەپ، مۇسۇلمان چولاققا ئەرز بەرگەن، — دېدى ۋە سۆزىنى بۇ يەردە توختى-تىپ ئۈستىدىن سورىدى، — ئۆزىڭىزمۇ بىلسىڭىز كېرەك، ھامىد بىر كېچىدە يوقىلىپ ئۈچ ئايچە دېرىگى بولمىغان ۋە ئۇنى قۇر-بېشىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىزلەپ يۈرگەن ئىدى!

ئۇستا ئالىم تەستىق ئىشارىسىنى بېرىپ:

— سۆزلەۋېرىڭ! — دېدى. ئەمما ئاتابېك بۇ دەھشەتلىك ھەقىقەتنى ئاڭلاۋاتقان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيتتى ۋە ئۆزىنى كۈچ ئارقىلىقلا تۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇستا فەرفى ئاۋازىنى ئاستىلىتىپ داۋام قىلدى:

— ھامىدنىڭ مۇسۇلمان چولاققا بەرگەن ئەرزىسىدىن كېيىن، ئاتابېك بىلەن ئوتەبباي قۇشبېگى قوقانغا چاقىرىلىدۇ — دە، سوراقتىن كېيىن يەنە ئاقلىنىپ چىقىدۇ.

ئەمما ھامىد ئۈچ ئايغىچە مەرغىلانغا كېلەلمەي يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى يەنە قۇربېشىنىڭ ياردىمى بىلەن كېلىشكىمۇ مۇۋەپپەق بولدى. بىراق تېخىچە تىنىچ ياتالمايدۇ. پۇرسىتى كېلىشى بىلەن يەنە يامانلىق قىلىشقا، قۇتىدارنىڭ قىزىنى ئۆزىنىڭكى قىلىشقا ئويلاپ يۈرىدۇ. توڭگۇزنىڭ بەختىگە بۇ پۇرسەتمۇ توغرا كېلىپ، يەنە يامانلىققا تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتابېكنىڭ تاشكەنتتىنمۇ ئۆيلەنگىنىنى بىلىپ، ئۇنىڭ تىلىدىن بىر تالاق خېتى يازدۇرىدۇ — دە، مىرزاكەرىم ئاكىنىڭكىگە كىرگۈزىدۇ!

ئاتابېك ئۆزىنى خېلىدىن بېرى بېسىپ، تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى ئىچىدىن قايناپ — تېشىپ كەتكەن ھىسسىياتىنى باسالمىدى: "ۋىجدانسىز توڭگۇزا!" دېدى — دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇستا ئالىمۇ ئۆزىنى تىنىچ تۇتالماي "بەدبەخ كاپىر!" دەپ قويدى. ئاتابېكنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۇستا فەرفى شۈبھىگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇستا ئالىمنىڭمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇشى ئۇنى ئويلىتىپ تۇرمىدى، ئاتابېك قايتىپ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە داۋام قىلدى:

— بۇ ساختا تالاق خېتى توغرىسىدا ئاتابېكنىڭ نىمە قىلغانلىقى ھامىدقىمۇ مەلۇم بولمايدۇ. لېكىن ئىش ھامىدنىڭ ئويلىغىنىچە نەتىجىلىنىپ، بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن مىرزاكەرىم ئاكىنىڭ قىزى، تالاق قىلىنغان خەۋەر چىقىپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۈچ — تۆت ئاينى ئۆتكۈزۈپ بىزنىڭ ھامىد، مىرزاكەرىم ئاكىنىڭكىگە ئەلچى كىرگۈزىدۇ، ئەمما مىرزاكەرىم ئاكا ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى قۇرۇق قايتۇراتتى. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ھامىدنىڭ ساختا تالاق خېتى بىلەن ئېرىدىن چىققان قىز

كامىلبەككە بېرىلىدۇ ۋە نېمە ئۈچۈندۇر تويى بىرىنەچچە ۋا-قىتقىچە سوزۇلۇپ قالىدۇ-دە، ئاردىن بىرەر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى، تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ توي ۋە نىكا كۈنىدە، كامىلبەكنىڭ ھاممامدا ئولتۇرۇلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتىمىز. مانا مەن يۇقۇرىدىكى سەۋەپلەرگە بىنائەن كامىلبەكنى ئولتۇرگۇچى ئېنىق ھامىد، دەپ ئويلايمەن! — دېدى.

ئۇستا ئالىم بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بۇنىڭدا شۇبھە يوق، ھە ھامىدنىڭ ئۆزى! — دېدى ۋە ئۆزىچە، — شۇنچىلىكمۇ ئىنساپسىزلىق بولامدۇ، ئۆزىنىڭ بىر ئەمەس، ئىككى خوتۇنى بولۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر يىگىتنىڭ ھالىلىغا كوز ئالايتتۇرۇش... يەنە ئۆزىنىڭ بويىنىڭ يەتمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئىككى ئارىدا بىر گۇناسىزنىڭ قېنىنى توكۇش — ھەي شەيتاننىڭ بالىسى! — دەپ قويدى.

— بۇ بىر ئىت! — دېدى ئۇستا فەرنى، — ئۆگزىدىكى لوقمىنى ئۆزىمۇ يېيەلمەيدۇ، باشقىغىمۇ يىگۈزمەيدۇ، نەق ئىتنىڭ ئۆزى!

ئاتابېك ئۆز ھاياتىدىكى پاجىئەلەرنىڭ مەنبەسى بولغان بىر ئېپلاسنى ئاخىرى بىرىنچى مەرتىۋە تونۇپ تۇراتتى. بۇ پەس دۈشمەنگە قارشى ئۆزىدە قوزغالغان پۈتمەس-تۈگىمەس نەپرەت ۋە غەزەپ ھەسسىياتىنى سىرىنىڭ پاش بولۇشىدىن قورقۇپ ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىچىدە قاينىغان ھىسسىيات ئۆز شەپىسىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئوچۇق تاشلاپ تۇرماقتا، كوزى ئوتتەك يېنىپ ۋە يۈزى يۈز خىل تۈسكە كىرمەكتە ئىدى.

ئاردا خېلىغىچە سوز كېسىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇستا فەرنى، دېدى:

— سىز بىلەن مەن شۇ چاققىچە ھامىدنىڭ بۇنداق ئىشلىرى بار ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز يۈرگىنىمىزگە ھەيران قالىمەن!

— ھەيران قالىدىغان يېرى يوق، — دېدى ئۇستا ئالىم، — سىزغۇ، يېقىندا كىرىپ ئىشلەشكە باشلىدىڭىز. ئەمما مەن يىگىر-

مه يىللاپ شۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ زادىلا ھامىدنىڭ ئىچىدىكىگە چۈشىنەلمەيتتىم ۋە ھەمىشەم كۆزۈمگە دۈملەنگەن قاراڭغۇ ئۆرىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى، — دېدى. بىر ئاز توختىۋالغاندىن كېيىن، بىرنەرسىنى تاپقاندەك ھەركەت قىلدى، — بۇگەپلەرنىڭ باش ئامىلى، ئەلۋەتتە ھامىد بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئۇنىڭ باشقا ياردەمچىلىرىمۇ بارغا ئوخشايدۇ، يادىڭىزدا بارمۇ، كۆپىنچە چەكچەيگەن كۆزلۈك بىر يىگىت ئىشخانىمىزغا ئۇنى سوراپ باراتتى؟

— بىلىمەن، شۇكۈنلەردىمۇ ھامىد بىلەن كۆپ مۇئامىلە قىلىپ يۈرگەن سادىق بولۇپ، سىزنىڭ خوشنىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ئاتاڭغا رەھمەت! ئەنە شۇ يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ئىشتا ھامىدنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىلىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى شۇ خوشنىمىزنىڭكىگە ھەمىشە قاتناپ قالغان ئىدى. سادىقلار ئۆز تىرىكچىلىكىنىمۇ ئوتكۈزەلمەگەن ھالدا كەمبەغەللىكتە ياشاپ، يىلدىن-يىلغا ماڭسا ئاز-ئاز پەرلىرىدىن سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىشاتتى. بىرپىلىچە بولدى، بىردىنلا سۇ يۇگۈرۈپ قالدى ۋە سادىق ئۆيلىنىپمۇ ئالدى. مەن، ئىش قىلىپ، بىچارە يولىنى تېپىپ ئالغاندۇر، دەپ يۈرەتتىم. ئەمدى بىلسەم، سادىقنى ئۆيلەندۈرگەنمۇ شۇ ھامىد ئىكەن، — دېدى، ۋە ئاتابېكتىن سورىدى، — سىز ھېلى خوشنامنىڭ ئۆيىدىن ھامىدنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سوزلىۋىدىڭىز؟ — ئاتابېك تەستىق شەرتىنى بەرگەندىن كېيىن، نىمىشقىدۇر بىر ئەندىكىپ قويدى. ھەقىقەتەن ئۇستا ئالىمنىڭ بۇ كېيىنكى سورىغى ئۇنى ئەندىكتۈرگەن ئىدى. ئوتكەن كۈنلىرىنى زەھەر بىلەن بۇلغاپ كەلگەن بۇ مۇدھىش دۈشمىنىگە قايسى تەرىقىدە جاۋاپ قايتۇرۇش يوللىرىنى ئىزلەپ تۇرغان چاغدا، بۇ سوئال بېرىلىپ، ھامىد بىلەن بايىقى ئۇچرىشىشنى ئۇنىڭغا خاتىرلەتكەن ۋە ئەمدىمۇ كۈلۈپ قارىمىغان بەختىگە لەنەت ئوقۇتقان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھاياتىنىڭمۇ ئۆلۈغ تەھلىكە ئاستىدا بولغانلىقىنى ۋە بۇ

تەھلىكىنىڭ ئۆتكەنكىلىرىگە قارىغاندا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر دەھشەتتە بولۇشىنى چۈشىنەتتى.

ئۇستا ئالىم ئاشخانىغا بېرىپ، ئاش قىلىش ھەركىتىگە چۈشكەن ئىدى، ئاتابېكنىڭ تۇيۇقسىزدىن مېڭىش ھەركىتىگە چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ:

— بېك، شۇنچە ئولتۇردىڭىز، يەنە بىردەم سائەتكە سەۋرى قىلسىڭىز. ئاشنى يەپ يولغا چۈشسىڭىز، مانا مەن سەۋزىنىمۇ باستىم، — دېدى.

ئاتابېك قايتىپ ئولتۇرمىدى ۋە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتتى:

— رەھمەت، ئۇستا، مەن بۈگۈن تېزرەك يۈرۈپ، ئەتىگەندە مېڭىپ كەتكەن يۈكلەرنىڭ كەينىدىن يېتىۋالمىسام بولمايدۇ.

— ئاشنى تاشلاپ كەتسىڭىز خاپا بولىمەن، قىرىق قاچىدىغان، قىرىق بىرىگىمۇ چىدالايدۇ.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، مېھمان! — دېدى ئۇستا فەرغى — ئاشقا سەۋزە بېسىلدى — پىشتى!

— مەن ئۇستىڭىزنىڭ ئېشىنى بىرىنچى قېتىم يەۋاتقىنىم يوق، ئەگەر سودىگەرچىلىك ئامان بولسا، ھەر ئۇن بەش كۈندە بىر كېلىپ ئۇستىڭىزنىڭ جىنىغىمۇ تېگىمەن، — دېدى ئاتابېك ۋە باغ تەرەپكە قاراپ يۈردى.

ئۇستا ئالىم ئاشقا سەۋزە بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى:

— مەن سىزنى زورلىمايمەن، لېكىن يول ئۇستىدە قوسىقىڭىز ئېچىپ قالسا، ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ، — دېدى.

ئاتابېك مەيداندا ئېتىنى سۈپۈرۈپ ئىگەرلەۋاتقاندا، مەيداننىڭ غەربىدىكى خارابە ئۆينىڭ تېمىدىن بىر باش كۆتىرىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بارمۇ، يوقمۇ، لېكىن ئۇ بۇ تەرەپكە قارىماستىن ئېتىنى ئىگەرلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئىگەرلىنىپ بولغان ئېتىنى ھويلىغا قاراپ

يېتىلەشكە باشلىغاندا، ھېلىقى قاراپ تۇرغان باشمۇ تامدىن پەسكە چۈشۈپ يوقالدى. ئۇ ئېتىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاڭتۇرۇپ قويۇپ، ئايۋاندىكى خۇرجۇن ۋە جوۋىسىنى ئېلىۋېتىپ ئۇستا فەرفى بىلەن خەيرلەشتى. ئاتنى سەيپى يېتىلىگىنى ھالدا ئۇستا ئالىم ئاتابېكنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ قولتۇغىدىن ئېلىپ، ئاتقا مىندۈرگىنىدە، خاپا بولغان ئاھاڭدا دېدى:

— ئاشنى تاشلاپ كەتكىنىڭىزنى ئۇنتۇماڭ، بەگ!

ئاتابېك ئېگەردە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— خاپا بولدىڭىزمۇ؟

— نېمىشقا خاپا بولاي، ئەمما يولدا ئېچىقاپ قېلىشىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئېچىنىۋاتىمەن.

— تەييار ئاشنى تاشلاپ كېتىپ، يولدا ئاچلىقتىن قىينىلىشىمنى ئۇزەممۇ چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇستا، — دېدى ئاتابېك، — بىراق توگىچىلەر بىلەن ئەنجاندا بۈگۈن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ۋەدىلەشكەن ئىدىم، ئۇلارغا يېتىۋېلىپ يول خىراجەتلىرى ئۈچۈن بىر ئاز پۇل بەرسەم، يەنى ئۇز راھىتىمنى كوزلەپ سىزنىڭ ئىشىڭىزنى كۇتۇپ قالسام، بەش كىشىنى كورۇپ-بىلىپ تۇرۇپ ئاچ قويغان بولىمەن.

ئۇستا ئالىم ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن قولىنى ئېلىپ سورىدى:

— ئەنجانغا ئوتكەن چاغلىرىڭىزدا يول ئۇستىدىن كىرىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرەمسىز؟

— بولمىسىچۇ، — دېدى ئاتابېك. شۇ ئون بەش كۇننىڭ ئىچىدە سەككىز تەپكە ئەتلەستىن ھېچ بولمىسا ئىككى كورە يىغىپ قويۇڭ، يادىڭىزدىن چىقارماڭ!

— يادىمدا بار، خاتىرجەم بولۇڭ!

— خەير-خوش!

— ياخشى قال، سەيپى!

قولايورغا يولغا چۈشتى، تېقىمىغا ئادەتتىن تاشقىرى بىر-

ئىككى قېتىم كېلىپ چۈشكەن ئاچچىق قامچا زەربىسى بىلەن
بىرپەستە كوزدىن غايىپ بولۇپ كەتتى. ئاتابېكنى ئۈزىتىپ ئۇس-
تا ئالىم ئۆيىگىمۇ كىرىۋىدى، جەننەت ئاچىنىڭ ئىشىگى ئېچىل-
دى ـ دە، سادىق ئات يېتىلىگەن ھالدا چىقتى. ئۇ ئاتقا مىنىۋات-
قاندا ئىشىك ئىچىدىن كورۇنگەن ھامىد "تېزرەك!" — دىگەن
ئەمرنى بەردى. سادىقمۇ ئاتابېكنىڭ ئىزىدىن ئېتنى ھەي-
دىدى...

ئۇستا ئالىم ئاتابېكنى ئۈزىتىپ كېلىپ، ئايۋان لېۋىگە
ئولتۇرۇپ:

— تەبىئتى ناھايىتى قىزىق يىگىت ـ دە! — دەپ قويدى.

ئۇستا فەرفى سورىدى:

— بۇ يىگىت بىلەن قانداق تونۇشلۇقىڭىز بار؟

— مەن سىزگە ئۇزاقى يىلى بىر يىگىتنىڭ ھامىنىڭ دەر-
ۋازىسىدا يۈرگىنىنى ۋە مەن بىللەن بىللە ھويلىغا كېلىپ بىر
كۈن يېتىپ كەتكەنلىگىنى سوزلەپ بېرىۋىدىم. ئەتىمالىم؟

— ھە، ھە، ھىلىقى يىگىت شۇمۇ؟

— شۇ، شۇنىڭدىن بىرى ھەر بىر مەرغىلانغا كەلگىنىدە ۋە
ئەنجانغا ئوتكىنىدە مېنىڭ ئويۇمگە كىرمەستىن كەتمەيدۇ. ئوزى
ناھايىتى ئېغىر ۋە ئەقىللىق يىگىت، بۇنىڭ ئۈستىگە قىزىق
تەبىئتىمۇ بار! — دىدى.

— قىزىقى قانداق! — دەپ سورىدى ئۇستا فەرفى.

— ناھايىتى قىزىق! — دىدى ئۇستا ۋە تۈنۈگۈنكى ۋە-
قەنى سوزلەپ چىقتى، — تۈنۈگۈن ئەتىگەندە شەھەرنى بىر
ئايلىنىپ كېلەي، دەپ چىقىپ كەتكەن ۋە چۈشلۈك ئاشقا يېتىپ
كېلىش ئۈچۈن ۋەدىمۇ بەرگەن ئىدى، مەن ۋەدە ۋاقتىدا ئاشنى
دەملەپ ئولتۇردۇم ـ ئولتۇردۇم زادىلا كەلمىدى! ئاخىرى سىز-
دىن سەل ئىلگىرىرەك كېلىپ تۇرغان ئىدى. سورىسام، "خوجەمە-
ئاز"دا تۇرەپ قالدىم، دەيدۇ. كوزى ئۇيقۇسىزلىقتىن بىر ئېچ-
زىچ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. تولىمۇ تەبىئتى قىزىق يىگىت!

— ياخشى يىگىت ئىكەن! — دەپ قويدى ئۇستا فەرفى.

ئاشنى يەپ بولۇشقىنىدا ئۇيپاق - بۇياقتىن جۇمە تاۋۇشى كېلىشكە باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلمەي ئۇستا فەرفى ئۇستا ئالىمدىن ئىلگىرىرەك ناماز جۇمەگە قوزغالدى ۋە ئىشىكتىن چىقىشى بىلەن ئۆز ئۆيىدىن كېلىۋاتقاندەك كورۇنگەن هامىد ئۇچراشتى

— هە ئۇستا فەرفى، قانداق؟ — دېدى هامىد.

— ئۇستا ئالىمنىڭكىگە كەلگەن ئىدىم.

— بولمىسا زىياپەت قويۇق ئىكەن - دە!

— قويۇق! — دېدى كۈلۈپ ئۇستا فەرفى، — ئۇستا ئالىم ئۆز ئۆيىگە دۇكان قۇرغان ئىكەن، خاپا بولۇپ يۈرمىسۇن، دەپ پاتىھەگە كەلگەن ئىدىم.

— شۇنداقمۇ! — دەپ قويدى هامىد، بىللە مېڭىشقا باشلىدى.

— بولمىسا، ئۇستا ئالىم ئۆز ئۆيىگە دۇكان قۇرۇپتۇ، دەڭ!

— دۇكان قۇرۇپتۇ.

— ئەرۋاھ پىرى قىلىپ بەرمەيلىما؟

— ئەرۋاھ پىرىنى قىشتا قىلىپ بەرمەكچى! — دېدى ئۇستا فەرفى. يەنە بىرنەچچە مىنۇتقا ئارىدىن سوز كېسىلىپ قالدى.

— ئاش قىلىپ بەرگەندۇر؟

— ئەلۋەتتە.

— باشقا مېھمىنىمۇ بارمىكەن؟ — دەپ سوراپ قويدى هامىد. ئۇستا فەرفى ئاتابېكنىڭ هامىد بىلەن ئۇچراشقىنىنى خاتىرلىگەن ئىدى.

— تاشكەنتلىك بىر سودىگەر مېھمىنى بار ئىكەن، — دېدى. مېچىتقا يېقىنلىشىپ قېلىشقان ئىدى. هامىد يەنە نىمىنىدۇ سورىماقچى بولسىمۇ ئۇستا فەرفى ئالدىراپ مېچىتقا بۇرۇلدى.

## 14

# دۈشمەن ئىزىدىن

ئون ئالتە – ئون يەتتە كۈنلۈك ئاي ئاق بۇلۇت ئىچىدىن
قوتانلىنىپ كورۇنەتتى. ھەممە خۇپتەن نامىزىغا كىرىپ كەتكەن،
كوچىلار سۇ سەپكەندەك تىنىچ ئىدى. كوچىنىڭ بۇ تىنىچ پەيتى-
دىن پايدىلانغاندەك ئۇستا ئالىمنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ
توختىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاي يورۇق-
لۇغىغا قارشى چۈشكەن ئوگزىنىڭ چېتى كاشىلا قىلاتتى. ئوگزە
چېتىنىڭ پاناسىدا ۋە ئىشىك ھالقىسىدا قادىلىپ بىرمۇنچە
ۋاقىت ئىمىنسىدۇر كۈتۈپ تۇرغان بۇ كىشى، ئاخىرى ئاۋايلاپقىنا
ئىشىكنى ئېچىپ ئۆزىنى يولەككە ئالدى. يەنە خېلىغىچە ئىشىك-
نىڭ ئىچكىرىكى قىسمىدا تۇرغىنىدىن كېيىن، يەنە شۇ ئېچىشتىكى
ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى ياپتى.

ئاي يورۇغى ئۈچ بۇرجەك رەۋىشتە يولەككە چۈشۈپ تۇرات-
تى. بۇ نامەلۇم كىشى ئاياق ئۇچى بىلەن يۈرۈپ كەلدى-دە،
مارىلاپ ئايۋانغا قارىدى. ئايۋاننىڭ تاكچىسىدا شام يېنىپ،
سەيپى ئورۇن سېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. نامەلۇم كىشى يو-
لەكنىڭ قاراڭغۇ قىسمىغا ئۆزىنى ئېلىپ، كوزىنى سەيپىدىن
ئۈزمەي تۇرۇشقا باشلىدى. سەيپى ئورنىنى سېلىپ بولغانىدىن
كېيىن ئايۋاننىڭ لېۋىگە سېلىنغان داستىخان ۋە لىگەننى
كوتىرىپ ھوجرىغا كىردى. يولەكتىكى نامەلۇم كىشى گويا شۇ-
نى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئاياق ئۇچى بىلەن ئاستا مېڭىپ ئۆزىنى
مەيدان ئىچىگە ئالدى...

يوپۇرمىقى توكۇلۇپ قۇرۇق شاخلىرى بىلەن قالغان مەيدان
ئىچى تۇمانلىق ئىدى، نامەلۇم كىشى يۈزىنى ئايدىڭغا بېرىپ،

خارابە ئۆي ئاستىدا قادىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇش ئاسان ئىدى. بۇ ئەلەملىك، دەرتمەن يۈز ئەڭ ئاخىرقى كۆرەشكە تەييارلانغان بىر يىگىت ئىدى...

ئاتابېك خارابە ئۆينىڭ تېمى يېنىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىچكىرىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئىچكىرىدىن پۈتۈن يېرىلىپ ئۇچاققا ئوت قالاش ھەرىكەتلىرى ئاڭلىناتتى، گايىدا خوتۇن كىشىنىڭ تاۋۇشىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم ئاستا قەدەملەر بىلەن خارابە ئۆيلەرنىڭ ئۇ بېشى بىلەن بۇ بېشىغا بېرىپ كەلدى، يەنى ئىچكىرىگە ئېشىلىپ چۈشۈش ئۈچۈن قولايراق ئورۇن ئىزلەيتتى، خارابە ئىمارەتلەرنىڭ ئوتتۇرا بىر يېرىدىكى يېرىقتىن ئېشىپ چۈشۈش ئوڭايراق بولغىنى ئۈچۈن شۇنىڭ ئاستىغا موكۇنۇپ ئولتۇردى، ئولتۇرۇشى بىلەنلا قاياقتىندۇر ئاياق تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك بولدى ـ دە، ئاستىلا ئولتۇرغان جايىغا يەرگە سىڭگەندەك قىلىپ يېتىۋالدى. ئاياق تاۋۇشى توختاپ نېرىقى ياقتىن ئۇستا ئالىمنىڭ تاۋۇشى ئاڭلاندى، ئۇستا ئالىمنىڭ خۇپتەندىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى ۋە ئۇنىڭ مەيدانغا كىرىش ئېھتىمالى بولغانلىقىدىن شۇ بويىچە يېتىۋەردى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر يۈرەك ئۇرۇشىنى سانىغاندەك ئۆتكۈزەتتى. كۈزنىڭ يېقىمسىز شامىلى ئۆپكىنى قىچىشتۇرۇپ يوتەلنى قىستايتتى، ئۇ ئوڭدا ياتقان پېتىچە ئاغزىنى تىزتۇپ ياردەم كۈتكەن كىشىدەك ئاسمانغا كوزىنى تىككەن ئىدى.

ئارىدىن بىر - بىر يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپتىن ”جەننەت قۇشلىرى“ نىڭ بىرىنچى تاۋۇشى قىچقىرىلىپ ئۆتتى، شۇدەمدە خارابە ھويلا تەرىپىدىن بىرنەچچە ئاياق تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى ـ دە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىرمۇنچە ۋاقىت چۈشىنەلمەيدىغان سوزلىشىش تاۋۇشلىرى كېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرىزىنىڭ ”غىيق“ قىلىپ ئېچىلىشىدىن كېيىن بۇ تاۋۇشلار يەنىمۇ ئۇزاقلاشتى. ئاتابېك

ئامغا يېپىشتى ۋە ئاستا يۇقۇرىغا كۆتىرىلدى. خارابە ئۆينىڭ دەرىزىسىدىن نېرىقى قاتاردىكى ئايۋان ۋە ئۇنىڭدىكى ئوچاقتا يېنىپ تۇرغان ئوت كۆرۈندى. ئۇ پەم بىلەن تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە ئاسانلا ئۆزىنى خارابە ئۆي ئىچىگە ئالدى. چۈنكى ئۆينىڭ ئوگزىسى ساڭگىلاپ چۈشكىنىدىن ئۇنىڭ تورۇسى ناھايىتىمۇ پەس ئىدى. ئۇ ئاۋايلاپ ئۈچ - تۆت قەدەم باستى - دە، ئۆينىڭ يورۇق دەرىزىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە مارىلاپقىنا ھويلا يۈزىگە قارىدى. ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ھەر ئىككى دەرىزىسىمۇ يېپىق ئىدى، ئەمما يوچۇقلىرىدىن شام يورۇغى كۆرۈنەتتى ۋە بايىقىغا قارىغاندا ئاستىراق بىر تاۋۇشتا غورۇڭ-غورۇڭ سوزلىشىش ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئارىدىن ئون بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتۈپ تاۋۇشلار بىرئاز كۈچلۈكلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئارىدا ئۆيدىن قولىغا لىگەن تۇتقان بىر خوتۇن چىقتى - دە، قازاندىن لىگەنگە بىر نەرسىنى ئۇسۇشقا باشلىدى. ئاتابېك گويا شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇزاق تىن ئالدى ۋە يۈزىنى چەتكە بۇرىدى. خوتۇن لىگەن بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىچىدىن ئېسىۋالغان خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، بىسىنى ئايدىڭغا تۇتۇپ كوردى ۋە خەنجەرنىڭ ئۈچىنى يانىپىشىدىن ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈپ تۇتتى، يەنە ئۆينى كۈتۈپ توختىدى. خوتۇن يەنە چىقىپ، ئاپقۇرلارغا شورپا ئۇسۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۆيگە بىر - ئىككى قاتناپ ئۇسۇشقان شورپىلارنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئېكىتتى - دە، كىرىپ كەتتى.

ئاتابېك ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئۈزۈمە ياغىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ جەنۇپتا كىشى يوقمۇ، دەپ ئۇ ياق - بۇيىقىغا قارايتتى. ئۇ بۇ توغرىدا بىر قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بىر - بىر بېسىپ كىشى بار ئۆينىڭ يولەك تەرىپىدىكى دەرىزىسىنىڭ يېنىغا يەتتى ۋە ئۆزى ناھايىتىمۇ ئېھتىياتلىق بىلەن دەرىزە ئاستىغا ئولتۇردى. ئولتۇرۇش بىلەنلا دىمىغىغا

ئىچكىلىك بىلەن شورپىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇردى. ئويدىكىلەر-نىڭ سوزلىرىدىلا ئەمەس ھەتتا ئىزا چايناشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بو-لاتتى. ئىچكىرىدە كىمدۇر بىرسى شاپىلدىتىپ گوش چايناۋېتىپ دەيتتى:

— ئەمدى ماڭا بەرمەڭ، سادىق، مۇتەل پالۋانغا بېرىۋېرىڭ!

ئاتابېك بۇ ئاۋۇشنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى.

— ھەدەپ ماڭا بېرىۋېرەمسىلەر، ئارىلىتىپ جەننەت ئاچامغىمۇ بېرىپ قوي، خا - خا - خا!

— بىزنىڭ مومايغا بەرسەڭ قايتۇرماستىن ئىچىۋېرىدۇ!

— بەرسە ئىچىۋېرىمەن، قىھ... ئوزەم خوتۇن بولسامۇ مۇتەل پالۋانلارنىڭ ئونىنى قاچۇرىمەن، قىھ...

بۇ سوزدىن كېيىن ئوي ئىچىنى كۈچلۈك بىر كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى. كۈلكە بېسىلغاندىن كېيىن، يەنە سوز باشلاندى:

— ئەمدى شۇنى ئىچىسىز، ھامىد ئاكا!

— ياق، سادىقباي ئىنىم، مەن ناھايىتىمۇ بوپ قالدىم، ئوزىمۇ راسا كۈچلۈك چىققان ئىكەن.

— ئىچمىسىڭىز قويمايمەن، لېكىن!...

— مۇتەل پالۋانغا بېرىڭ! سىز ئېلىڭا شۇنى!

— راستىنمۇ ئىچمەمسىز!، كۈمۈش ئاچامنىڭ سالامەتلىگىگىمۇ ئىچمەمسىز؟؟

بۇ سوزنى ئاڭلىغان ئاتابېك ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. جەننەت ئاچىنىڭ خى - خى - خى قىلىپ كۈلگەن ئاۋۇشى ئاڭلاندى.

— ئارىغا نازۇك بىر ئىسىمنى كەلتۈرۈپ قوشمىسىڭىز خۇدا ھەققى ئىچمەيتتىم. قېنى بولمىسا بېرىڭا، كۈمۈش ئاچىمىزنىڭ سالامەتلىگى ماڭا ھەممىدىنمۇ كېرەكلىكرەك!

ئاتابېك بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، ئاران - ئارانلا ئوزىنى دەرىزىگە ئۈرۈلۈپ قېلىشتىن بېسىپ قالغان ئىدى. ئاردا بىر-مۇنچە ئۇششاق سوزلەر سوزلەنگەندىن كېيىن، كىمنىڭدۇر ئوم

تارتىپ قويغىنى ئاڭلاندى.

— يەنە نېمە بولدى، هامىد ئاكا؟

— بۈگۈنكى سۆز مېنى ناھايىتىمۇ چوچۇتۇپ قويدى - دە، سادىقباي!

— مېنىڭ سۆزۈمگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيسىز، ھە! سىزگە يۈز قېتىم ئېيتىۋاتىمەنغۇ، خۇمسىنى دەرۋازىدىن چىقاردىم، يەنە قانچە يەرگىچە كەينىدىن بېرىپ تا كارۋانلارغا قوشۇلۇپ كەتكىچە كۈتتۈم، كېيىن قايتىپ كەلدىم، دەپ. ئەگەر شۇ كېتىشى بولسا، بۈگۈن خۇددى قوقانغا بېرىپ يەتكەندۇر.

— ھەي - ي، سىز بىلمەيسىز، ئۇكا!

— لېكىن ماڭا قالسا، بۇ ئىشتا ھېچبىر قورقىدىغان گەپ يوق، ئۇستا بىلەن تونۇشلۇغى بولسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولغاندۇر. سودىگەرچىلىگى بولسا، مەرغىلانغا كەلگەندۇر، ئاخىر كېتىۋاتقاندىكى سۆزىنى ئۆز قۇلىغىڭىز بىلەن ئاڭلىدىڭىزغۇ!

— بۇ پىكىرغۇ دورۇست، بىراق مەن بىلەن ئاچچىقلاشقان بىر كىشىنىڭكىدە مېھمان بولۇشى باشىنى قاتۇرۇۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ سىلەرنىڭ ھويلاڭلارنىڭ يېنىدا...

— ئەگەر سىردىڭىزدىن ئۇستا ئالىمنىڭ خەۋىرى بولسا، بۇ چاغدا قورقىشىڭىز ئەرزىيدۇ. ئەمما ماڭا قالسا ئۇ خۇمپەر مەرغىلاندا خوتۇنى بارلىغىنى ئۇنتۇۋەتكەن دەپ ئويلايمەن.

— مېنىڭ بۇ سىرىمنى سىلەردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇمەربېك بىلەن بىر ئاز نېرى - بېرى بولۇپ قالغان ئىدىم، ئىش قىنىپ يەنە ئارىنى ئېچىۋەتتۇق.

— ئۇنداق بولسا يەنە نېمىدىن قورقىسىز؟

— مەن ئۇنىڭ تاشكەنتكە كېتىشىنى كوز بوياش ئۈچۈن بولغان ھىلىسىمىكىن، دەپ قورقىمەن.

— مەيلى، كەتمىگەنمۇ بولسۇن: ئۇ چاغدا ئۇژۇڭىز ئېيتقاندەك قىلىپ توپ - توغرا ئەتىلىككە سەلىم شەربەتدارنىڭ ئالدىغا بارىمەن - دە، ئوغلۇڭنى مىرزاكەرىم ئاكىنىڭ ئىلگىرىكى

تاشكەنتلىك كۈيوغلى ئولتۇردى، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كوردۇم، دېيمەن. ئەنە ئۇنىڭدىن كېيىن خۇمسىنىڭ ھالىغا مايمۇنلار يىغلاشسۇن! ئەگەر، ئۇ، سىرىڭىزنى بىلگەن تەقدىردىمۇ كېلىدىغان ئىشقا ئاللىقاچان چۈشىنىۋېلىپ، مەرغىلاندىن قۇيرۇغىنى خادا قىلدى، دېسىڭىز چۇ!

— قىھ... سادىقنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، — دەپ قويدى جەننەت ئاچا. ئاتابېك بۇ سۆزنىڭ دەھشىتىدىن تىترەپ كەتكەن ئىدى.

سادىق داۋام قىلدى:

— ئەمدى ئىشنىڭ بولىدىغىنىنى ئويلاش كېرەك، سىزنىڭ قورقالىغىڭىزنى كۆرۈپ، مانا مۇتەل پالۋانمۇ ئۇخلاشقا باشلىدى.

— ئۇخلىغىنىم يې - يې - يوق، دوراڭدىن قۇيچۇ!

— مۇتەلباي يولداش، — دېدى ھامىد، — بىز بىراۋنىڭ ياخشىلىغىنى ئۇنتۇيدىغان كىشى ئەمەسمىز. يولدىشىڭىز سادىقباي مەن بىلەن بىللە بولۇپ كەملىك كۆرمىدى، ئەۋۋالا خۇدا، ئاندىن قالسا مەن ئۇنى ئويلەندۈرۈپ قويدۇم... مەن بىراۋ بىلەن ئۈلپەتلىك قىلسام، ھەتتا ئۇنىڭدىن جىنىمنىمۇ ئايىماي، كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىمەن.

— سادىق!

— مۇتەلباي سىزنى راسا ياخشى بىلىدۇ، ھامىد ئاكا! سىزنىڭ قانداق خىزمىتىڭىز بارلىغىنىمۇ چۈشەنگەن... ئەمما ئۇنىڭ سىزدىن بىر ئىلتىماسى بار ئىكەن.

ھامىد:

— نېمە ئىلتىماسىڭىز بار، مۇتەلباي؟

مۇتەل:

— بىرەر - يې - يې - يېپىرىمىغىنا، ئۈچ - تۆت تە - تەڭگە قەرزلىرىم بار ئىدى، ھامىد ئاكا.

ھامىد:

— دوستلۇق دېگەن ئۈچ - تۆت تەڭگە بىلەنلا باغلىنالمايدۇ،

مۇتەلباي! مەن سىزگە ھىلى ئېيتىپ قويدۇم: مېنىڭ دوستلۇغۇم دوستتىن جانىنمۇ ئايىماسلىق بىلەن بولىدۇ. كۈچ - توت تەڭگە ئەمەس، مۇھتاج بولسىڭىز ئۆتتۈز - قىرىق تەڭگە سوراۋېرىڭ!

جەننەت ئاچا:

— ئىلايا ھامىد باي مۇرادى - مەقسىدىگە يەتسۇن، قىە...

ئاشنا ئاغىنىلىرىدىن دۇنيا ئايىمايدۇ!

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن تەڭگە تاۋۇشى ئاڭلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھامىدنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— مانا، مۇتەل پالۋان، ھازىرچە ئاز بولسىمۇ شۇنى ئېلىپ تۇرسىز، ئەمما خىزمەت ھەققىڭىز ئۆز يولىچە بولىدۇ.

مەس:

— ر - ر - رەھمەت ھا - ھامىد ئاكا، سىز جاننى ئايىمىسىڭىز، مە - مە - مەنمۇ يولىڭىزغا بېشىمنى تىكتىم، جەمشىدنىڭ ئەرۋاھى!

سادىق:

— بىزنىڭ مۇتەلبايمۇ قۇرۇق يىگىت ئەمەس!

ھامىد:

— داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئالسىڭىزچۇ، جەننەت ئاچا!

لىگەن - تاۋاقنىڭ بىر - بىرسىگە تەككەن تاۋۇشى ئاڭلىنىپ، ئاتابېك ئۆزىنى ئاستا يولەككە ئالدى. ئوچاق بېشىدا بىر - ئىككى مىنۇت ۋاقىتقا تاۋاق - قوشۇق ۋە ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، جەننەت ئاچا ھويلىغا چىقتى ۋە قولىدىكى داستىخاننى ئۆزىمنىڭ ئېگىگە قېقىپ كەتتى. ئاتابېك قايتىپ كېلىپ دەرىزە ئالدىغا ئولتۇرۇشى بىلەنلا، ھامىدنىڭ شۇ سوزىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئىشىكنىڭ زەنجىرىگە بىر قاراپ كېلىڭچۇ، ئىمانتاپقۇر جەننەت ئاچا!

سادىق:

— راسا قورقىدىكەنسىز - دە، ھامىد ئاكا، ئىشىكنى ئۆزەم زەنجىرلىگەنمەن.

— ھامىد:

— سىز تېخى ياش، ئىنىم سادىقباي! سىز چىقىۋېرىڭ، جەننەت ئاچا!

ئاتابېك ئۈچۈن ۋاقىت ئارتۇقچە قىس ۋە تورقۇنچاق ئىدى. خارابە ئۆيگە باراي دېسە، جەننەت ئاچىنىڭ كورۈپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتەي دېسە، ئۆلتۈرۈشنىڭ مەقسىدى ئېچىلمىغان بولۇپ، پۈتۈن مۇشەققىتى شامالغا كېتەتتى. جىنى بوغىزىغا تىقىلىپ ئەتراپىغا قارىدى ۋە يولەكتىن نېرىراقتا ئۇستا ئالىمنىڭ تېمىغا يولەكلىك تۇرغان زەمبىلگە كوزى چۈشۈپ قالدى. زەمبىلنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇش ناھايىتمۇ خەۋپلىك بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆلتۈرۈشنىڭ مەقسىدىگە قانماستىن كېتىش ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. سىر پاش بولغۇدەك بولسا، ئۈچ دۈشمەنگە باراۋەر ھۇجۇم قىلىشنى بويىنغا ئېلىپ قويدى. ئۇي ئىشىگى ئېچىلىشقا باشلىغاندا زەمبىلنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئالغان ئىدى. ئۆزىنى قانچىلىك سىقىپ غۇژمەك قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قاراش بىلەن زەمبىل ئاستىدا ئادەم بارلىغىنى بىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇ زەمبىلنىڭ ئاستىدا خەنجىرىنى سىقىملاپ، گويا چاشقاننى پايلىغان مۈشۈكتەك ھۇجۇمغا تەييار ھالدا ياتاتتى.

جەننەت ئاچا يولەككە قاراپ يۈرۈپ كەلدى - دە، زەمبىلنىڭ ئاستىدىكىنى بايقىماي يولەككە بۇرۇلدى. ئايدىڭدىن ئىشىكنىڭ زەنجىرلىگى ئېنىق كورۈنۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرماستىن، يولەكنىڭ يېرىمىدىن قايتتى. قايتىشى بىلەنلا يۇقۇرىدىن ئۇچۇپ ئوتكەن بىر - ئىككى مەشەك قۇشنىڭ "چىۋ - چىۋ" دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاسمانغا قارىدى. شىمال شەرقىغە توغرا ئېتىلىپ ئۇقتەك ئۇچۇپ بارغان مەشەك قۇشلارغا قارىغىنىچە يولەكتىن ئۇي تەرىپىگە قايرىلىپ كەتكىنىنى ئوزىمۇ سەزمەي قالدى. جەننەت ئاچا ئايۋانغا چىققىنىدا ئاتابېك ئۇستىدىكى زەمبىل تۇت ئەنلىك

يۇقۇرىغا كۆتىرىلىپ، يەنە ئاستاغىنا ئۈنى بېسىپ چۈشكەن ئىدى.
جەننەت ئاچا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەندە، ئۇ ئاستاغىنا
زەمبىلىنىڭ ئاستىدىن چىقتى، ئۈنىڭ يۈرىگىنىڭ ئۇرۇشى ھېلىمۇ
شىددەتلىك ئىدى. دەرىزە يېنىغا مېڭىپ كەلدى - دە، تېخىچە
ھۇجۇمغا تەييارلانغاندەك ئىچكىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى. جەن-
نەت ئاچىنىڭ "ئىشىك زەنجىرلەكلىك!" دىگەن تاۋۇشىنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن، راھەتلىنىپ تىن ئالدى ۋە دەرىزە يېنىغا
بۇكۈندى.

ھامىد:

— بولمىسا، دۈشەنبە كۈنى كېچىسى بولسۇن!

— بىز قايسى كۈنى دىسىڭىزمۇ تەييارمىز!

مۇتەل:

— ماڭا قالسا، شۇ تاپتا بارساق دەيمەن!

ھامىد:

— ياخشىسى دۈشەنبە كۈنى، ئۈنىڭدىن نېرىغا ئوتتۇشكىمۇ
بولمىغىنىدەك، بىرىسىمۇ پايدىسىز بولىدۇ، چۈنكى بىر - ئىككى
كۈن بۇنىڭغا تەييارلىقمۇ كېرەك.

سادىق:

— يەنە قانداق تەييارلىقى بار؟

ھامىد:

— ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى مەرغىلان ئىچىدە ئېلىپ
تۇرۇپ بولمايدۇ: تا ئۇ كۈنگىچە بىرەر يېزىغا ئەۋەتىشكە توغرا
كېلىدۇ. ئېلىپ چىقىشىمىز دۈشەنبە كېچىسىنىڭ قايسى پەيتىگە
توغرا كېلىشىنىمۇ ھازىرلا ئېيتىپ بولمايدۇ. ئېلىپ چىققان زامان-
لا مەرغىلاندىن چىقىرىلىۋەتمىسە، كۈندۈز كۈنى چىقىرىش يەنە
مۇ خەۋپلىك... كېچىسى بەزىبىر مەرغىلان دەرۋازىلىرى يېپىق
بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر دەرۋازىۋەننى قولغا ئېلىپ قويۇ-
شىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە...

سادىق:

— ياخشى مەسلىھەت، قۇتىدارنىڭكىگە قانداق قىلىپ چۈشىمىز؟

ھامىد:

— مەسلىنىڭ بۇ يېقىنى ئويلىشىمىز كېرەك ئىكەن، تېخى!

سادىق:

— ئەڭ ياخشىسى، دەرۋازىسىدىن كىرىش!

مۇتەل:

— دەرۋازىسىدىن كىرىپ بولمىسا، تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشىمىز!

سادىق:

— ھە ـ ھە ـ ھە، بارىكاللا، مۇتەل تورەم!

مۇتەل:

— ئورۇنسىز كۈلمە ھىزئابدىكېرىم! سەن تېخى دۇنياغا كېلىپ نىمىنى كوردۇڭ، ساڭا كۈلۈشنى كىم قويۇپتۇ! بۇ باش دۇنياغا كېلىپ نىمىلەرنى كورمىدى دەيسەن؟ بۇنداق پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى ئەمدى قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ئىي ـ ھە ـ ھە... مۇتەل ئاكاڭ نىمىلەرنى قىلمىدى؟ ھە ـ ھە ـ ھە... مۇسۇلمانسەن ئاتاڭنىڭ ئەرۋايى، ھامىد ئاكا! بىر كۈنى جانكېلدىباي ھەسرىتىنى قىلىپ، ھەتەم تورىنىڭ ئوغلىنى ياخشى كورگەنلىكىنى، دىدارىغا تويالماي ھەيران بولغىنىنى ئەرز قىلىپ قالدى ـ دەڭ، يېنىمدا قەلەندەر پالىۋان بار ئىدى، جانكېلدىگە — بولمىسا ئون ئاتقا (ئاق تەڭگە) بەر بىزگە، بىز قەلەندەر بىلەن بىللە دوغلىنىڭنى تەييار قىلىپ بېرەيلى، دىدىم. جانكېلدى ئارانلا تۇرغان ئىكەن، ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا ماقۇل دىدى. بىز قەلەندەر بىلدن كېچىنى يېرىم قىلدۇق ـ دە، ھەتەم تورىنىڭ ھويلىسىغا كەلدۇق. ئىشنىڭ رايىغا قارىساق، ناھايىتى كاشىلا، تام تاش ئىكەن! ئېشىپ چۈشۈشنىڭ زادىلا ئىلاجى يوق، بۇ قىيىنچىلىقنى كورگەن قەلەندەرنىڭ تاۋۇزى قولتۇغىدىن چۈشۈپ، "بەش ئاتقىنى قايـ

تۇرۇش ئۇۋال - دە!» دېدى. ئۆزەمنىڭ ھازىرقىدەك كەيپىم سەل
بارراق ئىدى، خەنجىرىمنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدىم - دە،
توپ - توغرا ھەتەم تورىنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ چاقىرىشقا باش-
لىدىم. بۇ ئىشىمدىن جان - پېنى چىقىپ كەتكەن قەلەندەر يې-
نىمغا كېلىپ نوقۇشقا باشلىدى: «ھەي مۇتەل، ساڭا نېمە بولدى؟»
مەن ھەتەم تورىنى چاقىرىۋېتىپ، «ئاۋازىڭنى چىقارما، خوتۇنغا
ئوخشاش يىگىت» دېدىم. قەلەندەر يېنىمدا تۇرالمىدى، مېنى
يالغۇز قالدۇرۇپ قېچىپ كەتتى. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى ھەتەم تورە
دەرۋازا ئارقىسىغا كېلىپ «كىم» دېدى، مەن ئاۋازىمغا ئالدىر-
غان تۈس بېرىپ «مەن، مەن، تېزرەك ئېچىڭ!» دېدىم، بىچارە
گول تورە دەرۋازىنى ئېچىش بىلەن، لىپ قىلىپ ئۆزەمنى ئىچ-
كىرىگە ئالدىم ۋە ھەتەم تورىنى قولىدىن تۇتۇپ ھويلىغا باش-
لىدىم. بىچارە ئەمدى مېنى تونۇپ، ئەلپازىمنىڭ بۇزۇقلۇقىنىمۇ
بايقىغان ئىدى. بوغۇزىغا خەنجىرىمنى تىرەپ: «جېنىڭدىن ئۈمى-
دىڭ بارمۇ - يوقمۇ، ئىنساپسىز!» دېدىم، تىلى سۆزلەلمەي قېتىپ
قالغان ئىدى، خۇمسا — «باۋ - باۋ» دەپ غولدۇراپ جاۋاپ بې-
رەتتى... «بىر بىچارە ئوغلۇڭنى دەپ كوكسىنى زەخكە يېقىپ
ياتسۇن - دە، سەن تىنچىقىنا ئوغلۇڭنى ئېلىپ يات!... قېنى ئوغ-
لۇڭ، ياتقان جايىنى كورسەت!» دېدىم. ھەتەم تورە دىر - دىر
تىترەيتتى، شۇ ئەلپازدا ئۇنى ئايۋانغا ئۆزەم يېتىلەپ باردىم،
ئوغلىنى كورسەتتى. بالىنى ئۇيقۇ ئارىلاش تۇرغۇزۇپ كېيىندۈ-
رۈشكە باشلىغان ئىدىم، بىر تەرەپتىن ئانىسىنى ۋايداتلاپ قال-
ماسمۇ، خەنجىرىمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يۈگۈردۈم، «ئاۋازىڭنى چىقار-
ما، مادا!... ئوغلۇڭنى ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىۋاتقىنىم يوق، ناھايىتى
بىر پىيالە چاي ئىچىدۇ - دە، كېلىدۇ!» دېدىم. قىسقىسى، ئال-
دىدىن دەھشەت بېرىپ، كەينىدىن ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى
ئىشەندۈرۈپ، بالىنى ئېلىپ چىقتىم ۋە جانكىلدىگە تاپشۇرۇپ
كەتتىم... بەختىمگە شۇ كۈنى بىرمۇ مىرشاپ يولۇقمىدى! ئەي - ي
سادىق بالا، سەن تېخى نېمىنى كوردۈڭ ۋە نېمىگە ئىشىنىسەن،

موزاي بوغۇزلىغاندەك قىلىپ بىر ـ ئىككىسىنى سويغان بىلەنلا ئادەم بولدۇم دەمسەن؟ گەپ بىلەن بولۇپ كەيپىم تارقاپ كەتتى، قېنى، قويغىنا، بىر ـ ئىككىنى!

هامىد:

— سىزگە قايىلمەن، مۇتەل پالۋان، سىزنىڭ شۇنداق ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ يۈرگىنىم ئۈچۈن بۇ يەرگە قىچقارتىپ كەلدىم ـ دە!

مۇتەل:

— شۇنى بىلگەن بولسىڭىز، بەس، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇپ قويۇۋېرىڭ!

هامىد:

— سادىق دىگەندەك دەرۋازىدىن كىرىشىنى خالىمايمەن، چۈنكى مىرشاپلارنىڭ يول ئۈستى.

مۇتەل:

— بولمىسا هويلىنىڭ كەينىدىن چۈشىمىز!

هامىد:

— كەينى هويلىدۇر؟

جەننەت ئاچا:

— قەھ... ھىلىقى ئىتى قۇرۇسۇن... مالىكباينىڭ مەيدانى ـ دە.

هامىد:

— بولمىسا تېخىمۇ ياخشى ئىكەن، ئۆگزىسىگە شوتا يېتەمدىكىن؟

جەننەت ئاچا:

— قەھ... ناهايىتى ئېگىز.

مۇتەل:

— ئېگىز بولسا، زىيىنى يوق، ئەڭ ئاسىنى ئۆينىڭ تېگىدىن تېشىمىز، قويىمىز!

هامىد:

— قېيىن بولماسمىكىن؟

مۇتەل:
— ھەممىدىنمۇ ئاسنى تېشىش، مولجىلىنى ياخشى ئالـ ساقلا، بولدى.
ھامىد:
— بىر - ئىككى سائەتتە ئۇنى تېشىپ بولالامسىز؟
مۇتەل:
— ئۇزى مەيدانمۇ، زادى؟
جەننەت ئاچا:
— مەيدان... قىزىم.
مۇتەل:
— يېقىندا ئادەم يوقمۇ؟
جەننەت:
— يوق، قىزىم.
مۇتەل:
— بەللى مولجىلىنى ئېلىپ بەرسەڭلا، ئەتىدىن باشلاپ كولاۋېرىمەن.
ھامىد، سادىق:
— بارىكاللا، رەھمەت، پالۋان!
مەجلىسنىڭ سوزى شۇ يەرگە يەتكەندە ئاتابېك ئورنىدىن تۇرۇپ يولەككە كەلدى. ئىشىك زەنجىرىگە قولىنى ئېلىپ بارغىنى ھالدا ئويلىنىپ توختىدى ۋە ئىشىكنى ئاچماي كەينىگە قايتتى. خارابە ئوي ئارقىلىق ئوستا ئالىمنىڭكىگە چىقىپ ئايۋان يېنىدا توختىدى، ئۇلارنىڭ خورەك تارتىش ۋە پىشىلداشلىرىغا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاياق ئۇچى بىلەن يولەككە ئوتتى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

* * *

ئوز ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمىزدەك سادىق ئۇنى، ھامىدنىڭ تەلەماتىچە، قوقان دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ تا كارۋانلارغا قوشۇلۇ-

ۋالغىچە تەقىپ قىلىپ بارغان ئىدى. ئاتابېك بۇ تەقىپنى ناھا-
يىتى ياخشى سەزگىنى ئۈچۈن سادىق يولدا قالغىنىدىن كېيىنمۇ
يەنە بىر بېكەت ئالدىغا ماڭغان ۋە ئىككىنچى بېكەتتىن يولنى
سولغا بۇراپ، تاشلاق دەرۋازىسى ئارقىلىق يەنە قايتىپ مەرغى-
لانغا كىرگەن ئىدى.

ئۇستا فەرفىنىڭ ھامىد ۋە ئۆزى توغرىسىدىكى مۇدھىش ھىكا-
يىسىنى ئاڭلىغىنىدىن كېيىن، مەرغىلاندا قىلىش ۋە قېيناتىسىنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ ۋەقەنى چۈشەندۈرۈش ئورنىغا ناھايىتى ئالدىراش-
لىق بىلەن مەرغىلاندىن كېتىپ قالغان بولۇپ كۆرۈنۈشى، ئەل-
ۋەتتە، ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى كامىلبېك ئۆلتۈرۈلگەن
بىر كۈندە ھامىدنىڭ كوز ئالدىدا قىلىشى، بىلىپ تۇرۇپ ئۆز-
ئۆزىگە گور كولاش، گورلا ئەمەس، نومۇسنى يوقىتىش ۋە قاتىل-
لىق ئىسمىنى ئېلىپ خەلق ئالدىدا شەرمەندە بولۇش بولاتتى..
چۈنكى بىز، يۇقۇرىدا سادىقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمىزدەك ھە-
مىد بۇ توھمەتتىنمۇ قايتمايتتى ۋە ئۆز توھمىتىنى مەھكىمە ئال-
دىدا مەنتىقى رەۋىشتە ئىسپاتلاپمۇ بېرەلەيتتى. مانا شۇ مۇدھىش
باشقا چۈشۈشى ئېنىق بولۇپ تۇرغان ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈ-
چۈن مەرغىلاندىن ئالدىراش چىقىپ كەتكەن ئىدى. كەيىندىن
قىلىنىۋاتقان تەقىپنى بايقاش بولسا، ئەڭ ئاۋال بۇ ئۇنىڭ بىر
پىكرى بولغان ئىدى، ئىككىنچىدىن بولسا، ئېتىنى ئىگەرلەپ تۇر-
غاندا تامدىن ئۆزىگە قارىغان باش بىلەن بۇ مۇلاھىزىسىنىڭ توغرا
چىقىشىنى بىلگەن ئىدى. ئۈچىنچىدىن، كوچىدا ئۇستا ئالىم بى-
لەن خەيرلىشىۋېتىپ خوشنىسىنىڭ يولىگىدە كورۇنگەن كىشىنىڭ
كولەڭگىسى تەقىپ قىلىنىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەن ئىدى.

مەرغىلاندىن ئىككىنچى بېكەتكە بېرىپ قونۇپ، چايخانىدا
بىر - ئىككى چوگۈن چاي ئىچىپ ئۇزاق ئويلاپ ۋە مەرغىلانغا
قايتىش قۇرۇق توھمەتكە قىلىش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى
يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەن بولسىمۇ، مەيدانىدا ھامىدنى غالىپ
ھالدا قالدۇرۇپ كېتىشنى ھېچقانداق قىلىپ يۈرىگىگە سىغدۇ-

رالمىغان، غەيرى رەسمىي يوشۇرۇنۇپ بولسىمۇ مەرغىلاندا تۇرۇشقا ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ ھامىدنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە شۇنىڭغا قاراپ كۆرەش باشلاشقا قارار قىلىپ، شام بىلەن نامازدىگەر ئارىلىرىدا مەرغىلانغا قايتىپ كىرگەن ئىدى. شەھەرگە كىرىپ بىرىنچى كېلىشىدە چۈشكەن سارايغا جايلاشقان ۋە جايلىشىپ تىنچالمىغان، يەنى تەقىبىنى بۈگۈندىن باشلاشقا قارار بەرگەن. ھامىدنىڭ يامانلىق كارخانىسى ئۇستا ئالىمنىڭ خوشنىسىنىڭكىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن يولنى توغرىلاپ سادىقنىڭكىگە سالغان ئىدى. بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق.

ئۇستا ئالىمنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ چىققاندىن كېيىن، سادىقنىڭ يولىغا قولاق سېلىپ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلغان تاۋۇشنى ئاڭلىدى ۋە ئاستا - ئاستا يولغا چۈشتى.

دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ - يۈز ئۇچرىشىش كۈنى بەلگىلەنگەنلىكتىن ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈتۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا ھېچبىر تەئەججۈپلەنمەيتتى، پەقەت دۈشەنبە كۈنى كېچىسى بىلەن مەشغۇل ئىدى. دۈشەنبە كۈنى كېچىسى بىر ئەمەس، ئۈچ دۈشمەن بىلەن كۆرۈشۈش توغرىسىدىلا ئويلايتتى. بۇ بىرگە ئۈچ مەسىلىسى بىر ئاز ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرغان بولۇپ، كىشىلەرنى ياللاش، ھۆكۈمەتكە بىلدۈرۈپ، قۇتىدارنى خەۋەردار قىلىپ قويۇش مۇلاھىزىلىرىدىگىچە كېلىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىززىتى - نەپسى بۇ قورقاقلىققا پۈتۈنلەي زىت بولۇپ تۇراتتى. بارا - بارا بۇ مۇلاھىزىسىنى پۈتۈنلەي كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلىدى - دە، كىشىلەرنىمۇ ياللىمايدىغان، ھۆكۈمەتكىمۇ بىلدۈرمەيدىغان ۋە قۇتىدارنىمۇ خەۋەردار قىلمايدىغان بولدى. چۈنكى دۈشمەن بىلەن دىلدارىنىڭ ئۆيى كەينىدە يالغۇز ئېلىشماقچى، يارىنىڭ ئايىغى ئاستىدا قانلىق توپىغا مىلەشمەك - ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى لەززەتلىك ۋە شائىرانە تۇيۇلۇشقا باشلىغان ئىدى.

سارايغا كىرىۋېتىپ، ئۆزىچە:

— شېرىن ئۇلۇم! — دەپ قويدى.

گەرچە تۈنۈگۈنكى كېچىنى “خوجەمەئاز” دە تۈنەپ ئۈيقۇدىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ۋاقىت بۈگۈنكى گەپلەرنى ئويلاپ ياتتى. ئۇ ئۇخلاۋېتىپ، ئۆزىنى گايىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان ھالدا، گايىدا كۆمۈشنى ئەركىلىتىپ تۇرغان ھالدا كورەتتى.

## 15

## دۈشەنبە كۈن كېچىسى

بۈگۈنكى كەچ ئاتابېك بىلەن ھامىدنىڭ ھايات ۋە مامات مەسىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ قارا قۇچىقىغا ئالغان قاراڭغۇ بىر تۈن ئىدى ۋە بۇلاردىن قايسى بىرلىرىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرى يەتكەنلىكىگى شۇ قاراڭغۇ تۈندەك قاراڭغۇ ئىدى. ئاتابېك بۇ ئىككى ھالدىن تەبىي بىرىسىنى بۇ سائەتتە ئۆزىنىڭ كوز ئالدىدا تۇتاتتى ۋە شۇنىڭغا تەييارلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھامىدنىڭ خىيالى پەقەت گۈلنىلا ھىدلەيتتى، گۈل سەيلىگىلا ئالدىرايتتى...

ئالتە غېرىچ كەڭلىكتىكى ناھايىتى ئۇزۇن تار كوچا، تار كوچىنىڭ بېشىدا كىچىككىنە بىر ئىشىك بار ئىدى. شام بىلەن خۇپتەن ئوتتۇرىسىدا بۇ كوچا بېشىغا بىر يىگىت كېلىپ توختىدى - دە، ئەتراپىغا كىشى سەزمىگىدەك قىلىپ سەپسېلىشقا باشلىدى. كوچىدا ھېچكىم قالمىغان، يولدا ئاياق تاۋۇشى بېسىلغان بولسىمۇ، شۇنىڭغىچە ئۆز ئۆلدىكى دەرۋازا ئىچىلىرىنى، ئوگزە ئۈستىلىرىنى، تام يوچۇقلىرىنى كۈزەتتى ۋە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئاستا - ئاستا تار كوچىغا يول ئالدى. تار كوچىنىڭ يېرىمىغا يەتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىزدىن كەينىگە قايرىلىپ قارىدى... ئۇنىڭ ھەركىتى بىر نەرسىدىن شۈبھىلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئار-

قىسىدىن دۈشمەن تەقىبى يوقىسكىن دىگىنى ئۈچچۈن ئىدى. ئى-
چىكىنە ئىشىكىنىڭ يىپىنغا يەتكەندە يەنە ھىلىقىدەك كەينىگە
قاراپ قويدى. بىرئاز ئويلاپ تۇرغاندىن كىيىن، ئىشىكىنىڭ ئوڭ
تەرىپىدىكى تامنىڭ بۇزۇق يىرىدىن ئاستىلا كوتىرىلىپ مەيدان-
غا مارىلىدى. ئىشىكىنىڭ قۇلۇپ ۋە زەنجىرى بولماستىن يۇزىگە
يىپىق ھالدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئىشىككە بارماستىن، مۇشەققەت-
لىنىپ تامىغا مىنىدى. ئاي نۇرىنى چىچىپ ئوبدانلا قاراڭغۇ
چۈشكەن بولسىمۇ، مەيدان ئىچىنىڭ دەرەخسىزلىكى ئۈچچۈن دىڭ-
گايغان ھەر بىر ئوتمۇ ئاجراتقۇدەك ئىدى. مەيدان كىشىدىن
خالى بولغىنىنى بىلگىنىدىن كىيىن، ئاستاغىنا تامدىن ئۆزىنى
مەيدانغا ئالدى.
مەيدان ئىككى تاناپ كەڭلىكتە بولۇپ، جەنۇبىي قۇتىدار ۋە
خوشنىسىنىڭ ئىمارەتلىرى كەينىدىن ۋە باشقا ئۈچ تەرىپىمۇ
شۇنىڭغا ئوخشاش بىنالاردىن ئىبارەت ئىدى. مەيدانغا يازدا
ئىمدۇر تىرىلغان، چوڭقۇر - چوڭقۇر چونەكلەر تارتىلغان، يەر
يامغۇر بىلەن ئىۋىپ - كوپۇپ پۇتنى كوتىرىپ بىسىشقا ئىمكان
بەرمەيتتى، ھەر بىر ئاياق ئىزگەندە ئۈچ چارەك لاي باراۋەر
كوتىرىلەتتى. ئۇ قىينىلا - قىينىلا مەيداننىڭ جەنۇبىغا ئوتتى. ئۇ-
نىڭ سول قولى تەرىپىدە بىر ئويىنىڭ كەينى تىمى بىر بورا
ئىنىدەك كىسىپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قارىيىپ كورۇنەتتى. ئۇ،
بۇ كىسىلگەن ئورۇننى ئوتكەن كۈنى كىچىسى كىلىپ كورۇپ
كەتكىنى ئۈچۈن باشقىدىن قاراپ تۇرمىغان بولسىمۇ، لىكىن ئۇ-
نىڭ بۇ بىناغا ئىلتىپاتسىز قارىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ
تىگى كىسىلگەن بىنا كۈمۈشنىڭ ئوز ئويى بولۇپ، بۇ ئوينىڭ
ئىچىدە ئاتابىكىنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرىنىڭ شىرىن خاتىرىلىرى
ساقلىناتتى ۋە شۇ دەقىقىدىمۇ ئۇنىڭ ھايات تىرىگى بولغان
كۈمۈش بىبى ئولتۇراتتى. ئاتابىك كوزىنى تولدۇرۇپ بىناغا
قارىدى، گويا بۇ قاراشتا ئۇ دۇنيا پەرىشتىسى بىلەن ۋىدال-
شاتتى. خىلىغىچە بىناغا قاراپ ئالغىنىدىن كىيىن، قوينىغا قول

سىلىپ بىر قەغەز ئالدى، خىيال ئىچىدە قەغەزنىڭ پۈكلەنگەن يەرلىرىنى تۈزلىدى ـ دە، يەنە باشقىدىن قويىنىغا تىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىمىغا يەنە بىر كوز تاشلىغاندىن كېيىن، مەيدانىنىڭ كۈنپېتىشىدا يورۇپ، ئون بەش قەدەملەپ ھىلىقى جايدىن يىراقلاشتى: ئوگزە سۇۋاشقا لاي ئېلىنغان گوداك شەكىللىك ئورۇنى، كېچىسى كېلىشىدە بېكىنىش ئۈچۈن بەلگىلەپ كەتكەن ئىدى، كېلىپ شۇنىڭغا چۈشتى ـ دە، قولىنى پىشانىسىگە قويۇپ يېنىچە يېتىۋالدى. گەرچە ئاستى كېسىلگەن بىنا بىلەن ئاتابېك چۈشۈپ ياتقان گوداك بىر بىرىگە ئۇدۇل بولسىمۇ، ئەمما ئىمارەتلەرنىڭ كولەڭگىسى ۋە كېچىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى قاراڭغۇلۇغى ئارقىسىدا گوداكدا كىشى بارلىغىنى بايقاش قىيىن ئىدى.

يېرىم كېچە بولۇپ، ئاۋال ئۇخلىغانلار ئەمدى بىر ئۇيقۇغا قانغان ئىدى. مەيدان ئىشىگى ئېچىلدى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېڭىپ ئىككى كولەڭگە مەيدانغا كىردى. بۇنى بايقىغان ئاتابېك خەنجىرىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ قولىغا تۇتقىنىدىن كېيىن، يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە سوزۇلدى... ئىككى كولەڭگە سوزسىزلا ئاستا كېسىلگەن بىنانىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. كەلگەنلەرنىڭ بىرى سادىق ۋە ئىككىنچىسى مۇتەل ئىدى. تۇمشۇغىنى يەرگە تىرەپ مۈشۈكتەك بولۇپ ياتقان ئاتابېك ئۇلارنى كۈزىتەتتى.

توختىغاندىن كېيىن، پىچىرلاپ سادىق سورىدى:

— تېشىلەي دەپ قالدىمكىن؟

— ئازلا قالغاندۇر، دەپ ئويلايمەن، نىمىشقا دىسەڭ، سوقمىنىڭ ئىينىدىن بىر گەزچە جاي ئېچىلغان!

مۇتەل ئاۋازىنى دەللىنىڭ قويۇپ سوزلەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن سادىق دىدى:

— ئاۋازىڭنى ئاستىراق چىقارساڭچۇ!

مۇتەل بىلىدىن كەكىسنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا جاۋاپ بەردى:

— ئېغى شۇنىڭدىنمۇ قورقامسەن، بەلكى يەنە ناخشىنىمۇ ئېيتىۋىتەرمەن!
— ساراڭلىقىڭنى قويساڭ، مۇتەل ئاكا! يېنىڭدا مەنىمۇ تۇ-رايمۇ؟
— تۇرامسەن، تۇرمامسەن، ئىختىيارىڭ ئۆزەڭدە!
مۇتەل كاۋاكقا كىرىپ كولاشقا باشلىدى.
— كەكىنى قاتتىق چاپما، — دېدى سادىق.
— ئۆگەتمە، ئۆزەم بىلمەن.
سادىق مۇتەلنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن قورققان بولسا كېرەك، بىرئاز مۇتەلنىڭ ئىشقا قاراپ تۇرغىنىدىن كېيىن، دېدى:
— بولمىسا مەن ئىشىك يېنىغا بېرىپ تۇراي، تېشىلىشى بىلەنلا ھۇشتەك چال.
— ماقۇل، تېخى ھامىد كۆيوغۇل نەلەردە قالدى؟
— كوچىنىڭ بېشىدا پايلاپ ئولتۇرغاندۇر. ھۇشتىكىڭنى ئاڭلىسام، ئۇنىمۇ چاقىرايمۇ؟
— چاقىر! — دېدى مۇتەل ۋە شىتىر - شىتىر داڭگال چۇ-شۇرۇشكە باشلىدى.
ئىشىكتىن سادىقنىڭ چىقىشى بىلەن، ئاتابېك ئاستالا بېشىنى كوتەردى - دە، مۇتەلگە قاراپ ئومىلەشكە باشلىدى. مۇتەل بولسا ھەمىرىلىپ چۈشكەن كېسەكلەرنى تاشقىرىغا سۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى... شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قولتۇقى تېگىدىن ئۆزىتىلگەن قول كانىيدىن ئامبۇرغا ئوخشاش سىقىۋالدى... مۇتەل كۆچلۈك ئىدى، ئەمما ئاتابېك ئۇنىڭدىنمۇ كۆچلۈك ئىدى. تىپىرلاپ كانىيىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن قىلغان مۇتەلنىڭ بىرىنچى ھەركىتى بوشقا كەتتى - دە، سول بېقىنىغا ئوتكۇر خەنجەر ئاچچىدا پا-تۇرۇلدى... ئەمما ئۇ تېخىچە بوشىنىشقا كۆچەندەتتى ۋە كۆچلۈك قول ئۇنى بەتتەررەك سىقاتتى. ئۈچ مىنۇتلۇق كۆرەشتىن كېيىن، مۇتەل بوشاشتى، ئاۋالقى كۆچەنشلىرىدىن قالدى ۋە بىر - ئىككى قېتىم تولغىنىپ جىملا جان بەردى. ئاتابېك ئىشىك تەرەپتىن

كۆزىنى ئۈزمەستىن، مۇتەللىنى سورەپ ئۆزى موكۇنگەن كوداڭغا ئېلىپ باردى ۋە قورقۇپراق قولىنى كانىيىدىن ئالدى. مۇتەللىنىڭ بېشى شىلىق قىلىپ گوداڭغا چۈشتى - دە، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنلىگى مەلۇم بولدى... ئاتابېك بىر - بىر بېسىپ تېشىلگەن بىنا يېنىغا كېلىپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ مۈشتەك چالدى، جاۋاپ ھۆشتىگى ئاڭلانغاندىن كېيىن، توشۇكنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردى. توشۇكنىڭ يۇقۇرىسىدىن بىرئاز تۆگلۈك ئىچىلغىنى ئۈچۈن ئىچكىرىدىن قۇلاققا يېنىك پىشىلداش ئاڭلىناتتى... سادىق يېقىن كېلىپ، كېسەكتىن نېرىراقتا تۇرۇپ پىچىرلىدى...

— تەشتىڭمۇ، مۇتەل؟

— تەشتىم، بېرى كەل.

سادىق كېسەك يېنىغا كېلىپ ئىڭىشتى. ئىڭىشىشى بىلەنلا كانىيىغا قول توغرا كەلگەن ۋە خەنجەر قارنىغا پاتۇرۇلغان ئىدى... سادىق قولىدىكى خەنجىرىنى بىر - ئىككى قېتىم شىلتاپ كورسەمۇ، تەگدۇرۇش ئۈچۈن كەسمەنىڭ توۋەنلىگى كاشىلا قىلدى، لېكىن ئۆزى تېتىك ئىدى. ئاتابېك سەكرەپ كەسمەدىن چىقتى ۋە كۈچەنىڭ بېرىچە سادىقنى بېسىپ چۈشتى... بېسىپ چۈشۈشى بىلەنلا ئالىلقايسى جايى ئېچىشقانىدەك سېزىلدى... سول قولى سادىقنىڭ كانىيىدا، خەنجەرلىك قولى سادىقنىڭ خەنجەرلىك قولىدا ئىدى... بىر ئاز كۈچىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، كانىيىنى كۈچەنىڭ بېرىچە سىقىشقا باشلىدى. سادىق خىرىلدايتتى، شۇنداق بولسىمۇ قولىدىكى خەنجىرىنى بوشاتمايتتى. ئىشىك تەرەپتىن ھامىدمۇ كورۇنۇپ قالدى... ۋاقىت قىس كەلگەن ئىدى... سادىقتىن كوكسىنى قاچۇرۇپ خەنجەرلىك قولىنى بوشاتتى ۋە سادىقنىڭ كوكسىگە سالدى... سادىقنىڭ خەنجىرى بىر - ئىككى قېتىم ئۇنىڭ كەينىگە كۈچسىز - كۈچسىز كېلىپ تەككەن ئىدى. خەنجىرىنى ئىككىنچى ئۇرۇشى بىلەن سادىق بوشاشتى ۋە قولىدىن خەنجىرى چۈشتى...

— ھامىد ئاكاڭغا ناھايىتىمۇ مېھرىۋان ئىكەنسەن، سادىق! —

دېدى بېسىپ ياتقان جايدىن ئاتابېك — جېنىڭنىمۇ ئۇنىڭغا قۇربان قىلدىڭ!

سادىق ئىڭراپ قويدى.

— كىم خىرىلداۋاتىدۇ؟ — دېدى يېقىنلىشىپ كەلگەن ھامىد.

— تېزرەك كېلىڭ، ھامىد ئاكا. ئاتابېكنى ئۆلتۈردۇق! — دېدى ئالدىراپ ئاتابېك.

— ئاھ! — دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى ھامىد.

ئاتابېك سادىقنى قالدۇرۇپ، ھامىدنىڭ خەنجەرلىك قولىدىن تۇتۇۋالدى:

— مۇتەل ئۆلدى. سادىقمۇ ئۆلۈم ياقىسىدا. ئەمدى سىز بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق!

ھامىد قولىنى بوشىتىشقا تىرىشىپ تۇرغاندا، ئاتابېك سالماق بىلەن دېدى:

— تولىمۇ ئالدىرىماڭ، ھامىد باي، مەن سىزنىڭ خەنجەر-لىك قولىڭىزنى ھازىر بوشىتىمەن، ئەمما شۇنىڭغىچە سىز بىلەن ئىككى ئېغىز سۆزلىشىمەن!

ھامىد تېخىچە قولىنى بوشىتىشقا ئۇرۇناتتى.

— ئۇرۇنماڭ، ھامىد باي!

— مەرت يىگىت بولساڭ، قولۇمنى قويۇۋەت!

— ئالدىرىما، قويۇۋېتىمەن! — دېدى ئاتابېك. شۇ چاغدا ئاياق ئاستىدا ياتقان سادىق كوتىرىلىپ - كوتىرىلىپ ئۆزىنى ئىرغىت-ماقتا ئىدى. ئاتابېك ھامىدنى سادىقتىن نېرىراققا باشلىدى. ھامىد تىقىلىپقىنا سۈرۈلدى. خەنجەرلىك قولى بىلەن تۈڭلۈككە شەرەت قىلىپ، ئاتابېك سۆز باشلىدى:

— سىز، شۇ ئۆيدە سىزنى بىرنەچچە مۇشەققەتلەرگە سالغان، چەكسىز ھىلىگەرلىكلەرنى ئىشلەتكۈزگەن ۋە ھىساپسىز تىللارنى توكتۇرگەن، ئاخىرى شۇ مىنۇتقا ئەكىلىپ توختاتقان بىراۋنىڭ ئۇخلايدىغىنىنى مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىسىز. ئەگەردە سىزنىڭ مېنىڭ نامىمدىن يېزىپ بەرگەن تالاق خېتىڭىز راست، دەپ

ھساپلانمغاندا ئىدى، بۇ ئۇخلاۋاتقان مېنىڭ ھالال رەپىقەم بولغان، ئىككى يىلدىن بېرى مەنمۇ ئۇنىڭ كويىدا سەرگەردان بولمىغان بولاتتىم. دېمەك سىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدا شۇ بىرسى ئۈچۈن كۈرەش بارماقتا. لېكىن سىز شۇ چاقىچە مېنىڭ ئۈستۈمدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلدىڭىز! قارا چاپانچى، دەپ دارنىڭ ئاستىغىچە ئېلىپ باردىڭىز، مۇسۇلمانقۇلنىڭ قولىغا تاپ شۇردىڭىز، بۇ ئىشلىرىڭىز پايدىسىز بولۇپ چىققاندىن كېيىن، نامىمدىن تالاقنامە يېزىپ، ئىككى يىلغىچە رەپىقەمدىن ئايرىلىپ تۇرۇشۇمغا مۇۋەپپەق بولدىڭىز، بۇ ئارىدا گۇناسىز بىر يىگىتنىمۇ ئۆلتۈردىڭىز. ئاخىرى ئوغرىلىق يولىغا چۈشۈپ ئىككى يىگىتىڭىز-نىمۇ مېنىڭ قولۇمدا ھالاك قىلدىڭىز... ئەمدى ماڭا جاۋاپ بېرىڭچۇ: بۇ قىلغان يامانلىقلىرىڭىزدا سىز ھەقلىقمىدىڭىز؟

— ھەقلىق ئىدىم! — دېدى ھامىد ۋە شىلتىپ خەنجەرلىك قولىنى بوشاتتى - دە، ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇ قولىنى بوشىتىشى بىلەنلا ئاتابېك ئۇنىڭ ئىشىنى توغرىلىغان، يەنى ھامىدنىڭ قارنىنى شىرىلدىتىپ بوسۇۋەتكەن ئىدى. ھامىد ھالسىزلىنىپ ياتقاندا، ئۇنى بەش قەدەم نېرىسىدىن كۆزىتىپ تىك تۇرغان ئاتابېك زەھەرخەندە بىلەن "ھەقلىقمىدىڭىز؟" دەپ سورىدى. "ھەقلىق ئىدىم!" دېدى ھامىد كۈچىنىپ ۋە قولىدىكى خەنجىرىنى ئاتابېككە ئاتتى، خەنجەر ئاتابېكنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتى... ئاتابېك "قۇشخانا" ئورنىدىن ئىشىككە قاراپ قوزغالغان ئىدى، ھامىدتىن بەش - ئالتە قەدەم نېرىدا ياتقان سادىقنىڭ "ھىم - ىم" دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاتابېكنىڭ كوڭلى ئالىلىقاندا ق بولغان ھالدا مەيداندىن چىقتى...

## 16

# ئۆزىنى تونۇتۇش

ئەتىسى پۈتۈن مەرغىلان دىگۈدەك مەلىكبايىنىڭ مەيدانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەگە ناھايىتى ھەيران ئىدى:

— مۇتەل بىلەن سادىق بولسا شەھەرنىڭ تام تېشىدىغان يىگىتلىرىدىن، ئۇلار قوتىدارنىڭكىگە ئوغىرىلىق ئۈچۈن بارغان بولسا بارغاندۇر... بىراق شەھەرنىڭ چوڭ بايلىرىدىن ھىساپلانغان ھامىدنىڭ ئىشى قىزىق! خەيرى، ھامىدنىڭ ئوغىرلىق ھۈنىرىمۇ بار بولسۇن، ئۇلارنى كىم ئۇلتۇزگەندۇ؟ قوتىدار بولسا ئەتىگەندە ئۆيىقىدىن تۇرۇپ، بۇ ئەھۋالنى بىلىپتۇ، بەكمۇ ئاجايىپ ئىش!...

كۈن چاشكاغا يەتكەندە ئاتابېك ساراي دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سول قولىنى داكا بىلەن ئوراپ باغلىغان ۋە كوكرىگىگە كوتىرىپ تۇتقان ئىدى. كېچە ھامىد خەنجەرلىك قولىنى شىلتىپ تارتقاندا، خەنجەر ئۇنىڭ باش بارمىقى ئارىسىنى سوڭەككە يەتكىچە كېسىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىشىدىمۇ بىر ئاز ئاقساقلىنىش سېزىلەتتى.

سارايدىن خېلى يىراقلاشقان ئىدى، ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان رەھمەتنى كوردى ۋە ئىلاجىسىز سورىشىشقا توغرا كەلدى.

— ھە، موللا رەھمەت، سالامەتمۇ سىز؟

رەھمەت ئالدىراپقىنا ئاتابېك بىلەن كورۇشتى:

— قاچان كەلدىڭىز، بەگ ئاكا؟

— كەلگىنىمگە بىر - ئىككى كۈن بولدى... نىمىشقا خاپا كورۇنىسىز، موللا رەھمەت؟...— رەھمەت ئۇھلىۋالدى:

— ھەي بەگ ئاكا، بىزنىڭ باشقا چۈشكەننى دۈشمىنىڭىزگىمۇ كۆرسەتمىسۇن!

ئاتابېك ئەجەپلىنىش تۈسىنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— نېمە بولدى، ئۆي ئىچىڭىز بىلەن سالامەتمۇ سىز؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، بۈلتۈر ئاتام مەرھۇم بولغان ئىدى، بۈگۈن يەنە بېشىمىزغا ئۆلۈم چۈشىدىغان بولۇپ قالدى، تاغام ھامىدنىڭ كىمدۇر بىرسى ئۈچەي - قارنىنى چۇۋۇپ كېتىپتۇ!

ئاتابېك كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن بولدى:

— نەدە، كىم، يارىسى قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟

رەھمەت ۋەقە قەيەردە بولغانلىغىنى سۆزلەپ تۇرمىدى:

— يارىسى يامان، ھوشسىز ھالدا ھىققىلاپ يېتىپتۇ، قارنىنى تىكتۇرمەكچى بولۇۋىدىم، جەرراھ بولمايدۇ دېدى.

— پىچاق ئۇرغۇچىنى ئېيتامدۇ؟

— تىل بولسا ئېيتىدۇ - دە، — دېدى رەھمەت، — يىقىلىپ ياتقان جايىدا يەنە ئىككى يىگىتنىڭ ئۆلۈكى بار ئىكەن... شۇلاردىن پىچاق يېگەنمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

— خۇدا شىپا بەرسۇن! — دېدى ئاتابېك. ئايرىلىشتى.

ئاتابېك ئۇستا ئالىمنىڭ كوچىسىغا بۇرۇلغاندىن كېيىن، سادىقنىڭ ئىشىگىدە ئۈچ - تۆت بەل باغلىغان كىشىلەرنىڭ تاۋۇت ياساۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تىنچسىزلىنىپ كەتتى. ئۇستا ئالىمنىڭ يولىگىغا كىرىۋېتىپ، جەننەت ئاچا بىلەن يەنە بىر خوتۇننىڭ يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلىدى.

جىنازىغا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئاپتۇۋا يېنىغا ئولتۇرغان ئۇستا ئالىم تاشكەنتكە كېتىپ قالغان شاگىرتىنىڭ ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتمەيلا يېنىپ كېلىشىگە ئەجەپلەنگەن ئىدى

— كېلىڭ، كېلىڭ شاگىرتىم... تاشكەنتكە كەتمەكچى بولۇۋىدىڭىز؟!

ئاتابېك ئايۋاننىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇۋېتىپ كۈلدى:

— تاشكەنتكە بېرىپ كەلدىم...

ئۇستا ئالىم ئۇنىڭ چاخچىقىنى پەملىدى - دە، تاھارەت ئېلىۋېتىپ قىزىق ۋەقەدىن سوز ئاچتى:

— مەرغىلاندىن كەتمىگەن بولسىڭىز، ئوزىڭىزمۇ ئاڭلىغاندۇرسىز، شاكىرىبېك، سىز بىلەن ماڭا تەرجىمھالى مەلۇم بولغان ھامىد بىلەن سادىقنى ۋە يەنە مۇتەل دىگەن بىر يىگىتنى مىرزاكەرىم ئاكىنىڭ ھويلىسىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. يامانلار ئوز جاجىسىنى تېپىپتۇ!

— ئاڭلىدىم، — دىدى ئاتابېك ۋە يەنە كۈلۈپ قويدى.

ئۇستا ئالىم ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىگە ئېتىۋار قىلمىغان بولۇپ، سوزىنى داۋام قىلىپ سورىدى:

— سىز بۇلارنى كىم ئولتۇرگەن، دەپ ئويلايسىز؟

— سىز - چۇ؟ — دىدى ئاتابېك ۋە يەنە ھەجىبىپ قويدى.

— مېنىڭچە، — دىدى ئۇستا ئالىم، — ئولتۇرگۇچى ئەلۋەتتە، مىرزاكەرىم ئاكىنىڭ كۇيوغلى ئاتابېك بولسا كېرەك... راسا ئىش قىلىپتۇ - دە، مەن ئۇنىڭغا قايىلمەن! مەن ئۇنىڭ ئوتەبباي قۇشبېگىگە قىلغان مۇئامىلىسىنى ئاڭلاپ، يۇرىگىگە بارىكاللا دىگەن ئىدىم... راسا يىگىت ئىكەن - دە!

ئاتابېك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. ئۇستا ئالىم يۇز - قولىنى ئېرتىپ ئاتابېكنىڭ قولىنى ئېلىپ كورۇشمەكچى بولغان ئىدى، كوزى ئورالغان داكىغا چۈشتى:

— قولىڭىزغا نىمە بولدى، شاكىرىبېك؟

— پىچاق كېسىپ كەتتى..

— يامان كەستىمۇ؟

— سەل.

ئۇستا ئالىم ئاتابېكنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ۋە:

— نىمشقا تاشكەنتكە كەتمىدىڭىز، بىرەر سەۋەپ چىقىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سەۋەپ چىقىپ قالدى...

— قانداق سەۋەپ؟ — دىدى ئۇستا.

— سەۋەبمۇ، — دېدى ئاتابېك ۋە كۈلۈمسىرەپ، — مەن سىزگە بىر چوڭ گۇنا قىلىپ كەتكەن ئىدىم... يولدا كېتىۋېتىپ گۇنايىمدىن ئۆكۈنىدۇم ـ دە، سىزگە تۆۋا قىلىشقا قوقاندىن قايتتىم... ئەگەر سىز گۇنايىمنى كەچۈرسىڭىز، مەن شۇ مىنۇتتىلا تاشكەنتكە ماڭىمەن.

ئۇستا ئالىم ئەجەپلىنىپ ئاتابېككە قارىدى:

— چاخچاق قىلىۋاتىمسىز...

— چاخچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئەگەر سىز كەچۈرىدىغان بولسىڭىز، گۇنايىمغىمۇ ھازىر ئىقرار بولىمەن!

ئۇستا ئالىم كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— قېنى ئىقرار بولۇڭا، بولمىسا.

— ئالدىن كەچۈرۈشكە ۋەدە بېرىپ قويۇڭ.

— مېنى دېسىڭىز سىزنىڭ ھېچ گۇنايىڭىز يوق... ماڭا نامەلۇم گۇنايىڭىز بولسا كەچۈردۈم.

— رەھمەت، — دېدى ئاتابېك ۋە سورىدى، — مەن كىم؟

— سىزمۇ، سىز شاكىربېك!

ئاتابېك ئۇزا ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— ئەنە ئۇستا، مېنىڭ ھەممە گۇنايىم سىزنىڭ شۇ كۈنگىچە مېنى شاكىربېك، دەپ بىلىشىڭىزدىلا!

— بولمىسا، سىز كىم؟

— گۇنايىمنى كەچۈردىڭىز ـ ھە؟

— كەچۈرگەنتىم.

— مەن سىز بىلگەن شاكىربېك ئەمەس، تاشكەنتلىك يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى ۋە مەرغىلانلىق مىرزاكەرىم ئاكىنىڭ كۈيوغلى — ئاتابېك!

ئۇستا ئالىم بىر ئاز كەينىگە داجىدى ۋە كۆزىگە جىق ياش ئالدى.

— سىز ـ ھە؟ — دېدى، كېلىپ ئاتابېكنى قۇچاقلىدى... بۇ پەۋقۇلئاددە ھالغا چۈشىنەلمەي قالغان سەيپى ئىشنى توخـ

تىتىپ دۇكاندىن قاراپ تۇراتتى. ئۇستا يىغلىغان هالدا ئاتابېكـ نى قۇچاقلاپ سويدى - دە، ئايۋانغا كورپە سېلىشقا باشلىدى.

— نىمە قىلماقچى بولىۋاتسىز، ئۇستا؟ — دەپ سورىدى ئاتابېك.

— مەن... ئۆزەمنىڭ يېڭى مېهمىنىمنى كورپىگە ئولتۇرغۇزماقچى بولىۋاتىمەن، — دىدى كۈلۈپ ئالىم.

— مەن سىزنىڭ كورپىڭىزدە كوپ ئولتۇرغانمەن، ئەمدى ماڭا ئارتۇقچە تەكەللۇپىڭىزنىڭ هاجىتى يوق.

— ناتوغرا ئېيتىسىز، ئاتابېك، بۇ كۈنكىچە مېنىڭ كورپەمدە ئولتۇرۇپ يۈرگەن شاكىرىبېك ئاتلىق بىر يىگىت ئىدى، ئەمدى مەن ئۆزەمنىڭ يېڭى مېهمىنىم بولغان ئاتابېكنى قەدىرلىمەكچى بولىمەن، قېنى، ئاتابېك كورپىگە چىقىڭ!

ئاتابېك ئۇستىنىڭ لەتىپىسىگە كۈلدى - دە، كورپىگە چىقىپ ئولتۇردى ۋە بۇ ۋاقىت جەننەت ئاچىنىڭ "شېهىت ئۆلگەن بالام" دەپ يىغلىغان تاۋۇشى ئاڭلاندى - دە، ئاتابېك گۇناكار بىر يۈز بىلەن ئۇستا ئالىمغا قارىدى. ئۇ بولسا ئاتابېكنىڭ بۇ قارىشىدىكى مەنىنى سەزگەن ئىدى:

— ئەجەپ قىلىپسىز ئاتابېك، — دىدى ئۇستا، — يامانلارنىڭ جاجىسى شۇنداق بولىدۇ... يېنىڭىزدا ئادەملىرىڭىز بارمىدى؟

— يوق.

— ئۈچ دۈشمەنگە قارشى يالغۇز ئۆزىڭىزما؟

ئۇستا ئالىم ئاتابېككە چۈشىنەلمەي قاراپ تۇرۇپ سورىدى.

— يالغۇز ئۆزەم! خۇدا يامانغا جازا بېرىدىغان بولسا، شۇنداق بولىدىكەن.

ئۇستا ئالىم پۈتۈنلەي هەيران بولۇپ قالغان ئىدى:

— سۇبهانئاللا! ئاجايىپ يۈرىكىڭىز بار ئىكەن، ئاتابېك! قو-سىڭىزدىن باشقا يېرىڭىزدە جاراهەت يوقمۇ؟

— يوق، بېقىنىمغا بىر ئاز خەنجەر ئۇچى تېگىپ ئوتكەن بولسىۋ، ئەهمىيەتسىز.

— خۇداغا شۈكرى، ئاتابېك! سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزدىن

قېيناتىڭىزنىڭ خەۋىرى بارمىدى؟

— يوق ئىدى. بۇ ئىشنى ھازىرغىچە بىر ئۆزەم ۋە بىر خۇدا بىلىدى. ئەمدى بۇ سىرنى بىلگۈچىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى سىز بولدىڭىز!

— ئەستاغپىرۇللا! — دەپ قويدى ئۇستا ئالىم، — رەقىبىڭىز ھامىدنى بىرىنچى قېتىم ئۇستا فەرفى ئارقىلىق تونۇغانمىدىڭىز؟

— بىرىنچى قېتىم تونۇشۇم، — ئۇھ تارتىپ قويۇپ دىدى ئاتابېك، — بۇنىڭغىمۇ سىز بىلەن بولغان دوستلۇغۇم ياردەم بەرگەنلىكتىن، سىزگە مىننەتدارلىق قىلىشتىن ئاجىزمەن!

— سىزنىڭ ئەقىل ئىشەنمىگۈدەك قەھرىمانلىغىڭىزغا يۈرىگىم قېنىدىن چىقىش دەرىجىسىگە يەتتى، ئاتابېك! ھامىدنىڭ بۇ كېيىنكى پىلانىنى نەدىن بىلدىڭىز؟

ئاتابېك كۈلدى:

— خۇداغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، مېنىڭ تارتقان ئاھلىرىمنى بوشقا چىقارماي، كۈتمىگەن يەردىن سىرنى بىلدۈردى. مەن سىزگە ھىكايەمنى بېشىدىن سۆزلەپ بېرەيمۇ ۋە ياكى ھامىدنىڭ پىلانىنى بىلىشنىمۇ؟

— بېشىدىن سۆزلەڭ، ئاتابېك! — دىدى ھودۇقۇپ ئۇستا ئالىم ۋە ئىش توقۇش بىلەن مەشغۇل بولغان سەيپىنى سەۋزە توغراشقا بۇيرۇدى.

ئۇستا ئالىمنىڭ ھىكايە ئاڭلاش ئۈچۈن تەييارلانغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاتابېك دىدى:

— تاھارەتنىڭ سەۋىۋى يادىڭىزدىن كۆتىرىلدى. ئەتىمالىم!

— كۆتىرىلگىنى يوق، ئاتابېك، يامانىنىڭ جىنازىسىدىن، ياخشىنىڭ ھىكايىسى پايدىلىقراق كۆرۈنىدۇ. قېنى سۆزنى باشلاڭ!

ئاتابېك ئۆزىنىڭ ھەقىقى دوستىغا بىرىنچى قېتىم مەرغىلانغا كېلىشىدىن تارتىپ ھىكايىسىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەنلىرى بىر سائەتلىك ۋاقىتتا سۆزلۈپ، سەيپى ئاشنى ئۇسۇپ كەلگەندە يولدا ئۇچراشقان رەھمەت

بىلەن ھېكايىسىنى تۈگەتتى. ئۇستا ئالىم ئاتابېكنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ دەيتتى:

— سىزدە چىن يۈرەك بار ئىكەن، دوستۇم! بۇ يۈرىكىڭىز بىلەن ھېچقاچان دەرت كۆرمەيسىز، ئاتابېك! ئەمما مېنىڭدىن ھەقىقى ئىسمىڭىزنى يوشۇرۇپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئەيىپلىيەلمەيمەن. بىراق جۈمە كۈنى كېچىسى ھامىدنىڭ ئۆيىدىن مېنىڭ ھويلامغا كىرىپمۇ، ماڭا ئۆزىڭىزنى بىلدۈرمەي كەتكىنىڭىزگە خاپا بولىمەن، خۇدا كۆرسەتمىسۇن بىرەر پالاكەت يۈز بەرسە، نېمە بولاتتى؟

ئاشتىن كېيىن ئۇستام ئالىم مۇنداق پاتىھە ئوقۇدى:

— دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ يوق بولغىنى راست بولسۇن، سۆيگىنىڭىز بىلەن ئەمدى بەختلىك ياشاڭ!

ئاتابېك تەشەككۈر ئېيتتى، يەنە بىرئاز چاي ئىچىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئاتابېك دەپتىرىدىن ئىككى خەت چىقىرىپ دېدى:

— سىزگە ئېغىر كەلمىسە، بىر خىزمەت تاپشۇرماقچىمەن، ئۇستا!

— تاپشۇرۇڭ!

ئاتابېك قولىدىكى خەتلەرنى ئۇزىتىپ:

— مەن شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا تاشكەنتكە مېڭىشقا مەجبۇرمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بۇ خەتلەرنى قېيىناتامغا ئۆز قولىڭىز بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىڭ.

ئۇستا ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە چۈشەنمەي قالدى:

— نېمىشقا ئەمدى تاشكەنتكە ماڭىسىز، ئۆزىڭىز...

— ئۆزەمگە مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى... ئىككى تەرەپكىمۇ ئوڭايسىز. مەن ھازىر كېتىشكە مەجبۇرمەن، بەلكى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنەرسىز.

— چۈشەندىم، — دېدى ئۇستا ۋە گەپ-سۆز بېسىلغىنىدىن كېيىن كەلمەكچىمۇسىز.

— بەلكى... — دەپ توختىدى ئاتابېك، — خەتلەرنىڭ

بىرسى قېيناتامغا، ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا، — دېدى.
— ماقۇل.
— قېيناتامغا يازغىنىم قىسقا بولغىنى ئۈچۈن، سىز ئۇنىڭغا مېنىڭدىن ئاڭلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ قاندۇرارسىز. قۇتىدار بىلەن ئىشىڭىزنى تۈگىتىپ قايتىشىڭىزدا ئۇنىڭ خېتىنى بېرەرسىز، ماقۇلمۇ؟
— ماقۇل.
— ئۇچراشقىنىڭىز توغرىسىدا ماڭا مەلۇمات يازسىڭىز، يەنىمۇ مىننەتدار قىلاتتىڭىز...
— جېنىم بىلەن.
شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكىنىدىن كېيىن، ۋىدالاشتى.
ئاتابېك ئىشىكتىن چىققاندا سادىقنى كۆمۈپ كەلگەن كىشىلەر قۇرئان ئوقۇشۇپ تارقالماقتا ئىدى.

## 17

## خەيرىخاھ قاتىل

مىرشەپلار تەرىپىدىن قۇربېشى مەھكىمىسىگە سوراققا ئېلىپ كېتىلگەن قۇتىدار قايتىپ يولەككە كىرىشى بىلەن مىڭ خىل تەشۋىشتە ئولتۇرغان ئاپتاپ ئايىم بىلەن كۈمۈشكە باشقىدىن جان كىرگەندەك بولدى. كۈمۈش ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قانات چىقارغان قۇشتەك يۈگۈرۈپ، ئۇنىڭ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:
— سىزگە زەرەر بېرىشمىدىمۇ، ئاتىجان؟
— يوق، قىزىم.
ئاپتاپ ئايىم ئېرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىشى بىلەن خوجا باھا-ۋىددىن يولىغا ئورۇپ قويغان يەتتە تەڭگە پۇلىنى تويىبېكىگە

بېرىپ، دەررۇ ئىشانىنىڭكىگە ئەۋەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئېر-
دىن سورىدى:
— سىزگە ئەيىپ قويالمىدىمۇ؟
— خۇداغا شۈكرى، ئاقلاندىم، — دېدى قۇتىدار، — راس-
تىنىمۇ ئۇزدىمىزمۇ بۇ ۋەقەنى ئۇيقۇدىن تۇرۇپ بايقىغان تۇرساق
مېنىڭدە قانداق ئەيىپ بولسۇن. ئۆيىمىزنىڭ تېگىنى يامانلار
تەشكەن بولسىمۇ، ئەمما كىشى پاتماسلىقى مېنى ئاققا چىقاردى.
لېكىن كىشى سىغىدىغان بولۇپ تېشىلگەندىمۇ، مېنى ئەيىپلىيەل-
مەيتتى، ياخشى نىيەت بىلەن تەشكەن بولۇپ، مېلىمىز ۋە جې-
نىمىزنى قەستلىگەنلىكلىرى مەلۇم ئىدى. مۇبادا، قاتىل مەن
بولۇپ كۆرۈنگىنىمدىمۇ، مېلىم ۋە جېنىمنى قوغداپ ئوغرىلارنى
ئۆلتۈرسەممۇ يەنە مەن گۇناكار بولمايتتىم. ھەرھالدا بۇ پاجە-
ئەگە زەرەرسىز بولۇپ ئۆتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا تائالاغا
قانچىلىك شۈكرى قىلساق ئەرزىيدۇ، — دېدى ۋە ئايۋانغا
چىقىپ تەنچىگە ئۆلتۈرغاندىن كېيىن، كۈمۈشتىن سورىدى، —
موماڭ كەلمىدىمۇ؟
ئاپتاپ ئايىم جاۋاپ بەردى:
— قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، — ۋە سورىدى، — كىملەر
ئۆلتۈرۈپ كەتكىنىنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟
قۇتىدار ئەجەپلىنىپ خوتۇنىغا قارىدى:
— قىزىق سۆزلەيسەن - ھە! — بۇ ئىشقا پۈتۈن شەھەر
ھەيران. قىلنى قىرىققا يارىدىغان دانالارمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ...
ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمگە كېلىدىغىنى شۇكى، بىزنىڭ مېلىمىزغا
كۆز ئالايتۇرغان ئوغرىلار بەش - ئالتە كىشى بولۇپ، ئۆيىنى
تېشىۋاتقاندا بىر - بىرلىرى بىلەن كېلىشەلمەستىن، ئۆزئارا پىچاق-
لىشىپ كەتمىدىمىكىن؟
كۈمۈش ئاتىسىنىڭ بۇ كەشپىگە قارشى چىقتى.
— بۇ سۆزىڭىز توغرا ئەمەس، ئاتا، — دېدى.
— نېمىشقا توغرا ئەمەس؟

— ئەمما دېگەندە، بىر - بىرسىنى ئۆلتۈرۈشۈپ، بىزگە زەرەر يەتكۈزمەستىن قۇرۇقلا كېتىشمەيتتى.

— تاڭ ئېتىپ قالغاندۇر، ياكى ئۇلار مۇ ھالىدىن كېتىشكەندۇر، — دەپ جاۋاپ بەردى قۇتىدار.

— بۇ ئارىدا ھامىد نىمە قىلىپ يۈرۈپتۇ، ئۇزىچە تۇزۇككىنە باي كىشى ئەمەسمىدى؟ — دېدى ئاپتاپ ئايىم، بۇ چاغدا كۈمۈش ئاستاغىنا ئانىسىغا قارىۋالغان ئىدى.

— ھامىدنىڭ نىيىتى بۇزۇق بىر يىگىت ئىدى، — دەپ جاۋاپ بەردى قۇتىدار، — ئېھتىمال، ئۇنىڭ تاپقان دۆلىتى ئوغرىلىقتىندۇر، كىشىنىڭ دۆلىتىگە قاراپ ھوكۇم يۈرگۈزۈش قىيىن.

— خۇدايىمدىن ئۆرگىلەيكى، — دېدى كۈمۈش ئەندىشىكىپ ۋە دەھشەتلىنىپ، — يامانلارنىڭ جاجىسىنى ئۆزى بەرگەن. ئوغرىلار تامنى تېشىپ ئالدىمغا چىققىنىدا مەن نىمە قىلالايتتىم؟ ئاھ ئاتىجان! مەن ئەجەلىمدىن بەش كۈن ئاۋال ئۆلەتتىم... قىزىڭىزدىن ئايرىلاتتىڭىز!... ئەگەر مىنى غەپلەت ئۇيقۇسى باسمىغىنىدا، بىر گەزچە كېلىدىغان تاەنى كەسكەندە ۋە بېشىمدىن تۇگۈلۈك ئېچىۋاتقاندا ھېچنەرسىنى سەزمەستىن ياتمىغان بولاتتىم!

ئاپتاپ ئايىم بېشىمنى چايقاپ:

— شۇنى دىگىنە، قىزىم! — دېدى.

قۇتىدار:

— خۇدانىڭ قانداق ھىكمەتلىرى باردۇ، شۇ كېچە - كۈندۈزلەردە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا قانلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى: مانا بۇگۈن نىكا دىگىنىمىزدە كامىلبېكنى ھامامىد ئۆلتۈرۈپ كېتىشتى، كېچە ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە بىر ئەمەس ئۈچ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. خۇدا ئاقىۋەتنى خەيرلىك قىلسۇن، ئەمدى!...

— ئىنشائاللا ئىشنىڭ ئاخىرى خەيرلىكتۇر، ئاتىجان، — دېدى كۈمۈش، — چۈنكى بىزنىڭ مىلىمىزغا كوز ئالايتۇرۇپ يامان نىيەت بىلەن ئۆيىمىزنىڭ كەينىنى تەشكۈچىلەرنى يەربىلەن

يەكسان قىلدۇرۇشى ئىستىقبالىمىزنىڭ خەيرلىك پاللىرىدىندۇر، ئاتىجان!

قۇتىدار:

— توغرا دەيسەن قىزىم، — دىدى.

كۇمۇش ئۆزىنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن داۋام قىلدى:

— بۇ قاتىل قىلىنغانلار كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ كەينىگە ياخشى نىيەت بىلەن كەلگۈچى كىشىلەر ئەمەس ۋە بۇلارنى توپىغا مىلاشتۇرغۇچىمۇ بىزگە خەيرىخاھ بولغان قاتىل ۋە ياكى قاتىللاردۇر... بىزگە مۇنچىلىك ياخشىلىق قىلغان كىشى كىم بولسىمۇ خۇدا ئۆمرىنى بەرسۇن! — دىدى.

قۇتىدار قىزىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

— بىزگە يامان نىيەت بىلەن قارىغانلار بولسا، خۇدا جاجىسىنى بېرىدۇ. بىزگە خەيرىخاھ بولغانلارنىڭمۇ خەيرلىك جاجىسىنى بېرەر! — دىدى.

كۇمۇش بىبى بۇ قورقۇنچلۇق ئۆيدە ياتالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنى ئۈچۈن، ئاپتاپ ئايىم تۆۋەنكىگە كۇمۇشنىڭ بۇيۇملىرىنى ئىككىنچى ئۆيگە توشۇتۇشقا باشلىدى. قۇتىدار بولسا پۈتۈن كۆڭلىنى مېھمانخانىسىغا كېلىپ، كېتىپ تۇرغان كۆڭۈل سورىغۇچى، ھال سورىغۇچى دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن ئاۋارە بولدى.

* * *

شامدىن كېيىن قۇتىدار ئەمدىلا مېھمانلاردىن بوشاپ ئىچكىرىگە كىرگەن ئىدى، مېھمانخانا يىغىشتۇرۇپ قالغان تۆۋەنكە قۇتىدارنىڭ يېنىغا كېلىپ دىدى:

— سىزنى بىر كىشى چاقىرىۋاتىدۇ.

— قانداق كىشى، تونۇدۇڭمۇ؟

— تونۇمىدىم.

قوتىدار خوشياقماستىن تاشقىرىغا چىقتى - دە، مېھمانخانىدا ئولتۇرغان تونۇش بولمىغان كىشى بىلەن سوغاقلا كۆرۈشۈپ، سورىدى:

— خىزمەت؟

ئۇستا ئالىم قوتىدارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويغىنىدىن كېيىن:

— رۇخسەتسىز مېھمانخانىڭىزغا كىرگىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈسىز، — دېدى.

— ئەيىبى يوق، موللا! — دېدى قوتىدار ۋە بىر بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇرۇشتى.

— يامانلارنىڭ سۈيقەستىدىن سالامەت قۇتۇلۇشىڭىز مۇبارەك بولسۇن!

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى قوتىدار، مېھمانخانىنى قاراڭغۇلاشىپ كەتكىنى ئۈچۈن ھويلا سۈپۈرۈپ يۈرگەن تويبىكىگە دەرىزىدىن تۇرۇپ بۇيرۇدى، — شام يېقىپ چىققىن، تويبىكە!

شام چىقىشىنى كۈتكەندەك ئۇستا ئالىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. قوتىدار "مېنىڭدە نىمە ئىشىڭ بار" دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن كۆز تاشلايتتى ۋە قىرائەت تىڭشاۋاتقان كىشىدەك ئولتۇرغان نامەلۇم كىشىدىن تەئەججۈپلەنەتتى. ئاخىرى شام كېلىپ تەكچىگە قوندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇستا ئالىم سۆكۈتتىن بېشىنى كۆتىرىپ قوتىدارغا قارىدى:

— مېنىڭدىن تەئەججۈپلەندىڭىز، — دېدى قوينىدىن مەكتۇپلەرنى چىقىرىپ، بىرىسىنى قوتىدارغا ئۇزاتتى، بۇ مەكتۇپ مېنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئەجەبلىنەرلىكتۇر! — دەپ كۈلدى.

قوتىدار خەتنىڭ ئۇنۋانىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇستا ئالىم ئېيتقاندەك تەئەججۈپ ئىچىدە خەتنى ئاچتى... ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ دەھشەت ۋە تەئەججۈپ ئىچىدە تاشتەك قېتىپ قالغان ئىدى... ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا ئۇستا ئالىم بولمىغاندا ئىدى، ئېھتىمال ئۇ قاچانغىچە قېتىپ قالاتتىكىن.

— جان ۋە ئائىلىڭىزنىڭ دۈشمىنى بولغان بىر بەدبەخت

ئەمدى ئۆز قىلمىشىنىڭ جاجىسىنى كوردى، بۇرادىرىم ئاتابېك ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى راسا باپلاپ بەردى، — دېدى ئۇستا ئالىم ۋە داۋام قىلدى، — شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ئىسىل ئائىلىڭىز دەھشەتلىك پاجىە دەۋرلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەمدى بەختلىك كۈنلەر ھارپىسىغا يەتتى. خەتنى ئوقۇپ سىز دەھشەتلىنىشىڭىز ئەمەس خوشال بولۇشىڭىز، دۈشمىنىڭىزنىڭ يۈزىنى تۆۋەن قىلىغىنى ئۈچۈن ھەقتائالاغا شۈكرى قىلىشىڭىز كېرەك!

قۇتىدار ھوشىنى يىغىپ ۋە ئۈھلاپ تىن ئالغىنىدىن كېيىن، ھاياجان ئىچىدە سورىدى:

— مەن بىلەن ئاتابېكنى قاماتتۇرغان ۋە دار ئاستىغىچە ئېلىپ بارغان ھامىدمۇ؟

— ھامىد!

— تالاق خېتىنى يازغۇچى ئاتابېك ئەمەسمۇ؟

— شەكسىز ۋە شۈبھىسىز. ئاتابېك مۇنداق گەپتىن خەۋەرسىز. ئۇنىڭ نامىدىن تالاق خېتى يازغۇچىمۇ شۇ بەدبەخت ھامىد.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇتىدار ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىسىگە يۈگۈردى، يېرىم يولدىلا تەنچىدە ئولتۇرغان ئاپپاق ئايىم بىلەن كۆرۈشكە:

— سىر ئېچىلدى! — دېدى.

ئىككىسىمۇ چاچراپ قۇتىدارغا قاراشتى، قۇتىدار ئايۋاندىن تۇرۇپ، قولىدىكى خەتنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ چىقتى:

موھتەرەم قېيناتىمىزغا!

"سىز بىلەن مېنى قاراڭغۇ زىندانلارغا چۈشۈرۈپ، دار ئاستىغىچە تارتقان، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەھشىيانە نىيىتىگە يېتەلمىگىنىدىن كېيىن، مېنىڭ قىلىمىدىن ساختا تالاق خېتىنى يېزىپ، دەرۋازا ئالدىدىن ھەيدەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە بىر گۇناسىزنى شېھىت قىلغان

هامد ئاتلىق بىر توگگۈزنى، ئاخىرى، ئىككى يىللىق سەرگەردانلىق ئاقىۋىتىدە، ياردەمچىلىرى بىلەن توپىغا مىلەشكە مۇۋەپپەق بولدۇم... سىزنىڭ شانلىق ھويلىڭىزنىڭ يېنىدا يۈز بەرگەن بۇ كۈرەش ئەلۋەتتە، سىزنى ۋە ئۆي ئىچىڭىز بىلەن يار ـ دوستلىرىڭىزنى خېلىلا تىنچسىزلىققا قويغان بولسا كېرەك. يامانلارنى سىزنىڭ ھويلىڭىزنىڭ كەينىدە رەپىقەم قەستىدە بولغان پەيتىدە ئۈچرىتىشقا توغرا كەلدى ۋە مەن بۇ ئىشقا مەجبۇر بولماي قالالمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، مېنى كەچۈرەرسىز دېگەن ئۈمىتتىمەن. پەقەت سىزنىڭ تىنچسىزلىنىشىڭىز ۋە پېقىرنىڭ ئىگىز ـ پەس سوزىلا بولمىسا، سىزگە باشقا زەرەر بولار، دەپ ئويلىمايمەن. سىزدىن بۇ ئۇلۇغ گۇنايىم ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ، ھەيدەلگەن ئوغلىڭىز — ئاتابېك يۈسۈپبېك ھاجى ئوغلى».

ئەمما قۇتىدار «ھەيدەلگەن» سوزىنى تاشلاپ ئوقۇدى. مەكتۇپ ئوقۇلۇپ تۈگىگەندە ئاپتاپ ئايىم، بولۇپمۇ، كۈمۈش قۇتىدارنىڭ بايىقى ھالىغا چۈشكەن ئىدى. كۈمۈشنىڭ بۇ مىنۇتتىكى ھالىنى قەلەم بىلەن سىزىپ كورسىتىش، ئەلۋەتتە، مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تىترەيتتى، كوكىرەتتى، تولغىناتتى... ھازىرقى ئەڭ كۈچلۈك ھاياجان ۋە ھىسسىياتنى، ھىسسىياتنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى بولغان ياش بىلەن توكەتتى.

قۇتىدار ئوزى تەرىپىدىنمۇ ئىزاھ بېرىپ چىقتى:

— مەن بىلەن ئاتابېكنى سولىتىپ دارنىڭ ئاستىغا ئەۋەتكەن، ئاتابېكنىڭ تىلىدىن ساختا تالاق خېتىنى يېزىپ بىر بىرىمىزدىن جۇدا قىلغان، كامىلبېكنى ئولتۇرگەن، ئويىمىزنىڭ كەينىنى تېشىپ، كۈمۈشنىڭ قەستىدە بولغان — ھەممىسىدىمۇ شۇ بەچچىغەر ھامىد ئىكەن... ئەمما بەدبەختنى ئىككى كىشىسى بىلەن توپىغا مىلەشتۈرۈپ كەتكەن كىشى ئاتابېك ئىكەن.

ئاپتاپ ئايىم تىترىگەن ئاۋۇش بىلەن:

— ئۆياتسىز ھامىد! — دېدى.

كۆمۈش بىبى:

— بىچارە بېگىم! — دەپ قويدى.

ئۆچىلىسىمۇ يۈرەكنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن خېلىغىچە جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ئۇزى ئامانمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئاخىرى كۆمۈش.

— خېتىگە قارىغاندا ساق، — دېدى قۇتىدار.

ئاپىتاپ ئايىم سورىدى:

— ئۇزى قەيەردىكەن، خەتنى سىزگە كىم بەردى؟

بۇ سوئالدىن قۇتىدارنىڭ ئېسىگە مېھمانخانىدا ئولتۇرغان ئۇستا ئالىم چۈشكەن ئىدى. ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، خوتۇنىغا جاۋاپ بەرمەستىن تاشقىرىسىغا چىقتى. ئۇستا ئالىمنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرغاندا، مېھمانخانىنىڭ يۇقۇرقى دەرىزىسى ئاستىدا ئاپىتاپ ئايىم بىلەن كۆمۈش خەت كەلتۈرگەن كىشىنىڭ سوزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كېلىپ توختىغان ئىدى.

قۇتىدار ئۇزى سورىدى:

— كەلتۈرگەن خەۋىرىڭىزنىڭ تەسىرىدىن سىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن...

— مەن بۇنى بايقىدىم، — دېدى ئۇستا ئالىم كۈلۈپ، — شۇ يوسۇندا مەككار ھامىدنىڭ ئىبلىسلارچە ھىلىسى بىر ئائىلىنى پۈتۈنلەي ئىشتىن چىقىرىۋەتكەنلىكى، بۇ توغرىدا بولۇپمۇ سىزگە سوزلەش ئارتۇقچىدۇر. ئەمما شىر يۈرەكلىك ئاتابېكىمۇ بەدبەختنى شۇنداق يەنچىپ تاشلىدىكى، بۇ ناھايىتى ئازلا كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشتۇر!

— ئوغرىلارنى ئولتۇرگەندە ئاتابېكنىڭ يېنىدا نەچچە كىشى بولغان؟ — دەپ سورىدى قۇتىدار.

ئۇستا كۈلدى.

— ئاتابېكنىڭ تەنھا ئۇزى! — دېدى.

— ئۈچ كىشىگە تەنھا ئۇزى! — قۇتىدار ئىشەنمىدى.

— ئەزىمەتنىڭ يالغۇز ئۆزى! — دەپ ئۇستا ئالىم ئاۋالقى سۆزىنى تەكرارلىدى.

— ئەستاغپىرۇللا... نېمىشقا بۇ توغرىدا خەۋەر بەرمىگەندىكىن؟

— سىزگە خەۋەر بېرىپ ئولتۇرۇشنى يىگىت نامىغا ئەيىپ كورمەي، ھەتتا، ماڭىمۇ بىر نەرسە سەزدۈرمىگەن. مەن تېخى بۇ خاتاسى ئۈچۈن ئەيىپلىسەم: "مەن ئۆزەمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم بىلەن تەنھا كۆرۈشۈپ يا جان بېرىشكە ۋە ياكى جان ئېلىشقا قارار قىلغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىمگىمۇ بىلدۈرمىدىم" دەيدۇ.

قۇتىدار بىر تەرەپتىن دەھشەتكە چۈشسە، ئىككىنچى جەھەتتىن ئاتابېكنىڭ قورقماس يۈرىكىگە ھەيران قالاتتى.

— ئۆزى جاراھەتلەنگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى قۇتىدار.

— بېقىنى بىلەن قولىدىن يارىلانغان بولسىمۇ، زەرەرسىز.

ئۇستا ئالىم قۇتىدارنىڭ بەزىبىر ئىتىرازلىرىغا قارشى، ئاتابېكنىڭ قۇتىدار تەرىپىدىن قوغلانغىنىدىن تارتىپ، شۇنىڭدىن بېرى مەرغىلانغا يەتتە - سەككىز مەرتىۋە كېلىپ كەتكىنىنى، ھەر بىر كېلىشىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشكىنىنى ۋە قېلىن دوست بولۇپ ئالغانلىرىنى، شۇنداق بولسىمۇ ئاتابېكنىڭ ئۆزىدىن ھەقىقىي ئىسمىنى يوشۇرۇپ يۈرگىنىنى، جۈمە كۈنى ئۇستا فەرفدىن بىرىنچى مەرتىۋە ئۆز رەقىبىنى تونۇشىنى، ئاخىرى بۈگۈنلا ئۈنىڭغا ھەقىقىي ئىسمىنى ئېيتقىنىنى سۆزلەپ چىقتى.

— تالاق خېتى - غۇ ساختا ئىكەن، — دېدى قۇتىدار، نېمىشقا بىزنىڭكىگە بىر كېلىپلا باشقا كەلمىدىكىن؟

— چۈنكى ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، سىز ئۇنى ئېغىرراق تەرىقىدە دەرۋازىڭىزنىڭ يېنىدىن ھەيدىگەن ئىكەنسىز، — دەپ ئىزاھلىدى ئۇستا، — تاشكەنتتىن ئۆيلىنىشىدە سىزنىڭ قارشىلىق قىلماي، باش قوشۇشىڭىزنى پەقەت قىزىڭىزنى ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر ھىلە ئىكەن دەپ ئويلاپ، قايتىپ ئىشىكىڭىزگە ئاياق باسماپتۇ، ھەتتا خوتۇنىنى قازىغا

چاقىرغۇزۇش پىكرى بولسىمۇ، سىز بىلەن ئۇچرىشىشتىن قېچىپ، بۇ پىكرىدىن قايتقان، يەنى سىزنىڭ قىزىڭىز بولغىنى ئۈچۈن، سويگەن خوتۇنىدىنمۇ كېچىشكە قارار قىلغان!

قۇتىدار تېخىچە ئاتابېكنىڭ مىجەزىگە چۈشىنەلمىگەن ئىدى:

— مېنىڭدىن ئۇزى خاپا بولغان بولسا، ئارىغا كىشى قويسىمۇ بولاتتى.

— شۇنداق قىلسىمۇ بولاتتى، — دېدى كۈلۈپ ئۇستا ئالىم، — مەن تېخى ئۇنىڭدىن شۇنداق، دەپ سورىسام، "ئوزەمگە ئىشەنمىگەن كىشى، بىراۋنىڭ سوزىگە كىرەتتىمۇ، دەپ ئويلىدىم" دەيدۇ. كۈيوغلىڭىزنىڭ قىزىق مىجەزىنى شۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىلىپ ئالسىڭىز بولاتتى، شۇ چاققىچە ئاتا - ئانىلىرىمۇ بۇ پاجىەدىن خەۋەرسىز ئىكەن!

— قىزىق يىگىت، — دېدى قۇتىدار، — مەندىنمۇ چوڭ نادانلىق ئوتكەن!

— ھەممىسىمۇ تەقدىرنىڭ ئىشى، تاغا! بۇ ئارىدا سىز بىلەن مېنىڭ ھېچبىر ئىختىيارىمىز يوق.

— ئەلۋەتتە يوق، — دېدى قۇتىدار ۋە سورىدى، — ئۇزى سىزنىڭكىدىمۇ؟

— بۈگۈن پېشىندە تاشكەنتكە كېتىپ قالدى. قۇتىدار چۈشىنەلمىدى:

— نىمىشقا، نىمىشقا؟ — دەپ سورىدى.

— نىمىشقىلىغىنىڭ سەۋەبىنى مەنمۇ ياخشى چۈشىنەلمىدىم.

— قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىنى ئېيتقاندۇ؟

— بۇ ھەقتە سورىغان ئىدىم، مۇجمەلرەك جاۋاپ بەردى، — دېدى ئۇستا ۋە يېنىسىنى كولاپ خەتنى ئالدى، — بۇ خەت كەرىمىڭىزگە بولسا كېرەك. ئەمدى ماڭا رۇخسەت! — دېدى ۋە پاتىھە ئوقۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— مەن سىزگە داستىخان سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، قوزغالماڭ!

— رەھمەت، تاغا، ھازىرچە مېنى كەچۈرۈپ تۇرىسىز، ئەمما

ۋاقتى كەلگەندە چوڭراق زىياپەتنى ئۇنتۇمايسىز، — دەپ كۈلدى ئۇستا ئالىم. قۇتىدار ئۇنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

كۈمۈش بىبى **دە**رىزە كەينىدىن ھەممە گەپنى ئاڭلىۋالغان ۋە ھەسسىياتىنى مول - مول يىغلاپ ئۆتكۈزگەن ئىدى.

* * *

ئاپتاپ ئايىم كۈمۈش بىلەن باشلىشىپ ئىچكىرىگە كىرىۋېتىپ سورىدى.

ھامىدنىڭ يامانلىقىنى بىزگە ئۇلاشتۇرۇپ يۈرگەن پۇچۇق خوتۇننىڭ شۇملۇقى ئۆز بېشىغا يېتىپتۇ، ئۆلگەنلەرنىڭ بىرى شۇنىڭ ئوغلى ئىكەن، بىلدىڭمۇ؟

— ئۆلگىنىدىن ماڭا نىمە پايدا، — دىدى كۈمۈش. ئاپتاپ ئايىم قىزىغا ئەجەبلەنگەن ئىدى.

— پايدىسىنى كۆرۈپ تۇرىسەنغۇ، ئەمدى!

— پايدىسى تاشكەنتكە كېتىپ قالغىنىمۇ؟

— كېتىپ قالغان بولسا، يەنە بىر كۈنى كېلەر.

— كەلمەيدۇ، — دىدى ئوكسۈپ كۈمۈش، — ئۇنىڭ ھەممە ھەركىتى دۈشمىنىدىن ئوچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەن!

ئاپتاپ ئايىم كۈلدى:

— ئېرىڭ سېنى تاشلاپ كەتمەس. قورقما، قىزىم، — دىدى، — سېنىڭ بېشىڭغا تىكىلگەن بۇ بالالارنى ئۆزىنىڭ شىرىن جېنىدىن كېچىپ قايتۇرغان ئاتابېك، سېنى زادىلا ئۇنتۇماس، ساڭا يازغان خېتىنى ئاتاڭدىن ئېلىپ ئوقۇپ كۆرگىنە، ئاۋال.

كۈمۈش بىبى يىغىدىن قىزارغان كۆزىنى يوغان ئېچىپ سورىدى:

— ماڭا خەت يېزىپتىمۇ؟

— ھىلىقى كىشى ساڭا دەپ ئاتاڭغا بىر خەت بەردى - غۇ، بىلمىدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم، — دېدى، چۈنكى ئۇ، ئۇستا ئالىمنىڭ "مۇجمەل جاۋاپ بەردى" سوزىنى ئاڭلاپ، پۈتۈنلەي ئوزىنى ئۇنتۇپ، بېرىلگەن خەتنى بايقىماي قالغان ئىدى.

ئىككى يىلدىن بېرى سۈرىتىنى كوز ئالدىدىن كەتكۈزەلمىگەن ئاتابېكنىڭ يۈزىنى كورەلمەي، سوزىنى ئاڭلالماي يۈرسىمۇ، يازغان خېتىنى ئوقۇپ ئاڭلاش كۈمۈش ئۈچۈن چوڭ قىممەتكە لايىق ئىدى. ئاتىسىنىڭ يولەكتىن كىرىشى بىلەن كېلىشكەن كوكسى كۈچلۈك تىن ئېلىش بىلەن كوتىرىلىپ تاشلاندى - دە، گويا ئاتابېك بىلەن ئۇچرىشىدىغاندەك يۈرىگى ئويناشقا باشلىدى. قۇتىدار كېلىپ، تەنچىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوزىگە "ئامانەتنى تاپشۇرۇڭ" دېگەندەك قاراپ تۇرغان كۈمۈشكە خەتنى ئۇزاتتى:

— ساڭا خەت.

كۈمۈش بىبى ئۈيۈلۈپ - ئىززا تارتىپ تۇرمىدى ۋە كىمدىن دەپمۇ سوراپ ئولتۇرمىدى، دەررۇ تەكچىدە يېنىپ تۇرغان شامنىڭ يېنىغا بېرىپ خەتنى ئېچىشقا باشلىدى. شامنىڭ ئالدىدا قىزارغان چولپان كوزلىرى، ياش بىلەن سىنغان قايرىلما كىرپىكلىرى، ھىمىرىلگەن ئەگمە قارا قاشلىرى ئۇنى ئاللىقانداق بىر ھالغا قويغان ئىدى. قاش ئۇستىگە توزۇپ چۈشكەن چاچلىرىنى تۈزىتىپ خەتنى ئوقۇدى:

"ئاي يۈزلۈك رەپىقەم، قۇندۇز قاشلىق مەشۇقەم كۈمۈش خېنىمغا!

شەيتاننىڭ ئۇستىسى بولغان ھامىدنىڭ مېنىڭ نامىمدىن سىزگە يازغان تالاق خېتى بىلەن ماڭا قارشى يېنىپ كەتكەن يۈرىكىڭىزنىڭ نەپرەت ئوتى ئېھتىمال ئەمدى ئوچۈشكە باشلىغاندۇر. ساختا تالاق خېتىنى ئالغان ۋاقتىڭىزدا ماڭا خىتاپ قىلىپ يازغان پىكىرلىرىڭىزدىن ئېھتىمال ئەمدى قايتىۋاتىدىغاندۇرسىز... بۇ خەتنى يېزىۋېتىپ مۇھەببىتىڭىز بىلەن تولۇق بولغان يۈرـ

گىم مۇدھىش بىر ھەقىقەت ئېھتىمالىدىن يوپۇرماقتەك تىترەۋاتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ھەسرەتلىرىنىڭ، پەرياتلىرىنىڭ ئىپادىسىدىن ئادىشىۋاتىدۇ... سىزگە ئۇچۇقراق سۆزلەي، گۈزەل رەپىقەم: گويا مېنىڭ بۇ خېتىم سىزنىڭ كاملىبېك ئۈچۈن ھەسرەتلىك ياشلار توككەن، ئوتلۇق ئاھلار تارتقان چېغىڭىزدا يېتىپ بارار - دە، ئۇنتۇلغان، كونىرىغان بىر يۈرەكنىڭ ئەرزىنى تىڭشىماسسىز ۋە يېنىپ تۇرغان يۈرەك ئوتىڭىز بىلەن كۆيدۈرەرسىز...

ئەمما خېتىمنى ئوقۇمىسىڭىزمۇ ۋە مەرھۇمىڭىز ئۈچۈن تارتقان ئاھىڭىز ئوتىدا كۆيدۈرسىڭىزمۇ، مېنىڭ ئۈچۈن پەرقسىز. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى سىز مېنىڭ شەرتىمى خوتۇنۇمسىز — ياخشىلىق بىلەنمۇ ۋە يامانلىق بىلەنمۇ مەن بۇنى ئىسپات قىلىشقا تەييارمەن!

ئۆيىڭىزنىڭ كەينىدە قىلغان ئەدەپسىزلىكلىرىم، قانخورلۇقلىرىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ... چۈنكى مەن بۇ ۋەھشىلىكنى قىلىشتا ئىختىيارسىز ئىدىم... ئەلۋەتتە، مەن، مېنىڭ بۇ ياخشىلىقىم ئۈچۈن مىننەتدار بولارسىز، دەپ ئىشىنىمەن، لېكىن مەن بۇ مىننەتدارچىلىققا ئۆزەمنى لايىق ھىساپلىمايمەن.

مەن شۇ كۈن كېچىسى دۈشمەنلەردىن بىرىنى ئۆلتۈردۈم - دە، كېيىن خېلىلا زەئىپلەندىم. ئىككىنچى دۈشمەندىن يېڭىلىشىمنى ۋە كويىڭىزدا جان بېرىشىمنى ئېنىق بىلىپ راھەتلىنىپ كەتتىم... مېنىڭ ئۈچۈن كويىڭىزدا ۋە ئايىغىڭىز تېگىدە جان بېرىش ناھايىتى شېرىن ئىدى ۋە كۆپتىن بېرى قىلىپ يۈرگەن ئارزۇيۇم ئىدى. شۇ سەۋەپتىن يېقىنىراغىڭىزدا ئۆلۈش ئۈچۈن، ئۆلىدىغان بولسام ئاخىرقى مىنۇتىمدا يەنە بىر مەرتىۋە بويىڭىزنى ھىدلەپ ئۆلۈش ئۈچۈن دۈشمەن تەرىپىدىن

ئۆيىڭىزگە ئېچىلغان تۆگلۈككە كىردىم. كىردىم – دە،
سىزنىڭ بويىڭىزنى ھىدلىدىم، يېنىڭ تىن ئالغاندىكى چى-
رايلىق ئۇخلىغان تاۋۇشىڭىزنى ئاڭلىدىم... شۇ چاغ،
سۇبھاناللا... ئۆزەمدە كۈتۈلمىگەن بىر كۈچنى سەزدىم،
ئىككى ئەمەس، ئىككى يۈز دۈشمەنگىمۇ قارشى تۇرۇشقا
ئۆزەمدە قۇدرەت سەزدىم... مەن ئۆزەمگە بېغىشلانغان
كۈچ مەنبەسىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم – دە، مې-
نىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىش مەنبەسى ئۆي ئىچىدە ئۇخلاۋات-
قان بىر مەلەك ئىدى... سىز ئىدىڭىز!"
كۈمۈش بىبى خەتنىڭ بۇ جايىغا يەتكەندە قىزىرىپ، بىرئاز
ئوقۇشتىن توختىۋالدى ۋە داۋام قىلدى:
شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى دۈشمەننىڭ تۆگلۈكتىن
چىقماي تۇرۇپلا ئىشىنى تۈگەتتىم. بىزنىڭ پاجەمىز-
نىڭ ئەسلى سەۋەپچىسى بولغان ھامىدنى بولسا گويا قو-
لۇمدا مۇشۇككە ئوخشاش ئويۇن قىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ،
ئويناپ تۇرۇپ تىلىدىم...
يادىڭىزدا بارمۇ، مېنى دارنىڭ ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ،
ماڭا يېڭى ھايات بېغىشلىغىنىڭىز؟ بۇ كېچىسى ۋە بۇ
ئىككىنچى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغان ۋە ئىككىنچى قېتىم
ماڭا ھايات بېغىشلىغان يەنە سىز بولدىڭىز! شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، مىننەتدارلىق قىلغۇچى سىز ئەمەس، مەن بولۇش-
قا تېگىشلىكمەن!
سىزدىن ئەمەس، ئاتىڭىزدىن بىر خاپىچىلىقىم بار:
ساختا تالاق خېتىنى مېنىڭ ئۆز قولۇممۇ، باشقىمۇ ئاي-
رىيالمىغان. گۇمانىمچە بۇ ساختا خەت سىزگىمۇ كورسى-
تىلمىگەنگە ئوخشايدۇ، چۈنكى، بولۇپىمۇ، سىزنىڭ كوز
ئالدىڭىزدىن بۇ ھەقىقەت قۇتۇلالمايتتى... ھەر ھالدا
تەقدىرنىڭ بۇنچىلىك ئويۇنلىرى تۇرغان بىر زاماندا
بىز نىممۇ قىلالايتتۇق. بۇ توغرىدا مېنىڭدىنمۇ ئوتكەن

جايلىرى بار بولۇپ، سىزنىڭ بىرىنچى قېتىم ماڭا يازغان خېتىڭىزنىڭ مەنىسىدىن دەھشەتلىك سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان زامانغا كەلتۈرگۈچىنى سۈرۈشتۈرمەستىن جاۋاپ خېتى يېزىپ ئەۋەتكەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭمۇ، ئۆزەمنىڭمۇ ھامىدنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق بولۇشىمىزغا چوڭ يول ئاچقان ئىدىم.

بەزى ئېھتىماللارغا قارشى، سىز بىلەن كورۇشۇش ماڭا مۇيەسسەر بولمىدى. ئومرۇمدە بىرىنچى قېتىم كوڭۇل ئارزۇسىغا قارشى باردىم. چۈنكى، مېنىڭچە، ئارىدىكى قارا تىكەن سۇپۇرۇلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەمىشە مېنىڭ ئىدىڭىز. مەن تاشكەنتتە يۈرەرمەن، ئەمما كوز ئالدىمدا سىزنىڭ ھەيكىلىڭىز! ئەجەبا، بۇنىڭسىز ماڭا مۇمكىنمۇ؟!

زەۋجىڭىز ئاتابېك"

كۇمۇش بىبى خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتى - دە، يۈگۈرگىنىچە ئويىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىدىن مىرزاكەرىم قۇتىدار بىلەن ئاپتاپ ئايىم ئەجەبلىنىپ بىر بىرىگە قاراشقان ئىدى. كۇمۇش بىبى قولىدا ئىككىنچى بىر مەكتۇپ كوتەرگىنىچە ئويدىن چىقتى - دە، شامىنىڭ يېنىدا ئىككى خەتنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كوردى. بۇ خەت ھامىدنىڭ ئاتابېك نامىدىن قەلىپ يازغان تالاقنامىسى ئىدى. بۇ ئىككى خەت بىرىنچى قاراشتىلا، ئىككى كىشى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئوز ئاغزىلىرىدىن سوزلەپ تۇرۇشاتتى.

كۇمۇش بىبى ئىككى خەتنى قاتار تۇتۇپ ئاتىسىغا كورسەتتى:

— بۇلارغا قاراڭا، ئاتا! بىزنى قانچىلىك غەپلەت باسقان ئىكەن! — دىدى.

قۇتىدار قىزىنىڭ مەقسىدىگە چۈشىنىپ، ئىككى تۈرلۈك قولنى دەررۇ بايقىۋالدى:

— ۋىجدانىسىز، ئىبلىس، — دەپ قويدى.

كۆمۈش بىبى ئاتابېكنىڭ خېتىنى پۈكلەپ يانچۇغىغا سالدى-دە، ساختا خەتنى شامغا تۇتۇپ ياندۇرۇۋېتىپ، ئاتىسىدىن سورىدى:

— شۇ ۋەقەدىن كېيىن كۆيوغلىڭىز ئېنىق كەلگەنمىدى؟

— كەلگەن ئىدى، قىزىم.

— بىچارىنى نىمىشقا ھەيدىدىڭىز، نىمىشقا مېنى، ھېچبولمىسا ئانامنى بۇ كېلىشتىن خەۋەردار قىلمىدىڭىز؟

— مەن ئۇنىڭ كېلىشىنى باشقا گەپكە بۇراپ، سىلەرگە بىلدۈرمىگەن ئىدىم...

— قىزىڭىزنى تالاق قىلغان بىر كىشىنىڭ تاشكەنت دېگەن جايدىن ھويلىڭىزغا كېلىشى سىزگە غەلىتە تۇيۇلمىدىمۇ؟! — دەپ يەنە سورىدى كۆمۈش.

قۇتىدار خىجىل ۋە پۇشايمان ئارىلاش:

— غەم كەلسە، غەپلەت باسقىدەكمىش، قىزىم! — دەپ قويدى.

ئاپتاپ ئايىم بىلەن مىرزاكەرىم قۇتىدار ھامىدنىڭ ئىپلاس ئىشلىرىغا "تۇۋا - تۇۋا" دەپ نەپرەتلەنسە، ئاتابېكنىڭ پەۋقۇلئاددە يۈرىكىنى سوز ئارىسىدا "بەرىكەت تاپقۇر"، "ئومرى ئۇزاق بولسۇن!" بىلەن قارشى ئالاتتى. كۆمۈش بىبى بولسا پۈتۈنلەي باشقا قايغۇدا ئىدى. ئەر - خوتۇننىڭ سۆزلىرى ئاتابېكنىڭ تاشكەنتكە كېتىپ قېلىشى توغرىسىغا كېلىپ تاقالدى - دە، ئاپتاپ ئايىم كۆمۈشتىن سورىدى:

— ساڭا كېلىشىدىن ئېيتىپتىمۇ؟

كۆمۈش بىبى سىلكىنگەندەك نەزەر بىلەن ئۇلارغا قارىدى ۋە كەسكىن ئاھاڭدا جاۋاپ بەردى:

— ئېيتماپتۇ!

ئەر - خوتۇن مەنىلىك قىلىپ بىر بىرىگە قارىشىۋالغىنىدىن كېيىن، ئارىدا خېلىغىچە سۈكۈت باشلاندى. كۆمۈش ئاتىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن بىر - ئىككى قېتىم قارىۋالدى.

— كېلىپ قالسا ياخشى! — دېدى ئاخىرى قۇتىدار، — كەلمىسە، تاشكەنتكە ئۆزىمىز بارىمىز - دە! — دەپ خوتۇنىغا قارىدى.

بۇ گەپ ئاپتاپ ئايىمغا ياقمىغانلىقتىن يۈزىنى چەتكە بۇرىدى. ئەمما كۆمۈش ئاتىسىدىن رازى بولۇپ، ئاغىسىغا قارىدى.

— قىزىڭ قەيەردە بولسىمۇ ساق بولسۇن! — دېدى خوتۇنىغا قۇتىدار، — ئېرىگە تاپشۇرۇپ، سەن بىلەن مېنىڭ تىنچىقىنا دۇئا قىلىپ ئولتۇرغىنىمىز ماقۇلىراق ئوخشايدۇ!

— ئەمدى قىزىڭىزنىڭ كىم قالغىنى كۈندەش بالاسى ئىددىمۇ؟ — دېدى سەكرەپ ئاپتاپ ئايىم. قۇتىدار خوتۇنىغا كۈلۈپ قارىدى:

— ئېرى ياخشى بولسا، كۈندەش بالاسى دېگىنىڭ نېمىسى؟!

— ئېرى مىڭ ياخشى بولسۇن، بەرىبىر كۈندەش — كۈندەشلىكىنى قىلىۋېرىدۇ. مەشايىخلار بىلمەستىن "كۈندەش" دېيىشمىگەن.

قۇتىدار قىزىغا قاراپ كۈلدى ۋە خوتۇنىنى ئاۋۇتتى:

— دائىملىققا ئەمەس، قورقما!

— ماڭا دېسىڭىز بىر كۈنىمۇ كۆپ كۆرىمەن، كۈندەش بىلەن كەچۈرگەن كۈن كۈنمۇ!

— كۈيوغلۇڭنىڭ شۇنچىلىك جان كۆيدۈرگىنىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟

— نېمىشقا ئۇنتاي، — دېدى ئاپتاپ ئايىم، — كەلسۇن! مانا بېشىمدا كۆتىرەي، بالام بىر ئەمەس ئىككى. ئولتۇرسىڭىزمۇ، قىزىمنى كۈندەش ئۈستىگە ئەۋەتىشكە چىش - تىرنىقىم بىلەن قارشىمەن.

— بەش - ئالتە كۈنگە بولسىمۇ - ھە؟

— نەچچە كۈنگە؟

— ماڭا دېسەڭ بىر - ئىككى بالىلىق بولغىچە تۇرسۇن، دەيتتىم. سەن بۇنىڭغا ئۇنىمساڭ، بىر - ئىككى ئاي تۇرۇپ كەلسۇن، ھېچبولمىسا! بىر يىگىت قىزىڭنى دەپ ئىككى يىللاپ سەرگەردان بولغان تۇرسا، قىزىڭنى ئىككى ئايلىق كۈندەش ئازا-

ۋىدىن قاچۇرۇش ناھايىتى ئۇياتقۇ!

قۇتىدار "بىر - ئىككى بالىلىق" سوزىنى ئېيتقاندا كۇمۇش قىزىرىپ يەرگە قارىغان ئىدى. ئاپتاپ ئايىم ئېرىنىڭ كېيىنكى سوزى بىلەن خېلى بوشاشتى:

— بىر ئايدىن ئارتۇغىغا مەن رازى ئەمەسمەن، شۇنىڭدىمۇ كۇيوغلىمىزنىڭ ياخشىلىغى ئۇچۇن! — دېدى.

— ئەنە ئەمدى ئوزەڭگە كەلدىڭ، خوتۇن!

— ئوزەمگە كەلسەم - كەلمىسەم شەرتىم ھىلىقى، شۇنىڭدىمۇ ئوزەم بىللە بېرىپ كېلىمەن.

— ئەلۋەتتە، ئوزەڭ بىللە بارىسەن، قۇدىلىرىڭ بىلەن تونۇشۇشۇڭمۇ لازىم.

— قاچان ئەۋەتمەكچى بولىسىز ئەمدى؟ — دەپ سورىدى ئاپتاپ ئايىم.

قۇتىدار بىرئاز ئويلىۋالغىنىدىن كېيىن، كۇمۇشكە قاراپ جاۋاپ بەردى:

— ئاتابېكنىڭ كەيىندىنلا چېپىشىمىزمۇ ئانچە لايىق كورۇنمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىش كۇنى ھاۋا سەپىرىمۇ قولاي ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاردىن ئۇچ ئاي قىشنى ئوتكۇزۇپ بارارمىز، — دېدى. كۇمۇشنىڭ ئۇچ ئاي مۇددەتنى ئاڭلىغىنىدىن كېيىن، ناھايىتىمۇ تۇگۇلۇپ كەتكىنى ئۇچۇن بولسا كېرەك، — بەلكى ئوزىمۇ بىرەر ئايلاردا كېلىپ قالار، — دېگەن سوزىنلا قوشۇپ قويدى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

1

# مۇسۇلمانقۇل ئىستىبداتىغا خاتىمە

مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئاھالىگە قىلغان جەۋرى - زۇلمى ھەددىدىن تاشقىرى ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىستىبداتى ئۇزگە شەھەرلەرگە ئەپچىللىك سىزىلمەيتتى، ئەمما مەركەز — قوقان ئادەملىرىنى راسا تويدۇردى، ئۇنىڭ ئۇز كەيپىچە ئايدا ئەمەس، ھەپتىدە سېلىپ تۇرغان سېلىقلىرى پۇقرانىڭ تېرىسىنى شىلسا، ئەرزىمىگەن سەۋەپلەر بىلەن قاراچاپانلارنى ئاستۇرۇپ، كەستۇرۇپ تۇرۇشى ئەمەلدارلارنىمۇ ئېسەنكىرەتتى. نامىغىلا خان بولۇپ ئولتۇرغان خۇدايارمۇ، ئاستۇرۇش، كەستۇرۇش ۋە كەچۈرۇش ئۇز ئىختىيارىدا بولغان مۇسۇلمانقۇل مەيدانىدىن ئېلىنمىغىچە ئۇزىنىڭ قوچاق سۇپەت يۇرۇۋېرىشىنى چۇشەندى. كوپتىن بېرى ئۇنىڭغا يۇرىكىدە ئاداۋەت ساقلاپ كېلىپ، ئەمما قايسى تەرىقىدە نەجاتقا چىقىشىنى بىلمىدى، چۇنكى ئۇ يولىنىدىغان قوقان بەگلىرىنىڭ "مانا مەن" دىگەنلىرى مۇسۇلمانقۇل ۋە ئۇنىڭ كىشىلىرى تەرىپىدىن ئېسىلىپ، كېسىلگەن، قالغانلىرى ئاۋاز چىقىرىشقا ئاجىز ئىدى. شەھەر ئەتراپى ۋە يېزا بەگلىرىنىڭ كوپچىلىكى مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئۇز ئادەملىرىدىن بولۇپ، ئۇلاردىن بىر ئىش كۇتۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شەھەر خەلقىنىڭ ھەر بىر تەبىقىسى دىگۇدەك مۇسۇلمانقۇلنىڭ دەككىسىنى يەپ كەلگەن، پەقەت ئۇلىما خەلقى ئۇنىڭدىن ناھايىتى رازى. چۇنكى، مۇسۇلمانقۇلنىڭ بىرىنچى يولەنگۇچى ئۇزىنىڭ ئادەملىرى بولسا، ئىككىنچىسى ئۇلىمالار ئىدى.

ئۇ ئۆلىمالار ئارقىلىق ئۆز زۇلمىنى قانۇنىي بىر تۈسكە
كىرگۈزگەن. ئۆزى ئۈچۈن زەرەرلىك ئۇنسۇرلارنى يوقىتىشتا، ئۆلىما-
لاردىن "ئۇلۇغ ئەمىرگە باغلىق" دېگەن پەتىۋانى ئېلىشنى
ئۇنتۇمىغان ئىدى. ئۆلىمانىڭ بۇنداق ئىستىبداتىنى "پېتىنچىلىك"
رەڭگى بىلەن بوياپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپات تەرىقىسىدە
قوقان ۋە ئەنجانغا ئوخشاش شەھەرلەرگە مەلۇم مەدرىسىلەرنى
بىنا قىلغان ۋە بۇ مەدرىسىلەرگە خىزمىتى بىلەن تونۇلغان ئۆلى-
مادىن مۇدەررىسلەر تەيىنلىگەن ئىدى. ئەمما مۇسۇلمانقۇلغا
يېقىنلىشالمىغان، يەنى ئۇنىڭ خىزمەت مەرھەمىتىدىن چەتتە
قالغان "چالا" ئۆلىمالارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئاتىلىقىدىن ئەستايىدىل قۇتۇلۇشنى
ۋە مۇستەقىل رەۋىشتە ھۆكۈمران بولۇشنى ئارزۇ قىلغان خۇ-
دايار، ئاخىرى قېيناتىسى بىلەن كۈرەشتە ئۆزىگە بىرىنچى يۆلەن-
چۈك قىلىپ شۇ كېيىنكى سىنىپ ئۆلىمالارنى ئالدى. مۇسۇلمان-
قۇل بالاسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن خۇدايارنىڭ ئۇلارغا قىلى-
دىغان ئىنئام ۋە ئېھسانلىرى، بېرىدىغان مەنسەپلىرىنىڭ نەق
ۋەدىسى بەرىكىسىدە بۇ كېيىنكى تەبىقىدىكى قوقان موللىلىرى
ھەركەتكە كېلىشتى.

باشتا بۇ ھەركەت، ئەلۋەتتە، "يەڭ ئىچىدە" بولدى ۋە بۇ
ھەركەتنىڭ بېشىدا خۇدايارنىڭ ئۆزى تۇردى. بىرىنچى
قېتىمدا يوشۇرۇن رەۋىشتە تاشكەنت، ئەنجان، مەرغىلان ۋە باشقا
شەھەرلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئۆلىما ۋە بەگلىرىگە مۇسۇلمانقۇل
ئىستىبداتىدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مۇراجەتنا-
مىلەر ئەۋەتىلدى. بۇ مۇراجەتنامىلەردە مۇسۇلمانقۇلنىڭ غەيرى
قانۇن ئىشلىرى، قوقان ئادەملىرىگە قىلغان جەۋرى - زۇلۇملىرى
سانالغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خاننىڭ ئۆزىمۇ بۇ زۇلۇملارنىڭ
ئالدىدا چىداپ تۇرالمايدىغان ھالغا كەلگەنلىكى سۆزلەنگەن،
ئەگەردە باشقا شەھەر ئۆلىما ۋە ئالىي زاتلىرىدىن ياردەم بولغان
تەقدىردە ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمانقۇلغا قارشى كۆتىرىلىشكە تەي-

ياز تۇرغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. ئىككىنچى قېتىمدا قوقان ئەس-
كەرلىرىنىڭ قېچىۋاقتىن باشقا قىسمىغا يوشۇرۇن رەۋىشتە، ئومۇ-
مەن ئەناۋىيىلەرگە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغان
ئىدى.

ئەنجان، مەرغىلان، نەمەنگەنگە ئوخشاش شەھەرلەردىن "خان
بۇ ئىشنى مەسلىھەت كورسە، بىز ياردەمگە تەييارمىز" دىگەن
قۇرۇق ۋەدىلەر كەلدى، ئەمما تاشكەنتتىكى يۈسۈپبېك گورۇھە-
دىن ئەمىلىي چارىلىرىمۇ كورسىتىپ يېزىلغان جاۋاپ خېتى
ئېلىنغان ئىدى.

خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

"سىز قوقان ئولىمائى كىراملىرىنىڭ مۇسۇلمانقۇل
قانخورلىقىدىن پەرياتقا كېلىپ ۋە شەرىئەتى مۇستاپانى
ئارىغا ۋاستە قىلىپ يازغان مەخپى خەتلىرىنى ئال-
دۇق. بىز تاشكەنت ئولىما ۋە ئالىي زاتلىرىدىن
داموللا سالىخبېك ئاخۇن، موللا يۈسۈپبېك
هاجى، سەركەردىلەردىن قاسىم ۋە نىياز قۇشبېگىلەر
كەرىمقۇل ۋە مۇھەممەت رەجەپ قۇربېشى ۋە قەمبەر
شەربەتدارلار بىر جايدا ئولتۇرۇشۇپ راستىنمۇ مۇسۇل-
مان قۇلىنىڭ زۇلۇم ۋە جەۋرى قوقان پۇقراسىنىڭ
ۋە ئەينى زاماندا باشقا شەھەر ۋە يېزا - كەنت ئاھا-
لىسى ئۈستىدىمۇ ناھايىتى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى
مۇزاكىرە ۋە سوھبەت قىلىشتۇق. بىز پېقىرلىرىمۇ مۇسۇل-
مانقۇل ھەركىتىنىڭ بىھۇدە شەرىئەتكە خىلاپ،
يۇرت ۋە ئەل ئۈچۈن زەرەرلىك، خالايىقنىڭ تىنچلىقى
ۋە ھايات كەچۈرۈش ۋەجىگە زىيان يەتكۈزۈش، دەپ
بىلدۇق. بۇ مەنىگە ئۇ تاجدار ئەمرەلمومىنىن مۇۋا-
پىقەت كورسەتسە، ئۇ بىر پەرھىز، ئاپەت تەختۇ سەلتە-
نەتىنىڭ ھەيدىلىشى كېرەك ۋە يەنە بىز تاشكەنت خەلق-
لىرى بۇ توغرىدا ھەقىقەت تەرىپىدە بولۇپ ئېنىق قە-

دەم قويۇشقا ۋەدە بېرەمىز. مۇبادا سىز مۇھتەرەملىرى ئۇ بىپەرۋا زالىمنى مىڭگىپىشلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا جان - دىلىدىن بەل باغلىغان بولسىڭىز، بىز پېقىرلارنىڭ ئەقلى قاسىرىمىزگە بىر ئەندىشە كېلىدۇ، يەنى، تاشكەنت قوقان ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن بولۇپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلسۇن. بۇ چاغدا ئىتائەتتىن باش تولغىغان تاشكەنتنىڭ ئۈستىگە، ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانقۇل زالىم قوشۇن تارتىدۇ. شۇ قوشۇننىڭ ئارىسىغا سىز ئالىلىرى ئۆز ئادەملىرىڭىزنى كۆپرەك قوشۇپ كىرگۈزسىڭىز ۋە يەنە جانابى تاجدارىمۇ بىللە كەلسىڭىز. قوشۇن تاشكەنتكە يەتكەن چاغدا بىزلەر تاشقىرىدىن ۋە سىزلەر ئىچكىرىدىن بولۇپ مۇسۇلمانقۇلنى ئوتتۇرىدىن ئىرغىتىمىز. بۇ مەسلىھەت پېقىرلارنىڭ ئەقلى قاسىرلىرىمىزگە كۆپ تەپەككۈرلەر نەتىجىسىدە كەلدى، يەنە رەئىي ساۋاپ ئۆزىڭىزدە بولغاي. ئەمما بۇ چاغدا قان تۆكۈلمەستىن مۇددىئا ئەمەلگە ئاشسا، دەپ ئويلايمىز، يەنە تاشكەنت بېگى بولغان زات توغرىلىق ئەندىشە قىلىش كېرەك بولماسلىغىمۇ مەخپىي بولۇپ قالمىغايكى، تاشكەنت بېگى بولغان زات توغرىسىدىن ئەندىشە لازىم ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئادەم پۇقرانىڭ خاتىرجەملىكى يولىدا جان كويدۇرگۈچى كىشىدۇر. بىزلەردىن مەسلىھەتسىز ئىش قىلمايدۇ. ئىنشائاللا، بۇ ئەندىشەمىز جانابلىرىغا ماقۇل چۈشكەن تەقدىردە جانابى تاجدارنىڭ رايلىرىنىمۇ ئېلىش ۋە ئىمكانى بولسا ئۇ جانابنىڭ ئىسمى شەرىپلىرىدىن بىزلەرگە پىسەنت نامە يېزىش ياخشىراقتۇر، تاكى بىزلەر ئىشەنچ بىلەن مۇددىئاغا كىرىشكەيچە".

بۇ خەت خۇدايارنىڭ قولىغا تەككىنىدىن كېيىن، خەتتە كۆرسىتىلگەن تەدبىرنى ناھايىتى توغرا تاپتى ۋە دەررۇ ئۆز نامى-

دىن تەشەككۇر ۋە پەسەندانامە يوللىدى، ئىجابەتنى ئالغاندىن كېيىن يۇقۇرىدا مەزكۇر تاشكەنت ئالى زاتلىرى بىر مەجلىس ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا نارمۇھەممەت قۇشبېگىنى (تاشكەنت هاكىمى) نىمۇ چاقىردى. مەجلىستە خاندىن ۋە ئۇلىمالاردىن ئېلىنغان مۇراجەئەتنامىنى ئوقۇپ نارمۇھەممەت قوشبېگىگە ئاڭلىتىشتى. مەجلىسكە يىغىلغانلاردىن يۇسۇپبېك هاجى ۋە داموللا سالىخبېك ئاخۇنلار قۇشبېگىنىڭ پىردەپ ئىنابەت قىلغان ئادەملىرى بولغىنى ئۈچۈن، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى نامىغا بۇ تەكلىپنى، يەنى قوقانغا قارشى ئىسيان كوتەرگەن بولۇپ تۇرۇشنى ئۆز بويىنىغا ئالدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى نارمۇھەممەت قۇشبېگىمۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنى مۇسۇلمانقۇلنىڭ تۇتقان سىياسىتىنى يۇرت مەنپەئەتىگە خىلاپ دەپ بىلگەن ئىكەن.

كوپ ئۆتمەي نارمۇھەممەت قۇشبېگى قوقاندىن باش تاۋلاپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل هوكۇمەت ئېلان قىلغان بولدى ۋە يۇسۇپبېك هاجىلارنىڭ ئويلىغان تەدبىرلىرى خۇددى كۈتكەن نەتىجىلەرنى بېرىشكە باشلىدى. ئىستائەتتىن باش تارتقان تاشكەنتكە قارشى مۇسۇلمانقۇلنىڭ توپە چېچى تىك تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش نىيىتىدە سەپەر جابدۇغىنى تۈزدى، تاشكەنتكە قارشى، بولۇپمۇ غەزەپلەنگەن بولۇپ كورۇنگەن خۇدايارمۇ بۇ سەپەرنىڭ تەييارلىغىنى باراۋەر كورۇشتى ۋە مۇسۇلمانقۇل بىلەن بىرلىكتە تاشكەنت ئۈستىگە چىقتى، يول ئۈستىدىمۇ تاشكەنت بىلەن يوشۇرۇن سوز ئېلىشىپ، خەت - پەت يېزىشىپ تۇرۇشتى.

مۇسۇلمانقۇل چىرچىق بويىغا كېلىپ يەتكەندە، قۇشبېگى باشلىق تاشكەنت ئەسكەرلىرىمۇ سۇنىڭ بېرقى يۈزىدە دۈشمەن كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. چۇش ۋاقتىدا ئىككى دۈشمەن بىر بىرىگە قارشى كېلىشتى. قوقانلىقلارغا دەم ئېلىشقىمۇ ۋاقت بەرمەستىن تاشكەنت قوشۇنلىرى مىلتىقلاردىن ئوق ئۈزدى. مۇسۇلمانقۇل كۈتمىگەن جايدا قوشۇندىكى بىر تۇركۇم ئەسكىرى ئۆز ئۈستـ

گە ھۇجۇم باشلاپ ۋە بىر بولۇمى تاشكەنت ئەسكەرلىرى تەرپىگە قېچىپ ئۆتتى، مۇسۇلمانقۇل مۇداپىئە قىلىشنىمۇ ۋە قېچىشنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۆز ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قوقانلىق ۋە تاشكەنتلىكلەرگە قارشى ئۆزىدە كۈچ يوقلۇغىنى بىلگەن مۇسۇلمانقۇل بىر ئات ۋە بىر قامچا بىلەن ئارانلا قوشۇندىن چىقىپ قاچتى ۋە بىرمۇنچە يولغىچە قوغلاندى. باشلىقىنىڭ كەينىدىن قاچماقچى بولغان قىپچاق ئەسكەرلىرىگە جاكاچى ۋاقىرىدى.

— قىپچاق ئاغىنىلەر! بىزنىڭ ھەممە ئاداۋىتىمىز مۇسۇلمانقۇلغا ئىدى! سىلەر ئاغىنىلەر ئىلگىرى خاننىڭ يېنىدا قانداق خىزمەتتە بولغان بولساڭلار، ھازىرمۇ شۇ ۋەزىپىدە قېلىۋېرىسىلەر ۋە لېكىن مۇسۇلمانقۇلغا تەرەپدارلىرىڭلار بولسا، تىنچىقىنا قوشۇندىن چىقىپ كېتىڭلار! قىپچاق ئەسكەرلىرىمۇ بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۆز تەرىپىدىن تۇرۇپ جاكاچى قويدى:

— بىز مۇسۇلمانقۇلنى تونۇمايمىز، بىزنىڭ باشلىغىمىز خۇدايارخاندۇر!

شۇنىڭدىن كېيىن قىپچاق ۋە ئۆزبېك بىللە ئارىلىشىپ كەتتى. گويا، ھەممە ئاداۋەت مۇسۇلمانقۇل بىلەن بىللە كەتكەندەك بولۇپ، ئىككى خەلق بىر بىرى بىلەن كورۇشتى ئۇن مىڭلىغان خەلق يېڭىدىن خۇدايارغا ئىتائەت ئىزھار قىلىپ، ھەقىقى خانلىق بىلەن ئۇنى مۇبارەكلەشتى. تاشكەنت خەلقى ئىززەت - ئىكرام ئاستىدا خاننى ۋە قوقان ئەسكەرلىرىنى شەھەرگە چۈشۇرۇپ ئوردىدا ئۈچ كۈن زىياپەت بەردى. زىياپەت مابەينىدە، ئىتتىپاقنىڭ پايدىسى، تارقاقلىقنىڭ زەررى سوزلەندى. قۇشبېگى ۋە يۈسۈپبېك ھاجىلارنىڭ تەكلىۋى بىلەن مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئورنىغا ئۆتەبباي قۇشبېگى (مەرغىلان ھاكىمى) مىڭبېشى بەلگىلىنىپ، توتىنچى كۈنى خۇدايارخان قوشۇنى بىلەن قوقانغا قايتىشتى.

* * *

قىش ئاخىرلاشتى، مۇسۇلمانقۇل ۋەقەسىدىن يىگىرمە كۈنلەرچە كېيىن ئىدى. مۇھەممەت رەجەپ قۇربېشىنىڭ ئۆيىدىن ئىككى-ئۈچ قېتىم كىشى كېلىۋەرگىنىدىن كېيىن، يۈسۈپبېك ھاجى ئىلاجسىز قېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

يىغىندا مۇھەممەت نىياز قۇشبېگى، قاسىم مىڭبېشى، قەمبەر شەربەتدار، كەرىمقۇل پانسادلاردىن تارتىپ تاشكەنتنىڭ دىگۈدەك ئالىي زاتلىرى ۋە چوڭلىرىدىن ئون بەشچە ئادەم بار ئىدى، مېھمانلار ئۈچۈن مىۋە-چىۋە، قويۇق-سۇيۇق تارتىلدى، زىياپەت مول ئىدى. تاماق ئۈستىدە نىياز قۇشبېگى سۆزلەپ يىغىننىڭ مەقسىدى بىلەن مەجلىستە يىغىلغانلارنى تونۇشتۇردى.

— ئاكىلار - ئۇكىلار! بىلىندىكى، ئاغىنىلەر بىر تەن، بىر جان بولسا قىپچاق كاساپىتىدىن قۇتۇلۇش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىكەن. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بىز قانداق ھالدا ئىدۇق مۇسۇلمانقۇلنىڭ رەھىمسىز قىلىچى ئاغا - ئىنىنىڭ بوغىزىدا ئىدى. خۇدا ھاجى ئاكامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، بالا - چاقىسىنىڭ ئىگىلىگىنى كۆرسەتسۇنكى، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەقىللىق تەدبىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغىنىلەرنىڭ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش سايىسىدە مۇسۇلمانقۇل بالاسىدىن ئاسانلا قۇتۇلدۇق. ئەمما بۇ قۇتۇلۇشنى ھەقىقى قۇتۇلۇش دەپ بولمايدۇ. نىمىشقا دىسەڭلار ئاق ئىت بولمىسا، قارا ئىت قاچا - قومۇشقا تەگمەكتە. تېخى بىز قىپچاق ئېلىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلغىنىمىز يوق. ھىلىقى مۇسۇلمانقۇل بولمىسا، باشقا ئالىمقۇلنىڭ باش كوتىرىشى ئېنىق! — دىدى قۇشبېگى ۋە داستىخاندىن بىر ئىككى چوقۇلاپ داۋام قىلدى. — نارمۇھەممەتنىڭ رايىنى، دەپ ھەممە ئىختىيار ئۆز قولىمىزدا بولغىنى ئۈچۈن، ئۆتەبباينى مىڭبېشى قىلىپ بەلگىلىۋەتتۇق. بۇمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ

چوڭ خاتالىرىمىزدىن، مەن شۇ كۈندىن بېرى ئۆز - ئۆزەمدىن بوغۇلۇپ يۈرۈپتىمەن: مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئىتى بولمىسا، ئۆزىمىزدىن مىڭبېشى بولغۇدەك ئادەم قۇرۇپ قاپتىمۇ، دەيمەن. ياق، ئاكىلار، تومۇرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك! قاچانغىچە بىز شۇ قىپچاقلار بىلەن سەن - مەنگە بېرىشىپ يۈرىمىز؟ ياخشىسى شۇكى، بۇ باش ئاغرىقلىرىنى بىردىنلا ئوتتۇرىدىن ئىرغىتىپ تاشلاپ تىنچايلى، بىز بۇ يەردىكى ئاغىنىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر سوزگە توختىشىپ قويدۇق. ئەمما بۇ مەسلىھەتنىڭ ھاجى ئاكىمىزغىمۇ ماقۇل چۈشۈشىگە شۈبھە قىلمايمىز، بۇ ئويىمىزغا خانىمۇ بىر نەرسە دېمەسە كېرەك. قوقان، مەرغىلان، ئەنجان، ئوش ۋە باشقا يەرلەرنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ بۇ گەپتىن باش تولغىماس! نېمىشقا دېسىڭىز، قىپچاقلار ھەممىنىمۇ جېنىدىن تويغۇزدى، — دېدى ۋە ناس قاپىغىنى قېقىپ بىر ئېتىمنى تىلىنىڭ تېگىگە تاشلىدى.

يۇسۇپبېك ھاجى ھىلىقى سوز ئېيتىلغاندا قولىدىكى پىيالىسىنى چايقىتىپ ئېغىر بىر ھالەتنى كەچۈرگەن ۋە چوڭقۇر بىر سۈكۈتكە كەتكەن ئىدى. باشقىلار بولسا نىياز قۇشبېگىنىڭ سوزىدىن كېيىن بىر كوزدىن دىگۈدەك ھاجىنىڭ يۈزىگە تىكىلگەن ئىدى. ھاجى غىڭ قىلماستىن ئولتۇرىۋەرگىنىدىن، قەمبەر شەربەتدار ئۆزىنىڭ ئىنچىكە ئاۋۇشى بىلەن قۇشبېگىنىڭ سوزىنى قۇۋۋەتلەپ چۈشتى.

— سوزىڭىز ناھايىتى توغرا، قۇشبېگى، — دېدى، — سىز ئېيتقاندەك، بىزگە ئىككى يول بار: قىپچاقنى قىرىپ تۈگىتىش ۋە ياكى پۈتۈنلەي قىپچاق قولىدا قېلىپ كېتىش!

يۇسۇپبېك ھاجى كوتىرىلىپ قەمبەر شەربەتدارغا قارىدى ۋە مەجلىسنى يەر ئاستىدىن كۈزىتىپ چىقىپ، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

كەرىمقۇل پانساد ھاجىنى تۈتۈش مەقسىدىدە:

— كېڭەشلىك ئىش تارقاشماس، دېيىلگەن. ھاجى ئاكىمىز

ئويلىشىپ جاۋاپ بەرسۇن - دە! — دەپ قويدى.

— بىلمىدىم ... — دېدى ئاخىرى ھاجى، — سىلەرنىڭ مۇددىئايىڭلارغا چۈشەنمىدىممۇ ياكى چۈشەندۈرەلمىدىممۇ ئۆزەمگە توغرا كەلمىدىمۇ، ھەيرانمەن!

نىياز قۇشبېگى بېشىنى قاشلىۋالدى:

— نېمىگە ھەيرانسىز، ھاجى؟

— مەقسەتلىرىڭلار قەمبەربېگنىڭ ئېيتقىنىدەك قىپچاقنى قىرىشمۇ؟

قۇشبېگى ئىككىلەنمەستىن جاۋاپ بەردى:

— قىرىش!

— سىلەرنى، — دەپ زاڭلىق قىلغاندەك كۈلدى ھاجى، — بۇ ئىشقا نېمە ۋە كىم مەجبۇر قىلىدۇ؟

قۇشبېگى دوستلىرىغا قارىۋالدى:

— سوئالىڭىز قىزىق، — دېدى، — سەۋەبى بىزلەردىنمۇ كۆرە، سىزگە مەلۇم بولسا كېرەك - قۇ!

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ھاجى بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ، — مۇسۇلمانقۇلنى ھەيدەشكە مەجبۇر بولغان ئىدۇق — ھەيدىدۇق. ھەممە يامانلىق ئۇنىڭ بېشى بىلەن بىللە كەتكەندەك قىپچاق ئاغىنىلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇق، قىپچاقلارنىڭ كونا ئاداۋەتلىرى تۈگىدى. بولدى، بىزگە يەنە نېمە كېرەك؟

ھاجىنىڭ بۇ سۆزى مەجلىسنى بىر بىرىگە قارىتىپ قويدى، ئەمما قۇشبېگى سىرىنى بەرمەسلىككە تىرىشقاندەك قىلىپ كۈلدى:

— مۇسۇلمانقۇل ئەمدى تىنچ ياتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— ئەلۋەتتە ئويلايمەن، لېكىن مۇسۇلمانقۇل تىنچىمايدۇ دەپ ھول - قۇرۇق قىپچاققا تىغ تارتىۋېرىشمۇ ھېچبىر ئەقىلغا سىغىدىغان گەپ ئەمەس. ئۆزىڭىز، قۇشبېگى، ئېيتىڭا، بىز بۇ گۈنگىچە يامانلىقنى كىمدىن كوردۇق؟ قىپچاق ئاتلىق خەلقتىنمۇ، ياكى گۇنىڭ ساناقلىقلا بولغان بىرنەچچە كىشىلىرىدىنمۇ؟

— ئوغرىسىنى ئېيتقاندا، بىز قىپچاق دىگەنىنىڭ ھەر بىرىدىنمۇ دەككە يەپ كېلىۋاتىمىز!

— سۆزىڭىزدە يېڭىلىشلىق بار، قۇشبېگى! ئەگەر سىز ھەقىقەتكە قارىسىڭىز ئىككى خەلقنى بىر بىرىگە سوغ كۆرسىتىپ، ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چېچىپ كەلگەن بىرنەچچىلا ئادەم بار... ماڭا قالسا مەملىكەتنى تىنجىتىش ئۈچۈن شۇلار توغرىسىدا ئويلاش كېرەك. تۇت مۇتەھەمنى دەپ پۈتۈن بىر خەلققە ھۇجۇم قىلىمىزمۇ!

— سىز ئېيتقاندەك، يامانلار تۇتلا ئەمەس، ھاجىم! ھەر بىر قىپچاق بىزنىڭ يەلكىمىزگە مىنمەكچى. بىزنىڭ تاۋىغىمىزغا تۇمشۇغىنى تىقماقچى، بۇنىڭغا قالغاندا ئىشنى بىرئاز يېنىك ئويلاۋاتىسىز، ھاجى ئاكا!

قاسىم مىڭبېشى:

— ھاجى ئاكامنىڭ ھەممە گېپى پەقەت رەھىمدىللىقىدىنلا ئېيتىلىۋاتىدۇ، — دېدى، — ئەمما ئويلاش كېرەككى، قىپچاق بۇگۈنگىچە ئاز ئاغىنىلەرنىڭ قېنىنى تۆكتىمۇ؟ ئاۋۇ كۈنى مەرەجەببىك بىلەن ھىساپلاپ كورسەك، قوقاننىڭ ئوزىدىن ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە يەتمىش سەككىز بەگ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ! تېخى بۇ ھىساپقا پۇقرادىن ئۆلتۈرۈلگەن بىچارىلەر كىرمەيدۇ!

— مەن بۇ ھەقىقەتلەردىن تېنىۋاتقىنىم يوق، مىڭبېشى! ئەمما بىز ساڭا، دىگەنىگە سەن، دەپ جاۋاپ بەرمىسەك، بىزنىڭكى ئەقىل ۋە ئىنساپ دائىرىسىدىن چىقمىسا دەيمەن...

ئاردىن بىرى ھاجىنىڭ سۆزىنى بولدى.

— ئەقىل، ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىۋېرىپ ئەمدى ناھايىتى تويدۇق.

ھاجى سۈكۈت قىلدى، ئۆزىنىڭ شۈنچىلىك سوزلىرىنىڭ ھاۋاغا كېتىپ تۇرغىنىنى، مەجلىسنىڭ نىياز قۇشبېگى روھىدا بېرىلىۋاتقانلىقىنى ياخشى سەزدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى نىياز قۇشبېگىنىڭ بۇنداق بىر پىكىرگە كېلىشى ئۈچۈن ئۇنى نىمە مەجبۇر قىلغان-

لىغىنىمۇ ئۇچۇق بىلدى. نىياز قۇشبېگىنىڭ ھەممە ئاداۋىتى ئۇتەبباينىڭ مەگبېشى قىلىپ بەلگىلەنگەن كۈنىدىن باشلانغىنىنى، "مەن تۇرغان يەردە قىپچاق مەگبېشى بولامدۇ؟" دېگەن يوشۇرۇن ئاداۋەت ئارىسىدا بۇ پىكىر پەقەت ئۇنىڭ تەرىپىدىن مەيدانغا چىقىرىلغانلىقى ھاجىنىڭ مۇلاھىزىسىدىن ئۆتتى. مەجلىسنىڭ باشقا ئەزالىرىنى بولسا، بىكارچىلىقتىن ئىش چىقىرىشقا تەلەپكار بىكارچىلار، — دەپ چۈشەندى.

ئەلۋەتتە، ئەل پايدىسىدىن كورە ئۆز مەنپەئەتىنى ئالدىغا سۈرىدىغان بۇ چوتاچى بەگلەرگە قارشى ھاجىنىڭ سوغاققانلىق ساقلالىشى ۋە ئەسەبىلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بەگلەر، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ھەممە مۇلاھىزەم يۇرت، ئەلنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېيتىلىدۇ! مەن ھېچقاچان ئىنكار قىلالمايمەنكى، يالغۇز ئۆز غەرىزى يولىدا ئىش قىلغۇچى ئىپلاس كىشىلەر قىپچاقلارنىڭ ئارىسىدا بار بولمىسىدەك، بىزدىمۇ يوق ئەمەس. بەلكى ئۇلاردا ئۇنلاپ بولسا، بىزدە يۈزلەپ بار. بىزنىڭ كوزىمىزگە سوغ كورۇنگەن قىپچاق نارمۇھەممەتنىڭ ئەل ئۈچۈن قىلىپ تۇرغان توغرا خىزمىتىنى مەن ئۆز ئۆمرۈمدىكى تاشكەنت بەگلىرى ئارىسىدا بىرىنچى مەرتىۋە كورىمەن. بۇنى سىلەرمۇ ئىنكار قىلالماسسىلەر! بولدى، ئەيىپ قىپچاقتا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئىش كورىدىغان باشلىقلىرىدا ۋە قىپچاقلار ئۆيلىغاندەك گۇنا قارا چاپانلىقلاردا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆچ - توت بىمەنى بەگلىرىدە! — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇردى، — ئەگەر دۇنيادىن ئوتۇۋاتقان بىر قېرىڭلارنىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سالساڭلار، بۇ پىكىرىڭلاردىن قايتىڭلار، يۇرادەرلەر، ئەمما يۇسۇپبېكنى ئولدىگە چىقىرىپ، بۇ شۇم ئىشىڭلاردىن مېنى چەتتە ھساپلاڭلار! — دېدى ۋە مەجلىسنىڭ "ئولتۇرۇڭ، توختاڭ" سوزىگە قۇلاق سالماستىن، ئولتۇرۇشنى تاشلاپ چىقتى.

ھاجى تېخى دەرۋازىدىن چىقمىغان ئىدى، نىياز قۇشبېگى قا-

قاقلاپ كۆلۈۋەتتى:
— ۋاي ۋەھىمەڭ قۇرىسۇن، ھاجى! بۈگۈن كوكنار ئىچ-
كەنگە ئوخشايدۇ، — دېدى.
باشلىقتىن كۆلكىگە رۇخسەت بېرىلگەنلىكىن كېيىن، باشقىلارمۇ
كۆلۈشۈپ، ئاردا ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلاندى.
— ياق، — دېدى قەمبەر شەربەتدار، — ھاجى ئاكىنىڭ
بېشى يېتىپ، كوڭلى تازىمۇ بوشىشىپ كېتىپتۇ!
— ۋاي خوۋارى ھاجى، — دېدى نىياز قۇشبېگى — ئالدىدى-
كى ئاۋنى كورمەي، يىراقتىكى ياۋنى كوردۇ!
— خۇددى، خۇددى!
مۇھەممەت رەجەپ قۇربېشى بېشىنى چايقاپ نىياز قۇشبېگىگە
قارىدى.
— مەن سىزگە ئېيتىۋىدىم - ھە، قۇشبېگى، — دېدى، —
ھاجىنى ھەر نەرسىگە كوندۇرسىڭىزمۇ، بۇ گەپكە كوندۇرەلمەي-
سىز، دەپ.
— مەن ئۇنىڭ كەلمەستىن كۇتتۇرۇپ ئاۋارە قىلغىنىدىنمۇ
بايقىغان ئىدىم.
— كېچە بىر ئاز سەزگەن ئىدى، — دېدى كەرىمقۇل پانساد.
— ئىش بۇزۇلدى - دە، — دەپ قويدى مۇھەممەت رەجەپ
قۇربېشى.
— نىمىشقا بۇزۇلىدۇ؟ — دەپ سورىدى قۇشبېگى.
— سىرىمىز ئېچىلدى، ھاجى ئەلۋەتتە تىنچ ياتمايدۇ.
— سىرىمىز تېخى ئېچىلمىدى، — دېدى ئىشەنچ بىلەن
قۇشبېگى، — ئەگەر بىز، شۇ ئولتۇرغان ئاغىنىلەر بايىقى
گەپتە قاتتىق تۇرساق، سىرىمىزنى يەنە يوشۇرۇپ كېتىش
مۇمكىن!
— مەسىلەن، — دەپ سورىدى قەمبەر شەربەتدار.
— شۇ سوزىمىز - سوز، ئىتتىپاقىمىز - ئىتتىپاقمۇ؟
مەجلىس تەستىق شەرتىنى قىلىپ:

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە! — دېدى.

— سىز بىر بولىدىغان بولسا، — دېدى قۇشبېگى، ھاجىنىڭ ئىشى ناھايىتى ئاسان. بىز ھازىر سىزنى بىر جايغا يەتكۈزىمىز-دە، بىرىمىز ھاجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەسلىھەتىڭىزنى مۇۋاپىق كوردۇق. بىز يېڭىلىشقان ئىكەنمىز، دەيمىز، ئەلۋەتتە ھاجى ئىشىنىدۇ-دە، ھېچكىمگە سوزلىمەيدۇ. بىز بولساق، يەڭ ئىچىدە تەييارلىق كورىۋېرىمىز، ئەنە خالاس!

— بولىدىغان گەپ، توغرا مەسلىھەت!

— بولۇشقىغۇ بولىدۇ، — دېدى قۇشبېگى، — ئەمما گەپ بۇيەردىكىلەردە، بىز ئىنىق شۇ ئىشقا بەل باغلايمىزمۇ؟

— باغلايمىز، باغلايمىز!

— بارىكاللا، — دېدى قۇشبېگى، — مەلۇم بولدىكى ھەممىمىزمۇ بىر دىل ئىكەنمىز، ئەمدى باشقا گەپكە ئوتسەكمۇ بولىدۇ.

— خاننى كوندۇرۇپ بولامدىكىن؟ — دەپ سورىدى قاسىم مىڭبېشى.

قۇشبېگى كۈلدى:

— خان كونگەن ھىساۋىدا، — دېدى.

بۇ گەپ مەجلىسكە ئانچە چۈشىنىشلىك بولمىدى، ھەممە ئەجەبلىنىپ بىر بىرىگە قاراشتى.

— ئىزاھ بېرىڭ، قۇشبېگى، ئىزاھ!

قۇشبېگى ئىزاھ بەردى:

— مەن خاننى تاشكەنتتىن ئۇزىتىش ئالدىدا ئۇنىڭ بوش ۋاقتىنى تېپىپ، بۇ پىكرىمنى بىرقەدەر ئەرز قىلىپ ئوتكەن ئىدىم، — دېدى، — بۇ پىكرىم خانغا ناھايىتى ماقۇل چۈشكەن بولسا كېرەك، سوزۇمنى ئېتىۋار بىلەن ئاڭلاپ تۇردى ۋە جاۋاپ بېرىپ: "ياخشى، ئويلىشىپ، تەدبىرلىرى بىلەن ماڭا پىكرىڭىزنى يېزىڭ، مەنمۇ ئويلاپ كورىمەن" دېدى. ماڭا قالسا، بۇ توغرىدا بىزدىن خەۋەر كۈتۈپ خاننىڭ ئۇيقۇسىمۇ كەلمەيۋاتقـ

قالدۇ. بىزگە پەقەت ئىشنىڭ ئۇچىنى تېپىپ خاندىن تەستىق
قىلدۇرۇشلا قالغان!
— بولمىسا، خان تەييار ئىكەن!
شۇنىڭدىن كېيىن ئىشنىڭ ئۇچى توغرىسىدا مۇزاكىرە ۋە ۋەز-
خانلىق باشلاندى. ھەركىم ئۆزىچە بىر تۈرلۈك پىكىر بايان قى-
لىپ، ئۇزاق باش ئاغرىتتى ۋە نەتىجىدە خانغا تۆۋەندىكى نا-
مە يېزىلدى:
"تاجدارى مۇسۇلمانان، خاقان ئىبنى خاقان شەھەنشا-
ھى نەۋجۇۋان تاجى سەرى خۇشبەختان ھوزۇرى ھوما-
يۇن ئالىلىرىگە ئەرزى ئۇبۇدىيەت① ئەداسىدىن سۆڭرە
بىز پەقىرۇل - ھەقىر ساداقەت پىشەئى بىنەزىر قۇللىرىدىن
ئەرزى بەندەلىك شۇلدۇركى، نەۋكەرلىرى دائىما لەۋ-
قات گۇل جانايقا قىپچاق خالايىقى بىپەرھىزىدىن بىرار
ئاسىيى يېتەرمۇ دېپ خەراسىدە دىرمىز②، ۋە يەنە گۇل
ھارامزادىلەرنىڭ رويى زەمىندىن③ تەرەشلەمەي تۇرۇپ،
ئۇ جەنابى ئالىينىڭ تەمىنى ئەمنىيەتلىرى ھەم بىز
قۇللەرىچە كوپ خەۋفۇ خەتەر ئاستىدا بولگەنىدىك
تەخمىن قىلىنەدىر. شۇ مۇلاھىزە ۋە ئەندىشىلەر بەئىدى-
دە بىز تاشكەنت قۇللىرىدىن بىر نەچچىلىرىمىز بىر
يەرگە جەم بولۇشۇپ، دۇرۇ - دەراز④ تەپەككۇر ۋە
تەھەييۇرلەر⑤ سوڭگىدە، ئەزبىرايى ئۇ شەھەنشاھنىڭ
كوپ زامانلار بېشىمىزغا سايابان بولماقلىرى ئۈمىدىدە

---

① ئۇبۇدىيەت — قۇللۇق، بەندىلىك.
② خەرابىس — قورقۇش.
③ رويى زەمىن — يەر يۈزى.
④ دۇرۇ - دەراز — ئۇزاق ۋە تەپسىلى.
⑤ تەھەييۇر — ھەيران بولۇش، ھەيرانلىق.

بەر تەقدىر① گۇل تاجدارنىڭ خاتىرى ئاتىرى دەريا
مۇقتەدالىرىگە② پىسەنت توشۇپ، ئەجايىپ ئاغاز③ قىلـ
سالەر، بىر مەنىنى خوپ ۋە ساداقەت مەقاسىدىگە④
مەھبۇپ دەپ بىلدىڭ. ئەنداغكى ئۇ خەلايىقنى ئاسىيى
لەرنى ئون بەش سىننى سالىدىن بالىغ⑤ ۋە يېتمىش
ياشىدىن قويى ھەر بىر ئېركەك زاتىنى بىلا تەرەھھۇم⑥
قەتلى ئام⑦ تۇللىرىدىچە سەزاۋەردۇرر. ۋە ئىللا گۇل مۇر-
تەددىن⑧ بەدتەر جابىر ۋە بېخىرەدلەردىن جىنابى تاجـ
دارگە ھەر روز، بەلكى ھەر سائەت خەۋپ باردۇر. ئەمـ
ما بۇل تەقدىرنى ئوشەل مۇئەييەن قەتلى ئام سائەتى
يېتمەگۈنچە ھەر بىر بېخىرەد ۋە باغىي بولمىغى يېقىن
مەجھۇل ئادەملەردەن پۇشىدە⑨ تۇتۇلماغى مەقبۇلدۇر.
ۋە لېكىن گۇل تاجدار بىر سائەتى سەئىدى مۇزەپپەر-
نى مۇئەييەن ئەيلەپ قەلەمرەۋلەرىدەگى بارچە شەھەر
ۋە كۆيلەر، قىشلاق ۋە كەنتلەرنىڭ ساداقەتى زاھىر ۋە
قەلبى تاھىر قۇللىرىگە مەخپىي نامەلەر كۆندۈرۈپ،
سەك بەچچەلەرنىڭ قەتلى ئامىگە ئەمرى ئالىلارنى دە-
رىغ تۇتمەگەيلەر⑩.

---

① بەر تەقدىر — پايدىلىنىشى مۇمكىن بولغان ئېھتىمال.
② مۇقتەدا — بويسۇنغان (كىشى).
③ ئاغاز — باشلىنىش، كىرىشىش، ئېپتىدا.
④ مەقاسىد — مەقسەتلەر - مۇددىالار.
⑤ ئون بېش سىننى سالىدىن بالىغ — ئون بەش ياشتىن يۇقىرى.
⑥ بىلا تەرەھھۇم — رەھىمسىز، شەپقەتسىز.
⑦ قەتلى ئام — قىرغىن.
⑧ مۇرتەد — دىندىن قايتقان.
⑨ پۇشىدە — يوشۇرۇن.
⑩ دەرىغ تۇتماق — ئاياش.

ئەمما خوقەند پىردەۋس مانەندىنىڭ① ئۆزىدە ئۆل
شەقاۋەت پىشەلەر بىھەد ۋە بىھساپ نوپۇسىگە مالىك
بولگەنلەرى ۋەجىدىن بىز تاشكەنت نەۋكەرلەرىنىڭ
ئىنانەتى بىشەككۇ شۇبھە ۋاجىبدۇر. سىز شەھەنشاھ،
ئۇ شە سائەتى مۇزەپپەرنى تەيىن ئەيلەپ، سىز قۇللى-
رىڭگە خەبەر يۇبارسەلەر، بۇندە لازىم بولغان ئادەممىزنى
قالدۇرۇپ ۋە يەنە ھەر قايسىمىزگە تېگىشلىك بىر يۈز،
ئىككى يۈز ۋە بەش يۈز يىگىتىمىزنى ئالىپ، خالايىق
كوزىدە گويا جەنابى تاجدارنىڭ مۇسۇلمانقۇلى
پالاكەتىدىن ئازاتلىققا چىقىپ مۇستەقىل ساھىبى تاج
بولگەنلەرىنى مۇبارەكباد قىلماق ئۈچۈن يۈرگەن بولۇپ،
ئىنانەتلەرىگە يېتەرمىز ۋە دەربازەدەن كىرىشىمىز ئان
فاجىئەتەن ئۆگەلەئى سەكلەرگە ھۇجۇم باشلاپ، قەتلى
ئامگە قىلىچ تارتارمىز، ۋە يەنە مەخپى قالماگەيكىم،
تاشكەنتنىڭ ئەلھال بىكلىك مەنسەبىدە ئولتىرۇۋچى
قىپچاق نارمۇھەممەت بارەسىدە قانداغ پەرمان بىر-
گەيلەر، بول مەندە ھەم ئىشارەتنى دەرىغ تۇتمەسەلەر
قوللىرىنى ئەندىشەدەن ئازات قىلگەن بولگەيلەر.
ئۇشبۇ بالادە② مەزكۇر مەھزى③ سەمەرەيى سەداقەت
ئەھلى قاسىرلەرىمىز ھوسۇلى نەتىجىسىنى بىز قۇللىرىگە
ئۇشبۇ نامەنىڭ قاسىدە④ قولىدەن سەۋاپ ۋە خەتا،
رەد ۋە ئىجابەت پىسەند ۋە ناپىسەند جەۋابىنى
ئەرسال قىلسەلەر ۋە يەنە ئۆز پىكرى باسەۋابلەرىنى
ئىنزافە قىلىپ، قۇلمۇر ۋە خەتالىرىمىزنى تەنبىھ ئېتسەلەر.

---

① پىردەۋس مانەند — جەننەت سۈپەت.
② بالادە — يۇقۇرىدا.
③ مەھز — خالىس، ساپ، تازا.
④ قاسىد — خەۋەرچى.

بىز نەۋكەرى بىنجەۋھەر ۋە باسەدا قەتئى بىپەراسەتلەرنى
دۇنيا — دۇنيا شادۇ خۇرام قىلىپ، گۈل سايەبانى
مەرھەمەت ۋە مېھرىبانى باشەپقەتنىڭ خىزمەتلىرىگە
كەمەرى خىزمەتنى بېرك باغلاتقەن بولۇر ئىدىلەر،
ھۇۋاللا ئەلمۇستەئىن."
سەداقەتىڭىز مەجلىسگە جەم بولغۇۋچى نەۋكەرلىرى-
ڭىز — (ئىمزالار)".

بۇ نامە ئەتىسىلا خانغا ئەۋەتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا مەخسۇس كىشى بەلگىلەندى. مەجلىسنىڭ قورقۇنچى يۇسۇپبېك ھاجىدىن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساختا قارارنى ئوقۇتۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەت نىياز قۇشبېگىنىڭ ئۆزى بىۋاستە مەجلىستىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەجلىس تارقالدى.

**2**

## قاراڭغۇ كۈنلەر

ئاتابېك مەرغىلاندىن قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ئون بەش كۈنلەرچە ئۆتكۈزۈپ ئۇستا ئالىمدىن بىر خەت ئالغان ئىدى. ئۇستا ئالىم ئۆز خېتىدە قوقەندارغا ئۇچراشقانلىقىنى ھەممە ئۇششاق-چۈششەكلىرىگىچە يېزىپ كېلىپ شۇنداق دەيتتى:

"سىز خىيانەتنى بايقىغىچە قېيناتىڭىزغا قانداق
ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن بولسىڭىز، ئۇمۇ سىزگە شۇنداق
ئاداۋەتلىك ئىكەن. مېنى ۋە ئائىلەمنى ھاقارەتلىدى،
دەپ بۇ ھاقارەتنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماسلىقنى چۈشىنىپ،
ئوت ئىچىدە يۈرگەن ئىكەن. مېنىڭدىن ھەقىقەت ھالنى
چۈشىنىپ تولىمۇ ئالدىراپ قالدى، ھەتتا، ھوشى بېشى-
دىن ئۇچتى. ئىچكىرىدىن ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىسەمۇ،

بىراق ئۇلارنىڭمۇ قېيناتىڭىزنىڭ ھالىغا چۈشكىنىنى مۇلاھىزە قىلدىم. قېيناتىڭىز سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن ھالىڭىزنىڭ ئېغىرلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغىنىدەك، دۈشمەنلىرىڭىزگە بەرگەن جاۋابىڭىزنى تەقدىر قىلىش كۈچىنىمۇ سوز تاپالمايتتى. ھەر ھالدا ئاراڭلاردىكى ئاداۋەتنىڭ دۈشمىنىڭىز بىلەن بىللە سۈپۈرۈلگىنىگە شۈبھە يوق".

مەكتۇپنىڭ يەنە بىر ئورنىدا: "سىزنىڭ قەيەردىلىگىڭىزنى سورىغان ئىدى، مەن بىلگىنىمنى ئېيتتىم، كېلەلمىدىكىن دېگەن ئىدى، بۇنىڭغىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ شۇ چاغدىكى مۇجمەل جاۋابىڭىزنى بەردىم. پىكرىمچە، قىشتا بولمىسىمۇ، يازغا چىقىپ ئۆزلىرى تاشكەنتكە كېلەر دەپ ئويلايمەن".

خەتنىڭ ئاخىرىدا:

"سىز كېتىپ بىر كۈندىن كېيىن ھامىد ئۆلدى. قىسقىسى، بىر ئېغىز سۆزسىز توڭگۈز قوپۇپتۇ ... مەن ئۆلۈۋاتقان چېغىدىمۇ سىزگە بىر توھمەت توقامدىكىن، دەپ قورققان ئىدىم. قۇتىدارغا ھېچبىر جەرىمە ئارتمايتۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىگىلىرى ھېچكىمنى تۇتۇۋالالمىغىنى ئۈچۈن مەھكىمىلەرمۇ ئىشنى تەكشۈرمەي قويىدى. ئويلىشىمچە، ھېچكىم بىلمىگەندىمۇ، سىزنى ئۆلگەن سادىنىڭ ئانىسى بىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭمۇ دېمى ئىچىدە، سورىغانلارغا خۇدادىن كوردۇم، دەپ جاۋاپ بەرگۈدەكمىش. بۇ خوتۇننىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆتكەن كۈنى قېيناتىڭىزغا: بىگانە خوتۇننى ئۆيىڭىزگە يولۇقتۇرمىسۇن ۋە چەتتىن كەلگەن تاماقنى يېمىسۇن، دەپ ئېيتتىم، ھەر ھالدا ياماندىن ھەزەر قىلىش لازىم".

دەپ يازغان ئىدى.

بۇ خەتتىن كېيىن مەرغىلاندىن ئىسرىق قىلغان تىۋىش

بولىدى ۋە ئاردىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتابېكنىڭ كۆڭلىرى كۆن پېتىپ چىققىچە بىر چۈشىنىكسىز مەسىلىككە، قاراڭغۇلۇققا كىرىپ، ھەر سائەتتە ئاچچىق ۋە چۈچۈك نامەلۇم بىر ھال كەچۈرۈشكە باشلىدى. بەزى چاغلاردا ئۇ ئۈمىت قۇچىقىدا ئالدىراپ قالاتتى ۋە ئىككىنچى ۋاقىتتا ياردماس — قارا خىياللار بىلەن ئەندىكەتتى.

ئۈمىتلەنگەن چاغلىرىدا:

— ئاي تۈگۈلۈكتىن تۇۋەنرەكتە، بۇگۈن بولمىسا ئەتە چۈمبىتى قولىدا، پەرەنجىسى ئۈستىدە سىپىرىقمۇ، قارىمۇ ئەتلەس كوينىگى ئۈستىدە دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقاندەك ۋە خاپا بولغاندەك ...

ئىككىنچى بىر ۋاقىتتا كىمنىڭدۇر تۇۋەندىكى سوزىنى ئاڭلايتتى:

— ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنلا مەرغىلانغا قاتناپ يۈرگەن ئىكەن، ھىساۋىنى تۈگەتتى - دە، دىرەكسىز كېتىپ قالدى. تۈزۈكرەك جاي چىقمىسا، كۆمۈشنى بىر نۆۋەتەيلى ... ئۆمرىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ!

ئەنە شۇ قارا خىيال ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ يېنىپ تۇرغان ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلايتتى ۋە شۇ چاغدا ئۆزىنى كايىشقا باشلايتتى: "مەن نىمىشقا ئىككى يىل سەرسان بولۇپ يۈردۈم ۋە بۇ سەرساندلىقنىڭ نەتىجىسىگە بىرىپ يەتكەندە، شۇنداق ئەخمەقلىققا چۈشۈپ قالدىم؟"! دەيتتى ۋە مەرغىلان يولىنى كوزلەيتتى. ئەمما ئەمدى ئۇنىڭغا مەرغىلانغا بىرىش زادىلا ئوڭ كەلمەيتتى: "مەن نىمىشقا كەلدىمۇ ئەمدى نىمىشقا بارىمەن ۋە نىمە دەپ بارىمەن؟ قىزىڭىزنى تاشكەنتكە ئېلىپ بارارسىلەر دەپ كېتىۋىدىم ... سىلەر ئېلىپ كەلمىگەنلىكلاردىن كېيىن ئۆزەم قايتىپ كەلدىم، دەيمەنمۇ؟" ئاتابېك كېيىنكى كۈنلىرىنى مانا شۇنداق مۇجمەل ئازاپلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ئاي تولماستىن مەرغىلانغا قاتناپ تۇرغان ئوغلىنىڭ ئەمدى ئۆچ ئايدىن بىرى قوزغالماي قېلىشى تۈپەيلى ئۆزبېك ئايىم

ئەكسىچە يەنە خوشال بولۇپ كەتتى. "كېيىنكى قىلدۇرغان ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇم كار قىلغان بولسا كېرەك، بىراقلا مەرغىلاننى تىلغا ئالماي قويدى. ئەمدى خوتۇنغا مەيلى بولۇپ، مېھمانخانىدا يېتىشىنىمۇ قويسا... ھەر نىمە بولسىمۇ دۇئادىن قالمايلى!" دەپ زەينەپنى مولىنىڭكىگە بېرىشقا قىستايتتى.

ئاتابېك كېيىنكى ۋاقىتلاردا سودىغا يۈرۈشنى تاشلاپ قويغىنى ئۈچۈن، ھەسەن ئەلى ئىشسىز قالغان ئىدى، ئۇزۇن كۈن-بويى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ كەتكىنىدىن كېيىن، ھاجىغا ئېيتىپ بىر - مۇنچە دەسمايە بىلەن گۇزەردىن باققاللىق دۇكىنى ئاچقان ئىدى. ئاتابېك كوپىنچە مېھمانخانىسىدىكى كۇتۇپخانىسىدىن كۈنى - بۇنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى، ئوقۇشتىن زېرىككەن چاغلىرىدا ھەسەن ئەلىنىڭ دۇكىنىغا چىقاتتى ۋە گۇزەردىمۇ زېرىككىنىدىن كېيىن بېشى قايغان تەرەپلەرگە كېتەتتى ۋە بەزىدە چوقۇر قىشلاق تەرەپلىرىدىمۇ باراتتى. ئەمما بارغىنى بىلەن بۇرۇنقىدەك ئىچمەيتتى، ئىككى - ئۈچ، ئارتىپ كەتكەندە تۆت ئاياق بىلەن كۇپايىلىنەتتى، كوز ئالدى بىرئاز جىمىرلاشقان، تۈرلۈك خىياللىرى بىرمۇنچە تارقالغان ھالدا قايتاتتى ۋە لېكىن ھەسەن ئەلىمۇ ئۇنىڭ بۇ كەيپىنى ناھايىتى كەم سېزەلەيتتى.

ئۆتكەن كۈنى چوقۇر قىشلاققا بارغان ئىدى. نامازدىگەر ۋاقىتلىرىدا قايتىپ گۇزەرگە كەلدى - دە، خىيال بىلەن ھەسەن ئەلى دۇكىنىغا ئولتۇردى. ئاتلىق، پىيادە ئۆتكۈنچىلەر تۆت تەرەپكە قاتناپ تۇرۇشاتتى، ئۇنىڭ بۇگۈنكى كەيپى ئۆتۈپ كەتكەندەك بولسا كېرەك، ئۇلارنى خىرە - شىرە كوزگە ئىلغاندەك قارايتتى.

ھەسەن ئەلى بىر - ئىككى كۈن كۆزەتكىنىدىن كېيىن سورىدى:

— مەرغىلانغا نىمىشقا بارماي يۈرىسىز؟

بۇ سوئالدىن ئۇنىڭ كەيپى تارقىغاندەك بولۇپ، كوزلىرى يوغان ئېچىلدى:

— خوشياقمايدۇ ...

— قېيناتىڭىز كونسە ئۆي - ۋاقىڭىزنى ئېلىپ كەلسىڭىزمۇ ماقۇل ئىدى، قاتناپ يۈرگەندىن كورە ...
— ھەيتاڭا ...

ئىلگىرى شۇنداق سوئال بېرىلگىنىدە ئۆزىنىڭ يالغان جاۋاپلىرىدىن تولىمۇ خاپا بولاتتى، ھەسەن ئەلىگە ئوتكەن گەپلەرنى بىرمۇ - بىر ئېيتىپ بەرگۈسى ۋە "مېنىڭ ئۆيلىنىشىمگە سەن سەۋەپ بولغان ئىدىڭ، ئەمدى ئۇنى مېنىڭدىن ئاجرىتىشتى!" دەپ ئۇنىڭدىن ئۆز دەردىگە داۋا ئىزلىگۈسى كېلەتتى. ھازىر ئۆزىدە خاپىلىق، ئوڭايسىزلىق سەزمىگەن بولسىمۇ، بېشىغا "ئۆزەم بارالمسامۇ ھەسەن ئەلىنى ئەۋەتىشىم كېرەك" دېگەن پىكىرلەر كەلدى. بارا - بارا بۇ پىكىر ئۇنىڭ بېشىغا جىددى ئورنىشىپ ئالدى، شۇ توغرىدا راسا ئويلاپ كېتىپ كەيپىمۇ تارقىلىپ كەتتى. دۇكاننى يېپىپ، ھەسەن ئەلى بىلەن بىللە كەتتى — يولدا، مېھمانخانىدا بىللە ئولتۇرۇپ ئاش يېدى، داستىخان ئۈستىدە ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى پەقەت شۇ بولۇپ قالدى. بىراق، بۇ پىكىر قارار تۈسىگە كىرىپ كېتەلمىدى، مىنۇتسىرى تارقىلىپ كېتىۋاتقان كەيپىدەك تۇرلۇك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراشقا باشلىدى:

تېخى مەرغىلاندا ئىشلار قانداقكىن؟ ئۇلار يەنە ئايىنىپ قالمىدىمىكىن؟ مەرغىلاندىن بىر نەرسە بايقىماي تۇرۇپ، كىشىنى ئاۋارە قىلىشقا ئەرزىمىدىكىن؟ ....

* * *

بۈگۈن قۇياش ئوچۇق ھاۋادا كېزىشى ئۈچۈن جىم - جىم تاۋلىنىپ، يەر يۈزىگە كۈلۈپ قارىدى. ئىككى كۈندىن بېرى قۇياش يۈزىنى قاپلاپ، تۇرلۇك يەرلەرگە جان سۈيى سېپىش بىلەن ھارغان باھار بۇلۇتلىرى بۈرجەك - بۈرجەككە تارقىلىپ باراتتى. ئۈۋىلىرىدىن چىقىشى بىلەنلا قۇشقاچلار چىرىلدىشىپ، پاختەكلەر گۇ - گۇلىشاتتى. ئاۋۇ قاپاق تېرەككە ئۇۋا قويۇشقا

ئۆيلىغان بىر جۈپ قارغۇجىمۇ ۋىچىر - ۋىچىر قىلىشىپ كېڭىشمەكتە.
پادىچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دالىغا ئالدىرىغان ئانىسىغا ئەگىشىپ
قاشقا موزايمۇ مورىۋەتتى. چىشىسىغا تەككىنى ئۈچۈن ئۆگزىدىكى
كەپتەرمۇ پوقىنىنى چىقىرىپ رەقىبىنىڭ ئەتراپىدا زەربە بېرىشكە
باشلىدى ... قىسقىسى، بۈگۈن ئويغىنىشىدىنلا پۈتۈن كائىناتنىڭ
ياخشى چۈش كورۈپ تۇرغانلىقى سېزىلەتتى.

باھارنىڭ بۇ كۈنكى سېھىرلىك كۈنى ئاتابېكنىمۇ غىدىقلىدى.
چېپىنىنى ئېرىسىدىن - بىرى ئېچىپ تۈگىتىپ ھەسەن ئەلىنىڭ
كەينىدىن گۈزەرگە چىقتى. ئۇ گۈزەرگە چىققاندا ھەسەن ئەلىنىڭ
خوشنىسى بولغان ئەلى، ئېرىنىپقىنا دۇكان تاختىسىنى چۈشۈر-
مەكتە ئىدى. ئاتابېكنى كورۇشى بىلەن دۇكان ئېچىشنى توختاتتى.

— بۈگۈن بوشمۇ سىز، بەگ ئاكا؟

— بوشمەن.

— بوش بولسىڭىز، مېنىڭ ئۆرۈككە قىمىزغا باراتتۇق، —
دېدى ئەلى، — تولە ئاكا بېيىلىرىنى يايلاققا ساپتۇ!

— دۇكىنىڭىزچۇ؟

ئەلى چۈشۈرگەن تاختىسىنى باشقىدىن جايىغا قويۇۋەردى:

— دۇنيانىڭ ئىشى تۈگەيتتىمۇ، بەگ ئاكا! ماقۇل دېسىڭىز،
دۇكاننى ياپىمەن!

ئاتابېك پارقىراپ چىقىپ كەلگەن قۇياشقا قارىدى:

— يېپىڭ بولمىسا!

ئاتابېك ھەسەن ئەلىنىڭ دۇكىنى ۋاستىسىدە ئەلى بىلەن
يېقىندا تونۇشقان ئىدى. ئۇ كوڭلىدە كىرى يوق، خۇشچاقچاق،
ئوچۇققىنا بىر يىگىت بولۇپ، بەگ بىلەن گويا كوپ يىللاردىن
بېرى بولغان تونۇشلارچە مۇئامىلە قىلاتتى.

بەككە بۇ تاسادىپ ناھايىتى قولاي كەلدى. چۈنكى ئويدىن
چىقىشىدىنلا ئۇنىڭ قەستى بۇ كۈننى دالىدا ئۆتكۈزۈش ئىدى.
ئۇلار گوش ئېلىشتى - دە، پىيادە مېڭىپ مېنىڭ ئۆرۈككە كەتتى.
مېنىڭ ئۆرۈك يېزىسى ئېتىدىنىمۇ مەلۇم — بۇنىڭدا مىڭغا

يېقىن ئۆرۈك دەرىخى ئۆسكىنى ئۈچۈن بولۇپ، شىۋلىنىڭ سۈيىدىن باشلاپ تاسالار ئۆستەڭگىچە قاتار – قاتار ئۆرۈكلەر ئىدى. سالارنىڭ نېرىقى تەرىپى تەكشى دالا، ئەمدىلا كۆپ – كۆك ئوت گىلەمى ئۈنۈپ چىققان ئىدى، مىڭئۆرۈكنىڭ ئېتىكى بولغان سالار بويىدا ئۈچ – تۆت قازاق ئۆتاۋلىرى تىكىلگەن ئىدى. ئىككىسى سالار بويىغا يېتىپ كېلىپ تولە ئاكىنىڭ كېلىنچىكىگە گۆشنى شورپا قىلىش ئۈچۈن بېرىشتى.

ئەلى ئۆتاۋدىن كىگىز ئېلىپ، سالارنىڭ بويىغا سالدى. كېلىنچەك ياستۇق، كورپە تاشلاپ بەردى. ئاتابېك ھاردۇق چىقىرىپ يانپاشلىدى.

قۇياش ئازارسىزلا قىزدۇراتتى. يېنىكلا چىققان شامال دىماققا تۇرلۇك ئوتلارنىڭ ھىدلىرىنى كەلتۈرۈپ ئۇراتتى. بىرنەچچە قالغاچ سالارنىڭ ئېقىشىنى بويلاپ ئۇچاتتى ۋە ئۈچقان بويىچە "ۋەلفەجرى" ئوقۇيتتى. پايانسىز دالىنىڭ يۇقۇرى – تۆۋەن ئورۇنلىرى رەڭگى بىر خىل كۆكات ۋە كۆز ئىلغىمايدىغان ئۇزاق جايلىرى تۇمانلانغاندەك كورۇنۇشتە ئىدى. قۇشلار، قۇرۇتلارنىڭ سايرىشى تەبىي بىر ساز خىزمىتىنى ئۆتەپ، كىشىدە ئىپادىسى قىيىن بولغان بىر سەزگۇ پەيدا قىلاتتى.

ئاتابېك تەبىئەتنىڭ شۇ كوركەم ۋە نازۇك كورۇنۇشىگە مەپتۇن بولۇپ بىرئاز ياتقاندىن كېيىن، "ئۇمۇ بولىسىدى" دەپ ئويلىدى ۋە چوڭقۇر تىن ئېلىپ قويدى.

بۇ كۈننىڭ گۈزەللىكىدىن ئالغان تەسىراتىنى ئەلى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى:

— تازا ياخشى كۈنئۇ! — دېدى.

ئاتابېك شۇ گۈزەللىكنى ئۆزىگە تېتىتماي تۇرغان دەردىدىن شىكايەت قىلدى.

— شۇنداق كۈنلەردە كەم – كۈسلىك بولمىسا ...

— سىزنىڭمۇ كەم – كۈسىڭىز بارمۇ؟ — دەپ ئەلى كۈلۈمسىرىدى.

— يوق دەپ ئويلامسىز؟

— ھەممىسىدە بولغاندىمۇ، سىزدە يوق، دەپ بىلمەن!

— مەسىلەن؟

— مەسىلەنىمۇ، — دېدى كۈلۈپ ئەلى، — سىز بىلەن ئاتىڭىزنىڭ ئابرويى قوشىيىگىمدىمۇ يوق، دولەت توغرىسىدىن بولسا، ئاچقالغۇدەك يەردە ئەمەسسىز ... تۇتىسىدەك ئىككى خوتۇنىڭىز بەگ ئاكام ئۈچۈن چىچىنى تاراپ ئولتۇرىدۇ ... يەنە قانداق كەم - كوس؟

كىشىنىڭ بەختىنى ئۆزەلا كورۇپ ھوكۇم قىلىدىغان ئەلى ئۇنىڭغا قىزىق كورۇندى ۋە كۈلۈپ:

— توغرا ئېيتتىڭىز! — دېدى.

— شۈكرى قىلىش كېرەك، بەگ ئاكا! — دېدى ئەلى ۋە ئوزىنىڭ بەختسىزلىگىدىن، تاپقىنىنى روزغاردىن ئارتتۇرالماي، شۇ كۈنگىچە ئويلىنەلمەي كېلىشىدىن ھەسرەت قىلىپ كەتتى. ئاتابېك ئۇنىڭ ھەسرىتىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ھاياتنىڭ زەربىسى ھەر كىمنىڭ ئوز دەرىجىسىگە قاراپ ۋە لېكىن ھېچكىمنى ئالا قويمايدىغانلىغىنى چۈشەندى:

— دۇنيانىڭ ئىشى شۇنداق ئىكەن، موللا ئەلى! — دەپ ئۇنى ئاۋۇتۇپ قويدى. ئىككىسىمۇ بىرنەچچە ۋاقىتقىچە جىم بولۇپ قېلىشتى.

— مەرغىلانلىق خوتۇنىڭىزدىن بالىڭىز بارمۇ؟

— يوق ...

— بولسىمۇ تۇرمىدىمۇ؟ ئويلەنگىنىڭىزگە خېلى يىل بولغانغۇ، دەيمەن؟

— تۇرمىدى.

ئەلى ئاتابېكنىڭ كەم - كوسىنى شۇ بالىسىزلىقتىن، دەپ ئويلىغان ئىدى:

— بالىسىزلىق ئۈچۈن خاپا بولۇش كېرەك ئەمەس، تېخى سىز ياش، بەگ ئاكا!

ئاتابېك جاۋاپ بەرمىدى. جاۋۇردا قىمىز كەلدى. بەگ بىر-

ئىككى چوچەك قىمىز ئىچكەندىن كېيىن ئوگىدىسىغا ئاسمانغا قاراپ يېتىۋالدى. ئەلى ئاۋازىنىڭ بېرىچە ناخشا ئېيتتى:

كوزلىدىم يول ئۈستىدە كەلمەيدۇ يار،
ئۆشبۇ كەڭ دۇنيا كوزۇمگە بولدى تار!
قايسى قاراقچى توستى يارنىڭ يولىنى؟
بۇ يەردە بەختسىز يىگىت يول ئۆزرە زار!

— قوشۇلمامسىز، بەگ ئاكا؟
— ئۆزىڭىز ياخشى ئېيتىسىز، توختىماڭ!
ئەلى ئاۋازىنىڭ بېرىچە ھەممە ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، غەزەل تۈگىگىچە ناخشا ئېيتىپ بەردى.
— دۇرۇستمۇ، بەگ ئاكا؟
— ياخشى ناخشىچى ئىكەنسىز!
— ئانداق بولسا، ئۈستىدىن بۇنى ئىچىۋېتىڭ، — دىدى كۈلۈپ ۋە بىر چوچەك قىمىز ئۇزاتتى. بەگ قىمىزنى بىر سۈمۈرۈشتە بوشاتتى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ يىراق دالىغا قاراپ تۇردى ۋە يۇقۇرىدىكى بىيتنى ئوقۇپ ئېغىز ئۈچىدا غىڭشىلدىدى:

كوزلىرىم يول ئۈستىدە، كەلمەيدۇ يار!
قايسى قاراقچى توستى يارنىڭ يولىنى ...

— قوقانغا كەتكەن ئەسكەرلەردىن دېرەك ئاڭلىدىڭىزمۇ، بەگ ئاكا؟
ئاتابېكنىڭ خىيالى بولۇنۇپ، ئەلىگە قارىدى:
— ئاڭلىمىدىم.
— مېنىڭ ئاكامۇ كەتكەن ئىدى ... ئامان - ئېسەن كېلىشسۇن - دە!

— ئاكىڭىز ئەسكەرمىدى؟

— ياق، مەرگەن ئىدى، قوقانغا كېتىۋاتقان يولداشلىرىغا قىزىقىپ، بارما دىگەنگە كونمىدى. ئۇرۇش ئېھتىمالى يوقمۇ، شۇنداقلا، پاتىمە ئۈچۈن كېتىشكەندۇر - دە؟

— كىم بىلىدۇ، دەيسىز؟ — دىدى بەگ ۋە بىر ئاز ئويلاپ قالغاندىن كېيىن، — بولماس! — دەپ قويدى.

جاۋۇردىكى قىمىز تۆگەپ، شورپىمۇ ئىچىلدى. داستىخاننى يىغىۋاتقان كېلىنچەككە ئوغۇل تىلەپ دۇئا قىلىنغىنىدىن كېيىن قولىغا ئوتتۇز مىس سۇرمە پۇل بەردى ۋە قىرنى ئايلىنىپ، گۈلنەپشە تېرىش ئۈچۈن كېتىشتى.

## 3

## قىرغىن

كەچقۇرۇن سائەت توتلەردە قايماس دەرۋازىسىدىن قايتىپ شەھەرگە كىرىشتى - دە، دەرۋازىدىن ئون قەدەم نېرىدا، بېشى تېنىدىن ئېلىنغان ئۈچ كىشىنىڭ گەۋدىسىگە يولۇقۇشتى، ئاتابېك بۇ ھالغا چۈشەنمىدى، چۈنكى بەزىدە بىر ئېسىلدىغان گۇناكار كونا نامازگاھ دارىغا ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەرۋازىۋەننى ھوجرىسىدىن چاقىرىپ سورىدى:

— بۇلار قانداق گۇناكارلار ئىكەن؟

دەرۋازىۋەن بەگنى تونۇپ قول قوشتۇردى:

— تەقسىر، بۇلار قىپچاقلار!

— گۇناسى نىمىكەن؟

دەرۋازىۋەن ياتقان گەۋدىلەرگە قاراپ قويدى ۋە بەگنىڭ يېنىغىراق كەلدى:

— ئۇزلىرى بىلىدىلىغۇ، تەقسىرىمنىڭ ... بىگىمگە ئېيتقۇلۇغى يوق ...

— گۇنايىي نىمىكەن، زادى؟

— ئاخىر، قىپچاقلار - دە، تورەم!

ئاتابېك تېرىكتى:

— قىپچاقلار ئىكەنلىگىنى بىلىدىم. ئەمما گۇنايىي نىمە دەپ سوراۋاتىمەن، سىزدىن!

دەرۋازىۋەن قول قوشتۇرغىنىچە ئاتابېككە ئەجەپلىنىپ قارىدى.

— تەقسىرىمنىڭ ئېشىق خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى.

— ۋاي - ۋۇي تەقسىر، بۇگۇن ئەتىگەندىن بېرى كورۇنگەنلا قىپچاقنى سويۇپ يۇرۇشتىغۇ! گۇنالىرى سۇرۇشتۇرۇلمەدى، تەقسىر! — دىدى ۋە ئۇلۇكلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىپ ئىزاھ بەردى، — ئاۋۇسىنى ئويىدىن ئېلىپ چىقىپ سويۇشتى، مانا بۇسى مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان دەرۋازىۋەن ئىدى — رەھمەتلىك، ماۋۇسىنى تونۇمايمەن ۋە لېكىن ئۇزى قىپچاق بولسا كېرەك ...

ئاتابېك دەھشەتلىنىپ يېنىدىكى ئەلگە قارىدى، ئەلى بولسا ياتقان جانسىز گەۋدىلەرگە قاراپ، لېۋىنى چىشلەپ تۇراتتى.

— كىملەر ئولتۇردى؟ — دەپ ئاتابېك دەھشەت ئىچىدە دەرۋازىۋەندىن سورىدى.

— بۇ يەرگە كەلگەنلەر يىگىرمىگە يېقىن ئادەم ئىدى. ئوزىمىزنىڭ تاشكەنت ئەسكەرلىرىدىنمۇ بار، قوقانلىقلارمۇ كورۇندۇ. ئوزلىرىمۇ قىپچاقنى ئىزلەۋېرىپ ھەممىياقنى راسا غەلۋىر قىلىۋەتتى - دە، تەقسىر ... قوقانغا كەتكەن بەگلەرىدىنمۇ، خانىدىنمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداق بۇيرۇق كەپتۇ - دە، تەقسىر ... بىزلەر خىزمەتكار ئادەم — نىمىنى بىلىلى، تورەم!

ئاتابېك مەسىلىگە چۇشەنگەندەك بولدى ۋە دەھشەت ئىچىدە ئەلى بىلەن يولغا چۇشتى، ئوتتۇز قەدەمچە باسماستىن يەنە ئىككى ئولۇككە ئۇچرىدى، ئون قەدەمچە يەنە بىر جانسىز گەۋدە ...

ئەمدى ئەلى سورىماستىن چىدىيالمىدى؛

— نە ئۇزەنبىللا، بۇ نىمە دىگەن گەپ، بەگ ئاكا؟

— سورىماڭ!

— يا ـ قا، — دىدى ئەلى، — ئاخىرى ھەممىسىمۇ گۇناكارمىدۇ؟

— گۇناكار! ... — دەپ زەھەرنى چاچتى بەگ، — مۇسۇلمانقۇلنى بىلىدىغاندۇرسىز، ئەلۋەتتە؟

— نىمىشقا بىلمەي، ئىككى ئاي ئىلگىرى قاچقىنىنىمۇ كوردۇم ...

— بىلسىڭىز، — دىدى بەگ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ گۇنايىغا ئولتۇرۇلگەنگە ئوخشايدۇ!

ھەر قەدەمدە بىر ئولۇككە ئۇچرىشاتتى. ئەلى ساناپ كېلىۋاتاتتى، گۇزەرگە يەتكەندە ساناق يەتمىشتىن ئاشتى. تېخى بۇ بىرلا توغرا كوچىنىڭ ھىساۋى بولۇپ، كەڭ تاشكەنتنىڭ باشقا كوچىلىرىنىمۇ ھىسابقا ئالغاندا پاجىئەلىك بىر مەنزىرىنى تەشكىل قىلىشى مەلۇم. گۇزەرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە قاتار يېتىپ كەتكەن قىرىققا يېقىن ئولۇكنى كوردى ...

كۇن ناماز دىگەردىن ئوتۇپ شامغا يېقىنلاشتى، شۇنىڭ ئۇچۇن گۇزەردىكى دۇكانلاردىن ئۇچ ـ توتىلا ئوچۇق، جۇملىدىن ھەسەن ئەلىمۇ يېرىم ئوچۇق دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇراتتى.

— ساق كەلدىڭىزمۇ، بەگ! بىز بۇ يەردە يۇز خىل ۋەسۋەسىگە چۇشۇپ تەشۋىشلەندۇق، — دىدى ھەسەن ئەلى.

ئاتابېك باشقا خىيالدا ئىدى. ھەسەن ئەلىنىڭ سوزىنى گويا ئاڭلىمىغاندەك سورىدى:

— بۇگۇن دادام قەيەردە ئىدى؟

— سىزدىن كېيىن، ئوردىغا كەتكەن ئىدى. بىر سائەتتىن كېيىن، ئالدىرىغىنىچە قايتىپ كەلدى ـ دە، سىزنى سورىدى، شۇنىڭدىن كېيىن قاياققا كەتكىنىنى بىلەلمىدىم.

— قاچاندىن باشلاپ قىپچاقنى ئولتۇرۇشتى؟

— ئاتىڭىز كېلىشى بىلەنلا، — دېدى ھەسەن ئەلى ۋە ھودۇقۇپ پاجەنى ھېكايە قىلدى، — ۋاي ... بەگ، رەھىمسىزلىك بۇنداق بولىدىكەن ... خۇددى قىيامەت بولدى! بىچارىلەر نىمە گۇنا قىلىشتىكىن؟ ئۇيەدە ھالال كەسىپنى قىلىپ ئولتۇرغانلىرىغىچە تۇتۇپ سويۇشتى ... ھەي بىچارىلەر، قانداق گۇنايى بارىكىنە؟ ئەسكەرلەر تۇتۇپ كەلتۇرۇپ تۇرۇشتى، جاللات باش كەستى ... بۇ كۇتۇلمىگەن قازادىن ئىسى چىقىپ كەتكەن بىچارىلەر يىغلىشىۋاتىدۇ ... بولۇپمۇ، بىر بوياقچى ... خۇددى خۇمنىڭ يېنىدىن تۇتۇپ كەپتۇ — قولى بوياق ... ھەي خۇدا، مەن نىمە گۇنا قىلدىم، دەپ يىغلايدۇ ... چىداپ تۇرالمىدىم، دۇكاننى يېپىپ قاچتىم، كۆپلىگەن كىشىلەرمۇ قېچىشتى ... يەنە بىر ...

— بەس! — دېدى ئاتابېك ھەسەن ئەلى ھېكايىدىن توختىدى، چۈنكى بەگنىڭ يۈرىگى ئېزىلىپ ئاققۇدەك دەرىجىگە يەتتى، ئەلى ئاتابېك بىلەن خەيرلەشمەستىنلا قاچقان ئىدى ...

ئۇيگە بېرىپ، كەچلىك ئاشنىمۇ يېمىدى ۋە ئاتىسىغىمۇ ئۇچراشمىدى، گويا شۇ يىرتقۇچلار دۇنياسىدىن يوشۇرۇنغاندەك يوپيورۇقتىلا ئورۇنغا يېتىپ، كورپىسىگە پۈركۈنۈۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئوي ئىچى چۈشەنگىنى ئۈچۈن، نىمە بولدى، دەپمۇ سوراشمىدى ۋە يېنىغىمۇ كېلىشمىدى ...

يۇسۇپبېك ھاجى ئەتىگەندە چاينى ئاتابېك بىلەن بىللە ئىچىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا چىقتى. ئاتابېك ھومايىغىنىچە كېلىپ چايغا ئولتۇردى، ئاتىسىغا سالامىمۇ بەرمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئاتىسىنى قىپچاق قىرغىنىنىڭ باش ئامىللىرىدىن دەپ ئويلاپ قويغان ئىدى. چاي يېرىملاشتى. ئارىدىن لام دىگەن سوز چىقمىدى.

ئاخىرى ئوغلىغا يېنىكلىك بېرىش نىيىتىدە ھاجى تىلغا كەلدى:

— خاپا بولما، ئوغلۇم!

— سىلەرگە ئوخشاش، — دېدى ئۇ ئۇستىھزالىنىپ، — خوشال بولايمۇ؟

ھاجى ئوغلىنىڭ قانداق پىكىردە ۋە نېمە ئۈچۈن ھومايغىنىنى بىلدى.

— يېڭىلىشىسەن، ئوغلۇم!

— رەجەپبېگىنىڭكىدىكى مەجلىستە، — دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن، — بۇ يەرتۇچلۇقنى تەكلىپ قىلغۇچى كىم ئىدى؟ ...

ھاجى ئۇلۇغ تىنىدى ۋە:

— رەجەپبېگىنىڭكىدە بولغان مەجلىسنى سەن بىلەمسەن؟ ... — دەپ سورىدى.

— بىلىمەن.

— بىلسەڭ، — دېدى ھاجى، — مېنىڭ ئۈستۈمگە مۇنداق تۆھمەت ئارتىشتىن ئۇيالغىن، بالام!

— رەجەپبېگىنىڭكىدە بۇ كېڭەش بولغانمىدى؟

— بولغان ئىدى.

— بولغان بولسا، يەنە نېمىشقا ئۆزىڭىزنى قۇرۇق ھىساپلايسىز؟

يۇسۇپبېگ ھاجى ياش بالىدىن كۆڭلىدەك قىلىپ ھېجايدى.

— بەزى يېنىك مۇھاكىمىلىرىڭ ئاناڭنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ئاتابېك! — دېدى، — مەجلىستىن خەۋىرىڭ بولغان بولسا، كىم قايسى پىكىردە قالغىنىنىمۇ بىلەرسەن؟

— ياق.

— مەجلىستە نېمىدىن بەسلەشكىنىنىچۇ!

— مەجلىستە نېمە مۇزاكىرىسى بولغىنىنىمۇ بىلمەن ۋە لېكىن شۇ مەجلىس پەقەت قىپچاقلارنى قىرىش ئۈچۈن يىغىلغان ئىكەن، دەپ تۇنۇگۈن ئىشىتتىم، مەجلىسىڭىز ئەزالىرىنىڭ سىزدىن باشقىسى نېمىشقا ئەسكەر توپلاپ، قوقانغا كېتىشتى ۋە ئۇلار قوقانغا يەتمەيلا نېمىشقا بۇ دەھشەت باشلاندى؟

— بۇ مۇھاكىمەڭ توغرا. ئەمما ئاتاڭنىمۇ شۇ جانىۋارلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇپ ئۇلتۇرۇشۇڭ قىسقا پەملىگەنلىكىڭدۇر! — دېدى ۋە

كۆزىگە ياش ئالدى: — ئۆزەڭ ئويلاپ كور، ئوغلۇم! ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى ئولتۇرۇشىمىزدىن مەملىكەت ئۈچۈن نىمە پايدىسى بار؟ مۇبادا، مەن بۇ ۋەھشىتكە قاتناشقان بولسام، قايسى ئەقىل ۋە قانداق مەنپەئەتنى كوزلەپ قوشۇلىمەن؟ ئەگەردە مېنىڭ يۇرت سوراش ۋە شۇ ۋاستە بىلەن بايلىق ئارتتۇرۇش ئارزۇيۇم بولسا باشقىلاردىن كورە ئۆز ئوغلۇمغا — ساڭا مەلۇم بولماسمىدى؟ ھەممە نەرسىگە يەتكەن ئەقلىڭ نىمىشقا ئەمدى شۇنىڭغا قالغاندا ئاقسايدۇ. نىمىشقا يانغان يۈرىكىمگە يەنە سەنمۇ زەھەر چېچىۋاتىسەن؟!

تىترەپ ۋە تولقۇنلىنىپ ئېيتىلغان بۇ سوزلەر ئاتابېگنى پۇشايمان قىلدۇردى، ئولگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەن، دىگەنىدەك بولغان ئۆز ھۇجۇمىنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىگىگە چۈشەندى.

يۇسۇپبېك ھاجى بىر بىردىن بولغان مەجلىس ھەققىدە بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ قارشى تۇرغانلىغىنى ۋە ئۇلارغا ئۇقتۇرالمىغىنىدىن كېيىن، مەجلىسنى تاشلاپ چىقىپ كەتكىنىنى سوزلەپ كېلىپ دىدى:

— ئاردىن بىر سائەتچە ئوتكەندىن كېيىن ئارقامدىن نىياز قۇشبېگى كېلىپ مېنىڭدىن ئەپۇ سورىدى ۋە مەجلىسنىڭ ئۆز پىكرىدىن قايتقانلىغىنى، ئۆزلىرىنىڭ خاتا كەتكىنىنى ئېيتتى. مەن خوشال بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ زورۇر ئىكەنلىگىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپات قىلىپ چىقتىم. نىياز مەن بىلەن خەيرلىشىۋېتىپ: "جان ھاجى ئاكا! ئەمدى گەپ شۇ يەردە قالسۇن، بىرەر - يېرىمى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسا بىز يەرگە قاراپ قالمايلى، ئولتۇرۇشنىڭ چوڭ ئىلتىماسى سىزدىن - ئەنە شۇ!" دىدى. مەن بۇ ئېبلىسلارچە ئالداشقا ئىشىنىپ، بۇ توغرىدا يە ساڭا ۋە يە نەزىرمۇھەممەت قۇشبېگىگە ئېغىز ئاچمىدىم، ۋە ئۇلارنىڭ قوقانغا پاتىيە ئۈچۈن قوزغىلىشلىرىدىنمۇ ھېچبىر شۇبھەلەنمىدىم... ئېھ، شەيتانلار!

ھاجى بىر ئاز توختاپ داۋام قىلدى:

— تۈنۈگۈن ئەتىگەندە ئوردىغا بارغان ئىدىم، ئوردا مەيدانىدا ئۈچ - تۆت يۈز قورااللانغان ئەسكەرلەرنى بىرەرسىنى كۈتكەندەك ھالدا كوردۇم ۋە ئىلتىپاتسىز قۇشبېگى مەھكىمىسىگە كىردىم. كىرسەم، قوقانغا كەتكەن قەيۇم پانساد ئۈچ - تۆت ئەسكىرى بىلەن قۇشبېگىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. قۇشبېگى قولىدا بىر پارچە قەغەزنى تۇتۇپ، گويا ئەس - ھۇشىدىن ئايرىلغانىغا ئوخشاش قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ، مېنى ئىشىكتىن كورۇپ گەپ - سوز قىلماستىن قولىدىكى قەغەزنى ماڭا سوزدى ۋە بېشىنى تەۋرىتىپ قويدى. مەن بىر نەرسىگەمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا بېرىپ قەغەزنى ئالدىم ... ئوقۇدۇم ئوقۇدۇم — دە، مەنمۇ ئەس - ھۇشۇمدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ، قۇشبېگى ھالىغا چۈشتۈم. بۇ قەغەز خاننىڭ يارلىغى ئىدى ۋە بۇنىڭدا تەخمىنەن شۇنداق گەپلەر بار ئىدى:

— بىز تۈركىستان مەملىكىتىنىڭ خانى ئوز تەۋەيمىزدە سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن قىپچاق تائىپىسىنى زەرەرلىك دەپ بىلدۇق. شۇنىڭدەك ھوكمىمىزنى ئوز تەۋەيىمىزدە بولغان ھەممە بەگلىرىمىزگە، ھاكىم، قۇربېشى ۋە دەھباشلىرىمىزغا بىلدۇرۇپ بۇيرۇيمىزكى، ئۇشبۇ پەرمانىمىزنى ئالغان زاماتلا دەررۇ ئون بەش ياشتىن تا يەتمىش ياشقىچە بولغان قىپچاق ئەرزاتىنى قىلىچتىن ئوتكۈزگەيلەر ۋە ھېچبىر رەھىم - شەپقەتنى ۋاستە قىلمىغايلار. ئۇشبۇ ھوكمىمىزنى ئورنىغا يەتكۈزۈشتە سۇسلۇق قىلغان مەنسەپدار بىزگە ئىتائەتتىن باش تارتقان ھىساپلىنىپ، ئەڭ قاتتىق جازايىمىزغا مەھكۇم قىلىنىدۇ. بۇ ھوكمىمىزنى ئىجرا قىلغۇچى تاشكەنت ھاكىمى نارمۇھەممەت قۇشبېگىگە مەرھەمەتلىك شاھانىمىز شۇلدۇركى، گەرچە سىز قىپچاق قەۋمىگە مەنسۇپ بولسىڭىزمۇ، مۇسۇلمانقۇلنى ھەيدەشتە بىزگە ئۈنتۇلماس خەيرخاھلىقلار ۋە خىزمەتلەر كورسەتتىڭىز، شۇنىڭغا بىنائەن سىز بۇ جازادىن مەغپۇردۇرسىز ۋە ساداقىتىڭىزدە باقى قېلىپ، ئەمرىمىزنى

ئىجرا قىلىشىڭىزغا شۈبھە قىلمايمىز!"

قۇشبېگىگە قارىدىم، ئۇمۇ مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ تۇراتتى. "بۇيرۇقنى قاچان ئالدىڭىز؟" – دەپ سورىدىم. ئۇ جاۋاپ ئورنىغا قەيۇم پانسادقا ئىشارەت قىلدى.

"— مەن ئېلىپ كەلدىم! —" دىدى قەيۇم پانساد.

— سىز قوقاندىن ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم، چۈنكى سەن ئېيتقاندەك بەش – ئالتە كۈندە قوقانغا بېرىپ كېلىش زادىلا ئەقىلغا سىغمايتتى.

— "بىز بەگلەر بىلەن قوقان يولىدا ئىدۇق، — دىدى قەيۇم، "— يول ئۈستىدە خاندىن ئۈشبۇ يارلىق كېلىپ قالدى. نىيازقۇشبېگى ماڭا ئەسكەر قوشۇپ بۇ ھوكۇمنامىنى ئىجرا قىلىشتا بەككە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماڭغۇزدى!"

بۇ سوز ماڭا ھەممە شەيتاناتنى ئېچىپ بەردى ۋە ئوزەمنىڭ ئىبلىسلار تەرىپىدىن ئالدانغىنىمنى بىلدىم. — ئەتىدىن باشلاپ ھوكۇمنى ئىجرا قىلساق، قانداق بولاركىن؟ — دەپ قۇشبېگىگە قارىدىم.

"—مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇرۇۋىدىم ..."— دىدى قۇشبېگى ۋە قەيۇمغا قارىدى.

قەيۇمنىڭ ئۇستائىلىرى ئىشنى كېيىنگە تاشلىشىمىزنى ئىلگىرىدىن كوروپ قويۇشقان ئىكەن:

"— ئەتىگە قالدۇرۇپ بولماس!" — دىدى قەيۇم.

— نىمىشقا؟ — دىدىم.

"— چۈنكى، ئەتىگىچە قىپچاقلار قېچىپ تۈگەيدۇ!"

مەن قەيۇمنىڭ سوزىگە قۇلاق سالمىدىم - دە، قۇشبېگىدىن ئەتىنىڭ مەسلىھەتىنى سورىغان بولدۇم. بۇ ھالدىن ئاچچىقلانغان قەيۇم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

"— ئاۋارە بولماڭ ھاجى ئاكا!—" دىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىدىن ئاچچىغىم كەلدى:

— سىزنىڭ بىلەن مېنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىغان ھەققىمىز

يوق! — دېدىم.

"— سىزنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما مېنىڭ ھەققىم بار!" — دېدى قەيۇم.

— بۇيرۇق كىمنىڭ نامىدا؟ — دېدىم.

"— قۇشبېگىنىڭ!"

— بەس، سىز بىلەن مەن پەقەت ئۇ ياردەم سورىغىنىدىلا كەتمەن كۆتىرىمىز. باشقا دەخلىمىز يوق! — دېدىم.

قەيۇم زەھەرخەندىلىك بىلەن يېنىنى كولاپ، ئىككىنچى بىر بۇيرۇقنى چىقاردى ۋە ماڭا بېرىپ:

"— ئوقۇڭ!" — دېدى، ئوقۇدۇم.

— بەس، بىرىنچى بۇيرۇقنى سىز ئالغان بولغاندىن كېيىن، يەنە نېمىشقا قۇشبېگىدىن پاتىھە كۈتۈپ ئولتۇرىسىز؟! — دېدىم ئوت ئىچىدە.

"— قانداقلا بولمىسۇن بىزنىڭ ئۇلۇغىمىز، دەپ ھورمەتلەپ تۇرغان ئىدىم ...—" دېدى قەيۇم.

— ئىككىسىنى ھورمەتلىگەن ئىتتىقا سوغۇق تاناللار قىلماقسىز-دە، بارىكاللا! دېدىم، — بېرىڭ، ئۇستازلىرىڭىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاڭ!

"خاپا بولماڭ، ھاجى ئاكا —" دېدى قەيۇم ۋە قولۇمدىن قەغەزنى ئېلىپ قۇشبېگىدىن سورىدى: "— نېمە دەيسىز ئەمدى، بەگ؟"

"— مېنىڭ مەسلىھىتىمگە كىرسىڭىز، ئەتىدىن باشلايلى!—" دېدى قۇشبېگى.

— "ھېچ ئىلاجى يوق، قۇشبېگى! چۈنكى بارلىق شەھەر ۋە كوچىلارغىچە پەقەت شۇ بۈگۈنگە، دەپ بۇيرۇغان ئىكەن!" — دېدى قەيۇم.

قۇشبېگى بىلەن مەن گويا تاغنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان ئىدۇق. دېگىنىمىزگە ھېچبىر ئۇي كەلمەيتتى. قەيۇم ئورنىدىن تۇرغان ھالدا قۇشبېگىدىن جاۋاپ كۈتەتتى. قۇشبېگى

خېلىغىچە جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، قەيۇمغا قولى بىلەن چىقىشقا شەرەت قىلىپ "بالاڭىزنى قىلىۋېرىڭ!" دېدى. قەيۇم يېنىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن مەھكىمىدىن چىقتى. ئۇنىڭ چىقىشى بىلەن قۇشبېگىگە باردىم:

— ئەمدى نېمە قىلىمىز؟

"— نېمە قىلاتتۇق؟"

— ئاخىرى، قاراپ قېلىۋېرىمىزمۇ، ۋاقىت قىس، ئۇلارغا قارشى بىزمۇ ئەسكەر چىقىرايلى!

"قويۇۋېرىڭ ھاجى!"

"— بىچارە گۇناسىزلار چېپىلىۋەرسۇنمۇ؟"

"چېپىلىۋەرسۇن! —" دېدى قۇشبېگى، مەن ئىززەتراپ ئىچىدە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەي قالغان ئىدىم. گويىكى ئىچىدە تىلىغا كەلدى! "— مەملىكەتنىڭ تېچلىقى قىپچاقلارنى چېپىش بىلەن ھاسىل بولسا — مەيلى، چېپىشسۇن! يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقى گۇناسىز قىپچاقنىڭ قىزىل قېنىغا قاراپ قالغان بولسا — مەيلى، ئولتۇرۇشسۇن! ئەگەردە نىجاتىمىز قىپچاق تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش بولسا — مېنىمۇ ئېسىشسۇن! بۇ ئىپلاسلار مەرھەمىتىگە مەنمۇ مۇھتاج ئەمەسمەن!"

ھازىر جاھىللىقنىڭ ئورنى ئەمەسلىكىنى ھەردائىم ئۇقتۇرماقچى بولدۇم، كونمىدى. نائىلاج، يالغۇز ئۆزەم چىقىپ قولۇمدىن كەلگىنىچە قىپچاقلارنى قاچۇرۇشقا ھەركەت قىلدىم، ئەتراپقا كىشىلەرنى يوللىدىم. ئەمما توت يۈز جاللاتنىڭ ئالدىغا چىققان بىر كىشىنىڭ كۈچى ئەلۋەتتە بىر كىشىچە ئىدى. مۇتەھەممەلەر كوپ بىچارىنىڭ ياستۇغىنى قۇرۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدى! — دېدى ھاجى.

— مانا، ئاتابېك، ھەقىقەت شۇ، كىشى چۈشەنمەستىن تۇرۇپ بىرسىگە تۆھمەت توقۇمايدۇ!

ئاتابېك ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز سوزىدىن ئىزا تارتقاندەك يەرگە قارىدى ۋە بىرمۇنچە ۋاقىتقىچە خىيالغا كېتىپ ئولتۇر-

غىنىدىن كېيىن سورىدى:
— يىرتقۇچلارنىڭ بۇ قىرغىنىدىن قانداق مۇددىئالىرى ھاسىل
بولاركەن؟
— مەقسىدى ناھايىتى ئوچۇق! — دېدى ھاجى، — بىرى
مىڭبېشى بولماقچى، ئىككىنچىسى نارمۇھەممەتنىڭ ئورنىغا مىنـ
مەكچى، ئۈچىنچىسى يەنە بىر شەھەرنى ئۆزىگە قارام قىلماقچى.
خان بولسا مۇسۇلمانقۇلغا بولغان ئاداۋەتنى قىپچاقنى قىرىش
بىلەن ئەلەمدىن چىقماقچى! ماڭا قالسا ئوتتۇرىدا شۇنىڭدىن
باشقا ھېچگەپ يوق، ئوغلۇم! — دېدى ۋە بىر ئاز توختىۋېلىپ
داۋام قىلدى، — مەن كۆپ ئۆمرۈمنى شۇ يۇرتنىڭ تېچلىقى،
ۋە پۇقرانىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئۆزەمگە
ئازاپتىن باشقا ھېچبىر قانائەت ھاسىل قىلالمىدىم. ئىتتىپاقنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، يالغۇز ئۆز شەخسى مەنپەئەتى يو-
لىدا، بىر بىرىنى يەپ ئىچكەن مەنسەپپەرەس، دۇنياپەرەس
ۋە شوھرەتپەرەس مۇتەھەملەر تۈركىستان تۇپرىقىدىن يوقالماي
تۇرۇپ، بىزنىڭ ئادەم بولۇشىمىزغا ئەقلىم يەتمەي قالدى …
گۇناسىز بىچارىلەرنى بوغۇزلاپ، بالىلىرىنى يېتىم، خوتۇنلىرىـ
نى تۇل، ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلغۇچى زالىملار — قۇرۇتلار،
قۇشلار ۋە يەردىن ئۇسۇپ چىققان گىيالارنىڭ قاغىشىغا نىشانـ
دۇر، ئوغلۇم! …

4

## ئاينى ئېتەك بىلەن يېپىپ بولمايدۇ

چاي ئىچىپ بولۇنغان ئىدى. ئاتابېك پاتىھە ئوقۇپ، ئورنىـ
دىن قوزغالماقچى بولدى.
— تۇرما!

يۇسۇپبېك ھاجى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەمرانە بۇ بۇيرۇق ئاتابېكنى باشقىدىن ئۇلتۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى ۋە ئاتىسىغا "نىمە خىزمىتىڭىز بار؟" دىگەندەك قىلىپ قارىدى. يۇسۇپبېك ھاجى بىر سوزدىمەستىن سەللىسىنى ئېلىپ تىزىغا قويدى. بېشىنى تاتىلاپ يەنە، سەللىسىنى كىيدى. دادىسىنىڭ سەللە ئېلىپ، باش تاتىلىشىدىن كېيىن كوپىنچە ئۇ ئۆزىنى بىر تەرگاۋ ئاستىدا كورەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر مەرتىۋە دادىسىغا قاراپ قويدى.

ھەقىقەتەنمۇ ھاجىنىڭ تۇسىدىكى بايىقى ھەسرەت ۋە قايغۇ ئالامەتلىرى يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى شەرق ئاتىلىغى ۋەزىيىتى ئالدى.

— مەرغىلاندا نىمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

كۇتۇلمىگەن بۇ سوئالغا ئاتابېك نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي قالدى. جاۋاپنىڭ ئورنىغا ھويلا تەرەپكە قارىدى.

— سىزنىڭدىن سوراۋاتىمەن، ئاتابېك!

— سىزگە خەۋەر بەرگۈچى نىمە ئىش قىلغىنىمنىمۇ ئېيتقاندۇر ...

— ئاددى ئادەملەر قاتارىدا ئادەم ئۇلتۇرۇپ يۈردۈم، دىگىن؟!

ئاتابېكنىڭ يۈزىدە كۈلۈمسىرەش بىلىندى.

— ئاددى ئادەملەر قاتارىدا ئەمەس، — دىدى، — مەجبۇرلار قاتارىدا، زورلانغانلار قاتارىدا! ...

ھاجى ئوغلىنىڭ دارىتىشىنى چۈشەنمىدى:

ئادەم ئۇلتۇرۇش ئۈچۈن سېنى كىم زورلاپ مەجبۇر قىلدى؟

— تېخى بىلمەمسىز؟

— بىلمەيمەن، — دىدى ھاجى، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سېنى ھىچكىم مەجبۇر قىلمىغان!

— مېنى زورلىغان ۋە مەجبۇر قىلىشقان ئىدى، دادا! —

دېدى زەردە بىلەن، — بولمىسا، سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولغان بىر يىگىتنىڭ شەنىگە، ئەلۋەتتە، ئادەم ئولتۇرۇش ئويات ۋە نومۇس.

— كىم سېنى مەجبۇر قىلدى، ئەمدى؟

— سىز، ئانام!

— ئېسىڭ ئۆزەڭدىمۇ، يىگىت؟

— ئۆزەمدە، — دېدى ئوغۇل، — سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسىڭلار يولىدا مېنى مەجبۇر قىلدىڭلار ۋە دۈشمەنلىرىمگە يولنى چوڭ قىلىپ ئېچىپ بەردىڭلار، مەن بۇ جانىۋارلىقنى ھەق-ناھەق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم!

— شۇنداقمۇ، — دېدى ھاجى ئۆز گۇنايىنى تەن ئالغان ھالدا، — ئۇنداق بولسا، بىزنى كەچۈر، ئوغلۇم!

— سىزنى گۇناكار قىلىشقا ۋە گۇنايىڭىزنى كەچۈرۈشكە مېنىڭ ھەققىم يوق، دادا! لېكىن گۇناسىز بولۇپ تۇرۇپ، يەنە ئەيىپدار بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇرمەن ...

ھاجى لېۋىنى چىشلەپ، بېشىنى چايقىدى:

— خام سۈت ئەمگەن بەندىمىز! — دېدى، — خەير، بۇ ئەيىپنىمۇ بىزنىڭ بوينىمىزغا قويارسەن، ھەقىقەتەنمۇ قويۇشقا ھەققىڭمۇ باردۇ ... ئەمما ئاراڭلارغا يامانلار كىرگەن بولسا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا مېنى خەۋەردار قىلمىدىڭ؟ ياكى بۇنىڭدىمۇ بىرسى سېنى ئۈنچىقماسلىققا مەجبۇر قىلدىمۇ؟

— ھېچكىم مەجبۇر قىلمىدى، — دېدى، — ئەمما مېنى شۇ ئەھۋالغا قالدۇرغان دوستلىرىمدىن ... ياردەم سوراشمۇ ماقۇل كۆرۈلمىدى ...

ھاجى بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئوغلىنىڭ كېيىنكى سۆزى ئۇنىڭغا ناھايىتى تەسىر قىلغان ئىدى ... ئاتابېك توغرا سۆزلەۋاتقاندىن كېيىن قانداق قىلسۇن ...

— بىز سېنى تاشكەنتتىن ئويلىندۇرسەكمۇ، — دېدى ئاخىرى ھاجى، — چوڭ خوتۇنۇڭدىن ئاجرىتىش پىكرىدە

ئەمەس ئىدۇق. ئەگەر سەن شۇ خىيال بىلەن بىزدىن سىرىڭنى يوشۇرۇپ كەلگەن بولساڭ، چوڭ ئەخمەقلىق قىلىپسەن، بالام!

ئاتابېك دادىسىنىڭ كېيىنكى بۇ سوزىگە قارشى ھېچنەرسە دېمىدى، گويا ھەممە ئەلىمنى يۇقۇرىدىكى ئىككى جۇملە بىلەن چىقىرىۋەتكەندەك جىم بولغان ھالدا ئاڭلىغۇچى دەرىجىسىگە چۈشتى. ئەمما نەتىجىنى تېزرەك ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىگى قايىنغان ئاشتەك پورۇقلايتتى.

ھاجى داۋام قىلدى:

— كىشىنىڭ بېشىغا بىر ئىش چۈشكەندە، دەررۇ بىراۋدىن مەسلىھەت ۋە ياردەم سورايدۇ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىدىنمۇ سىر ساقلىغان بىر يىگىتنىڭ ئۆز ئوغلۇم بولۇپ چىققىنى ماڭا قىزىق كورۇلىدۇ. قېيناتاڭ ماڭا بىر خەت يېزىپتۇ، ئوقۇپ - ئوقۇپ مەزمۇنىغا چۈشىنەلمەي ھەيران بولىمەن. ھەر ئايدا مەرغىلانغا بېرىپ تۇراتتى - غۇ، دەپ ئويلايمەن. خەتنى ئىككى - ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بىلسەم ھەقىقەت شۇ ئىكەن ... مىرزاكەرىمنىڭ يازغىنىغا قارىغاندا بىرمۇنچە يېڭىلىشلىق ئۆنگدىنمۇ ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ ۋە لېكىن سېنىڭ بالىلىغىڭنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭكى، ھالۋا ... ياخشىكى بۇ ئەقىلسىزلىگىڭ باشتىلارنىڭ بېشىغا چىققان ... ئۆزەڭ ئېيتقىنا، ئەگەر ماڭا شۇ كېسەللىگنى بىر ئېغىز بىلدۈرسەڭ، مەن قېيناتاڭغا خەت يازمايتتىممۇ، ھەسەن ئەلىنى ئەۋەتىپ ھەقىقەتنى ئاچمايتتىممۇ ۋە ئىش توغرىلىق ئادەم ئولتۇرۇپ يۈرۈشلەرگە نىمە ھاجەت قالاتتى؟

ئاتابېكنىڭ بېشىغا بۇ سوزلەرنىڭ بىر ھەرپى بولسىمۇ ئورناشمايتتى ۋە ئۆزى كۈتكەن نەتىجىگە بېرىپ يېتىش ئۈچۈنلا قىينىلاتتى.

— شۇنچىلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئاخىرىدا نىمىشقا قېيناتاڭغا يولۇقماي كەلدىڭ؟

— شۇنىڭغا مەجبۇر ئىدىم.

— مەرغىلانغا ئەمدى قاچان بارىسەن؟

ئاتابېك ئويلاپ قالدى، چۈنكى بۇ ”قاچان بېرىش“ مەسىلىسىنى ياخشىلاپ يېشىش كېرەك ئىدى ۋە ئۇنى يېشىشمۇ قىيىن ئىدى، ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

— مەلۇم ئەمەس، — دېدى.

گەرچە بەگنىڭ يۈرىكى هازىر بولسىمۇ مەرغىلانغا ئۇچۇشقا تەييار ئىدى، بىراق ئۇنىڭ يۈرىكىدىن كۈچلۈك بولغان يەنە بىر نەرسە ”بېرىش“ مەسىلىسىنى چۈۋۈشتۇرۇپ، ”مەلۇم ئەمەس“ بىر هالغا قويغان ئىدى.

— قېيناتاڭ كېلىن بالىنى ئېلىپ شۇ هەپتە ئىچىدە يولغا چىقماقچى ئىكەن! — دېدى هاجى، — ئاي - كۈنىگە قارىغاندا خەتنىڭ يېزىلغىنىغا ئون كۈنچە بولغان، ئېهتىمال ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ قېلىشار، توردىكى ئۆينى بوشاتتۇرۇپ، گىلەم سېلىش كېرەك ئىدى ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ بار - يوقتەك — ئىشقىلىپ قانداقتۇر قىزىق بىر هالەتنى كەچۈردى. ئىسسىق بىر نەرسە بەدىنىگە تېگىپ كەتكەندەك سەسكىنىپ قويدى ۋە ”ئاخىرى ئەمدىمۇ؟“ دېگەندەك قىلىپ ئۇلۇق - كىچىك تىندى، كوز ئالدىدىن بىرسىنىڭ سۈرىتى ئۆتۈپ خوشاللاندى ۋە تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان بىر سېغىنىشنىڭ چىدامسىزلىقى ئىچىدە ئۇ ئىمىر - چىمىر هالەتتىن گېڭگىقاپ كوز ئاچتى. بىراق ئۆزىگە ”نىمە دەيسەن؟“ دەپ قاراپ تۇرغان ئاتىسىغا مۇۋاپىق بىر جاۋاپ بېرىشنى بىلمىدى. يۇسۇپبېك هاجى بولسا ئوغلىنىڭ بۇ سۈسلۇقىغا ئوخشاش كورۈنگەن هالىنى يامانغا ئورىدى. مەرغىلان، دېگەن شەهەردىن چوڭ ئاتىغىنى كىچىك قىلىپ قىزى بىلەن كېلىۋاتقان مىرزاكەرىم ئاكىغا ئوغلىنىڭ خورلۇق كەلتۈرۈشىدىن چوچۈدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتابېكنى ئەيۋاشقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆلكىلىك تۇيۇلغان بىرقانچە مەسلىهەتلەرنى ئېيتتى.

— ئوغلۇم، — دېدى، — ھورمەتكە ھورمەت قىلىش كېرەك،
ئەمدى ساڭا قەدىرسىزلەنگەن بولسا، ئەمما بىزنىڭ قېشىمىزدا ئۇلار-
نىڭ قەدىر-قىممىتى يوقۇرى. قۇتىدار بولسا كوز ئېچىپ كورگەن
قۇدىمىز، خوتۇنۇڭ بولسا باش كېلىنىمىز! ئەگەر سەن مېنى
ئاتام دەيدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ كوڭلىنى ئېلىشقا تىرىشقىن!
قېيناتاڭدىن مېنى قوغلىدى، دەپ كوڭلۇڭ رەنجىمىسۇن، چۈنكى
ئۇ بىچارەمۇ بىر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسەسى بىلەن بۇ خاتاغا يو-
لۇققان — ھەر ھالدا ھورمەتلىرىنى ئورنىغا كەلتۈرگىن، مەر-
غىلان دېگەن شەھەردىن سېنىڭ يۈزۈڭنى، دەپ كېلى-
شىۋاتىدۇ.

ئاتىسىنىڭ بۇ سوزلىرى ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ياخشى
تەمىناتلارنى بېرەتتى، گويا مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئاتا نەسىھەت-
نى قۇلاققا ئالغاندەك بويۇن ئېگىپ ئولتۇراتتى.

— ئەگەر ئۇلارنىڭ كېلىش كۈنلىرىنى ئېنىق بىلسەڭ، —
دېدى ھاجى، — سەن يولدىن قارشى ئېلىپ كېلەتتىڭ!

ئاتابېك جاۋاپ بەرمىدى.

— ھەر ھالدا ئوگۇنلۇككە كۈن مولجال، سەن چىقمىساڭمۇ
ھەسەن ئەلى يولغا چىقسۇن!

— مەيلى، چىقسۇن! — دېدى ئاتابېك.

## 5

## مەكتۇپ

ھاجى شۇ جاۋاپتىن كېيىن ئوغلىدىن بىر قەدەر قانائەتلەن-
دى ۋە چايغا پاتىھە ئوقۇپ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقىنىدا يېنىدىن
بىر خەتنى چىقىرىپ ئۇزاتتى:

— خەتنىڭ ئىچىدىن چىقتى. كېلىنىدىن — ساڭا بولسا

گېرەك، — دېدى.

ئاتابېك خەتنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ كېتىشىنى كۈتۈپ قالدى، خەت سىدىكىز پۈكلىنىپ، قىزىل يىپەك بىلەن بىر - ئىككى يېرىدىن چېتىلغان ۋە ئاتابېككە ئاتالغان ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئۇزاقلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، يۈرىكى يامانلىغان ئاتتەك تىپىر- چىلايتتى. تىكىلگەن يىپەكلەرنى سوكتى ۋە خەتنى ئېچىپ ئاچ كوزىنى ئىشقا سالدى:

يۈسۈپ سودايىسىدا بىقارار زۇلەيخا ئىسمىدىن، مەجنۇن ئىشقىدا يىغلىغان لەيلى نامىدىن — سىزگە بېشىمدىكى چاچلىرىمنىڭ تۈكلىرىدىكىچە ھىساپسىز سالام، مېنىڭدىن ھەددى - ھىساپسىز گۈنا، سىزدىن كەچۈرۈش. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. چۈنكى شۇ ئىككى يىل ئىچىدە كەچۈر- گەن قارا كۈنلەرنى ئەسكە ئېلىش مېنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈنلەرنى باشقىدىن باشتىن كەچۈرۈشكە تەڭ، ئۇ كۈنلەرنى سىز ئۇنتۇڭ، ئۇنتۇماڭ، ئەمما مەن ئۇنتۇدۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن سوزۇمنى ئوزەمنىڭ ئاخىرقى ھەم چىن بەخت پۇراقلىرىنى پۇرىغان ۋاقتىمدىن باشلايمەن.

سىز — قاچقاقسىز، نېرى - بېرى ماڭا تىل ئۇچىدا بىر نەرسە يازغاندەك بولۇپ قاچتىڭىز. ئىككى يىلدىن بېرى مەرغىلانغا كېلىپ يۈرۈشىڭىزنى مەن — ئوزەمچە يەشتىم، لېكىن تېپىپ يەشتىم: سىزنىڭ ھەممە مۇشەققەت- لىرىڭىز دۈشمەنلىرىڭىزدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بول- غىنىنى چۈشەندىم. بولمىسا، مېنى كورەتتىڭىز، كورگۈڭىز كەلمىگەندىمۇ باشقىلار سىزنى كورەتتى، تويىتتى... ماڭا ئوخشاش بەختسىز، ماڭا ئوخشاش غەۋغاسى كوپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ، جاندىن تويدۇرغان بولسا، ئەجەپ ئەمەس، قېچىشقا باشلاپسىز... قاچسىڭىز قېچىپ كورۈڭ، ئەمما مەن بۇ كۈندىن باشلاپ، بىراۋلارنى قوغلاشقا بەل باغلىدىم. ئاتام، ئانام بىلەن بىللە خىزمىتىڭىزگە —

مالايىلىغىڭىزغا ئەتە ـ ئۆگۈن ماڭىمەن، سۆيگۈنىڭىز
كۆندۈشۈم ئالدىدا قەدىر ـ قىممىتىمنىڭ نىمە بولۇشىنىمۇ
بىلمەيمەن... سىز ئالىجانابسىز: كونا قەدىردانلىق ھۆر-
مىتىگە، كوڭۈل ئۈچۈن كۆلۈپ باقارسىز... ھېچبولمىسا
شۇنىڭ بىلەنمۇ تەلەيسىزنى بەختلىك قىلارسىز! ئەمما...
سۆيگۈنىڭىز — كەنجىڭىزنىڭ سىلكىشلىرىدىن، قاغىشلىرى-
دىن چەكسىز قورقىمەن، بەكمۇ قورقىمەن. شۇ يېقىن
ئارىدىكى ئۇنىڭ بىلەن بولىدىغان بەختلىك دەقىقى-
لىرىڭىزدە خۇدا يولىغا ۋەدە ئېلىڭ — مېنى ئاغرىتمى-
سۇن، رەقىبىم كەلدى دەپ ئويلىمىسۇن، ئاقىۋەت مەق-
سىدىم ئىككى دوستقا بىر مالايلىق ۋە شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن بىراۋلارنى كورۇپ يۈرۈش...

خېتىمنىڭ ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي: مەنمۇ
ئۈچ قېتىم كوچىدىن ھەيدەلمىسەملا بولاتتى، دىگەن
خەۋپ ھەمىشەم كوڭلۇمدە، ئەگەر خۇدا راۋا كورۇپ
ھويلىڭىزدا ئورنىشىپ ئالسام، ئۇ يېقىننى ئۆزەم
بىلەتتىم...

ئەتە ـ ئۆگۈن كوزۇمگە يول كورۇنۇر،
يول بېشى كوكۆلگە بىر ئومۇر كورۇنۇر...

ئۈچ ھەمەل، مەرغىلان، كۆمۈشىڭىز يازدىم".

ئاتابېكنىڭ سويۇنچى ئىچىگە سىغماي، ئۆزىنى يوقىتىپ قوي-
غان ھالدا ھىجىياتتى. خەتنى ئىككىنچى قېتىم قايتا ئوقۇپ
چىقىپ، يەنە سويۇنۇشكە باشلىغان ئىدى. تۇنۇگۇنكى مەنزىرىلەر
ئۇنىڭغا كورۇنۇش بەرگەندەك بولدى. ئۇ سەسكىندى، كوز ئال-
دىدىن تۇنۇگۇنكى مەزلۇم گەۋدىلەر بىر ـ بىرىدىن ئوتۇپ، بۇ
ئالدىراش رەۋىشتە خەتنى پۇكلىدى ۋە ئۇلاردىن يوشۇرغان-

دەك يانچۇغىغا تىقتى، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى...

كوچىنى بىر ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن، بايىقى مەنزىرىلەر-دىن بىرئاز قۇتۇلغاندەك بولۇپ، يەنە خەت ئېسىگە چۈشتى. مېھمانخانىنىڭ دەرىزىسىگە سىڭايان تۇرغان ھالدا خەتنى يەنە ئوقۇپ چىقتى. لېكىن بۇ خەتمۇ بايىقىدەك سۆيۈنچىلىك ئەمەس، تۈنۈگۈنكى مەزلۇملارغا تەزيىە تۇتقاندەك ئېغىر مەنە بەردى: "ئەمما... سۆيگۈنىڭىز — كەنجىڭىزنىڭ سىلكىشلىرىدىن، قاغاش-لىرىدىن بەكمۇ قورقىمەن..." بابا نېمە ئۈچۈن سۆيۈنگىنىگە ئۆز - ئۆزىدىن ھەيران بولۇشقا باشلىدى. ھەقىقەتەنمۇ خەتنىڭ بۇنىڭدا كۆچۈرۈلگەن جۈملىسى، ئويلاپ قارىغاندا، ھېچقانداق قۇۋۋانچقا يول قويمىغاندەك دەرىجىدە قارا مەنىلىك ئىدى. بۇ جۈملە كەلگۈسىدىكى چۈشىنىلىپ بولمىغان، لېكىن بولۇشى ئېنىققا ئوخشىغان يارىماس ۋە تىنچسىز بىر ھاياتنىڭ گويا مۇقەددىمىسى ئىدى...

ئاتابېك كۆمۈش ئېيتقاندەك كۈندەش، يەنى زەينەپتىن ئانچە قورقمىسىمۇ، ئەمما دەرتنىڭ ئەڭ داۋاسىزى بولغان ئانىسى توغ-رىسىدا يۈرىكى تىترىدى. ئۆمرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك كۈنلىرىنى زەھەرلىگەن، ئىككى يىلبويى داۋاسىز دەرتكە مۇپتىلا قىلغان ئۆز ئانىسى ئەمەسمىدى؟ رەقىپلەرگە، دۈشمەنلەرگە يول ئېچىپ بەرگەن شۇ ئانىنىڭ ئارزۇسى ئەمەسمىدى؟

پۈتۈن شەھەرنى ئۆكتەي - توكتەي قىلىپ چىرايلىق قىز ئىز-لىگەن، ئاخىرى چىرايلىقلىقتا تەنھا، ئەقىللىقلىقتا بىرلا بىلىپ، تويلار، تاماشىلار، ئارزۇ ۋە ھەۋەسلەر بىلەن ئوغلىغا "خوتۇن دېگەن مانا!" دېگەن، ئىپتىخار ۋە مەغرۇرىيەت بىلەن تەقدىم قىلغان سۆيۈملۈك كېلىنى ئۈستىگە گويا قېرىشقاندەك بولۇپ كېلىدى-غان مەرغىلان پەرىسىگە نېمە دەيتتى ۋە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟

كۆمۈش كۈندىشىنىڭ سالكىشىدىنلا چوچۇگەن بولسا، ئاتابېك بۇ چوچۇشنى ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدە قالدۇرىدىغان ئانىسى توغ-رىسىدا ئويلاپ پۈتۈنلەي ئەقلىنى يوقىتىپ قويدى.

## 6

# ئۆزبېك ئايىم — ئاغمىچى، زەينەپنىڭ دەردى

يۇسۇپبېك ھاجى چالا - پۇلا مىجەزلىك خوتۇنىنىڭ پىلىنى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، يەنى ئاتابېكنىڭ سىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئاچماسلىققا قارار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەرغىلانلىق كېلىن ۋە قۇدىلارنىڭ كېلىشمىلىرىدىن خەۋەر بېرىشنى لازىم تاپتى. چۈنكى خوتۇنىنىڭ مەرغىلانلىق كېلىنگە بولغان ئاداۋىتىنى ئاتابېكتىنمۇ ياخشىراق بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ: "ئوغلىڭىز مەرغىلاندىن ئۆيلەنمىدى، بىر بالادىن ئۆيلەندى!" دەپ قىلىدىغان شىكايەتلىرىنى ھەممە ۋاقىت ئاڭلايتتى، دائىم ئىسسىق - سوغچى داموللا، خوجىلارنىڭكىدە باش ئاغرىتىپ يۈرۈشنىمۇ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز تەرىپىدىن ئۆزبېك ئايىمنى ياخشىغىنا ئەيۋاشكە كەلتۈرۈش، يۈز قىزارتىدىغان ئىشلارغا قارشى چارىلەرنى كۆرۈش پىكرىگە چۈشتى.

چال - كەمپىرنىڭ ھەر بىر ئولتۇرۇشلىرىدا سۆز ئۆزبېك ئايىم تەرىپىدىن باشلانسا، ئەلۋەتتە، سۆزگە كىرمەيدىغان ئوغۇل بىلەن مەرغىلانلىق "ئەمدى" كېلىن ئۈستىدە بولاتتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەسىلە پەقەت شۇلا بولۇپ كۆرۈنەتتى.

باشقا ۋاقىتلاردا مومايىنىڭ بۇ توغرىدىكى دەرت - ھەسرىتىنى كۈلكە بىلەن ۋە كەم ھەپسىلىلىك بىلەن ئاڭلىسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىم ئۆزبېك ئايىمنىڭ ئەنە شۇ كونا ناخشىسىنى ئارتۇقچە بىر چىدامسىزلىق بىلەن كۈتەتتى. مومايىنىڭ دەردى غوزىدا، چاشقاننىڭ كۆزى دانلىق كوزىدا دېگەندەك، سۆزدىن - سۆز چىقتى، ئاخىرى ھاجىنىڭ كۈتكىنىدەك ئوغۇل ھەسرىتىمۇ باشلاندى:

— ئەخمەقلىگىڭىز بىر ئاز ئۆزىسىنى يىققانىدەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئۆزبېك ئايىم، — قىسقىسى، ئۈچ ئايدىن بېرى مەرغىلاننى يادىدىن چىقىرىپ قويدى.

هاجى كۈلدى:

— ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇڭ كار قىلغاندۇر...

— بىلمىدىم... ھەر ھالدا سۇ قۇيغاندەك بولدى! ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن...

هاجى كۈلۈپ:

— ئىلاھىم چۈشسۇن! — دېدى.

ئۆزبېك ئايىم ئېرىنىڭ زاڭلىق قىلغىنىغا چۈشىنىپ قالدى ۋە لېۋى - لېۋىگە تەگمەي ئەزۋەيلەپ كەتتى:

— نېمىشقا كۈلىسىز، — دەپ يەر تەپتى، — بۇ كۈنگىچە كۈلۈپتۇ، ئوغلىڭىزدىن ئايرىلاي دېدىڭىز! ئەمدى سىزمۇ... خۇدايا تووۋا قىلدىم!

— زورى بىھۇدەمىيان شىكەنەد.

— ئىلاھى سوزىڭىز قۇرسۇن! — دېدى ئۆزبېك ئايىم، — مەن توغرىسىنى ئېيتسام، بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسىگە سىز سەۋەپ بولماقتىسىز، ئەر! يەككەش كۈلۈش، يەككەش كۈلكە! ئۇنىڭدىن كورە ئوغۇل - قىز ئۇستۇرۇشكە ئۇمىدىم يوق، دەپ ئېيتىڭ!

هاجى يەنە كۈلدى:

— ھە، ئۇمىدىم يوق، ئايىمچە!

— كۈلۈڭ ھە، كۈلۈڭ! خۇدا ئۇلۇم بەرسۇن كۈلكىگە! — دېدى ئۆزبېك ئايىم ۋە ئاچچىغى بىلەن يۈزىنى چەتكە ئوردى.

— ماڭا قارا، خوتۇن! — دېدى هاجى جىددى تۇستە. ئۆزبېك ئايىم قارىدى، — ئورۇنسىز ماختانساڭ بىلىڭ سۇنىدۇ، دەيدۇ تاجىكلار. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزەڭ ئورۇنسىز ماختانغىنىڭدەك، مېنىمۇ ئۆز يېنىڭغا تارتماقچى بولۇسەن!

— بولمىسا مېنىڭ ھەممە ھەركەتلىرىم ئورۇنسىز ئىكەن - دە؟!

— ئورۇنسىز!

— نېمىشقا ئورۇنسىز بولىدىكەن؟

— سېنىڭ مۇددىئايىڭ، — دېدى ھاجى، — مەرغىلانلىق گې-
لىنىنى ئوغلۇڭدىن ئاجرىتىپ تاشلاش ۋە بۇ كېلىنىڭ بىلەن قالـ-
دۇرۇش — شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق!

— مانا شۇ ھەركىتىڭنى ئورۇنسىز ماختىنىش، دەيدۇ. نېمىشـ-
قا دېسەڭ، بىلىپەرز ئوغلۇڭنى ئالدىڭغا سالساڭمۇ، ئۇنىڭدىن
سورىساڭ، "قايسى خوتۇنۇڭ بىلەن بولۇشنى خالايسەن؟ خالىمىـ-
غىنىڭنى قوي!" — دەپ، ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئوغلۇڭ نېمە دەيتتى؟
نېمە دېيىشىنى ئۆزەڭمۇ ياخشى بىلسەڭ كېرەك، خوتۇن!

— بىلمەن، — دېدى ئۆزبېك ئايىم، — مەرغىلانلىقنىڭ
دامولىسى كۈچلۈك. ئوغلۇم بىچارىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ،
كۆڭلىنى غىپلا قىلىپ ئۆزىگە باغلىغان!

يۇسۇپبېك ھاجى ئۆزىنى كۈلكىدىن يەنە توختىتالمىدى.

— ياخشى، — دېدى، — سەنمۇ ئۈچ يىلدىن بېرى تاشـ-
كەنتتىكى ھەممە موللا - خوجىلارنىڭ ئىشىگىگە بىرمۇ - بىر كىـ-
رىپ چىقتىڭ. بولدى، سەنمۇ نېمىشقا ئوغلۇڭنىڭ كۆڭلىنى زەيـ-
نەپكە غىپلا قىلىپ باغلىيالمىدىڭ؟

ئۆزبېك ئايىم ئېرىنىڭ بۇ سوئالىدىن ھەيران بولۇپ
تۇرمىدى:

— مەرغىلانلىقنىڭ مولىسى سېھىرچى ھىندى ئىدى، مەن
بولسام بۇ يەردىن ھىندى موللا تاپالمىدىم.

ھاجى ئەمدى كۈلمىدى، چۈنكى خوتۇنىنىڭ ھالىغا ئىچـ-
ىنىشقا باشلىغان ئىدى.

— بۇنداق ئەقىلسىز ئىشلارنى قويايلى، خوتۇن! — دەپ
مۇلايىمغىنا سۆزلەپ كەتتى، — بىر ئاز ئەقلىڭغا يان بېرىپ
ئىش قىلغان كىشى ھېچقاچان دەرتكە قالمايدۇ. مادامىكى، ئىك-
كىمىزنىڭ يالغۇز ئىشەنچىمىز شۇ ئوغلىمىز ئىكەن ۋە ئۇنىڭ ساقـ-
لىقى، خوشاللىقى بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزنىڭ تىرەكى ئىكەن، بەس،

بىزگە لازىمى ئۇنىڭ خۇشاللىقى نىمە بىلەن بولسا، شۇنى ئىزلەشتۇر. مەن ياخشى بىلمەن، سەن بۇ ئىشلارنى پەقەت ئوغلۇڭنى ئايىغىنىڭدىن قىلسەن ۋە سەندە شۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر مەقسەت يوق، بۇ تەرەپتىن قارىغاندا سېنىمۇ ئەيىپلەپ ئولتۇرۇش ئاسان ئەمەس... شۇنىمۇ ياخشى بىلگىنكى، ئوغلۇڭنىڭ ھەر ئايدا مەرغىلانغا قاتناپ تۇرۇشى سېنى قانچىلىك خاپا قىلسا، مېنىڭكىمۇ سېنىڭدىن بەتتەر ئاچچىقىمنى قىستاتتى، ھەتتا، بەزى ۋاقىتلاردا تىللىۋېتىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ ياناتتىم. ئەمما سېنىڭ ئاچچىقىڭنى چىقىرىپ كۆلۈشۈم بولسا، پەقەت "ئۆلگىنىمدىن كۆلسەن، يۈزۈمنى يەرگە سۈرىمەن" تەرىقىسىدە بولۇپ، بۇنىڭغا سەن چۈشەنمەيتتىڭ، ئوغلۇڭنى بۇ قېتىم مەرغىلانغا بارما، دەپ يولدىن ياندۇرۇپ قالغۇچىمۇ مەن — ئۆزەم بولدۇم...

ئۆزبېك ئايىم بېشىنى تەۋرىتىپ سوزنى ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ كېيىنكى سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى كوكسىگىچە يەتكۈزۈپ "بارىكاللا"، "رەھمەت" دېگەندەك قىلىپ قويدى...

ھاجى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ بۇ توختىتىپ ئەۋەتمەي قويغىنىمدىن خەۋەرسىزلىگىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كوڭلۇڭ داموللا - خوجىنىڭ دۇئاسىغا كېتىپ قالدى ۋە مەن سېنىڭ سوزۇڭدىن كۆلدۈم. چۈنكى ھەقىقەتەن بۇنىڭ سەۋەپچىسى ئۆزەم ئىدىم...

ئۆزبېك ئايىم ئېرىدىن ئاچچىقلاندى:

— نېمىشقا ئەمدى خەۋەردار قىلمايسىز؟

— بۇ توغرىدا مېنىڭدىمۇ ئەيىپ بار! — دېدى ھاجى، — سەن بىلەن ئۆزەمنىڭ مۇددىئالىرىمىز بىر، دەپ ئويلىغىنىم ئۈچۈن، ئاتابېكنى كايىپ توختاتقىنىمدىن كېيىن ساڭا مەسلىھەت سالماستىن قۇدىلىرىڭغا بىر خەت يازدىم ۋە كېلىن بالىنى تاشكەنتكە ئېلىپ كېلىشلىرىنى سورىغان ئىدىم. قىسقىسى، سوزۇمنى يەردە قالدۇرمىغانغا ئوخشايدۇ، بۈگۈن قۇدىدىن بىر جاۋاپ خېتى ئالدىم... ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سادىقىسى كەتسىگىمۇ ئەرزىيدۇ:

"شۇ چاققىچە سىزلەرگە ئېيتقۇزماستىنلا زىيارىتىڭىزلارغا بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. خېتىڭىزنى ئوقۇپ، ناھايىتى خىجالەت چەكتۇق. بولۇپمۇ كېلىن بالىڭىز ئۇزبېك ئايىمغا قايسى يۈز بىلەن قارايمەن، دەپ يۈزىنى يۇلدى. بۇ ئەدەپسىزلىكىنى بارغاندىن كېيىن، ئەل- ۋەتتە، يۈزىگە سالماسسىلەر، دەپ ئىشىنىمىز" دەپتۇ...

ئۇزبېك ئايىم ئېرىگە ھاڭۋاققىنىچە قاراپ تۇراتتى. ھەقىقەتەن- مۇ ھاجىنىڭ ئۈستىلىنى ئۇزبېك ئايىمدەك خام تەبىئەتلىك خو- تۇنلارنى گاڭگىرىتارلىق ئىدى.

ئۇ خوتۇنىنىڭ جاۋاۋىنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىنلا، ھول خىش قويىۋەردى:

— قايسى ئۆيىنى بوشاتساقكىن؟ — دەپ سورىدى ۋە جاۋاپ كۈتمەستىن، — قۇدىلىرىڭنى نىمە بىلەن كۈتۈشنى بولسا ئۆزەڭ بىلىسەن؛ توگە سويۇپ چىللىغىنىڭدىمۇ كەلمەيدىغان كىشىلەر! — دىدى.

ئۇزبېك ئايىمنىڭ مىڭىسى ئايىندىمۇ، ياكى ئۆزى ئېيتقان سېھىرچى ھىندىنىڭ دۇئاسى ئەسەر قىلدىمۇ ھەر ھالدا ئۈچ يىل- لىق ئاداۋەتلەر ۋە كىنايىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ قاياققىدۇر قاراپ ئۇچۇپ كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى "ئىككى كېلىنلىك بولۇش" مەسىلىسى كېلىپ ئالدى... يىراق- يېقىندىكى خوتۇنلارنىڭ: "ۋاي، ئۇزبېك ئايىمنىڭ مەرغىلانلىق كېلىنىمۇ كەپتۇ، خۇددى تۇتىنىڭ بالىسىدەككەن... يۈرۈڭلار بىر كۆرۈپ كېلەيلى!" دې- گەن سۆزلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇ چاققىچە زەينەپكە يېلى- نىپ، يالۋۇرۇپ كۈن كۆرۈپ كەلگەن بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن بىر جۈپ كېلىننى ئۆزىنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا يېلىنىپ يۈرگەن ھالدا كۆردى...

— نەر نىمە بولسىمۇ تېخى نازۇك، — دىدى ئايىم، — ئىز- زىتى ئۈچۈن شۇ ئۆيىمىزنى بوشىتىپ بېرىمىزمۇ؟

— ئۆزەڭ بىلىسەن...

— بىز تۇردىكى ئۆيگە كۆچۈپ تۇرساقمۇ بولىدۇ... ئاخىر،

تېگى نازۇك...

ئۈچ يىللىق گىنە ۋە ئاداۋەت ئورنىغا ئاخىرىدا ئالىي مەرھەمەت ۋە مېھرىۋانچىلىق كېلىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۈچ يىللىق ئەمەس، ئۈچ مىنۇتلۇق ئۇزگىرىشتىن ئوزبېك ئايىمنىڭ يۈزى قىزارمايتتى ۋە قىزىششىنىمۇ بىلمەيتتى، ھەتتا ئوغۇل - قىز ئوستۇرۇشنى بىلمەيدىغان يۇسۇپبېك ھاجىدىن ئالىلقانچە يۇقۇرىلاردا يۇرەتتى. يۇسۇپبېك ھاجى بولسا خوتۇنىدىكى بۇ كۈلكىلىك ئۇزگىرىش ئۇچۇن ئەجەپلەنمىدى ۋە كۈلمىدى. چۈنكى بۇ كۈلكىلىك تەبىئەتكە ئىگە بولغان خوتۇن بىلەن ئەمدى ئوتتۇز بەش يىل بىللە ياشايتتى.

ئوزبېك ئايىمنى شۇ ھالغا كەلتۇرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سوراپ قويدى:

— زەينەپكىمۇ بۇ خەۋەرنى ئېيىپ بىلەن ئېيتىپ قويىمىزمۇ؟

— سىز بىلەن مەن بىر ئىشنى لايىق كورگىنىمىزدىن كېيىن، زەينەپكە نىمە! — دىدى ئوزبېك ئايىم. بۇنىڭدىن ئۈچ مىنۇت ئالدىن سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئارزۇلۇق زەينەپنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇ بولۇپ قالغان ئىدى.

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، — دىدى ھاجى، — ئومۇر مۇرەسسە دىگەن سوزلەر بار، بولۇپمۇ كۈندەشلىك ئىشى قىيىن، چىنە - چىنىگە تەككەندە غىدى - پىدى سوزلەر كوپەيسە بىزگە ئەمەس، ئوغلۇڭغىمۇ تېتىماي قالىدۇ.

— قىچقار، دەمسىز؟

— قىچقار.

ئوزبېك ئايىم زەينەپ بىلەن ئاتابېكنىڭ كۈتۈلمىگەندە ئېچىلىپ - سوزلىشىپ ئولتۇرغىنى ئۈستىدىن چىقىپ قالدى.

— ئوغۇل - قىزنىڭ كېڭىشىمۇ؟

ئاتابېك كۈلۈمسىرەپ زەينەپكە قارىدى، زەينەپ بولسا ياسىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە قېينانىسىغا جاي كورسىتىپ:

— شۇنداققا ئوخشايدۇ، ئانا! ئوغۇل - قىزنىڭ كېڭىشى خۇد-

دى شۇ كۆڭگە يىغىلىپ قالغان ئىكەن، — دېدى ۋە كۈلۈمسىرەپ ئېرىگە قارىدى.

ئۆزبېك ئايىم ئولتۇرمىدى ۋە ئۇنى - بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئويلاپ تۇرمىدى:

— ئىككىلىسىگە بىر جۈپتىن كوينەكلىك ئال! بىرىنى پەس، بىرىنى يۇقۇرى قىلمىغىن، بۇ خوتۇنۇڭ بولسا، ئۇمۇ كوز ئېچىپ كورگىنىڭ... زەينەپ، سەن مەن بىلەن يۈرگىنە، ھاجى ئاتاڭ قىچقىرىۋاتىدۇ! — دېدى.

تامدىن تارشا چۈشكەندەك قىلىپ ئېيتىلغان يۇقۇرىدىكى سوزلەرگە باشتا ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىمۇ چۈشەنمىدى. ئەمما بىرئازدىن كېيىن ئاتابېك ئېيتىلغان ئىلاۋە، تەتۈر سوزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالدى. ئانىسىنىڭ نىمە بولسىمۇ مەرغىلان تەرەپكە ئېغىپ كەتكىنىنى ۋە ئوزىنىڭ كۈچلۈك بىر دۈشمەندىن قۇتۇلاي، دەپ قالغىنىنى بىلىپ، زەينەپنىڭ نىمە ئۈچۈن چاقىرىلغىنىنىمۇ بايقىدى. زەينەپ بولسا بىر نەرسە چۈشەنمىگەن ھالدا قېيىنانىسى بىلەن چىقتى.

قېينانا ۋە كېلىن ئۈدۈلىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقىنىدىن كېيىن، ھاجى زەينەپكە قارىۋالدى.

— بالام، زەينەپ، — دېدى، — بىز مەرغىلاندىكى ھەدەڭنى كوچۈرۈپ كەلمەكچى بولدۇق... سەن شۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟

زەينەپ يالت قىلىپ قېينانىسىغا قارىدى، ئۆزبېك ئايىمنىڭ بايىقى گېپى ئەمدى ئۇنىڭغا چۈشىنىلگەن ئىدى. دوستىنى دۈشمىنىنىڭ يېنىدا كورۈپ بىلىنەر - بىلىنمەس قىلىپ ئۈلۈق - كىچىك تىنىپ قويدى.

— مەن نىمە دەيتتىم...

— گەپ نىمە دېيىش ۋە نىمە دېمەسلىكىڭدىلا ئەمەس، ئايىقىز! — دېدى ھاجى، — گەپ شۇنىڭدىكى، ئۇ كەلگەن چاغدا ئىككە - سىڭىلدەك بولۇپ كېتەلەمسەن، دەپ سورىماقچىمەن.

— بولۇپ كېتەرمىز...

— ئىگىچى-سىڭىل بولۇپ كېتەرسىلەر-ھە؟ — دەپ سورىدى قېيناتا.

— بىلمىدىم...

— ئىمىشقا يەنە بىلمەي قالدىڭ؟

زەينەپ خىجىلچە ئويلىنىپ قالدى.

— چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ، — دىدى زەينەپ، — مەن ياخشى بولغىنىم بىلەن ھەدەم يامان بولسا، ھازىرقى بەرگەن ۋەدەمدىن ئىمە پايدا بولسۇن...

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ، بالام، سېنىڭدىن ئالغان ۋەدىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئالىمىز.

زەينەپ سۈكۈت قىلدى.

— زەينەپ سىز ئويلىغان كىشىلەردىن ئەمەس، — دىدى ئۆزبېك ئايىم، — خۇداغا شۈكرى ئەقلى-ھوشى بېشىدا.

— باشقا گەپلەرنى كوڭلۈڭگە كەلتۈرمىگىن، قىزىم! مەرغىلانلىق كېلىن بىلەن سېنىڭ بىزگە ھېچبىر پەرقىڭلار يوق، ئىككىڭلارمۇ بالىمىزنىڭ قوشىقى — بالىمىز سىلەر!

زەينەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن، زەينەپ ئاتابېكنىڭ ئالدىغا كىردى.

ئاتابېك زەينەپنىڭ يۈزىدىكى مەيۈسلۈكنى بىرىنچى كورۈشىدىلا سەزدى. بىرئاز جىمغىنا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇشتى، ئىككىلىسىگىمۇ سوزلەشكە ئوڭايسىز ۋە قاندىقتۇر بىر نەرسە مەنئى قىلىنغاندەك ئىدى.

— ئىمىگە چاقىرغان ئىكەن؟ — دەپ ئاخىرى ئاتابېك سورىۋەتتى.

— بىلىپ تۇرۇپ سورامسىز؟ — دىدى زەينەپ ئارانلا كۈلگەن ھالدا.

— ئىمىنى بىلىپ تۇرۇپ؟

— مەرغىلاندىن كېلىدىغان كىشىڭىزنى ...

ئاتابېك قىيىن ئەھۋالدا قالدى ۋە ئاغزىغا شۇ گەپ كەلدى:

— بۇنىڭدا مېنىڭ ئىختىيارىم يوق... ھەممە ئىشنى ئاتام قىلىۋاتىدۇ ...

— ئاتىڭىز قىلسىمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىچە!

— نېمە كۆڭلۈمدىكىچە؟ ...

— سۆيگۈنىڭىز بىلەن بىراقلا قوشۇلۇپ ئېلىش، ئەلۋەتتە سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىچە.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىسىز ...

ئاتابېك ئۆزىنى تىنىچ تۇتقان ھالدا:

— يېڭىلىشىسىز! — دېدى.

— ھېچ يېڭىلىشمايمەن! — دېدى زەينەپ، — سىز ئۆيلەنگەن چاغدىلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئالغانسىز، مېنى بولسا، مەن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئارزۇسىچە! — دېدى ۋە كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

ئاتابېك ئېغىر ھالەتكە چۈشتى، بۇ توغرا سۆز ئۇنى پۈتۈنلەي گاڭگىرىتىپ قويدى ۋە بۇ ھەقىقەتكە قارشى بېرىش، يەنى يالغان سۆزلەش يەنىمۇ ئېغىر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يالغان ئېيتماي چارىسى بولمىدى:

— باشتا ياخشى كۆرۈپ ئۆيلەنگىنىم سىز ئېيتقاندەك توغرا، ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس! — دېدى.

— ئىشەنمەيمەن.

— نېمىشقا ئىشەنمەيسىز، ئىشىنىڭ ...

زەينەپ بىرئاز ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئىشەنمىگىنىمنىڭ سەۋەبى بار، — دېدى.

ئاتابېك تىنچسىزلاندى:

— سەۋەبىنى ... ئېيتىڭ ...

— ماڭا ئۆيلەنگىنىڭىزگە قانچە ۋاقت بولدى؟

— ئىككى ...

— شۇ ئىككى يىلدىن بېرى ماڭا بولغان ئالاقىڭىز بىرئازمۇ

ئۆزگەرمىگەن، — دېدى زەينەپ، — مېنى خوتۇن ئورنىدا
كۆرمەيسىز!
— بولمىغان گەپ ...
— بولمىغان گەپ ئەمەس، جېنىم! — دېدى زەينەپ قى-
زىشقان ھالدا، — مەرغىلاندىن قايتقاندىن كېيىنكى كۈنلىرى-
ڭىزنى مېھمانخانىدا كەچۈرۈپ كېلىشىڭىزدىن، ئەلۋەتتە،
تانالمايسىز ... شۇمۇ ئۈمىت بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويغان
ئىدى، دەپ مېنىڭ توغرامدا ئويلاپ قارىماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى-
مۇ ئۆزىڭىزگە ...
زەينەپ سۆزىنى تۈگىتەلمىدى، چەتكە قاراپ كۆز يېشىنى
توكتى. ئاتابېك گويا تاغ ئاستىدا قالغاندەك بولدى.
— سىز پۈتۈنلەي باشقىچە چۈشىنىپسىز ...
— بولمىسا، بۇ گەپلەرنىڭ سەۋەبى نېمە؟
— سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق، — دېدى ئاتابېك لېكىن
نېمىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىشنىمۇ بىلمەيتتى.
— ئېيتىڭ، ئەمدى؟
— ئۆزىڭىزمۇ بىلەرسىز، دەپ ئويلايمەن.
— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.
— بىلىسىز!
— خۇدا ھەققى، بىلمەيمەن.
— بىلمىسىڭىز ... — دېدى بەگ، — بىلمىگىنىڭىز ياخ-
شى ... سىزگە ئۆز ئاغزىم بىلەن ئىقرار بولۇشقا ئۇيىلىمەن ...
— مېنىڭدىنمۇ، خوتۇنىڭىزدىن ئۇيۇلامسىز!؟
— ئۇيالمايمۇ؟
— ئۇيالماڭ.
— ئۇيالمىسام ... مىجەزىم زەئىپ ...
زەينەپ ئىشىنەر - ئىشەنمەي ئۇنىڭغا قارىدى.
— توغرا سۆزلىمىدىڭىز ...
— ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز بىلىڭ، لېكىن ھەقىقەت گەپ شۇ،

سىزدىن يىراقتا يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدا.

— ئىشەنمىگىنىمدىنمۇ بۇ هال تاشقىرىدا يېتىپ يۈرۈشىڭىز ئۈچۈن چوڭ سەۋەپ بولالمايدۇ. چۈنكى مەن پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن خاپا بولمايمەن، — دېدى ۋە كوزىنى تولدۇرۇپ ئاتابېككە قارىدى، — ماڭا سىزنىڭ مىجەزىڭىز كېرەك ئەمەس ... ئۆزىڭىز! — دېدى ۋە يىغلاپ يالۋۇرغان هالدا ئاتابېكنىڭ قۇچىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى ... ئاتابېك زەينەپنىڭ شۇنچىلىك يۈرەك دەردى بارلىغىنى بىرىنچى مەرتىۋە بىلگەن ئىدى. بىچارە زەينەپ، جانسىز هەيكەلنى سۆيۈپ قۇچاغلايتتى ۋە يالۋۇراتتى.

## 7

## قۇدىلارنى كۇتۇۋېلىش

تۈنۈگۈن كىرگەن سودىگەرلەردىن قۇدىلارنىڭ بۈگۈن ئېنىق كېلىش خەۋەرلىرىنى بىلگەن ئىدى. ئېرىراقتىن كۇتۇۋېلىش ئۈچۈن هەسەن ئەلچى يول ئۈستىگە كەتكەن. يۇسۇپبېك هاجىنىڭ ئۆزى ئىش بېشىدا تۇرۇپ، ئايۋانداقى تاشقىرقى هويلىنى تازىلىتاتتى. ئىچكىرىدە بولسا، ئۆزبېك ئايىم خوشنا خوتۇنلاردىن بىرنەچچىسىنى هەشەرگە ئېيتىپ، هەممىنى جاي - جايىغا قويدۇرۇپ، هويلا يۈزىنىمۇ ياغ توكۇلسە يالىغۇدەك هالغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەمما ئۆز ئۆيىنى بوشاتقۇزۇپ، گىلەم سېلىپ قويغىنىغا بۈگۈن ئۈچ كۈنچە بولدى، قۇدىلارنىڭ زىيا- پىتى ئۈچۈن كېرەك بولغان هەممە نەرسىلەرنىمۇ تەييارلاتقان، ئۇلار كېلىپ چۈشتى دېگۈچە، بوغۇزلاش ئۈچۈن، دەپ بىر غو- نان قوينى ئېغىلنىڭ تۈۋرۈكىگە قاڭتۇرۇپ قويغان ئىدى. كۈمۈش بىلەن زەينەپكە ئاتاپ ئېلىنغان خان ئەتلەسلەرگە كوڭلى

بولماي، "ھەر ھالدا تېگى نازۇك، بۇ بولسا ئەمدى كۆپ كېيىدى، ئەتلەسلىرىڭنىڭ يېنىغا يەنە بىر خىتاي تاۋىرى ئېلىڭ!" دەپ مەرغىلانلىقنىڭ كۆينىكىنى بىر جۈپ قىلدۇردى. بىر كېيىملىك خىتاي چۈچۈنچىسىنى كەم كۆرۈپ، يېنىغا ئۆزىنىڭ قىممەتباھا كىمخاپ مۇرسەگىنى ۋە ئىككى تال رومىلىغا قانماي، ئۆزىنىڭ كېلىنلىكىدىن تارتىپ سېلىنماي ياتقان قالماقى سەللىسىنى قوشقان ئىدى.

زەينەپمۇ ئانچىلىك خاپا كۆرۈنمەيتتى، قېينانىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كونا ھالىچە ئورۇنلاپ يۈرەتتى ۋە ھازىرمۇ ئۆيگە كىرىپ ئېلىپ مېھمانلار كېلىپ چۈشتى دىگۈچە ئالدىلىرىغا سېلىش ئۈچۈن داستىخان ياساتتى.

ئۆزبېك ئايىم ھەشەرچى خوتۇنىدىن بىرىگە تونۇرغا ئوت سېلىشنى بۇيرۇدى - دە، ئۆزى زەينەپنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— داستىخىنىڭ تۈگىدىمۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى.

— تۈگىدى. تاشقىرىنىڭ ھەسلى كەمگە ئوخشايدۇ.

— كەم بولسا، دەررۇ ئامباردىن كىرگىچە ئېلىپ چىق. ئۇنىڭدىن كېيىن خېمىرىگە ئۆزەك قارا، ئايىباداقنىڭ تولى تەگمەيدۇ، خېمىر ئېچىپ كېتىپتۇ! — دىدى ۋە دەرىزىدىن كۆتىرىلىپ داستىخانلارنى كۆزەتتى، — داستىخان تۈزۈك، سامبۇسا قىلىشنى يادىڭدىن چىقارمىغىن! — دىدى ۋە ئوتتۇرا يولەكتە كۆرۈنگەن يۈسۈپبېك ھاجىنى ئۆزىگە ئىملىدى، — بېرى كېلىڭ!

يۈسۈپبېك ھاجى بېشىدا ئاق دوپپىسى ۋە ئەگنىدە ئاق ئالا تونى بىلەن ئۈستىدىن بېلىنى باغلىغان ئىدى. ئۆزبېك ئايىمنىڭ يېنىغا ئاستا - ئاستا يۈرۈپ كەلدى:

— نېمە گەپ؟

— داستىخىنىمىزغا بىر قاراپ قويۇڭا؟

ھاجى پەرۋاسىزغىنا قىلىپ قارىغان بولدى.

— ئۆزەڭگە ياقسا بوپتۇ، — دىدى.

— قاسساپنى ئېيتتىڭىزمۇ، يەنە ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئالدىراپ قالمايلى.

— قاسساپ تەييار، ھازىر بوغۇزلاتساق بولمامدۇ؟

— ياق، — دېدى ئۇزبېك ئايىم، — ئاش ئىككىسى بىلەن مەزىلىك. ھە، ئېيتماقچى، قۇدىڭىزنىڭكىگە ئەۋەتكەن كىشىڭىز كەلدىمۇ؟

ھەسەل ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقان زەينەپ توختاپ قېيناتىسىنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— بېرىپ كەلدى، — دېدى ھاجى، — ئالتىبېك دالىسىغا كەتكەن ئىكەن، خوتۇن قۇدىلار كېلىشمەكچى بولۇشۇپتۇ.

زەينەپ ھەسەلگە كەتتى. ھاجى ئۇزبېك ئايىمنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلدى ۋە ئاستا سورىدى:

— زەينەپ خاپا ئەمەسمۇ؟

— نېمىگە خاپا بولاتتى!

— سوراۋاتىمەن - دە.

— دورۇستىنا، — دېدى ئۇزبېك ئايىم، تاشقىرىڭىزدىن ئايىداق قۇتۇلمىدىمۇ؟

— قۇتۇلۇپ قالدى. مەھەللىدىنمۇ ئۈچ - تۆت كىشىنى ئېيتتىم، ئاشنى كۆپرەك قىلىش كېرەك.

— ماقۇل.

ھاجى گۈيان - بۇ يېنىغا كۆز سېلىپ ئالغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئوغلۇڭ نەدە، كۆرۈنمەمدۇ؟

— تاشقىرىدا ئىدىغۇ.

— بايا شۇ يەرگە كىرگەندەك قىلىۋىدى.

— گۈزەر - پۈزەرگە چىققاندۇر، — دېدى ئۇزبېك ئايىم.

ئايىداق، تاشقىرىنى يىغىشتۇرۇپ كىردى. ھاجى مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇزبېك ئايىمنىڭ ئەمرىگە كۆرە ئايىداق، زەينەپ ۋە ھەشەرچى خوتۇنلار توقاچ ياساشقا ئولتۇرۇشتى.

كۈن چۈشتىن ئاشقاندا ھەممە سەرەمجانلانغان ئىدى. ئۇزبېك

ئايىم تويغا بارىدىغان خوتۇنلاردەك ياسانغان، ئەگلىدە ئادىمە-يانە خان ئەتلەس كوينەك، بېشىدا ئاق شايى ياغلىق، كوزىدە سۈرمە ئىدى. ئۆزبېك ئايىمنىڭ "كېلىننى خارلاپ تۇ-تىشىدىكەن دېمىسۇن، سەنمۇ ئۆزەڭنى تۈزەت!" دەپ ئېيتقىنى ئۈچۈن، زەينەپمۇ پۈتۈنلەي يېپەكلەرگە كومۇلۇپ ياسانغان، تۇنۇگۇن ئەرگە تەككەن يېڭى كېلىنلەر سۈرىتىگە كىرگەن ئىدى.

زەينەپنىڭ ئانىسى — ماھىرە ئايىم، ئاچىسى — خۇشرۇي بىبى ۋە يەڭگىسى ھەنىپەنىسالارمۇ كېلىشتى. ئۆزبېك ئايىمنىڭ كوكۇل تارتقان خوشنىلىرىدىن كەرىمە بۇۋى، شاراپەت چىۋەر ۋە ماھىنە بانۇلارمۇ ياسىنىپ - تۈزۈنۈپ چىقتى. ئونچە خېرىتۇن بولۇشۇپ چاي داستىخانغا ئولتۇرۇشتى، ئۆزبېك ئايىم مەج-لىسكە — مەرغىلانلىق قۇدىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى بىلىشىدىن، ئاتابېكنى تاشكەنتتىن ئويلەندۇرۇشكە قارشى لام - مىم دېمەي، ھەتتا ئۆزى كۆيوغلى بىلەن بىللە كېلىپ، تويىنى ئوتكۇزۇشۇپ كەتكىنىدىن، مەرغىلاندىكى ئابرويىدىن ۋە دولىتىدىن بەسلىشىپ ئېيتاتتى:

— بىچارىنىڭ بار - يوقى پىشانىسىدىكى بالىسى شۇ بىز-نىڭ كېلىنىمىز. ئاتابېكنى ئۆز بالىسىدىنمۇ ياخشى كورۇپ، "ئوغلۇم بولسا شۇنداق بولاتتى - دە، مېنىڭدىن كېيىن ھەممە دولىتىم شۇنىڭكى، ئىلاھىم ئامان بولسۇن!" دەيتتى.

ماھىرە ئايىم ئاللىقانداق بولغان ھالدا جاۋاپ بېرەتتى:

— ھە ئايلىناي قۇدا ... چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ، دىگەن ... موزاي ياخشى بولسا ئىككى ئانىنى ئېمىدىكەن ...

قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشىدىن چېكى چىقىپ كەتكەن ھويلىغا سۇ سېپىپ تۇرغان ئايىداق تاشقىرىدىكى گۇلدۇر - گۇلدۇرنى ئاڭلىدى ۋە يۈگۈرۈپ مېھمانلار ئولتۇرغان ئويىنىڭ دەرىزىسى يېنىغا كەلدى: "كېلىشكەن ئوخشايدۇ" دىدى. ئۆزبېك ئايىم سوزلەپ تۇرغان سوزىنى يېرىم يولدا قالدۇرۇپ، ئىرغىپ ئورنى-دىن تۇردى ۋە مېھمانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. زەينەپ بوزارغان

ھالدا ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۆزبېك ئايىم باشلىق — خوتۇنلار ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈشتى. ماھىرە ئايىم قىزى خۇشرۇينىڭ قۇلىغىغا نىمىنىدۇ پىچىرلاپ كۈلۈپ قويدى. ئۆزبېك ئايىم ئوتتۇرا ئىشىككە بېرىپ يەتمىگەن ئىدى. نېرىقى ياقتىن خوشنىسىنىڭ بالىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ قالدى.

— سۆيۈنچى بېرىڭ، بەگ بۇۋى، كېلىن ئاغىچام كەلدى!

ئۆزبېك ئايىم يانچۇغىغا قولىنى سېلىپ بەش - ئون پۇل ئېلىپ بەردى. بالىنىڭ كەينىدىن ھەسەن ئەلى كۆرۈندى:

— قېنى، ئاغىچا، كۆرۈملۈكنى بېرىڭ، مەن سىزنىڭ قاچقان كېلىنىڭىزنى تۇتۇپ كەلدىم! — دېدى ئۇ يولەككە قاراپ، — توختاڭ، ئىلگىرى مەن سۆيۈنچىنى ئۇندۇرۇۋالاي.

يولەكتە ئاپتاپ ئايىم كۆرۈندى، پەرەنجىسى بېشىدا، چۈمبەلى قولىدا ئىدى. ھەسەن ئەلى ئۆزبېك ئايىم بىلەن تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى قۇدا ئاغىچىڭىز — ئاپتاپ ئايىم بولىدۇ.

ئۆزبېك ئايىم ئاپتاپ ئايىم بىلەن سالاملىشىپ قۇچاقلاشتى. ئۆزبېك ئايىمدىن كېيىن باشقا خوتۇنلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى. ھەممىسىنىڭ كۆزى ئالاق - جالاق بولدى. كۆمۈشنى ئاختۇرۇشاتتى. كۆمۈش تېخى ئىچكىرىگە كىرمىگەن ئىدى. ئۆزبېك ئايىمنىڭ ئىككى كۆزى يولەكتە. ھەسەن ئەلى بىر يولەككە ۋە بىر ئۆزبېك ئايىمغا قاراپ نىمە ئۈچۈندۇر كۆزىنى قىسىپ قوياتتى. خوتۇنلار بىلەن كۆرۈشۈپ چەتتە تۇرغان ئاپتاپ ئايىم قۇدىسىنىڭ يېنىغا كەلدى! "ئىزا تارتىپ تۇرغاندۇر" دەپ كۈلدى. ئۆزبېك ئايىم كۈلۈمسىرەپ يولەك تەرەپكە:

— ھاي پاشا كېلىن! — دېدى، — بىزلەر كۈتۈپ قالدۇغە، ئۇيالماڭ، بالام! ھەسەن ئەلىنىڭ كۆرۈملىگى بولسا تەييار!

ھەسەن ئەلى يولەككە قاراپ شەرەتلىدى ... قىپ - قىزارغان ھالدا كۆمۈش كۆرۈندى: پەرەنجىسى قولىدا، قارا ئەتلەس كوينەك ئەگنىدە، ھاۋارەڭ رەخت مورسەك ئىگىدە، بېشىدا ئاق شايى رومال ئىدى. چولپان كۆزلىرى كۈلۈمسىرەشكە تەييار

هالدا ئۇياتلىق ئىدى.

ھەسەن ئەلى تونۇتتى:

— مانا بۇ كىشى قېينانىڭىز — بەگ ئايىم بولىدۇ.

كۈمۈش سالام بەردى ۋە قولىدىكى پەرەنجىسىنى يەرگە تاش-
لىدى - دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزبېك ئايىمنىڭ قۇچ-
قىغا ئاتتى. ئۆزبېك ئايىممۇ ئۇنى مەھكەم قىسىپ قۇچاقلىۋېلىپ،
يۈزىدىن شاپ - شاپ قىلىپ سۆيۈپ، ئايلىنىپ، ئورگىلەتتى ۋە
تىكىلىپ - تىكىلىپ نىمە ئۈچۈندۇر يىغلايتتى ... كۈتۈپ تۇرغان
خوتۇنلار، ماھىرە ئايىم، خوشرۇي ۋە ھەنىپىلەر كۈمۈشنى كۆرۈ-
شى بىلەن بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ لەۋلىرىنى چىشلەشتى ...

قېينانا - كېلىن بىر ئازغىچە كۆرۈشۈپ قېلىشتى. كېيىن كۈ-
مۈش باشقىلار بىلەن بىر - بىر كۆرۈشۈپ چىقتى. ئۆزبېك
ئايىم ھەربىر خوتۇننى كىم بولغىنىنى ئۇنىڭغا تونۇتۇپ باردى.
ئەڭ كېيىن، ئارقىدىن زەينەپ كۆرۈندى. چۈنكى ئۇ ئۆيدىن
ئەندى چىقىپ كەلگەن ئىدى. ئۆزبېك ئايىم كۈلۈپ كۈمۈشكە
قارىدى:

— قېنى، ئۆزەڭ تونۇپچۇ، كىم ئىكەن بۇ!

كۈمۈش ھەيران بولۇپ قالمىدى ... يېپەكلەر ئىچىگە غەرق
بولغان زەينەپكە قارىۋېلىپ، ئۇ تەرەپكە قەدەم تاشلىدى:

— زەينەپ ئاچام! — دىدى، زەينەپمۇ كۈلۈمسىرىگەن هال-
دا كۈمۈشكە يېقىنلىشىپ كەلدى ... ئىككى كۈندەش "ئېسەنمۇ
سىز، ئامانمۇسىز، ئېسەن - ئامان يۈرەمسىز ..." سۆزلىرى
بىلەن ئازارسىز قىلىپ بىر بىرىنىڭ يەلكىسىگە ۋە قولتۇق
ئاستىغا قول ئۇزىتىشتى. ئۇلار كۆرۈشۈپ تۇرغاندا يولەكتىن
يۈسۈپبېك ھاجى كۆرۈنۈپ، قاچىدىغان خوتۇنلار ئۆزلىرىنى
چەتكە ئالدى. ھاجى قۇدىسى بىلەن سورىشىپ:

— بارىكاللا، سىڭلىم! ئىش قىلىپ هارماستىن كەلدىڭلارمۇ،
مەن سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇمغۇ - دەيمەن! — دەپ ئۇ-
زۇر ئېيتىپ كۈلگەن ۋە ئىزا تارتىۋاتقان قۇدىسىغا يېنىكلىك

بەرگەن بولدى.

— قېنى، بەگ ئاتىسى، كورۇملۇك بېرىڭا! — دىدى ئۇزبېك ئايىم كۈمۈشنى شەرەت قىلىپ.

كۈمۈش ئىزا تارتىپ ئارانىلا سالام بەردى ۋە يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ يېنىغا كېلىپ بويۇن ئەگدى. ھاجى قولىنى بىلدن كۈمۈشنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويدى ۋە كۈمۈشنىڭ ماڭلىيىغا تەككۈزۈۋالغان ئوز قولىنى سۆيدى:

— بىزنىڭ مەرغىلاندىمۇ شۇنداق كېلىنىمىز بار ئىكەن-غۇ، بىز بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمىز-دە! — دەپ ئەتراپىغا قاراپ كۆلدى ۋە قولىنى دۇئاغا ئاچتى، — بىزنى شۇنچىلىك ھورمەتلەپ كەپسلەر، بۇ ياخشىلىقلىرىڭلار بىزدىن قايتمىسا، خۇدادىن قايتسۇن. ئاللاتائالا ياشلارغا تىنىچ ۋە بەرىكەتلىك ئومۇر بەرسۇن ... ئىلاھىم دۇئا قوبۇل بولسۇن ...

ھەممە دۇئاغا يۈز سىپاشتى. كېيىن يۇسۇپبېك ھاجى كۈمۈش بىلەن زەينەپكە قارىدى:

مەن سىلەرنىڭ كورۇشۇپ تۇرغىنىڭلارنى كوروپ ناھايىتى خوشال بولدۇم، — دىدى، — بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇ يوسۇندا بىر بىرىڭلارغا ئىگەچە-سىڭىلدەك بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن، — دىدى ۋە ئوزبېك ئايىمغا، — قېنى مېھمانلارنى ئىچكىرىگە باشلاڭلار! — دەپ ئوزى تاشقىرىغا يۈرۈلدى.

## 8

## يوشۇرۇن ئاداۋەت

شۇنىڭدىن كېيىن ئوزبېك ئايىم ئالدىغا چۈشۈپ، قۇدىسى بىلەن كۈمۈشنى ئويگە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشقا مېھمانلار يۈرۈشتى. ئوزبېك ئايىم يول ئۈستىدىن ئايىباداققا:

— تېزرەك چېپىڭغا قارا، بىچارىلەرنىڭ ھارۋىسىدا ئۈچىيى ئۈزۈلگەندۇر، — دېدى ۋە ئاپتاپ ئايىم بىلەن كۈمۈشكە، — مەن سىلەردىن ناھايىتى خاپىمەن، — دەپ قويدى.

ئاپتاپ ئايىم كۈمۈشكە قاراپ جاۋاپ بەردى:

— دېسىڭىز، دېمىسىڭىز بىز ناھايىتى ئۈياتلىق بولدۇق.

ئۆينىڭ دالىنىغا كىرىشتى. ئۆزبېك ئايىم ئۇلارنى تورگە تەكلىپ قىلىپ:

— قېنى يۇقۇرىغا! — دېدى.

ئاپتاپ ئايىم تورگە ھەركەت قىلسىمۇ، كۈمۈش باشقا مېھمانلاردىن ئېزا تارتىپ توختىدى، ئۆزبېك ئايىم ئۇنى قىستاپ، دېدى:

— ئەيىمىنمە، كۈمۈشخان، بۈگۈن - ئەتە بىزگە يېڭى كېلىنسەن، ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ سەن مۆغەمبىرنىڭ يېشىدا تۇگمەن يۈرگۈزۈشنى ئۆزەم ياخشى بىلمەن! — دېدى. ئاپتاپ ئايىم ۋە كەيىندىكىلەر كۈلۈشتى. يەنە، — تېخى سەن مېنىڭ سوپۇنۇمدا كىر يۇيۇپ كورگىنىڭ يوق! — دەپ قويدى. بۇ قېتىم كۈمۈشمۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

توردە ئاپتاپ ئايىم ۋە ماھىرە قۇداغىچىلار ئولتۇرۇشتى. ئاپتاپ ئايىمنىڭ سول يېنىغا كۈمۈش، كۈمۈشنىڭ يېنىغا خۇشرۇي، ماھىرە ئايىمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھەنىپە، ئۇنىڭدىن كېيىن كەرمە بۈۋى، شاراپەت چەۋەر ۋە ماھىنە بانۇلار قاتار تىزىلىشتى. ئەڭ تۆۋەنىدە ئۆزبېك ئايىمنىڭ ئۆزى ئولتۇردى. كەرمە بۈۋى قول ئېچىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۆزبېك ئايىم "خوش كېلىشىپتىلا" قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسىنىڭ كوزى كېلىشەۋالغاندەك كۈمۈشكە چۈشتى. كۈمۈش ئېزا تارتىپ يەرگە قارىدى، بىرنەچچە ۋاقىت جىم قېلىشىپ ماھىرە ئايىم ئاپتاپ ئايىمدىن سورىدى:

— مەرغىلاندىن يېتىپ كەلگۈنىچە تازىمۇ قىينىلىپ كەتتىڭلەر ئۇسلەر؟

— ئانچىلىك ھارغىنىمىز يوق، — دېدى ئاپتاپ ئايىم، —

ئۆزى مەرغىلاندىن تاشكەنتكىچە هارۋا يولى ئون كۈنلۈك ئىكەن، بىز هارمايلى، دەپ ئاستا - ئاستا ئون ئىككى كۈندە كەلدۇق.

— يول لايدۇر؟ — دەپ سورىدى ماھىنە بانۇ.

— لاي ئەمەس، — دېدى ئاپتاپ ئايىم، — يول ناھايىتى ياخشى ئىكەن، — ئىككى ياقتا كۆپ - كۆك مايسا، داللاردا لەيلىلەر؛ يولنىڭ ناھايىتىمۇ تاماشا ۋاقتى ئىكەن.

سۆزنىڭ نۆۋىتى ئۆزبېك ئايىمغا كەلدى:

— كەلمىگىنىڭلاردا ئاتابېكنى ئەمدى زادىلا ئەۋەتمەسلىككە قارار قىلىپ قويغان ئىدىم، — دېدى، — خۇدا بار، ئوغلۇم، ئۈچ يىلدىن بېرى ھەر ئايدا مەرغىلانغا قاتناپ زېرىكمىدىڭمۇ، ئەمدى ئۇلارمۇ كېلىشسۇن - دە، دەپ يولدىن توختاتقان ئىدىم.

كۈمۈش ئاتابېك ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاستاغىنا كۆتىرىلىپ قويدى. ئاپتاپ ئايىم ھەسەن ئەلىدىن ھەممە سىرنى ئۇگىنىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزبېك ئايىمنىڭ ھودۇقۇشىغا چۈشەندى:

— يۈزىمىزگە سالمىسىڭىزمۇ ناھايىتى ئۇياتلىق بولدۇق، — دېدى.

زەينەپ داستىخان كۆتىرىپ كىردى ۋە مېھمانلارغا "خوش كېلىشىپسىلەر" دېگەندىن كېيىن داستىخاننى سالدى. دەھلىزىدىن — ئايىداقنىڭ قولىدىن ياسالغان بەركەشلەرنى ئېلىۋېلىپ، بىر - ئىككى قېتىم يەر ئاستىدىن كۈمۈشكە كۆز يۈگۈرتتى ۋە كۈمۈشنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى قارىشىدا توقۇنۇشۇپ قالدى. بەركەشلەر قويۇلۇپ بولدى. ئايىداق توت چەينەك چاينى مىس تەگلىگى بىلەن كىرگۈزۈپ بەردى. زەينەپ چەينەكلەرنىڭ يېنىغا مېھمانلارغا چاي قۇيۇش ئۈچۈن ئولتۇردى. ئۆزبېك ئايىم چىقىپ كېتىۋاتقان ئايىداقنى توختىتىپ سورىدى:

— قاسساپ كەلدىمۇ؟

— بايا كەلگەن ئىدى. ئاغىچىلاردىن پاتىھە ئېلىپ بېرىڭىز،

قوينى ئەپچىقىپ بىرەتتىم.

ئۆزبېك ئايىم قۇدا ئانچىسىغا قارىدى:

— پاتىھە بىرەملا، قۇدا!

ئاپتاپ ئايىم ماھىرە ئايىمغا قارىدى:

— پاتىھە بەرسىلە، ئاغىچا!

— قوي سىلىگە ئاتالغان، — دىدى ماھىرە ئاغىچا، — پاتىھە بېرىش سىلىنىڭ ھەققىلىرى، بىز بولساق پاتىھەنى كوپ بەرگەنمىز ...

ئۆزبېك ئايىممۇ "سىز بېرىڭ" دىگەندەك قىلىپ ئاپتاپ ئايىمغا شەرەت قىلدى. ئاپتاپ ئايىم ئىزا تارتىپ پاتىھە بەردى. ئايىداق چىققاندىن كېيىن داستىخانغا قاراشتى ۋە "ئالسىلا — ئالسىلا" بىلەن بىر بىرىنى قىستاشقا باشلىدى. بايىقىدەك كۆپچىلىكنىڭ كوزى كۈمۈشتە ئىدى. بولۇپمۇ ئۆزبېك ئايىم زوقلىنىپ ئۇنىڭغا قارايتتى ۋە يىمەككە قىستايتتى:

— ئال، بالام، ئال! مەن ئىزادا تارتىنىدىغان كىشىنى يامان كورىمەن! ياكى ئىشىكتىن كىرىشىڭ بىلەنلا سەنسىرىگىنىم ئۈچۈن خاپا بولدۇڭمۇ؟

— خاپا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى خوشال بولدۇم! — دىدى كۈمۈش ۋە داستىخاندىن ئالغان بولدى.

ئاپتاپ ئايىم:

— سەنسىرىگىنىڭىز ئۈچ يىلدىن بېرى كۈمۈشنى بالام، دەپ يۈرۈشىڭىزنى بىزگە ئوچۇق ئۇقتۇرىدۇ. بولۇپمۇ مەن بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن مىننەتدارمەن!

كەرىمە بۇۋى:

— كىشى ئوز بالىسىنى سەنسىرەيدۇ، بىگانىنى سەنسىرىسۇنچۇ.

زەينەپ:

— مېنىمۇ چىملىدىقتىن چىققىشىم بىلەنلا سەنسىرىگەن ئىدى ... — دىدى.

ئۆزبېك ئايىم:

— مەن يېقىن كورگەن كىشىمنى سىزلەلمەيمەن، — دەپ ماختانغاندەك بولۇپ قويدى، — هاي كۈمۈش، ئال، هېچبولمىغاندا ئاۋۇ سامبۇسىدىن بىر - ئىككى تال يېگىن، يۈرىگىڭ ئۈزۈلگەندۇر!

كۈمۈش ئۇزرە ئېيتتى:

— هارغان بولسام كېرەك، — دېدى، — ئىشتىيىم بوغۇلغاندەك ...

ئوزبېك ئايىم كۈلدى:

— ئىشتىيىڭ بوغۇلغان بولسا هارغانلىغىڭدىن ئەمەس، ئېرىڭنى سېغىنغىنىڭدىن، — دېدى. بىردىنلا هەممىسى كۈلۈۋەتتى. زەينەپمۇ كۈلكىگە قاتناشتى ... ئەمما كۈمۈش يۈزىنى چەتكە ئۇرىسگەن ئىدى. ئېهتىمال، قېينانىسىنىڭ زەكاۋىتىگە ئىچىدىن تەھسىن ئوقۇيتتى.

ئوزبېك ئايىم ئاپتاپ ۋە ماھىرە قۇدىلارنى داستىخانغا قىستىدى:

— ئالسىلا، قۇدا، سىلى، ياشلارنى قويۇۋەرسىلە، بۇلارنى يىگىت ئاسرىسا، سىلى بىلەن مېنى غىزا ئاسرايدۇ!

يەنە كۈلكە باشلاندى. ئاپتاپ ئايىم ئۆزىنى تۇتالماي كۈلەتتى. كۈمۈشمۇ كۈلۈپ، كۈلكە ئارىسىدا زەينەپكە قارىۋالدى، زەينەپمۇ كۈلەتتى ...

كۈلكە بېسىلغاندىن كېيىن، زەينەپنىڭ يەڭگىسى كۈمۈشتىن سورىدى:

— بېگىڭىز بىلەن كورۈشمىگىنىڭىزگە قانچە بولدى؟

كۈمۈش دەھشەتلىنىپ ئانىسىغا قارىدى. ئاپتاپ ئايىم جاۋاپ بەردى:

— ئۈچ ئاي ئېهتىمالىم.

خۇشرۇي ئۆزىنىڭ زالىم كوزىنى ئويناتتى.

— هە بولمىسا قۇدا ئاغچام ئېيتقىنىدەك ئىشتىيىڭىزنىڭ بوغۇلغىنى شۇنىڭدىن.

— توغرا، توغرا! — دېيىشتى خوتۇنلار.

— مەن ئۆزەم بىلىمەن، — دېدى ئۆزبېك ئايىم، — ئاتابېكنى ئەتەيلەپ ئۈچ ئاي توختىتىپ قويدۇم - غۇ، ئاخىر!

كۈمۈشنىڭ كوڭلىدىن: "ئېنىق بىلىسىز، ئەتەيلەپ توختاتتىڭىز!" دېگەن خىياللار ئۆتتى. ئاپتاپ ئايىم كۈلۈپ جاۋاپ بەردى:

— پەقەت ئۈنىڭلا بولمىسا كېرەك، مېنىڭمۇ ئىشتىيىم بوغۇلغاندەك ...

ئۆزبېك ئايىمنىڭ يادىغا ئاتابېك چۈشكەن ئىدى:

— ھەي، ئېيتماقچى، ئاتابېكنى كوردىڭىزمۇ؟ — دەپ ئاپتاپ ئايىمدىن سورىدى.

— ياق!

ئۆزبېك ئايىم زەينەپكە قارىدى:

— تاشقىرىدىمىكىن؟

— يوقمىش ... — دېدى زەينەپ.

ئۆزبېك ئايىم ئەجەپلەندى:

— بايا ئاتاڭمۇ سورىغان ئىدى ... — دېدى، — نەگە كەتتىكىن ئەقىلسىز ... ئەتىگەن ساڭا ھېچنەرسە دېمىدىمۇ؟

كۈمۈش زەينەپنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى، زەينەپمۇ ئۈنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— ئەتىگەن مېنىڭدىن تاش تونلىرىنى سورىغان ئىدى، — دېدى، — مەن تونىنى بېرىپ نەگە بېرىشىنى سورىغىنىمدا، بىرجايدا ئىشىم بار، دېگەن ئىدى! ...

زەينەپ كۈمۈشنى راسا چېقىۋالدى. كۈمۈش لايدەك بوشىشىپ، ئاپتاپ ئايىممۇ ئېغىر تىنىپ قويدى. زەينەپنىڭ قىرسىنداشلىرى كۈلگەندەك بىر بىرىگە قارىشىۋالدى. ئۆزبېك ئايىم ئارىدىن ئۆتكەن سىرنى بايقىدى: "بىرەر زورۇر ئىشى چىقڭاندۇر" دېدى. شۇ چاغدا دەرىزىدىن ھەسەن ئەلى كۆرۈندى، قولىدا بىر ساناچ قىمىز كوتەرگەن ئىدى، دەرىزىدىن تۇرۇپ مېھمانلارنى

"خوش كېلىشىپتىلا" دېدى ۋە قىمىزنى ئۆزىتىپ ئاپتاپ ئايىمغا قاراپ كۈلدى:

— قىمىزنى كۈيوغلىڭىز سىزگە كىرگۈزدى!

ئاپتاپ ئايىمنىڭ ھۇشى ئۆزىگە كېلىپ، كۆمۈشىنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى. ئاۋۇلار بولسا، ئەمدى بۇلارنىڭ ھالىغا چۈشۈپ بوزۇرۇشتى.

قىمىز بىلەن يېنىكلەشكەن ئۆزبېك ئايىم ھەسەن ئەلىدىن سورىدى:

— قاچان كەلدى؟

— ھازىر.

— نەگە يوقالغان ئىكەن ئەخمەق؟

ھەسەن ئەلى ئىزاھ بەردى:

— تۈنۈگۈن ھاجى ئۈنىڭغا ئىش بۇيرۇغان ئىكەن. بىلمىدىم، تۈنۈگۈن نىمە بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئىشنى ئۈنتۇغان ۋە بۈگۈن ئەتىگەن ئېسىگە چۈشۈپ مېھمانلار كەلگىچە بېرىپ كېلەرمەن، دەپ شۇنىڭغا كەتكەن ئىكەن. بارىدىغان جايى يىراقىراق يەردە بولۇپ، كېچىككەن ۋە يولدا كېلىۋېتىپ بۇ گۈنايىغا ئىككى سا-ناچ قىمىز ئالىغان ... تېخى قىمىزنى ماڭا بېرىپ: "كىرىپ ئېيتىڭ، ناھايىتى ئۇياتلىق بولدۇم، كەچۈرۈشسۇن"، دەيدۇ! — دىدى ۋە كۈلدى. كەرىمە بۇۋى:

— كەچۈرۈلمەيدۇ، قىمىز ئۆزى ئىمىدىگەن گەپ، — دىدى.

ئاپتاپ ئايىم مېھمانلارغا قاراپ چىققاندىن كېيىن ھەسەن ئەلىگە كۈلۈپ جاۋاپ بەردى:

— ئۆزىمىز ناھايىتى ئۈبساپ كەلگەن ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن كەچۈردۇم!

— بەللى، بەللى! — دىدى ھەسەن ئەلى، — مەن كە-چۈرگىنىڭىزنى چىقىپ ئېيتىمەن.

— چىقىپ ئېيتىڭ، — دىدى ئاپتاپ ئايىم.

— سىزچۇ؟ — دەپ سوردى ھەسەن ئەلى كۈمۈشتىن.

كۆمۈش پاقىدەك قېتىپ تۇرغان زەينەپكە قارىدى ۋە ئىزا ئارتۇراق جاۋاپ بەردى:

— مەنمۇ كەچۈردۈم ...

— سىزنىڭ ئىككى باشتىن كەچۈرۈشىڭىزنى ئۆزەممۇ بىلەتتىم، — دېدى ھەسەن ئەلى.

ئۆي ئىچىنى كۈلكە باستى.

كۈلكىدىن كېيىن ئۆزبېك ئايىم:

— ئۆزى نېمىشقا كىرمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— قېيناتىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ ...

ھەسەن ئەلى كەتكەندىن كېيىن ئۆزبېك ئايىم ئايباداقىقا — قىمىزنى مىس جامغا بوشىتىشقا بۇيرۇدى. قوي سويۇلۇپ تەييار بولغان ئىدى. ئۆزبېك ئايىم قۇدا ئاغىچىسىنىڭ رايىنى سورىدى.

— نېمە بۇيرۇيدىلا؟

— مېنىڭدىن سوراپ ئولتۇرمىسىلا. مېھمانلار نېمىنى خالاشسا بىزمۇ شۇنىڭغا يارىمىز.

ئۆزبېك ئايىم غىزا بۇيرۇش ئۈچۈن ھويلىغا چۈشتى. زەينەپ مىس جامغا ئاغدۇرۇلغان قىمىزنى سۈزۈپ پىيالىلارغا قۇيۇپ مېھمانلارغا تۇتتى.

## 9

## ھاجى قول سىلكىدى

تۇردە مىرزاكەرىم قۇتىدار، ئۇنىڭ يېنىدا مەھەللىنىڭ ئىمامى يۇنۇس مۇھەممەت ئاخۇن، يۇرت ئاغىسى پىرنەزەر جاللات ① ۋە ساتىبالدى ئاتلىق يەنە بىر مويسىپىت ئىدى. پىرنەزەر جاللات-

① ئىلگىرى جاللاتلىق قىلىپ، ھازىر بۇ كەسىپنى تاشلىغان، ئەمما جاللات لەقىمى قالغان.

نىڭ يېنىدا ئاتابېك ۋە ساتىبالدى ئاكىنىڭ قاتىرىدا يۈسۈپبېك ھاجى ئىدى. توۋەندە ھەسەن ئەلى ساناچىتىن قىسمىز قۇياتتى.

گەپ توتىنچى كۈنى بولۇپ ئۆتكەن قىپچاق قىرغىنى ئۈستىدە بېرىپ، يۈسۈپبېك ھاجى بۇ توغرىدا سۆزلەيتتى:

— مەن بىز خەلقنىڭ ئادەم بولۇشىمىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ قويدۇم ... ئېسىمنى تونۇغىنىمدىن بېرى ئەمەل دېمەستىن، مەنسەپ دېمەستىن، پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ كېلىپ، ئايىغىدا ئۆزىنى قۇشبېگى، مىڭبېشى قىلىۋالغان ئۈچ - تۆت مەنپەئەتپەرەسلەردىن خۇددى ياش بالىغا ئوخشاش ئالداندىم ... ئۈلۈل ئەمىر بولغان كىشىمۇ شۇ مەنپەئەتپەرەستلەرنىڭ خاراپ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىپ، بىزدەك ئادەملەردىن بۇ توغرىدا بىر ئېغىز كېڭەش سوراشنى ئۇنتۇدى. ھالبۇكى، مۇسۇلمانقۇل بالاسىدىن ئۇنى نىجاتقا چىقارغۇچىلارنىڭ بىرى بىز ئىدۇق. نەتىجىدە بولسا سۆزى - سۆز، مەسلىھەتى - مەسلىھەت بولغانلار شۇ ئۈچ - تۆت كاللا كېسەرلەر بولۇپ، بىزگە ئوخشىغانلارنىڭ دەرىجىمىز ياش بالىدەك ئالدىنىش ئىكەن ...

يۈنۈس مۇھەممەت ئاخۇن ئۇنىڭ سۆزىنى بولدى:

— ھەي ھاجى، — دېدى، — ھەممە پاساد ئۇلۇغ ئەمىردە، ئەگەر ئۈلۈل ئەمىر دۇرۇست ئادەم بولسا، ئۈچ - تۆت مۇتەھەممىنىڭ يامانلىقى ھېچ قەيەرگە بارمايتتى ۋە بۇنچىلىك گۇناسىز بىچارىنىڭ قېنى ئورۇنسىز تۆكۈلمەيتتى. جانابى پەيغەمبىرى خۇدا ھەدىسى شەرىپلىرىدە ئېيتىلىدىكىن، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، قالەننەبى ئەلەيھىسسالام: "ئىزاۋەسسادەل

ئەمرۇئىلاغەيرى ئەھلى قانەتىزىرەسسا ئەتە"، يەنى ئول سەرۋەدى كائىنات مەرھەمەت قىلۇرلەر كىم، ئەگەر بىر قەۋمنىڭ قىيامىتىنى يېقىن بىل، يەنى ھالاكەتكە مۇنتەزىر بول، دېپ، بەس بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ كوپ ۋاقىتلىردىن بېرى ئەھلىسىز

ئادەملەرنىڭ قولىغا قېلىپ ۋە ھەر زامان ئۇنابەكارلار بىزلەرنىڭ
بېشىمىزغا تۇرلۇك - تۇمەن كۈلپەتلەرنى سالىدۇ. ئىسلاھىم بەد
ئىشلىرى ئۆز باشلىرى بىلەن كەتسۇن! — سەدەقتە يارەسۇلۇل-
لا! دىدى ھاجى ۋە ھەدىسنى تەكرارلىدى، — "ئىزاۋىسادەل
ئەمرۇئىلاغەيرى ئەھلى قانەتىزىرەسسا ئەتە" — بىز بەدبەخت-
لەرنىڭ ھالىغا ۋاي بولسۇن! — دىدى. بىرئاز مەيۇسلىنىپ
توختىدى ۋە داموللا تەرىپىدىن بولۇنگەن سوزىنى شۇ گەپلەر
بىلەن تۇگەتتى:
— شۇ كۈنگىچە بولىمغانلارغا بولۇشماقچى بولۇپ، ئومرۇم-
نىڭ ئاخىرىغا يېتىپ قالدىم، — دەپ ساقىلىنى تۇتاملىدى، —
بۇ ساقال شۇ ئەل قايغۇسىدا ئاقاردى. بۇ كوڭۇل شۇ مەنپە-
ئەتپەرەسلەر تەسىرىدە قارايدى. يېشىم ئاتمىش بەشكە يېتىپ
بىرەر قېتىم بولمىسۇن ئىبادىتىمنى جانابى ھەققە بىۋاستە يونەل-
دۇرگىنىمنى ۋە كوڭۇل كوزۇم ئېچىلىپ قىلغان سەجدەمنى خا-
تىرلەلمەيمەن. بۇ ئالدىنىشىمنى بولسا، ھەق تەرىپىدىن بىر تەن-
بىھ، بولمىغانلارغا بولۇشماقچى بولغىنىم ئۇچۇن بىر كىنايىدۇر.
ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش كۈنلۇك ئومرۇم دۇنيا ماجرا-
لىرىدىن قول سىلكىپ، توشەئى ئاخىرەت تەداروكىنى قىلىشىم
ئۇچۇن غەنىمەت كورۇنىدۇ!
بۇ سوز مەجلىسكە بىر مەيۇسلۇك بەردى. كوپ ۋاقىتقىچە
ھەممىسى سۇكۇتتە قېلىشتى. ھاجىنىڭ سوزى بولۇپمۇ پىر نەزەر
ئاكىغا تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇ ئوز ھۇنىرى روھىدا پىكرىنى
سوزلىدى:
— يامانلارنى بىر - بىر، تېرىپ - تېرىپ باش كەسمەستىن
ئەلنى تىنجىتىش قىيىن! — دىدى.
بۇ سوزدىن كېيىن مەجلىس ھاجىنىڭ ئاغزىغا قارىدى. ھاجى
كۈلۈپ قويدى، بىرئازدىن كېيىن:
— توغرا ئېيتتىڭىز جالالات! — دىدى، — بۇھالدا يېنىڭىزدا
ئولتۇرغان بىزنىڭ ئوغۇلىمۇ ياردىمىڭىزگە چاقىرالايسىز ...

ھەممە كۆلۈۋەتتى. قۇتىدار يەر ئاستىدىن ئاتابېككە كۆلۈم-
سىرەپ قارىدى. ئاتابېك دادىسىنىڭ كىنايىسىگە چۈشىنىپ قىپ-
قىزىل قىزىلچىدەك بولدى. ئېخى قۇتىدار ۋە ھەسەن ئەلىدىن
باشقا ھېچكىم بۇ كىنايىگە چۈشەنمەيتتى.

پىرنەزەر ئاكا جىددىغىنا ئاتابېككە قارىدى:

— ئاتابېك ماڭا ئوخشىغان جاللاتلا ئەمەس، ئەمدى لەش-
كەر بولالايتتى. سىز پاتىھە بەرسىڭىز ۋە ئاتابېك ئەمىر بەرسە،
مەن، خۇدا ھەققى، يامانىنىڭ بېشىنى ئېلىشتىن قايتسام! — دېدى.

— بىزنىڭ چوڭ - كىچىگىمىزنىڭ، — دېدى ھاجى، —
ئاپىقان - تۇتقىنىمىز پەقەت باش ئېلىش ... بىز، گويا باش
ئېلىش بىلەن ئالەم تىنجىيدۇ ۋە بىز ئۆز خالىغىنىمىزنى قىلا-
لايمىز دەپ ئويلايمىز. توغرا، جاللات ئىتقاندەك، يامانىنىڭ
بېشىنى ئېلىشقا مەنمۇ قارشى ئەمەسمەن ۋە لېكىن بۇنىڭ نا-
زۇك شەرتلىرى بار: ئەڭ ئاۋال شەخسى مەنپەئەتتىن كېچىپ،
پەقەت ئەل بەختى ئۈچۈن باش تىككەنلەر جامائەسى كېرەك
ۋە بۇ جامائەنىڭ ئۆز مەسلىگى يولىدا كۆزەتكەن مەلۇم بىر
نىشانىسى بولۇشى زورۇر. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ھىلىقى نى-
شانغا قاراپ ئىنتىلىشتە ئاياق ئاستىدا ئىلەشكەن چۆپ - خەس-
لەرنى سۈپۈرۈۋېرىش كېرەك. مانا شۇچاغدىلا توكۈلگەن قانلار
ئورۇنلۇق ۋە مەشرۇئە بېرىلگەن باشلار چىن قۇربان ھىساپلىنى-
دۇ. بولمىسا، سىزنىڭ باش ئېلىشىڭىزمۇ ھىلىقىلارنىڭ قىرغىنى-
دىن پەرقلىق بولماس! — دېدى ۋە بىرئاز توختىۋالغاندىن
كېيىن ئەپسۇسلاندى، — شۇ ياشقا يېتىپ بۇ خەلق ئارىسىدا
ھىلىقى جامائەنى ئۈچ - توت نەپەردىن ئارتۇق ئۇچراتالمىدىم،
ئەپسۇس!

يەنە بىرمۇنچە گەپلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممىسى ئورۇنلى-
رىدىن تۇرۇپ مېچىتقا چىقىپ پېشىننى ئوقۇپ كىرىش ئۈچۈن
قوزغىلىشتى، ئاتابېكمۇ كوپچىلىك بىلەن بىللە قوزغالغان ئىدى،
ھەسەن ئەلى ئۇنى توختاتتى:

— سىز توختاڭ، ئاتابېك! — دېدى، ئىشلەر ھويلا ئوتتۇرىسىغا چۈشكىنىدىن كېيىن، — ئىچكىرىگە بىر كىرىپ چىقمىسىڭىز ئەيىپ بولىدۇ ... بايىقى ئىشىڭىزنى بولسا ئارانلا يالغان-ياۋىداق بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن چىقاردىم.

ئاتابېك ناھايىتى بوشاشقان ھالدا قايتىپ ئورنىغا ئولتۇردى:

— مەيلى، بولمىسا... دېدى.

## 10

## ھەسەن ئەلىنىڭ ھىلىسى

كىشى ئارتۇقچە قورققاندا گاڭگىراپ قېلىپ، پۈتۈن ئەزايى ھەركەتسىز ۋە ئاغرىق ھالىتىگە چۈشىدۇكى، ئەلۋەتتە بۇنى بىز قاتتىق قورققاندىن، دەپ بىلىمىز. ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا يولۋاس چىقسا، بىز قاتتىق قورقىمىز، چۈنكى بىزنى ئۆلۈم كۈتىدۇ، ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ئۆلۈمدىن قورقۇنچلۇقراق نەرسە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ قورقۇنچنى تەبىي ھېساپلايمىز. ئەمما قىزىقى شۇنىڭدىكى، بىزنى دۇنيادا بەخت كۈتكەندە، بىزگە سائادەت بىشارىتى بېرىلگەندە ئىمىشقا بىز ئۆلۈم كۈتكەندەك ھالغا چۈشىمىز ۋە ئۇزۇۋي تەشكىلاتىمىز بىرىنچى ھالەتنى كەچۈرىدۇ.

ئاتابېكمۇ ھازىر شۇ كېيىنكى ھالەتكە چۈشكەن ئىدى. ئەتىگەندىن تارتىپلا باشلانغان بۇ ھالەت ھەسەن ئەلىنىڭ كېيىنكى سۆزى بىلەن پۈتۈنلەي بىر دەھشەت تۈسىنى ئالدى ۋە ھوشسىزلارچە ئولتۇرۇپ قالدى...

ھەسەن ئەلى كىرگەندىن كېيىن قىلىنىدىغان مۇئامىلىنى ئۆگەتتى:

— ئانىڭىز بىلەن زەينەپ ئاۋۇ ھېلىقى ماجىرالىرىڭىزدىن خەۋەرسىز، بۇنى قېيىنانىڭىز بىلەن كېلىنىڭىز ئۇقتۇرۇپ قويغانى-مەن. ئۇلار بىلەن سورۇشۇپ سۆزلەشكىنىڭىزدە، گويا ئۇچ ئاي-دىن بېرىلا كۆرۈشمىگەنلەردەك بولۇڭ!

ئاتابېك بوزۇرۇپ ئۇلۇق-كىچىك تىندى.

— ئوغۇ، ئاسان... — دېدى.

— قېيىنى قايسى؟

— شۇ چاققىچە چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟

ھەسەن ئەلى ئاتابېكنىڭ يۈزىگە ئۇزاق تىكىلىپ قالدى...

— يىگىت ئەمەسمىز سىز، ھەپ بارىكاللا!

— يىگىتلىك بىلەن يۈرەكنى توختىتىش...

ھەسەن ئەلىمۇ ئويلاپ قالدى. ھەقىقەتەن، ئاتابېكنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى نازۇك ئىدى. ھەسەن ئەلى بىرنەچچە قېتىم بېشىنى قاشلاپ ۋە ساقال تۇتاملاپ ئويلىدى. ئاخىرى ئوزىچە كۈلۈپ قويدى:

— توختاڭ بولمىسا، — دېدى، — مەن بىر ئىش قىلايكى...

— نېمە ئىش قىلماقچىسىز؟

— سىز ھازىر سورىماڭ، ئەمما شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئىختىيارىڭىزنى ماڭا تاپشۇرۇڭ!

ئاتابېك ئارانلا كۈلدى:

— نېمە ئىدى! — دەپ يەنە سورىدى.

— سورىماڭ! — دېدى ھەسەن ئەلى، — سىز تىنچىقنا تاھارىتىڭىزنى ئېلىپ، نامىزىڭىزنى ئوقۇۋېرىڭ!

ھەسەن ئەلى شۇ سۆزنى ئېيتىپ مېھمانخانىدىن چىقتى. ئاتابېك ھەسەن ئەلى تەرىپىدىن تەسىر قىلىنغاندەك، تۇرۇپ تاھارەت ئالدى ۋە مېھمانخانىغا كىرىپ "تەرابىھ" باشلىدى... ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. ھەسەن ئەلى

ئىچكىرىدىن چىقتى. ئاتابېك بولسا ئېخسىچە رۇكۇدا، سۇجۇددە ئىدى...

— ئوقۇپ بولمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دەرىزىدىن.

ئاتابېك يېنىغا سالام بەرمەستىن ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ ھالغا ھەسەن ئەلىنىڭ كۈلگىسى كەلسىمۇ، ئۆزىنى ئارانلا توختاتتى:

— قېنى مەن بىلەن مېڭىڭ!

— نەگە ماڭىمەن؟

— ئىچكىرىگە.

— يەنىمۇ؟

ھەسەن ئەلى كۈلدى:

— ئەمدى، بىرىنچى قېتىم كىرىۋاتىسىز! — دېدى، — سىز... ھازىر ئوتتۇرا يولەكتىن ئاستاغىنا مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىسىز... خوتۇنلار ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، سىزنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. سىز كىرگەندىن كېيىن مەن ئىشىكنى ئۈستىڭىزدىن يېپىۋالىمەن-دە، بىر ئازدىن كېيىن ئالدىڭىزغا كېلىنىنىڭ يالغۇز ئۆزىنى كىرگۈزىمەن... بولامدۇ؟...

— بولىدۇ...

— قېنى تۇرۇڭ تېزرەك!

ئاتابېك تۇردى. ئۇچرىشىشقا تېخى خېلى ۋاقىت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى تىنچىتەك ئىدى. ئوتتۇرا يولەككە كىرىشتى. ئالدىدا ماڭغان ھەسەن ئەلى توختىدى ۋە ئۆينىڭ ئىشىگىنى كۆرسىتىپ "ئوتۇڭ!" دېدى. ئاتابېك ئۇنىڭ ئېيتقىنىچە قىلىپ ئۆزىنى ئۆيگە ئالدى. ھەسەن ئەلى ئاتابېكنى ئۆيگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، كېلىپ ئىشىكنى قىيا قىلىپ ياپتى ۋە دەرىزىنى نېرىقى ئۆيدىن قارىغاندا كىشى كۆرۈنمىگۈدەك قىلىپ قىيا ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىچە نىمىگىدۇر كۈلۈمسىرەپ خوتۇنلارنىڭ ئالدىغا كەتتى.

ئاتابېك كىرگەن ھەسەن ئەلىنىڭ ئۆيى ئايىۋاداق ئانا تەرەپىدىن تازىغىنا يىغىشتۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا ھاللىق كىشىلەرنىڭ

ئۇيەردەك ئەسۋاپ - ئەنجاملار بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى. تاملىرى گەجلەنگەن، تورۇسلىرى سىرلانغان، ئاياق ئاستىغا قىزىل گۈللۈك كىگىز سېلىنغان ۋە مەرەپكە كىرلىكلىك كورپىلەر تىزىلغان ئىدى. ئاتابېك كەشنى دالاندا يەشتى - دە، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا بىر - ئىككى قېتىم ئايلاندى ۋە چوڭقۇر نەپەس ئالدى. شۇ چاغدا مەرەپكە ئېسىلغان كىرلىك ئۆز - ئۆزىدىن قىمىرلىغاندەك بولدى. بۇ قىمىرلاشنى ئاتابېك بايقىدى. ھېلىقى قىمىرلىغان كىرلىك بىردىنلا ئېچىلىپ كېتىپ ئاتابېك چۆچۈپ كەتتى... بىراۋ مەرەپتىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئاتابېك تىترەيتتى... بىر ئازدىن كېيىن ئىككىلىسىمۇ ئۆزلىرىنى بىرمۇنچە توختىتاتتى - دە، بىر بىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى ۋە سوزسىزغىنا قۇچاقلاشتى... ئاتابېك سۈمبۇل ھىدلىق چاچلىرىدىن روھلىناتتى، كۈمۈش گويا ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەندەك ئىدى. بۇ ھال بىر مىنۇتقىچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، بىر ئاز ئاجرىلىشقاندەك بولۇپ ئۆينىڭ تۆۋەنرەگىگە بېرىشتى ۋە تىزىنى تىزىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتى... بىرىمۇ سوزلەلمەيتتى، پەقەت بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىشاتتى. بىر نەچچە مىنۇتقىچە شۇ ھال داۋام ئەتتى. ئاخىرى، كۈمۈش كۈلكە ئارىلاش كوزىگە ياش ئالدى.

— سىز قاچقاقسىز! — دىدى.

— سىز...

— مەن؟

— سىز قوغلىغاقسىز!

— ئەجەپ قىپتىمەن! — دىدى كۈمۈش ۋە شاپىلىقى بىلەن ئېرىنىڭ يۈزىگە ئاستا ئۇرۇپ قويدى.

— بۇ تەرەپكىمۇ...

— ئۇ تەرەپكە زەينەپ ئۇرسۇن!

— زەينەپنىڭ... ئۇرۇشقا ھەققى يوق!

كۆمۈشنىڭ كۆزىدە تېخىچە كۆرۈلمىگەن بىر خوشاللىق ئوينايتتى:

— راست دەۋاتامسىز؟

— راست دەۋاتىمەن!

— مانا بولمىسا! — دېدى كۆمۈش. ئاتابېكنىڭ ئىككىنچى يۈزىنىمۇ سىلىغانىدەك قىلىپ قويدى. يەنە كۆلۈمسىرىشىپ، تەلمۈرۈشۈپ بىر بىرىگە قاراپ قېلىشتى...

— بىراۋنىڭ غېمىدە كويۇپ قېرىدىم، — دېدى كۆمۈش.

— بىكار ئېيتىسىز... مېنى ئېيتسىڭىز توغرا.

سىزنىمۇ؟ — دېدى كۆمۈش، — سىز ئەمدى يېتىشىپسىز!

— راست ئېيتمىدىڭىز.

— راست ئېيتتىم.

— ئەمما سىز...

— مەن؟

— كېيىن ئېيتىمەن...

كۆمۈش قىيىندى:

— ھازىر ئېيتىڭ! — دېدى ۋە مەھلىيا قىلغۇچى كۆزىنى ئالىلىقاندىداق ھالەتكە كەلتۈردى. ئاتابېك جاۋاپ ئورنىدا كۆمۈشنىڭ يۈزىدىن سۆيدى... كۆمۈش ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— ياخشى قىلىڭ ئەمدى!

ئاتابېك چۈشەنمەي ئۇنىڭغا قارىدى:

— سىزگە نېمە بولدى، نەگە بارىسىز؟

— مەرغىلانغا...

— بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، ئەتە كېتەرسىز!

كۆمۈش كۈلۈپ ئاتابېكنىڭ يۈزىگە ئۇردى:

— بىزنىڭ خۇپىيانە كۆرۈشكىنىمىزنى، — دېدى، — ئادام ۋە ھەسەن ئەلى ئاتامدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، بولۇپمۇ

زەينىۋىڭىز بىلىپ قالسا ياخشى ئەمەس.

— بىلسە نىمە قىلىدۇ؟

— ھىچنەرسە قىلمايدۇ... ياخشى ئەمەس - تە، بىر ئازدىن كېيىن چىقىپ ئانام بىلەن تېچلىق سورىشىڭ، كىرمىگىنىڭىز ئۈچۈن قېينانىلىرىڭىز خوشال بولۇشۇپ ئولۇشۇۋاتىدۇ.

كۇمۇش يەنە بىر كۈلۈپ قارىغاندىن كېيىن ئويدىن چىقتى. ئاتابېك ئەمدى پۈتۈنلەي ئۆزىنى بېسىۋالغان ئىدى. ئەمدى يۈرىگىنىڭ ئۈرۈشى پەقەت ھىلىقى پەرىشتە تەرەپكىلا ئىنتىلەتتى. ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن نىمشقىدۇر كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئۆزىدە ھەسەن ئەلىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك مۇھەببەتنى سەزدى. شۇ چاغدىن باشلاپ كەچۈرىدىغان بەختلىك كۈنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىز ئىدى، زەينەپ توغرىسىدا بولسا، ئويلاپمۇ قويمايتتى، باشقا گەپ خىيالىغمۇ كەلمەيتتى. ئارىدىن كۇمۇشنىڭ ئويىگە كىرىۋالغىچە ۋاقىت ئۆتكىنىدىن كېيىن، ئويدىن چىقتى ۋە پەرۋاسىزغىنا مېھمانلار ئولتۇرغان ئويگە باردى. ئۇنىڭ كېلىشىنى ئۆز ئويىدە تۇرۇپ كورگەن زەينەپ يۈگۈرگىنچە ئاتابېكنىڭ كەينىدىن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىردى. ئويدىكىلەر ئاتابېكنى كورۇشى بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، پەقەت ئۆزبېك ئايىملا "موك" چۈشكىنىچە ئولتۇراتتى. ئاتابېك ئاپتاپ ئايىم بىلەن كورۈشتى... ئاپتاپ ئايىم ئۇنى قۇچاقلاپ يۈزىدىن سۆيدى ۋە كوزىگە ياش ئالدى. كېيىن كىچىك قېينانىسى بىلەن، زەينەپنىڭ ھەدىسى ۋە باشقىلار بىلەن تېچلىق سورىشىپ چىقتى ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كۇمۇشكە "ئامانمۇسىز..." دەپ قويدى. كۇمۇشمۇ "شۈكرى" دەپ كۈلگەن بولدى. سورىشىش تۈگىگەندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. ئاتابېك ئانىسىنىڭ يېنىغا، زەينەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، كۇمۇش زەينەپنىڭ بۇ قىلىغىغا غىجىنىپ بىر - ئىككى قېتىم يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا كوز تاشلىدى.

پادىشاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قېينانىغا ئوزرە ئېيتتى:

— ئاۋال سىلەر كەلگىچە بېرىپ كېلەرمەن، دەپ بىر گۇنا قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانخانىدىن قوزغالماي ئىككىنچى ئۇياتتا قالدىم...

ئاپتاپ ئايىم:

— بالىمىزنىڭ ئەيىۋى يوق!

ئوزبېك ئايىم:

— قىمىز كىرگۈزۈپ قېيناناڭنىڭ ئاغزىنى ھوللىمىغىنىڭدە، راسا بالاغا قالغان ئىدىڭ، بالام!

ھەممە كۈلۈشتى، كەرىمە بۈۋى:

— كۈمۈشئاي بولسا، سەن ئىرىمنى يوشۇردۇڭ، دەپ زەينەپنىڭ ئەس-ھوشىنى چىقاردى.

يەنە كۈلكە بىر بىرىگە ئۇلاشتى. زەينەپنىڭ بايىقى ئىشىغا كۈمۈشنىڭ غەشلىكى كەلگىنىنىلا دىمىگەندە، ھازىر ئۇمۇ ناھايىتى ئېچىلغان، كۈلەتتى ۋە يەر ئاستىدىن ئاتابېككە كوز قىرىنى تاشلايتتى، زەينەپ بولسا كۈمۈشنى تەقىپ قىلاتتى. ئولتۇرۇشتا بىر ئاز جىمجىتلىق كىرگەندىن كېيىن ئاتابېكمۇ ئوز تەرىپىدىن بىر كۈلكە توقۇماقچى بولۇپ، زەينەپ بىلەن كۈمۈشكە قارىتىۋالدى:

— مەن بىر ئىشقا ھەيرانمەن، — دىدى.

— نىمىگە؟ — دەپ سورىدى ماھىرە ئايىم.

— نىمىشقا زەينەپ سىمىزۇ، كۈمۈش ئورۇق؟!

ئوزبېك ئايىم جاۋاپ بەردى:

— بۇنىڭ ھىكمىتىنى مېنىڭدىن سورا، بالام! — دىدى، — كۈمۈشنىڭ ئوزىگە ئوخشاش خىيالچان كورۇنىدۇ، زەينەپ بولسا ماڭا ئوخشاش ئويناق!

ئاتابېكنى ئوزىگە ئوخشاتقىنى ئوچۇن كۈمۈش قېيناىنسىدىن رازى بولدى. ئەمما زەينەپ ئوزىنى ئاتابېكتىن چەتكە قاققىنى ئوچۇن ئوزبېك ئايىمغا غىجىندى.

ئۆزبېك ئايىمنىڭ بۇ پىكرىگە كەرىمە بۇۋى قارشى چۈشتى:

— يېڭىلىشىسىز، ئانچىا! — دېدى، — بۇنىڭدىكى پەرقىنى يۇسۇپ - زۇلەيخا قىسسىلىرىنى ئوقۇغان كىشى بىلىدۇ... ئۈچ ئاي دېگەن ۋاقىت ئاز ۋاقىت ئەمەس، كۈمۈشخانىمنىڭ ئورۇقلىغىنى سېغىنىشىدىن.

كەرىمە بۇۋى قاش قويىمەن، دەپ، كوز چىقاردى، يەنى ئاتابېك بىلەن كۈمۈشنى يۇسۇپ - زۇلەيخاغا ئوخشىتىپ زەينەپ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئوت ئىچىگە تاشلىغان ئىدى.

— ئوزبېك ئايىمنىڭ توغرا، — دېدى ماھىرە ئايىم، — زەينەپ قۇۋناق، كۈمۈش بولسا مېنىڭ كوزۈمگىمۇ خىيالچانىدەك كورۈنىدۇ.

— توغرا - توغرا! — دېدى خۇشرۇي.

كۈمۈش بىلەن ئاپتاپ ئايىم ئاردىن ئوتكەن سىرغا چۈشىنىپ جىم ئولتۇراتتى. كۈمۈش يەر ئاستىدىن ئاتابېككە نارازىلارچە كوز تاشلىدى.

— توختاڭلار - چۇ، — دېدى ئاتابېك، ھەممە ئۇنىڭغا قاراشتى، — ھېچقايسىڭلار تاپالمىدىڭلار!

— تاپالمىغان بولساق ئوزىڭىز ئېيتىڭ! — دېدى شاراپەت چەۋەر.

— ئوزەڭلار تاپالمىغاندىن كېيىن مەن ئېيتىپ نىمە قىلىمەن؟

— مەن تاپتىم، ھە شەيتان! — دېدى كەرىمە بۇۋى، — قىزىل گۈلنىڭمۇ ئوز ئالدىغا، ئاق گۈلنىڭمۇ ئوز ئالدىغا پۇرىقى بار، دېمەكچى!

ھەممە بىردىنلا كۈلۈشۈپ:

— خۇددى، خۇددى شۇنداق! — دېيىشتى.

ئاتابېك كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە "تاپالمىدىڭىز، تاپالمىدىڭىز" دېگىنىچە ئۆيدىن چىقتى. كۈمۈش بىلەن ئاپتاپ ئايىمنىڭ كوڭلى بىرخىل بولسىمۇ، بۇ كەشپىتىن كېيىن زەينەپ بىلەن ماھىرە ئايىم خېلى يېنىكلەشتى. بۇ شاۋقۇندىن كېيىن

مېھمانلارغا قويۇق - سۇيۇق بېرىلىدى.

## 11

## كۈمۈشنىڭ سوز ئويۇنى

شامغا يېقىن مېھمانلار تارقىلىشتى. مېھمانخانىدا ھاجى، مىرزاكەرىم قۇتىدار، ھەسەن ئەلى ۋە ئاتابېك قالغان ئىدى.

ئىچكىرىدە ئوزبېك ئايىم مېھمانلارنى ئۈزىتىپ بولۇپ كۈمۈش بىلەن ئانىسىدىن ئوچ ئالاتتى.

— مەن سىلەردىن ناھايىتى خاپا بولغان ئىدىم. سىلەرنى ئەسكى لاتىغا تۈگۈپ، تەكچىگە تاشلاش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدىم. ناھاتكى ئۈچ يىلدىن بېرى بېرەر قېتىم ئوزەڭلار بىلىپلا كەلمىسەڭلار. ئوغلۇم بىچارە ئاي ئوتمەستىن بوزچىنىڭ موكىسىدەك قاتناپ تۇردى... زادى مېنىڭمۇ ئوزەمگە يارىشا ئابرويۇم بار، تاشكەنتتە كىمسەن، يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ بالا - ۋاقىسىمەن، خۇدايارخانمۇ بىر كۈن كېچىسى كېلىپ بىزگە مېھمان بولغان ... قۇشبېگىنىڭ ئوي ئىچلىرى بولسا بىر ئىشنى مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز قىلىشمايدۇ ... شۇنداق ئابروي كورگەن بىر كىشى، كېلىپ - كېلىپ ئوز قۇدىسىدىن ۋە كېلىنىدىن بۇنچىلىك ئابرويسىزلىق كورسە، شەھەردىكى چوڭدىن - كىچىگى ئەتىگەندىن - كەچكىچە قۇلاق مىڭەمنى يەيدىكەن، ھاي، مەرغىلانلىق كېلىنىڭىز كەلدىمۇ، نىمىشقا شۇنداق كېلىنىڭىز بولۇپ تۇرۇپ، مەرغىلانغا تاشلاپ قويىسىز؟ — مەن بولسام ھېچ سوز تاپالمىغىنىمدىن كېيىن دەيمەن: — كېلىنىمنىڭ ئانىسى كېسەلمىش ... بەزى ۋاقىتلاردا: — كېلىنىم بىچارە مۇڭلۇق ... دەيمەن. ئەمدى كورسەم مىلتىقنىڭ ئوقىدەك، قىزىل

گۇلنىڭ توقىدەك كېلىنىم بار ئىكەن ... مەن بۇ ئەدەپسىز گەپەنە ئۆزەم ئولتۇرغان ئۆيۈمنى بوشىتىپ بېرىپتىمەن ـ ھە! دەيتتى.

ئۆزبېك ئايىمنىڭ دىلىغۇللۇقىدىن ئاپتاپ ئايىم ۋە كۈمۈش ئۆ-نىڭغا ناھايىتى ئۆزلىنىشۋالغان، ئۇنىڭ سوزىگە گايىدا كۈلۈپ، گايىدا ئۆزرە ئېيتىشاتتى. ھازىر ئۆيدە ئاتابېك بولىشىغىنى ئۇ-چۇنمۇ، نىمىدىن بولمىسۇن ھەر ھالدا زەيناپ ئۆز ئۆيىدىن چىقا-ماي يېتىۋالغان ئىدى ۋە مېھمانلارنى ئۆزبېك ئايىمنىڭ تەنىھا ئۆزىگە تاشلىغان ئىدى.

تەكچىدىكى شاملار يېقىلىپ، ۋاقىت خۇپتەنگە يېقىنلىشىپ قال-غاندىن كېيىن، ئۆيگە ئاتابېك كىردى. ئۇ كىرگەندىن كېيىن ئاپتاپ ئايىم بىلەن ئۆزبېك ئايىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشنى ئەپ كورمىدى ـ دە، مۇگدىشىش ئۈچۈن باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قولىغا سىر چەينەك چاي كوتەرگىنى ھالدا زەيناپ كىردى ۋە ئاتابېك-تىن چاي ئىچىش ـ ئىچمەسلىگىنى سورىدى. ئاتابېك ئىچمەيمەن، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى، كۈمۈش ئارىغا چۈشتى.

— مەن ئىچمەن، ئۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇڭ!

زەيناپ ئانچە قىستاتمىدى، ئولتۇرۇپ كۈمۈشكە چاي قۇيۇپ بېرىشكە باشلىدى.

كۈمۈش ئۇنى سوزگە سېلىپ سورىدى:

— مېنىڭ بالا ـ قازادەك يېتىپ كەلگىنىم ئۈچۈن خاپا بولمىغاندۇرسىز؟

زەيناپ ئاتابېككە قاراپ قويۇپ:

— نىمىشقا خاپا بولاي! — دىدى، — سىز كەلمىگىنىڭىز-دىمۇ ئۆزى باراتتى ...

— بارمايتتى! — دىدى كۈمۈش، — مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى ...

ئاتابېك كۈمۈشكە يەر ئاستىدىن كۈلۈپ قارىدى، كۈمۈشمۇ كۈلۈپ جاۋاپ بەردى.

— شۇ كىشى بىراۋ بىلەن ئۇرۇشارمۇ؟ — دېدى زەينەپ، — ئىككى يىلدىن بېرى ماڭا بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغىنىنى بىلمەيمەن ...

— راست ئېيتىسىز، — دېدى كۈمۈش، — بۇ كىشى ئەمەس مەن ئۇرۇشقان ئىدىم ... بۇ كىشىدە زادى گۇنا يوق ۋە قىيىدىشىشىمىزغا بىر توڭگۇز سەۋەپچى بولغان ئىدى!

— قانداق بالا ئىكەن ئۇ؟ — دېدى زەينەپ.

— بىزنىڭ شەھىرىمىزنىڭ ئەڭ ئەسكىسى! — دېدى كۈمۈش ۋە ئاتابېكتىن سورىدى، — سىز ئاڭلىدىڭىزمۇ، يېقىندا شۇنى بىر بېك ئۆلتۈرۈپتۇ؟

ئاتابېك كۈلۈمسىرىدى:

— ئاڭلىدىم ...

— شۇنى ئاڭلىغىنىمدىن بېرى، بېكنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ كېلىمەن ...

زەينەپ سورىدى:

— سىزلەردە قانداق دۈشمەنلىكى بار ئىكەن؟

ئاتابېك "ئەمدى نىمە دەيسەن" دېگەندەك قىلىپ كۈمۈشكە قارىدى. كۈمۈش بولسا پەرۋاسىز جاۋاپ بەردى:

— ئاشۇ توڭگۇز ئۆيلەنمەكچى بولۇپ مېنىڭ بىر دوستۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپ يۈرەتتى ... مەن بولسام دوستۇمنى ئۇنىڭغا تېگىشتىن ئاينىتقان ئىدىم. ئاينىتقىنىم ھېلىقى توڭگۇزنىڭ قۇلىغىغا يېتىپ مېنى بۇ كىشىگە چېقىپتۇ. بۇ كىشى بولسا نىمىشقا بىراۋنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىسەن، دەپ مېنىڭدىن خاپا بولدى ...

"بۇ كىشى" كۈمۈشنىڭ يالغان ئويدۇرۇشىدىن كۈلدى، زەينەپ بولسا ئىبرىنى ئاقلاپ چۈشتى:

— ئەيىپ سىزدە ئىكەن! — دېدى، — سىزمۇ نىمىشقا بىراۋنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىسىز؟

— ئەيىپ مېنىڭدىلىغىمۇ — مېنىڭدە! — دېدى كۈمۈش ۋە ئاتابېككە قارىدى، — ھەقىقەتكە قارىغاندا، ئەيىپ بىزنىڭ ئا-

رىمىزغا تىكەن بولۇپ چۈشكەن چوڭنامنىڭ قىزى زەينەپتە، شۇن-
داق ئەمەسمۇ؟ — دېپ سورىدى.

ئاتابېك چاچراپ كۈمۈشكە قارىدى:

— بۇ ئارىغا زەينەپنى كەلتۈرۈپ نېمىگە قىستۇرىسىز ئەمدى؟

كۈمۈش كۈلدى ۋە كونا ھالىنى بۇزمىدى:

— سىز ھودۇقماڭ بېك، — دېدى، — شۇ كۈنلەردە چوڭنامنىڭكىگە بارغان ئىدىم، چوڭنام قىزى زەينەپتىن شىكايەت قىلىپ، ھەممە گەپنى ھامىد چوشقىنىڭ قۇلىغىغا يەتكۈزىدىغان ئۆز قىزى زەينەپ گۇمبەز ئىكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى، بىلدىڭىزمۇ؟

ئاتابېك قاقاقلاشتىن ئاران - ئارانلا ئۆزىنى تۇتۇپ قالدى:

— نېمە بولسىمۇ ئەيىپ سىزدە، نېمىشقا ئۆزىڭىز باشتا بۇ ئىشقا ئارىلاشتىڭىز، ئەمدى؟ — دېدى.

زەينەپ:

— ئۆزىڭىز بىكار ئارىلىشىپسىز - دە! — دەپ قويدى.

كۈمۈش جىددى تۇس ئالدى:

— سىز ئېيتقاندەك زەينەپ گۇمبەزدىمۇ ئەيىپ يوق، ماڭا قالسا ھەممە گۇنا بېك ئاتام بىلەن خان ئايىمدا! — دېدى، — ئۇلار ئارزۇ - ھەۋەسلىك جايىنى ئىزلىمەستىن قىزىنى بىر كىشىگە بېرىپ قويغان ئىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا ئەلۋەتتە، بۇ قىيىنچىلىقلار يوق ئىدى ... ئىككى يىلدىن بېرى نەچچە بېچارىنى تىنىماي قاتنى-تىپ ئاۋارە قىلسا، ھە! تاشكەنت يېزىسى بىلەن مەرغىلاننىڭ ئارىسى ئاز يولمۇ؟

ئاتابېك قاقاقلىۋەتتى:

— ھامان ئەيىپنى ئۆز بويىڭىزغا ئالمايسىز، ئەستاغپىرۇللا...

زەينەپ كۈمۈشتىن:

— بېك ئاتىڭىز بىلەن خان ئايىمىڭىز كىم؟

— ھىلىقى مەن ئېيتقان دوستۇمنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ... ئارزۇ-ھەۋەس ئىزلەپ بېچارە قىزنى قېرىتىپ قويدى!

— نىمىشقا سىز تەييار كۈيۈغۇلدىن دوستىڭىزنى ئايىنتتىڭىز؟

— دولىتى بولسىمۇ ئۆزى ئىرىك تاپ ئىدى ... كىشى دۆلەت ئۈچۈن ئەرگە تەككەندىن يەرگە تەگسۇن ...

— ئەلۋەتتە! — دىدى زەينەپ.

ئاتابېك كۈمۈشنىڭ سوز ئويۇنىغا ئەجەپلىنەتتى ۋە ھەي شەيتان دىگەندەك ئۇنىڭغا قارايتتى.

كۈمۈش يەنە ئىنجىمىدى:

— بىزنىڭ ئۇرۇشۇپ قىلىشىمىز ئۈچۈن كەربىم ساندۇقچىنىڭمۇ دەخلى بار! — دىدى.

ئاتابېك ئاتايىن سورىدى:

— قانداق دەخلى بولسۇن. سىزگە قويۇۋەتسە، پۈتۈن شەھەرمۇ دەخللىك ئىكەن - دە؟

— ئالدىرىماڭ، جېنىم! — دىدى كۈمۈش، — نىمىشقا ئويلىماستىن ئىشىگە باش تىقىپ كەلگەن بىر يىگىتنى قوغلىۋەتتى؟

— ئەستاغپىرۇللا، ئۇنىڭ قوغلىنىشىغىمۇ ھامىد سەۋەپچى بولغان، ھامىدنىڭ يامانلىقىغا بولسا سىز سەۋەپچى بولدىڭىز ...

زەينەپ ئىمىشىدۇ سورىماقچى بولغان ئىدى، كۈمۈش ئۇنىڭغا يول بەرمىدى:

— ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، — دىدى، — ھەممىسى خۇدانىڭ تەقدىرى!

ئاتابېك:

— مانا ئەمدى توغرا ئېيتتىڭىز!

كۈمۈش:

— ئىككى ئوتتۇردا قۇيرۇق ئىزلەپ قۇلاقتىنمۇ ئايرىلغان پوچۇق ئايىمنىڭ ھالىمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى!

ئاتابېك كۈلدى. زەينەپ كېيىنكى سوزلەرگە چۈشىنەلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈمۈشتىن ئىزاھلارنى ئالماقچى ئىدى. كۈمۈش ئۇنىڭغا ئىزاھلارنى ئۆيۈشتۇرۇشنى خالىمىغانلىقتىن سوزنى چەت-

گە چاڭقىتىۋەتتى:
— نەچچە ياشقا كىردىڭىز، زەينەپ ئاچا؟
— ئون توققۇزغا ئەتىمالىم.
— تېخى سىز بالا ئىكەنسىز، — دېدى كۇمۇش.
— سىز نەچچىگە كىردىڭىز؟
— مېنى سورىماڭ، مەن ئەمدى قېرىپ قالدىم ...
زەينەپ ئۇنىڭغا ھەسەتلىنىپ قارىدى ۋە كۇچىنىپ ئېيتتى:
— تېخى ياشقا ئوخشايسىز - غۇ.
— نەچچە ياشقا كىرگەن دەپ ئويلايسىز؟
زەينەپ كۇمۇشنىڭ تولۇپ يەتمىگەن گەۋدىسىگە ۋە ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى غۇبار تەگمىگەن ھوسنىگە ھەيران بولۇپ، مۇلاھىزىسىنى ئېيتىشتىن قورقتى. زەينەپكە قويسا ئېھتىمال كۇمۇش ئۆزىدىنمۇ ياش كورۇنەتتى.
— مەن نەدىن بىلەي ...
— يىگىرمىگە كىردىم.
— مېنىڭدىن بىر ياش چوڭ ئىكەنسىز.
— سىزدىن ئەلۋەتتە چوڭمەن! — دېدى، كۇمۇش.
كۇمۇشنىڭ "ئەلۋەتتە چوڭمەن" دېگەن سوزىنى ئاتابېك ئىچىدە تەستىقلىدى، ئۇنىڭ ھوسۇنىدىلا ئەمەس ئەقلىدە ۋە باشقىدا زەينەپتىن نەچچە ھەسسە يۇقۇرىدا ئىكەنلىگىنى ئويلىدى. ئارىغا بىرنەچچە دەقىقىلىق سوزسىزلىك كىردى. ئاتابېك يەر ئاستىدىن كۇمۇشكە نەزەر تاشلايتتى، زەينەپ گىلەمنىڭ پۇپۇگىنى يوگىدىپ نىمىنىڭدۇر خىيالىنى سۇرەتتى، كۇمۇش بولسا ھېچكىمگىمۇ قارىماستىن ئۇگدىگەندەك ئولتۇراتتى. كۇمۇشنى بۇ ھالدا كورۇپ ئاتابېكنىڭ يۇرىگى ئېچىندى ...
— يولدا ھارغان كورۇنىسىز، كۇمۇش!
زەينەپ گىلەمدىن كوزىنى ئالدى، كۇمۇش ئۇگدەشتىن چوچۇدى.

— بەلكىم ...

— بىز كېتەيلى، سىز تىنجىپ ئۇخلاڭ! — دېدى ئاتابېك.

— مەيلى ... خۇپتەننىمۇ ئوقۇيالمايدىغان ئوخشايمەن.

— زەررى يوق! — دېدى، — يالغۇز قورقمامسىز ... يېنىڭىزدا زەينەپ ياتسۇنمۇ؟

— زەينەپ سىز بىلەن ياتسۇن ... مەن يالغۇزلۇققا ئۆگەنگەنمەن ...

— بولمىسا ئانىڭىزنى چاقىرىپ بېرەيلى.

— رەھمەت.

— يالغۇز يېتىپ قالغىنىڭىزنى بولۇپمۇ ئانام ئاڭلىسا ...

— سىز بىلەن زەينەپنىسا يالغۇز يېتىپ قالغىنىمنى ئېيتمىساڭلار ھېچكىم بىلمەيدۇ ... جاي شۇمۇ؟

زەينەپ نىمىشقىدۇر بەكمۇ خوشال بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كۈمۈشنى ئورۇن سېلىشقا قويماي ئۆزى پەر چۇشەكنى ئېلىپ يەرگە سالدى. كۈمۈش ئۆگدىگەن بويىچە زەينەپكە تەشەككۇر ئېيتىپ تۇرۇپ بۇلۇڭغا ئولتۇرۇۋالدى. ئاتابېك بېرىكى بۇلۇڭدىن تۇرۇپ ئۇزۇنغىنا قولى بىلەن دوق قىلاتتى ۋە كۈلۈمسىرەپ ھومۇياتتى. كۈمۈش ئۆگدىگەن بويىچە، سوزۇلغىنىچە ھىجىيىپ جاۋاپ بېرەتتى ...

ئورۇننى سېلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، زەينەپ قانائەتلىنىپ ئۆيدىن چىقماقچى بولغان ئىدى، ئۇنى كۈمۈش توختاتتى:

— زەينەپنىسا، — دېدى، زەينەپ قارىدى، — بۇ كىشىنى تاشقىرىغا چىقىپ يېتىشقا قويماڭ، ماقۇلمۇ؟

— نىمىشقا؟

— نىمىشقا دېگەندە، دادامنىڭ كۆڭلىگە گەپ كېلىدۇ.

— ماقۇل! — دېدى زەينەپ ۋە ئاڭلىدىڭمۇ دېگەندەك قىلىپ ئېرىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كۈمۈش ئاتابېككە قاتتىق قىلىپ ئېيتتى:

— قېنى سىزمۇ ئۆيىڭىزگە! ...

زەينەپ ناھايىتى ئىشەنگەن ھالدا ئۆيگە بېرىپ يەتتى.
— راست ئېيتىۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتامسىز؟
ئاتابېك ئۆزىنى غەپلەتكە سېلىپ كۈمۈشنىڭ يېنىغا باردى:
— سىز ...
— مەن؟
— سىز قۇۋسىز ...
— مەن قۇۋ ئەمەسمەن! — دېدى كۈلۈپ كۈمۈش، — مەن تېخى ئۇرۇشقان ھالدىمەن، ياراشقىنىم يوق!
— بايا نېمىلەرنى دېدىڭىز، سىر ئېچىلامدىكىن، دەپ جېنىم بوغۇزۇمغا كەلدى.
— نېمىشقا سىر ئېچىلىسۇن؟ — دېدى. مەن سىز بىلەن ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ئۆزى ئە-تەيلەپ كىرىپ كەلدى. مەنمۇ سۆزۈمنى توختاتماي قەستەن باشقا يولدا ئېيتىپ چىقتىم. نېمە، بىر نەرسىنى بايقىدىمۇ؟
— بايقىمىدىغۇ ... شۇنداق بولسىمۇ مەن ناھايىتى قورقتۇم.
— تېخى شۇ يۈرىكىڭىز بىلەن ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈردىڭىزمۇ، مەن ئىشەنمەيمەن! — دېدى كۈمۈش ۋە ئاتابېكنىڭ خەنجەر تەككەن قولىنىڭ سىزىقىغا كۆزى چۈشتى، — پىچاق يامان كې-سىپتۇ ... قۇشقاچ ئۆلتۈردىڭىزمۇ؟ قېنى چىقىڭ، مەن ياتىمەن،
— يېتىۋېرىڭ.
— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يېشىنەيمۇ؟
— ئۇيالسىڭىز مەن يۈزۈمنى ئۆرۈپ تۇراي! — دېدى ۋە يۈزىنى چەتكە بۇرىدى.
— قارىماڭ بولمىسا! — دېدى كۈمۈش يېشىنىۋېتىپ، "بول-غىنى يوق، بولغىنى يوق!" دېگەن سۆزنى بەش - ئالتە قېتىم تەكرارلىدى ۋە ئورنىغا كىرىۋالغاندىن كېيىنمۇ "بولغىنى يوق بولغىنى يوق!" دەپ كۈلدى.
— ئاتابېك ئاخىرى "بولغىنى يوق" تىن زېرىكىپ قارىدى.
— ئالدامچى!

— بۇ ئالداشلار - ئالداش ئەمەس. سىز تېخى قاراپ تۇرۇڭ قاچقاق!

— راستىنلا يالغۇز قورقماسىز!

— نىمشقا قورقاي، ئىككى يىل يالغۇز يېتىپ، ئەمدى ناھايىتى ئۈگەندىم ... ئېھتىمال سىز يالغۇزلۇقتىن قورقارسىز!

— دارىتمىگىز ...

— بۇ دارىتما ئەمەس، توغرا سوزۇم، — دىدى كۇمۇش، — مەن بۇ ھالدا يالغۇزمۇ ئەمەسمەن ...

— بۇ نىمە دىگەن سوزىڭىز يەنە؟

— يەنە ھەمرايىم بار، دىگىنىم، مىنىڭدىن قورقماڭ دىگىنىم ...

ئاتابېك يەنە چۈشەنمىدى:

— ھەمرايىڭىز ...

— ھەمرايىممۇ؟ — دىدى كۇمۇش، — ھەمرايىم بىراۋنىڭ خىيالى، بىراۋنىڭ پىكرى. بەس بۇنىڭدىنمۇ ياخشى يولداش بارمۇ؟ بەزى ۋاقىتلاردا بۇ يولداش ئۈيقۇدىنمۇ شىرىن.

ئاتابېك "ھەمرا" غا چۈشەندى ۋە يېتىپ كۇمۇشنىڭ يۈزىدىن سۈيدى:

— لېكىن مەن بۇ سوزىڭىزگە ئىشەنمەيمەن.

— نىمشقا ئىشەنمەيسىز؟

— نىمشقا دىسىڭىز، سىز ئاۋۇ ... كېچىسى ھەمراسىز ... ئىدىڭىز ... پىش - پىش ئۇخلايتتىڭىز ...

كۇمۇش ئاتابېكنىڭ يەلكىسىگە قولىنى تاشلىدى:

— شۇ ۋاقىتلاردا ھەمراسىز ئۇخلىغىنىم راست، — دىدى، — چۈنكى بىراۋلاردىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىم كېسىلگەن، ھەمرايىم ماڭا ھەمىشە ئۈمىتسىزلىكنىلا بېرەتتى، دەھشەتمىنىلا ئارتتۇراتتى. ئەمما شۇ كۈنلەردە ئۈيقۇ ماڭا ناھايىتى شىرىن بىر نەرسە بولۇپ قالغان، مەن ئۈيقۇدىلا بىراۋلارنى كورىمەن ۋە كۈندۈزلىرىمۇ ئۈيقۇ ئىزلەيمەن. ئەمدى بولسا يەنە يولىدىشىم خىيال... يەنە نىمە دەيسىز؟

— ھېچنىمە دېمەيمەن... لېكىن سىز ئىككى يىل بۇرۇنقى كۈمۈش ئەمەسسىز.

كۈمۈش يوتقانغا پۈركۈنۈۋالدى:

— چىقىڭ... ئۇيقۇم كەلدى.

ئاتابېك ئاۋائىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يىراقلاشقاندىن كېيىن كۈمۈش ئاستاغىنا يۈزىدىن كورپىنى ئالدى ۋە ئۆگدەك كوزلىرى بىلەن ئاتابېككە كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئاتابېك ھويلىدىكى ئايىاق تاۋۇشىنى ئاڭلاپ تەكچىدىكى شامدىن ئۈچىنى ئوچەرگەن ئىدى، دەرىزىدىن زەينەپ كورۈندى: "ئېخچە شۇ يەردە ئىكەنسىز، مەن سىزنى تاشقىرىغا چىققاندۇرسىز، دەپ ئويلاپتىمەن..." دېدى. ئاتابېك جاۋاپ بەرمەي قالغان شاملارنى ئوچۈردى. زەينەپنىڭ "ئېخچە شۇ يەردە..." سوزى بىلەن كۈمۈشنىڭ كوزى ئۇيقۇدىن ئېچىلىپ كەتتى... ئاتابېك ئىشىكنى يېپىپ چىقتى.

## 12

## كۈندەش — كۈندەشتۇر

كۈمۈش قېيىناتىسى بىلەن قېيىنانىسىغا ئۈچ - تۆت كۈننىڭ ئىچىدىلا ئوزىنى كورسىتىپ قويدى، شىرىن ۋە ئەقىللىق مۇئامىلىرى بىلەن ئۇلارنى ئوزىگە مەپتۇن قىلدى. يۇسۇپبېك ھاجى — "بۇ، ئادەم پەرزەنتى ئەمەس — پەرىشتە!" دەيتتى. ئارىدا زەينەپ بولمىسا "پەرىشتە" دەپ ئاتاشقىمۇ تەييار ئىدى. ئوزبېك ئايىم بولسا كونا باتنا ۋە ئاداۋەتلەرنى قايتىپ كەلمەس دۇنياسىغا تاشلىدى. ئەتراپتىن مەرغىلانلىق كېلىننى كورۈش ئۈچۈن كەلگەن خوتۇنلارغا مۇئامىلىنى يەنىمۇ يۇقۇرىراقتىن تۇرۇپ قىلىشقا باشلىدى. ھەر بىر — "راسا كېلىنىڭىز بار ئىكەنە؟" دەپ كۈمۈشكە زوقلانغان خوتۇنلارغا، "مېنىڭ ھەقىقى كېلىنىم مەرغى-

لاندا ئىدى ـ دە!» دەيتتى. گايىدا ئۆزبېك ئايىمنىڭ ئۆزىمۇ كۆمۈشنىڭ
ھوسنىگە ۋە مۇئامىلىسىگە ئەجەپلىنىشكە باشلايتتى، ھاجىنى ئا-
ۋالراق ئۇچرىتىپ قالسا، «ئەلھەزەر، ئوغلىڭىزدىن ـــ ئۆيلەنگەن
خوتۇنىنى قاراڭ!» دەپ قويۇاتتى، ھاجى بولسا، «ئۆزەڭ بىلگەن
سىھىرچى ھىندى سېنىڭمۇ بېشىڭنى ئايلاندۇرۇپتۇ...» دەپ كۈ-
لۈمسىرىگەندە ئۆزبېك ئايىم «راست، بۇ كېلىننىڭ ھوسنىدىنمۇ
باشقا يەنە بىر ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بارغا ئوخشايدۇ!» دەپ
كۈلەتتى. كۈمۈش ئۆزىنى كورگىلى كەلگەن خوتۇنلاردىن كوپ-
رەك ئالقىش ئالسا (ئەلۋەتتە ئاشكارا ئەمەس)، خوتۇنلارنىڭ
كېتىشى بىلەنلا دەررۇ ئۆزبېك ئايىم ئايىداقىقا ئىسرىق تۇت-
قۇزۇپ ئاۋال كۈمۈشكە، ئۇنىڭدىن كېيىن كوڭلى قالمىسۇن، دەپ
زەينەپكە سالدۇراتتى، ئەگەر ئاتابېك كورۇنۇپ قالسا ئۇنىمۇ
قۇرۇق قالدۇرمايتتى.

ئىگىسىنى ھورمەتلىگەن ئىتتىغا سوڭەك تاشلار، دىگەندەك قىز-
لىرى توپەيلى قۇتىدار ۋە ئاپتاپ ئايىملار ناھايىتى ياخشى
ئىززەت كورەتتى. قۇتىدار كەلگەندىن بىرى بىر سائەتمۇ ئويدە
بىكار قالماي، ھەر كۈنى يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ مۇخلىسلىرىدىن
بىرىنىڭ ئويىدە مېھمان ۋە ھاجىنىڭ سوھبىتىدىن مەمنۇن ئىدى.
ئاپتاپ ئايىمنى بولسا ئۆزبېك ئايىم ئولتۇرغۇزۇشقا جاي تاپال-
مايتتى، قۇدا سوزى ئورنىغا سىڭلىم، دەپ خىتاپ قىلاتتى، ئاش-
نىمۇ ئۇنىڭ رايىغا قارىماستىن بۇيرۇمايتتى.

كەلگىنىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنىگىچە شەھەرنىڭ بەگ ـ خان-
زادە خوتۇنلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئوتكۇزدى، يەنى ئاپتاپ ئايىم
تاشكەنتنىڭ يۇزبېشى ئايىمىدىن تارتىپ، پانسادبېشى، قۇر-
بېشى تا ئوردا ئايىملىرىغىچە تونۇشۇپ ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ
ھەر بىرىدىن كۈتۈلمىگەن دەرىجىدە ئىززەت ـ ھورمەت كوردى.
بۇ ئايىملارنىڭ ھەر بىرىدىن «بىزنىڭكىگە ئەلۋەتتە مېھمان
بولماستىن كەتمەيسىز، ئىنگىچە» دىگەن تەكلىپلەرمۇ ھېساپسىز
ئىدى. ئۆزبېك ئايىمنىڭ لازىم تاپقىنى بويىچە، بۇ تەكلىپلەردىن

پەقەت ئۈنىچىسى ئىجاۋەت قىلىنىدىغان بولۇپ بىرىنچى مەرتىۋە نارمۇھەممەت قۇشبېگىنىڭ خوتۇنى سارەبېك ئايىمنىڭكىگە، يەنى ئوردىغا بېرىلماقچى بولدى.

ئون ئالتىنچى كۈنى مېھمان ئايغىنى بېسىلغاندىن كېيىن، ئۈزبېك ئايىم سارەبېك ئايىمغا ئۆزلىرىنىڭ بېرىشىدىن خەۋەر ئەۋەتتى ۋە ھەسەن ئەلگە ھارۋىنى قوشۇشقا بۇيرۇدى. ئوردا ئايىملىرىنىڭ تۇرمۇشلىرىنى كورمىگىنى ئۈچۈن كۆمۈشنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بارغۇسى كەلدى ۋە ئەتىگەندە چاي ئۈستىدە زەينەپنى تىلغا ئېلىپ: ”زەينىۋىڭىزمۇ بارامدۇ“ دەپ سورىغىنىدا ئۈزبېك ئايىم: ”زەينەپ بىر قېتىم بولسىمۇ بارغان“ دەپ جاۋاپ بەردى.

— مەنچۇ؟

— سەنمۇ بارمايسەن.

كۆمۈشنىڭ مەيۈسلىنىپ قىلغان سۆكۈتىدىن كېيىن، ئۈزبېك ئايىم بۇنداق ئىزاھ بېرىپ چىقتى:

— سەن تاشكەنتتىكى يۈسۈپبېك ھاجىنىڭ كېلىنى بولىسەن. بالام! چىللىمىغان جايىغا بېرىش ئۈچۈن سېنىڭ كەشىڭ كوچىدا قالغان ئەمەس! — دىدى.

ئاتابېك قاياققىدۇر بىر ياققا ئات مىنىپ كەتكەن ئىدى. يۈسۈپبېك ھاجى بىلەن قۇتىدار سالىھبېك ئاخۇنىنىڭ كوكەلداش ھوجرىسىغا مېھمان بولۇپ كېتىشكەن. پەقەت بۇگۈن ئويدە قالىدىغانلار — كۆمۈش، زەينەپ ۋە ئايباداق ئىدى.

ئۈزبېك ئايىم يولەككىچە ئۇزىتىپ چىققان كۆمۈش بىلەن زەينەپكە قاراپ ھارۋا يېنىدىن كۈلدى:

— ئىككى كۈندەش ئوينى خالى، دەپ يەنە چاچ يۇلۇشماڭلار! ئايباداق، سەن كۈندەشلەردىن خەۋەرسىز قالما!

ئاپتاپ ئايىم ھارۋىغا چۈشۈۋېتىپ:

— خۇدا ساقلىسۇن، ئاچا! شۈكرى! ئىككىلىسىنىڭمۇ ئەقلى-ھوشى بېشىدا، — دىدى.

— بولار كۈندەش ئەمەس، ئىگىچە-سىڭىلغۇ، — دېدى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ھەسەن ئەلى.

— مېنى تاشلاپ كەتكىنىڭىزنىڭ ئەلىمىنى زەينەپتىن ئالمىسام كىمدىن ئالىمەن، — دېدى كۈلۈپ كۈمۈش ۋە دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى ئويناۋېتىپ، — ھە، يولۇشمىزمۇ، — دەپ زەينەپتىن سورىدى.

زەينەپ جاۋاپ بەرمىدى.

ئۆزبېك ئايىم ئايباداقا بەزى تەلىماتلارنى بەرگەندىن كېيىن كېلىنلىرىگە:

— چۈشتە ئىسسىقسىز قالماڭلار! — دېدى، ھارۋا قوزغالدى.

زەينەپ ئىلگىرىرەك، كۈمۈش كېيىنرەك ئىچكىرىگە قايتىپ كىردى. كۈمۈش كۈندىشىنىڭ گەپ-سوز قىلماستىن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنى ئۈچۈن بىر ئاز ئويلىنىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى، كېيىن بۇمۇ ئۆز ئۆيىگە بۇرۇلدى.

ئۇ كۈندىن-كۈنگە زەينەپنىڭ سۈسىيىپ، ئۆزىگە بىگانىلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى ياخشى چۈشىنەتتى. بۈگۈن بولسا ئوينىشىپ ئېيتقان سوزى جاۋاپسىز قالدۇرۇلۇپ، بۇ ھال يەنە ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇردى. كوڭلىدە بىر خىرىلىك بىلەن بېرىپ دەرىزە يېنىغا ئولتۇردى. زەينەپنىڭ ھەستىنى قوزغاتماسلىق ئۈچۈن ئاتابېك بىلەن قىلغان مۇئامىلىلىرىدىكى ئېھتىياتلىرى زەررىچە پايدا بەرمىگىنىگە ھەيران بولۇپ، ئەمدى قايسى يوسۇندا مۇرەسسەنى سازلاش يوللىرىنى ئويلايتتى، ئون بەش كۈن ئىچىدىلا بۇنچىلىك كەسكىنلەشكەن زەينەپنىڭ ئىچكى ئاداۋىتىنىڭ بىر ئايدا قايسى دەرىجىلەرگە بېرىپ يېتىشىنى ئويلايتتى ۋە مۇرەسسە بۇ خىلدا كەتكەن تەقدىردە بۇ ئۆيدە ئۇزاق قالالماسلىقىنى پەملەيتتى. لېكىن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىنى، بىر-ئىككى ئايغىچە ئاتابېكنى زەينەپنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويۇشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق كورمەيتتى، يەنى كۈمۈشتىمۇ بىر قىزغانچۇقلۇق ھېسسى ئويغانغان، پىكرى شۇ يەرگە يەتكەندە قايسى كۈنىدۇر ئاتابېكنىڭ

زەينەپكە باشقىچىرەك قىلىپ كۈلۈپ قارىغىنى ۋە زەينەپنىڭ شۇ
ۋاقىتتىكى ئايدەك جازىبىلىك تولۇق يۈزى كۆرۈنگەندەك بول-
دى... بۇ كۆرۈنۈشتىن كېيىن ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە،
تەكچىدىكى ئەينەكنى ئالدى ۋە ئۆزىگە قارىدى...

مەلۇمكى، كىشى ئەينەككە قارىغاندا قانچىلىك ئەيىپسىز
بولسىمۇ، ئۆزىنى بىر كەمچىلىگى بىلەن كۆرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخ-
شاش بۇ قاراشتا كۈمۈشمۇ ئۆز-ئۆزىدىن رازى بولمىدى. چول-
پان كۆزلەر، ئۇسۇك قايرىلما كىرپىكلەر، قۇندۇزدەك قاش ۋە قا-
را خاللار ۋە باشقا گۈزەللىكلەر ئۆزىگە پەسەنت بولمىدى...
ئۆزىنى زەينەپكە قارىغاندا سىقىق، ياش بالا سۈپىتىدە كۆردى...
ئەينەكنى تەكچىگە قويۇپ زەينەپكە ھەقىقەتەن ھەسەتلەنگەن
ھالدا كېلىپ بايىقى ئورنىغا ئولتۇردى. خىيالىغىچە ئويلاپ ئول-
تۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە "ئۇ مېنى ياخشى كۆرسە بولدى-دە،"
دېگەن گەپ كەلدى... ئۆزىنىڭ بۇ ھۆكمىگە رازى بولمىدى.
گويا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈنۈشى بىرنەچچە ئايلىققىلا ئوخشايتتى،
زەينەپنىڭ تولۇن ئايدەك يۈزى بۇ ياخشى كۆرۈلۈشكە شۇ بەش-
ئون كۈننىڭ ئىچىدىلا خاتىمە بېرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ
كۆرۈنۈش ئارىسىدا زەينەپنى يەنە ئۆز كۆزىدىن ياخشىلاپ ئۆت-
كۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭ ھۆسن كۈچىنى سىناشقا قارار بېرىپ ئور-
نىدىن تۇردى...

كۈمۈش كىرگەندە زەينەپ دەرىزە يېنىدا دوپپا تىكىپ
ئولتۇراتتى.

— ئانام ئېيتقاندەك، — دېدى كۈلۈپ كۈمۈش، — سىز
بىلەن يۈلۈشۈشقا كەلدىم!

زەينەپ دوپپىسىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەنمۇ ئالدىڭىزغا چىقايمىكىن، دەپ تۇرغان ئىدىم...

كۈمۈش ئىستىھزا بىلەن كۈلدى:

— دوپپا تىكىپ ئولتۇرۇپسىزغۇ، مېنىڭ ئالدىمغا چىقاتتىڭىز-
مۇ تېخى، بارىكاللا سىزگە! — دېدى، زەينەپ بىر سەۋەپ كور-

سىتەلمەي ئوڭايسىز ھالدا قالدى. ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئوچۇقتىن-ئوچۇق بالىلارچە كەتكەن ئىدى. كۈمۈش ئۇنى ئوڭايسىز ھالدىن چىقىرىش ئۈچۈن تىكىلگەن دوپپىنى يەردىن ئېلىپ كۆرگەن بولدى:

— چاكىنى ياخشى تىكىدىكەنسىز، كىمگە؟

— بىرسىگە ئاتىغىنىم يوق، بىرسى كىيەردە،... ئولتۇرۇڭ!

ئىككى كۈندەش ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇشتى. كۈمۈش ئۇنىڭغا تىكىلىپ-تىكىلىپ قارايتتى... زەينەپ بايىقى ئوڭايسىزلىقتىن تېخى چىقىپ بولمىغان، قىزارغانچە يەرگە قارىغان ئىدى. بىر-ئىككى مىنۇتنى سۆزسىز ئۆتكۈزۈشتى.

— چىقمىغىنىمنىمۇ كۆڭلىڭىزگە ئېلىپسىز-دە! — دېدى ئاخىرى زەينەپ.

— نېمىشقا كۆڭلۈمگە ئالماي، مەن ياش بالىمەنمۇ! — دېدى، — كەلگىنىمگە ئون بەش كۈن بولمايلا ئۆزىڭىزنى چەتكە تارتىشقا باشلىدىڭىز... مەن سىز بىلەن ئىگىچە-سىڭىل بولارمىز، دەپ ئويلىغان ئىدىم...

— تېخى نېمە بوپسىز... ئەرزىمىگەن گەپنىمۇ كۆڭلىڭىزگە ئېلىۋەرسىڭىز...

— بۇ ئەرزىمىگەن گەپمۇ؟ — دېدى كۈمۈش، — ئۆيدە ھېچكىم يوقلۇغىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى چەتكە تارتىسىز... بۇ بولسا يۈزۈڭنى كۆرۈشكە تاقىتىم يوق دېگىنىڭىز بولىدۇ.

— قويۇڭا... ئۆزىڭىز ھەر بىر نەرسىنىمۇ كۆڭلىڭىزگە ئېلىۋېرىدىكەنسىز... مەن ئۇنداق ئەمەسمەن...

باشلىنىشىدا شۇنداقلا، چاخچاقتا ئوخشاش كۆرۈنگەن بۇ قېيداشلىق كۈتۈلمىگەن جايدا جىددى بىر تۈس ئېلىپ كەتتى. كۈمۈش ئون بەش كۈنلەردىن بېرى يىغىلىپ كەلگەن ئاچچىغىنى بىردىنلا توكۈپ سالدى:

— مەن كۆڭلۈمگە ئالسام ئەرزىيدىغىنىنى بىلىپ ئالىمەن، — دېدى.

— ئالدىڭىزغا چىقمىغىنىم يۈزىڭىزنى كورمەسلىك ئۈچۈن بولغىنىنى سىز نەدىن بىلدىڭىز، مېنىڭ ئىچىمگە كىرىپ چىقمىغاندۇرسىز؟

زەينەپمۇ خېلى قىزىشىپ ئالدى. كۈمۈش ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى:

— بىلىش ئۈچۈن ئىچىڭىزگە كىرىپ چىقىشىم شەرت ئەمەس... بەزى ئىشلىرىڭىز ئىچىڭىزدىكىنى ماڭا ئوچۇق ئېيتىپ بېرىدۇ.

— قايسى ئىشلىرىم؟

— سورىماڭ...

— بىلمىگەن بولسام بىلدۈرۈپ قويۇڭ-دە، ئەمدى!

— ئېيتسام يەنە ئاچچىغىڭىز قىستايدۇ...

— توغرا گەپ بولسا ئاچچىغىم زادىلا قىستىمايدۇ.

يىغىنراقتا ئىش قىلىپ يۈرگەن ئايبادىق ئاڭلىمىسۇن ئۈچۈن ئاستىراق ئاۋازدا:

— قىستىمىسا ئېيتاي، — دېدى كۈمۈش، — ئېرىڭىز مېنىڭ ئالدىمغا كىرسە، نىمىشقا ئىشىڭىز بولسا-بولمىسا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئالىسىز-دە، يالغۇز قالغىنىمدا كىرمەيسىز؟

— شۇنداق دەرسىز، دەپ تۇرغان ئىدىم ئۆزەممۇ، — دېدى زەينەپ، — كىرىشىمنىمۇ كوڭلىڭىزگە ئالغان بولسىڭىز، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن كىرمىگىنىم بولسۇن...

— قېنى، توغرا گەپكە ئاچچىغىڭىزنىڭ قىستىمىغىنى؟

— بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىڭىز بىلەن يالغۇز ئولتۇرغىنىڭىزدا كىرمەيمەن دەۋاتىمەنغۇ!

— ئەگىرلىككە ئالماڭ زەينەپ! — دېدى كۈمۈش، — مەن بۇ گەپنى يېنىمدا ئېرىم بولغاندا كىرمىگىن، دەپ ئېيتىمىدىم. بەلكى بايىقى سوزۇمنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن ئېيتتىم...

بۇ ئورۇندا ئىككىسىمۇ جىم بولدى. ئايبادىق دەرىزىگە كەلگەن ئىدى:

— چۈشلۈك ئاش ۋاقتى بولدىمۇ، نىمە غىزا قىلسامكىن؟

كۈمۈش زەينەپكە قاردى:

— نىمە غىزا بۇيرۇيسىز؟

— سىزدىن سوراۋاتىمدۇ...

— زەينەپنىسا ياخشى كورگەن غىزانى قىلسىڭ! — دىدى كۈمۈش.

— لەغمەن قىلايمۇ؟ — دەپ ئايباداق زەينەپكە قاردى.

— غىزاغا ئىشتىيىم يوق، ئۆزىڭىز بىلگىنىڭىزچە قىلىپ بېرىڭ!

ئايباداق كەتتى. ئۇنىڭ كېتىشى بىلەن زەينەپ "تۇۋا!" دەپ قويدى.

— تۇۋا دىمەڭ، زەينەپ... بۇ گەپلەر بولۇپمۇ سىز بىلەن ماڭا كېلىشمىسمۇ، ئەزبىرايى مېنى يالغۇز تاشلاپ قويغىنىڭىزدىن ئىبىتتىم... مەن سىزنىڭ ئويىڭىزگە پۈتۈن ئومۇرگە كەلگەن ئەمەسمەن... ھىچبولمىسا ئۈچ - توت كۈن قېيىناتا، قېيىنانىلىرىمنى كورۇپ كېتىش ئۈچۈنلا كەلگەنىمەن... شۇنچىلىككە بىر - بىرىمىزدىن چەتلىشىپ، قېيداپ يۈرۈشىمىز كىشىگە ئېغىر كېلىدىكەن.

كۈمۈشنىڭ "ئۈچ - توت كۈنى..." بىلەن زەينەپ يورۇشۇپ كەتكەندەك بولدى:

— ۋاي ئولەي، كۈمۈش ئاچا! — دىدى زەينەپ بوشاشقان ئاھاڭدا، — راستىنلا كوڭلىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ دەيمەن. كوڭلۇمدە تىپىرىقتەك يامانلىق بولسا، ئەتىگە يەتمەي! — "كېتىش" سوزىنى ئاڭلاپ قەسەم ئىچىشكە باشلىغان زەينەپكە كۈمۈش ئىچىدىن كۈلۈپ قويدى ۋە "ئەمدى ئولسەمۇ كەتمەي، سەن قاراپ تۇر!" دەپ ئىچىدە دوق قىلىپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاردا گەپ - سوز توختىغاندەك بولدى. كۈمۈش تىزىنى قۇچاقلاپ نىمىنىڭدۇر خىيالىدا، زەينەپ بولسا ئاستاغىنا ئۇدۇلىدىكى غەيرى رەسىمي دۈشمەنىگە دۈشمەنلەرچە

قارىدى. ئۇزاققىنا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇزىنىڭمۇ سەزدۇرمىگۇدەك قىلىپ ئۇھ تارتتى، يەنە ئۇچ - توت ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى...

— سىز بۇنچىلىك قورقمىسىڭىزمۇ بولاتتى...

كۇمۇش بىرئاز جاۋاپسىز قالدى ۋە سۇرۇلۇپ تامغا يۆلەندى:

— نىمىدىن قورقمىسامۇ بولىدۇ؟

— ئەمدى... يامان كورمىسىڭىزمۇ... دەيمەن - دە...

— مەن كىمنى يامان كورۇپتىمەن؟

— بىلىسىزغۇ، كىمنىلىگىنى...

— ئۇيات، زەينەپ!

— سىزگىمۇ ئۇيات!

يەنە ئىككى كۇندەش ھۇجۇمغا تەييارلانغان خورازلاردەك بىر بىرلىرىنىڭ ئۇستىلىرىگە ھۇرپىيىشتى.

— نىمە ئۇيات! — دەپ سورىدى كۇمۇش.

— مەن ئېرىم بىلەن ئولتۇرغاندا ئۇستۇمگە كىرمە دىيىشىڭىز، ئەلۋەتتە ئۇيات!

— ئاۋال مەن بۇ سوزنى سىزنىڭ ھىلىقى قىلغىنىڭىزغا يارىشا ئېيتتىم. ئەگەر سىز بۇنى راستقا ھىساپلىغان بولسىڭىز مەنمۇ، سىزدىن راستچە سوراي: سىز ئېرىڭىز بىلەن ئولتۇرغاندا مەن ئۇستىڭىزگە كىردىممۇ؟

زەينەپ بۇ سوئالنىڭ جاۋاۋىغا قالغاندا بىرئاز تۇتۇلدى. چۇنكى، ئاتابېك زەينەپنىڭ يېنىدا بولغاندا كۇمۇشنىڭ كىرگىنىنى خاتىرلىيەلمىدى.

— سىز كىرسىڭىز، ئەلۋەتتە كوكرىسىڭىزدىن ئىتتىرمەيتتىم، — دىدى زەينەپ، — ئۇزىڭىز يامان كورگىنىڭىز ئۇچۇن مېنىمۇ ئۇزىڭىزدەك پەملەپ كىرمەيسىز.

— كىشىنى بوغمىسىز زەينەپ! گەپكە تومۇرچى ئىكەنسىز!

— گەپكە تومۇرچىلىقتىن خۇدا ساقلىسۇن، ئاتا - ئانام

تومۇرچى بولۇپ ئۇتمىگەن.

— كىم سىزگە ئاتاڭ تومۇرچى دەۋاتىدۇ؟

— ئاخىرى سۆزىڭىزنىڭ مەنىسى شۇنىڭغا كەلدى - دە!

— توۋا، — دەپ كۈلدى كۈمۈش، — يامان كۆرسەن دەپ بىر ئېيتسىڭىز، ئۆزەڭدەك پەملەيسەن، دەپ يەنە ئۆزۈپ ئۆلايسىز، سەن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ، دەپ يەنە يىغىنە تىقسىز... مانا شۇنى گەپكە تومۇرچى دەپ ئېيتىشىمدۇ!

— راست - دە، سىز قورقمىسىڭىزمۇ...

— سۆزلەۋېرىڭ!

— ئەمدى...

زەينەپ ئۆزىنىڭ خاتاسىنى چۈشەندى ۋە سۆزلىيەلمەي غۇتۇلدىدى. كۈمۈش بولسا بۇنى سېزىپ زەينەپنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئىقرار قىلدۇرۇش كويىغا چۈشتى.

— مەن چۈشەندىم! — دىدى، — سەن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ، ئېرىڭ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، دىمەكچىسىز!

زەينەپ ئىشىنى تۇختىتىپ بوزارغىنىچە كۈمۈشكە قاراپ قالدى... بۇ خاتاسىنى ئوڭلاش ئۈچۈن يادىغا ھېچقانداق گەپ كەلمەيتتى:

— ئاخىرى... ماڭا ئوخشاش سىزنىمۇ ئىشەندۇرۇپ قويغاندۇر...

— سىزنى نىمىگە ئىشەندۇرگەن؟

— ئاخىر... مەن سەنىسىز تۇرالمايمەن، دەپ سىزگىمۇ ئېيتقاندۇر...

— ھېچ!

— سىزگە ئېيتمىغان بولسا... ماڭا يۈز قېتىملاپ ئېيتقان... ئۇ كىشىنى سىزگىمۇ شۇنداق دەيدۇ دەپ ئويلاپتىمەن...

ئۇ ئۆزى زادى ئىشەنمىگەن شۇنچىلىك يالغان گەپلەرنى بايىقى تىترەش ھالىتىدە ئىلھام يوسۇنىدا توقۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئالدىراش سۆزلىرى غەلىبە قازانماقچى بولغان كۈمۈشنى تىترەتتى.

بايىقى ئەينەك يېنىدا تۇغۇلغان شۈبھىسى راستقا چىققاندەك بولدى ۋە مۇھاكىمە خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى. زەينەپ توغرا ئېيتىدۇ، دەپ ئويلىدى، — ئەگەر ئۇنى ياخشى كۆرمىگەندە تاشكەنتكە كېلىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىمۇ؟...

زەينەپ بۇ يالغىنىنىڭ نەتىجىسىدىن قورقۇپ، ئوڭ – تەتۈر ئىشقا يېپىشتى، كۈمۈش ماددى ھاياتىدىن ئايرىلغان جانىۋاردەك بوشاشتى. ئايىداق ئانا تەرىپىدىن ئىككى كۈندەشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چۈشلۈك غىزا بىرنەچچە ۋاقىتقىچە سوۋۇپ تۇردى، زەينەپنىڭ قورقۇپراق "ئېلىڭ، ھەدە!" سىدىن كېيىن، ئىككى تەرەپمۇ لىگەندىن چىمداشقان بولۇشتى – دە، بىردىن كېيىن بىرى قولىنى داستىخاننىڭ چېتىگە ئېرتىشتى...

شۇنىڭدىن بىرەر سائەت كېيىن ئاتابېك كېلىپ زەينەپ تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. ئۈستىدىكى تونىنى يېشىپ زەينەپكە بەرگەندىن كېيىن، قايسى ئۆيگە كىرىش توغرىسىدا ھويلا ئوتتۇرىسىدا بىرئاز تەرەددۇتلىنىپ قالدى. ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن زەينەپنىڭ ئۆيگە كىرىۋېرىش ئۈچۈن كۈمۈشنىڭ مۇلاھىزىسىنى قىلاتتى، كۈمۈشنىڭ ئالدىغا كىرىش ئۈچۈن زەينەپنى ئويلايتتى. كۈمۈش ئۆيدە كۆرۈنمىدى، شۇڭغا يارىشا "ئۇخلىغاندۇر" دەپ ئويلاپ زەينەپ بىلەن كىردى. زەينەپنىڭ ئايىغى ئالتە، قولى يەتتە بولغان ھالدا ئېرىنى توت قەۋەت كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، يېنىغا ئۈچ تال پەر ياستۇقنى دۈۋىلىدى. ئېرىنىڭ مەسىسىنى ئېرتىشقا ياردەملىشىپ، يەلپۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. ئاتابېك ئۇزرە ئېيتىپ بۇنچىلىك مېھرىۋانچىلىق مەنىسىدىن چوچۇپ قويدى، ئاتىتا كەلگەن بولسىمۇ، كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن بىر پىيالە چايغا مۇھتاج ئىدى. چاي سوزى ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا زەينەپ ئوچاق بېشىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كېتىشى بىلەن كۈمۈشنىڭ ئۆيىگە قارىدى. ئىشىك ۋە دەرىزىلەر ئوچۇق بولسىمۇ ئۆيدە بىراۋ كۆرۈنمىدى.

كۈمۈش كەلگەندىن بېرى ئاتابېك كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنىڭ
قىقراق بىر دائىرىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزەتتى. قەدى-
منى ساناپ بېسىش، بىر چوقۇپ سەككىز تەرەپكە قاراشقا ئوخ-
شاش ئېھتىياتلارغا تەلىماتسىزلا ئۆگىنىپ قالغان، ئۆزىنىڭ ئۆس-
تىگە بىر خىل ئوڭايسىزلىغىمۇ يوق ئەمەس ئىدى... ئۆزىنىڭ ئوت-
كەن كۈنلىرى، يەنى كۈمۈشكە مەرغىلاندا قىلغان مۇئامىلە ۋە ئالا-
قىسى زەينەپكە قاراڭغۇ، شۇ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ زەينەپ
بىلەن مۇئامىلىنى ئۆزى خالىغانچە قىلاتتى، بىراق ئەمدى ئاشۇ
ھالەتنى داۋام قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۈمۈشكە كۆلۈپ
قارىسا، زەينەپكىمۇ شۇنداق قىلىشقا، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە
قىلسا، بۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى، بىراق ئۇنىڭ
بىرىنچىسى يۈرەكتىن، ئىككىنچىسى... بىرىنچىسىنى بايان قىلىپ
كورسىتىشنى دەپ نىمە ئۈچۈندۇر بىز شۇ يەرگىچە كوپ قەغەزلەرنى
قارىلاپ كېلىمىز، ئوقۇغۇچىنىمۇ زېرىكتۇرمەي كەينىمىزدىن
ئەگەشتۇرگەندەك بولىمىز، چۈنكى ئاتابېك ۋە كۈمۈش ئىشقى-
لىرىدا سەممىيەت، يەنىمۇ توغرىراقى شېرىيەت بار ئىدى. ئىك-
كىنچى مەسىلە ئۈستىگە ئوتۇپ تەھلىل قىلماقچى بولساق،
ئاتابېكتە مەجبۇرىيەتتىن باشقا ھېچگەپ تاپالمايمىز، تاپقان
بىلەن ئوقۇغۇچىغا قىزىقارلىق بىرەر نەرسە چىقمايدۇ. قەھرىمانى-
مىزنىڭ ھازىرقى "مەجبۇرىيىتى" سەۋەپلىرىنى مۇھتىرەم ئوقۇغۇ-
چىلار ياخشى ھېس قىلىشسىمۇ يەنە بىز بىر دەرىجە ئۆز تەر-
پىمىزدىن ئۇلارنى ساناپ كورسىتىمىز:

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھورمەتلىرى تۇرغان گەپ، مەجبۇرىيەتنىڭ
ئەڭ كۈچلۈگىمۇ ۋە نازۇگىمۇ شۇ ئىدىكى، بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن
زەينەپ بىرىنچى قېتىم يۈرەك دەردىنى — كوز ياشلىرى ئىچى-
دە — ئېچىپ بەردى. ھەممىدىنمۇ مانا شۇ كېيىنكىسى ئاتا-
بېكنى سىقىپ تاشلىغان ئىدى. بۇ دەرت بولۇپمۇ ئاتابېككە
ئۈچ يىلدىن بېرى سىناق، ئۇ بۇ دەرتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈ-
گىنى ئۈچ يىلدىن بېرى تېتىپ كېلەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ

بايىقى ئېغىرلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى...
زەينەپ ئۇنىڭغا ئىككى پىيالە چاينى ئىچكۈزگەندىن
كېيىن سورىدى:
— سىزنى كەچ قايتارسىز، دەپ غىزا قالدۇرمىغان ئىدۇق.
سوغاقراق بولسىمۇ ئازراق ئېلىپ قويغان ئىدىم... يەمسىز؟
ئاتابېكنىڭ قوسقى ئېچىپ كەلگەن ئىدى، "مەيلى بېرىڭ"
دېدى. بايىقى گەپ بىلەن يېيىلمىگەن لەغمەن ئاتابېكنىڭ ئال-
دىغا كەلدى. ئۈستىدىكى قىيمىسى بىلەن لىگەننىڭ بۇزۇلمى-
غىنىنى كۆرۈپ ئاتابېك سورىدى:
— ئۆزەڭلار يېمىدىڭلارمۇ؟
— يېدۇق، كۈمۈش ھەدەممۇ شۇ يەردە ئىدى... لەغمەننى
ئانچىلىك خۇشلىمايدىكەن، ئەتىمالىم. ياخشى يېمىدى... ئۇ
كىشى يېمىگىنىدىن كېيىن مەنمۇ يەپ ئولتۇرۇشقا ئەيمىنىدىم...
— يېمىگەن بولسىڭىز سىزمۇ ئېلىشىڭ! — دېدى بېك.
زەينەپ ئېرىدىن ئەيمەنمەستىن بىللىلەشتى. غىزا ئۈستىدىن
ئاتابېك زەينەپتىن سوراپ، كۈمۈشنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى بىلدى.
غىزادىن كېيىن ئاتابېكمۇ بىر ئاز ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ياتتى.
كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، پەقەت شۇنى كۈتۈپ ئول-
تۇرغان زەينەپ قولىدا يەلپۈگۈچى بىلەن ياستۇق يېنىغا كەل-
دى. ئېرى ناھايىتى ئۇخلاپ كەتكەندىن كېيىن يەلپۈشكە
باشلىدى... يەلپۈۋېتىپ، زەينەپنىڭ كۆزى كۈمۈشنىڭ ئۆيىدە
ئىدى...

زەينەپ ئۆزىنىڭ بۇ تاسادىپى مۇۋەپپەقىيىتىنى كۈندەش
نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالماقچى ۋە ھېلىقى داۋاسىنى يەنىمۇ
ئەمەلدە كۆرسەتمەكچى ئىدى.
زەينەپ بۇ پېتىچە ئېرىنى ئۇزاق يەلپۈدى ۋە نەتىجىدە مەلۇم
كۆرۈنۈشنى ئادەتتىن تاشقىرى بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىچىدە كۈن-
دەش نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى: نىمە ئىش بىلەندۇر ئۆيىدىن چىق-
قان كۈمۈش ئاتابېكنىڭ ياستۇغى يېنىدا قولىدا يەلپۈگۈچ

تۇتقان زەينەپكە كوز قىرىنى تاشلاپ ئۆتتى.
بىرەر سائەتتىن كېيىن ئاتابېك ئويغاندى. زەينەپمۇ كۈندەش يۈرىكىنى ئۇن قىلدىغان تۇگمىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.
ئاتابېك ئويگە كىرگەندە ياستۇق ئۈستىنى تەرتىپسىز چاچ ئورۇملىرى بىلەن چولغىنىپ كۈمۈش ئۇخلاۋاتاتتى. ئاتابېك بىرنەچچە مىنۇت، ئۇنىڭ ئويقۇلۇق ھالىتىگە تىكىلىپ قاراپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا راھەتسىزلىك بەرمەس ئۈچۈن ئاستىلا كەينىگە قايتتى. ئوي ئىشىكىدىن چىقىۋاتقاندا يەنە بىر قاراپ ئالدى... ئەمدى ئويقۇلۇق كوز ئېچىلغان ئىدى.
— ئىچ ئۇخلاۋېرىڭ، مەن كېتىمەن!
كۈمۈش كوز يۇمۇش ئورنىغا ياستۇقتىن بېشىنى ئالدى ۋە يەرگە چۈشكەن رومىلىنى ئوراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كوزى ئويقۇدىن قالغان كىشىلەرنىڭ كوزىدەك قىزارغان ئىدى. ئاتابېك قايتىپ كىردى.
— نېمىشقا قوزغالدىڭىز، ئۇخلاڭ! — دېدى، كۈمۈش جاۋاپ بەرمىدى، قاپىقى سىلىق ئىدى، — كوزىڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇ، ئۇخلىيالمىدىڭىزمۇ؟
— مىجەزىم يوق...
— خۇدا ساقلىسۇن، — دېدى بېك ۋە كۈمۈشنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، — قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟
— بىلمەيمەن، — دېدى، كوزى تەكچىدىكى نەرسىلەردە ئىدى.
ئاتابېك بۇ سەلبى جاۋاپنى چاخچاق پەملەپ كوردى ۋە كۈمۈشنىڭ ماڭلىيىغا قولىنى تەككۈزدى:
— نېمىشقا بىلمەيسىز؟
— قولىڭىزنى ئېلىڭ!
— نېمىشقا ئالاي؟
— مېنىڭدىن ھەزەر قىلىش لازىم...
— سىزدىن ھەزەر قىلمايمەن...

كۇمۇشنىڭ كوزىدە بىر تۇرلۇك مەيۇسلۇك بار ئىدى:
— زەينەپتىنچۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئاتابېك دەررۇلا جاۋاپ بېرەلمەي ھويلا تەرەپكە قاراپ قويدى:
— بۇنى... مېنىڭدىنمۇ سىز ياخشى بىلىسىز!
ئاتابېكنىڭ تۇتۇلۇپ جاۋاپ بېرىشى زەينەپنىڭ بايىقى داۋاسىنى راستقا چىقارغاندەك بولۇپ، كۇمۇش تونىنى ناھايىتىمۇ تەتۇر كىيدى ۋە يۈزىنى چەتكە بۇرىدى:
— سادىدىلىقنى قويۇڭ!
ئاتابېك بۇ ھالغا چۈشىنەلمەيۋاتاتتى، كۇمۇشنىڭ كوزىگە جىق تولغان ياش يەنە ئۇنى ئالدىرىتىپ قويدى. شۇنداق بولسىمۇ كۇلۇمسىرەپ:
— ئۇيقۇدىن سول يېنىڭىز بىلەن تۇرۇپسىز، — دېدى.
— چۈنكى مېنىڭ ئوڭ يېنىم بىلەن تۇرغۇزىدىغان كىشىم يوق...
— ئاداۋەت شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، تېخى؟ — دېدى بېك ۋە كۇلۇۋەتتى.
كۇمۇش كوز يېشىنى ئېرتتى:
— ھە، شۇنىڭ ئۇچۇن.
— شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا ئەرزىمەيدۇ...
كۇمۇش كوتىرىلىپ كەتتى:
— ئىككى يۈزلىمىلىگىڭىز ۋە تىل تېگىدە تىل ساقلىغىنىڭىزمۇ ئەرزىمەمدۇ؟
— چۈشەنمەيۋاتىمەن...
— ئەلۋەتتە چۈشەنمەيسىز ۋە چۈشىنىشنىمۇ تىلىمەيسىز.
ئۇ كۇمۇشتىن بۇنداق تەتۇر گەپلەرنى ئومرىدە بىرىنچى مەرتىۋە ئاڭلاۋاتاتتى. بىردەمدە نەچچە خىل ئېھتىماللارنى ئويلاپ چىقتى:
— زەينەپ سىزگە بىر نەرسە دېدىمۇ؟

— دېدى، "سەنسىز تۇرالمايمەن" دەپ ئېيتقان سوزلىرىڭىزنىمۇ دېدى!

ئۇنىڭغا نىمە بولسىمۇ ئىككى كۇندەش ئوتتۇرىسىدىن خېلى گەپلەر ئوتكىنى بىر قەدەر مەلۇم بولۇپ، زەينەپنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن كۇمۇشنىڭ يۇرىگىگە ئوت ياققىنىنى بايقىدى. ئەمما بايىقى يېرىم جىددى ۋەزىيىتنى بۇزماي سورىدى:

— زەينەپنىڭ سوزىگە سىز ئىشەندىڭىزمۇ؟

— ئىشىنىمەيدىغان گەپمۇ؟

— ياخشى، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ئېيتقانىمۇ بولاي، لېكىن شۇنىڭدىمۇ سىزنىڭ خاپىلىنىشىڭىز ماڭا قىزىق تۇيۇلىدۇ. بولۇپمۇ سىزدىن بۇ گەپ...

كۇمۇش ئۇنىچۇقمىدى. ئاتابېك ئۇنىڭ ئارقا چېپىدىن تۇتۇپ ئاستاغىنا ياتقۇزدى:

— قېنى ئېيتىڭچۇ ماڭا، ئاراڭلاردا بىر گەپ ئوتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، ئوتتى! — دېدى كۇمۇش ۋە چەتكە قاراپ كۇلۇمسىرىدى.

— ئۇن بەش كۇن ئوتمەستىن؟!

— مېنىڭدىن باشقا خوتۇن بولسا زەينىۋىڭىز بىلەن بىرىنچى كۇندىلا قېپىدىشاتتى...

— خۇدا خەيرىڭلارنى بەرسۇن...

— دارىتمالڭ!

— دارىتمىسام، سوزلەڭ!

كۇمۇشنىڭ رىقابەت ئوتى بىر ئاز ئوچۇشكە باشلىغان ئىدى، ئۇچ ـ توت كۇنلۇك ماجرادىن خېلىلا ياخشى ھەسرەت ئېچىلدى. ئاتابېك ھەسرەتنى يېرىم جىددى ئاڭلاپ باردى، زەينەپنىڭ كېيىنكى سوزى ۋە ئاخىرقى يەلپىتىش پاجەلىرىمۇ ھەسرەت قېلىپىغا بىرمۇ ـ بىر كىرىپ چىقتى. ھەسرەت تۇگىگەندىن كېيىن ئاتابېكنىڭ يۇزىدىكى بايىقى يېرىم جىددىلىك

كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئوپچانلىق ئالدى. ئۇ شۇ ھالەتتە خېلىغىچە سوزسىز قالدى ۋە ئاخىردا ئوزىدىن نەتىجە كۈتۈپ ئولتۇرغان كۈمۈشكە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— نېمىشقا كۈلىسىز؟

— چۈنكى يىغلاشقا ئەرزىمەيدۇ.

كۈمۈشنىڭ قاشلىرى ھىمىرلىدى.

— زەينىۋىگىزنىڭ بۇ قىلىغىغا مەن چىدالمايمەن!

— چىداش ۋە چىدىماسلىقنى ھازىرچە بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرايلى، — دېدى ئاتابېك، — ئەمما ھەممىسىدىن ئىلگىرى سىزدىن سورايمەن: ماڭا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— بار، ھەم يوق! — دېدى كۈمۈش ۋە كۈلۈمسىرەپ بىر ئاز ئويلىنىۋالدى، — زەينەپنىڭ ھىلىقىدەك گەپلىرى كىشىنى شۇبھىگە سالىدىكەن...

— ئەمما سىزنى شۇبھىدىن چىقىرىدىغان ھوججەتلىرىڭىز ئەلۋەتتە يوق ئەمەس ئىدى.

كۈمۈش ئويلىنىپ يۈزىنى چەتكە بۇرىدى. ئاتابېك تاۋۇشىنى پەسەيتىپ داۋام قىلدى:

— ئوتكەن كۈنى سىزدىن "تاشكەنتتە قالامسىز، يوقمۇ؟" دەپ سورىغىنىممۇ پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەر بىلەن سىز خاپا بولماڭ، دەپ ئېيتىلغان ئىدى. ئەگەردە سىز سىقىلىدىغان بولسىڭىز، ھىلىمۇ تاشكەنتتە قالماسلىقىڭىز ماڭا ماقۇل كورۇنىدۇ. چۈنكى مەن سىزنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنسىز ئازاپ چېكىشىڭىزنى خالىمايمەن!

— سىز قوغلىمىسىڭىز مەن مەرغىلانغا بارمايمەن!

ئاتابېك كۈلدى:

— ئەگەر سىز شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرزىمىگەن گەپلەر ئۈچۈن مېنىڭ ئۈستۈمگە ھۇجۇم قىلىۋەرسىڭىز ئەلۋەتتە قوغلايمەن!

كۈمۈش بىرخىل قىيىدىغان بېقىشتا:

— سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يۈرىكىڭىزدىن سوراڭ!

— يۇرىگىم ... يۇرىگىم ئىشەنمە، — دەيدۇ.

— بولمىسا بۇ يۇرەك سوزى ئەمەس.

— ئەلۋەتتە يۇرەك سوزى!

— يۇرىگىڭىزنىڭ ئىشەنمە، دىيىشىگە بىرەر ۋەجى باردۇ؟

— بار.

— بار بولسا ئېيتىڭ.

— يۇرىگىم قوغلىنىشقا كىم سازاۋەر، دەپ سىزدىن سورايدۇ ... سىزمۇ ئوز يۇرىگىڭىزدىن جاۋاپ بېرىڭ!

ئاتابېك مەقسەتىكە چۇشەندى، بىردىنلا جاۋاپ بېرىشكە هەيران بولۇپ قالدى. دەرهەقىقەت كۇمۇش ئەڭ نازۇك جايىدىن تۇتقان ئىدى.

كۇمۇش ئاتابېكتىن جاۋاپ كۇتۇپ ئولتۇرماي، يەنە دىدى:

— باشقىلارنىڭ يۇرىگىنى سىناپ كورۇشكە قۇدرىتىم يەتمەسمۇ، مېنىڭ يۇرىگىم ئىككى نەرسىنى ئوز ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ ...

— سېنىڭ يۇرىگىڭ ئىككى نەرسىنى ئوز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ، دىمەكچىسىز — ھە!

— دىمەكچى ئەمەسمەن، — دىدى كۇمۇش، — چۇنكى بۇ ھېچبىر ۋاقىتتا بولىدىغان ئىش ئەمەس.

كۇمۇش ھەمىشىلا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىر مەنىنىلا ئىپادە قىلماقچى بولاتتى. ئەمما ئاتابېك كۇمۇشنىڭ قىياپىتىدىكى ئوزگەرىپ كەتكەن مجىز قىدىئىيىتىگە ۋە بىر كۇندىلا بۇنچىلىك مۇساپىنى ئوتكەن كەسكىنلىككە ناهايىتى تەئەججۇپتە! ئۇدۇلىدىكىنىڭ سۇرىتىدە ئەمەس، سۇپىتىدە قىزىق بىر ئوزگىرىشنى كورەتتى.

— مەقسىدىڭىزگە ياخشى چۇشىنىمەن، — دىدى ئاخىرىدا، — هەر جەهەتتىن قارىغاندىمۇ سىز بۇ توغرىدا هەقلىقسىز. ئەمما شۇنىڭغىچە ... بەلكى بۇنى ئوزىڭىز هىس قىلارسىز، دەپ ئويلايمەن ...

كۇمۇش ئۇنچىقماي قويدى. ئېهتىمالكى، ئۇ كېيىنكى مەسىلە توغرىسىدا ئېرىنىڭ پىكرىنى بىلىپ قويماقچى ئىدى ...

كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئويچانلىق ئالدى. ئۇ شۇ ھالەتتە خېلىغىچە سۆزسىز قالدى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىدىن نەتىجە كۈتۈپ ئولتۇرغان كۈمۈشكە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— نېمىشقا كۈلىسىز؟

— چۈنكى يىغلاشقا ئەرزىمەيدۇ.

كۈمۈشنىڭ قاشلىرى ھىمىرلىدى.

— زەينىۋىگىزنىڭ بۇ قىلىقىغا مەن چىدالمايمەن!

— چىداش ۋە چىدىماسلىقنى ھازىرچە بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرايلى، — دېدى ئاتابېك، — ئەمما ھەممىسىدىن ئىلگىرى سىزدىن سورايمەن: ماڭا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— بار، ھەم يوق! — دېدى كۈمۈش ۋە كۈلۈمسىرەپ بىر ئاز ئويلىنىۋالدى، — زەينەپنىڭ ھىلىقىدەك گەپلىرى كىشىنى شۈبھىگە سالىدىكەن...

— ئەمما سىزنى شۈبھىدىن چىقىرىدىغان ھوججەتلىرىڭىز ئەلۋەتتە يوق ئەمەس ئىدى.

كۈمۈش ئويلىنىپ يۈزىنى چەتكە بۇرىدى. ئاتابېك تاۋۇشىنى پەسەيتىپ داۋام قىلدى:

— ئۆتكەن كۈنى سىزدىن "تاشكەنتتە قالامسىز، يوقمۇ؟" دەپ سورىغىنىممۇ پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەر بىلەن سىز خاپا بولماڭ، دەپ ئېيتىلغان ئىدى. ئەگەردە سىز سىقىلىدىغان بولسىڭىز، ھېلىمۇ تاشكەنتتە قالماسلىقىڭىز ماڭا ماقۇل كۆرۈنىدۇ. چۈنكى مەن سىزنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنسىز ئازاپ چېكىشىڭىزنى خالىمايمەن!

— سىز قوغلىمىسىڭىز مەن مەرغىلانغا بارمايمەن!

ئاتابېك كۈلدى:

— ئەگەر سىز شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرزىمىگەن گەپلەر ئۈچۈن مېنىڭ ئۈستۈمگە ھۇجۇم قىلىۋەرسىڭىز ئەلۋەتتە قوغلايمەن!

كۈمۈش بىرخىل قېيىدىغان بېقىشتا:

— سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يۈرىكىڭىزدىن سوراڭ!

— يۈرىگىم ... يۈرىگىم ئىشەنمە، — دەيدۇ.
— بولمىسا بۇ يۈرەك سۆزى ئەمەس.
— ئەلۋەتتە يۈرەك سۆزى!
— يۈرىگىڭىزنىڭ ئىشەنمە، دېيىشىگە بىرەر ۋەجى باردۇ؟
— بار.
— بار بولسا ئېيتىڭ.
— يۈرىگىم قوغلىنىشقا كىم سازاۋەر، دەپ سىزدىن سورايدۇ ... سىزمۇ ئۆز يۈرىگىڭىزدىن جاۋاپ بېرىڭ!

ئاتابېك مەقسەتكە چۈشەندى، بىردىنلا جاۋاپ بېرىشكە ھەيران بولۇپ قالدى. دەرھەقىقەت كۇمۇش ئەڭ نازۇك جايدىن تۇتقان ئىدى.

كۇمۇش ئاتابېكتىن جاۋاپ كۈتۈپ ئولتۇرماي، يەنە دېدى:
— باشقىلارنىڭ يۈرىگىنى سىناپ كۆرۈشكە قۇدرىتىم يەتمەسمۇ، مېنىڭ يۈرىگىم ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ ...
— سېنىڭ يۈرىگىڭ ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ، دېمەكچىسىز — ھە!
— دېمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى كۇمۇش، — چۈنكى بۇ ھېچبىر ۋاقىتتا بولىدىغان ئىش ئەمەس.

كۇمۇش ھەمىشىلا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىر مەنىنىلا ئىپادە قىلماقچى بولاتتى. ئەمما ئاتابېك كۇمۇشنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىپ كەتكەن مىجەز قەدىنىشىتىگە ۋە بىر كۈندىلا بۇنچىلىك مۇساپىنى ئۆتكەن كەسكىنلىككە ناھايىتى تەئەججۈپتە! ئۆدۈلدىكىنىڭ سۈرىتىدە ئەمەس، سۈپىتىدە قىزىق بىر ئۆزگىرىشنى كۆرەتتى.
— مەقسىدىڭىزگە ياخشى چۈشىنىمەن، — دېدى ئاخىرىدا، — ھەر جەھەتتىن قارىغاندىمۇ سىز بۇ توغرىدا ھەقلىقسىز. ئەمما شۇنىڭغىچە ... بەلكى بۇنى ئۆزىڭىز ھېس قىلارسىز، دەپ ئويلايمەن ...

كۇمۇش ئۈنچىقماي قويدى. ئېھتىمالكى، ئۇ كېيىنكى مەسىلە توغرىسىدا ئېرىنىڭ پىكرىنى بىلىپ قويماقچى ئىدى ...

## 13

# ئامان بولساق كورۇشەرمىز

تاشكەنتكە كېلىشنىڭ يىگىرمىنچى كۈندە قۇتىدار مەرغىلانغا قايتىش پىكرىگە چۈشتى. ھاجى ۋە ئاتابېكلەر يەنە بىرنەچچە ھەپتە قېلىشقا قىستاشسىمۇ، بولماي ئۇزرە ئېيتتى: "ئوي يالغۇز، پەقەت تويىبېكە بىلەن ئايشە ئانا؛ ئاچىلىرى نىمە بولدى، نىمە قويىدى، مەلۇم ئەمەس. باشقا تەرەپتىن ئوزەمنىڭ سودا ئىشلىرىمىمۇ ئولدا - جۇلدا، شۇنچىلىك مېھمان بولدۇق... بەس. قىلغان ئىززەت ۋە ئىكراملىرىڭلار ئۈچۈن رەھمەت!" دېدى. ھاجىنىڭ: "ئەندى كېلىن بالىنى ئەۋەتمەيمىز - دە" دەپ كۈلۈشىگە — "مېنىڭ بالام ئەمەس، سىزنىڭكى، ئۇ يەرمۇ، بۇ يەرمۇ ئوزىنىڭ ئويى. جانابىڭىز نىمىنى مۇۋاپىق كورسە، ماقىمۇ ماقۇلى شۇ!" — دېدى. ھاجى بىرمۇنچە گەپ ئايلاندۇرۇپ "ئوتكتۈرىدىن ھىلىقى گەپلەر ئوتمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئېلىپ قالمايتتىم، چۈنكى، سىزنىڭ باغرىڭىزنى بوش قويۇش ىنساپتىن بولمايتتى. ئەگەر سىزگە ئېغىر چۈشمىسە يۇرتتىكى گەپ - سوز بېسىلغىچە بىرەر يىل تاشكەنتتە تۇرسۇن، كېيىن مەرغىلانغا بارسۇن، دەيتتىم!" دېدى. قۇتىدارغىمۇ بۇ مۇلاھىزە ناھايىتى ماقۇل چۈشۈپ "بۇ مۇلاھىزىلەر چەكسىز توغرا، ئەلۋەتتە بۇ يەردە بىرەر يىل تۇرۇشى لازىم ۋە زورۇر!" دەپ جاۋاپ بەردى.

كۈمۈشنىڭ تاشكەنتتە قېلىشىغا ئاتىسى شۇنداق بوش قارىدى، بۇ توغرىدا ئاپتاپ ئايىمنىڭ پىكرى ۋە رازىلىقى بىلەن ھىساپلىشىش ئەمەس، ھەتتا ئۇنى كوڭلىگىمۇ كەلتۈرۈپ كورمىدى. ھالبۇكى، مەرغىلاندىن چىقىشتا ئاپتاپ ئايىمنىڭ "كۈمۈشنى تاشكەنت-

تە قالدۇرمايسىز!» دەپ قويغان بىرىنچى شەرتىگە قايتا - قايتا قول قويغۇچى شۇ قۇتىدار ئىدى. سوزنى سوزۇشقا ھاجەت يوق: ئەرلىرىمىزنىڭ ئاپتاپ ئايىملارغا قارشى ھەمىشە شۇنىڭدىن باشقا ئەمەس!

قايتىش خەۋىرى ئاپتاپ ئايىمنىڭ قۇلىغىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاۋالقى ئۇچرىشىشى قىزى بىلەن ئىدى. چۈنكى ئىبرىگە قارىغاندىمۇ كوپرەك ئىختىيار قىزىدا بولغىنىنى ياخشى بىلەتتى...

شۇ خەۋەرنى ھەسەن ئەلىدىن ئاڭلىشى بىلەن توپ - توغرا كۇمۇشنىڭ يېنىغا كىردى:

— كۇمۇش، — دېدى كۇلۇمسىرەپ، — قايتقىدەك مىشمىز، دادىڭ ئېيتىپتۇ!

كۇمۇش قولىدا نىمىندۇر تىكىپ ئولتۇرغان ئىدى. كوزىنى ئىشتىن ئالمىدى:

— قايتساڭلار، خەير - خوش

بىچارە ئانا قىزىنىڭ بۇنداق پەرۋاسىز گېپىدىن بوشىشىپ كەتتى ۋە قانداقچە ئولتۇرۇپ قالغىنىنى بىلمىدى.

— نىمە دەۋاتىسەن؟

كۇمۇش كۇلۇمسىرەپ ئانىسىغا قاراپ قويدى، يەنە ئىشىنى تىكىۋەردى:

— كەتسەڭلار، خەير - خوش!

— سەنچۇ؟

— مەن قالىمەن.

ئاپتاپ ئايىم چۈشىنەلمەي قىزىغا بىرنەچچە ۋاقىت تىكىلىپ تۇردى. كۇمۇش ئۇنىڭغا قارىماي يىڭنە سانچىيتتى.

— چاخچىقىڭنى قوي!

— چاخچىقىم ئەمەس — راستىم.

— ئويات ئەمەسمۇ؟

كۇمۇش كۇلدى:

— نېمىشقا ئۇيات بولسۇن؟

— قويساڭا!

— قالسام ئۆز ئېرىمنىڭكىدە، — دېدى كۈمۈش، — بىگانە ئەمەس، ئۇيات بولسا...

ئاپتاپ ئايىم ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندەك تاۋلاندى:

— بىراۋ قالغىن دېمىسىمۇ قېلىۋېرەمسەن؟

كۈمۈش ئىشىنى يېنىغا قويۇپ ئەمدى ئانىسىغا قارىدى:

— ئاۋال بۇ يەردە قېلىشىمغا سىزدىن باشقا ھېچكىم قارشى ئەمەس، زەينەپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئۆتسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خاھىشىنىڭ ماڭا ئەھمىيىتى يوق!

— ئېسىڭ ئۆزەڭدىمۇ، بالا؟

— ئۆزەمدە، — دېدى كۈلۈپ، — مەن سىزنىڭ قىزىڭىز كۈمۈش... ھازىر تاشكەنتتە ئۆز ئېرىمنىڭكىدە ئولتۇرۇۋېتىمەن...

— ئېرىم، دەپ تۇغقان ئاناڭدىن كېچەمسەن، يۈزسىز؟

— ياق كەچمەيمەن، پەقەت بىرنەچچە ۋاقىت سېغىنىپلا يۈرىمەن.

ئاپتاپ ئايىم قىزىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتى:

— ئاناڭنىڭ ئاشۇ سېغىنىشىغا تاقىتى يوق، — دېدى، — مەن كۈندەشلىك ئويىگە ئىشەنمەيمەن...

— كۈندىشىم بىر بولسا، دوستۇم سەككىز!

ئاپتاپ ئايىم كوز يېشىنى ئېرتتى:

— كۈندەش بىلەن چاخچاق قىلمىغىن، قىزىم!

كۈمۈش گويا زەينەپنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغاندەك ھۆرپەيدى.

— ئۇ كۈندەش بولغاندا، مەن كۈندەش ئەمەسمۇ؟

— مىڭ قىلساڭدىمۇ، — دېدى ئانىسى، — سەن ھەقىقىي كۈندەش بولالمايسەن!

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دېگەندە، ئېرىڭ سەن تەرەپتە. ھەقىقىي كۈندەشلىك ۋە ھەقىقىي دۈشمەنلىك زەينەپ تەرەپتە!

كۇمۇش كۇلۇمسىرەپ ئانىسىنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلىدى:

— بۇ توغرىدا خاتىرجەم بولۇڭ.

— نېمە ئۈچۈن خاتىرجەم بولاي.

— ئەگەر زەينەپ ماڭا كۈندەشلىك قىلىۋەرسە، كۈيوغلىڭىز ئۇنىڭ جاۋاۋىنى بەرمەكچى... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىم ماقۇل.

— جاۋاۋىنى بەرسە، قايتىپ كېلىشىمۇ قاچماس...

— مەن كەتسەم، — دىدى كۇمۇش، — ھېچقاچان زەينەپكە جاۋاپ بەرمەيدۇ.

— نېمىشقا بەرمەيدۇ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قۇدا ئاغچىڭىز كېلىنىسىز قالمەن، دەپ ئارىغا چۈشىدۇ، ئەمما مەن شۇ يەردە بولسام، ئەلۋەتتە تىلىغا كالتەك كېلىدۇ.

ئاپتاپ ئايىم تېخىچە ئاياق ئۈزاتمىدى، قىزىغا يېلىنىپ كوردى:

— ياش جېنىڭ بار، قىزىم، — دىدى، — بىراۋغا يامانلىق سېغىنما. مەن بىلەن بىللە كەت، نېمە قىلىشسا ئۆزلىرى قىلىشسۇن... زەينەپمۇ ئۈمىت بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان.

— سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز! — دىدى كۇمۇش ۋە ئىشىكتىن ئاياق تاۋۇشىنى سېزىپ گەپىنى شۇ يەردە توختاتتى. ئۆزبېك ئايىم سوزلەپ كىردى:

— نېمە مۇنچە ئالدىراش، كۈيوغۇل قوغلىدىمۇ، ھېچبولمىسا بىر ئاي بولسۇن... مەرغىلان دىگەن يۇرتتىن ئات ئاتلاپ، توگە قۇملاپ كەلگىنىدە، بىر ئايچە تۇرماستىن كەتكەن ئىمىش! — ئاپتاپ ئايىم بىلەن كۇمۇش ئۇنىڭ ھورمىتىگە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۆزبېك ئايىم ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا سوزلىدى، — ھىلى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— ئاڭلىدۇق، — دىدى ئاپتاپ ئايىم، — بىزمۇ شۇنىڭ ماجىراسىدا ئىدۇق.

— ئاخىر شۇمۇ گەپمۇ، خۇددى يات بىراۋلارغا ئوخشاش!

ئاپتاپ ئايىم ئۆزرە ئېيتتى:

— ئۆيىمىز يالغۇز سىزلەرنى شۇنچىلىك بىزاۋىتە قىلدۇق... بىگانە كىشىنىڭكىدىمۇ يىگىرمە كۈن تۇرايلىچۇ... خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدەك يايراپ - ياشىدۇق، شاراپەتلىرىڭىزنىڭ سايىسىدە كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇق، ئىززەت - ئىكراملىرىڭىز تەرىپىدىن ئاجىزمىز... ئەمدى نۆۋەت سىزلەرنىڭمۇ بىزنىڭ شەھەرلەرگە بېرىشىڭىزلارغا كەلدى!

— بىكار گەپ، — دېدى ئۆزبېك ئايىم، — تېخى قۇدىلىرىمىزنى مۇددىيىمىزدىكىدەك سىلالىغىنىمىز يوق، شۇ ھالدا ماڭغۇزساق بىزنىڭ شەنىمىزگە ياخشى ئەمەس... مەن قۇدامنىڭ ئالدىغا چىقمەن، بىزگە نومۇس كەلتۈرمەكچى بولسا ئەتە مېڭىشۇرسۇن!

ئاپتاپ ئايىم تەكرار ئۆزرە ئېيتتى:

— بىزنى ئۇيالدۇرماقچى بولسىڭىز مەيلى، چىقىڭ، ئەگەر خوشاللىقىمىزغا قارىسىڭىز، قويۇڭ! كۈمۈشىڭىزمۇ، شۇنچە تۇرغىنىمىز يېتەر، ئەمدى زەينەپنى ئېلىپ ئايىمنىڭ ئۆزى بىزنىڭكىگە بارسۇن دەيدۇ...

كېتىشنىڭ ئارىسىغا كۈمۈشمۇ كەلتۈرۈپ سىقىلغاندىن كېيىن ئۆزبېك ئايىمنىڭ ھىلىقى ئادەمگەرچىلىكلىرى كېيىنكى نۆۋەتكە قالدى.

— تېخى كۈمۈشمۇ كەتمەكچىمۇ؟

كۈمۈش كۈلۈمسىرەپ ئانىسىغا قارىدى. ئاپتاپ ئايىم ئۆزرە ئېيتتى:

— شۈكرى، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا زەينەپنىسا بار، مېنىڭ بولسا قانات - قۇيرۇغۇم شۇ كۈمۈش. بولۇپمۇ كۈمۈشىڭىزگە جاۋاب بەرمىسىڭىز بولماس، ئاچا!

ئۆزبېك ئايىم كۈمۈشكە ھومسىيىۋالدى:

— ياق - ياق، ئاپتاپپانۇ، — دېدى، — سىزلەرگە جاۋاب بەرسەممۇ، كۈمۈشكە ياق!

— شۇ قېتىم جاۋاب بېرىسىز، مەن سىزدىن سورايمەن.

— سۆزىڭىز يەردە قالىدۇ، بۇۋى ئاپتاپ، بىر ئاز ئەندىشىمۇ

لازىم! — دىدى ۋە كۈمۈشكە يۈزىنى ئورىدى، — ئۈيات ئەمەسمۇ، كېلىن؟ كېچە كەلدىلىڭ سورۇلۇپ، بۈگۈن كەتكىن بۇرۇلۇپ!

— مېنىڭدە ئىختىيار يوق، ئايىجان! — دىدى كۈمۈش، — سىزلەر نىمىنى ماقۇل كورسىڭىز ماڭا بەرىبىر.

ئوزبېك ئايىم بېشى بىلەن كېلىنىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ، "بارىكاللا" دەپ قويدى. ئاپتاپ ئايىم قىزىغا ئالايغانىدەك يەر ئاستىدىن قارىدى.

— ئەلۋەتتە كۈمۈش نىمىنى دىسۇن؟ — دىدى، — كۈمۈشنىڭمۇ ھىلىقىدەك قالالماسلىقى پەقەت مېنى كوزى قىيمىغىنى ئۈچۈنلا ... بولمىسا، ئەلۋەتتە كەتمەيتتى!

ئوزبېك ئايىمنىڭ بىر گەپتىن تايماي، "كېتىشى ئۈيات، ئاتابېك ئۈچ يىل قاتنىغانىدا قىزىڭىز بىر يىللا تاشكەنتتە تۇرسا نىمە بوپتۇ ..."غا ئوخشاش سوزلىرى ئوزگەرمەستىن بىر مۇقامدا ئېيتىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاپتاپ ئايىم باشقا يول تۇتماقچى بولۇپ، كۈمۈشنى ئويىدىن چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. كۈمۈش چىقىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— قىزىنى ماڭا قالدۇرۇشقا ئايىدى دىمىدىڭ، ئاچا! — دەپ قويدى، — بۇ يەردە باشقا مۇلاھىزىلەرمۇ يوق ئەمەس ...

— ئېيتىڭ.

— ئېيتسام شۇكى، — دىدى بىچارە ئانا، — كۈمۈشىڭىزنىڭ پېيلى-ئەتىۋارى ئوزەمگە مەلۇم: ئەكە ئوسكەن، لەۋزى تېز، كۈندەشلىككە چىدايدىغان ئەلپازى يوق، ھەر كۈنى زەينىۋىڭىز بىلەن غىدىڭ-پىدىڭ قىلىشىۋېرىپ سىزنى قىيناپ قويامدىكىن دەيمەن ... بىر كۈنى كەلگەنىدە ئانىسى قۇرغۇر بىر ئېغىز ئېيتمىغان ئىدى، دەپ مېنىڭدىن رەنجىپ قالارسىزمىكىن دەيمەن ... توپاقنىڭ تۇرقى تۇقىنىغا تامغا دىگەنىدەك، ئەلۋەتتە ماڭا رەشەن ... قېيىنسىغاق دىسىڭىزمۇ شۇ، ئىچى قارىلىق دىسىڭىزمۇ شۇنىڭدا ...

شۇنچىلىك تونۇمىدىن ئوزبېك ئايىمنىڭ يۈزىدە ھېچبىر ئوز-

كىرىش سىزىلمىدى:

— ئەلۋەتتە ئۇنداق گەپ ھەرگىز بولمىدۇ، — دېدى، — شۈكرى مەن بىلەن ھاجى ئاتىڭىز تىرىك بولساق، ئۇنداق گەپلەرگە يول قويمايمىز. زەينەپ بولسا خۇدانىڭ ياراتقان مەخلۇقى: ئۇرۇشۇش ۋە قېپىداش دېگەن گەپنى بىلمەيدۇ!

— زەينۇۋىڭىزنىڭ پېلى ئەلۋەتتە سىزگە مەلۇم ئىكەن، ئەمما مەن كۈمۈشنى سىزگە ياخشى، دەپ ئېيتالمايمەن.

— ئۆز بالىسىنى يامانلىغاننى، — دېدى كۈلۈپ ئۆزبېك ئايىم، — مەن ئۆز ئۆمرۈمدە بىرىنچى مەرتىۋە كوردۇم... ئۇنىڭدىن كورە بالامنى ساڭا ئىشەنمەيمەن، دەپ ئېيتىڭ!

— ئىمىشقا ئىشەنمەي، پەقەت قازىنىمدىكىنىلا سىزگە سۆزۈپ قويدۇم...

— ئىمە بولسىمۇ كۈمۈشكە جاۋاپ يوق!

— مەيلى، قالسۇن! — دېدى ئاپتاپ ئايىم، ئۇنىڭ جىنى كويۇپ ئەسەبىلەشكەن ئىدى، — كۈمۈشتىن بىرەر يامانلىق كورسىڭىز مېنىڭدىن خاپا بولماڭ!

— قىزىڭىزغا يامانلىقنى ئۆزىڭىز ئۆگىتىپ كەتمىسىڭىز، سىزدىن خاپىچىلىغىم يوق.

ئىككى قۇدا ھويلا ئوتتۇرىسىغا كېلىشكىنىدە كۈمۈش ھويلىدا يۈرەتتى. ئۇلار زەينەپنىڭ ئويىگە توغرا كىرىشتى. زەينەپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ئىچىنىش ئاھاڭىدا ئاپتاپ ئايىمغا دېدى:

— قايتىقىدە كىمشىسىزلەر، دەپ ئاڭلىدىم. بىرەر ئايمۇ تۇرمايدىكەنسىلەر-دە.

— خېلى تۇردۇق ئايلىناي، بوۋى زەينەپ، — دېدى ئاپتاپ ئايىم، — ئەمدى نوۋەت سىلەرنىڭ بېرىشىڭلارغا كەلدى.

ئۇچىنچى سوزنى ئۆزبېك ئايىم ئالدى:

— شۇنچە ئېيتتىمۇ، ئۇنىشمىدى، ياۋ قوغلاۋاتامدۇ، بىلمىدىم.

ئاپاق ئايىغا قالسا، كۈمۈش ئاچاڭنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتمەكچى.

زەينەپ بىر تۈرلۈك ھالغا چۈشتى. كۈچەنگەندەك قىلىپ:

— ئۇياق نىمىشقا كېتىدۇ! — دىدى.

ئاپتاپ ئايىم قۇدىسىغا قاراپ قويدى:

— كەتمىسە بولمايدۇ، بۇۋى زەينەپ! بىرىنچىدىن، سىزنىڭ ئەس - ھۇشىڭىز جايىدا، مېنىڭ كۈمۈش ئاچىڭىزدىن باشقا ھىچ كىمىم يوق؛ قالسىغۇ مەيلى، بىراق مېنى كۈمۈشسىز ئۆلىدى، دەۋېرىڭ! شۇنىڭغا كەلگەندە قېينانىڭىز بىر ئاز چۈشەنمەي تۇرۇپتۇ.

زەينەپ يەر ئاستىدىن قېينانىسىغا كوز يۈگۈرتتى. ئوزبېك ئايىم تېخىچىلا دىگىنىدە تۇرۇۋالغان قۇدىسىغا قارشى قىزىشتى:

— قويۇڭا، — دىدى، — بەش - ئالتە كۈن قىزىسىز تۇرغان كىشى بىر نىمە بوپتىمۇ؟

— سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز، ئايى... تېخى يەنە دادىسى بىلمىدۇ.

— مەن ساڭا ئېيتاي، زەينەپ، — دىدى ئوزبېك ئايىم ۋە ئەدى قۇدىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي قويدى، — ئاپاق ئايىڭنىڭ ھەممە مۇلاھىزىسى سەندىن ئوخشايدۇ. زەينەپ سىقىلمامدىكىن، ئىككى ئوتتۇرىدا سوغىچىلىق ئارىلىمامدىكىن، دەپ قورقىدۇ. مەن: زەينەپ سىز ئويلىغان كېلىنلەردىن ئەمەس، تېگى-تەكىلىك، ئىسىلزادە، كۈمۈشنى ھورمەت قىلمىسىمۇ بىزنى ھورمەت قىلىدۇ، دىسەممۇ ئۇنىمايدۇ...

— مېنى خۇدا ئۇرۇپتىمۇ، — دىدى زەينەپ. ئاپتاپ ئايىم قۇدىسىنىڭ كېيىنكى گېپىدىن خېلى سىقىلدى. گويا ئوزى كۈمۈشنى قالدۇرۇشقا تەرەپدار بولسىمۇ، پەقەت زەينەپنىڭ كۆڭلىنى دەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ تۇرغاندەك كورستىلگەن ئىدى.

— يېڭىلىشىسىز، ئاچا!

— يېڭىلىشسام، يېڭىلىشمىسام كۈمۈش بۇ ئويدىن سىلجىمايدۇ!

ئاپتاپ ئايىم بوغۇلۇپ، پايدىسىز تارتىشىشىپ ئولتۇرۇشنى تەرك قىلدى. ئەمدى بۇ توغرىدا ئىردگە مۇراجەت قىلماقچى ئىدى...

مەرغىلانغىچە ھارۋىنى ھەسەن ئەلى ھەيدەيدىغان بولدى. چۈنكى مەرغىلاندىن ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن كىشى ياللانغان بولۇپ، تاشكەنتكە كېلىشىنىڭ ئەتىسىلا ھىساۋىنى ئالغان ئىدى. قۇدىلارنىڭ قايتىشى راستقا ئايلانغاندىن كېيىن، يول تەييارلىقى باشلاندى. ئوزبېك ئايىم بوغۇرساق قورۇتۇش، تالقان تۇگۈش، توقاچ ياپتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئاپتاپ ئايىم ئىردىن قولىنى يۇيۇپ قولتۇغىغا ئۇرغان ئىدى، "ھاجى ئەپەندى بىرەر يىل تۇرسۇن، دەپ ئېيتتى. ئەمدى بىر يىلنى ئوزدىمىزگە كورمىسىدك بولماس، ئىككى ئايغىمىزنى بىر ئوتۇككە تىقىشىمىز ئوڭايت بولار!" دېيىشى ۋە سوزگە قۇلاقمۇ سالماي "مېھمانخانىدا ھاجى بار، سەن بىلەن يولەكتە ئېزىلىشىپ ئولتۇرمايمەن، نومۇس!" — دەپ بۇرۇلۇپ كېتىشى بىچارىنى ناھايىتىمۇ ئېسەنكىرىتىپ تاشلىدى. ئاخىرى ئاتابېككىمۇ مۇراجەت قىلىپ كوردى. ئۇنىڭدىنمۇ ئەسلى مەقسەتنى ھاسىل قىلالماي، پەقەت ئۇلارنىڭكىدىن ئورۇنلۇقراق ئوزرە ئاڭلىدى. ئاتابېك قېينانىسىنىڭ پىكرىگە قىسمەن قوشۇلۇپ، "نىمە بولسىمۇ بەش ـ ئون كۈن ئېغىرلىقنى مېنىڭ ئۈچۈن ئوز ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز. ئەگەر مەن سىزنىڭ تەلىۋىڭىزنى ماقۇل قىلىدىغان بولسام، بولۇپمۇ قىزىڭىزنىڭ كوڭلىگە شۇبھە كېلىدۇ... سىزگە ئېيتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ توغرىدا مېنىڭ ئارىلىشىشىم ياخشى بولماس! كۈندەش ئاداۋىتى توغرىسىدىكى پىكرىڭىز توغرا ۋە لېكىن ئىشى ئۇ دەرىجىگىچە يەتمەس، دەپ ئويلايمەن... ھېچبولمىغاندا كۈمۈشنىڭ ئوزىنى ئالدىڭىزغا ئەۋەتەرمەن، خاتىرجەم بولۇڭ!" دېدى.

ئاپتاپ ئايىم شۇ يوسۇندا ھەر تەرەپتىنمۇ ئۈمىتسىزلىنىپ، مۇڭلىنىپ قالدى. كۈمۈش بولسا، ئانىسىنىڭ ھازىرقى ھالىغا

…چىنغاندەك گۈلنىڭغا يېقىنلاشماي، چەتلەپ يۈرەتتى ۋە ئەگ…
…نچى تەرەپتىن زەينەپنىڭ بىر يېرىم غېرىش ئېسىلىپ كەت…
…ەن قاپاق - تۇمشۇقىنى ئىستىھزالىنىپ تاماشا قىلاتتى.

يول تەيياگەرلىكلىرى تۈگەپ، ئۆزبېك ئايىمنىڭ، قۇتىدار، …اپتاپ ئايىم ۋە ئايشە بۇۋىگە ئاتاپ تىكتۈرگەن سەرپالىرىمۇ …ۈتتى...

بۈگۈن مېھمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى ئىدى. ئۆزبېك …ايىم يېرىم كېچىگىچە قىزدا ئاغىچىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئول…ۇردى.

كېيىن ئاپتاپ ئايىم بىلەن كۈمۈشنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆز …ويىگە يېتىشقا چىقتى. ئانا - بالا بۇ كېچىنى بىللە ئۆتكۈزمەك…چى ئىدى. ئاپتاپ ئايىم قۇدىسىنىڭ كەينىدىن قىزىغا گۇمان…سراپ قويدى.

— ئاناڭنى يىراق ئۆتىدا ياندۇرۇشتىن ئۈيالمىدىڭ، قىزىم!

— نېمىشقا ياندىدىكەنسىز...

— نېمىشقا يانماي، ئەمدى، دۇنياغا كېلىپ يېڭىدىن باش…ا ئاۋۇنچۇغۇم بولمىسا... ئەگەر قولۇمدىن كەلسە، ئېچىپ ۋە …بىنىپ تۇرغان يۈرىكىمنى ساڭا ئېچىپ كۆرسىتەتتىم... كاشكىدى …ىر شەھەردىلا بولساڭ!

كۈمۈش ئانىنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتنى ھازىر سىنىماستىنمۇ …مىس قىلغان، چۈنكى يىگىرمە يىل ئۆز قۇچىقىدا ئۆستۈرگەن …انىدىن ئايرىلىش كۈنىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىغان …ىدى.

— بەش - ئالتە ئاي، ھېچنەرسە بولماس، ئاپا! ئامان …ولساق يەنە كۆرۈشەرمىز.

ئاپتاپ ئايىم كۆز يېشىنى لوممىدە توكۇۋەتتى. ئۈنچىلىك …ۆزىنى قاتتىق تۇتقان كۈمۈشمۇ سىرىنى يوشۇرالمىدى... ئانا-…الا بىرنەچچە ۋاقىت يىغى ئىچىدە بوغۇلدى.

— قېلىشقا قالدىڭ، — دېدى ئاخىردا ئانا. — ئەمما

قېيناتا ۋە قېينانىلىرىڭغا خىزمەت قىل، ياخشىلىقنى قولۇڭدىن بەرمە، بولۇپمۇ كۈندىشىڭگە يامانلىق سېغىنمىغىن. ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ، ھەر نېمىنى بولسىمۇ ئۆزلىرى قىلىشسۇن، زادى سەن ئارىلاشما!

— مېنىڭ نېمە ئىشىم بار...

— ئەلۋەتتە ئىشىڭ بولمىسۇن... شۇنداق بىرنەسىمۇ مەن كېچىكى سۆزۈڭدىن چوچۇپ قالدىم... كۈندىشىڭنىڭ كورۈنۈشى ياۋغا ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئۆزى پەسمەق ئىكەن... بۇنداق ئادەمدىن ئەلۋەتتە ھەزەر قىلىش كېرەك! ئەگەر ئاراڭلارغا سوغاقچىلىق چۈشىدىغان بولسا، سەن ئۆچىلىشىپ يۈرمىگىن، ياخشىسى قېيناتاڭغا ئۆزەڭ ئېيتىپ، بۇ ئۆيدىن كېتىش ھەركىتىنى قىل! مەن بۇ توغرىدا ئېرىڭ بىلەنمۇ سۆزلىشىپ قويدۇم، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

— خۇداغا شۈكرى، قولۇڭدا خېتىڭ بار، ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەپكەنىدەك خەت - خەۋەرسىز قويما! ھەر بىر ئون بەش كۈندە خەت يېزىپ، ئېرىڭگە بەرگىن!

— ئەلۋەتتە سىزمۇ ئۇنتۇماڭ!

بىر ئاز جىم بولۇشۇپ قېلىشتى... ئاپتاپ ئايىم ئۆھ تارتىپ قويۇپ ئىنىر نەپەس ئالدى ۋە مەيۈسانە كۈمۈشكە قارىدى. كۈمۈش ئورۇنسىزلا ئانىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ ئورۇنسىز ئىشتىن ئاپتاپ ئايىم ئاچچىقلاندى:

— مېنىڭ ھالىم ساڭا كۈلكىمۇ، قىزىم؟

— ياق، — دەپ يەنە كۈلۈمسىرىدى كۈمۈش، — بىر ئىككى كۈندىن بېرى سىز ئېيتىدىغان...

— نېمە، مەن ئېيتىدىغان؟

— ئەندى...— دەپ قىزاردى كۈمۈش، — ئەگلۇم ئاينىيتى، دەپ ئېيتاتتىڭىزغۇ...

ئاپتاپ ئايىمنىڭ يۈزىدىمۇ كۈلۈمسىرەش كورۈلدى:

— توغرىمۇ؟

— بىلمىدىم...— دېدى، يەرگە قاراپ قىزاردى، — ئۆتكەن كۈندىن بېرى كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولدى... بولۇپمۇ پولو ئىسىدىن كۆڭلۈم ئاينىيدۇ... ئاچچىق نەرسىلەرنى يېگۈم كېلىدۇ...

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئاپتاپ ئايىم ۋە كۈلدى. كۈمۈش سەسكىنىپ ئۆزىچە نىمىلەرنىدۇر سوزلىدى. ئاپتاپ ئايىم ئېگىشىپ كۈمۈشنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلىدى، — بۇ سىرنى ئېرىڭدىن باشقا ھېچكىمگە بىلدۈرمىگىن. قېيىناناڭمۇ يېنىك خوتۇن، بولۇپمۇ كۈندىشىڭ سەزگۈدەك بولمىسۇن!

كۈمۈش ماقۇل ئىشارىسىنى بىلدۈردى. ئانا - بالا بىر ئورۇن سېلىپ ياتتى. ئۇزاققىچە ئاپتاپ ئايىمنىڭ پىچىر - پىچىرى نەۋرە توغرىسىدا بولۇپ قالدى. كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي "شۇنىمۇ كورەر كۈن بولامدىكىن؟" دەيتتى.

سەھەر ۋاقتىدا تۇرۇپ چاي ئىچىشتى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ھارۋا قوشۇلدى. ھارۋىغا چىقىدىغان ئۇششاق - چۈششەك توشۇلۇپ بولدى. ئاتىنىڭ تىزگىنىنى ھەسەن ئەلدە، ھارۋا يېنىدا قۇتىدار ۋە ھاجى سوزلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئاتابېك ھارۋا كەينىگە شوتىچاقنى قويدى. ھەممە خوتۇنلار يولەككە يىغىلىپ ئاپتاپ ئايىم بىر - بىرلەپ كۈزەتكۈچى خوتۇنلار بىلەن كورۇشۇپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا كۈمۈشنى باغرىغا بېسىپ يىغىلىۋەتتى. كۈمۈشمۇ ئوزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى. باشقىلارمۇ يىغىدىن نېسىۋىسىز قالمىدى.

— خۇداغا تاپشۇردۇم، كۈمۈش، قازايىم يېتىپ كورەلمەي ئولسەم، مېنىڭدىن رازى بول!

— سىزمۇ، ئاپا...

قۇتىدارمۇ كوچىدىن يولەككە كىرىپ قىزىنىڭ ماڭلىيىدىن سۆيدى:

— كورۇشكىچە، قىزىم...

— خەير، ئاتىجان!

يولەككە يۇسۇپبېك ھاجى يۈزلىنىپ ئومۇمىي دۇئاغا قول كۆتەردى. دۇئادىن كېيىن ئاتابېك تورۇق يورغىنى چىقىرىپ قۇتىدارغا تۇتتى. ئاپتاپ ئايىم يەنە بىر قېتىم قىزى بىلەن قۇچاقلاشقاندىن كېيىن، ئاتابېكنىڭ ياردىمى بىلەن يىغلىغىنىچە شوتا بىلەن ھارۋىغا چىقتى ۋە سايىۋەن ئارقىلىق ئالدىغا ئۆتتى. قۇتىدار يۇسۇپبېك ھاجى بىلەن سالاملىشىپ قۇچاقلاشقاندىن كېيىن، ئاتابېكنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ئاتقا مىندى. ئاتابېكمۇ ھارۋىغا — ئاپتاپ ئايىمنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى، ئومۇمىي "ئاللاھۇ ئەكبەر!"دىن كېيىن ھەسەن ئەلى ئاتنى يولغا سالدى.

كۈمۈش دەرۋازا يېنىغا چىققان ئىدى:

— خەير، ئانىجان! مېنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئانامنى قۇچاقلاپ قويۇڭ، دوستلىرىمغا سالام ئېيتىڭ!

— خۇداغا تاپشۇردۇم، كۈمۈش، ياخشى قېلىڭ، قۇدا!

— ياخشى بېرىڭ، بۇۋى ئاپتاپ!

— ياخشى قېلىڭ، بۇۋى زەينەپ!

— ياخشى بېرىڭ، ئاپاق ئايى!

ھارۋا كوچىدىن بۇرۇلغىچە — "ياخشى قېلىڭ، ياخشى بېرىڭ، سالام ئېيتىڭ" سۆزلىرى تەكرارلىنىپ تۇردى. ھارۋا چوڭ كوچىدىن بۇرۇلۇپ كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن، كۈمۈش ئەڭ كەينىدە قېلىپ يىغلىغىنىچە ئىچكىرىگە كىردى. ئاتابېك بىرنەچچە مەنزىلگىچە مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بېرىپ، كېيىن قايتماقچى ئىدى.

# 14

## خۇشرۇي بىبى ۋە زەينەپ

خۇشرۇي بىبى زەينەپنىڭ ئىگىچىسىدۇر. ماھىرە بانۇدىن ئىككى ئوغۇل ۋە ئىككى قىز دۇنياغا كېلىپ، تۇنجىسى ئەزىمبېك، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى خۇشرۇي، ئۈچىنچىسى كەرىمبېك ۋە تۆتىنچىسى بىزنىڭ زەينەپ ئىدى. زەينەپ ئىگىچىسى خۇشرۇيدىن يەتتە ياش چامىسىدا كىچىك ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى ئىگىچە - سىڭىل بىر قوساقتىن تالىشىپ چۈشكەن بولسىمۇ، مىجەز - خاراكتېردا تونۇپ بولالمىلىق دەرىجىدە بىر - بىرلىرىدىن پەرق قىلاتتى. سەجىيەدىلا ئەمەس، سۈرەت ۋە سىما ۋەجىدىمۇ چوڭ ئۆزگىلىكلەر بار ئىدى.

خۇشرۇي ئۇزۇن بويلۇق، قاتمىراق ۋە سېرىق تەنلىك ئىدى. زەينەپ قىسقا بوي، گوشلۇك ۋە ئاق تەنلىك ئىدى. خۇشرۇينىڭ ھەركىتى يېنىك ۋە ئاغزى تېز ئىدى. زەينەپ سىپمىز ۋە ئون سۆزگە ئارانلا بىر جاۋاپ قايتۇرىدىغان ئىدى. خۇشرۇينىڭ كۆزى ئويناپ، ھەر سېكۇنتتا ئون تەرەپكە ئالاڭلايتتى. سىڭلىسى بولسا بىراۋ بىلەن يۈزمۇ - يۈز كېلىپ سۆزلەشكىنىدىمۇ كۆزىنى ھەمىشە بىر نۇقتىدىن ئۈزمەيتتى. خۇشرۇيغا بالىلىق چېغىدىلا ئوي ئىچى ۋە خولۇم - خوشنا "شەددات" دەپ ئىسىم بەرگەن، چۈنكى ئۇ كىمدىن بولسا - بولسۇن ئېيتقىنىنى قىلدۇرماي قويمايتتى، ئەگەر بىرەر ئىش ئۇنىڭ دىتىغا تەتۈر كەلسە شاۋقۇن - سۈرەننى بېشىغا كىيىۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشرۇينىڭ رايىنى بىلمەستىن قازان ئېسىلمايتتى، ئۇنىڭغا ياقمىغان سۆزگە ئېغىز ئېچىلمايتتى، ئۇ بار جايدا قەدەممۇ سانىلىپ بېسىلاتتى.

زەينەپ ئىگىچىسىنىڭ ئەكسىچە ئۆز يېقىنلىرىدىن "پىسمىق" دەپ نام ئالغان، ئانىسى بولسا ئاچچىقى چىققاندا "مىيىلدىماي ئولگۇر" دەپ ئۇنى قاغايتتى. بولۇپمۇ تۆۋەندە ئەسلىتىپ ئۆتىدىغانلىرىمىز بۇ ئىككى ئاچا - سىڭلىنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يېتىدۇ:

ماھىرە ئايىم ھەر بىر ھېيتتىن بىرەر ئاي ئىلگىرى ئېرىگە ئېيتىپ بالىلىرىغا كىيىملىك ئالدۇراتتى. ئالدۇرغان كىيىملىك خۇشرۇيىغا ياقمىسا، دەررۇ يارىمىغىنىنى ئېيتىپ تېگىشىپ بېرىشكە دادىسىنى مەجبۇر قىلاتتى ۋە كۆڭلىدىكىنى ھاسىل قىلىپ تىنجىيتتى. ئەمما زەينەپ بولسا ئۆزىگە كەلگەن كىيىملىككە قارشى باشتا بىر نەرسە دېمەيتتى، كىيىملىك پىچىلىپ ۋە تىكىلىپ ھارپا كۈنلىرى كېلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ھۆرپىيىپ ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەي قوياتتى. ماھىرە ئايىم قىزىنىڭ بىرەر ئىشتىن نارازىلىقىنى بايقاپ، "مىيىلداق، پىسمىق، ئولگۇر، يەنە نېمە جىن ئۇردى سېنى؟" — دەپ سورىغىنىدا، زەينەپ قاپاق - تۇمشۇقىنى سېلىپ بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ بەرمەيتتى. ئاخىرى ئەتە ھېيت دېگەن كۈنى زەينەپنىڭ ھۆرپىيىشى يىغا بىلەن ئالمىشاتتى ۋە يىغا ئارىلاش مەقسەت ئېچىلسىمۇ، كۆپىنچە نەتىجىسىز قالاتتى. بىرەر جايغا مېھماندارچىلىق ئۈچۈن بارىدىغان بولسا، خۇشرۇي ھەممىدىن ئىلگىرى ئېلان قىلاتتى: "مەنمۇ بارىمەن!" ئەلۋەتتە ئۇنى قالدۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئەمدى ھېچكىمدە ھەق يوق. ئىككىنچى ۋاقىتتا: "مەن بارمايمەن!" بۇ ھالدا ئۇنى بىر قەدەم سىلجىتسۇنچۇ! ئەمما زەينەپ ئانىسى بىلەن يەڭگىسى ھەنىپە بىر جايغا ئاتلىنىدىغان بولسا، "بارىمەن، بارمايمەن" دېمەيتتى، ئۇلارمۇ يىغلىمىغان بالىغا سۈت بەرمەيدىغان خىلىدىن بولۇپ ئۈنچىقىشمايتتى ۋە مېھماندارچىلىققا كېتەتتى. كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىشسە بىر بۇرجەكتە زەينەپ يىغلاپ ئولتۇرغان بولاتتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟

— ئىمىشقا مېنى بىللە ئېلىپ كەتمىدىڭىز...

زەينەپنىڭ شۇ پەيلى بالاغەتكە يېتىپ، ئەرگە تەگكىنىدىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمىدى.

ئاتابېكنىڭ زەينەپكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوقۇغۇچىغا ئەلۋەتتە سۆزلىگۈچىلىكى يوق. ئېرى ئۆلگەنگە ئايلاپ، يىللاپ قارىماستىن قويغىنىدىمۇ ئۇ ئېھ، دەپ ئاۋاز چىقارمىدى. ئاتابېكنىڭ بۇ ھالغا قارشى چىققان ۋە زەينەپنى يولىيورۇقتا سالىدىغان يەنە شۇ پەقەت ئۆزبېك ئايىم بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئىززەتلىك ئوقۇغۇچىمىزغا بىر قەدەر مەلۇم بولسا كېرەك. سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقار دىگەندەك، ئۆزبېك ئايىمنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى تەشۋىقاتلىرىدىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىدىن پەقەت "كېلىنلىك" مەجبۇرىيىتى ئاستىدا قوبۇل قىلىناتتى، مەسىلەن، قېينانا — "پالانچى موللىغا بېرىپ بۇنىداق قىل، زەينەپ!" دەپ بۇيرۇمىغىچە ئورنىدىن قوزغالمايتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېرىنىڭ تاشلاپ قويۇشى توغرىسىدا ئانىسى، ئىگىچىسى ۋە باشقا يېقىنلىرىغا غىڭ قىلىپ ئېغىز ئاچمايتتى. زەينەپنىڭ بۇ ھالغا ھۆكمىن — "ئېرىنىڭ قاراش ۋە قارىماسلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرقسىز ئىدى" دەپ ئېيتىش، ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ. چۈنكى كۈندەشنىڭ تاشكەنتكە كېلىش خەۋىرىنى ئاڭلىغان زەينەپنى بىز يۇقۇرىدا ئاتابېك قۇچىقىغا تاشلانغان ھالدا كۆرۈۋىدۇق. خۇلاسە زەينەپنىڭ باللىق ۋاقتى بىلەن ھازىرقى ھالىنى سېلىشتۇرۇپ قارىساق كۆرىمىز: ياش زەينەپ بىر ئاي ئىلگىرى تېكىلىپ قويۇلغان كېيىمنىڭ ئۆزىگە ياقمىغىنىنى پەقەت ھارپا كۈنى ئېيتىپ يىغلايدۇ، بۈگۈنكى زەينەپ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئېرىگە پەقەت كۈندىشى كېلىشتىن ئالدىن ئېلان قىلىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا ياش خۇشرۇي بىلەن ئوقۇغۇچىنى بىر دەرىجىدە تونۇشتۇرغان ئىدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ئائىلە ھاياتى بىلەنمۇ تونۇشتۇرۇشقا مەجبۇرمىز:

خۇشرۇينىڭ ئەرگە تېگىشىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش پەۋقۇلئاددە

بولغان ئىدى. دىسىلەن، ئەكسىچە قىزلىرىمىز ئاتا ـ ئانا كىمنى مۇۋاپىق كۆرسە، شۇنىڭغا تېگىشكە مەجبۇر. لېكىن خۇشرۇينىڭكى مۇنداق بولمىدى. خۇشرۇي ئون سەككىز ياشقا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەلچىلەر كېلىشكە باشلايدۇ. تەبىي، خۇشرۇينىڭ پىدىلىنى ياخشى بىلگەن ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭ رايىنى ئالماستىن تۇرۇپ بىر ئىش قىلىشتىن قورقىدۇ. ئالىم پانسادبېشىغا ماقۇل بولغان نەچچە يىگىتلەر، ماھىرە ئايىمغا ياقتان نەچچە تېگى ـ تەكتىلىك ئائىلىلەر خۇشرۇي تەرىپىدىن رەت قىلىنىۋەردى. "پالانچىنىڭ ئوغلىمۇ؟" دەپ سورايدۇ خۇشرۇي ۋە ئانىسىدىن جاۋاپ كۈتمەي: "خۇدا كۆتەرسۇن ئەرنى! شۇنىڭغا تەككىنىمدىن كۆرە، قارا يەرگە تەككىنىم ياخشى!" دەيدۇ. بىرنەچچە ۋاقىت شۇ يوسۇندا خۇشرۇينىڭ رايىغا قاراپ ئەر ـ خوتۇن زېرىكىشىدۇ ـ دە، ئۇزلىرىچە بىر جايغا قۇدىلاشماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى بىلگەن خۇشرۇي باشتا بۇنىڭغا قارشى بىر نەرسە دىمەيدۇ. ئەمما ئۇزۇل-كېسىل پاتىھە ئوقۇپ، قۇدىلىشىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كەلگەن ئەلچى ۋە قۇدا خوتۇنلارنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىپ يۈزىگە ئېيتىدۇ: "تېخى مەن ئەرسىرەپ قالغىنىم يوق، پاتىھە ئوقۇپ تەشۋىش چەكمەي ئۆيلىرىڭلارغا كېتىۋېرىڭلار!" ماھىرە ئايىم بۇ يۈزسىزلىكتىن يەر يېرىلسا يەرگە كىرگۈدەك بولىدۇ. ئەلچىلەر بولسا بۇنداق ئۇياتسىز قىزدىن ئەلھەزەر ئوقۇشۇپ كېتىشىدۇ. ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇنىڭغا قارشى چارىلىرى قاغىش ۋە رەنجىشتىن نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئاغىسى ئەزىمبېگىنىڭ خۇشرۇي ئۈستىگە كۆتەرگەن مۇشتىمۇ "نىمىشقا مېنى ئۇرىسىز، مەن پالانىلىق قىلدىممۇ؟" دىگەن ھەقلىق سوز بىلەن دەرمانسىزلىنىدۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلىدۇ، خۇشرۇي ئۈچۈن ھېچكىم ئېغىز سالماي قويىدۇ، چۈنكى بايىقى ئەلچىلەر بۇ ۋەقەلەردە مۇئامىلىنى كورۇنگەن بىراۋغا داستان قىلىپ ئوقۇشىدۇ. ماھىرە ئايىم تەنگە تىل ئاچىدۇ: "ئەمدى دۇنيادىن ئەرسىز ئۆتسەن، قىزىم!" لېكىن خۇشرۇي تېخىچە ھېچنى چۈشۈر-

مەيدۇ: ئەر قورۇپ كەتمىگەندۇر، خالىسام ئەتىلا ئەرگە تېگىۋالالايمەن” دەيدۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ ئەزىمبېگنىڭ يولداشلىرىدىن بولغان نۇسرەتبېك ئاتلىق بىر بېكنىڭكىدىن خوتۇن ئۈستىگە ئەلچى كېلىدۇ. ماھىرە ئايىم ئېرىدىن پىكىر سوراش ئورنىغا قىزىغا ئەرز قىلىدۇ ۋە خۇشرۇي بۇنىڭغا قالغاندا قۇلاق سالىدۇ. بۇ رازىلىقنى ئاڭلاپ ئاتىسى ۋە ئاكىسى ناھايىتى خوشال بولۇشىدۇ. چۈنكى، نۇسرەتبېك، بېكلەر ئىچىدە ئابرويلۇقراق كىشىنىڭ ئوغلى ۋە ھازىرقى تۇتۇپ تۇرغان ئىشىمۇ خېلى داڭلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خوتۇنلۇق بولغان كەچمىشىمۇ ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ. پەتىھەنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسى توي - ئىشلىرى بولۇپ، خۇشرۇينىڭ نۇسرەتبېك بىلەن چىمىلدىقتا قىلغان بىرىنچى مۇئامىلىسىدىن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەرگە تەگكىنى خوتۇنلارغا مەلۇم بولىدۇ.

خۇشرۇي چىمىلدىقتىن چىقماستىنلا چاي توشۇپ، خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كۈندىشىگە دارىتىپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلەردە كۈندىشىنىڭ ئۈستىگە توپ - توپرا ئېتىلىشقا باشلايدۇ. ھەپتە، ئون كۈن ئۆتمەستىن ئېرىنى ئۆز تەرىپىگە قارىتىۋېلىپ كۈندىشىنىڭ يېنىغا كىرگۈزمەيلا قويىدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەپتىلەردە ئوچاق بېشىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ كۈندىشىنى، ئىككى ياش بالىسى بىلەن تاماق تەرىپىدىنمۇ سىقىشقا باشلايدۇ. نۇسرەتبېك بولسا كوچىغا چىققاندا بېكلىك دەۋاسىنى قىلىپ، ئۆيگە كىرگەندە خۇشرۇي بېكىكە بېقىندى بولىدۇ! بىچارە چوڭ خوتۇن خۇشرۇينىڭ دائىمىي ھۇجۇمىغا مەھكۇم قىلىنىپ، ئېرىدىن ھېچبولمىسا ئىككى گۆدەك يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ مەرھەمەت كۆرمەي ئازابلىنىدۇ. ئىككىنچى ئايلاردىن باشلاپ خۇشرۇي كۈندىشىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ئادىتىنى چىقىرىدۇ ۋە ئورۇم - ئورۇم كۈندەش چېچىنى تۇتالاپ يۇلۇۋېلىشتىنمۇ تارتىنمايدۇ.

پۈتۈنلەي جىنسىدىن تويغان بىچارە كۈندەش ئۈچىنچى ئايغا چىداپ بارالماي ئېرىدىن تالاق سورايدۇ، نائىلاج نۇسرەتبېكمۇ ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، رەنجىتىلگەن بىچارە ئىككى گودەكنى ئېرىگە تاشلاپ كەتمەكچى بولغىنىدا، خۇشرۇيىدىن ئاشكارىلا مانا بۇ گەپنى ئاڭلايدۇ: "ئىتتىن بولغان قۇربانلىقتا يارىماس! بالىلىرىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگەن بولساڭ، كۈچۈكلىرىڭنى بۇ ئۆيدە قالدۇرغىن!" خۇشرۇينىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ تەھدىت بىچارە ئانىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتىدۇ. دەرھەقىقەت، خۇشرۇينىڭ بۇ ئىشتىنمۇ تايماسلىقىنى ئېنىق بىلىپ، يىغلاپ-يىغلاپ بالىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ.

خۇشرۇي ئۈچ ئاي ئىچىدە تومۇر يېپىپ قالغان بىر ئائىلىنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ تاشلاپ تىنچىيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نۇسرەتبېككە ئوخشاش بىر ئادەمنىمۇ ئۆز ئىشارىتىگە قارىتىدۇ.

ئەمدى يەتتە-سەككىز يىل بولدى، ئۇ ئۆز كەيپىچە ياشاپ كېلىدۇ. ھەر نەرسىدىنمۇ مەمنۇن، بىراق، شۇنچىلىك ۋاقىتتىن بېرى ئانا بولالمىغىنىدىن خاپا، ھەممە قايغۇ-ھەسرىتى ئەنە شۇ تۇغماسلىقتا. بۇنىڭدىن ئىككى يىلچە بۇرۇن ئېرى نۇسرەتبېك: "ئالتە يىلدىن بېرى تۇغمايسەن، كورسەتمىگەن تىۋىپىڭ قالمىدى. ئەمدى نىمە قىلىمىز؟" دەپ كۈلگەن ئىدى، خۇشرۇي ئېرىنىڭ مەقسىدى نىمە ئىكەنلىكىنى بايقاپ: "بالىسىز كىشى دۇنيادا تۇرالمايدىغان بولسا، بىرئاز زەھەرنى ئاۋال سىزگە بېرىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەم يەيمەن!" دىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇسرەتبېك بۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلماي قويدى. ھەقىقەتەن، خۇشرۇينىڭ بۇ سوزىنى چاخچاق دەپ بولمايتتى.

## 15

# ئېسىنى كىرگۈزدى

"كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جاڭجال!" دېيىشكەن ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇنى ئېيتقان كىشى ئويلىماستىن ۋە بىلمەستىن ئېيتمىغاندۇر. ھەرھالدا ھەركۈنى جاڭجال بولمىغاندىمۇ ھەپتىدە، ئون كۈندە بىر توپىلاڭ چىقمىسا، ئەلۋەتتە كۈندەشنى كۈندەش، دەپ بولمايدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، بىزنىڭ بەزىبىر كۈندەشسىز، كەم-كۈتىسىز ئائىلىلەردىمۇ ئىككى، ئۈچ كۈندە قوشۇق-تاۋاق سۇنۇپ، تەڭنە يېڭىلانغىنىنى ھەر قايسىمىز بىلىمىز، بەس، ئەمدى كۈندەشلىك ئائىلىلىرىمىزگە كەلسەك، ئەلۋەتتە يۇقۇرىدىكى "كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جاڭجال!" ماقالنى توغرىغا، راستقا چىقارماستىن چارە يوق.

مەن — يازغۇچى، ئۆتكەن كۈنلەر ھېكايىلىرىنى ئاتام مەرھۇمدىن نەچچە قېتىملاپ ئاڭلىسامۇ زېرىكمەيتتىم، پەقەت بىر جايىلا مېنى زېرىكتۈرەتتى. بۈگۈن مەن شۇ «ئۆتكەن كۈنلەر» نى قەلەمگە ئالغىنىمدىمۇ شۇ ئۆزەمنى زېرىكتۈرگەن يېرىنى تاشلاپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. دەرھەقىقەت، ئۆز ئارىمىزدا كۈندەش جاڭجىلىنى كىم بىلمىسۇن؟ ئەرزىمىگەن گەپ ئۈستىدە دۇنيا بۇزغان كۈندەش-توپىلاڭلىرى كىمنىڭ قۇلىقىغا ياقسۇن؟ ئوقۇغۇچىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئايىغىنىمدەك، قەلەمنىمۇ بۇ غىدىق-پىدىقتىن ئازات قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مېنى كەچۈرسىلەر.

زەينەپ خاپىلىقى ئاشقان چاغلاردا قېرىنداش ئۇرۇقلىرىنىڭكىگە بېرىپ چېكىنىشنى يېشەتتى. ئۈچ-تۆت ئاينىڭ ئىچىدە ئىككى مەرتىۋە ئىگىچىسى خۇشرۇينىڭكىدىمۇ مېھمان بولۇپ كەتتى. ئەمما!

هازىرقىسى ئۈچىنچى مەرتىۋە كېلىشى ئىدى.

— سېنى قانداق شامال ئۇچۇردى! — دەپ خۇشرۇي سىڭلى-
سىنى قارشى ئالدى.

سۇنبۇلە ئېيىنىڭ يېقىملىق سالقىن ھاۋاسىغا قارىماستىن
زەينەپ مارجان - مارجان تەرلىگەن ئىدى.

— ئەمىشقا بۇنچىلىك ئۇزەككىنى ئالدۇرۇپ قويدۇڭ، زەينەپ!
ئۆيۈڭدىن تېچمۇ سەن، ئېرىڭ ئامان - ئېسەن تۇرۇپتىمۇ؟

— قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى زەينەپ ۋە كوزىگە ياش ئالدى.
خۇشرۇي ئېچىنىش ئورنىغا كۈلدى.

— كەل، ئايۋانغا چىق، — دېدى، — ئانامنىڭكىدىمۇ؟

— ياق.

— ئۆيۈڭدىن كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە.

خۇشرۇي سىڭلىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ دېدەككە چاي بۇيرۇدى،
پاتەھەدىن كېيىن، "ئاكام ئامان - ئېسەنمۇ؟" دەپ سورىغان
سىڭلىسىغا:

— ئاكاڭ ئولسۇن! — دەپ ئاچچىقلاندى خۇشرۇي، —
نەجىمىدىنبېك دىگەنىنىڭ دالىسىغا كەتكەن ئىدى. توت كۈندىن
بېرى دام - دېرەكسىز، ئولدىمۇ - قالدىمۇ، بىلمەيمەن!

زەينەپ ئۈچ - توت ئاينىڭ ئىچىدە كىشى تونۇمىغۇدەك ھالغا
چۈشكەن ئىدى. ئاۋالقى تولۇقلىغىنىنىڭ يېرىمىسىنى يوقاتقاندەك،
رەڭگىگە قېرى تۈس كىرگەن. كوز ھەركىتىدىمۇ بىر بىسارەمجانلىق
پەيدا بولۇپ ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ھەر دائىم ئۈنىڭدا كورۇلگەن
"ئېغىرلىق" نىڭ ئورنىغا ئەسەبىلىككە يېقىن بىر ۋەزىيەت ئورناش-
قاندەك ئىدى. زەينەپ ئىگىچىسىنىڭ ھىلىقى گېپىگە نارازى-
لىق بىلدۇردى.

— نا شۈكۈر ئىكەنسىز، ئاچا، — دېدى، — ئاكامدىن
نالىشىڭىز ياخشى ئەمەس، سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا مېنىڭ كۈنۈمنى
سالسا نىمە قىلاتتىڭىز؟

— مەنمۇ زەينەپ بولسام، ئەلۋەتتە سالاتتى، — دەپ كۈلدى خۇشرۇي، — ماڭا قالسا، ھەر كىم ئۆز نەپسىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى ئۆزى تەييارلايدۇ!...

— توۋا دەڭ، ئاچا!

— مەن شۇ چاققىچە، — دېدى خۇشرۇي، — بەندىسىگە باش ئېگىشنى ۋە بەندىسى ئالدىدا توۋا قىلىشنى ئار بىلدىم، ۋە شۇ ئارلىنىشىم نەتىجىسىدە ھەر كىمنىڭ بېشىدا يۈردۈم...

— چوڭ گەپ قىلماڭ!

— چوڭ گەپ قىلسام، قىلمىسام، — دېدى خۇشرۇي، — مېنىڭ پەيلىم ھەر كىمگە مەلۇم ۋە ھەممىدىنمۇ ساڭا ئوچۇقراق!... قويغىنا بۇ گەپلەرنى، ئۆزەڭ ئېچىمۇسەن؟

— ئېچىلغىم قۇرۇسۇن...

— دېسەڭ، دېمىسەڭمۇ، — دېدى ئاچىسى، — ئەلۋەتتە ئېچىلىشىڭ قۇرۇسۇن!

— قۇرۇتقان قۇرۇسۇن...

سېنىڭ ئېچىلغىڭنى ھېچكىم قۇرۇتقىنى يوق، زەينەپ! ھەممە جەۋرىنى ئۆزەڭگە - ئۆزەڭ قىلىۋاتىسەن!

— ھەمىشە شۇ گەپنى ئېيتىسىز، — دەپ خاپا بولدى زەينەپ، — دۇنيادا كىم ئۆزىگە جەۋرىنى خالايدۇ؟

— سەن ۋە ساڭا ئوخشىغانلار!

— خۇدا ئۇرار...

— ئېيتساڭ، ئېيتمىساڭ خۇدا ئۇرۇپ قويۇپتۇ!

— مەن شۇنداق كۈنلەرگە قالاي دېدىمۇ؟

— دېدىڭ!

زەينەپ ئاچىسىنىڭ ئىستىھزالىق يۈزىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىغا چۈشىنەلمىدى:

— دېگەن بولسام ئېيتىڭ...

— سەن مېنىڭ قانداق قىلىپ ئەرگە تەگكىنىمنى بىلەمسەن؟

— بىلمەن...

— بىلسەڭ بىلگىنىڭچە تۇر، — دېدى خۇشرۇي، — ئەمدى سېنىڭ ئەرگە تېگىشىڭگە كېلەيلى: ئەلۋەتتە تاناللىماسسەن، سېنىڭ ئەر قىلىشتا تېرىقچىلىك ئىختىيارىڭ ۋە رازىلىقىڭ يوق ئىدى. ئېھتىمال ئىختىيار نېمە، ئارزۇ نېمە ئۇنىڭغۇ بايقىمايتتىڭ. بەلكى ئىختىيار ۋە ئارزۇلىرىڭمۇ بوغۇلغاندۇر، بىراق ئۇنى ھېچكىم مەيداندا كۆرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تېزگىنىڭ ئانام بىلەن دادامنىڭ قولىدا، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ توگىگە ئارتقان يۈكى، كىمگە ساتسا، قەيەرگە ماڭغۇزسا، ئىختىيارسىز ئىدىڭ... يادىڭدىمۇ، نىكا كۈنۈم مەن كۆلۈپ، چاخچاق بىلەن ھارۋىغا چۈشتۈم، سەن بولساڭ ئۆيدىن يىغلاپ چىقتىڭ ۋە ئېرىڭنىڭكىگە يىغلاپ باردىڭ... ياخشى، ئېرىڭ ساڭا ياقتى، ئەمما ئېرىڭ پەقەت ساڭا ياققان بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدىغىنىنى يەنە كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمىدىڭ، ئېرىڭ سېنى تاشلاپ قويدى، سەن نېمىڭ قىلمىدىڭ، ئىستىقبالىڭ توغرىسىدا ئويلىمىدىڭ... پەقەت غەلۋۇر سۇدىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، سەن ئۆزەڭنى ھەر تەرەپكە تاشلاشقا باشلىدىڭ... لېكىن ئەمدى مېڭ تاۋلانساڭمۇ نەتىجە ئۆزەڭنىڭ پېشانەڭدە، — بىرلا: سېنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر ئۆلۈم ياكى شۇ ئۆيدىن بېشىڭنى ئېلىپ چىقىش!

خۇشرۇينىڭ رەھىمسىز مۇھاكىمىسىدىن ئاققان بۇ ھەقىقەتلەر زەينەپنى يىغلاتتى.

— مەن شۇنداق بولار، دەپ ئويلىمىغان ئىدىم...

— سەن ئويلاشنى بىلەمتىڭمۇ؟ — دەپ كۈلدى خۇشرۇي.

— بىراۋ ئۆلەي دېسە، سىز كۈلىسىز!

— مەن يىغلاشنى بىلمەيمەن: كىشىلەر يىغلىغاندا، مېنىڭ كۈلگۈم قىستايدۇ.

— مېنىڭ ئورنۇمدا بولسىڭىز، سىزمۇ يىغىدىن باش كۆتۈرمەيتتىڭىز...

— سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام بىلەمسەن، نېمە قىلاتتىم، زەينەپ، — دېدى خۇشرۇي، — دۇنيانى ئاستىن - ئۈستۈن

قىلاتتىم، بىر تاەچە يېشمىنى يۈز تاەچە زەھەر بىلەن قوشۇپ تاشلايتتىم!

زەينەپ كېيىنكى گەپ بىلەن ئىنگچىسىنىڭ يۈزىگە كوتىرىلىپ قارىدى. ۋە خۇشرۇينىڭ يۈزىدە زالىمانە بىر ئىستىھزا كوردى.

— ياخشى، — دىدى زەينەپ بىر سوغۇق تاۋۇشتا، — ھەممە دوستلىرىڭىز سىزگە دۈشمەن بولسۇن، ئۈچ يىلدىن بىرى سىزنىڭ سوزىڭىزنى ئېيتىپ يېنىڭىزدا كەلگەن قېيناناڭىزمۇ دۈشمىنىڭىز تەرىپىگە ئوتسە، ھەتتا سىزنى تۇققان ئاتا - ئاناڭىزمۇ "سەۋر قىل، بالام!" دەپ قۇرۇق سوز قىلىپ ئولتۇرسا... شۇ ئەھۋالدا سىز يىغلىماي نىمە قىلاتتىڭىز؟

خۇشرۇي پېتىنى بۇزماي يەنە كۇلدى.

— دۈشمەن ئوزى نىمە دىگەن سوز؟ — دىدى، — مەن ساڭا بايىمۇ ئېيتتىم: كىشىنىڭ دۇنيادا دوستى يوق، بەلكى نەپسىگە ئوزى دوست؛ كىشىنىڭ دۇنيادا دۈشمىنى يوق، بەلكى نەپسىگە ئوزى دۈشمەن! مەسىلەن سەن ئوزەڭ: ئاتاڭغا، ئاناڭغا دوستۇم دەپ ئىشىنىدىڭ، بىراق ئۇلاردىن نىمە ياخشىلىق كوردۇڭ؟ بۇ كۈن ئۇلارنىڭ "سەۋر قىل، بالام!" دەپ بەرگەن مەسلىھەتلىرى سېنىڭ يارائىڭغا مەلھەم بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ. باشتىلا ئېرىڭ ساڭا قارىماي قويدى. ئەمما سەن قېيناناڭنىڭ ۋەدىسىگە ۋە يەنە نىمىسىگىدۇر ئىشەندىڭ... ئوزەڭ ئويلا، بالىنى ئانا تۇغىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇھەببەتنىمۇ ئانا تۇغۇپ بېرەمدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ مۇمكىن ئەمەس، سەن بىچارە شۇنىڭغىمۇ ئىشەندىڭ. ئەمدى ئىش نىمىدە؟ ئاتاڭ ساڭا سەۋىر يىگۈزىدۇ، قېيناناڭ بولسا كۈندەشىڭ دۇئاسىدا... سەن بولساڭ يىغى قۇچىغىدا...

— ئوزەمنى سىزدىن چاقتۇرۇشقا كەلگىنىم يوق، — دىدى يىغلىغىنچە زەينەپ، — ئوز ئويۇمدىمۇ تەگىنى چاقىدىغان گەزەندىلىرىم بار... مېنىڭ كويگەن جېنىمغا سىزمۇ ئوت ياقماستىن، ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە، بۇ كويۈپ تۇرغان سىڭلىڭىزنى تىنجىتىڭ!

— سەن ھېچقاچان تېچلىنالمايسەن...
— ھەر نېمىگىمۇ ئەقلىڭىز يېتىدۇ... ھېچ بولمىسا بۇ بەختسىز سىڭلىڭىز ئۈچۈن بىرەر قېتىملا باش ئاغرىتىسىڭىزچۇ... ئۈستۈمگە شۇ بالا كەلگەندىن بېرى ئىشىڭىزگە نەچچە قېتىم كىلىپ قۇرۇق ياندىم، ئەمدى سىزمۇ...
خۇشرۇي بىر ئاز زەينەپنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:
— مېنىڭ مەسلىھەتىمگە ماقامسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئورۇنلۇق بولسا نېمىشقا ماقماي!
— ماقسالىڭ، — دېدى خۇشرۇي، — چىق ئېرىڭدىن!
زەينەپ ھوڭرىۋەتتى.
— ئۇزەممۇ شۇنداق دەرسىز، دەپ تۇرغان ئىدىم...
خۇشرۇي:
— نېمىشقا دىگەندە، سېنىڭ دەردىڭنىڭ داۋاسى، ماقا قالسا پەقەت شۇ!
— قانداق قىلىپ چىقاي، ئەمدى...
— ئەردىن چىققانلار قانداق قىلسا، سەنمۇ شۇنداق قىلسەن!
زەينەپ جاۋاپ بەرمەدى. دېدەك ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىپ چاي ئەكەلدى، خۇشرۇي خىزمەتچىسىنى ئۇچاق بېشى ئىشلىرىغا بۇيرۇپ چاينى ئوزى قۇيدى.
— داستىخانغا قارا، زەينەپ!
— ئىشتىيىم بوغۇلدى...
— مېنىڭ ئېيتقىنىمنى قىلساڭ ئىشتىيىڭمۇ ئېچىلىدۇ.
— ئېرىم... ئېرىمنى قانداق كوزۇم قىيسۇن!
— جاۋاپ سورىساڭ، — دېدى كۈلۈپ خۇشرۇي، — سېنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئېرىڭنىڭ كوزى قىيامدۇ؟
— بىلمەيمەن...
— ياخشى بىلىسەن ئەلۋەتتە، قىيىدۇ! ئەمما سەن ئەخمەق، يوتقىنىڭغا قاراپ پۇت سۇزۇشنى، چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىشىنى بىلمەيسەن!

— قول سېلىپ، كېتىۋەر دەمسىز؟

— چۈنكى شۇنىڭدىن باشقا چارە يوق!

— سەن ھەسرەتتە ئۆل، كۈندىشىڭنىڭ يايراپ-ياشىسۇن — شۇمۇ مەقسىتىڭىز؟

— ھازىر ھەسرەتتە ئەمەسمۇ سەن، كۈندىشىڭ يايرىمامدۇ؟

— بولدى، — دېدى زەينەپ، — لېكىن ھەر قەدەمدە ئۇنىڭ ھوزۇرىنى بۇزىمەن، بىر چوقۇپ، ئون قارىتىمەن،

خۇشروي كۈلدى:

— بۇنىڭدىن نېمە چىقىدۇ؟

— ئىشقىلىپ كەلگىنىدىنى تىنجىتمايمەن.

— سەن تىنجىتمىساڭ، — دېدى خۇشروي، — باشقىلار سېنى تىنجىتار...

— ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— يەنە راھىتىنى بۇزۇۋەرسەڭ، ئېرىڭ سېنى تىنجىتىدۇ!...

زەينەپ بۇ ھەقىقەت ئالدىدا ئوڭۇلۇپ قالدى. خۇشروي ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك كۆزلىرى بىلەن سىڭلىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئارىسىدا "قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ؟" دېگەندەك بولاتتى. زەينەپنىڭ رەڭگى شۇ چاقىقچە كۆرۈلمىگەن يوسۇندا ئۆزگىرىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر تىنماي ئېقىپ تۇرغان كۆز يېشىمۇ قۇرىدى ۋە ئاۋازىدىمۇ ھېلىقىچە ئاڭلانمىغان كەسكىن بىر ئاھاڭ بار ئىدى:

— ئېسىمنى كىرگۈزدىڭىز ئاچا، رەھمەت سىزگە!

— رەھمىتىڭنى ماڭا ئېيتما، — دېدى خۇشروي، — ئىشەنسەڭ يۈرىكىڭگە ئېيتارسەن...

16

# ئاي كۈنى يېقىن ئىدى

كۈمۈشنىڭ ئاي كۈنى يېقىن ئىدى. نەۋرىلىك بولىدىغان ئۆزبېك ئايىمنىڭ ئىشى بېشىدىن ئاشقان، كۈمۈشنىڭ ئېيى تولماستىن ئۇ بوشۇك جابدۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. كىندىك ئانا كىم بولىدۇ، بوشۇك تويىغا نەچچە ئەر، نەچچە خوتۇن ئېيتىلىدۇ ۋە كىملەر؟ مانا شۇنىڭدەك مەسىلىلەر بىلەن ئۆزبېك ئايىمنىڭ مېڭىسى ناھايىتى قاتقان ئىدى. كۈمۈشتە كۆرۈلگەن بەزى نىشانىلارغا بىنائەن نەۋرىسىنىڭ ئوغۇل بولۇشىغا شۈبھە قىلمايتتى "ئوغۇل تۇغسىن، كۈمۈش، مەنمۇ ئاتابېكنى ساڭا ئوخشاش يېنىك كۆتەرگەن ئىدىم" دەيتتى. كۈمۈش خىزمەتتىن بوشىتىلىپ بەزى ئوچاق بېشى ئىشلىرىنى زەينەپنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغىنىغا ئەمدى بىر ئايلا بولدى.

ئۆزبېك ئايىم نەۋرە مەسىلىسىدە قانچە خوشال بولسا، ئاتابېك شۇنچىلىك خاپا، چۈنكى كۈمۈشنى كۆرگەنسېرى، ئۇستا ئالىم پاجىئەسىنى خاتىرلەيتتى. يۈسۈپبېك ھاجى مەلۇم ئالدىنىشتىن كېيىن يۇرت ئىشىدىن قول سىلىكىگەن، كوپ ۋاقتىنى مېھمانخانىدا قۇرئان ۋە "دالائىل" ئوقۇپ كەچۈرەتتى، كۈندەشلەر ئارىسى بۇزۇلۇپ، ئارىدىن سوز چىققىنىنى گايىدا ئاڭلىسا ئىككىلا كېلىنىنى ئۆز ئالدىغا چاقىرغۇزۇپ ئۇلارنى قاتار ئولتۇرغۇزاتتى. ئاۋال كۈمۈشتىن خاپا بولۇپ: "ئايىم، ھەر نىمە بولسىمۇ سىز چوڭ، زەينەپ ياش، چوڭدىن كىچىككە شەپقەت لازىم، بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس!" ۋە زەينەپكە قاراپ: "بالام زەينەپ بۇۋى! سىزدىن تېخى ياشلىق ئوكتىمى كەتمىگەن، لېكىن مېنىڭ بالام بولغىنىڭىزنى سىزمۇ ئۇنتۇماڭ!" دەيتتى ۋە شۇنىڭغا

ئۇختاش يۇمشاق گەپلەردىن كېيىن ئىككىسىنى دۇئا قىلىپ بىر-بىرسىگە سالام بەردۈرەتتى "ئەنە، شۇنداق بولسۇن، ئاپپاق قىزلىرىم" دەپ كېتىشكە رۇخسەت بېرەتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۆزبېك ئايىم ئېرىنىڭ يېنىغا كىرەتتى، ھاجى بولسا خوتۇنىنى سىزلەپ: "سىز ئىككى كېلىن تۇتۇشنى بىلمەيسىز، زەينەپكە جەۋر قىلغاندەك كورۈنسىز، بولۇپمۇ زەينەپنىڭ كوڭلىگە قارىشىڭىز كېرەك، ئاتابېككىمۇ نەسىھەتىڭىز لازىم!" دەيتتى. ئۆزبېك ئايىم شۇنداق چاغلاردا كۈمۈشنىڭ يېنىنى ئېلىپ "زەينەپنى خۇدا كوتەرسۇن، ئەيىپ ئۆزىدە......" دىيىشكە باشلىسا، ھاجى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاران توختىتاتتى: "ئاستا - ئاستا، ئويات! قېيىنانا دىگەننىڭ ئادىل تۇرۇشى لازىم! زەينەپ سىز بىلەن مېنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسىمىز ئەمەسمىدى؟!"

ئەمما نەۋرە مەسىلىسىدىكى ئۆزبېك ئايىمنىڭ بەزىبىر ھەددىدىن تاشقىرى ھەركەتلىرىنىمۇ باسىدىغان يەنە ھاجى ئىدى: "زەينەپ بار، زەينەپنى ئۇنتۇدىڭىزمۇ، ئۆز كېلىنىڭىز زەينەپنى!"

بۇنىڭدىن ئون بەش كۈن ئىلگىرى كۈمۈش ئانىسىغا بىر خەت يازغان ئىدى، ئەھمىيىتىگە كورە بىز بۇ ئورۇندا كوچۈرىمىز:

ئانىجان! كۆيۈغلىڭىزنىڭ يازغانلىرىدىن تاشقىرى، مەن سىزگە شۇنىڭ بىلەن ئالتىنچى خەت يازدىم. ئەمما سىزدىن ئۈچ پارچە ۋە دادامدىن ئىككى پارچە خەت ئالدىم. بولۇپمۇ دادامنىڭ كېيىنكى خېتىدىكى قارا خەۋەر بىلەن كەڭ جاھان كوزۈمگە تارايدى. ئولۈم ھەق، ئەمما بىچارە مومام جان بېرىۋاتقىنىدا، يېنىدا تۇرۇپ دۇئاسىنى ئېلىپ قالالمىغىنىم ئۈچۈن كوپ ھەسرەت چەكتىم. بولۇپمۇ مۇساپىرچىلىقىم يامانمۇ ئەسەر قىلدى. كوز ياشلىرىم بىلەن يۈزۈمنى يۇدۇم. بۈگۈن بەش كۈندىن بېرى رەھمەتلىك مومامنىڭ ئەر-

ۋايىغا ئاتاپ قۇرئان باشلىدىم. خەتمە قىلىپ بېغىشلاي-
مەن. خۇدا مەرھۇمغا رەھمەت قىلسۇن، سىزگە سەۋرى
بەرسۇن، ئەمدى مۇساپىر قىزىڭىزنىڭ پەختىگە سىز
ئولىمەڭ، ئامىن.

يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئەلھەمدۇلىللا كۈيوغلىڭىز ۋە
قۇدىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سالامەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ
سايىلىرىدە مەن قىزىڭىزمۇ ئوينىناپ - كۈلۈپ يۈرۈپتى-
مەن. سىزنى ۋە ئاتامنى ناھايىتى سېغىندىم، ئەگەردە
ئېغىر ئاياق بولمىسام ئىدى، قىش بولۇشقا قاردىماستىن
مەرغىلانغا ماڭاتتىم. قۇدىڭىز قېيناتامنىڭ سوزىگە قار-
غاندا، كەلگۈسى ئايغا كوزۇم يورۇغۇدەكمىش. قۇدىڭىز
مېنى يە يەرگە ۋە يە ئاسمانغا ئىشەنمەيدۇ، ئون بەش
كۈندىن بېرى قولۇمنى سوغ سۇغىمۇ تەككۈزدۈرمەي
قويدى. ئوزى گويا تويغا تەييارلانغاندەك بوشۇك يا-
ساپ، ئۈستى - ۋاش تىكىپ يۈرۈپتۇ... مېنىڭ بولسا
يۈرىگىمدە نىمە ئۈچۈندۇر بىر قورقۇنچ بار... ئوتكەن
خەتلىرىمدە كۈندىشىم بىلەن مۇرەسسەيىمىز كېلىشمەي
تۇرغىنىنى كۈلكىلىك يوسۇندا يازغان ئىدىم. ھەقىقە-
تەن بولسا، ئارىمىز ناھايىتى بۇزۇلغان، مەنمۇ شۇ ۋا-
قىتلاردا چىن كۈندەشلىك تونىنى كىيگەن ئىدىم. زەي-
نەپنىڭ تۈگمەس خۇسۇمىتى بولسا بولۇپمۇ مېنىڭ ئىك-
كى قاتلىغىم ئاشكارا بولغاندىن كېيىن باشلاندى. سىز-
نىڭ بېشىڭىزدىن كۈندەشلىك قىيىنچىلىقلىرى ئوتمىگەن
بولسىمۇ چۈشەنسىڭىز كېرەك. بىز ئىككىمىز، ئەگەر قو-
يۇۋەتسە گويا بىر - بىرىمىزنى يەپ ئىچمەكچى ئىدۇق،
بۇ كۈنلەردىكى ھالىمدىن ئوزەمگە ئەمدى ھساپ بې-
رىشكىمۇ ئىزا تارتىمەن... ھىلىمۇ ياخشى، بىزنىڭ ماجرا-
لاردىن قېيناتام ناھايىتى ئاز خەۋەردار بولدى.
شۇنداق بولسىمۇ بۇ جاڭجاللار گايىدا ئۇنىڭ قۇلىغى-

غا يېتىپ قالاتتى ۋە بىز ئىككى دۈشمەن ئۇنىڭ ئال-
دىغا چاقىرىلىپ نەسىھەتنى ئاڭلايتتۇق ۋە لېكىن يەنە
يامانلىغىمىزنى قويمايتتۇق. سىز رەنجىسىڭىزمۇ ئېيتاي:
قېيناتامنى ئۆز دادامدىنمۇ ياخشى كورىمەن. بۇ ياخ-
شى كورۇشۇم كۈيوغلىڭىزنىڭ دادىسى بولغىنى ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نۇر ئىچىگە چۆمۈلگەنىدەك بو-
لۇپ كورۇنگەن سىماسىنى، ئايىم، دەپ خىتاب قىلغان-
دىكى مۇلايىم، ئازارسىز ۋە تەسىر سوزىنى ياخشى كو-
رىمەن. ئۇ نەسىھەت ئۈچۈن ئېغىز ئاچسا ۋۇجۇدۇم ئېرىپ
كەتكەندەك ۋە بىر تۈرلۈك ئۇخلاپ ھوزۇر قىلغاندەك
بولۇمەن، قىسقىسى، زەينەپ بىلەن جاڭجاللىشىشنىڭ ئو-
زى بىر ھوزۇر ۋە جاڭجالدىن بوشىغاندىن كېيىن، قېي-
ناتامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ نەسىھەت ئاڭلاش ئۇنىڭ-
دىنمۇ ھوزۇر... سىز مېنىڭ ساراڭدەك سوزلىرىمدىن
ئاچچىقلانماڭ، ئەگەر بۇ گېپىمنىڭ توغرىلىغىنى بىلمەك-
چى بولسىڭىز، تاشكەنتكە كەلگىنىڭىزدە قېيناتامنىڭ
نەسىھىتىنى ئۆز قۇلىغىڭىز بىلەن ئاڭلاڭ — دە، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن سوزۇمگە باھا بېرىڭ!

شۇ تەرىقىدە زەينەپ بىلەن كوپ ئېلىشتۇق، بۇ ئىت-
مۇشۇكلۇكتىن بىز زېرىكمىسەكمۇ، كۈيوغلىڭىزنى جېنى-
دىن جاق تويغۇزۇۋەتتۇق. بۇنىڭدىن بىرمۇنچە ئىلگىرى
ئۇ بىز ئىككى كۈندەشنىڭ ئۆزىمىزگە "ئەگەر شۇ ھال-
دا داۋام قىلىشۇەرسەڭلار ئىككىڭلارغىمۇ باراۋەر جاۋاپ
بېرىپ قوتۇلىمەن!" دېدى. ئۇنىڭ بۇ تەھدىدى ئىكك-
مىزگە ئەمەس، بەلكى بىرىمىزگىلا خاس ئىدى. مەن
بۇ تەھدىتتىن ئەلۋەتتە قورقمىدىم، ئەمما "زەينەپ چۈ-
شىنىپ قالمىسا ياخشى ئىدى" دەپ قورقتۇم. ھەقىقەتەن-
مۇ نەتىجە مەن قورققانچە بولدى. زەينەپ بۇ تەھدىت-
تىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قېيدىغانىدەك قىلىپ كې-

تىپ قالدى. ئۇلاردىمۇ خېلىلا ئوبدان دەككە يېگەن
بولسا كېرەك، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يۇۋاشقىنا بو-
لۇپ قايتىپ كەلدى. ئەمدى شۇ ۋەقەدىن ئىككى ئاي
چامىسى دىگۈدەك ۋاقىت ئۆتتى ۋە لېكىن ئارىمىزدىن
جاڭجال چىقمىدى. مەن قەستەن بەزىدە گەپلەرنى تە-
تۈرلۈككە ئېلىپ كورسەممۇ، ئۇ غىڭ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ
بۇ هالى بولسا مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئەمەس، ئۇ يەنە
كوپ ۋاقىتقىچە بىزنىڭ ئارىمىزدا تىكەن بولماقچى...
كېلىۋاتقان ئايدىن ناهايىتى يۈرىكىم چوچۇيدۇ...
كېچىلىرى ئاسمانغا قاراپ كېلەر ئاي شۇ كۈنلەردە يو-
رۇق دۇنيادا بارمەنمۇ، يوقمەنمۇ دەيمەن... ئايىشە مو-
مام مەرهۇم بولمىغاندا، شۇ ئاي ئىچىدە ئوزىڭىز تاش-
كەنتكە يېتىپ كېلەتتىڭىز. هازا هەر دائىم تېپىلىدۇ
دىسىڭىز قىزىڭىزنىڭ كوڭلى ئۈچۈن هىلىمۇ كەلگىنىڭىز
ياخشى. دادامغا مېنىڭ ئەرزىمنى ئېيتىسىڭىز ئەلۋەتتە
قايتۇرماس. مېنىڭدىن دادامغا چەكسىز سالام. كېلەر ئاي-
دىن قورقىمەن... كورۇشەلمىسەك مېنىڭدىن رازى بو-
لۇڭ، دادام ۋە باشقا يار - دوستلارمۇ. كۈمۈش يازدىم.
تاشكەنت 1269 - يىل، 1 قەۋس ئېيىدا"
كۈمۈش ئوز خېتىدە يازغىنىدەك، دەرهەقىقەت، زەينەپ شۇ كې-
يىنكى كۈنلەردە يۇۋاش بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇن ئېغىز سوزگە
بىر ئېغىز سوز قايتۇرمايتتى، تېچقىنا، مۇلايىمغىنا، يەنى بۇنىڭ-
دىن بىر يىل بۇرۇنقىدەك ئىدى. قېينانا تەرىپىدىن — "ئاپپاك-
نىنىڭ كوزى يورۇيدىغان ۋاقىت يېقىنلاشتى. ئوچاق بېشى ئىشلى-
رىنى ئەمدى ئوز قولۇڭغا ئال!" — دەپ قىلىنغان تەكلىۋنى مەم-
نۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، هەتتا ئايىداق ئانىسىمۇ ئوچاق
بېشى ئىشلىرىدىن خالاس قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت
هويلا سۈپۈرۈش، ئوي يىغىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق
ئىشلارنىلا قالدۇرغان ئىدى. زەينەپنىڭ بۇ ئوزگىرىشى پەقەت

ھېلىقى تەرەپ بىلەنلا قالماستىن، ئېرى توغرىسىدىمۇ شۇنداق ئىدى. ئاتابېك ئۆزىنىڭ يېنىغا كىرسە - كىردىڭمۇ دېمەيتتى، ۋە كىرمىسە - كىرمىدىڭ دېمەيتتى. ئېرىنىڭ بەزىبىر سەممىيەتتى قاراڭغۇراق مۇئامىلىلىرىگە قارشى زەينەپمۇ مۇجمەلرەك قىلىپ كۈلۈپ قوياتتى.

* * *

ئاي ئۆتۈپ مولجال يېقىنلاشتى. مەرغىلاندىنمۇ ئاپتاپ ئايىمنىڭ يولغا چىقىش خەۋىرى كەلدى. لېكىن كۈمۈشتە مەلۇم تولغاق باشلانغان ئىدى. تولغاقنىڭ بىرىنچى كۈنى كۈمۈش ھېچكىمگە سەزدۈرمەي يۈردى. ئەمما ئىككىنچى كۈنى بۇنى ئالدىن ئاتابېك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزبېك ئايىم سەزدى. ئاتابېك مەلۇم خەۋپ ئاستىدا بۇ سىرنى بىراۋغا ئېغىز ئېچىش ئۈچۈن ئوزىدە بىرەر جۈرئەت تاپمىسىمۇ، ئۆزبېك ئايىم دەررۇ ھەسەنئەلىنى بۇنىڭدىن ئالتەئاي ئىلگىرى بەلگىلىنىپ قويۇلغان كىندىك ئانىغا يۈگۈرتتى.

كىندىك ئانا كەلگەندىن كېيىن ئىچكىركى ھويلا ئەركەك زاتىدىن تازىلاندى. كۈمۈشنى كەينى - كەينىدىن تولغاق تۇتماقتا، كىندىك ئانا ۋە ئۆزبېك ئايىم ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بىلگەن ئاماللار بىلەن ياردەملەشمەكتە ئىدى. كەچكە يېقىن دەرت كۈچىيىپ كەتتى، كەينى - كەينىدىن تېزلىشىشكە باشلىدى.

تاشقىرىدا ئاتابېك يوق ئىدى. ھەسەن ئەلى دەرۋازا بىلەن مېھمانخانا ئارىسىدا ئالقىنىغا - ئالقىنىنى سۈركەپ مېڭىپ يۈرەتتى ۋە پات - پاتلا ئېغىلغا كىرىپ، توروق يورغىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى سۈيپۈرەتتى. ھاجى بولسا خوشال ۋە خاپىلىقى نامەلۇم بىر قىياپىدا "دالائىل" ئوقۇيتتى، ھەر بەش مىنۇتتا ئىچكىرى تەرەپكە قۇلاق سېلىپ توختايتتى، گايىدا دەرىزىدىن ھەسەن ئەلىنى چاقىرىپ "تېچلىقمۇ" دەپ سورايتتى.

ئۇلار مېچىتتىن نامازشامنى ئوقۇپ كىرگىنىدىن كېيىن ئىچ-كىرىدىن ئايىداق كەچكى غىزا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن يا ھەسەن ئەلى ۋە يا ھاجى ئېغىز ئېچىپ ھال سورىمىدى. غىزا ئۈستىدە ئاتابېكنىڭ يوقلۇغىمۇ بىلىنمىدى، سوزلەشمەستىنلا لىگەندىن بىر مۇنچە ئېلىشقان بولۇشتى - دە، قول سۇرتۇشتى...

— خۇپتەن ئېيتىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھاجى.

— ئاڭلىمىدىم. چىقىۋەرسەكمۇ بولار، — دىدى ھەسەن ئەلى. شۇ چاغ ئىچكىرىدىن خوتۇنلارنىڭ پەۋقۇلاددە ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ئىككىلىسىنىڭمۇ قۇلاقلىرى دىڭگايدى ۋە قورقۇپقىنا بىر بىرىگە قاراشتى. ۋاڭ - چۇڭ ئارىسىدا زەئىپىنىڭ تاۋۇشىمۇ كېلىپ ئاڭلاندى... ئىككىسى بىرئاز كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، يەنە غىلىڭ دەپ ئېغىز ئېچىمىدى. ئارىدىن كوپ ۋاقىت ئوتمىدى، ئىچكىرىدىن ئايىداق يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە دەرىزىدىن تۇرۇپ "سويۇنچى!" دىدى. ھاجى يانچۇغىنى كولاۋېتىپ "ئەلھەمدۇلىللا" دەپ قويدى. ھەسەن ئەلى ھەم ھىجىيىپ يانچۇق كولاشقا باشلىدى ۋە:

— ئوغۇلمۇ، هالۋا؟① — دەپ سورىدى خوتۇنىدىن.

— ئوغۇل!

— بارىكاللا.

ھاجى كۈلۈمسىرەپ قولىدىكى ئۈچ - توت ئاق تەڭگە بىلەن بىر تىللانى ئايىداققا ئۇزاتتى — "تەڭگىلەرنى ئوزەڭ ئال، تىللانى كىندىك ئانىغا بەرگىن!" — دىدى. ھەسەن ئەلى سۇيۇنچىسىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن دۇئاغا قول ئاچتى: "ئاللا تائاللا ئومرى بىلەن بەرگەن بولسۇن!" شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولغان ھالدا خۇپتەنگە كېتىشتى.

ئاتابېك مېھمانخانىغا يېقىنلىشىشى بىلەن بوۋاق يىغىسىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئىچكىرىكى ھويلا تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە يولەك-

① تاشكەنتتە "قىز تۇغدى" ئورنىغا "هالۋا تۇغدى" دەيدۇ.

ئە ئانىسىغا دۈچكەلدى. قاراڭغۇ بولسىمۇ ئوزبېك ئايىمنىڭ چىرايىدىكى خوشاللىق بەلگىلىرى ئوچۇق كورۇنۇپ تۇراتتى.

— ئوغۇل مۇبارەك بولسۇن، بالام!

— ئوزى تېتىكمۇ؟

— تېتىك!

— ئالدىغا كىرەيمۇ؟

— ياق، — دېدى ئوزبېك ئايىم، — چىللىلىك ئويگە كېچىسى كوچىدىن كىرىپ كېلىش ياخشى ئەمەس... ئىچكىرى كىرسەڭ توغرا زەينەپنىڭ ئالدىغا بار. داداڭ شۇ يەردىمۇ؟

— ئوزى؟...

— ئوزى ياخشى، خاتىرجەم بول! — دېدى ئوزبېك ئايىم ۋە ئارقىسىغا قايتتى. ئاتابېك كەينىگە بۇرۇلۇپ تاشقىرقى يولەكتىن كىرىۋاتقان دادىسى بىلەن ھەسەن ئەلىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىدى ۋە ئويلىنىپ توختىدى. بىرلۇپمۇ ھازىرقى پەيتتە دادىسى بىلەن توقۇنۇشۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاز ئوڭايسىزدەك تۇيۇلغان ئىدى. شۇ تەرىقىدە بىرمۇنچە ۋاقىت يولەكتە تۇرۇپ، كېيىن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. زەينەپنىڭ ئويىگە ئوتۇۋېتىپ، بىرنەچچە قېتىم كۇمۇش ياتقان ئوي تەرەپكە قارىۋالدى.

— ئوغۇل مۇبارەك بولسۇن!

زەينەپ ئېرىدىنى شۇ سوز بىلەن كۇلۇپ قارشى ئالىدى، ئاتابېكمۇ كۇلۇمسىرەپ "قۇتلۇق بولسۇن!" دەپ قويدى. ئولتۇرغاندىن كېيىن زەينەپ ئوزىچە كۇلدى:

— ھىلىقى... — دېدى. "ھىلىقى"دىن كېيىن ئېيتىدىغان جۇملىسىنى ئۇنتۇپ قويدىمۇ ياكى ئويلاپ قالدىمۇ، نىمە بولسىمۇ ئېيتالمىدى. ئاتابېك ئۇنىڭ ئاغزىنى كۇلۇمسىرىگەن ھالدا بىر ئاز كۇتۇپ "خوش، ھىلىقى...؟" دەپ سورىدى.

— ھىلىقى...

— ئۇ يېڭى نىمە؟

— ئېتى قۇرۇسۇن... ھە، ئېيتقاندەك غىزايىڭىزنى يەمسىز؟

— يەيمەن.
— سوۋۇپ قالمىغان بولسا ـ دە.
ئاتابېك ئەتىگەندىن بېرى ھېچنەرسە يېمىگەن ئىدى.
— قانداق بولسىمۇ! — دېدى.
ھازىر زەينەپنىڭ چىرايى ئۇچۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇچۇق چىرايىنىڭ تېگىدە ئۇنى جىددىيرەك مەشغۇل قىلىۋاتقان يەنە بىر گەپ باردەك، يەنى كۆرۈنۈشىدىن ئالدىرىغانلىق ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھال ئۇنىڭ شۇ ئۇچۇق چىرايىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغاندەك ئىدى. زەينەپنىڭ ئون بەش مىنۇتلۇق مۇئامىلىسىدە ئاتابېك يۇقۇرىدىكىدەك "ئەستىن چىقىرىش" ھالىتىگە بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىدى ۋە ئاخىرىدا سوراشقا مەجبۇر بولدى:
— نېمىشقا ھالىڭىز پەرىشان؟
زەينەپ كۈلدى:
— نېمىشقا پەرىشان بولسۇن.
— مېنىڭ كۆزۈمگە پەرىشان كۆرۈنىسىز؟
— توغرا، — دېدى زەينەپ، — قورقتۇم...
— نېمىدىن قورقتىڭىز؟
— تۈگۈشتىن...
— قىينالدىمۇ؟
— قىينىلىشىمۇ گەپمۇ، — دېدى زەينەپ، — ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمىگىنىڭىز ئۈچۈن ئىشەنمەيسىز!
— ئانام بۇنداق دېمىگەن ئىدىغۇ؟
— سىزدىن يوشۇرغاندۇر.
ئاتابېكنىڭ يۈرىكى ناھايىتى شۇرقۇراپ كەتتى. ھەتتا كۈندىشىنى پەرىشان قىلغان بۇ گەپ ئاتابېككە قانداق تەسىر قىلىشى كۆپ تەپسىلگە مۇھتاج ئەمەس ئىدى. بۇ توغرىدا زەينەپكە يەنە سوئال تاشلاپ تەپسىلات ئېلىشتىن قورقتى ۋە ئۇزاق ئولتۇرالمىدى. چېيىنى ئىېرى - بېرى ئىچىپ، ئورنىنى سالدۇرۇپ ياتتى. زەي-

نەپ شامنى ئۇچۇردى. تېخى يېتىشقا ۋاقىت ئەتىگەن ئىدى.
زەينەپ كۈمۈشنىڭ ئۆيىگە خوتۇنلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى.

ئاتابېك ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان بولسىمۇ ھېلىقى گەپ ئۇنى
كوز يۇمدۇرماي قويدى، ئوڭ، سول، ئوڭدا يېتىپ باقتى. لېكىن
زەينەپنىڭ "قېينىلىشىمۇ كەپمۇ؟" جۈملىسى قۇلىقىنىڭ تېگىدىن
كەتمەيتتى... كۈمۈشنىڭ ئۆيىدىن ئاخىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ
تۇرغان خوتۇنلارنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا
كاشىلا بېرەتتى ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ گودەكنىڭ يىغلىغان ئاۋا-
زىمۇ ئاڭلىناتتى. بۇ نارىسىدە تاۋۇشقا قارشى ئۇنىڭدا بىر خىل
يېقىنلىق — ئاتىلىق ھىسسى قوزغالغاندەك بولسىمۇ، ئەمما
باشقا قارا خىياللار ئىچىدە پاتلا يوقىلاتتى. شۇ يوسۇندا ئى-
مىر - چىكىر، ئاچچىق ۋە چۈچۈك ھالەت ئىچىدە ئۇخلاپ
كەتتى. بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىكى كەچۈرمىشلەر تۇرلۇك
رەڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق ۋاقتىدا ئەكسلىنىشكە باشلىدى،
چوچۇپ ئويغاندى... يېنىدا كۈمۈش.. زەينەپ يوق ئىدى. ئۇي-
قۇلۇق كوزى بىلەن نېرىقى ئۆيگە قۇلاق سالدى، تېخىچە بايى-
قى تاۋۇشنى ئاڭلىدى ۋە ئوڭ يېنىنى بېسىپ يوتقانغا پۇركەن-
دى، ئۇزۇنگىدىن كېيىن تېچ ئۇخلاپ كەتتى...

چۈش كورەتتى: "چىمەنلىكتە گۈللەر ئېچىلغانمىش... بۇ گۈل-
شەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭكىمىش... ئۇ رەڭمۇ - رەڭ چېچەكلەردىن
كوزىنى ئالمۇغۇدەك ... ئەتراپقا كەلگەن دۈشمەندىن خەۋپ
بارمىش... خەنجىرىنى تۇتۇپ دۈشمەنگە قارشى چىققانمىش...
دۈشمەن قاچقانمىش... دۈشمەننىڭ ئارىسىدا ئانىسىمۇ بار، ئاتى-
سىمۇ كورۇنگۇدەكمىش... قايتىپ چىمەنگە كىرسە بىر كالا گۈل-
نى بېسىپ، يەنچىپ ئوتلاپ يۈرگۇدەك... بۇ ھالدا ئۆزىنى تۇت-
تۇپ ۋە قولىدىكى خەنجىرى بىلەن كالىغا يۈگۈرگەنمىش...
كالا ئەمەس — سېرىق چاچلىق ئالۋاستىمىش... دەرمانسىزلان-
غان ۋە خەنجىرى قولىدىن چۈشكەنمىش... دۇنيانى قاراڭغۇلۇق
باسقانمىش..."، چوچۇپ ئويغاندى ۋە ئۆزىنىڭ يېنىدا

ئۇخلاپ ياتقان زەينەپنى كوردى. ھىلقى بىسەرەمجانلىقتىن يۈرىكى گۈپ - گۈپ ئۇراتتى ۋە ۋۇجۇدىنى تەر باسقان ئىدى. ئاستاغىنا ئۇنىڭ يېنىغا ئاغدۇرۇلۇپ ھويلا تەرەپكە قاراپ ياتتى. ئۇنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن زەينەپنىڭ كوزى ئاستا ئېچىلىپ يەنە يېپىلدى.

ۋاقىت سەھەرگە يېقىن ئىدى، ئەتراپتىكى خورازلار كەينى-كەينىدىن قىچقىرىشاتتى. يېقىن ئارىدىكى سۇ جۇۋىزىنىڭ سوقا زەربىسى يەرنى سىلكىتىپ - سىلكىتىپ تولقۇن بېرەتتى. نېرىقى ئويدە يېنىۋاتقان شامنىڭ نۇرى دەرىزىنىڭ يوچۇغىدىن پىلىلداپ كورۇنۇپ تۇراتتى، ئەمما شىپ قىلغان تاۋۇشمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇ باشقا ئۇخلىيالمىدى. كېچىكى قىينىلىش توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ كەتتى. بامدات ئەزىنى ئېيتىلىپ، ئاستا - ئاستا تاڭ يورۇۋاتاتتى. مەھەللە مېچىتىدىنمۇ ئەزان تاۋۇشى كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن قوزغالدى.

كۈمۈشنىڭ يېنىغا كىرىش قولاي بولسۇن، دەپ ناشتىنى زەينەپنىڭ ئويىدە قىلدى. ئۆزبېك ئايىم تەرىپىدىن كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلگەن ئىدى. چايدىن كېيىن كىندىك ئانا كۈمۈشنىڭ يېنىدىن بىر ئازغىچە چىقىپ تۇردى. تورگە كۈمۈش ياتقۇزۇلغان، ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە ئۆزبېك ئايىم بوۋاقنى كوتىرىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئاتابېك كىرگەندە كۈمۈش ئۆزىنىڭ سولغان يۈزى، ئىچكىرىگە تارتىلغان كوزى بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئاتابېك تۇتۇلۇپراق "مۇبارەك بولسۇن!" دېدى. كۈمۈش جاۋاپ ئورنىغا ئىزا تارتىپ يۈزىنى يوتقانغا يوشۇردى. ئۆزبېك ئايىم:

— بەرگەنگە قۇللۇق بولسۇن، ئولتۇر! — دېدى.

ئاتابېك كۈمۈشنىڭ باش تەرىپىگە ئولتۇردى. ئۆزبېك ئايىم پاتىھە ئوقۇدى. كېيىن بوۋاقنى ئاتابېككە يېقىنلاشتۇرۇپ:

— تايچىغىمنىڭ كورۇملۇكىنى چىقار، دادىسى! — دېدى.

ئاتابېك قىزىرىپ بالىغا قارىدى، كۈمۈش يۈزىنى يەنە يوتقانغا يوشۇرۇۋالدى.

— ئوزىڭىز تۈزۈكمىسىز؟

— شۈكرى...

— قىينىلىپسىز دەپ ئاڭلىدىم...

— تۇغۇش ئاسانمۇ، ساگا! — دىدى ئوزبېك ئايىم، كۈمۈش ئاتابېكنى ئوزىگە ئىملىدى ۋە قۇلىغىغا پىچىرلىدى:
"سىزنىڭ گۇنايىڭىزغا..."

— غىزا يىدىڭىزمۇ؟

ئوزبېك ئايىم:

— كېچىدىن بېرى ئىچىگە ئىسسىق كىرگىنى يوق. زەينەپكە ئېيتاي، سۇتلۇك ئوماچ قىلىپ بەرسۇن! — دىدى.

— ئەلۋەتتە! — دىدى ئاتابېك ۋە ئانىسىغا بىر تىللا سۈيۈنچى بەرگەندىن كېيىن خاتىرجەملىك بىلەن ئويدىن چىقتى.

چۈشلۈك غىزادىن كېيىن ئاتابېك مېھمانخانىدا كىتاپ ئوقۇۋاتاتتى، ئايۋاندا ھەسەن ئەلى ئوزۈلگەن ئات - جابدۇقلىرىنى ئۇلاپ تىكەتتى. ھاجى مېچىتقىمۇ، باشقا يەرگىمۇ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئىچكىرىدىن ئايىداق چىقىپ ئاتابېكنىڭ يېنىغا كەلدى:

— بېك، سىز ئويگە كىرىپ چىققۇدەكمىشسىز، — دىدى.

ئاتابېك كىتاپقا بەلگە سېلىپ ياپتى:

— تېچلىقمۇ؟

— دەررۇ كىرىڭ - چۇ!

ئاتابېك ئايىداقنىڭ كەينىدىنلا ئىچكىرىدىگە كىردى. زەينەپكە رەڭگى ئوچكەن ھالدا كۈمۈشنىڭ ئويىدىن چىقىۋاتاتتى.

— نىمە گەپ! — دەپ ئۇنىڭدىن سورىدى ئاتابېك.

— بىلمىدىم، — دىدى، — ئاچامنىڭ كوڭلى ئاينىپ قۇسۇۋاتىدۇ...

ئاتابېك ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئويدىن بىرنەچ-

چە خوتۇن پەرەنجە يېپىنىپ چىقىشتى - دە، ئۇ ئۆيگە كىردى، ئۆزبېك ئايىم جام تۇتقان، كۈمۈش جامغا ئوخچۇپ قۇسماقتا ئىدى.

— نىمە بولدى؟

كۈمۈش جاۋاپ بېرەلمىدى.

— بىلمىدىم، باياتىن بېرى توختىماي قۇسۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۆزبېك ئايىم. قۇسۇپ هارغان كۈمۈش هالسىزلىنىپ بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى. ئوخچۇشتىن ياشلانغان كوزلىرى بىلەن ئېرىگە قارىۋالدى.

— ياقمايدىغان غىزا بېرىپسىلەر!

— ياقمايدىغان هېچنەرسە يېگىنى يوق، — دېدى ئانىسى، — شۇ ئۇماچتىن بولەك غىزا يېمىدى. ئۇنىڭدىنمۇ يېرىم ئاپقۇرنىلا يېدى. قالغىنى ئەنە. تەكچىدە...

ئۆزبېك ئايىمنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا كۈمۈش يەنە جامغا ئېڭىشلىدى، ئاتابېك ئۇنىڭ بېشىنى تۇتتى.

— تىۋىپ چاقىرتايمۇ؟

— چاقىرغۇز. مېنىڭمۇ كوڭلۇمگە شۇ كېلىپ تۇرغان ئىدى.

ئاتابېك كۈمۈشنىڭ قۇسۇشى تۈگىگىچە تۇردى - دە، كېيىن يۈگۈرۈپ تاشقىرىغا چىقتى. هەسەن ئەلى تېخىچە بايىقى ئىشتا ئىدى.

— ئاتا، سىز يۈگۈرۈپ تىۋىپقا بېرىڭ!

هەسەن ئەلى ئىشنى تاشلىدى:

— نىمە گەپ؟

— كېلىنىڭىز باياتىن بېرى قۇسۇۋاتىدۇ.

هەسەن ئەلى تىۋىپقا يۈگۈردى. ئاتابېك ئۆيگە كىردى. بوۋاقنى زەيىنىپ كوتەرگەن، كۈمۈش هامان قۇسماقتا... كۈمۈش هالسىزلىنىپ ئۆزىنى ياستۇققا ئالدى، كوزلىرىنىڭ تەگلىرى كوكەرگەن، يېنىغا كەلگەن ئاتابېككىمۇ قاراشقا مادارسىز ئىدى.

— تۈزۈكمۇ سىز؟

— كوڭلۈم...

ئاتابېكنىڭ ھەممە بەدىنى تىترەپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتتى:

— قېتىق ئىچكۈزۈپ كوردۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئانىسىغا.

— ياق.

— قېتىق بۇيرۇڭ!

ئايىداق قېتىق ئېلىپ كەلگىچە كۈمۈش يەنە جاسىغا ئىنتىلدى. بىر - ئىككى ئوخچۇپ قۇسقاندىن كېيىن، ئاتابېكنىڭ قولىدىكى سۇ بىلەن ئاغزىنى چايقىدى ۋە پىيالىدىكى قېتىقتىن بىر - ئىككى خوپلاپ، ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى. ھاراردتى كۆچلۈك، يۈرەك ئۇرۇشى پەۋقۇلئاددە تېز ئىدى. ئاتابېك ئۇنىڭ ماڭلىيىنى قولى بىلەن بېسىپ تۇتقان ئىدى، بىر ئاز ئېچىلانغاندەك بولدى. ئۆزبېك ئايىم بۇرجەكتە بالا تۇتۇپ ئولتۇرغان زەينەپتىن بوۋاقنى ئېلىپ، ئۇنى جامنى تۇكۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاتابېكنىڭ كۈمۈش ماڭلىيىدا تۇرغان قولى قىزىپ كېتىپ، ئىككىنچى قولىنى ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ماڭلىيىدا سوغاقلىقنى سېزىپ كۈمۈش كوزىنى ئاچتى.

— كوڭلىڭىز بېسىلدىمۇ؟

كۈمۈش جاۋاپ ئورنىدا ياستۇقتىن قوزغالدى. جام يوق ئىدى. ئاتابېك ئالدىراپ تەكچىدىكى چىنە نارىن تاۋىقىنى ئالدى. كۈمۈش قۇستى. بۇ قېتىم قۇسۇق بايىقى قېتىق ئارىلاش كوكۇش ۋە ساغۇچ نەرسىلەر ئىدى. ئاغزىنى چايقىغاندىن كېيىن ئاتابېك قېتىقنى تەكلىپ قىلغان ئىدى، ئىچمىدى ۋە ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى...

ئاتابېك، تېۋىپ كەلدى دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ جانلانغاندەك بولدى، ئۆي ئىشىگىگە جام كوتىرىپ كەلگەن زەينەپ كەينىگە قايتتى. ئۆزبېك ئايىممۇ بوۋاقنى كوتىرىپ ئۆيدىن چىقتى. ئاتابېك تېۋىپنىڭ ھورمىتىگە تۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ كۈمۈشنىڭ ماڭلىيىنى باسقىنىچە ئولتۇراتتى. تېۋىپ ئاتابېكتىن ۋەقە-

نى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، كۈمۈشنىڭ تومۇرىنى كۆرۈپ لېۋىنى چىشلەپ قالدى ۋە تاۋاقتىكى قۇسۇقنى پۇراپ قاردى:

— بۈگۈن نىمە غىزا يېگەن ئىكەن؟

— ئۇماچ.

— شۇ غىزادىن بىرئاز قالغىنى بارمىكىن؟

— بار! — دېدى ئاتابېك ۋە بايا ئانىسى كۆرسەتكەن جايدىن ئاپقۇرنى ئېلىپ تېۋىپنىڭ قولىغا بەردى. تېۋىپ ئاپقۇردىن بارمىقىغا بىرئاز ئىلەشتۈرۈپ يالىدى ۋە دەررۇ تۈكۈرۈپ تاشلىدى.

— زەھەر ئىچىپتۇ!

ئاتابېك چاچراپ كەتتى، ئۇنىڭ رەڭگى قورقۇنچلۇق ھالغا كىرگەن ئىدى...

— بىكار گەپ...

تېۋىپ ئاتابېكنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن دەھشەتكە كەلدى.

— مەن ھازىر دەپئى ئۈچۈن دورا ئەۋەتىمەن، — دېدى ۋە قوزغالدى. ئاتابېكمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللىلىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— زەھەرنى كىم بەردى؟

نىمە دېيىشكىمۇ ھەيران بولغان تېۋىپ:

— مەن... مەن... ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ... مەن دەررۇ دورا ئەۋەتەي، دەررۇ ئىچكۈزۈڭ، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

— بىلدىم، بىلدىم! — دېدى بىچارە ئاتابېك، — زەينەپ، زەينەپ، زەينەپ... ئىپلاس! ئەۋەتىڭ، ئەۋەتىڭ، دەررۇ، ئەۋەتىڭ!

تېۋىپ كەتتى. ئاتابېك ساراڭلاردەك يۈگۈرۈپ كۈمۈشنىڭ بېشىغا كەلدى. يۈزىنى ئېچىپ ماڭلىيىنى باستى ۋە سۆيدى... كۈمۈش كۆزىنى ئېچىپ كۈچ بىلەن سول قولىنى ئېرىنىڭ مۈرىسىگە تاشلىدى... قولىدا بوۋاق بىلەن ئۆزبېك ئايىم كىردى.

— زەينەپنى چاقىر، زەينەپنى!!

ئۆزبېك ئايىم تېۋىپنىڭ سۆزىدىن خەۋەردار ئىدى:

— زەينەپ! زەينەپ!

زەينەپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىردى، رەڭگى ئۆلۈكتەك ئاقارغان ئىدى. ئاتابېك كۈمۈشنى قويۇپ يەردىكى ئۇماچنى ئالدى:

— ئىچ بۇنى، ئىچ جالاپ!

زەينەپ كەينىگە داجىدى... ئاتابېك ئاپقۇرنى ئۇنىڭغا ئاتتى... زەينەپنىڭ كىيىمى ئۇماچ بىلەن بۇلغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولەكتىن يۈسۈپبېك ھاجى كۆرۈندى.

— كەت ئىپلاس، كەت! تالاقسەن، تالاق!

"تالاق" سۆزىنى ئاڭلىغان كۈمۈشنىڭ كۆزى پاللىدە قىلىپ ئېچىلىپ، يەنە يۇمۇلدى... ھاجى ۋەقەنى تېۋىپتىن ئاڭلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى پاجىئە سەھنىسىدە ئەجەپلىنىپ تۇرمىدى.

— چىق، زەينەپ چىق، — دېدى ئۇ، — لەنەت سەندەك خوتۇنغا!

زەينەپ چەتلىنىپ ئۆيدىن چىقتى... ھاجى كۈمۈشنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاتابېك ۋە ئانىسى ئاياق ئۈستىدە ئىدى، كۈمۈشنىڭ كۆزى يۇمۇق، چاچلىرى يۈزىنىڭ ئۈستىدە پەرىشان ئىدى. ھاجى ئۆز قولى بىلەن چاچلىرىنى تۈزىتىپ كۈمۈشنىڭ كۆكۈش تاۋلانغان يۈزىنى كۆردى ۋە ماڭلىيىنى باستى...

— ئايىم! - ئايىم!... — دېدى ھاجى، كۈمۈش كۆزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا بىسەرەمجان نەزەر تاشلىدى ۋە تونۇپ... قوزغالماقچى بولدى.

— قوزغالماڭ، ئايىم... قوزغالماڭ!

كۈمۈشنىڭ كۆز يېشى چېكىسىدىن ئېقىپ چۈشتى... ھاجىمۇ ئۆزىنى توختىتالماي، كۈمۈشنىڭ يېشىنى ئېرتىپ، بېشىنى سىلىدى:

— خۇدا شىپا بېرەر، بالام!

كۈمۈش جامغا قوزغالدى، ئاتابېك كېلىپ قولتۇقلىدى. ھاجىمۇ ئۇنىڭ بېشىنى تۇتتى... بۇ قېتىمدىكى قۇسۇق قانغا ئايلان-

غان ئىدى، بۇرنىدىنمۇ بىر تامچە قان ئاقتى... قۇسۇپ بولۇپ ياتقاندىن كېيىن، كوزى پارقىراپ ئېچىلىپ كەتتى ۋە ئەتراپىغا تاقەتسىز قارىدى:

— ئانا... دادا... — كېيىن، — بېگىم! — دەپ ئىڭگىردى... ئېرىنىڭ يۈزىنى يۈزىگە قويدى، گويالغاندەك كوزىنى يۇمدى...

* * *

ئەتىسى دەپنە مۇراسىمى بولدى. جىنازىغا تاشكەنتنىڭ ھەر بىر مەھەللىسىدىن دېڭىزدەك كىشىلەر قاتناشتى. پەقەت مەرھۇمەنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىلا بۇ تەنتەنىگە يېتىپ كېلەلمىدى.

بىچارە ئانا، بىچارە ئاتا!...

ئۈچىنچى كۈنى گۈلارمۇ يېتىپ كېلىشتى... گۈلارنىڭ ھازىرقى ھالىنى تەسۋىر قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

يەتتىنچى كۈنى خەتمە قۇرئان قىلىنىپ خەلققە نەزىر بېرىلدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بوۋاققا "يادىكاربېك" دەپ ئىسىم قويۇلدى.

كۈمۈشنىڭ يېقىنلىرىلا ئەمەس، بەلكى پاجىەدىن خەۋەردار بولغان شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىكى زەينەپكە بېرىلىدىغان جازانى ئەتىدىن - كەچكىچە كۈتۈشمەكتە ئىدى. بىراق پاجىەنىڭ ئونىنچى كۈنلىرىدە زەينەپنىڭ ساراڭ بولۇپ ئوچۇق بويىچە كوچىدا يۈرگەن خەۋىرى ۋە ئاكىسى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كىشەنگە سېلىنغان ماجىراسى ئاڭلاندى. زەينەپنىڭ جۇنۇنلۇغى قازىلار ۋە تىۋىپلار تەرىپىدىنمۇ تەستىقلانغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جازا ئېلىپ تاشلاندى. ھەقىقەتەنمۇ ئەقلىدىن ئادى-

شىپ كوچىلاردا ئۆچرىق يۈرۈش ۋە كىشىلەرگە چۈشۈشنىڭ ئۆزىمۇ زەينەپ ئۈچۈن كىچىككىنە جازا ھېسابلىناتتى.

پاجىنىنىڭ يىگىرمىنچى كۈنىدە يەنە خەتمە قۇرئان قىلىنىپ، پۈتۈن يۇرتقا نەزىر بېرىلگەندىن كېيىن، بىچارە بالۇپەرىدىن ئايرىلغانلار مەرھۇملارغا قايتىش ھەركىتىگە چۈشتى. يادىكار-بېكمۇ ئاپتاپ ئايىمنىڭ قۇچىقىدا كەتمەكچى، ئۇنىڭ ئېلىپ كېتىلىشىگە قارشى ھېچكىم يوق ئىدى.

ئەڭ كېيىنكى ۋىدالىشىش كۈنى يەتتى. ئاتابېك، مىرزاكەرىم قۇتىدار ۋە ئاپتاپ ئايىم (...) قەۋرىستانىنىڭ ئىككى تۈپ قۇرۇغان چىنار ياغىچى ئارىسىغا تۇرغۇزۇلغان يېڭى خىشتىن كوتىرىلگەن مازارنىڭ ئۇدۇلىدا توختاشتى. مازارنىڭ ئوڭ تەرەپىدىكى تاشتىن ئويۇپ ياسالغان لەۋھە كوزگە چېلىقىپ تۇراتتى: (525 - بەتتىكى لەۋھەگە قارالسۇن).

بىچارە ئانا چىدىيالمىدى، قەۋرىنى قۇچاقلاپ ھوڭ - ھوڭ يىغلىدى، ئاتابېكمۇ قەۋرىنىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ، كوز يېشى بىلەن توپىنى لاي قىلىشقا باشلىدى... قۇتىدار لەۋھە ئۇدۇلىدا ئىدى، لەۋھەنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇمۇ ھور - ھور يىغلىۋەتتى. يېرىم سائەت دىگۇدەك شۇ ھالدا قېلىشتى. قۇرئان ئوقۇشقا ھېچكىمدە ماجال يوق ئىدى، ئۇدۇلىدىكى بىناغا يۈسۈپبېك ھاجى تەرىپىدىن قويۇلغان قارى بۇلارنىڭ ھالىغا چۈشەندى. ئاستا - ئاستا قارىخانىدىن چىقىپ كەلدى ۋە نېرىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇدى. ئاپتاپ ئايىمنىڭ نالىسى بېسىلسىمۇ، لېكىن كوز يېشى توختىمىدى. بىر ئولا ئەمەس ئاۋۇلارمۇ شۇ ھالدا ئىدى، تىلاۋەت ئوقۇلغاندىن كېيىن قۇتىدار ۋە ئاپتاپ ئايىم قارىغا پۇل بەردى. قارى كەتكەندىن كېيىن ھەر قايسى ئوزلىرىنى بېسىپ، ئالاھىدە قۇرئان ئوقۇپ بېغىشلىدى. كېيىن ئاستا - ئاستا يول ئېلىپ قەۋرە بىلەن ۋىدالىشىشتى. گويا

كۈمۈش "مېنىڭدىن رازى بولۇڭ...!" دەپ ئىنىسغاختاپ قىلغاندەك ئاپتاپ ئايىم ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ يىغلاپ كېلىۋاتاتتى...

ئاتابېك ئۇلارنى ئۆيگە قويۇپ، يەنە قەۋرە بېشىغا كەلدى ۋە كېچىسى بىلەن شۇ يەردە قالدى. ئەتىسى ھەسەن ئەلى ھارۋىنى قوشۇپ تەييارلىغان، ئۇششاق-چۈششەك ھارۋىغا توشۇلماقچى ئىدى. ئەڭ كەينىدە ئاپتاپ ئايىم كۈمۈشنىڭ كىيىملىرى بىلەن يادىكارلىقنى كۆتۈرۈپ چىقتى، كېيىنرەك يۈسۈپبېك ھاجى بىلەن قۇتىدار كۆرۈندى. قۇتىدار ۋىدالىشىپ ھارۋىغا چىققاندا كوچا تەرەپتىن ئاتابېك كېلىۋاتاتتى. كېلىپ ئاتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتتى ۋە ئاتىنىڭ ئۈستىگە مىنگەن ھەسەن ئەلىگە، "ئاتتىن چۈشۈڭ!" دېدى. ھەسەن ئەلى ئاتتىن چۈشتى. ئاتابېك ئىرغىپ ئاتقا مىندى ۋە قۇتىداردىن سورىدى:

— ئاتنى ھەيدەيمۇ؟

قۇتىدار بىلەن ھاجى چۈشىنەلمەي بىر-بىرلىرىگە قاراشتى. يولەكتە تۇرغان ئۆزبېك ئايىم دەرۋازىدىن ماراپ قويدى. قۇتىدار ئۈنچىقمىغىنى ئۈچۈن ئاتابېك ئاتنى ئۆزىچە ھەيدىۋەتتى.

— خەير!

— خوش!

مەرغىلانغا ماڭدىغان ھەسەن ئەلى گاڭگىراپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھاجىغا قارىدى. ھاجى يولەكتىكى ئايىمغا يەر ئاستىدىن كۆز قىرىنى تاشلىدى... ئاتابېك كەينىگە قارىماستىن ھارۋىنى ھەيدەيتتى...

## 17

## خاتىمە

بىر يىلدىن كېيىن ئاتابېك ئۇستا ئالىم بىلەن بىللە تاش-
كەنتكە كەلدى. ھاجى ۋە ئوزبېك ئايىم ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭ-
دىن رەنجىيەلمىدى. ئۇ مېھمانلاردەك ئىدى. ئاتىسى ۋە ئانىسى
بىلەن ئېچىلىپ سوزلەشمىدى. ئۇستا ئالىم بىلەن بىر ھەپتە
دىگۇدەك تاشكەنتتە تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى كېچىنى يالغۇز دىگۇ-
دەك كۇمۇشنىڭ قەۋرىسى يېنىدا ئوتكۇزدى. كېچە ئايدىڭ،
قەۋرىستان ئىپ-تىنچ، ئۇزاقتىن قۇرئان تاۋۇشى ئاڭلىناتتى،
ئىككى تۇپ چىنارنىڭ پۇتاقلىرىدا قونۇپ ئولتۇرغان ئۇچ-
توت ھوقۇشلار، قەۋرىنىڭ يېنىغا يۇكۇنگەن ئاتابېك ۋە ئىگىز-
پاكار دومبايغان قەۋرىلەر بۇ تىلاۋەتكە قۇلاق سېلىپ تۇرۇشقان-
دەك ئىدى. قۇرئاندىن يادلىنىۋاتقان ئايەتلەر قەۋرىستان ئىچى-
دە ئېغىر ئاھاڭدا ئاقاتتى. قەۋرىنىڭ يېنىغا تىز چوككەن يىگىت-
نىڭ كوز ياشلىرىمۇ قۇرئان ئايەتلىرىگە قوشۇلۇپ ئاقاتتى.
بىرەر سائەتتىن كېيىن تىلاۋەت توختالدى. ئاتابېك ھالسىزلى-
نىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئارقىسىدىكى يېرىم يالىڭاچ كولەڭ-
گىسىنى كورۇپ، بىرنەچچە قەدەم قەۋرە تەرەپكە داجىدى...
كولەڭگە يېلىنغاندەك ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى..

— كىم بۇ؟

— مەن كۇمۇش!...

ئاتابېك تاۋۇش ئىگىسىنى تونۇدى. بۇ مەجنۇنە زەينەپ
ئىدى.

لا اله الا الله محمد رسول الله

هذه المرقدة المنورة المظلومة
المشهودة المغفورة

کومشس بی بی بنت میرزا کریم مرغنانی

تاریخ تولدی سنه ۱۲۴۸ وفاتی سنه ۱۲۶۹ هجری جمادی الاول

بو نده مدفون کونده شس بلاسی نک نمایان بیر قربانیدر

ایا چرخ ایشینک دون جبر بنیاد
کوزوم یاشین قیلیب تلیده قالدی فریاد

جهانیم لاله زار ایدی من ایدورونک
یا قیب جانیم کوییم کوکلسا ورونک

[illegible]

— كەت بۇ يەردىن!
— مەن كۈمۈش! ... — دىدى يەنە زەينەپ، ئەمما كە
مەي ئىلاجى قالمىدى. چۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن كىشىسى
ئۈنىڭغا "كەت!" ئەمرىنى بەرگەن ئىدى. زەينەپ كەينىڭگە قا
راپ - قاراپ ئاتابېكتىن ئۈزاقلاشتى. ئاتابېك قايتىپ ئۈنىڭ
قارىمىدى، قەۋرىنىڭ يېنىغا يۈكۈندى...
ئەتىسى ئۆزبېك ئايىم يىغلاپ - يىغلاپ يادىكاربېك ئۈچۈن
تىكتۈرگەن كىيىملىرىنى ئوغلىغا تاپشۇردى. ئاتابېك ئۈستى
ئالىم بىلەن بىللە مەرغىلانغا كەتتى. ئۈنىڭدىن كېيىن ئاتابېك
تاشكەنتكە قايتىپ كەلمىدى، ئۆزبېك ئايىم بىرنەچچە قېتىم ئۆ
زى مەرغىلانغا بېرىپ كەلدى.
1277 - يىلنىڭ كۈز پەيتلىرىدە بولسا كېرەك، يۈسۈپبېك
هاجى ئوز تونۇشىدىن بىر خەت ئالدى. خەتتە شۇبۇ خەۋ
يېزىلغان ئىدى:
"ئوغلىڭىز ئاتابېك يەنە بىر كىشى بىلەن بىرلىـ
قوشۇندا ئىدى. ئالمۇتا ئۈستىدىكى چار ئەسكەرلىرى
بىلەن توقۇنۇشۇشىمىزدا بىرىنچى سەپىمىزنى شۇ ئىككى
يىگىت ئالدى ۋە قەھرىمانلارچە ئۇرۇشۇپ شېھى
بولدى.
مەن ئوز قولۇم بىلەن ئىككىسىنى دەپنە قىلدىم..."
يۈسۈپبېك هاجى خەتمە قۇرئان قىلىپ يۇرتقا نەزىر بەر
ئۆزبېك ئايىم قارا كىيىپ هازا ئاچتى.

بۇ كىتاپ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى-
نىڭ 1960 - يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاساسەن نەشر قىلىندى،
بەزى ئاتالغۇلىرى ۋە ئايرىم جايلىرى ئۆزگەرتىلدى.

本书根据苏联塔什干东方真理出版社1960年维文版出版，仅在借词和个别地方作了改动。

ئۆتكەن كۈنلەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1982 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·616
باھاسى: 1·00 يۈەن

**在过去的岁月里** （维吾尔文）

阿布都拉·哈得尔著

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　　新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米32开本　17.5　印张　2插页

1982年4月第1版　1983年2月第1次印刷

印数：1—60,000

统一书号：M10098·61　　定价:1.00元